ياسن نياز

# سەسكنش



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ



ISBN 7-105-07763-8

9 787105 077632 >

ISNB 7-105-07763-8/I · 1696
民(维250)　定价：27.00元



ياسن نياز

# سسكنش

(رومان)

مللەتلەر نەشرياتى
بيىجىڭ

责任编辑
责任校对：海仁沙

图书在版编目(CIP)数据

厌恶/亚森·尼亚孜著.一北京：民族出版社，
2006.6
ISBN 7-105-07763-8

Ⅰ.厌… Ⅱ.亚… Ⅲ.长篇小说一中国一当代一
维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 062654 号

出版发行: 民族出版社　　http://www.e56.com.cn
社　　址: 北京市和平里北街 14 号　　邮编: 100013
电　　话: 010-64290862 (维文室)
印　　刷: 北京迪鑫印刷厂
版　　次: 2006 年 6 月第 1 版　2006 年 6 月北京第 1 次印刷
开　　本: 850 毫米×1168 毫米
印　　张: 16.625
印　　数: 0001-3000 册
定　　价: 27.00 元

مەسئۇل مۇھەررىر
مەسئۇل كوررېكتور : خەيرىنسا روزى

# ياسىن نىياز

# سەكنىش

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2006 ـ يىل 6 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2006 ـ يىل 6 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32كەسلەم
باسما تاۋىقى : 16.625
سانى : 0001 ـ 3000
باھاسى : 27.00 يۈەن

# مۇندەرىجە


سەۋدا ئىلشىق ........................................ 1
سوغۇق تىترەك ........................................162
رەزىل ئارغۇن ........................................ 310

سىنتەبىرنىڭ مەلۇم بىر شەنبە كۈنى ئىدى. بىر ساۋاقدىشىمىز بىزنى سىڭلىسىنىڭ تويىغا تەكلىپ قىلدى. چۈشتىن كېيىن بىز يېزىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. ئۇ چاغدا مەن بۇ سەپەرنىڭ ھاياتىمدىكى ئازابلىق كۈنلەرنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى پەقەت بىلمەيتتىم.

قۇرغاق، توپىلاڭ سەھرا مەھەللىسى. جىنچىراغ يېنىپ تۇرغان ئۈژمىلىك ھويلا. ساۋاقداشلار قىزىقىش، ئەجەبلىنىش تۈيغۇلىرىدا قىستىلىشىپ ئۆرە تۇرغان دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىزغىن تانسا ئوينايتتى.

مەن پېشايۋان سۇپىسىدا پۇتۇمنى پەسكە ساڭگىلىتىپ تۈۋرۈككە يۆلەنگىنىمچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتىم. شۇ چاغدا پېشايۋان سۇپىسىدا پەقەت رۇقىيەلا تامغا يۆلىنىپ يالغۇز ئولتۇرۇپ قالغان ئىدى. بۇ تەقدىرنىڭ قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشى بارلىقىنى كىم بىلسۇن؟ مەن ئۇنى تانسىغا تەكلىپ قىلىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇمۇ شۇنى كۈتكەندەك، ماڭا قاراپ تاتلىققىنا كۈلۈپ قويدى. رۇقىيەنىڭ گۈزەللىكى قوزغاتقان ئەيمىنىش، شۈبھىلىنىش تۈيغۇلىرىدا ئىككىلىنىپ ئورنۇمدىن ئاستا قوپتۇم. ئەدەپ بىلەن ئېگىلىپ، ئوڭ قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇپ، ئۇنى تانسىغا تەكلىپ قىلدىم. ئۇ قىزغىنلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى. بىز تانسا ئويناۋاتقانلارغا قوشۇلۇپ كەتتۇق.

رۇقىيە مەن بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان ساۋاقدىشىم ئىدى. ئۈچ يىل جەريانىدا ئۇنىڭ بىلەن بىرەر قېتىممۇ تانسا ئويناش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئىكەنمەن. ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم تانسا ئويناۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، ئۇنىڭ مەن تۇتقان ئىسسىق قولىنىڭ، يۇمشاق بېلىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە، شۇنداقلا پۈتۈن ھاياتىمدا مەن ئۈچۈن شۇنچىلىك قىممەتلىك بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتىم. بىز جۈپ ـ جۈپ ھالەتتە ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى ئۈژمە دەرىخىنى ئايلىنىپ تانسا ئوينىدۇق. ساۋاقداشلار شۇقەدەر شوخ، شۇقەدەر قىزغىن ئىدى. ھەيرانە ـ ھەسلىكتە بويۇنلىرىنى سو-

ژۇشۇپ قاراپ تۇرغان دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزۈمنى لەرزان ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەكتەك ھېس قىلاتتىم.

تۇيۇقسىز بىر نەرسىگە يۆتىلىشىپ، قورسىقىم رۇقىيەنىڭ يۇمشاق قورسىقىغا تىرىلىپ قالدى. مەن بۇ تاسادىپىي تېگىششتىن ئۆمرۈمدە ھېس قىلىپ باقمىغان ئاجايىپ شېرىن ھەم لەززەتلىك سېزىمنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇندىن كېيىن مەن ئىختىيارسىز قورسىقىمنى يەنە ئۇنىڭ قورسىقىغا تەگكۈزۈشكە ئۇرۇندۇم. رۇقىيە ئەمدى ھېلىراقتا پېشايۋان سۇپىسىدا ئولتۇرغان رۇقىيە ئەمەس ئىدى. ئاشۇ بىر قىتىملىق سوقۇلۇش روھىي دۇنيايىمدا پارتلاش ھاسىل قىلىپ، مېنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى. مەنمۇ ھېلىراقتا پېشايۋان تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان مەن ئەمەس ئىدىم. ئۇنىڭ قولى، بېلىنى تۇتقان قوللىرىمدىن ئۆتۈشۈۋاتقان لەززەتلىك سېزىمدىن يۈرىكىم يىلىراپ، پۈتۈن بەدىنىم ئېرىپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئەشۇ بىر قېتىملىق سوقۇلۇشنىڭ مېنى مۇنچە ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىگە ھەيران بولدۇم. مەن شېرىن تۇيغۇلار ئىلكىدە تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ لېۋىگە، كۆكسىگە... ئاچ كۆزلۈك بىلەن سەپسالدىم. ئۈچ يىل بىر سىنىپتا ئوقۇپ، ئۇنىڭ مۇنچە چىرايلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمىغان ئىكەنمەن. ئۇ مەكتەپكە يېڭى كەلگەن چاغلاردا يەنىلا سەھرا-لىقلاردەك تىكىلىشى قوپال، ئاددىي كىيىملەرنى كىيىپ يۈرەتتى. كېيىن ياغلىقىنى ئېلىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى ئازراق نامايان قىلغان ئىدى. ئەمدى ئۇ شەھەرلىكلەردەك كىيىنىپ، قانچە گۈزەللىشىپ كەتكەن ـ ھە؟ مۇبادا، بۈگۈنكىدەك سوقۇلۇش بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى مەكتەپ پۈتتۈرگىچە ھېس قىلالمىسكەنمەن. گۈزەلنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ ئۆزىدە ئەمەس، بەلكى ئاشۇ گۈزەللىكنى ھېس قىلدىغان، قەدىرلەيدىغان يۈرەك تۇيغۇلىرىدا ئىكەن.

مۇزىكا توگەپ، پېشايۋانغا قايتىپ كەلدۇق. مەن ھېلىراقتىكى لەز-

زەتىنىڭ مەستچىلىكىدە ئۆزۈمنى پېشايۋان سۇپىسىغا تاشلىدىم. تېنىم تۆۋرۈككە سوقۇلۇپ، تۆۋرۈكتىكى جىنچىراغ سۇپىغا چۈشۈپ كەتتى. مەن ئۆگىلىسىزلىنىپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. جىنچىراغقا كىرسىن قۇيۇپ ئوت يېقىلىپ، ئۆز جايىغا ئېلىپ قويۇلدى. مەن خىجىللىقتىن ئەقىل ــ ھوشۇمنى يوقۇتۇپ قويغاچقا، يەنە كىرسىن تۆكۈلگەن جايغا ئولتۇرۇپتىمەن.

يېڭى مۇزىكا باشلاندى. بۇ نۆۋەت باشقا بىر قىزنى تانسىغا تەكلىپ قىلدىم. قولۇم ئۇ قىزنىڭ قولىدا، بېلىدە. بىراق كۆزۈم، خىيالىم باشقا بىر ساۋاقدىشىم بىلەن تانسا ئويناۋاتقان رۇقىيەدە ئىدى. شۇ پەيتتە رۇقىيە بىلەن تانسا ئويناۋاتقان ساۋاقدىشىمغا تارلىق قىلغۇم كەلدى.

نېمىسىنى دەي، خۇدا مېنى يەنە بىر قېتىم ئۇرغان ئىكەن: پېشايۋانغا قايتىپ كېلىپ بىلدىمكى، بايانقى تانسىنى باشقىلارنىڭ كۆلكىسى ئىچىدە ئويناپتىمەن. ھېلىراقتا تۆكۈلگەن كىرسىن كىگىزدىكى توپا بىلەن قوشۇلۇپ، مېنىڭ مودا قوغلىشىپ كىيگەن داكىدەك ئاپئاق ئىشتىنىمنىڭ كەينىگە يۇقۇپ، ئارقامدا سەت، كۆلكىلىك داغ پەيدا قىلغان ئىكەن.

شۇ چاغدا رۇقىيە چاقچاقلىق بىلەن ياغلىقىنى چىقىرىپ، ماڭا سۇندى. بۇ ھېسداشلىق خىجىللىقتىن تىترەۋاتقان يۈرىكىمگە كۈچ بېغىشلىدى. مەن رۇقىيەنىڭ خۇشبۇي ھىدى كېلىپ تۇرغان پاكىز ياغلىقى بىلەن ئىشتىنىمدىكى داغنى سۈرتتۈم. بۇ ياغلىق رۇقىيە ئۈچۈن ئۇن نەچچە تىيىنلىق ئاددىي نەرسە، بىراق ئۇ رۇقىيەنىڭ ماڭا قىلغان تۇنجى قېتىملىق ھېسداشلىقىنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە ئۆمرۈم ئارخىپىدا ساقلاندى. مەن ياغلىقنى قايتۇرۇپ بەرمەي، ئەتىۋارلىق بۇيۇمۇم سۈپىتىدە يانچۇقۇمغا ئاستا سېلىۋالدىم.

شۇ ئاخشىمى رۇقىيەنى ئويلاپ ئۇخلىيالمىدىم. يۈرىكىمگە بىر چۈ-

شىنىكسىز ھېس – تۇيغۇ سىڭىشىپ كىرگەن ئىدى. مېنىڭ ئارامىم پۈتۈنلەي بۇزۇلغان بولۇپ، ئىختىيارسىز رۇقىيەنىڭ سېھىرلىك سىيماسىنى سېغىناتتىم. بۈگۈن ئەجەب ئۇخلىيالمايمەن – ھە؟ بۇ زادى قانداق ئىشتۇ؟ مۇشۇ تاپتا ئۇ ئۇدۇلدىكى ئۆيدە قىزلار بىلەن بىللە ياتىدىغاندۇ...

مەن ھاجەتكە چىققان بولۇپ، ئاستا ئورنۇمدىن قوپتۇم. ئارىلىقتا چىقسىلا، كۆزۈم قىزلار ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىگە چۈشتى. چىراغ تېخى ئۆچۈرۈلمىگەن بولۇپ، ئىشىك يوچۇقلىرىدىن خىرە – شىرە يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم كاللامدىن قىزلار ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىدىن مارىلاپ بېقىش خىيالى كېچىپ ئۆتتى. رۇقىيە شۇ تاپتا ئىچ كىيىملىرى بىلەنلا قالغان بولسا، تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەندۇ – ھە؟ مەن ھويلىغا چىقىپ، قىزلار ياتقان ئۆينىڭ دېرىزىسىگە ئىختىيارسىز قاراپ سالدىم. دېرىزىگە قىزىل پەردە تارتىلغان بولۇپ، ھىم يېپىقلىق تۇراتتى. رۇقىيە مۇشۇ تاپتا ئولتۇرامدىغاندۇ ياكى ياتامدىغاندۇ؟ مەن زەن سېلىپ تىڭشاپمۇ، قىزلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىدىم. چىراغنىڭ تېخى ئۆچمىگەنلىكىگە قارىغاندا، رۇقىيە تېخى ئۇخلىمىدى، ئۇمۇ مېنى ئويلاۋاتىدۇ. بىرەر ناخشىغا ئىسقىرتىپ، ئۇنىڭغا بەلگە بېرەيمۇ – يا؟ ئۇمۇ ئاستا سىرتقا چىقسۇن، ئۆينىڭ كەينىگە غىپپىدە ئۆتۈپ كېتەيلى. بۇ كېچىدە ماڭا ئوخشاش ئۇخلىيالمىغانلار بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار ئاڭلاپ قالسا... ياق، بولمايدۇ، يۆتەل ئارقىلىق بەلگە بېرىش بىر ئاز مەخپىيرەك.

شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز ئېغىلنىڭ لەمپىسى شاراقلاپ كەتتى. تۈن كېچىدىكى تىمتاسلىقتا بىر نەرسە كۆزنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇراتتى. جىن... چوققامدىن كىرگەن دەھشەتلىك قورقۇش سەزگۈسى پۈتۈن بەدىنىمنى شۈركەندۈرۈپ، تاپىنىمدىن چىقىپ كەتتى. كەت... دېمەكچى بولاتتىم – يۇ، ئاۋازىم چىقمايتتى. يەردىن تاش ئالماقچى بولاتتىم – يۇ، قىمىرلىيالمايتتىم... بىر چاغدا ئۇ نەرسە ئۆگزىگە چىقىپ، كۆزدىن غايىب

بولدى. مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ بىر لالما مۇشۇك ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇھ، خۇداغا شۈكۈرى... مەن رۇقىيە ھەققىدىكى خىياللىرىمدىن بىردىنلا ئۆ-كۈندۈم. بۇنى خۇدامۇ راۋا كۆرمەيتۇ، خۇدا راستتىنلا قىزلارنىڭ پاكلىقىنى قوغدايدىكەن.

لېكىن شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى، مېنىڭ رۇقىيەگە تەلپۈنۈشۈم ھەرگىز گۇناھ ئەمەس. چۈنكى مېنىڭ ھېسسىياتىمغا زەررىچە يامان نىيەت ئارىلاشقان ئەمەس.

ئۆيگە قايتىپ كىرگەن ۋاقتىمدا بەدىنىم يەنىلا سوغۇق تەرلەپ تۇ-راتتى. ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. بىراق مەن كەينى ـ كەينىدىن يۈز بەرگەن زىلزىلە تەسىرىدىن زادى ئۇخلىيالمىدىم. بۇ تۈنىغا كەلمىگەن بولسام، يەكشەنبىنى مەكتىپىمدە بۆرۈنقىدەك تىنچ، بىر خىل رىتىمدا ئۆتكۈزگەن بولسام، قانداق بولار بولغىيتتى؟ ئويۇن ـ تاماشا... مۇشۇ ئويۇن ـ تاماشادىن ئويلىمىغان نۇرغۇن ئىشلار كېلىپ چىقىدىكەن.

تاڭ ئاتتى. سەھەردە ھويلىغا چىقىپ، كېچىچە مېنى تەشنا قىلغان قىزنىڭ جامالىنى كۆرۈش ئۈچۈن تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇردۇم. بىر چاغدا رۇقىيە چىرايلىق تارىنىپ، پەرداز بىلەن يارقىن تۇستە ئۆيدىن ھويلىغا چىقىپ كەلدى. مەن ئۇنى كۆردۈم، بىراق دەرھال باشقا ياققا قارىۋالدىم. ئۇ شۇنچە بىپەرۋا ئىدى. ئۇ مېنى كۆرمىگەندەك، كۆرسىمۇ ئېرەن قىلمىغاندەك قىياپەتتە سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ بۇ قەدەر ئېتىبارسىز قاراشلىرىدىن يۈرىكىم ئېچىشىپ، تىترەپ كەتتىم. قېنى ئەمدى ئاخشام ياغلىق بەرگەن چاغدىكى ھېسداشلىق؟ قېنى ئەمدى ئۇخلاش ئالدىدىكى قىيمىلىش نىگاھلار؟

مەن ئاتىرىپ، چىڭقىلىپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتىم. ئاخشاملا شېرىن ھېس ـ تۇيغۇلارغا بۆلىنىپ كۈلگەن ئىدىم، مانا ئەمدى سەھەردىلا ئاچچىق ياش تۆكۈپ يىغلاۋاتىمەن. مەن پۇت ـ قولۇمنى سوزۇپ ئۆگدىسىغا ياتتىم. بېشىم قىيسايغان، يۇمۇلغان كۆزلىرىمدىن مەگزىمنى بويلاپ ئىسسىق يېشىم

ئاقاتتى. رۇقىيە شۇنچە بىپەرۋا، نىمە ئۈچۈن؟ ئاخشامقى ھېلىقى – تۇيغۇلار بۇگۈن ئۆلگەنمىدۇ؟ ئۇ بىر دەملىك ھېس – تۇيغۇ، شۇ چاغدىكى بىردەملىك ھېسداشلىق. ئەمدىلىكتە ھەممە نەرسە ئەسلى ھالىتىگە كېلىپ قالغان. ئۇ مېنى ياخشى كۆرمەيدىكەن...

قورسىقىم ئۈستىگە بىر نەرسە پوككىدە چۈشتى. بۇ زەربە ئازابلىق خىياللىرىمنى توزۇتىۋەتتى. ياش بىلەن ھۆللەنگەن كۆزۈمنى ئاچتىم. بىر دانا باتارىيە (ئاخشام ئۇنىڭغۇدىن چىقىرىۋەتكەن باتارىيە) قورسىقىم ئۈستىدىن دومىلاپ يەرگە چۈشتى. رۇقىيە ماڭا قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ مېھرىبانلارچە بېقىشلىرى ئازابلىرىمنى تارقىتىۋەتتى. ئۇ قېشىمغا چىقىپ:

— تۇرىڭە، — دېدى چاقچاق قىلىپ، — تۇرمىسىڭىز، قورسىقىڭىزغا دەسسەيمەن.

ئۇ يەنىلا مەغرۇر، غالىب، بىپەرۋا ھالەتتە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. مەن ئاخشام ئۇنىڭ قورسىقى تەگكەن قورسىقىمغا بۈگۈن پۇتىنىڭ تېگىشىنى بەكمۇ خالايتتىم. ئاشۇ تاپتا قىمىر قىلماي يېتىۋەردىم.

— يامان بولسىڭىز، دەسسەپ بېقىڭە؟

ئۇ راستىنلا دەسسەيدىغاندەك پۇتىنى كۆتۈردى. مەن ئۇنىڭ كۆتەرگەن پۇتىنى كاپپىدە تۇتىۋالدىم. ئۇ دەلدۈگۈنۈپ، ئۈستۈمگىلا يىقىلىپ چۈشتى... تەگدى! ئۇنىڭ كۆكسى، قورسىقى، قولى، پۇتى... تەشنا تېنىمگە تەگدى. مۇنداق لەززەتنىڭ تەمىنى ئەمدە تېتىيالماسمەن... بىز پۇمداقلىشىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە بىر ئوغۇل ساۋاقدىشىم كىرىپ قالدى.

— ھاي – ھاي، ھايلىسىزلار! ئەدەپ، ئەدەپ! — دېدى ئۇ چاقچاق ھەم تەنبىھ ئارىلاش.

رۇقىيە ئالدىراپ – تېنەپ ئورنىدىن تۇردى – دە، ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئەتكىنىچە سىرتقا قاراپ يۈگۈردى. مەن بىمەھەل ۋاقىتتا كىرىپ كەلگەن ساۋاقدىشىمغا نارازى بولغان ھالەتتە ئالىيىپ قاراپ قويدۇم.

بىزنى كۆرۈپ، ئىشكتىنلا كەينىگە يانسا بولماسمىدى؟

بۇ رۇقىيەمىزە، بىردەم ئۇنداق، بىردەم بۇنداق. ئۇ ھويلىدا ماڭا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويماي چىقىپ كېتىۋاتاتتى، كەينىمدىنلا ئۆيگە كىرىپ ئادەمگە يېقىنچىلىق قىلىۋاتقىنىنى قارا. ئۇنىڭ ھېلىراقىتكى بىپەرۋالىقى، نازۇكەرەشمىسى ئەسلىدە مېنى جەلپ قىلىشتىكى ھۈنىرى ئىكەن ــ دە؟ ئاخشام ئۇنىڭ يۈرىكى مېنىڭ يۈرىكىمگە ئوخشاشلا ئويغىنىپتۇ.

يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن بىز شەھەرگە قايتماقچى بولدۇق. توي ئىگىلىرى بىزنى ئەتىۋارلىق مېھمانلىرى سۈپىتىدە قول تراكتورى بىلەن ناھىيە بازىرىغىچە ئۇزىتىپ قويماقچى بولۇشتى. تراكتور ۋاگونىنىڭ بىر تەرىپىدە ئوغۇللار، بىر تەرىپىدە قىزلار ئولتۇرۇشتى.

تراكتور مەھەللىدىن چىقىپ، چۆللۈكتىكى ئويمان ــ چوڭقۇر، توپىلاڭ يولدا پاقىلداپ كېتىۋاتقىنىدا ساۋاقداشلار قىزغىن پاراڭغا چۈشۈشتى. مەن ۋاگونىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ئېگىز توسلق تۆمۈرنى تۇتۇپ ئۆرە تۇرغىنىمچە، ساۋاقداشلىرىمنىڭ پاراڭلىرىغا ئارىلاشماي، خېلى بىر يەرلەرگىچە توختىماي ناخشا ئېيتىپ باردىم. شۇ ساراڭلىقتا پۈتۈمنىڭ تالغىنىنىمۇ سەزمەپتىمەن. بىر چاغدا ئەقلىمگە كېلىپ، ئاستا ئولتۇرىۋالدىم. مېنى مۇنچە كۆلدۈرگەنمۇ، كۆيلەتكەنمۇ مۇنۇ رۇقىيە ئىدى. ھازىر ئۇ يەنىلا بىپەرۋا. ئاۋۇ سەھرا مە-ھەللىسىدىكى قاينىق كېچە، خەيرلىك سەھەردىكى ئۇنتۇلماس ئىشلار ئۇنىڭ بىردەملىك خۇشاللىقى ئۈچۈن ئەمەك بولسا ــ ھە؟ رۇقىيە ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك، ئادەم ئىشەنگۈسىز ھالەتتە بىپەرۋا ئىدى.

سەھرادىن قايتىپ كېلىپ، يەنىلا تويدىكى ئىشلارنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىدىم. مۇبادا، رۇقىيە بىلەن باشقا فاكۇلتېت ياكى باشقا سىنىپتا ئوقۇغان بولسام، ئاشۇ ئىشلارنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ، قەلبىمدىن رۇقىيەنى چىقىرىۋەتكەنمۇ بولاتتىم. بىز بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان بولغاچقا، ئۇنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرۇش مەن ئۈچۈن ھەم خۇشاللىق، ھەم ئازابلىق ئىش بولدى.

مەن زېھنىمنى دەرسكە مەركەزلەشتۈرەي دېسەممۇ، رۇقىيەگە كۆزۈم چۈشۈشى بىلەنلا ئۇي ــ پىكرىم قالايمىقانلىشىپ كېتەتتى. كۆڭلۈمدە مۇشۇنداق ئۆتنۈەرسە، قانداقمۇ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولغىلى بولسۇن؟ مەن كۆڭلۈمنىڭ كەينىگە كىرىپ، ھاۋايى ــ ھەۋەسنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالسام بولمايتتى.

ئىككىمىزنىڭ يۇرتىنىڭ ئارىلىقى ئىككى مىڭ كىلومېتىردىن ئاشاتتى. شۇڭا ئىككىمىز مۇھەببەتلەشكەن تەقدىردىمۇ توي قىلمىقىمىز ناھايىتى تەسكە چۈشەتتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇنى مەن بىلەن كېتىڭ دېسەم، ئۇ ئېنىقلا ئاتا ــ ئانىسىغا تارتىشاتتى؛ مېنىڭمۇ ئۇنى دەپ بۇ شەھەردە قالمىقىم ئاسانغا چۈشمەيتتى. ئاتا ــ ئانام مېنى ئالىي مەكتەپكە ئۇزاتقان چاغدا: «بالام، سەن قەشقەرگە ئوقۇشقا كېتىۋاتىسەن. ئۇ يەردىن ھەرگىز بىرسىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگۈچى بولما. ئالتە شەھەرنىڭ ئادەملىرى بەك يامان. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، چوقۇم قايتىپ كەل. بولمىسا، بىز سېنىڭدىن ئىللا ــ بىللا رازى ئەمەس...» دېگەن ئىدى. ماۋۇ تەقدىرنىڭ كاجلىقىنى قارىمامدىغان؟ ئاتا ــ ئانام ئالدىن بىلگەندەك مانا ئەمدى راستتىنلا «ئالتە شەھەرلىك» بىر قىزغا باغلىنىپ قالدىم.

يۇرتىمىزدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن خىلمۇخىل سەۋەبلەر بىلەن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان كىشىلەر بار ئىدى. ھەر قايسى يۇرت ئادەملىرىنىڭ مىجەز ــ خۇلقى ئوخشىمىغاچقىمۇ ياكى ئادەملەرنىڭ ئەسكىلىرى چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغاچقىمۇ ۋە ياكى «ئالتە شەھەرلىك دولانلاردىن ياخشى ئادەم چىقمايدۇ» دېگەن خاتا ئىنغۇالارنىڭ زەھەرلىشىدىنمۇ، يۇرتىمىزنىڭ ئادەملىرى جەنۇبىي شىنجاڭلىق كىشىلەرنى ئانچە ياقتۇرمايتتى، ھەتتا ئارىغا ئالمايتتى. ئۇلارنى قانداقتۇر، قىزىل كۆز، ئالدامچى قاتارىدا كۆرەتتى. مەنمۇ ئوقۇشقا كېلىشتىن ئىلگىرى بۇ خىل قاراشنىڭ تەسىرىگە ئازراق ئۇچرىغان ئىدىم. قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن بىلدىمكى، جاھاندىكى ئادەملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىكەن.

رۇقىيە بىلەن توي قىلالىسام، بۇ مېنىڭ ئۆمۈرلۈك بەختىم ئىدى. بىراق مەن ئۇنى دەپ بۇ شەھەردە ھەرگىز قالالمايتتىم. مەن ئوقۇش پۈتتۈرگەندە يۇرتۇمغا كېتىپ، ئاتا ـ ئانامنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرمىسام بولمايتتى. چۈنكى ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ئاپام مەندىن ئايرىلىش ھەسرىتىدە كېسەل بولۇپ قالغان، ھەتتا سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئىدى. مەن ئۇ چاغدىكى ئىشلارنى ئۈچ يىل تۇرماق، ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنتۇپ قالالمايمەن. مەن شۇ چاغدىلا ئانىنىڭ ئۆز بالىسىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى، ئانىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ئىدىم.

※ ※ ※

يېڭى يىل بايرىمى يېتىپ كەلدى. بىز يېڭى يىل ھارپا ئاخشىمى سىنىپتا كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۇيۇشتۇردۇق. سىنىپ ھەر خىل رەڭدار قەغەزلەر، لېنتىلار بىلەن ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەن ئىدى. ساۋاقداشلار تام تۆۋگە قاتار قويۇلغان ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشتۇق.

پائالىيەت باشلىنىدىغانغا ئازلا ۋاقىت قالغان بولسىمۇ، رۇقىيە يەنىلا كۆ-رۈنمەيتتى. مەن بىتاقەت بولۇپ ئىشىككە تەلمۈرەتتىم. بەش مىنۇت... ئون مىنۇت ئۆتتى، رۇقىيە يەنىلا يوق. تۈرلۈك گۇمانلار ئىچىمنى ئېچىشتۇرۇشقا باشلىدى: ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟ كۆرۈشىدىغان بىرەر يىگىتى بولسا بىر يەرگە كەتكەنمىدۇ ـ يا؟ بەلكىم، ئۇ ئۆيىگە كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئۆيىگە بارىدىغاندەك قىلمىغان. ئۇ چوقۇم بىرسى بىلەن بىر يەرگە كەتتى. سىرتقا چىقىپ، مەكتەپنى ئارىلاپ باقايمۇ ـ يا؟...

رۇقىيە كىردى، ئۇ خۇددى تەنتەنىلىك مۇراسىملارغا قەدەم تەشرىپ قىلغان مەلىكىدەك نۇر ـ جىلۋە ئىچىدە سىنىپقا كىرىپ كەلدى. ئۇ بۈگۈن

چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ، سۇس گىرىم قىلغان ئىدى. ئۇ شۇنچىلىك گۈزەللىشىپ كەتكەنكى، كۆزلىرىم ئالا چەكمەن بولۇپ، تونۇيالمىغىلى تىلس قالدىم. ئۇنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم پاللىدە يورۇپ كەتتى. ئۇ قارشى تەرەپتىكى قىزلار ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇردى.

ئۇ قىزغۇچ سوكنا پەلتو كىيىۋالغان ئىدى. ئاق رەڭلىك پوپايكىسىنىڭ ئېگىز كانايچە ياقىسى ئېڭىكىگە تاقىشىپ تۇراتتى. ئاق مايكىسىدىن قايتقان نۇردىن يۈزى تېخىمۇ ئاقىرىپ، نۇرلىنىپ كەتكەن ئىدى. چاچلىرى ئاشۇ سادda كۆلكىسىگە ملس هالەتتە يېنىك سىلكىنەتتى. نېمىدېگەن چىرايلىق قىز ــ هە؟ خۇدا بەزى ئادەملەرنى شۇ قەدەر گۈزەل قىلىپ يارىتىدىكەن. مەن مەستۇ ــ مەستانە هالەتتە ئۇنىڭ پارتا ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان ئۆزۈن پاچاقلىرىغا قاراپ قويدۇم.

بىز ناخشا ئېيتتۇق، ئۇسسۇل ئوينىدۇق، قىلغۇچە كۈلدۇق. يېڭى يىل قوڭغۇرىقى چېلىنغان چاغدا ئورۇنلىرىمىزدىن تۇرۇپ سەكرىشىپ تەنتەنە قىلىشتۇق. شۇندىن كېيىن ساۋاقداشلار بىردىن ــ ئىككىدىن تارقاشتى.

شۇنداق بىر مۆجىزىكى، ئاخىرى سىنىپتا بىز ئىككى جۈپ قىز-ئوغۇللا قالغان ئىدۇق. رۇقىيە نېمىنى ئويلاپ قالغاندۇ، ئۇ مەندىن نېمىنى كۈتكەندۇ، ئۇنىڭغا نېمە تەسىر قىلغاندۇ؟ بىز يەنە تانسا ئوينىدۇق. مەن پۇتۇمنىڭ تالغىنىنى سەزمەيتتىم. باشقۇرغۇسىز هېسسىياتنىڭ تۈرتكىسىدە رۇقىيەگە ئىنتىلەتتىم، تېنىمنى ئۇنىڭ تېنىگە تەگكۈزۈشكە ئۇرۇناتتىم. بىز ئىنسانلار ئاجايىپ ــ هە؟ ئاه! ئىنسان يۈرىكى... مەن رۇقىيەگە نېمانچە باغلىنىپ كەتكەندىمەن ــ هە؟

رۇقىيەنىڭ ئىسسىق قولىنى تۇتقان قولۇم قىزىپ هور چىقاتتى. يۈ-رىكىم كۆيۈپ، تىنىقىمدىن دۇت چىقاتتى. جەننەتتىمۇ تېپىلمايدىغان خۇ-شاللىق لەززىتىدىن مەست بولۇپ، تىلىم گەپكىمۇ كەلمەيتتى. مەن خۇد-دى مۇقەددەس نەرسىنى تۇتۇشقىمۇ ئەيمەنگەندەك رۇقىيەگە قاراشقا، گەپ

قىلىشقىمۇ يېتىنالمايتتىم. مۇھەببەت ھەممە نەرسىنى شۇنچىلىك ئۆزگەر-
تىۋەتكەن ئىدى.

— قىشلىق تەتىلدە ئۆيىڭىزگە بارامسىز؟ — دېدى ئۇ مۇلايىم ئۈندە.

— بارغۇم بار، ئەمما...

مېنىڭ «سىزگە قىيالمايمەن...» دېگۈم بار ئىدى، لېكىن كۆڭۈل سىرىمنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئاغزىمدىن چىقىرالمىدىم.

— بارمىسىڭىز، بىزنىڭ يۇرتقا بارايلى، بولامدۇ؟

— يۇرتىڭىزغا شۇنداق بارغۇم بار. سىزنى ئۆستۈرگەن مەھەللىڭىزمۇ سىزگە ئوخشاش ئىنتايىن گۈزەلدۇ. ئۆيىڭىزگە بارسام، مېنى ئاتا — ئانىڭىزغا نېمە دەپ تونۇشتۇرىسىز؟

— مۇھەببىتىم... توي قىلىدىغان يىگىتىم دەپ تونۇشتۇرىمەن — دە؟

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈنى قۇلىقىمغا كاككۇكنىڭ ئۈنىدەك جاراڭلىق، بۇلبۇلنىڭ ئۈنىدەك يېقىملىق ئاڭلاندى. گەرچە بۇ سۆزلەر چاقچاق يوسۇنىدا ئېيتىلغان بولسىمۇ، كۆڭلۈمنى بىر — دەملىككە بولسىمۇ تاتلىق قىلىپ ئۆتتى.

※ ※ ※

مەن ئۆزۈمنىڭ ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ ئازابلىنىۋاتقانلىقىمنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز قالدىم. مەن بۇ نازۇك ھېسسىياتىمنى قەلبىم چوڭقۇرلۇقىدا سىر پېتى ساقلاشقا ھەرقانچە ئورۇنساممۇ، مېنىڭ كۆزۈم، كەيپىم، ھەرىكىتىم ھەممىنى ئاشكارىلاپ قويۇۋاتاتتى. ئۇ ئوتلۇق كۆزلىرىنى تىكىپ، يۈرىكىمنى كۆيدۈرمىسە نېمە بولار؟ مەن كۆزلىرىمنى باشقۇرالىغىنىم بىلەن يۈرىكىمگە ئىگە بولالمىدىم. مەن چىن يۈرىكىمدىن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپتىمەن. مەن يەنە قايسى پەرىزاتنى ئىزدىمەكچى ئىدىم؟ مېنىڭ مۇھەببەتتىكى ئارزۇيۇممۇ

مۇشۇنداق قىزغا ئېرىشىش ئىدىغۇ؟ مەن ئادىشىپ قالمىغاندىمەن؟

ئالدىرىما كۆڭلۈم، بىر ئازلا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش، ھېسسىياتقا بېرىلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بولمايدىغان روھىي ئازابلارنى ئېلىپ كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟ ياق، مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپتىمەن، مەن بۇ يولدىن ھەرگىز قايتمايمەن.

ئاھ! مېنىڭ سىرلىق كۆڭلۈم، سەن قانمۇ قات ئېگىز تاغلار قوينىدا قەدىمىي ئۇرمانغا پۈركىنىپ تۇرغان كۆلدەك سۈزۈك ھەم تىنچ ئىدىڭ. تاغنىڭ قەيەرىدىندۇ دومىلاپ چۈشكەن تاش سېنى داۋالغۇتىۋەتتى. ئەمدى سېنى باھارنىڭ ئىللىق شامىلى سۆيۈپ ئۆتەرمۇ ياكى قىشنىڭ مۇزدەك شا-مىلى ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كېلىپ، نەشتىرىنى يۈرۈڭگە سانجىپ ئۆتەرمۇ؟ يامغۇر سوغۇق كۆز يېشى بولۇپ ئۈستۈڭگە تامارمۇ؟ باھارنىڭ ئەگىز سۇلىرى تاشتىن تاشقا سوقۇلۇپ، قاقشاپ، نالاپ، ئاچچىق ھىجران كۈيىنى چېلىپ، ساڭا سىڭىپ كېتەرمۇ ياكى سەن جاھاننىڭ جۇتلۇقىدىن مۇزلاپ قاتار-سەنمۇ؟...

مەن رۇقىيەنى تەكلىپ قىلغان ئىدىم، ئۇ ھازىرلا ياناققا كىرىدۇ. بۇ نېمىدېگەن دەھشەتلىك، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق پەيتلەر ـ ھە؟ خۇددى يۈرەكنى سۇغۇرۇپ شىرەگە قويغاندەك مەن بۈگۈن ئۇنىڭغا مۇھەببەت سىرىمنى ئاشكارىلىماقچى. بۇ نەقەدەر تەس ئىش ـ ھە؟

ئىشىك چېكىلىپ، ياناققا رۇقىيە كىرىپ كەلدى. بىز ئىككىمىز تۇنجى كۆرۈشكەن ئادەملەردەك تارتىنىپ، ئىككى كارىۋاتتا بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ ئولتۇرۇشتۇق. ئۇ مېنىڭدىن گەپ قىلىشنى كۈتكەندەك بېشىنى سېلىپ، تىنچ، خىيالچان ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئايدەك چېھرىدە چىراغ نۇرى جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئالدىغا ئازراق مۈكچىيىۋالغان بولسىمۇ، توق قىزىل پوپايكىسىدىن تېپىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆكسى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ جىمجىتلىقتا ئوڭلىسىزلىنىپ، سىقىلىپ، قول

ياغلىقنى تۇختىماي مىجىقلايتتى. مەن رۇقىيەنىڭ گۈزەللىكى ئالدىدا ھودۇقۇپ، قانداق قىلىشىمنى، نېمە دېيىشىمنى بىلمەيتتىم. كۈچلۈك ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىمنىڭ تىۋىشىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتىم. مەن بۇ گۈزەلنى ياتاققا تەكلىپ قىلىشقا قانداق جۈرئەت قىلغاندىمەن، دەپ ئەجەبلىنەتتىم. جىمجىتلىق ئۇزارغانچە ئوڭايسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتى مېنى ئۇنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ كىچىكلىتىپ، ئاجىز، يۇمران بوۋاققا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى، ئەكسىچە ئۇ نەزىرىمدە بارغانسېرى زورىيىپ، گىگانت ئادەمگە ئايلىنىپ كېتىۋاتاتتى؛ مەن ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى سۇيىگە قانمىغان پاكار، سارغايغان مايسا ئىدىم، ئۇ گوياكى پورەكلەپ ئېچىلغان رەڭدار، نەپىس گۈل ئىدى؛ مەن ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەستەك، ئۇنىڭغا قاراش، تەلپۈنۈش، ئۇنى سۆيۈش ئۆزۈمنى چاغلىمىغانلىقتەك تۇيۇلۇپ، يەرگە كىرىپ كېتىۋاتاتتىم. ئاھ... مەن بۇ بىچارە سۆيگۈمنى ئۇنىڭغا قانداقمۇ ئاشكارىلىيالايتتىم؟

ئۇ ئاستا قىمىرلاپ قويدى. مەن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. مەن رۇقىيەنىڭ ھەمراھلىقى بەخش ئەتكەن مەستخۇشلۇقتا ئۇنىڭ قېشىغا قانداق بېرىپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن. مەن مەجنۇنلارچە ئۇنىڭغا ئىنتىلىپ، يۈزۈمنى ئۇنىڭ ئېتىكىگە قويدۇم. قەلبىمدە پەقەت چىن يۈرىكىمدىن سۆيگەن مەھبۇبەمنى قۇچاقلاش ئىستىكى...

مەن ئارزۇيۇمغا يەتتىم — گۈزەلىمنى پۇرىدىم، يۈزۈم ئۇنىڭ يۇمشاق، سىلىق يۈزىگە سۈركەلدى، كۆزلىرىم ئاستا يۇمۇلدى، ئاچ لېۋىم تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ شېرىن لېۋىگە بېسىلدى. مەن پاختىدەك يۇمشاپ كېتىۋاتاتتىم، خىيالىي دۇنيايىمدا پەقەت ئىككىمىزلا مەۋجۇت ئىدۇق... لېكىن مەن تېخى مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ دۇنيالىق جۈپ بولۇش ھەققىدىكى رازىلىقىنى ئالمىغان ئىدىم. تىلىمىزنىڭ ھەرىكىتىگە نە ھاجەت؟! دىلىمىز سۆزلىدىغۇ؟ يەنىلا ئۇنىڭ دىلىدىكى سۆزىنى تىلىدىن ئاڭلىغۇم كەلدى.

— سىزمۇ بىلىسىز... ساۋاقداشلار ئارىسىدا ئىككىمىزنى يۈرۈپتۇ دەپ گەپ تارقىلىپ يۈرىدۇ...

رۇقىيە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۈركىگەن كېيىكتەك چۆچۈپ كەتتى. قىزارغان يۈزىنى مەندىن ئېلىپ قېچىپ، بېشىنى ئاستا بۇراپ، يەرگە باققىنىچە پېشانىسىنى كارىۋاتقا يۆلىۋالدى. ئۇ جاۋاب بېرىش ئۈچۈن قىينىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۈيچان كۆزلىرىدە ماڭا ئىتتىك بىر نەزەر تاشلاپ، يەنە جىمىپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈپ:

— سىز بۇ گەپلەرگە خاپا بولامسىزكىن؟ — دېدىم.

ئۇنىڭ يۈزى ئالمىدەك قىزىرىپ، قىزغۇچ، نېپىز لەۋلىرى گۈل بەرگىسىدەك تىترەپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى يەردىن ئالماي، بىچارە قىياپەتتە:

— ئىككىمىز ناھايىتى يىراق ئىككى يۇرتتىن، شۇڭا... كېيىن ئاخىرىغا چىقماسمىكىن دەيمەن. بولمىسا... — دېگىنىچە توختاپ قالدى.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى ئېھتىماللىقتىن ئۈمىدلەندىم ھەم دىلىمنى ئەندىشە قاپلىۋالدى. مەن يەنە تىرىشىپ، ئۆز مۇرادىمغا ئىنتىلدىم.

— سىزلا قوشۇلسىڭىز، مەن ھەرقانداق جايغا بېرىشقا رازى.

— رېئاللىقتىكى ئىشلار ئۇنداق ئاسان ئەمەس. ۋاقتى كەلگەندە، سىز يەنىلا ئاتا ـ ئانىڭىزغا، يۇرتىڭىزغا تارتىشىسىز. شۇڭا بۇ... مۇمكىن بولمايدىغان ئىش.

گۈزەل، تاش يۈرەك قىزنىڭ بۇ رەھىمسىز جاۋابى ئىشق ئوتىدا كۆيۈۋاتقان يۈرىكىمگە ئۆچمەس داغلارنى سېلىپ ئۆتتى. مېنىڭ ئۇنىڭدىن ئاغرىنىشقا نېمە ھەققىم بار؟ مەن ئۆزۈمنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىدىن قالدىم. شۇنچە بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلىپ، ئىختىيارسىز كۆزلىرىمگە ئىسسىق ياش تولدى. ئۇنىڭغا ياش بىلەن ھۆللەنگەن، قىزارغان كۆزلىرىمنى ئەلەم بىلەن تىكىپ، دەردلىك، يىغلاڭغۇ بىر ئۈندە:

— ئۇنداقتا... مەن سىزنى... مەجبۇرلىيالمايمەن، — دېدىم.

مەن ئۇنىڭ ئالدىدا مەجنۇنلارچە ياش تۆكۈۋاتقانلىقىمنى يوشۇرمىدىم. كۆڭلۈمدە ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك سۆيىدىغانلىقىمنى بىلىپ قالسىكەن دېگەن بىچارە ئىستەكمۇ بار ئىدى. ئۇ مېنىڭ تاراملاپ تۆرغان يېشىمنى، ھەسرەتلىك كۆزۈمنى، دەردمەن چېھرىمنى، مىسكىن كەيپىمنى، ئازابلىق قەلبىمنى... ھەممىنى كۆردى. نېمىشقىدۇر، ئۇنىڭ چىرايىدا تەلپۈنۈش، ئىشتىياق ئەمەس، پەقەت ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتىلا ئەكس ئەتتى. مەن ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىلەردىن ئۇنىڭ قەلبىنى كۆرۈپ يەتتىم. يەنە نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭدىن ئاغرىنغۇم كەلمىدى. ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئاڭلىدى، كۆردى، بىلدى. كۆز يېشىم يەرگە تامغاندەك، سۆيگۈم ئۇنىڭ قەلبىگە ئاستا — ئاستا سىڭىپ كىرىدۇ. سۆيگۈ ئۈچۈن تامغان ياش قانچە ئىسسىق، قانچە ساپ، قانچە قىممەتلىك — ھە؟ ئۇ ئادەم روھىي دېڭىزىنىڭ قەھرىدە يېتىلگەن مەرۋايىت... ھازىر رۇقىيەنىڭ يۈرىكىگە سۆيگۈ ھېسسىم چوغ بولۇپ ئورناشقان بولسا، كۆنلەر ئۆتۈپ، خۇدا بۇ ئوتنى مۇھەببەت يالقۇنىغا ئايلاندۇرىدۇ...

ئۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، سولغۇن يۈزۈمگە، ياش يۇقى قىزارغان كۆزلىرىمگە قاراپ قالدى. بىر يىگىتنىڭ كۆزىدىن، يەنە كېلىپ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان ئاشىقىنىڭ كۆزىدىن تامچىلاۋاتقان ياشنى كۆرۈش قانچە ئازابلىق — ھە؟ رۇقىيەنىڭ چىرايىنمۇ ئاستا — ئاستا غەمكىنلىك قاپلاشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، يەنىلا ئۈمىد كۈتتۈم، بىراق كۈچۈكلىمىدىم. ئۇ چوڭقۇر بىر ئاھتىن كېيىن چىرايىغا مەجبۇرى كۈلكە تۇسى بېرىشكە ئۇرۇندى.

ئۇ مەسخىرىگە قىلچە ئوخشىمايدىغان بىر ئۈندە:

— سىزگە مۇنداق تەكلىپ بەرسەم... قوشۇلامسىزكىن؟ — دېدى.

قىزىقىپ، ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا تەلمۈردۈم.

— بىز دوست بولۇپ ئۆتسەك... سىز قىلداق دەيسىز؟ — دېدى ئۇ ئېچىلىپ.

ئۇنىڭ بۇ ئېچىلىشى ماڭا گۈلنىڭ ئېچىلىشىنى، تولۇن ئاينىڭ كۆ-لۈمسىرىشىنى ئەسلەتتى. قاش تېشىدەك سۇزۇك، نازۇك قۇلىقىدا لىڭشىپ تۇرغان ئاق ياقۇت كۆزلۈك ھالقىسى، بىر جۈپ خۇمار كۆزى تولۇنئاي ئەترا-پىدا جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا ئوخشايتتى. قىزغۇچ، نېپىز لەۋلىرى ئاپئاق گۈل ئۈستىگە قونۇۋالغان قىزىل قاناتلىق كېپىنەكتەك كۆرۈ-نەتتى... رۇقىيەگە قارىغانچە، ماڭا نېسىپ بولمىغان بۇ تەڭداشسىز گۈزەللىك مېنى بىھوش قىلىپ، تېخىمۇ ئازابلاشقا باشلىدى. ئۇ مېنى ياخشى پەقەت كۆرمەيدىكەن. بولدى، ئەمدى ئۆزۈمنى سۆيدۈرۈشكە ئۇرۇنۇش بىھۇدە ئىش. ھەركىمنىڭ ياشلىق ئارزۇلىرى، ھاياتلىق نىشانلىرى بولىدۇ... مەن ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ئادەمدەك ئىلاج ھالدا بېشىمنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردۈم. چۈنكى ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ قېلىش مەن ئۈچۈن ئەڭ ئازابلىق ئىش بولاتتى.

شۇ ئاخشىمى رۇقىيە ياتاقتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كۈندىلىك خاتىرەمنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا: «8 – يانۋار كۈنى بىر جۈپ قىزىل قاناتلىق كېپىنەك قانات قېقىشتى. بۇ تۇنجى قېتىملىق ھەم ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن...» دەپ يېزىپ قويدۇم.

※ ※ ※

مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئاشىقلىق ئازابىدىن قۇتۇلالمىدىم. كۈنلەر-نىڭ ئۆتۈشى بىلەن دەرد – ھەسرىتىم بارغانسېرى ئېشىپ باردى. رۇقىيە مۇھەببەتلىشىش تەكلىپىمنى قوبۇل قىلمىدى. ماڭا ئەمدى بۇ كۆيۈك

ئوتىنى نادامەت ياشلىرى بىلەن ئۆچۈرمەكتىن باشقا چارە يوق ئىدى.

خۇدا دىلىمغا سالغان بۇ پاك سۆيگۈمنى رۇقىيە قوبۇل قىلمىدى. ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئىلىپلا مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇ، مېنى يەنە سۆيمىسە، بۇنىڭدىن نە ھاسىل؟ كىم بىلىدۇ، بەلكىم، ئۇنىڭ يۈرىكى باشقا بىرسىنىڭ ئىشقىدا كۆيۈۋاتقاندۇ. ئاھ! دەردىما... ئىنساننىڭ كۆڭلى نېمىشقا مۇشۇنداق؟

مەن مۇھەببەت سىرىمنى ئالدىراپلا ئاشكارىلاپ قويغانلىقىمدىن پۇ-شايمان قىلدىم. چۈنكى رۇقىيەنىڭ ئالدىدا قەدرى ـ قىممىتىم يەر بىلەن يەكسان بولغان ئىدى. مەن تاغنىڭ چوققىسىدا پارلاپ تۇرغان گۆھەردىن تاغ جىلغىسىغا دومىلاپ چۈشۈپ، كىرەكسىز تاشقا ئايلىنىپ قالغاندەك بولدۇم، مانا ئەمدى ئۆز ـ ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىممۇ يوقۇلۇشقا باشلاپ، رۇقىيەنىڭ يېنىغا كېلىشتىنمۇ ئەيمىنىدىغان بولۇپ قالدىم. سەزگۈمدە ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بەكلا چوڭدەك بىلىنەتتى. ئۇ ئاپئاق ئاققۇ ئىدى، مەن قارا قاغا ئىدىم. شۇنداق، بۇ ئەمەلىيەت، مەن ئۇنىڭغا مۇناسىپ كەلمەيمەن، ئۇ بەكلا گۈزەل... بۇنداق چوڭ پەرقنى بىلىش، ئېتىراپ قىلىش نەقەدەر ئازابلىق ـ ھە. يىغلىسام ئىچ ـ ئىچىمگە توشۇپ، بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىغۇم كەلدى: مەن رۇقىيەنى نېمىشقا ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەن؟ ئەي، يەر! مەن رۇقىيەنى نېمىشقا ياخشى كۆرۈپ قالدىم؟ ئەي، ئاسمان! مەن رۇقىيەگە نېمىشقا كۆيۈپ قالدىم؟ ئەي، خۇدا! سەن نېمىشقا رۇقىيەنىڭ ئىشق ئوتىنى يۈرىكىمگە سالىسەن ـ يۇ، بىراق نېمىشقا مېنىڭ ئىشقىمنى ئۇنىڭ يۈرىكىگە سالمايسەن؟

كۆيۈك ئوتى ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈرۈپ، قۇرۇق قاقشالغا ئايلاندۇرماقتا. تەگسىز ھەسرەتلىك خىياللار ئەقىل ـ زېھنىمنى ئۆرتەپ، چىرايىمنى سارغايتماقتا... ئەتراپىمغا باقسام، كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرىدىغان ھېچنېمە يوق. مۇبادا، رۇقىيە كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلغان بولسا، مەن ئۇنى سۆيگەندەك، ئۇمۇ

مېنى سۆيگەن بولسا، كۆڭلۈم تاغدەك ئۆسمەسمىدى، چىرايىم خۇددى
گۈلدەك ئېچىلماسمىدى؟ تېنىم بارغانسېرى ئورۇقلىماقتا، كۈندە غەمكىن يۈ-
رۈشلەردىن چىرايىم خۇنۈكلىشىپ، بارغانسېرى سەتلەشمەكتە. رۇقىيە بولسا،
بارغانسېرى ھۆسنىگە تولماقتا، ئۇنىڭ ھېچنېمىدىن غېمى يوق، ئۇ
ھېچنېمىدىن ئازابلانمايدۇ، ئۇنىڭدا بىرەر ئىشتىن ئازابلىنىدىغان سەزگۈمۇ
يوقتەك قىلىدۇ. يۈرىكىمگە غەزىپىم كەلدى، ئۆزىنى سۆيمىگەن ئادەمگە
مۇنچىۋالا مەپتۇن بولۇپ كېتىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مۇبادا، مۇمكىن بولسا،
يۈرىكىمدىن بۇ ئېتىۋارسىز مۇھەببەتنى قوغۇننىڭ سېسىقىنى ئېلىۋەتكەندەك
ئېلىۋەتكەن بولاتتىم. ئەمما بۇنىڭغا ئىمكان يوق ئىكەن. بۇرۇنقىلار ئىشق
كېسىلىگە داۋا يوق دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتىپتىكەن. خۇدا دىلىمغا سالغان
بۇ دەردنى ئەمدى ماڭا تارتماقتىن باشقا نېمە ئىلاج؟

مەن شۇنىڭغا ھەيرانمەن، بىز نېمىشقا بىراۋنىڭ قاش ـ كۆزى، قا-
متىگىلا مەپتۇن بولۇپ ياخشى كۆرۈپ قالىمىز؟ نېمىشقا مۇنداق تاشقى
رەڭ، كۆرۈنۈشلەرگىلا ئەسىر بولۇپ قالىمىز؟ بىز ئاشۇ موي، تېرىنىڭ
كەينىگە يوشۇرۇنغان ئادىمىيلىك ماھىيىتىنى بىلگەندىن كېيىنمۇ، نېمىشقا
بۇ تەسىرات ئەسىرلىكىدىن قۇتۇلالمايمىز؟ مۇھەببەتنىڭ كۆزى قارىغۇ دېگەن
بىكار ئەمەسكەن. مەنمۇ رۇقىيەنىڭ تاشقى گۈزەللىكىنىڭلا ئەسىرى بولۇپ
قالدىم. ئەپسۇسكى، بۇ ئەسىرلىك رۇقىيەنىڭ ھەممە نېمىسىنى ماڭا گۈزەل
قىلىپ كۆرسەتمەكتە. ئۇ نېمە دېسۇن، نېمە قىلسۇن، ئۇ يەنىلا مېنىڭ نە-
زىرىمدە ياخشى ئادەم، سۆيۈملۈك قىز بولۇپ گەۋدىلەنمەكتە. مېنىڭ كۆر-
گىنىم پەقەت رۇقىيەنىڭ تۇزدەك گۈزەل تاشقى قىياپىتى. ئۇنىڭ ئاشۇ
سۇمبۇل چاچلىرى، قاپقارا قاشلىرى، ئوتلۇق كۆزلىرى، قىزغۇچ لەۋلىرى،
بەستلىك قامىتى كەينىگە نېمىلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقى ماڭا تېخى نامەلۇم.
مۇبادا، بۇ گۈزەللىكنىڭ كەينىگە يىرگىنچلىك نەرسىلەر تولۇپ كەتكىنىنى
كۆرگىنىمدە مەن رۇقىيەنى يەنىلا سۆيەرمەنمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇنداق قىز بولۇپ

قىلىشىدىن خۇدا ساقلىسۇن. ئەگەر رەھىمسىز رېئاللىق قەلبىمدىكى بۇ مەـ بۇدەمنى پارە ـ پارە قىلىپ ۋەيران قىلىۋېتىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، كۆزۈم كۆرمەس، قۇلىقىم ئاڭلىماس، تىلىم تېتىماس، بۇرنۇم پۇرىماس بولۇپ قالسۇن! مەن توۋا قىلدىم، ئۇ مېنى سۆيمىسىمۇ مەيلى، مەن بۇ مەبۇدەمنى بىر ئۆمۈر قەلبىمدە ساقلاپ ئۆتەي. گەرچە بۇ ئازابلىق بولسىمۇ، ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەي ئۆتىدىغان تالاي ئادەملەردىن ئۆزۈمنى يەنىلا بەختلىك ھېس قىلىمەن. مەن ئۇچۇن ئەڭ قورقۇنچلۇقى ـــ مۇھەببەت، رەھىم ـ شەپقەت بولمىغان، خۇددى جۇت ـ شىۋىرغان ھۇۋلاپ تۇرغان قۇپقۇرۇق، سوغۇق قەلب.

ئەي، رۇقىيە! خۇدادىن تىلەيمەن، سەن مەڭگۇ پەرىشتە پېتىچە قال...

※ ※ ※

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن دەرسلەر ئاخىرلىشىپ، مەكتەپ قىرائەتخانىسىغا ئالدىراپ كېتىۋاتسام، كەينىمدىن رۇقىيەنىڭ چاقىرغان ئاۋاـ زى ئاڭلاندى.

ـــ ھەي، سۇلتان، كىتاب خالتىسى!

دەرھال توختاپ، كەينىمگە قايرىلدىم. رۇقىيە شۇنچە خۇشخۇي كۆرۈنەتتى.

ـــ يەنە ژۇرنال ئوقۇغىلى ماڭدىڭىزمۇ؟

ئۇنىڭ گېپىگە لايىق چاقچاق قىلاي دېدىم ـ يۇ، ئەمما ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ، ئاغزىم گەپكە كەلمەي قالدى. مۇھەببىتىمنىڭ رەت قىلىنىشى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا كۆڭلۈم ئاللىقاچان ئۆلۈپ بولغان ئىدى.

ـــ يەكشەنبە كۈنى كىيىملىرىڭىزنى يۇيۇپ بېرەي، بولامدۇ؟

— بولدى، سىزنى ئاۋارە قىلماي، — دېدىم ئارانلا.

— ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان تاۋى نازۇك، بوپتۇ، كىيىملىرىڭىزنى ئۆزىڭىز يۇيىۋېلىڭ، يوتقىنىڭىزنى يۇيۇپ تىكىپ بېرەي. بۇنىڭغۇ ماقۇل دەرسىز؟

مەن زىيادە گەپ قىلمىدىم. نېمىشقا ماقۇل دېمەي.

شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن رۇقىيە ئوغۇللار ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. مەن يوتقان تېشىنى قاتلاپ ئېلىپ چىقىپ بەردىم.

— كىيىملىرىڭىزنىمۇ ئېلىپ چۈشۈپ بېرىڭ، بىراقلا يۇيۇپ بېرەي.

مەن گەپ قىلماي كەينىمگە ياندىم. كىيىملىرىمنى تېرىشتۇرۇپ، بىنادىن چۈشتۇم. مەن ئوڭايسىزلانغان هالدا:

— بەكلا كىر بولۇپ كەتتى، زاڭلىق قىلماڭ — هە، — دېدىم.

ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، ئالدىراپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ كەينىدىن قارىغانچە، ئىچىم ئىسسىق بولۇپ تۇرۇپ قالدىم.

يەكشەنبە چۈشتىن كېيىن ئىشىك چېكىلىپ، ياتاققا رۇقىيە كىرىپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپلا ياتاقداشلىرىم ماڭا قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ سىرتقا مېڭىشتى. ئۇ ياغلىقنى يېشىپ، دەرمال سىلىپ چىرايلىق قاتلانغان كىيىملەرنى كارىۋاتقا قويدى، ئاندىن يوتقان تىكىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قوللىرى شۇنچىلىك ئەپچىل ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئولتۇرۇپ — قوپۇشىغا، يىڭنىنى سانجىپ، يىپنى تارتىشىغا قاراپ، خىيال سۈرگىنىمچە ئولتۇرۇپ قالدىم.

— دىققەت قىلىڭ، قولىڭىزغا يىڭنە سانجىلىپ كەتمىسۇن.

— سىز ئۈچۈن سانجىلسىمۇ مەيلى.

ئۇنىڭ بۇ چاقچىقىدىن دىلىم سۆيۈندى. شۇ تاپتا ئىككىمىز توي قىلىپ، يېڭىلا ئۆي ئالىرىغان ياش ئەر — خوتۇنلارغا ئوخشاپ قالغان ئىدۇق.

مۇنداق سۆيۈملۈك خىيال كاللامدىن كېچىپ ئۆتكەندە، كۆڭلۈم بىردەملىككە بولسىمۇ خۇشال بولدى. رۇقىيە ئۆي تۇتۇپ خېلىلا پىشقان ئايالغا ئوخشاپ قالغان ئىدى.

— يىڭنە ئىشىغا ماھىركەنسىز، كېيىن ئېرىڭىزنىڭ، بالىڭىزنىڭ كىيىملىرى يىرتىلسىمۇ، قىينالمايلا تىكىپ بەرگۈدەكسىز.

— ئۆتەپ بېرىڭە، مەن توي قىلمايمەن.

— ئاغزىڭىزدا شۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن كۆڭلىڭىزدە يەنىلا ئالدىراپ كېتىۋاتقانسىز؟

— قىلىنىنىڭ دەۋاتقان گېپىنى.

ئۆزۈمنىڭ چاقچىقىدىن يەنە ئۆزۈمنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. رۇقىيە كەلگۈسىدە كىم بىلەن توي قىلار؟ مۇھەببىتىنى كىمگە بېغىشلار؟ ئۇنىڭ ئالتۇن بويلىرى كىمگە مەنسۇپ بولار؟ مۇشۇ گۈزەل پەرىزاتقا ئېرىشىدىغان ئاشۇ ئەر قانچە بەختلىك ـ ھە؟ رۇقىيە ماڭا مەنسۇپ بولمىدى. ئۇ مېنىڭ ھەقىقىي مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇنىڭ كىيىملىرىمنى يۇيۇپ، يوتقىنىمنى تىكىپ بېرىشى، پەقەت ئازار يېگەن كۆڭلۈمنى ئاياپ قىلىپ بەرگەن ئىشلىرى. ئۇ ئاشۇ ئاخشىمى مەن بىلەن دوست بولۇپ ئۆتۈش توغرىلىق تەكلىپ بەرگەن ئەمەسمۇ؟ ھەقىقەتەن شۇنداق، ئۇ بۇ ئىشلارنى پەقەت دوستلۇق يۈزىسىدىنلا قىلىۋاتىدۇ، بۇ ھەرگىز مۇھەببەت ئۈچۈن ئەمەس. ئۇ مېنى يالغۇز كۆرمىگەندىكىن، ئۇنىڭغا بۇ ئىشلارنى قىلغۇزمىسام بولۇپتىكەن.

ئۇ ناز قىلغان بولسىچۇ؟ قايسى ئەخمەق قىز يىگىتنىڭ تەلىپىنى ئاڭلاپلا دەرھال ماقۇل دەيدۇ؟ ئەقىللىق قىزلار ئاسانلا ماقۇلغا كەلسە، كېيىن قەدىر ـ قىممىتى بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. «ئىككىمىزنىڭ ئۆيى بەكلا يىراق، كېيىن ئەمەلگە ئاشماسمىكىن» دېگىنى يالغاندىن كۆرسەتكەن باھانىسى. رۇقىيە نازۇ كەرەشمىگە بەكلا ئۇستا ئەمەسمۇ؟ بولمىسا، ئۇ يەنە ماڭا

مۇنچىۋالا يىغىنچىلىق قىلىپ يۈرمەس ئىدى. كىيىملىرىمنى يۇيۇپ، يوتقىنىمنى تىكىپ بېرىشى — ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. بۇ كەلگۈسىدىكى ئەر - خوتۇنلۇقنىڭ تەييارلىقى. مەكتىپىمىزدىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى سۆيگەن يىگىتلىرىنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ، يوتقانلىرىنى تىكىپ بېرىدىكەنغۇ؟ رۇقىيە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ بۇ ئىشلارنى ھەرگىز مەقسەتسىز قىلمايدۇ.

ئۇ ھەر قېتىم يىپىنى چىشلەپ ئۈزگىنىدە، مەن سۆيگەن ئاشۇ قىزغۇچ لېۋى يوتقانغا تېگەتتى. بۇ ھالەتتىن كاللامدا بىر غەلىتە خىيال پەيدا بولدى: خۇدا ماڭا ھەر خىل نەرسىلەرگە ئۆزگىرەلەيدىغان ماھارەتنى ئاتا قىلغان بولسا ئىدى، مۇشۇ پەيتتە يوتقانغا ئۆزگىرىۋالىسام، قانچە ياخشى بولاتتى - ھە؟ ئازابلىق ئىش شۇكى، ياتاقتا ئىككىمىزلا تۇرۇۋاتقان بولساقمۇ، ئالدىمدا مەن سۆيگەن گۈزەلىم تۇرۇۋاتقان، ئۇنىڭ سۆيۈلۈشكە تەشنا لېۋى تۇرۇۋاتقان، مەن ئەركىن، بىمالال ھالەتتە ئۇنى قۇچاقلاپ، ئاشۇ شېرىن لېۋىگە قايتا سۆيەلمەيمەن. چۈنكى ئۇ ماڭا بۇ ھوقۇقنى بەرمىگەن. ئۇ ماڭا رازىلىق بەرمىگەن بولسىمۇ، ئۆز خاھىشىم بويىچە ئۇنىڭ لېۋىگە سۆيۈشىم مۇمكىن. ئەمما ئۇنىڭ يۈرىكىدە ماڭا قارىتا مۇھەببەت بولمىسا، مۇنداق سۆيۈشنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن؟ ئۇ ئاشۇ ئاخشىمى مېنىڭ سۆيۈشۈمگە قوشۇلدى. بۇ رۇقىيە ئۈچۈن رەسىدە بولغان قىزنىڭ ئەرلەردىن كۈتىدىغان ھاۋايى - ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا قىلىنغان ھەرىكەت بولسىچۇ؟ مۇبادا، ئۇنىڭ دوست بولۇپ ئۆتەيلى دېگىنى مۇشۇنداق ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا بولسىچۇ؟ بۇ پەقەت بىر - بىرىنى ياخشى كۆرمەيدىغان، كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈنلا بىر - بىرىگە موھتاج بولىدىغان قىز - ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىش... ياق، رۇقىيە ھەرگىز ئۇنداق چاكىنا قىزلاردىن ئەمەس...

رۇقىيە يوتقاننى تىكىپ بولۇپ، ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچى بىر ئاز تەرلىگەن ئىدى.

— ئاغزىڭىزدا شۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن كۆڭلىڭىزدە يەنىلا ئالدىراپ كېتىۋاتقانسىز؟

— سىزنى جاپاغا سېلىپ قويدۇم، رەھمەت — ھە...

ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، زىيادە گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىدە نېمە مەنا باركىنتاڭ؟ ئۇ قۇرۇق رەھمەت ئېيتقۇچە، مەھكەم قۇچاقلاپ، سۆيۈپ قويساڭ بولماسمىدى دېمەكچىمىكىنتاڭ؟ ئۇ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپلا، قەدرى ئۆتتۈلدى. ئەخمەق، ئۇنىڭ بىلەن شۇنچە ئۇزاق بىللە بولۇپمۇ، نېمىشقا تاتلىققىنا بىرەرنى سۆيۈۋالمىدىڭ — ھە؟ شۇ چاغدا ئۇنىمۇ خۇشال قىلغان بولاتتىڭ، چاڭقاق يۈرىكىڭمۇ ئازراق تەسەللىگە ئېرىشەتتى...

※ ※ ※

ئوغۇللار ياتاق بىناسى بىلەن قىزلار ياتاق بىناسى بىر — بىرىگە پاراللېل قىلىپ سېلىنغان ئىدى. بىزنىڭ ياتاق ئۈچىنچى قەۋەتتە بولۇپ، دېرىزىدىن قىزلارنىڭ ياتاقلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاشۇ دېرىزە مەن ئۈچۈن ئىنتايىن قەدىرلىك ئىدى. ئۇ ماڭا نۇرغۇن تەسىراتلارنى بەخش ئەتتى. شۇ دېرىزە بولمىغىنىدا، مەن يېرىم قارىغۇغا ئايلىنىپ قالغان بولاتتىم.

ئىككى بىنانىڭ پاراللېل قىلىپ سېلىنىشى ئوغۇللارغا ھەم قىزلارغا ئوخشاشلا كۆڭۈللۈك پەيتلەرنى ھەم كۆڭۈلسىز قىسمەتلەرنى بەخش ئەتتى.

بىر قىسىم شوخ ئوغۇللار كەچلىك مۇزاكىرىدىن ياندىغىدىن كېيىن چىراغ ئۆچۈرۈلگىچە بولغان ئارىلىقتا ئوغرىلىقچە قىزلارنىڭ ياتاقلىرىغا قارايتتى. بولۇپمۇ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئوغۇللار قىزلار بىناسىنىڭ ئاستىنقى قەۋەتلىرىدىكى ياتاقلارغا كۆپرەك قارايتتى. چۈنكى قىزلارنىڭ ياتىدىغان چاغدىكى كىيىم سېلىشلىرى، ئىچ كىيىملىرى بىلەن قالغان گۈزەل ھالىتى،

كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ يېتىشلىرى ئەينەن كۆرۈنەتتى. قىزلارنىڭ كۆڭلىدە نېمىلەر بارلىقىنى كىم بىلسۇن؟ بەزى ھايالىق قىزلار يېتىشتىن ئىلگىرى دېرىزە پەردىسىنى ھەم ياپاتتى. لېكىن بەزى قىزلار ئوغۇللارنىڭ كەچلىكى مارىلايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، كۆرسۇن دېگەندەك قىلىپ، دېرىزە پەردىسىنى يېپىشنى قەستەنگە ئۇنتۇپ قالاتتى ياكى قىيا ئوچۇق قوياتتى.

بىر كۈنى ئاخشىمى كەچلىك مۇزاكىرىدىن يېنىپ ياتاققا كىرسەم، ساۋاقداشلىرىمدىن بىر قىلچىسى دېرىزە ئالدىغا كېلىۋاپتۇ، ئەخمەت ئاغزىنى تامشىپ سۆزلىگىلى تۇرۇپتۇ:

— پاھ – پاھ، ئاۋۇ كاسلىپەتكە قاراڭلار، بەدىنى نېمانچە ئاقتۇ؟

— بىلىقنىڭ ئۆزىلا دېگىنە، — دېدى سادىق.

— ھەي... ي... باغرىمغا يېقىپ يېتىپ باقسام، نېمە بولۇپ كېتەرمەن؟

— يەنە بىرىگە قاراڭلار، — دېدى ئابلەكرى ۋارقىراپ، — ئۇنىڭ بەدىنى تېخىمۇ ئاقكەن!

— پەيزىمنى ئۇچۇرۇپ، قويغىنا ئۇنداق ئورۇق ئەبگانى، — دېدى ئەخمەت شالىنى چاچرىتىپ، — ئىسمى نېمە بولغىيتتى ئۇنىڭ، قايسى فاكۇلتېتتا ئوقۇيدىغاندۇ؟

سادىق ئەخمەتنى ئېچىتىپ:

— ماگاۋەي، سېنى يارىتامدۇ ئۇ، — دېدى.

ئەخمەت مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ:

— ئاكاڭ قارىغايىنى بوش چاغلاۋاتامسەن؟ ئۇنداق نېمىنى ئىلىغىمغا پېتەك قىلمايمىناۋەي، — دېدى.

— ئانە پونى. مانا ئوبدان بولدىمۇ؟ پەردىنى يېپىۋەتتى.

ئۇلار «ئىست!» دېيىشىپ، دېرىزە ئالدىدىن يېنىشتى. مەن پۇت - قولۇمنى يۇيۇپ كىرىپ، ئورنۇمغا كېلىپ ياتتىم. چىراغ ئۆچۈرۈلۈپ

خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاغزى يەنىلا بېسىلمىدى.

— يەنە بىر گەپ، سىلەر ئاڭلىدىڭلارمىكىن... — دېدى ئەخمەت خىرىلداپ كۈلگىنىچە.

سادىق ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇردى.

— قايسى ئىشنى دەيسەن؟

— تىل فاكۇلتېتىدىكى گۈلپەرىچۇ... بىنادىن ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالماقچى بوپتۇ.

— نېمىشقا؟

— ئۇ ھېلىقى خوتەنلىك مەتسەيدىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتىكەن. مەتسەيدى دېگەن نېمە ئۇنى ياخشى كۆرمەيمىش، نىيەلىك ھېلىقى سالامەتنى ياخشى كۆرەرمىش. گۈلپەرى مەتسەيدىگە بىرمۇنچە نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىپ يېقىنچىلىق قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يەنىلا قارىماپتۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەتسەيدىگە: «ئەگەر سەن سالامەت دېگەن نېمە بىلەن يۈرىدىغان بولساڭ، ئۆزۈمنى بىنادىن تاشلاپ ئۆلۈۋالىمەن» دەپتۇدەك.

— راست شۇنداق دەپتىما؟ — دېدى سادىق يەنە ئىشەنمىگەندەك قىلىپ، — قىز بالا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يۈزىنى مۇنداق تۆكمەس؟

— ياخشى كۆرۈشنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن سەن؟ ئاشىقنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ. ھېلىغۇ بىنا تۇرماق، ئېگىز تاغدىنمۇ سەكرەيدۇ دەيمەن. ئىشەنمىسەڭ، ئەتە چىقىپ سوراپ باق، پۈتۈن مەكتەپتە سايىلا مۇشۇ گەپ.

— نېمە دەيسىلەر ئەمدى. گۈلپەرى ئەمدى يۈزىنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ يۈرەر؟

— مۇھەببەت يولىدا يامان ئاتاققا قېلىشمۇ شەرەپ...

ئۇلار ھەممىسى تەڭلا خىرقىراپ كۈلۈشتى. مەن ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە ئارىلاشماي ياتسام، گەپنى مېنىڭ ئۈستۈمگە يۆتكىدى.

— ماۋۇ ئاداش... رۇقىيە بىلەن يۇرۇپتىمۇ نېمە؟ — دېدى ئەخمەت ئاۋازىنى پەسەيتىپ.

— ھوي! بوش گەپ قىلغىن، ئويغىنىپ كېتىدۇ، — دېدى سادىق پىچىرلاپ، — مۇشۇ شىماللىقتا بىر چىرايلىق قىزنى تارتقۇزۇپ قويىمىزمۇ ئەمدى؟

— شۇنى دېمەمسىلەر؟

— بۇ گېپىڭلار پەقەت قاملاشمىدى، ئاغىنىلەر، — دېدى ئابلەكرى نارازىلىق بىلدۇرۇپ، — يامان بولساڭلار، سىلەر بالدۇر كەلتۇرۇۋالساڭلار بولمامدۇ؟ شىماللىق، جەنۇبلۇق دېگەنمۇ گەپمۇ؟ ھەممىسى بىر ئۇيغۇرغۇ؟

باشقىلار رۇقىيە ئىككىمىزنى يۇرۇپتۇ دەپ ئويلايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ-لارنىڭ چۈشەنچىسىدە مەن ناھايىتى بەختلىك. ئەمەلىيەتتە ئىشلار نەدىمۇ ئۇنداق بولسۇن؟ ھەقىقىي تۇنجى مۇھەببىتى قوبۇل قىلىنمىغان مەندەك ئا-دەمدىنمۇ ئۆتە بەختسىز ئادەم بولامدۇ؟

ماۋۇ ئاغىنىلەرنىڭ شىماللىق، جەنۇبلۇق دەپ ئايرىۋاتقانلىقىغا قا-راڭلار؟ ئۆزلىرىچە ئايرىمىچىلىق قىلىپ، كۆڭلىدە پىچاق ساقلاپ يۇرگەنلەر ئاز ئەمەس. مەن ئۇلاردىن ھوشيار بولمىسام، ماڭا تۇزاق قۇرۇشتىن يانمايدۇ. ئاڭلىسام، بىرقانچىسى مېنى ئۇرماقچىمۇ بولغانمىش. ئۇلار ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلگىنىدە، مېنىڭ ئاشقىلىق ئازابلىرىمنى ھېس قىلىپ يەتكىنىدە، ماڭا ھېسداشلىق قىلغان بولاتتى.

تۇرۇپلا ماڭا ئوخشاش قىسمەتكە دۇچ كەلگەن گۇلپەرىگە ھېسداشلىق قىلغۇم كەلدى. ئۇ راستىنلا بىنادىن سەكرەپ ئۆلۈۋالماقچى بولدىمىكىنە؟ ئۇ ھەقىقەتەن جۇرئەتلىك ئىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى مەردانىلىك بىلەن جاكارلاپتۇ. بىردىنلا مېنىڭ كاللامغىمۇ بىنادىن سەكرەپ ئۆلۈۋېلىش ئىستىكى كىرىۋالدى. شۇنداق قىلسام، مەن بۇ خورلۇقتىن تامامەن قۇتۇلالايتتىم، رۇقىيەمۇ مېنىڭ ئۆزىنى

قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىپ قالغان بولاتتى.

ئوغۇللارنىڭ دىرىزىدىن مارىشىرىنى ئەيىبلىگىلى بولاتتىمۇ؟ ئاڭلىسام، بەزى قىزلارمۇ ئاخشىمى ئوغۇللارنىڭ ياتاقلىرىغا يوشۇرۇنچە قارايمىش.

※ ※ ※

بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى. بىز كۆرۈشۈشكە پۈتۈشكەن ئىدۇق. رۇقىيە چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئونلاردا ياتىقىمغا كىرمەكچى بولغان ئىدى، بۇ چاغدا ياتاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى سىرتقا چىقىپ كېتەتتى.

مەن ياتاق دىرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ، قىزلار ياتاق بىناسىدىن رۇقىيەنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم. كۈتتۈم... بىر سائەت ئۆتتى... ئىككى سائەت ئۆتتى، ئەمدى چوقۇم چىقىدۇ... ئۈچ سائەت ئۆتتى... كۈن چۈشتىن قايرىلدى. مەن يەنە ئۈمىد كۈتۈپ ئولتۇردۇم...تۆت سائەت ئۆتۈپ كەتتى. مەن تاقەتسىزلىنىپ، ئاخىرى رۇقىيەنى ئىزدەپ ماڭدىم. خۇددى خوتۇنىنى ئىزدەپ ماڭغان ئەردەك ئۆزۈمچە ئالچىقلىنىپ، قىزلار ياتاق بىناسىغا قانداق كىرىپ قالغىنىمنى، رۇقىيەنىڭ ياتىقى ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغىنىمنى سەزمەيلا قالدىم. ياتاق ئىشىكى قۇلۇپلانمىغان ئىدى، ئىچىدىن ھېچبىر ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. مەن دەر غەزەپ بىلەن ئىشىك ئالدىغا كەلگەن بولسامۇ، ئەمما ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. مەن نېمىشقا رۇقىيەنى ئىزدەيمەن؟ ئۇنى ياتاققا چاقىرىشقا نېمە ھوقۇقۇم بار؟ مەن ئۇنى چىن دىلىمدىن سۆيىمەن، ھەقىقىي سۆيۈشنىڭ ئۆزى ھوقۇق! ئىشىكنى چەكتىم. كۆپ ئۆتمەي، ئىشىك قىيا ئېچىلدى. رۇقىيە مېنى كۆرۈپ، قاتتىق ھودۇقۇپ كەتتى. مەن ئىشىكنىڭ يان تەرىپىدە بولغاچقا، ياتاقتا كىم بارلىقىنى كۆرەلمىدىم. ياتاقتا بىرسىنىڭ بارلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. رۇقىيە يېنىمغا چىقتى ــ دە، مېنىڭ ئۇنى كۆرۈپ قېلىشىمدىن

ئەنسىرەپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئىشكنى مەھكەم ياپتى. ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، تېپىرلاپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى سارغايغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ مېنى ئىشىك ئالدىدىن نېرىغا تارتىپ ئېلىپ:

— سىزنى ساقلىتىپ قويدۇم، رەنجىمەڭ ـ ھە، — دېدى.

مەن غەزەپتىن يېرىلىپ كېتىدىغاندەك تىترەپ، چىڭقىلىپ، يەرگە قاراپ تۇرۇپ قالدىم. ياناقتا كىم باردۇ، دېگەن گۇمان بىلەن ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب قايتۇرمىدىم. كۈندەشلىك ئوتى يۈرىكىمنى ئېچىشتۇراتتى. رۇقىيە ياناق ئىشكىگە قايرىلىپ قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ ھودۇقۇشلىرى گۇمانىمنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئۇ ياناقتىكى ئاشىقىنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن، يەنە بىر ئاشىقىڭ بار ئىكەن دەپ رەنجىپ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقاندەك قىلاتتى.

— بۈگۈن... ھە... مەن سىزگە كېيىن چۈشەندۈرۈپ قويىمەن.

ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي قالدىم. ياناقتىكى كىم بولغىيتتى؟ رۇقىيە نېمىشقا مېنى كۆرۈپلا ھودۇقۇپ كېتىدۇ؟ چىرايى سارغايغان، چاچلىرى چۇ-ۋۇلغان، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتكەن...

بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم بەربات بولغاندەك تۇيۇلدى. بۇ ئىشتىن قاتتىق خورلۇق ھېس قىلدىم. رۇقىيە ھەقىقەتەن مېنى سۆيمەيدىكەن، مەن سۆيگۈ سىرىمنى ئاشكارىلاپ، مۇھەببەتلىشىش تەكلىپى بەرگەن ۋاقتىمدا، ئۇ ماڭا ھەقىقىي سۆزنى ئېيتقان ئىكەن. ئۇ نازلىماپتۇ، ئۇ راستىنلا مېنى سۆيمەيدىكەن! گۈلنىسا ئاشىق بولغان يىگىتىنى قورقۇتقان بولسا، مەن ئەمدى بىنادىن راستىنلا سەكرەيمۇ؟ ئاشۇ چاغدا رۇقىيە مېنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئۆلگەنلىكىمنى كۆرگىنىدە قايغۇرۇپ يىغلارمۇ؟

ئۇنىڭدىن رەنجىشكە مېنىڭ ھېچقانداق ھەققىم يوق. ئۇ كىمنى سۆيسە، شۇنىڭغا مەيلىنى بېرىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەركى. خۇدا مېنىڭ

ئىشقىمنى ئۇنىڭ دىلىغا سالمىسا، ئۇ قانچە قىلىپمۇ مېنى سۆيەلمىسە، ئەمدى ئۇ يۈرىكىنى مەجبۇرلىغايمۇ؟ ماڭا ئەمدى بۇ كاج تەقدىرىمدىن ياش تۆكۈپ، ھەسرەت ـ نادامەت ئىچىدە ئۇنىڭغا بەخت تىلەپ قالماقتىن باشقا نە چارە.

رۇقىيەنىڭ يېنىدا قالغان، مەن كىملىكىنى بىلمىگەن، رۇقىيەنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولغان ئاشۇ ئادەم قانچە بەختلىك ـ ھە؟ مەن ئۇنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتۈرمەي، ئۇنىڭ كىملىكىنى مەڭگۈ بىلمەيلا قالاي. بولمىسا، رۇقىيە سۆيگەن ئاشۇ يىگىتكە قەلبىمدە ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇپ قالمىسۇن. ئۇ رۇقىيەنى مەن سۆيگەندەك سۆيسىلا، مەن شۇنىڭغا رازى. ئەگەر رۇقىيەمۇ مېنى سۆيگىنىدە، مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلغىنىدا، ئۇنىڭ بىلەن جېنىمنى تىكىپ قويۇپ ئېلىشاتتىم.

مېنىڭ بۇ خىيالىم پۈتۈنلەي ئاساسسىز گۇمان، بىھۇدە كۆندەشلىك بولۇپ چىقسا قانچە ياخشى بولاتتى ـ ھە؟ مېنىڭ رۇقىيەنى ئىزدەپ ئىشىكى ئالدىغا بارغان ۋاقتىم قىزلار ئۇخلاپ ئارام ئالىدىغان چاغ. مەن ئىشىكىنى چەككەن چېغىمدا رۇقىيە ئويغىنىپلا، چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆز-لىرى خۇمارلاشقان ھالەتتە ئىشىك ئالدىغا چىققان بولمىسۇن يەنە؟ ئۇ مۇشۇنداق قىياپەتتە مېنىڭ ئالدىمغا چىقىپ قالغانلىقتىن، مېنى يېرىم كۈن ساقلىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئوڭايسىزلىنىپ، ھودۇقۇپ كەتكەن بولسىچۇ؟ «مەن سىزگە كېيىن چۈشەندۈرۈپ قويىمەن...» ئۇنىڭ بۇ گېپىنى قانداق چۈشەنسەم بولار؟ ئۇ بۈگۈن ئەپلەشمىدى دېمەكچىمىدۇ؟ ئۇنداقتا، نېمە سەۋەبتىن ئەپلەشمىدى؟ ئۇ ماڭا نېمىنى چۈشەندۈرۈپ قويماقچىكىنە؟ مەن ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، يەنىلا بۇ گۇماننىي قىيناقتىن قۇتۇلالمىدىم.

مەن بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي يۈرۈۋەردىم. شۇنداقلا خېلى كۈنلەرگىچە كاللامدىنمۇ چىقىرىۋېتەلمىدىم. رۇقىيەدىن ئىزاھات تەلەپ قىلىشنى بىئەپ كۆردۈم. ئۇ بولسا بۇ ئىشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك

يەنىلا پەرۋاسىز يۈرۈۋەردى.

ئەمدى بۇ ئوتنى ئۆچۈرۈش كېرەك. توغرا، يۈرەكتىكى بۇ ئوتنى ۋاقتىدا ئۆچۈرۈش كېرەك. بولمىسا، ئۇ تېخىمۇ يالقۇنلايدۇ، مېنى نابۇت قىلىدۇ، بارلىقىمنى بەربات قىلىدۇ. ياخشى كۆرگەن ئادىمنى كۆڭۈلدىن مەجبورى چىقىرىۋېتىش، باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىش قانچە ئازابلىق ــ هە؟ بولدىلا، ماڭا مەنسۇپ بولمىغان بۇ مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولۇپ قالغانلىقىمغا نېمانچىۋالا ئاھ ئۇرۇپ كېتىمەن؟

مېنى سۆيمىگەن قىزنى يەنە داۋاملىق سەۋدايىلارچە ياخشى كۆرۈش ماڭا ئەخمەقلىقتەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. بىز ئوغۇللار قىزلارنى ياخشى كۆر-سەك، شۇ دەرىجىدە ئەخمەقلىشىپ كېتىدىكەنمىز. رۇقىيەنىڭ مېنى سا-راڭلارچە مەپتۇن قىلىۋالغان ئاشۇ گۈزەل ھۆسنىدىن باشقا يەنە نېمىسى بار؟ هەي، خۇدا! سەن بىز ئەرلەرنى نېمانچە ئەخمەق ياراتقانسەن؟ بىز يۈكسەك تالانتقا ۋە تىللاردا داستان بولغۇدەك ئاجايىپ شىجائەتكە ئىگە بولساقمۇ، پۈتۈن دۇنيا بىزنىڭ تاپىنىمىز ئاستىدا بويسۇندۇرۇلۇشنى كۈتۈپ ياتسىمۇ، ئەمما مۇھەببەت باغلاش، گىرىم قىلىش، بالا بېقىشتىن باشقا ئىشلارغا قىزىقمايدىغان ئىچى قۇرۇق ئايالىلارنىڭ نازلاشلىرى، باتناشلىرى ئالدىدا يىلى چىقىپ كەتكەن توپتەك سالپىيىپ روھسىزلىنىپ كېتىدىكەنمىز. ئۇلارنى يوغان سۆزلىتىدىغان نەرسە ــ گۈزەل رۇخسارىغۇ شۇ؟

※ ※ ※

ئىككى ھەپتىدىن بۇيان سوۋېت يازغۇچىسى گىرانىننىڭ «ئاجايىپ هايات» ناملىق بىئوگرافىك رومانىنى ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. ئەسەردە سوۋېت بىئولوگىيە ئالىمى ئالېكساندىر لىۋبىشېۋنىڭ 1916-يىلى 1-ئايدىن 1972-يىلى 82 ياشقا كىرىپ ۋاپات بولغانغا قەدەر «ۋاقىت خا-

تىرىلەش ئۇسۇلى»نى 56 يىل داۋاملاشتۇرغانلىقى يېزىلغان. بۇ رومانىنى بىرىنچى قېتىم ئوقۇغان چېغىمدىلا، مەنمۇ شۇنداق قىلالايمەنمۇ-يوق دېگەن ئوي كاللامدىن كەچكەن ئىدى. بۇ ھەقىقەتەن ئاددىي، ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ئەتىدىن باشلاپ، ئالېكساندىر لىيۇبىشېۋنىڭ «ۋاقىت خاتىرىلەش ئۇسۇلى»نى سىناق تەرىقىسىدە قوللىنىپ بېقىش قارارىغا كەلدىم.

قەدىمكى رىم ئەدىبى، ناتىقى سىسېروُمۇ كۈندە نېمە ئىشقا قانچىلىك ۋاقىت سەرپ قىلغانلىقىنى كاتىپىغا خاتىرلىتىپ ماڭغان ئىكەن. سىسېرونىڭ ئۆز تەجرىبىسىدىن يەكۈنلىشىچە، ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئۈزۈلدۈرمەي، ھەر كۈنى ۋاقىتنى خاتىرىلەپ مېڭىش ئىنتايىن جاپالىق ئىش بولۇپ، بۇ ئادەمدىن زور چىدام ۋە سەۋرچانلىقنى تەلەپ قىلىدىكەن. ئۇ كاتىپىغا خاتىرىلەتكەن تۇرۇقلۇقمۇ مۇشۇنداق دېگەن يەردە، لىيۇبىشېۋنىڭ 56 يىل داۋاملاشتۇرغانلىقى ئادەمنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ.

ئالېكساندىر لىيۇبىشېۋ بىر كۈندىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە يازمىغان. ئۇ ئاساسلىق ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان، ئىلمىي ماقالە يازغان، كىتاب ــ ماتېرىيال ئوقۇغان، ئۇلاردىن خاتىرە قالدۇرغان ۋاقىتلىرىنىلا ساپ مەشغۇلات ۋاقتى قىلىپ خاتىرىلىگەن. دوستلىرىغا سالام خەت يېزىش (جاۋاب خەتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، كىنو كۆرۈش، دالا ئايلىنىش، بەزى ئىلمىي يىغىلىشلارغا قاتنىشىش قاتارلىقلارنى قوشۇمچە مەشغۇلات ۋاقتى سۈپىتىدە خاتىرىلىگەن. سائەت، مىنۇتنى بىرلىك قىلغان. ئۇ شۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ، «مۇزلۇقتا كېتىۋېتىپ، تېيىلىپ ئۆگدىسىغا يىقىلىپ چۈشتۈم، ئارقا مېڭەم مۇزغا قاتتىق تېگىپ كەتتى» دېگەندەك بەزى مۇھىم ئىش، ۋەقەلەرنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ يېزىپ قويغان. لىيۇبىشېۋ ئۆزىنىڭ ۋاقىت خاتىرىسىنى ئاي، پەسىل، يېرىم يىل، بىر يىلدا بىر قېتىم خۇلاسىلەپ تۇرغان. شۇنىڭغا ئاساسەن، ۋاقىتتىن پايدىلىنىش ئەھۋالىنى

تەكشەپ ماڭغان. ليۇبىشېۋ ئۆزىنىڭ «ۋاقىت خاتىرىلەش ئۇسۇلى»نى قوللىنىۋەرگەچكە، بىر كۈنلەرگە بېرىپ، قايسى ئىشقا قانچىلىك ۋاقىت كەتكەنلىكىنى تۇيغۇسىغا تايىنىپلا مىنۇتىغىچە توغرا پەرەز قىلالايدىغان بو-لۇپ كەتكەن.

مەكتىپىمىزنىڭ بىر كۈنلۈك مەشغۇلات ۋاقتى ئورۇنلاشتۇرۇشى بار. مەن ۋاقىتتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەكتىپىمىزنىڭ مەشغۇلات ۋاقتى ئاساسىدا ئۆزۈمنىڭ «كۈندىلىك مەشغۇلات ۋاقتى» ۋە «ھەپتىلىك پىلانلىق ئۆگىنىش مەزمۇنى» نى تۈزۈپ چىقتىم.

مەن شۇندىن كېيىن ھېس ـ تۇيغۇسىز ماشىنا ئادەمدەك پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتىم. بىر كۈنلۈك ساپ مەشغۇلات ۋاقتىمنى ئالتە سائەتتىن، جەمئىي مەشغۇلات ۋاقتىمنى ئون سائەتتىن چۈشۈرۈۋەتمەسلىكنى نىشان قىلىپ، كۈندە ئاز بولغاندا 50 بەت، كۆپ بولغاندا 150 بەت كىتاب ئوقۇشنى ئۆزۈمگە ۋەزىپە قىلىپ بەلگىلىدىم. مەن مۇشۇنداق قىلسام، پۈتۈن دىققىتىمنى كۆپرەك بىلىم ئېلىش، يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە يۆتكەپ، روھىيەنى كۆڭۈلۈمدىن ئاستا ـ ئاستا چىقىرىۋېتىشىم مۇمكىن ئىدى.

*1987-يىلى 9-ئاينىڭ 21-كۈندىكى ۋاقىت خاتىرىسى:*

*چۈشتىن بۇرۇن تۆت سائەت دەرسكە قاتناشتىم. ئۈچ سائەت 20 مىنۇت.*

*چۈشتىن كېيىن ل. تولستوينىڭ «ئاننا كارىنىنا» رومانىنى ئوقۇدۇم، 75 بەت، ئىككى سائەت، بەش مىنۇت.*

*ئارسلاننىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىنى ئوقۇدۇم، 15 مىنۇت.*

*ساپ مەشغۇلات ۋاقتى: تۆت سائەت بەش مىنۇت.*

*جەمئىي مەشغۇلات ۋاقتى: يەتتە سائەت 25 مىنۇت.*

*تۇنجى كۈندىكى ۋاقىت خاتىرىلەشتىن تەسىرات:*

*بۇ ئۇسۇل ماڭا ھەيدەكچى بولدى. لېكىن ۋاقىتنى چىڭ تۇتتۇم دېسەممۇ، ساپ مەشغۇلات ۋاقتى ئاران تۆت سائەت بەش مىنۇت بولۇپتۇ، نىشان قىلغان ئالتە سائەتلىك ساپ مەشغۇلات ۋاقتىغا يەتكۈزەلمەپتىمەن. مۇشۇنىڭغىمۇ شۈكرى، بارا ــ بارا كۆپىيەر. بۈگۈن دەرس ئۆزلەشتۈرۈشۈممۇ ياخشى بولدى.*

*بىز ئادەتتە ۋاقىتنى نەھايىتى چىڭ تۇتۇپ كىتاب ئوقۇدۇق، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندۇق، يېزىقچىلىق قىلدۇق دەيدىكەنمىز، ئەمما شۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا ئۇياق ــ بۇياققا مېڭىش، بىر ئىشلارغا قاراپ قېلىش، باشقىلارنىڭ بىزنى پاراڭغا تۇتۇشى، ئورۇنسىز تالاش ــ تارتىشلارغا ئارىلىشىپ قېلىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن بىرمۇنچە ۋاقتىمىز بىلىنمەيلا ئۆتۈپ كېتىدىكەن. بىز ھەقىقىي ساپ ئەمگەك ۋاقتىمىزنى مىنۇتى بىلەن ھېسابلىساق، بەش ــ ئالتە سائەتكىمۇ يەتمەيدىكەن. بىزنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىمىز راستىنلا بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىدىكەن. ئالېكساندىر لىيۇبىشېۋدەك ۋاقىتنى چىڭ تۇتالىساق، بىزنىڭ ئارىمىزدىن نۇرغۇن ئالىملار چىققۇدەك.*

نامازدىگەر ۋاقتىدا تويمايلا ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئويغانسام، 45 مىنۇتتەك ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. نېمىشقىدۇر، كۆڭلۈم بىر خىل چۈ-شىنىكسىز تۇيغۇدا بىئارام بولدى. بەلكىم، بۇ ھارغىنلىقتىن ياكى روھىيەتتىن ئۆزۈمنى تارتالمىغانلىقىمدىن بولسا كېرەك. كەچلىك تاماقتىن كېيىن سىنىپقا چىقىپ كىتاب ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئاستا ــ ئاستا ئۆگشىلىپ قالدىم.

ئەتىسى يەنە بىر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەردى. تۆتىنچى سائەتلىك دەرستىن چىقىپ، چۈشلۈك تاماققا ئالدىراپ، پەلەمپەيدىن پېتىشماي چۈشۈپ كېتىۋاتاتتۇق. روقىيە مېنىڭ ئالدىمدىلا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا

يالدىشىپ ماڭغان ئوغۇللاردىن بىرەيلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە شاپىلاقلاپ چاقچاق قىلدى. مېنىڭ كۆز ئالدىمدىلا بىر ئەركەكنىڭ قولى رۇقىيەنىڭ مۈبارەك تېنىگە تەگكەن ئىدى. بۇ ھالەتنى كۆرۈپ، يۈرىكىمنى كۈچلۈك رەشك ئوتى كۆيدۈردى. رۇقىيە مېنىڭكى، ئۇ پەقەت مېنىڭ ئۈچۈنلا يارىتىلغان ئىدى. ئەركەكلەر ئۇنىڭ يۈزىگە قارىماسلىقى، كۆزىگە بېقىپ سۆزلىمەسلىكى، سەرۋىدەك ئېگىز قامىتىگە قاراپ، غەيرىي خىياللارنى سۈر-مەسلىكى كېرەك.

مەن نەقەدەر ئىلاجسىز ــ ھە؟ مەن پەقەت رۇقىيەگە چاقچاق قىلغان ئاشۇ ئەركەككە نەپرەتلا بىلدۈرەلەيتتىم، بىراق چەكلىيەلمەيتتىم. چۈنكى رۇقىيە ھازىر ئەركىن ئادەم. ئۇنىڭغا كىمنىڭ سۆزلىگۈسى كەلسە، ئۇنى كىمنىڭ ياخشى كۆرگۈسى كەلسە بولىۋېرىدۇ. مۇبادا، ئۇ مېنىڭ تەكلىپىمگە قوشۇلغىنىدا ئىدى، ئۇنىڭغا ئەركەك چىۋىنىنىمۇ قوندۇرمىغان بولاتتىم.

ئايىنى ھەممە ئادەم گۈزەل دەپ ماختىشىدىكەن. مەن ياخشى كۆرگەن گۈزەل پەرىزاتنىڭ ئەتراپىدا باشقىلارمۇ چۆرگىلەيدىكەن. ئاھ... ماڭا نە ئىلاج ؟ بۇ مۇشۇنداق ئازابلىق دۇنيا ئىكەن.

چۈشلۈك تاماقنى ياناققا ئېلىپ چىققان بولسامۇ، كېلىمدىن ئازراقمۇ ئۆتمىدى. دەپسەندە قىلىنغان غۇرۇرۇم غەزەپ يالقۇنى بولۇپ پۈتۈن ۋۇ-جۇدۇمنى ئۆرتەيتتى. ئارزۇسى ھەل بولمىغان دىلىمنى ئاچچىق ھەسرەت ـ ئەلەم چۇلغىۋالدى. بىر قاچا تاماقنى ئازراقمۇ يېمەي، شۇ پېتىچە سۇخانىغا ئاچىقىپ سىۋەتكە تۆكۈۋەتتىم.

*1987-يىلى 10-ئاينىڭ 9-كۈنىدىكى ۋاقىت خاتىرىسى:*

*چۈشتىن بۇرۇن تۆت سائەت دەرسكە قاتناشتىم، ئۈچ سائەت 20 مىنۇت.*

*چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى ھەم چۈشتىن كېيىن «شېكىسپىر*

*دراملىرىنىڭ ھېكايىلىرى»نى ئوقۇدۇم، 136 بەت، تۆت سائەت 47 مىنۇت.*

*ساۋيۇنىڭ «گۇلدۇرمىما» درامىسى ئۈستىدە ساۋاقداشلىرىم بىلەن پىكىرلەشتىم، بىر سائەت ئون مىنۇت.*

*كەچتە «تۇرمۇش دېگىنىڭىز بۇرغۇنلار» دېگەن كىنونى كۆردۇم، بىر سائەت 20 مىنۇت.*

*ساپ مەشغۇلات ۋاقتى: توققۇز سائەت 37 مىنۇت.*

*جەمئىي مەشغۇلات ۋاقتى: 11 سائەت 15 مىنۇت.*

مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ رۇقىيەنى يۈرىكىمدىن چىقىرىۋېتەلمىدىم. ماڭا ئوخشاش كۆيۈك ئوتىغا گىرىپتار بولغانلار مېنىڭ بۇ ھېسسىياتىمغا ئىشىنىدۇ. مەن باشقا سىنىپقا يۆتكىلىپ كەتمەكچىمۇ بولدۇم. ئەمما فاكۇلتېتىمىزدا پاراللېل سىنىپتىن ئىككىسىلا بار بولۇپ، مۇزاكىرىدىن باشقا ۋاقىتلاردا ئاساسەن بىرلەشمە سىنىپتا بىرگە دەرس ئاڭلايتتۇق. شۇڭا بۇنىڭمۇ ئۇنۇمى بولمايتتى. مەن ھەتتا مەكتەپتىن كەتمەكچىمۇ بولدۇم. بۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈشكە ئىككى يىل قالغان بىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئەخمىقانە خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ئۇنى ھەر بىر قېتىملىق كۆرۈش مېنىڭ ئازابلىرىمنى ئېغىرلاشتۇرۇپ باراتتى. ماڭا تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىۋاتقان بېسىملارنىڭ ئېغىرلىقىدىن نېرۋام ئاجىزلاپ، بېشىم ھە دېگەندە زىڭىلداپ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. مۇشۇ كۈنلەردە ماڭا كۈندۈزى، ھەتتا كېچىسىمۇ ئاراملىق يوق ئىدى.

تۇرمۇشنىڭ ئالدىنى توپەيلىدىن ئۆزۈمنى شورپېشانە ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. مېنىڭ بارلىقىمغا ئۆمۈرلۈك بەختسىزلىك تامغىسى بېسىلغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. گەرچە بۇ ئازاب ئىچىدە چىقىرىلغان يەكۈن بولسىمۇ، بىراق يۈرىكىمگە تاشقا ئويۇلغان خەتلەردەك ئۆچمەس بولۇپ ئويۇلۇپ قالدى. نەتىجىدە مەن پۈتۈن ھاياتىمنى ئىلىم ـ پەنگە بېغىشلاش

ئارقىلىقلا، بۇ سۆيگۈنى، كۆيۈكنى، ئازابنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولدۇم.

خۇشاللىق تەپەككۇر كۆزنگە تارتىلغان پەردە، ئازاب ئاشۇ پەردىنى يىرتىپ تاشلىغۇچى خەنجەر ئىكەن. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان يەككە مۇھەببەتنىڭ مەي ــ شارابىدا داتلىشىپ كەتكەن تەپەككۇر پىچىقىم ئازاب تېشىغا سۈركىلىپ، قايتىدىن يالتىراپ نۇر چېچىشقا باشلىدى. ھازىر مېنىڭ ياشايدىغان ماكانىم پەقەت سىنىپ، قىرائەتخانا، ياتاق بولۇپلا قالدى.

ياتاق بىلەن سىنىپ ئارىلىقىدا شۇنچە ئىتتىك ماڭىمەن. بىرەر - سىنىڭ گەپكە تۇتۇشىدىن، ۋاقىتمنى ئىسراپ قىلىۋېتىشىدىن شۇنچە ئەنسىرەيمەن. ئون مىنۇتلۇق تەنەپپۇس ۋاقتىدىمۇ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى كۇتۇپخانىغا چاپىمەن. كىتاب كارتۇچكىلىرىنى ۋا- راقلاپ، ئۈچ ــ تۆت پارچە كىتابنىڭ نومۇرىنى خاتىرىلىۋالىمەن. كېيىنكى تەنەپپۇس ۋاقتىدا شۇ كىتابلارنى ئارىيەتكە ئېلىپ چىقىمەن. بۇنىڭدا دەرس ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايتتىم، شۇنداقلا چۈشتىن كېيىنكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا كۇتۇپخانىغا كىرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن قىستىلىشىپ، بىرمۇنچە ۋاقتىم ئىسراپ بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنالايتتىم.

مەكتىپىمىزنىڭ قىرائەتخانىسى كونا ھەم كىچىك بولۇپ، بىر قە- ۋەتلىك كونا بىنادىكى سىنىپقا جايلاشتۇرۇلغان ئىدى. بىر ئازلا كېيىن قالساق، ئولتۇرغۇدەك ئورۇنمۇ قالمايتتى. مەن چۈشتىن كېيىنكى دەرستىن چۈشۈپلا، ئۇدۇل قىرائەتخانىغا بېرىپ ئورۇن ئىگىلەيتتىم. سىرتقا چىقىپ كىرمەكچى بولساممۇ، ئورنۇمغا بىرەر نەرسەمنى قويۇپ قوياتتىم. مەن ۋاقىتنى شۇنچە چىڭ تۇتتۇم دېسەممۇ، يەنىلا ساپ مەشغۇلات ۋاقتىم ئالتە سائەتكە، جەمئىي مەشغۇلات ۋاقتىم 12 سائەتكە يەتمەيۋاتاتتى.

مەن ئاخىرى كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدىن پايدىلانماقچى بولدۇم. ئو- قۇغۇچىلار كەچلىك مۇزاكىرىدىن چۈشكەندىن كېيىن تازىلىق دېجورنىلىرى

ئون منۇتتا سىنىپنى تازىلاپ بولۇپ چىقىپ كېتەتتى. شۇندىن كېيىن سىنىپ خالىي، تىپتىنچ بولۇپ قالاتتى. ئەمما مۇزاكىرىدىن چۈشۈپ يېرىم سائەتتىن كېيىنلا ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ چىراغلىرى ئۆچۈرۈلەتتى. شۇندىن كېيىنمۇ بەزى سىنىپلاردا بىرنەچچەيلەن ئوقۇغۇچى شام يېقىپ ئوقۇپ، داۋاملىق ئۆگىنىش قىلاتتى. دەسلەپكى كۈنلەردە مەنمۇ شام سېتىۋېلىپ ئۆگىنىش قىلدىم. بىراق بىر تال شام ئىككى ئاخشامدىلا تۈگەيتتى. مەن ئاخىرى بازاردىن يۈز گرام كىرسىن قاچىلىنىدىغان چىراغ سېتىۋېلىپ كەلدىم. كۆڭلۈمدە شامدىن تېجەلگەن پۇلغا كىتاب سېتىۋالىمەن دەپ ھېساب قىلدىم. كەچتە ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسىغا قايتقاندا، ئوقۇتۇش بىناسى شۈنچىلىك تىمتاس بولۇپ كېتەتتى. مەن ئاشۇ تىمتاسلىقتا كىرسىن چىراغنى يېقىپ قويۇپ، پارتا ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيتتىم، كىتابلاردىن خاتىرە يازاتتىم، ئىلھام كەلگەندە شېئىر، نەسرلەرنى يازاتتىم. ئوقۇتۇش بىناسىنى تاقايدىغان ۋاقىت توشقاندا چىراغنى ئۆچۈرۈپ، دەرس مۇنبىرىنىڭ ئاستىغا قويۇپ قوياتتىم ــ دە، سىنىپتىن چىقىپ، قاراڭغۇ كارىدوردا پەلەمپەي تۇتقۇچىنى تۇتۇپ، ئاستا، تىمسقىلاپ بىنادىن چىقاتتىم. مەن ئەتىگەندىن تارتىپ تاكى كەچكىچە شۇنچە جاپالىق ئۆگەنسەممۇ، يەنىلا ھارغىنلىق ھېس قىلمايتتىم. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، قىممەتلىك پىكىرلەرگە ئېرىشكەنلىكىمدىن، خاتىرە قالدۇرىۋالغانلىقىمدىن كۆڭلۈم يايراپ، يەنىلا روھلىنىپ كېتەتتىم.

رۇقىيەگە بولغان مۇھەببەت ماڭا ئازاب ۋە ئۈمىتسىزلىك ئېلىپ كەلدى. كىتابقا بولغان ئىشتىياق ماڭا خۇشاللىق ۋە ئۈمىدۋارلىق ئېلىپ كەلدى. ئەمما مېنىڭ بارلىقىمنى ئىلىم ــ پەنگە بېغىشلاش ئارقىلىق، رۇقىيەگە بولغان كۆيۈك ئازابىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇشۇم پۈتۈنلەي زورلانغان، ياسالما ئىش ئىكەن. يۈرىكىمنى ئاختۇرۇپ كۆرسەم، مەن بۇ ئارقىلىق، يەنىلا رۇقىيەنىڭ ھۆرمىتىگە، مۇھەببىتىگە ئېرىشمەكچى بولغان ئىكەنمەن.

رۇقىيە بىلەن قەلەملىرىمىزنى ئالماشتۇرۇۋالدۇق. توغرىسىنى ئېيتقاندا، قانداق ئالمىشىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدىم. بەلكىم، مەن رۇقىيەگە بولغان ئىلمراقلىقىمدىن ئۇنىڭ بىرەر نەرسىسىنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىۋېلىش ئىستىكىدە قەلەمنى ئېلىپ، قايتۇرۇپ بەرمىگەن بولسام كېرەك. بىز ئۆز قەلەملىرىمىزنى قايتا سورۇشتۇرۇپ ئولتۇرمىدۇق. مەن ئۇنى سۆيگىنىمنىڭ ماڭا بەرگەن ئەتىۋارلىق سوۋغىسىدەك شۇنچە ئاسراپ ساقلىدىم. مەن دائىم بۇ قەلەمنىڭ قاپقا ئۇچىنى لېۋىمگە يېقىپ سۆيۈپ قالاتتىم. چۈنكى، بۇرۇن رۇقىيەمۇ بۇ قەلەمنىڭ شۇ يېرىنى چىرايلىق لېۋىگە تەگكۈزۈپ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. گەرچە مەن رۇقىيەنىڭ ئاشۇ شېرىن لېۋىگە قايتا سۆيۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان بولسامۇ، مۇشۇ خىل سۆيۈشتىن ئازراق بولسىمۇ لەززەت ئالاتتىم.

بۈگۈن كەچتە يەنە ئۇنىڭ يازالماي قالغان دەرس لېكسىيىسىنى تولۇقلاپ يېزىپ بەردىم. ئۇنىڭ ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىدىغان بۇ خىل ئىشلار ماڭا خۇشاللىق بەخش ئېتەتتى. ئۇنىڭ مەمنۇن بولغان چاغدىكى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغۇن كۆزلىرىنى كۆرگەن چېغىمدا مەندىكى چارچاش ھېسسىياتى يوقاپلا كېتەتتى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى بۇ خىل خاسىيەتتىن ھەيران بولاتتىم. راستىنى ئېيتسام، ئۇنىڭ شادلىق يېغىپ تۇرغان گۈزەل رۇخسارىنى بىر قېتىم كۆرۈشمۇ مەن ئۈچۈن تېپىلغۇسىز بەخت ئىدى.

ئوتتۇرىمىزدىكى ئالاقە قويۇقلاشقانچە، باشقىلارنىڭ ئاغزىدىكى سۆز-چۆچەكلەرمۇ كۆپەيگىلى تۇردى. باشقىلارنىڭ چۈشەنچىسىدە بىز ئېچىل ئاشىق ـ مەشۇقلاردىن ئىدۇق. بۇ ھەقتىكى سۆز ـ چۆچەكلەر ئەزۋەيلەپ ھەرقانچە بىمەنە تۇس ئالسۇن، مەندە رۇقىيەنىڭ دوستلۇقىدىن ئايرىلىپ ياشىغۇدەك ئىمكانىيەت يوق ئىدى. بىز ھازىر باشقىلارغا ئۆزىمىزنى چۈ-شەندۈرۈپ بېرەلمەيتتۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېمىگەن ملتىنغا پۇل تۆلەپ يۈ-رىۋەردى، مەن سۇسىز ئېرىققا مىراپ بولۇپ تۇرىۋەردىم.

※ ※ ※

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن پوچتىخانىغا بېرىپ، ئۆيدىن ئەۋەتىلگەن خالتىنى ئالدىم. قەشقەردە قۇمۇل چىلىنىنى خېلى قىممەتكە سېتىۋالاتتى. مەن ئۆستەڭ بويى كوچىسىدىن ئۆتۈپ، ھېيتكار ئالدىدىكى قۇرۇق مېۋە-چېۋە ساتىدىغان سودىگەرلەرنىڭ بىرىنىڭ يېنىغا كەلدىم. خىيالىمدا ئازراق پۇل قىلالىسام، كىتابخانىدىن بىرقانچە پارچە كىتاب سېتىۋالماقچى ئىدىم.

— كەسلە، مېھمان. نېمە ئالىلا؟ — دېدى سودىگەر.

— مەن بىر نەرسە ئالمايتتىم... — دېدىم ئۆز ئىشىمدىن ئوڭايسىزلىنىپ، — سىلىگە ماۋۇ چىلاننى ساتاي دېگەنتىم.

— قەيەرنىڭ چىلىنى؟ قۇمۇلنىڭ ئوخشىمامدۇ ؟

— شۇنداق، كۆرۈپ باقامىلا ؟

— ئۇكام، ئالدى بىلەن باھاسىنى دېسىلە، قانچىگە بېرىلا ؟

— قۇمۇلدا بىر كىلوسىنى 20 كويدىن ساتىدۇ. مەن سىلىگە 15 كويدىن بېرەي.

— ئۇكام، 13 كوي بەرسەم قانداق؟

— بوپتۇ، 14 كويدىن بېرەي.

— كېلىشتۇق ئەمىسە.

سودىگەر خالتىنى تارازىغا سالدى.

— نەق ئىككى كىلوكەن. چىلاننى بىر كۆرەي ـ ھە؟

سودىگەر خالتا ئاغزىنى سۆكۈپ، چىلاننى غالتەك ھارۋىسىغا تۆكتى. چىلانغا قاراپ ئاغزىمغا سېرىق سۇ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن سېتىۋالىدىغان كىتابلارنى خىيال قىلىپ تۈكۈرۈكىمنى يۇتۇۋەتتىم. سودىگەر مەمنۇن بولغان بولسىمۇ، ئاغزىدىن چىقارمىدى. ئۇ چىلاننى بىر قۇر ئارىلاشتۇرۇپ كۆردى.

شۇ ئەسنادا چىلانلارنىڭ ئارىسىدىن 30 كوي پۇل ئۈستىگە چىقىپ قالدى.

— ۋاھ... ئۇكلم، ئانا — ئانىلىرى سىلىگە پۇلمۇ ئەۋەتىپتىكەن ئەمەسمۇ؟ تاس قاپتىمەن پۇللىرىنىمۇ قوشۇپ سېتىۋالغىلى. مەسىلە، ئالسلا. خەقنىڭ رىزقىنى يېگەن بىلەن يىمان بولىدۇ.

مەن ئانا — ئانامنىڭ پۇل ئەۋەتكەنلىكىنى بىلگەن بولسام، چىلاننى ساتماسكەنمەن، ئەمدى گېپىمدىن يېنىۋالسام بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ، سودىگەر بەرگەن 28 كوي پۇلنى ئېلىپ، ئۇدۇل شىنخۇا كىتابخانىسىغا قاراپ ماڭدىم. بەش پارچە كىتاب سېتىۋېلىپ، مەكتەپكە قايتىش ئۈچۈن كەينىمگە ياندىم. كوچا ئاپتوبۇسى بولمىغاچقا، پىيادە كېتىۋاتىمەن. كۆڭلۈم بەكمۇ خۇشال، مەن بۈگۈن ياخشى ئۆزۈم كۆرىدىغان كىتابلاردىن سېتىۋالغان ئىدىم. ياۋاغ كىنوخانىسى ئالدىغا يېتىپ كەلگىنىمدە، ئاشپەزنىڭ خېرىدار چاقىرغان ئۈنى ئاڭلاندى:

— بىر مانتا، ئىككى مانتا، بەش مانتا، ئون مانتا... كەتتى مانا يىگىرمە مانتا!

ئاشخانىلارنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەن ۋاقتىمدا دىمىغىمغا مەززىلىك تاماقنىڭ ھىدى كېلىپ ئۇرۇلدى. ئاشخانىغا كىرەي دېدىم — يوق، ئاغزىمغا يىغىلغان سېرىق سۇنى يۇتۇۋېتىپ، ئاشخانىغا تەتۈر قاراپ ئۆتۈپ كەتتىم. مەن ئاشقان پۇلنى يەنە بازارغا چىققىنىمدا يېگى نەشردىن چىققان كىتابلار-دىن سېتىۋېلىش ئۈچۈن ساقلاپ قويغان ئىدىم. مەكتەپتىن بىرگە ھەر ئايدا 27 كويلۇق تاماق بېلىتى تارقىتىپ بېرەتتى، ئاشۇنى تېجەپ ئىشلەتسەملا، ماڭا يېتەتتى. بۇرۇندىن تارتىپلا كوچىدا تاماق يەپ پۇل بۇزۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى.

مەن بۈگۈنكى سودىدىن تېخىچە مەمنۇن ئىدىم. كىتابلارنى يادىمغا كەلتۈرسەملا، سۆيۈنۈپ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى. قولتۇقۇمدىن بىردەم ئۇ كىتابنى ئېلىپ، بىردەم بۇ كىتابنى ئېلىپ، ئۇ يەر — بۇ يەرلىرىنى ۋاراقلاپ

قويمەن.

ياۋاغ كۆۋرۈكىگە كېلىپ، بىردەم ئارام ئالماقچى بولۇپ تۇردۇم. بۇ كۆۋرۈك جەنۇبىي شىنجاڭ تاش يولى ئۆتۈشىدىغان، شۇنداقلا قەشقەر شەھەر مەركىزىگە كىرىشتىكى مۇھىم قاتناش ئېغىزى ئىدى. كۆۋرۈكتىن ئىككى يانغا قارىسا، بۈككىدە قىرچىن تاللارغا ئورۇنۇپ ئاستا ئېقىۋاتقان تۈمەن دەرياسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغىلى بولاتتى. تۈمەن دەرياسىنىڭ سۈيى بەكلا ئازلاپ كەتكەن بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭدا بىر چوڭراق ئۆستەڭنىڭ سۈيى ئاقاتتى. دەريا سۈيىنىڭ نە دولقۇنى، نە شاۋقۇنىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئىنىنىڭ كەڭلىكى ھەم چوڭقۇرلۇقىدىن بىر چاغلاردا ھەيۋەت بىلەن شارقىراپ ئاقىدىغان دەريا ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. ھازىر دەريانىڭ ئىككى ياقىسىدىكى قىرچىن تاللار ئانا دەريانىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ، ئۇنىڭ قۇرۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك بېشىنى سىلىپ مۈگلىنىپ تۇراتتى.

ئاشۇ قىرچىن تاللارنىڭ ئارىسى كەچلىكى ئىملىنىز، پەسكەش پاھىشەلەر بىلەن پاھىشىۋازلارنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىناتتى. تۈمەن دەرياسى ئىككى ساھىلىدىكى بۇ پاسكىنىچىلىقلارنى كۆرسىمۇ، ئىلاج بېشىنى سىلىپ ئاستا ئاقاتتى. ئۇ كېچىلىرى شىددەت بىلەن ئۇلغىيىپ، ئىككى يېقىنى بۇلغىغان چىركىن ــ بۇزۇقلارنى بىراقلا ئېقىتىپ كېتىشنى ئويلايدىغاندۇ...

ئەسىرلەر بويى ئېقىپ كەلگەن، بويىدا تاشۋاي جان ئۈزگەن، نۇزۇگۇم ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان چاغدا ياش تۆكۈپ خوشلاشقان بۇ ئانا دەريا بۈگۈن ئۆزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئىمان ــ ئېتىقادىدىن ئايرىلغان كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق جىنايەتكار، خىيانەتكار ئىشلارنى كۆرۈشكە مەجبۇر! تۈمەن دەرياسىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، ئىچىم سىيرىلدى. ئاھ! ئانا دەريا، پەرزەنتلىرىڭگە پاكلىق تىلە، ھەقىقىي ئىمان تىلە...

ئارىدىن نەچچە ھەپتە ئۆتۈپ، ئۆيدىن خەت كەلدى. ئانام مەھەللە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى بولۇپ، ماڭا خەت يېزىشقىمۇ ۋاقتى يەتمەيتتى.

ئاپامنىڭ ساۋاتى بولمىغاچقا، سىڭلىمغا خەت يازدۇراتتى. ئەسلىدە ئاپام ئاتامغىمۇ دېمەستىن، 30 كوي پۇلنى چىلاننىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويغان ئىكەن.

ئاپامنىڭ ماڭا بېغىشلىغان مېھىر ــ مۇھەببىتىنى قانداقلا قىلسام قايتۇرۇپ بولالمايمەن. مەن ئاپامنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى ئويلىغىنىمدا، دۇنيادىكى بارلىق قىز ــ ئاياللارغا بولغان ھۆرمىتىم ئاشىدۇ. ئاياللار ھەقىقەتەن رەھىمدىل، كۆيۈمچان، پىداكار كېلىدىكەن. مەن ئاپامنىڭ ھەققى ۋە ھۆر-مىتى ئۈچۈن بولسىمۇ، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ئاياللارغا ھەرگىز قارا سا-نىمايمەن، ئۇلارنى خورلىمايمەن، دەپسەندە قىلىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن، رۇقىيەنىڭ كۆڭلىگە ھەرگىز ئازار بەرمەيمەن. مۇبادا، مەنمۇ ئاپامدەك كۆيۈمچان، كۆكسى ــ قارنى كەڭ، ھاياتنىڭ مۇشەققەتلىك، ئازابلىق قىسمەتلىرىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئادەم بولالىسام، بۇ ھا-ياتىمدىن رازى ئىدىم. چۈنكى ئاپام مېنىڭ قەلبىمدە بارلىق بەندىلىرىگە رەھىمدىل، كەڭ قورساق ئۇلۇغ خۇدادەك چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇرغان ئىدى.

※ ※ ※

تۇگىمەس ئازاب، ئۇيقۇسىزلىق، چارچاش، ھە دېگەندە بولۇپ تۇ-رىدىغان كۆڭۈل غەشلىكىدىن تىلماقنى يېمەي تۈكۈۋېتىپ ئاچ قورساق يۇ-رۇشلەردىن تېنىم ئاجىزلاپ، قۇرۇق ــ قاقشال دەرەختەك سەتلىشىپ بارماقتا. مەڭىز سۆڭەكلىرىم تومپىيىپ چىقىپ، چاناقلىرىم چوڭقۇرلىشىپ، بار-غانسېرى ئىسكىلىتقىلا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتىم. رۇقىيە بۇ ئەپتىمگە قاراپ، مېنى تېخىمۇ ياخشى كۆرمەس بولۇپ كېتەر؟

كۈندۈزدىكى ئىشلارنىڭ سىجىل، ئېغىرلىقىدىن، چۈشلۈكىمۇ بەش

مىنۇت كۆزۈمنى يۇمۇپ يېتىۋالمىغانلىقىمدىن، ئاخشىمى كارىۋاتقا چىقىپ بېشىم ياستۇققا تېگىشى بىلەنلا ئۆلۈكتەك ئۇيقۇغا كەتسەم بولاتتى. لېكىن يېرىم كېچىدىن ئېشىپ، سائەت بىرلەر بولغاندىمۇ ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم. نېرۋامنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى ئۆزۈمگە ئايان ئىدى. مەن ئەسلى ياخشىراق ئۇزۇقلىنىپ كۈتۈنۈشكە، كۆپرەك ئارام ئېلىپ، نېرۋامنى قۇۋۋەتلەندۈرۈشكە تولىمۇ موھتاج ئىدىم. بىراق ماڭا بىر قاچا تاماقتىن بىر پارچە كىتاب ئەلا ئىدى. بىر كۈنلۈك ساغلام، ئەمما بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن كۈنۈمدىن كېسەلمەن بولسامۇ مېھنەتتە ئۆتكەن بىر كۈنۈم ئەلا ئىدى. مەن رۇقىيە ئۈچۈن تارتقان ئازابلىرىم، بىلىم ئېلىش ئۈچۈن تارتقان رىيازەتلىرىم سەۋەبىدىن ئۇيقۇسىزلىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغىنىمدىن قىلچە پۇشايمان قىلمىدىم. مېنىڭ سۆيۈملۈك رۇقىيەممۇ، مېنىڭ سۆيۈملۈك كىتابلىرىممۇ مۇشۇنداق بەدەللەرگە ئەرزىيتتى.

زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرغاندەك ئۇيقۇسىزلىقنى ئۇخلىماسلىق بىلەن داۋالاش كېرەك. مەن باش ـ ئاخىرسىز خىياللارنى سۈرۈپ، ئۇياقتىن بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالماي ياتقىنىمدىن قوپۇپلا كەتتىم. كېچىسى ياتاقلارنىڭ چىراغلىرى بىر تۇتاش ئۆچۈرۈلۈپ، كارىدورلارنىڭ چىراغلىرى ياندۇرۇپ قويۇلاتتى. مەن كىتابنى قولتۇقلاپ، يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقنى كۆتۈرۈپ، ئاستا كارىدورغا چىقتىم. ھەممە ئۇيقۇغا كەتكەن بۇ تىمتاس كېچىدە دۇنيا شۇ قەدەر سۈرلۈك، قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتىدىكەن. مەن كىتاب ئىچىگە كىرىپ كەتكىنىمدە، بۇ قورقۇنچلۇق دۇنيانىمۇ ئۇنتۇپ كەتتىم. سائەت ئۈچلەر بولغاندا ئۇيقۇم كەلگەندەك بولدى. يەنە ئۈچ سائەتتىن كېيىن ئەتىگەنلىك مەشغۇلات باشلىناتتى. مەن نەچچە سائەت بولسىمۇ ئۇخلىۋېلىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇردۇم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاخشىمى ئۇخلىيالمىسام، مۇشۇنداق قىلىدىغان بولدۇم. ئەمما كۈندە مۇشۇنداق يېرىم كېچىدە كىرىپ ـ چىقىپ يۈرسەم،

باشقىنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ قويارمەنمۇ، دېگەن ئەندىشىدىمۇ بولدۇم. مەن ئەندىشە قىلغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى.

بىر كۈنى جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئوقۇتقۇچىمىز ئوقۇغۇ-چىلاردىن بەشەيلەننى بىرلەشمە سىنىپتا بىر سائەتلىك مانىۋېر دەرسى ئۆتۈشكە ئورۇنلاشتۇردى. ماڭا ساۋيۈنىڭ «گۈلدۈرمامىا» دراممىسىدىن دەرس ئۆتۈش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. چۈشتىن كېيىن تراگېدىيىنىڭ تولۇق تېكىستىنى قايتا بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. كەچكى مۇزاكىرە ۋاقتىدا دەرس تەييارلىقىنى پۈتتۈرەلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار كەچكى مۇزاكىرىدىن چۈشۈپ، ياتاقلىرىغا قايتقاندىن كېيىن داۋاملىق تەييارلىق قىلدىم. جۇ-پۇيۈەن، لۇ شىپىڭ، جۇ فەنيى ئوبرازلىرىنى تەھلىل قىلىپ بولۇپ، جۇپىڭ ئوبرازى ئۈستىدە ناھايىتى كۆپ ئويلاندىم. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆگەي ئانىسى بىلەن بولغان ئاشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى قانداق چۈشىنىش مەسىلىسىدە ناھايىتى قىينالدىم. ياۋروپا كلاسسىزم ئەدەبىي ئېقىمىغا مەنسۇپ دراممىلاردىكى «ئۈچ بىرلىك پرىنسىپى» بويىچە، بۇ دراممىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئوگۇشلۇق تەھلىل قىلىپ چىقتىم. بۇ تراگېدىيىدىكى دراماتىك توقۇنۇش بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي زىددىيەتنى ئاساس قىلغانمۇ ياكى سىنىپتىن ھالقىغان ئىنسان تەبىئىتىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئاساس قىلغانمۇ، دېگەن مەسىلىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇنازىرىسىگە قالدۇرماقچى بولدۇم.

مەن تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئېسىمگە كېلىپ ئەتراپىمغا قارىسام، سىنىپتا ئولتۇرۇپتىمەن، سائەتمۇ ئون بىردىن ئېشىپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدىلا ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ تاقىلىپ بولغانلىقىغا بىر سائەت بولغانلىقى يادىمغا يەتتى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ سىنىپىمىز ئۈچىنچى قەۋەتتە بولغاچقا، دېرىزىدىن چىقىپ كەتكىلى بولمايتتى. سىنىپتا پارتىغا بېشىمنى قويۇپ ئۇخلاي دېسەم، تاڭ ئاتقىنىغا ئالتە – يەتتە سائەت

بار ئىدى. مەن بىرەر ئامالى بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىدتە سىنىپتىن چىقتىم. قاراڭغۇ پەلەمپەيدە ئاستا سىيپاشتۇرۇپ يۆرۈپ، بىرىنچى قەۋەتكە چۈشتۈم. بىنا ئىشىكىنىڭ سولاق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنە ئىتتىرىپ باقتىم. ئىشىكنى ئىككى قوللاپ مۇشتلاپ، بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىدىم:

— دەرۋازىۋەن!... هاي... دەرۋازىۋەن! ئىشىكنى ئېچىپ بەرسىلە! مەن بىناغا سولىنىپ قالدىم...

ئۇقۇتۇش بىناسى بىلەن مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئارىلىقى يۈز مېتىردەك كېلەتتى، ئوتتۇرىسىدا ئالمىلىق باغمۇ بار ئىدى. قىشتا دەرۋازىۋەنلەر دىجورنىخانىغا كىرىۋېلىپ، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى يېپىۋالاتتى.

— دەرۋازىۋەن!... هاي... دەرۋازىۋەن!...

دەرۋازىۋەننىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ ئىشىكنى ئېچىپ بېرىشىدىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ، كەينىمگە ياندىم. ماڭا ئەمدى سىنىپتا ياتماقتىن باشقا ئامال يوق ئوخشايدۇ. مەن شۇ خيالدا بىنانىڭ يان تەرەپتىكى پەلەمپەيدىن ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ كېتىۋېتىپ، بىرىنچى قەۋەت بىلەن ئىككى قەۋەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دېرىزىگە كۆزۈم چۈشتى. توغرا مۇشۇ دېرىزىدىن ساڭگىلاپ چۈشۈپ كەتسەمچۇ؟ دېرىزىنى ئېچىپ، پەسكە قارىدىم. بويۇمدا بىر مېتىردىن ئۇزۇنراق يوڭ شارپا بار ئىدى. پەلتويۇمنى سېلىۋاتسام، يېڭىدىن بىر يۈز ياغلىقى چىقتى. خۇددى سېھىرگەرنىڭ ئىشىدەك كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. ياغلىقنىڭ قانداقلارچە يېڭىمنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغاندۇ؟ خۇشاللىقىمدا ياغلىقنى دېرىزىگە باغلاپ، ئۇنىڭغا شارپىنى ئۇلىدىم. شارپىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، پەسكە سىيرىلدىم. تۆۋەنگە قارىسام، يەنىلا تۆت مېتىردەك ئېگىزلىكتە تۇرۇپتىمەن. ئەمدى يۇقىرىغا يامىشىپ چىقىۋالمىقىممۇ تەس ئىدى. كۆزۈمنى يۇمۇپلا، شارپىنى قويۇۋەتتىم. كۆزۈمنى ئاچسام، بىر دۆۋە ئەخلەتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپتىمەن. ئۇھ... دېگىنىمچە ئورنۇمدىن قوپۇپ، كىيىملىرىمنى قېقىشتۇردۇم. ياغلىق،

شارپىنى ئەتىگەنلىك گىمناستىكىدىن كېيىن ئېلىۋالماقچى بولدۇم.

ياتاق بىناسىنىڭ ئىشىكىمۇ ئاللىقاچان تاقالغان بولۇپ، ئىشىك باقار تېخى ئۇخلىمىغان ئىكەن. ئۇ بىرمۇنچە غوتۇلداپ، ئاندىن ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. مەن ياتاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىشىكنى ئىتتىرسەم ئېچىلمىدى. بۈگۈن ماڭا ھەممە ئىشىكلەرنىڭ ئېتىلىپ كەتكىنى قىزىق دېسە. ياتاقداشلىرىم مېنىڭ نەچچە كۈندىن بۇيان ئۆز ۋاقتىدا ياتماي، نورمال ئارام ئېلىشىغا تەسىر يەتكۈزگەنلىكىمدىن رەنجىپ تۇرۇشقىنىدا، بۈگۈنمۇ ۋاقتىدا ياتاققا قايتمىغانلىقىمنى كۆرۈپ، ئىشىكنى تاقىۋالغاندەك قىلاتتى. مۇشۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ، ئىشىكنى چەكسەم ئويغىنىپ كەتسە، مېنىڭدىن يەنە رەنجىيتتى. بىراق نېمىلا بولمىسۇن ئۇلارنىڭ بىرەرسى ئويغىنىپ، ماڭا ئىشىكنى ئېچىپ بېرىشى كېرەك ــ تە. باشقا ساۋاقداشلارنىڭ ياتىقىغا كىرەي دېسەم، بوش كارىۋات يوق ئىدى. مەن نائىلاج ئۆز ياتىقىمنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم.

ــ ھەي، ئابلەكرى، ئىشىكنى ئېچىۋەتكىنە؟ ئەتە ئۆتىدىغان دەرسكە تەييارلىق قىلىمەن دەپ سىنىپتا ئولتۇرۇپ قاپتىمەن. خاپا بولماي، ئىشىكنى ئېچىۋەتكىنە؟

ياتاقتىكىلەرنىڭ بىرى ئويغانغاندەك قىلدى. بىراق شۇنچە كۈتسەممۇ، ئىشىك يەنە ئېچىلمىدى. ۋاقتىدا ياتاققا قايتمىغانلىقىم مېنىڭ خاتالىقىم، بىراق نەچچە يىلدىن بۇيان بىر ياتاقتا يېتىپ كەلگەن، ئاكا ــ ئۇكىدەك بولۇپ قالغان ساۋاقداشلىرىمنىڭ كارىدوردا مۇنچە ئۇزاق ساقلىتىۋېتىشى ھۆرمەتسىزلىك، يولسىزلىق قىلغانلىق بولۇپ تۇيۇلدى. شۇ تاپتا ئىشىكنى تېخىمۇ بەك قاقسام، قوشنا ياتاقتىكى ساۋاقداشلىرىمۇ ئويغىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان نېرۋام قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىنمۇ ياكى نېرۋام راستتىنلا ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىنمۇ بىلمىدىم، بىردىنلا ئەقىل ــ ھوشۇمنى يوقۇتۇپ، ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئەدەپسىزلىك

قىلىپ، ئىشىكنى ئەسەبىيلىك بىلەن قاتتىق مۇشتلىدىم. قوشنا ياتاقتىن بىرەيلەن بېشىنى چىقىرىپ قاراپ قويدى، ئۇ مېنى تونۇغاچقا، گەپ قىلماي كىرىپ كەتتى. ئۇ تىللىمىغان بولسىمۇ، مېنى خىجىل قىلىپ، قايتا ئەقلىمگە كەلتۈردى.سىنىپتا ئولتۇرۇپ قاپتىمەن. خاپا بولماي، ئىشىكنى ئېچىۋەتكىنە؟

كارىۋات غىچىرلىغاندەك قىلدى، ئىشىك تىرىقلاپ ئېچىلدى. ياتاققا كىرسەم، ئىشىك تۈۋىدە ياتىدىغان ئوسمان قايتا يېتىشقا تەمشىلىۋېتىپتۇ. ئۇمۇ ماڭا زىيادە گەپ قىلمىدى. خاتالىق مەندە بولغاچقا، كوتۇلدىماي كارىۋاتقا چىقىپ ئاستا يېتىۋالدىم. بۈگۈن ئەجەب بىر ئىشلار بولۇپ كەتتى دېسە؟ ماڭا ياخشى ئوقۇپ، ئەلاچى ئوقۇغۇچى بولۇشنى كىم قويۇپتۇ؟ ئۇنداق بولمىغاندا، مەن دەرس ئۆتىمەن دەپ مۇنچە ئاۋارىچىلىقلارغىمۇ قالمايتتىم. بۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ئۆزۈم ئۈچۈنلىمىدى؟ مەنمۇ دەرسلىرىمنىلا ياخشى ئوقۇپ، ۋاقتىدا يېتىپ ئارام ئالسام بولماسمىدى؟ بىراق كۈنلىرىمنى مۇنداق ئۆتكۈزۈشكە مېنىڭ كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ...

※ ※ ※

*1987-يىلى 11-ئاينىڭ 2-كۈنىدىكى ۋاقىت خاتىرىسى:*

*تۆت سائەت دەرسكە قاتناشتىم، ئۈچ سائەت 20 مىنۇت.*

*«ياۋروپا پەلسەپە تارىخى» دېگەن كىتابنى ئوقۇدۇم، 32 بەت، 53 مىنۇت.*

*«ئەرەب ئەدەبىياتى» دېگەن كىتابنى ئوقۇدۇم، 115 بەت، ئۈچ سائەت 47 مىنۇت.*

*«چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى»نى ئوقۇدۇم، 39 بەت، 52 مىنۇت.*

*كەچتە «ئۈچ نەۋقىران» دېگەن كىنونى كۆردۈم، ئىككى سائەت 45 مىنۇت.*

*ساپ مەشغۇلات ۋاقتى: تۆت سائەت 52 مىنۇت.*

*جەمئىي مەشغۇلات ۋاقتى: ئون سائەت 17 مىنۇت.*

*كەچتە تېلېۋىزور كۆرگەچكە، ساپ مەشغۇلات ۋاقتى ئالتە سائەتكە توشمىدى.*

«ۋاقىت خاتىرىلەش ئۇسۇلى»نى كۈندە داۋاملاشتۇرىۋاتىمەن. بۇنىڭ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشقا زور پايدىسى بولىدىكەن. مەن كۈندە ئون ـ يىگىرمە قېتىم سائەتكە قارايمەن. دەسلەپكى چاغلاردا ئىچىم سىقىلىش، جىددىيلىشىش تۇيغۇسىدا بولغان ئىدىم، ھازىر بۇ خىل تۇيغۇ يوقاپ كەتتى. «ۋاقىت خاتىرىلەش ئۇسۇلى» ئېغىر ـ بېسىق تەتقىقاتچىلارغا مۇۋاپىق كېلىپ، قايناق ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان سەنئەتكارلارغا تازا مۇۋاپىق كەلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ. چۈنكى كۈندە ۋاقىتنى سائەت، مىنۇتلاپ ھېسابلاپ ئىش قىلىدىغان ئادەم كىتابلارغىلا بەند بولۇپ قېلىپ، ئۆزىنى بەكلا بوغۇۋالىدىكەن، رېئال تۇرمۇشتىن بىر ئاز ئايرىلىپ قالىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكىمۇ تەسىر يېتىدىكەن. شۇنداقتىمۇ بۇ ئۇسۇلنى يەنىلا توختىتىپ قويغۇم يوق.

يېرىم كېچىدىن ئاشقاندىمۇ ئۇخلىماي كارىدورغا چىقىپ كىتاب ئوقۇغاچقا، سوغۇق ئۆتۈپ قالغان ئوخشايدۇ. بۈگۈن ئېغىر زۇكام بولۇپ قالدىم. تولا يۆتىلىپ، گېلىممۇ ئىششىپ كەتتى. بېشىممۇ يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ ئاغرىپ، پۈتۈن بەدىنىم قىزىپ ماغدۇرسىزلىنىپ، چۈشتىن كېيىن دەرسكىمۇ قاتنىشالمىدىم. مەكتەپ دوختۇرخانىسىغا كۆرۈنۈش ئۈچۈن نومۇر ئېلىشقا يېنىمدىن ئون تىيىن پۇلمۇ چىقماي، كۆڭلۈم ئىنتايىن يېرىم بولدى. مەن پۇلنىڭ ھەممىسىگە كىتاب سېتىۋېلىپ،

پاك ـ پاكىز تۈگىتىشۋەتكەن ئىكەنمەن. بۇ مىسكىن ھالىمدىن يىراقتىكى تۇغقانلىرىمنىڭ قەدرى ئۆتۈلۈپ، كۆزۈمگە مىمدە ياش كەلدى.

كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا يالغۇز يانسام، رۇقىيە ئۆز قولى بىلەن تىلماق ئېتىپ يوقلاپ كىرىپتۇ. ئاغرىپ قېلىپ ئانا ـ ئانامنى سېغىنىپ ياتقىنىمدا، يانچۇقۇمدىن نومۇر ئېلىش ئۈچۈن بەش تىيىن چىقماي، كۆڭلۈم ئىنتايىن يېرىم بولۇپ تۇرغىنىدا، خۇددى پەرىشتىدەك كىرىپ كەلگەن رۇقىيەنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم تېخىمۇ بۇزۇلدى.

— قارىسام، چۈشتىن كېيىن سىنىپقا چىقماپسىز، سورۇشتۇرسام، زۇكام بولۇپ قاپسىز. دوختۇرخانىغا كۆرۈندىڭىزمۇ؟ پۇلىڭىز بارمىدى؟

كۆڭلۈمنىڭ بۇ قەدەر يېرىم، بۇ قەدەر نازۇك بولۇپ كەتكەنلىكىگە ھەيرانمەن. رۇقىيەنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىگە بېشىمنى لىڭشىتىپلا جاۋاب بەردىم.

— سۇيۇقئاش ئەتكەنتىم، — رۇقىيە ئاشنى پىيالىگە ئۇسۇپ، ماڭا سۇندى، — مەڭ، ئىسسىقىدا ئىچىۋېلىڭ، بىرلا تەرلىسىڭىز، ياخشى بولۇپ قالىسىز.

قاچىنى قولۇمغا ئالغان چېغىمدا نەچچە تامچە ياش قاچىغا تېمىپ كەتتى. مېنىڭ كۆز يېشىم رۇقىيەنىڭ سەممىي مېھرىدىن ئېتىلگەن ئاشقا سىڭىپ كەتتى. مەن نېمانچە يىغلاڭغۇ بولۇپ قالغاندىمەن؟ ئوغۇل بالىنىڭ كۆزى مۇنچە ئاسان نەملەشمەيتتىغۇ؟ ئاشقىلىق يۈرىكىمنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ مۇجىۋېرىپ، مېنى مانا مۇشۇنداق ئاجىزلاشتۇرىۋەتكەن ئىدى. رۇقىيەنىڭ مۇھەببەت تەكلىپىمنى قوبۇل قىلمىغانلىقى مېنىڭ ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىمنى بەربات قىلىۋەتكەن ئىدى. ئوغۇل بالىمۇ توختىماستىن دەرد تارتىپ، ئازاب چېكىۋەرسە، ئۇنىڭ يۈرىكى قانداقمۇ تىترەڭگۇ، نازۇك بولۇپ قالمىسۇن.

— ئەتە سىزگە دوختۇرخانىدىن دورا ئەكىرىپ بېرەي، — دېدى ئۇ

تېخىچە مېنىڭ دورا ئىچمىگەنلىكىمنى بىلىپ.

رۇقىيەگە پۇلۇم قالمىدى دېيىشتىن نومۇس قىلدىم.

— ياناققا زۆكام دورىسى بار ئىدى، بولمىسا شۇنى ئەكىرىپ بەرسەم يەپ تۇرۇڭ، كېچىچە بەك قىزىتىپ كەتمەڭ يەنە.

ئۇنىڭ بۇ ياخشى نىيىتىنى يالدۇرغۇم كەلمىدى. ئۇ قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ ماڭماقچى بولدى. شۇ ئەسنادا ياناققا مەردان كىرىپ كەلدى.

— ۋوي، سەنمۇ بارمىدىڭ؟

مەردان كەچقۇرۇن يوقلاپ كىرىپ، يېنىمدا پۇلۇم قالمىغانلىقىنى ئۇققان ئىدى.

— ئاغىنەڭنىمۇ مۇشۇنداق يالغۇز تاشلىۋېتەمسەن؟ ياناققا دورا ئالغىلى چىققاي دەپ تۇراتتىم، سەنلا ئەكىرىپسەن.

— سەن كېسەل قىلىپ قويۇپ كارىڭ بولمىغاندىكىن، دورىنى مەن ئېلىپ كىردىم، بوپتىمۇ؟

مەن ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، كۈلۈپ قويدۇم.

— ھەي رۇقىيە، سەنمۇ ئەجەب ئۇقمايدىكەنسەن، سۇلتانچۇ... ئىشق كېسىلى، — دېدى مەردان ماڭا قاراپ كۈلۈپ، — بۇ كېسەلنىڭ دورىسىچۇ سۇيۇقئاش ئەمەس، باشقا نەرسە...

رۇقىيەنىڭ چىرايىغا ۋىللىدە قىزىللىق يۈگۈردى. ئۇ ئالدىراپلا خوش دەپ چىقىپ كەتتى. مەردان كارىۋىتىمغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن:

— رۇقىيەنىڭ لېۋىدە زۆكام مىكروبلىرىنى قالدۇرۇپ قويمىغانسەن-ھە؟ — دېدى چاقچاق قىلىپ.

— سەنمۇ مەندىن يىراق ئولتۇر، زۆكامنى يۇقتۇرۇپ قويماي يەنە.

— بوپتۇ، ئاداش، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئەمىسە مەن سىنىپقا چىققاي. ھە راست، يىگى يىل بايرىمىدا ئۆيگە بارمەن، بىللە

بارامسەن؟

— رەھمەت، ئەمدى ئۆيۈڭدىكىلەرنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەي.

— ئاتام - ئاپىلار خېتىڭدە سېنى بىللە ئېلىپ كەلگىن دەپتىكەن.

— ئۇنداق بولسا، بايرامغا يېقىن بىر نەرسە دېيىشەرمىز.

رۇقىيە خۇشلىنىپ چىقىپ كەتتى. مەن ھەرقانچە دەردمەن، بىچارە بولسامۇ، يەنىلا يالغۇز ئەمەسكەنمەن. ئاغرىپ ياتقان ئاجىز كۆڭلۈمدە يېنىمغا كىرىپ، «ئەھۋالىڭ قانداقراق؟» دەيدىغان دوستلىرىمنىڭ بولغانلىقىدىن كۆڭلۈم ئازراق تەسكىن تاپتى. بولۇپمۇ رۇقىيەنىڭ ئۆز قولى بىلەن تاماق ئېتىپ يوقلاپ كىرىشى كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈپ، ماڭا ھەرقانداق دورىدىنمۇ بەكرەك شىپالىق ئېلىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ دوستانە كۆڭلىدىن بەكمۇ سۆيۈندۈم. ئۇنىڭ قەلبىگە ماڭا قارىتا بىزارلىق، نەپرەت ئورنىشىپ قالمىسىلا بولدى. ئۇ «ئىككىمىز دوست بولۇپ ئۆتسەك» دېگەن سۆزىگە ۋاپا قىلسىلا، مەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىسەممۇ، خۇداغا شۈكۈرى ئېيتاتتىم. بەلكىم، ئۇنىڭ قەلبىدە ماڭا قارىتا راستىنلا مۇھەببەت يوقتۇ ياكى ئۇ مېنى ياخشى كۆرسىمۇ، ئىككىمىز يىراق ئىككى يۇرتتىن بولغاچقا، كېيىن ئەمەلگە ئاشماي قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەپ يۈرىدىغاندۇ. مەن باشقىلاردىن «دوستلۇق ھامان مۇھەببەتكە تەرەققىي قىلىدۇ» دەپ ئاڭلايمەن. بۇ گەپ راست بولسا، مېنىڭ يۈرىكىمدىكى ئوتنىڭ تەپتى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئىللىتسا، مۇزنى پاتراق ئېرىتسە دەيمەن.

※ ※ ※

دېكابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. ئەتىگەنلىك گىمناستىكىدا رۇقىيە كۆرۈنمىدى. ئەتىگەنلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن بىر ياتاقتا ياتىدىغان قىزدىن ئاستا سورىدىم:

— رۇقىيە مۇزاكىرىگە قاتناشماپتىغۇ؟

— سىز تېخى ئۇقمىدىڭىزما؟ — دېدى ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ، — ئاخشام ياتىدىغان چاغدا قورسىقىم قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ دەپ ئۆزىنى كارىۋاتقا ئېتىپ پەقەت بولالمىدى. شۇنىڭ بىلەن دوختۇرخانىغا ئاپارساق، تەكشۈرۈپ بالنىستقا ئالدى...

ئۇ قىزنىڭ ئاخىرقى گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرمىدى. ئاھ، خۇدا... كۆزۈمنىڭ جەۋھىرى — رۇقىيە بالنىستقا ئېلىنىپتۇ. دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ نەدىسەن؟ مېنىڭ ئۆمرىقىمغا شىپالىق بەرگىن! مېنى بۇ ۋەھىمىدىن قۇتۇلدۇرغىن! ئۇنىڭ قولىغا بىر تال تىكەن سانجىپ كەتسىمۇ، يۈرىكىمگە يىڭنە سانجىلغاندەك ئازابلىنىمەن.

ئاھ! مەن مۇشۇ تاپتا خاسىيەتلىك تېۋىپ لوقمان ھېكىم بولسام ئىدىم، رۇقىيەنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالىسام؛ مەن ئەڭ شىپالىق دورا بولسام ئىدىم، ئۆمرىقىم مېنى ئىچىپلا ياخشى بولۇپ كەتسە؛ مەن تەسىرچانلىقى ئەڭ تېز ئوكۇل بولسام ئىدىم، سۆيگىنىمنىڭ تومۇرلىرىغا ئېقىپ كىرىپ، كېسەللىكنى ھەيدەپ چىقارسام...

چۈشتىن كېيىن ئىككى سائەتلىك دەرسىمدىن كېيىن ساۋاقدىشىم بىلەن بىللە رۇقىيەنى يوقلاپ باردىم. بىز ياتاققا كىرگىنىمىزدە ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ يېتىپتۇ، رۇقىيەنىڭ چىرايى تۇغۇتتىن كېيىنكى سۆيۈملۈك ئانىنىڭكىدەك سارغىيىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ قېشىدا مېنىڭ ئانامغا ئوخشاش بىر مېھرىبان ئانا — رۇقىيەنىڭ ئانىسى ئولتۇرۇپتۇ. مەن خۇددى قېينانامنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك ئوڭايسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدىم. بىز ئالما، پېچىنە، كونسېرۋالارنى تومبۇچكىغا قويۇپ قويۇپ، تەكلىپ بىلەن كارىۋات قىرىغا ئېلىنىۋالدۇق. ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتى قورۇنۇشلارنى يەڭدى. مەن چاي ئوتلىغاچ، رۇقىيەگە بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلىۋېلىشقا مۇيەسسەر بولدۇم:

— دوختۇرلار نېمە دەيدۇ...

— جىددىي خاراكتېرلىك... سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى. چۈشتىن بۇرۇن ئوپېراتسىيە قىلدى، — دېدى ئۇ قىينىلىپ تۇرۇپ زورىغا كۈلۈمسىرەپ.

— بىلگەن بولساق، يېنىڭىزدا ھەمراھ بولۇپ تۇراركەنمىز، — دېدى بىللە كەلگەن ساۋاقداشلاردىن بىرى.

— ياخشى كۆڭلۈڭلەرگە... رەھمەت، — ئۇ ئېغىر نەپەس ئېلىپ تۇرۇپ، گېپىگە قوشۇمچە قىلدى، — دوختۇرلار ھەپتە ـ ئون كۈنگىچە ياخشى بولۇپ كېتىسىز دەيدۇ.

ئۇنىڭغا گەپ قىلىشمۇ ئېغىر كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ چىرا-يىدا پات ـ پاتلا ئاغرىق ئازابىنىڭ ئالامىتى كۆرۈنەتتى. بىز يەنە ئولتۇرساق، ئۇنى تېخىمۇ قىيناپ قويىدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلىپ، ئالدىراپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق. بىز خوشلىشىپ كارىدورغا چىققىنىمىزدا، رۇقىيەنىڭ ئاپىسى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

شۇندىن كېيىن ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن دەرستىن چۈشۈپلا، ئۆزۈم يالغۇز دوختۇرخانىغا چاپىدىغان بولدۇم. بۈگۈن ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان بىر نەچچە پارچە شېئىر، ھېكايە توپلاملىرى ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنى ئېلىپ رۇقىيەنى يوقلاپ كەلدىم. خىياللارغا پاتقان رۇقىيە مېنى كۆرۈپلا چىرايى لاپپىدە ئېچىلىپ كەتتى. ئېچىلىڭ، جېنىم رۇقىيە! سىزنىڭ ماڭا تە-بەسسۇم قىلىپ تۇرغان جامالىڭىزنى بىر قېتىم كۆرۈش مەن ئۈچۈن دۇنيا-دىكى ئەڭ زور بەخت، نەپرەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىڭىزنى كۆرۈش ئۆلۈمدىنمۇ قورقۇنچلۇق.

مەن ياتاققا كىرىشىمگە، رۇقىيە ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي، كارىۋاتقا يۆ-لىنىپ ئولتۇرىۋالدى. بالنىست كىيىمىدە ئۇ شۇنچە بىچارە ھەم سۆيۈملۈك كۆرۈنەتتى. مەن تەكلىپ بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا ئولتۇردۇم.

— بۈگۈن خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرىسىز.

— يەنە ئۈچ ـ تۆت كۈندىن كېيىن چىقىپ كېتىمەن. دوختۇرخانىدا

يېتىش بەكلا زېرىكىشلىك ئىكەن. مەكتەپنى، ساۋاقداشلىرىمنى بەكلا سېغىنىپ كەتتىم.

مېنىڭ ھەر كۈنى يوقلاپ كەلگىنىم رۇقىيەگە كۆپايە قىلمىغان ئىدى. ئەمما مەن ئۇنىڭ بۇ ھېسسىياتىنى توغرا چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىن يەنىلا رەنجىگۈم كەلمىدى. ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولسامۇ قىلىنلىق مەكتەپ ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالغىنىمدا زېرىكەتتىم. سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئانا قېرىنداشلىرىمنى تېخىمۇ سېغىناتتىم. بۇ چاغدا ئانىمىزنىڭ ھەر يېرىمدىن ئانا ئىيتىپ كېلىپ قالغان ئاللىقانداق بىر مەكتەپنىڭ سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ئالاقىلاشقاندەك... بىرىدەمدىلا قايتىپ كىردى. بەلكىم، بۇ پەرىشتىدەك ئانا ئۆز قىزىنىڭ بىر ئوغۇل بالا بىلەن يالغۇز قېلىشىنى دىيانەتلىك قەلبىگە سىغدۇرالمىغان بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ئولتۇرماي قايتىپ چىقتىم.

كەيىنمدىن بۇ مېھرىبان ئانا مېنى نېمىدەپ ئويلاپ قالغاندۇ؟ ھەر كۈنى يوقلاپ كېلىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، بۇ يىگىت مېنىڭ كەلگۈسىدىكى كۈيئوغلۇم بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالغانمىدۇ؟ ئېھ، ئانا! مۇبادا، سەن شۇنداق ئويلاپ قالغان بولساڭ، ئەجەبمۇ يېڭىلدىڭ ـ ھە؟ بىراق سېنىڭ ئاشۇ خىياللىرىڭ مەن ئۈچۈن قانچە تاتلىق ـ ھە؟ سەن مېنى ياخشى يىگىتكەن دەپ بىلگەن بولساڭ، گەرچە سەن خاتالاشقان بولساڭمۇ، ئىككىمىزنىڭ ئارمان ـ ئىسەن باش قوشۇشىمىزغا، بەختلىك بولۇشىمىزغا ئالدىنئالا خۇدادىن تىلەپ دۇئا قىلىپ قويغان بولساڭ، سەندىن بەكمۇ مىننەتدار بولاتتىم. ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن قىلغان دۇئالىرى خۇداغا ئاسان يېتەركەن...

مېنىڭ خۇشاللىقىم، بەختىم ئۈچۈن رۇقىيە ساقىيىپ، دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىقتى. قايىنلم ـ تاشقىنلىق مەكتەپ ھاياتىدىن ئايرىلىپ، بالنىستىتا ئون كۈن يېتىش ھەقىقەتەن زېرىكىشلىك ـ تە. شۇڭا ئۇ تولۇق ساقىيىپ بولمايلا دەرسكە قاتناشتى.

مۇئەللىم دەرس سۆزلىمەكتە، بىراق مېنىڭ كۆزۈم، خىيالىم رۇقىيەدە ئىدى...

ئۇ بىرلەشمە سىنىپتىمۇ چەتتە ئولتۇرىۋالاتتى. تال ــ تال قارا چاچ، سارغۇچ چىراي، قىزىل سوكنا پەلتو، سىرىق شارپا، گۈزەل قىمەت، جەلپ قىلارلىق سىھرىي كۈچ... ئۇ ئون كۈن جەريانىدا خىلىلا ئورۇقلاپ قالغان بولۇپ، تىخىمۇ زىلۋا، تىخىمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ تولۇق ئەسلىگە كىلىپ بولالمىغان ھالىتىگە قاراپ، ھەر ئىككىمىزنىڭ كەينى ــ كەينىدىن كىسەل بولغانلىقىمىز يادىمغا يەتتى. بۇنىڭدىن ئازراق مىننەتدارمۇ بولدۇم. كىسەللىك بىزنىڭ ئەسلىدىنلا ئاجىز ئىكەنلىكىمىزنى، دوستلۇققا موھتاج ئىكەنلىكىمىزنى قايتا يادىمىزغا سىلىپ، ئىككىمىزنى خىلىلا يىقىنلاشتۇرغان ئىدى.

ۋىناستەك گۈزەل ھەم سۆيۈملۈك، مونىلىزادەك غەمكىن ھەم تەمكىن ھالەتتە ئولتۇرغان رۇقىيەگە قاراپ، شۇنداق بىر غەلىتە خىياللار كاللامدىن كەچتى: مەن ئاشۇ ئورۇندۇققا ئايلىنالىسام ئىدىم، رۇقىيە ئۈستۈمدە يۆلىنىپ ئولتۇرسا ياكى پارتىغا ئايلىنىپ قالسام ئىدىم، رۇقىيە ئاپئاق يۈزىنى يۈزۈمگە يىقىپ ياتسا...

※ ※ ※

كەچكى مۇزاكىرىدىن يىنىپ، نىمىشقىدۇر، ياتاققا قايتقۇم كەلمىدى. نەچچە كۈندىن بۇيان گوركىنىڭ «ئەدەبىيات توغرىسىدا» دىگەن كىتابىنى ئوقۇۋاتقان ئىدىم. بۈگۈن بۇ كىتابنى بىر نەچچە بەت كۆرۈپلا، ئىچىم سىقىلغاندەك بولدى. كۆڭلۈم تالانى، ساپ ھاۋالىق كەڭ بوشلۇقنى خالاپ قالدى. ماتىرىياللىرىمنى يىغىشتۇرۇپ، پارتىغا قۇلۇپ سالدىم. يانۋاردىكى ھاۋانىڭ شۇنچە سوغۇقلۇقىغا قارىماي، ئايلىنىپ باغقا چىقتىم. بەدىنىم مۇز- لىسا، كاللام سەگىپ، يۈرىكىمنى تاتىلاۋاتقان ئىچ پۇشۇقى تارقىلىپ كىتىشى مۇمكىن ئىدى. باغدىكى قاقشال ئالما دەرەخلىرىنىڭ كىچىدىكى

چىراغ نۇرىدا ئۆزىگە خاس مەنزىرىسى بولاتتى. يالپىبشىل يوپۇرماقنىڭ ئۈرنىغا قاردىن يېپىنغان ئاقۇچ لىباسى جىلۋىلىنەتتى. مەن گوركىنىڭ كىتابىدىكى «جەمئىيەتتىكى قارا تۇرك ئادەملەر بىزگە قارىغاندا بەختلىك» دېگەن قارىشى ئۈستىدە ئويلانغاچ، باغ ئەتراپىدىكى تار يولدا كېتىۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز باغدىكى دەرەخلەر ئارىسىدىن ئۈچەيلەن چىقىپ، ئالدىمنى توستى. ئۇلار رۇقىيە بىلەن بىر يۇرتلۇق ئوقۇغۇچىلاردەك قىلاتتى. ئارىسىدىن بىرى كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ، ئالدىمغا دىۋەيلەپ كەلدى. ئۇ خىرقىراپ تۇرۇپ:

— هە! مۇھەببەتچى يىگىت، نەگە ماڭدىڭ؟ — دېدى.

يۈرىكىم جىغىلداپ، مېنى ئىختىيارسىز قورقۇنچ باستى. ئۇلار كۆپ بولغاچقا، ئۇرۇشۇپ قالسىق، تايىق يەيدىغىنىم ئېنىقلا ئىدى. بىراق غۇرۇرۇمنى پايخان قىلماسلىق ئۈچۈن ئۇلار ئوتتۇز بولسىمۇ چېكىنمەسلىك نىيىتىگە كەلدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا تىترەپ، تىلىم كالۋالىشىپ تۇرسام، رۇقىيە ئۈچۈن سەت ئەمەسمۇ؟ ئۇلار مەندەك قورقۇنچاق بىلەن ئات كۆتۈرۈپ قالغان بىر يۇرتلۇق قىزنى مەسخىرە قىلماسمۇ؟ مەن بۈگۈن ئاخشىم رۇقىيە سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتسەممۇ رازى ئىدىم. ئۇ بۇنىڭغا تالمەن ئەرزىگۈدەك قىز ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا روبىرو ھالاتتە خىرىس قىلىپ تۇردۇم. مەنمۇ بوش كەلمەي:

— نەگە ماڭسام، ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارى، سىلەر مېنى باشقۇ-رامتىڭلار؟ — دېدىم.

ئۇلاردىن بىرى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

— هوي! ئەجەب خورىكىڭ يوغانكىنا سىېنىڭ!؟ رۇقىيەنى ئىزدەپ ماڭغانسەن تايىنلىق؟ — دېدى.

— ئورۇنسىز گەپ قىلمىساڭ قانداق؟

ئۇلار ئاۋازىمدىكى توڭلۇق، جاسارەتتىن تېخىمۇ غالجىرلاشتى.

— خۇپسەنلىك قىلمىساڭ بولارمىكىن، ئاداش ـ ھە؟!

— رۇقىيەنى يوقلايمەن دەپ ھەر كۈنى دوختۇرخانىغا قاتراپ يۈرۈپسەنغۇ؟

— ساۋاقدىشىم بولغاندىكىن، يوقلىسام بولمامدىكەن؟ مېنىڭ ئۇنى يوقلاپ بارغىنىم گۇناھ بولدىمۇ ئەمدى؟

— سەنچۇ يوقلايدىغان ئادىمىڭنى تېپىپ يوقلا! ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئەمدى يەنە رۇقىيەنىڭ كەينىگە كىرىۋالىدىغان بولساڭ، بىزدىن ئاغرىنما!

— يولۇمنى توسۇشما! ھازىر سىلەرگە چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىم يوق!

مەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدۇم.

— نېمە؟! ئۇنداق بولسا، ساڭا چۈشەندۈرۈپ قويۇشقا بىزنىڭ ۋاقتىمىز بار. ئۇرە بۇ خۇمسىنى!

ئۇچەيلەن ماڭا تەرەپ ـ تەرەپتىن مۇشت ياغدۇرۇۋەتتى. ئارىدىن بىرىنىڭ تۇمشۇقىغا بىر مۇشت سالدىم، ئۇ يەرگە ئېگىلىشىپ قالدى. تو-ساتتىن خىشتەك بىر نەرسە يۈزۈمگە شۇنداق قاتتىق تەگدىكى، شۇ ھامان كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ يىقىلىپ چۈشتۈم. شۇندىمۇ ئۇلارغا يالۋۇرۇشقا غورۇرۇم يول قويمىدى. بۇ ئۈچ نامەرد ۋەھشىيلەرچە قورسىقىمغا، مەيدەمگە دەسسىگىلى تۇردى.

— سۆيە، كۆيە، پىشە! ئاشۇ يۈرىكىڭ مۇشۇ يەردىمۇ؟...

سېمونت يولدا قانچىلىك ياتقىنىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا بىرسىنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرگەندەك قىلدى:

— ھەي!... كىمسەن؟ بېشىڭنى كۆتۈرگىنە؟ نېمە بولدۇڭ؟ مۇنداقمۇ كۆپ ئىچەمدۇ بۇ ئاداش.

— قاراڭ، ئاغزى ـ بۇرنى قان تۇرىدۇ، — قۇلىقىمغا قىز بالىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەست بولۇپ بىرسىگە چېقىلغان بولسا، تازا سالغاندۇ.

ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك بۇ گەپلەر مېنى ئاستا ـ ئاستا ھوشۇمغا كەلتۈردى. مەن تەستە قىمىرلاپ، بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئىڭراپ تۇ-رۇپ، ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولدۇم.

— مېنى خانا چۈشىنىپ قالدىڭلار، مەن... ھاراق ئىچمىدىم. بايانىس بىر نەچچەيلەن... يولۇمنى توسۇپ... بىكاردىن بىكار ئۇرۇپ كەتتى. مەن ئۇلارغىمۇ چېقىلمىغان، ئۇلارنىمۇ ياخشى تونۇمايمەن...

— ياتىقىڭغا ئەكىرىپ قويايلى، — دېدى قىز ئوغۇلنى تارتىپ، — قا-رىڭا، ئورنىدىنمۇ تۇرالمايۋاتسا، كېچىدە بۇ يەردە يېتىپ قالسا، توڭلاپ قالامدۇ؟

ئۇلار ئىككىسى مېنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. قىز يۈز ـ كۆزۈمدىكى قان ۋە ئىششىقنى كۆرۈپ، چىرقىراپ تاشلىدى:

— ۋاي خۇدايىم! كۆزىنى قويۇۋەتكىلى تاس قاپتۇ. تېز بولۇڭ، ئەسقەر، مەكتەپ دوختۇرخانىسىغا ئەكىرمىسەك بولماپتۇ.

— بولدى... رەھمەت... بىر نەچچە كۈنگىچە ئۆگىنىپ قالىمەن.

ئۇلار ئىككىسى ئىككى قولتۇقۇمدىن يۆلەپ، مېنى مەكتەپ دوختۇر-خانىسىغا ئېلىپ ماڭدى. بۇ دۇنيادا ياخشى ئادەملەر ھەرگىز تۈگەپ قالمايدىكەن. بىرى سېنىڭ ھاياتىڭغا قەست قىلسا، يەنە بىرى سېنى ئۆ-لۈمدىن قۇتۇلدۇرىدىكەن. ھېلىراقتا ئاشۇ ئۈچەيلەندىن نەپرەتلەنگەن بولسام، ئەمدىلىكتە بۇ ئىككىيلەندىن مەمنۇن بولماقتىمەن.

— مېنىڭ ئىسمىم... سۇلتان، ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇيمەن. سىزنىڭ ئىسمىڭىز... ئەسقەرجانمۇ؟

— ھەئە.

— سىزنىڭ ئىسمىڭىزچۇ؟

— چىمەنگۈل.

— رەھمەت، بۈگۈنكى ياخشىلىقىڭلارنى... ئۆلگۈچە ئۇنتۇمايمەن. قارىغاندا... ئىككىڭلار دوست ئوخشايسىلەر، ياخشى ئۆتۈڭلار، ھەرگىز... ھەرگىز ئايرىلىپ كەتمەڭلار، بەختلىك بولۇڭلار...

بىز دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلگەن چېغىمىزدا دوختۇرلار ئىشتىن چۈشۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان ئىكەن.

— ساڭا نېمە بولدى، بالام، — دېدى سېمىز ئايال دوختۇر ئۈستۈبېشىمغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ.

— كەچكى مۇزاكىرىدىن قايتقاندا بىر نەچچىسى ئالدىنى توسۇپ ئۇرۇپتۇ.

دوختۇر ئايال يۈز - كۆزۈمنى تەكشۈرۈپ، قايناپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئەتە ئۇلار ئۈستىدىن مەكتەپكە ئەرز قىلغىن. ئۇلارنى تونۇمسەن؟

— ياق، تازا ياخشى تونۇمايمەن...

مەن يالغان ئېيتقان ئىدىم. گەرچە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى بىلمىسەممۇ، چىرايىنى تونۇيتتۇم، قايسى فاكۇلتېتتا ئوقۇيدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتىم. ئەرز قىلسام، مېنىڭ يوللۇق ئىدى. ئەمما ئىشنى يەنە يوغىناتقۇم يوق ئىدى. چۈنكى بۇ ئىش رۇقىيەگە بېرىپ چېتىلاتتى، مەن بۇ ئىشقا ئۇنىمۇ سۆرەپ كىرىشنى خالىمىدىم. دوختۇر يۈز - كۆزۈمگە دورا سۈركەپ، داكا ئوراپ قويدى.

— شەھەرلىك دوختۇرخانىغا تونۇشتۇرۇش يېزىپ بېرەي. بالنىستتا بىر ھەپتە يېتىپ داۋالانغىن.

— بولدى، ياناي...

— ياراڭ ئېغىر تۇرىدۇ، بالام، بىر قېتىم تەكشۈرتىۋەتكىن. مۇبادا، ياتاقتا ياتماي قالساڭ، مۇشۇ دوختۇرخانىغا كېلىپ، ئىككى كۈندە بىر دورا يۆتكىتىپ تۇرمىساڭ بولمايدۇ.

ئەسقەرنىڭ يۆلىشى بىلەن دوختۇرخانىدىن چىقىپ، ياتاققا قاراپ

ماگدىم. ياناقداشلىرىم مېنى يەنە ۋاقتىدا كىرمىدى دەپ تىللىشىپ ئولتۇ-رامدىكىن. ئۇلار ئەمدى بۇ ھالىمنى كۆرسە، نېمىدەپ قالار؟ ئۇلارغا نېمىدەپ چۈشەندۈرەرمەن؟ ئەتە دەرسكە قاتنىشالمىسام، بۇ ئىشنى ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۇقىدۇ. ئۇلار بۇ ئىشنىڭ رۇقىيە سەۋەبىدىن يۈز بەرگەنلىكىنى بىلسە، «داۋانچىڭ ناخشىسى»نى ئېيتىشىپ كېتەر تايىنلىق.

بۈگۈن دەرسكە قاتنىشالمىدىم. مەۋسۇملۇق ئىمتىھانلار باشلىنىدىغانغا ئازلا ۋاقىت قالغان ئىدى. مېنىڭ بۇ يارام ئەمدى قاچان ساقىيار؟

كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتى ئىدى، بېشىم، ئېڭىكىم داكا بىلەن تېڭىلغان ھالەتتە ياتىمەن. رۇقىيە مېنى يوقلاپ كىرگىلى خېلى بولدى. ئۇ مېنىڭ قېشىمدا ئاپئاق، پاكىز قوللىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ ئولتۇراتتى. مەن ئاغرىق سېزىمىنى ئۇنتۇپ كەتتىم. بىلىندۈرمەستىن يانخشى كۆرۈپ قالغان قىزىمنىڭ جامالىغا تويماي قارايتتىم. رۇقىيەنىڭ خىيالچان چىھرى ئۇنى تېخىمۇ مېھرى ئىسسىق كۆرسەتتى. ئۇنىڭدىن گۈلنىڭ خۇش ھىدى كېلەتتى. ئۇ يەنە نېمىنىدۇر ئويلاۋاتقاندەك قارىچۇقلىرى ھەرىكەتسىز ھا-لەتتە:

— مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدى.

ئۇنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىش مەن ئۈچۈن قانچە زور بەخت — ھە؟ ئۇ ماڭا قاراشتىن ئۇيالغاندەك بېشىنى ھېچ كۆتۈرمەيتتى. ئۇ باشقىلارنىڭ يولسىزلىقىدىن غەزەپلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ ماڭا قارىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۈم، شۇنداقلا ئۇنىڭ داۋاملىق ئاشۇنداق غەمكىن ئولتۇرۇشىنى، قايغۇرۇشىنى خالايتتىم. ئۇ بۇ خىياللىرىدا مېنى ئويلا-ۋاتقاندەك، ئويلىرىدا ماڭا مايىللىشىۋاتقاندەك، بۇ مايىللىق ئاخىرى سۆيگۈگە ئۆزگىرىدىغاندەك پەرەز قىلاتتىم. مەنمۇ ئۇنىڭغا قارىماستىن:

— سىز بۇ ئىشتا ھېچقانداق ئەيىبلىك ئەمەس، — دېدىم.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆزلىرىمگە ئەلەملىك باقتى.

— سىز نېمانداق چۈشەنگەندەك گەپلەرنى قىلىسىز... كەچۈرۈڭ، قوپال گەپ قىلىپ قويدۇم. ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان بېسىملىرىمۇ ئاز ئەمەس. بۇ گەپلەرنى سىزگە دېمەسلىكىم كېرەك ئىدى. بىراق... ھازىر سىز مۇشۇ ھالدا ياتىسىز. ئۇلار نېمىشقا يۇرتلۇق دەپ ئىلىرىيدۇ؟ بىر يېزىلىقمىش تېخى... ئۇلار كىچىكىمدە بۇشۇكۇمنى تەۋرىتىپتىكەنمۇ؟ باشقا يۇرتلۇق بىرسى بىلەن دوست بولسا، يۇرت يۈزىنى تۆككەنلىك ھېسابلىنامدىكەن؟ مانا مۇشۇنداق يۇرتۋازلىقنىڭ دەردىنى ئاز تارتتۇقمۇ بىز؟!... بۇ دۇنيادا ياشىماق نېمانچە تەس‍تۇ؟ ھەي... ي... مەن بۇنداق چەكلىمىلەرگە ئۇچراشنى خالىمايمەن. كۆڭۈل كىمنى خالىسا، شۇ دوست بولىدۇ ـ دە...

رۇقىيەنىڭ يەنە دەيدىغان گېپى باردەك، سۆزلەشكە ئۆزىنى قويۇپ توختاپ قالدى. ئۇ دېرىزىگە، سىرتقا قاراپ چوڭقۇر تىنىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كېلىپ تىترەپ كەتتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە غىلىلدە ياش كېلىپ، سۇزۇك تامچىلار كىرپىكلىرىگە ئىلىنىپ قالدى. ئۇ بىر گېپى باردەك، ئەمما دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتقاندەك كۆرۈ-نەتتى. ئۇ كۆزلىرىدىن ھەسرەت ئۇچقۇنى چاچرىتىپ تۇرۇپ:

— سىز مېنى چۈشىنىسىز، مەن سىزنى كۆپ ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراتتىم. مۇبادا، سىزمۇ ئەمدى ماڭا ئەتۇر قاراپ يۈرىدىغان بولسىڭىز، ماڭا ھېسداشلىق قىلىدىغان ھېچكىم قالمايدۇ، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ قولىنى ئاستا تۇتتۇم. ئۇ قولىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تارتىپ قويۇپ جىمىپ قالدى. ئۇ مېنىڭ قەلبىمنى چۈشەنگىنىدە ئىدى، ھەرگىز بۇ گەپلەرنى دېمەس ئىدى.

— بىزنىڭ ئۆتتۈرىمىزدا ئۇنداق ھالەتنىڭ شەكىللىنىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، — دېدىم نەپىسىم جىددىيلىشىپ.

— بىراق... شارائىت بىزنى شۇ كۈنگە قويسا، يۈرىكىم ئەمدى ئۇنداق ئازابلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

تولۇنئاينىڭ يۈزىنى بۇلۇت توسقاندەك سۈزۈك ياش پەردىسى ئۇنىڭ مۆگۈلۈق كۆزىنى قاپلىۋالدى. مەن ئۇنىڭ قولىنى تېخىمۇ مەھكەم سىقتىم. مەن ئۇنىڭغا ئىلتىجا بىلەن تەلمۈرۈپ:

— ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەسەم ھاجەتسىز، قەسەم ھەرقانچە مۇقەددەس بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بىر — بىرسىگە ئىشەنمىگەنلىكنىڭ ئىپادىسى. ماڭا ئىشىنىڭ، مەن سىزگە تەتۈر قاراپ يۈرىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن، — دېدىم.

رۇقىيە كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، ئاجايىپ قۇدرەتلىك كۆيدۈرگۈچ كۈچ بىلەن قىيا بېقىپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى دۇنيادىكى ھەممە قاراشلاردىن سىرلىق ئىدى. ئۇ مەندىن بىر نەرسىنى تەلەپ قىلىۋاتقاندەك تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ ئۆزۈمگە تارتتىم. ئۇ رازىمەنلىك بىلەن نازۇك، خۇش پۇراقلىق گۈلدەك ئاستا ئېگىلىپ، ملمۇقتەك يۇمشاق، سىلىق يۈزىنى ئاشۇ چېدىماسلار دەسسىگەن مەيدەمگە ياقتى...

ياشلاردا ھېسسىيات ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. ھېسسىيات يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە، ئەقىل-ھېچنېمىگە دال بولالماي قالىدۇ. ھېسسىيات ئۆز كۈچىدىن قالغان چاغدىلا، ئەقىلنىڭ كۆزىگە تارتىلغان پەردە ئېلىپ تاشلىنىدۇ. مېنىڭ رۇقىيەنى قۇچاقلىشىم كۈچلۈك مۇھەببەتتىن، ئەمما رۇقىيەنىڭ مەيدەمگە باش قويۇشى مۇھەببەتتىن ياكى دوستلۇقتىن؟

※ ※ ※

مەۋسۇملۇق ئىمتىھان ئاخىرلىشىپ، بىزنى قىشلىق تەتىلگە قويۇپ بەردى. رۇقىيە قالدى، ئۇ پەقەت مەن بىلەن خوشلاشقىلى قالدى.

— تەتىلنى بىزنىڭ ئۆيدە ئۆتكۈزۈڭ، بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ سەمىمىيلىك بىلەن.

ئۇنىڭ جىددىي قاراشلىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ۋاتقانلىقى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— رەھمەت، سىزگە... يۇرتىڭىزغا بېرىپ ئۆيىڭىزنى بىر كۆرسەم، بەك ياخشى بولاتتى. مەن دائىم رۇقىيە تۇغۇلغان يۇرت قانداق جايدۇ، دەپ ئويلايتتىم. مېنىڭچە، سىزنى مۇشۇنداق چىرايلىق، سۆيۈملۈك ياراتقان يۇرتىڭىزمۇ ناھايىتى گۈزەل بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن.

— بەك ئاشۇرىۋەتتىڭىز، — دېدى ئۇ گەپلىرىمگە ئىشەنمىگەندەك كۈلۈمسىرەپ.

— راست، مەن كۆڭلۈمدىكى ھەقىقىي گەپلىرىمنى دەۋاتىمەن...

مەن ئۇنى شىلاش ئۈچۈن بۇ چىرايلىق سۆزلەرنى تىزمايۋاتاتتىم. ئىنسانلار ئارىسىدىكى ماڭا ئوخشاش كۆيۈك ئوتىغا گىرىپتار بولغان ئاشىقلار مېنىڭ بۇ گەپلىرىمنىڭ ھەقىقىي ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئادەم بۇ ھالغا چۈشكەندە يەنە نېمە دېمەيدۇ؟

بىز ئون بەش كۈنلۈك ئايرىلدۇق. مەن قىشلىق تەتىل مەزگىلىدە قەدىناس دوستۇم مەردانىنىڭ ئائىلىسىدە بولدۇم. بۇ ئائىلىدە كۈنلىرىمنى خۇددى ئانا ـ ئانامنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك ئىللىق مۇئامىلىدە ئۆتكۈزدۇم. بىراق بۇ كۈنلەردە مەن ئۈچۈن يەنىلا بىر نەرسە كەمدەك قىلاتتى. بىر ھەپتىدىن بۇيان باش كۆتۈرمەي، ل. تولستوينىڭ «تىرىلىش» رومانىنى ئوقۇپ چىقتىم.

ئانا ـ ئانامنى، قېرىنداشلىرىمنى، يۇرتۇمنى سېغىنىش ھېسسياتى مېنى قىيناشقا باشلىدى. بۇنىڭغا رۇقىيەنىڭ سېغىنىشى قوشۇلدى. مەن بۇ خىل ھېسسياتنى بېسىش ئۈچۈن يەنە فلوبېرنىڭ «بوۋارى خانىم» رومانىنى ئوقۇشقا باشلىغان ئىدىم. كىتابنى قولتۇقلاپ، ئۆيلەرنىڭ كەينىدىكى قارەك (تاغسىمان دۆڭلۈكلەر)نىڭ ئۈستىگە چىقتىم.

ئالدىمدا قاتار تاغلار، مۇھەببەت يولىدىكى توسقۇنلارغا ئوخشايدىغان

قاتموقات تاغلار. مەن ئۇزاق سىنچىلاپ قاراپمۇ، رۇقىيەنى، ئىلمىقىمنىڭ مەھەللىسىنى كۆرەلمىدىم. ئۇ مۇشۇ تاپتا نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدىكىن؟ مەن ئۇنى ئويلاۋاتقاندەك ئۇمۇ مېنى ياد ئېتىپ سېغىنىۋاتامدىكىن؟ ئاھ! ئۆتمەس كۈنلەر، ئاتماس تاڭلار... ئون بەش كۈن قاچانمۇ توشار؟... مۇبادا، رۇقىيە بىلەن مۇھەببەتلەشكەن، توي قىلىشنى پۈتۈشكەن بولسام، ئۇنىڭ يۇرتىغا بارغان، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا يۈرەكلىك كىرگەن، ئۇلارغا كەلگۈسىدە كۈيئوغۇل بولىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇرغان بولاتتىم. ئەپسۇس، بۇ شېرىن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم يۈرىكىمدىلا قالىدىغان بولدى.

ــ نەگە قاراۋاتىسەن؟ رۇقىيەنى سېغىنىپ قالغان ئوخشىمامسەن؟

مەن مەرداننىڭ يېنىمغا قاچانلاردا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماپتىمەن. ئۇ مېنىڭ قەلب جاراھىتىمنى ئەڭ روشەن كۆرگەن ھەم ئۇنىڭغا داۋا ئىزدىگەن ئەڭ يېقىن دوستۇم ئىدى، مەنمۇ ئۇنىڭدىن ئىچ سىرىمنى يوشۇرمايتتىم.

ــ قانداق، رۇقىيەنى كۆرۈپ كېلەمسەن؟ خالىساڭ، ئەتىلا ئۇنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ كېلەي.

ــ بولمايدۇ، ئاداش...

ــ نېمىشقا بولمايدۇ؟ ئارىلىقمۇ ئانچە يىراق ئەمەس، نەچچە سائەتتىلا يېتىپ بارىمىز.

شۇنداق، ئارىلىق ئانچە يىراق ئەمەس، ئەپسۇسكى، ئىككى يۈرەكنىڭ ئارىلىقى ئىنتايىن يىراق ئىدى. مەردان رۇقىيەنىڭ مېنىڭ مۇھەببىتىم ئىكەنلىكىنى، لېكىن مېنىڭ رۇقىيەنىڭ دوستى ئىكەنلىكىمدەك ئازابلىق مەخپىيەتنى بىلمەيتتى.

ــ بېرەر تال چېكىپ قويامسەن؟ ــ دېدى ئۇ موخوركا قەغىزىنى ماڭا تەڭلەپ، ــ بۇنى چەكسەڭ، ئىچ پۇشۇقىڭنى باسىدۇ.

ئۇ مېنىڭ ئىچ پۇشۇقۇمنى چوڭقۇر چۈشەنسە، بۇ گەپنى قىلمىس

ئىدى. مۇبادا، مەن تىلاكىغا خۇمار بولۇپ قالسام، ئەڭ ئەسەبىي بەڭگە بولۇپ قېلىشىم تۇرغان گەپ ئىدى.

— بىلىمەن، ئاداش... سېنىڭ قانچىلىك ئازاب چېكىۋاتقانلىقىڭ ماڭا ئايان. سەن قاچاندىن تارتىپ رۇقىيەگە ئاشىق بولدۇڭ، ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ مانا مۇشۇنداق غەمكىن بولۇپ قالدىڭ... ساڭا بىر گەپنى دېسەم، مەندىن رەنجىمە، ئاداش.

چۆچۈپ، ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ مەن تېخى بىلمىگەن يەنە قانداق دەھشەتلىك بىر ئىشنى ماڭا ئاشكارىلار؟

— ئاشىقلىق — بىر خىل ئەمالىق، سەن بىراۋغا ئاشىق بولۇپ قالساڭ، ئۇنىڭ ياخشى ـ يامان ھەممە تەرەپلىرى كۆزۈڭگە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. مېنىڭچە، رۇقىيە... سۆيۈشكە بولىدىغان، ئەمما توي قىلسا بولمايدىغان قىز.

مەن مەردانغا چەكچىيىپ قارىدىم. مۇبادا، ئۇ مېنىڭ دوستۇم بولمىغان بولسا، رۇقىيەگە قەستەنگە ھاقارەت قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىغان، ھەتتا ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلغان بولاتتىم.

— نېمىگە ئاساسلىنىپ مۇنداق دەيسەن؟

— ئۇ مەكتەپكە كېلىشتىن بۇرۇن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىدىلا بىر نەچچىسى بىلەن يۈرۈپتىكەن. ئۇلاردىن بىرسى ھازىرمۇ بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇۋاتىمىدۇ... سەن بۇنى بىلمەيدىغان ئوخشايسەن. ئۇ تېخى مەكتەپكە كەلگەن دەسلەپكى يىللاردا پاراللېل سىنىپتىكى بىرسى بىلەن ئارىلىشىپ يۈردىغۇ. ئويلاپ باقمامسەن، مۇشۇنداق شاختىن ـ شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان قىز سېنىڭ سەۋدايىلەرچە ياخشى كۆرۈشىڭگە ئەرزىمدۇ؟ ئۇنىڭ پاكلىقىغا ئىشىنەلەمسەن؟ ئۇنىڭ ساداقىتىگە ئىشىنىپ توي قىلالامسەن؟ راست، ئۇ ھەقىقەتەن چىرايلىق. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ نۇرغۇن ئوغۇللارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلالىغان. سەنمۇ ئۇنىڭ ئاشۇ گۈزەل ھۆسنىگە مەپتۇن بولۇپ

قالدىڭ. مېنىڭچە، سەن ئۇنىڭدىن ۋاقتىدا ئۈزۈڭنى تارت.

پۇت ـ قولۇم لاسسىدە بوشىشىپ، ئولتۇرۇپ قالدىم. رۇقىيەدىن ئۈزىنى تارتىش؟ بۇنى ئېغىزدا دېمەك ئاسان بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە شۇنداق قىلىش مەن ئۈچۈن قانچىلىك تەس ئىش ـ ھە؟ بىر ئادەمنىڭ روھىنى ماشىنىدا شۇمۇرۇپ تارتىۋېتىپ، باشقا بىر روھنى قايتا قاچىلاپ قويغىلى بولسا ئىدى... ئاھ!... شۇندىمۇ ئادەم باشقا بىر ئاشىقلىق ئازابىغا مۇپتىلا بولىدۇ. مەن رۇقىيەنىڭ ئۆتمۈشى توغرىسىدىكى بۇ سۆز ـ چۆچەكلەرنى بۇرۇنمۇ ئاز ـ تولا ئاڭلىغان ئىدىم. مەن ھەم ئىشىنىپ، ھەم ئىشەنمەي، شۇنداقلا ئۆزۈمنى ئىشەنمەسلىككە مەجبۇرلاپ، ئانچە پەرۋا قىلمىغان ئىدىم. ئەمما بۈگۈن بۇنى يېقىن ئاغىنەمنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغىنىمدا، ئۆزۈمنى يەنە ئىشەنمەسلىككە مەجبورلاشقا ئامالسىز قالدىم.

ـــ سەن ئۇنى بۇرۇن بىر قانچىسى بىلەن يۈرگەنلىكى ئۈچۈنلا ئەخلاقسىز دېمەكچىمۇ؟ چىرايلىق قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى توي قىلغۇچە بىرمۇنچە ئوغۇللارنىڭ تەلەپ قويۇشى، يېقىنچىلىق قىلىشىدىن خالىي بولالمايدۇ. بۇ دۇنيادا بىرسى بىلەنلا مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز. بۇ جاھان شۇنداق غەلىتە ئىكەن، سەن ياخشى كۆرگەن ئادەم باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىدىكەن، باشقا بىرسى ياخشى كۆرگەن ئادەم سېنىڭ قوينۇڭدا يېتىشقا مەجبۇر بولىدىكەن. نېمە دېسەن بۇ تەتۈرلۈككە، ھەي... ي...

ئۇ بىر ئورام قەغەزگە موخوركا قۇيۇپ ماڭا سۇندى:

ـــ ئورىيالامسەن؟ توختىغىنە، مەنلا ئوراپ بېرەي.

ئۇ ئوراپ بەرگەن تاماكىنى ئوت ياقتىم. ئاچچىق تۈتۈن ئۆپكەمگە شۇمۇرۇلۇپ كىرگەندە، قاتتىق يۆتىلىپ كەتتىم.

ـــ مۇشۇنداق ئاچچىق نەرسىنى قانداق چېكىدىغانسەن؟

ـــ مەيدىسى بار ئادەم چېكىدۇ بۇنى، ـــ دېدى ئۇ كۈلكىسىنى تەستە

بىسىپ.

— مېنىڭچە، بىر ئادەمنى ياخشى كۆرۈش بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ياخشى-يامانلىقى مۇناسىۋەتسىز. سەنمۇ ئويلاپ باق، بىر قىز ياخشى بولسىلا، سەن ئۇنى ياخشى كۆرەلەمسەن؟ ئەكسىچە، سەن بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇ يامان ئادەم بولۇپ چىقسىلا، كۆڭلۈڭدىن دەرھال چىقىرىۋېتەلەمسەن؟ بىز كۆپىنچە هاللاردا قىزلار بىلەن ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن توي قىلمايمىز، بەلكى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن توي قىلىمىز. مۇبادا، بىز ياخشى كۆرگەن قىزغا ئېرىشەلمىسەك، ئاندىن بىز ياخشى كۆرمىسەكمۇ، پەقەت ياخشى قىز بولسىلا توي قىلىمىز.

— سەن بۇ سەپسەتىلەرنى نەدىن تاپتىڭ؟

— بۇ سەپسەتە ئەمەس، ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئىش.

— ئۇنداقتا، سەن بىراۋنى ياخشى كۆرسەڭ، ئۇ يامان ئادەم بولسىمۇ توي قىلامسەن؟

— بۇنىڭ قانداق يامانلىق ئىكەنلىكىگە قارايمەن — دە، ئەلۋەتتە. بۇ يامانلىق مېنىڭ ئەرلىك غۇرۇرۇمنى دەپسەندە قىلغان يامانلىق بولمىسىلا مەيلى. ئادەمنىڭ مىجەز — خاراكتېرىدىكى يامانلىق بولسا، بۇ باشقا گەپ.

— مىجەز — خۇلقى يامان قىز كەلگۈسىدە ساڭا خوتۇن بولغاندا، سېنىڭ غۇرۇرۇڭنى دەپسەندە قىلىدىغان ئىشنى قىلىپ قويۇشى مۇمكىنغۇ؟

— مىجەز — خۇلقى ياخشى قىزغىچۇ، ھەددە قىلالامسەن؟ ئۇمۇ كەلگۈسىدە خىيانەت قىلىپ قويۇشى مۇمكىنغۇ؟

— مېنىڭچە، يامان قىزلارنىڭ خىيانەت قىلىپ قويۇش ئېھتىماللىقى چوڭراق بولىدۇ.

— ناتايىن... سېنىڭچە، رۇقىيە ياخشى قىز ئەمەسمۇ؟

ئۇ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. قارىغاندا، ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاياپ، ئاغزىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتقاندەك قىلاتتى.

— بۇنىڭغا... ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭ بىر نېمە دېگىن.

ئۆزۈممۇ ئويلىنىپ قالدىم. رۇقىيە زادى قانداق قىز؟ مېنىڭ كۆرگىنىم ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسن — جامالى، مېنىڭ بىلگىنىم ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ئاز بىر قىسمى. مەن بۈگۈن رۇقىيەنى تولۇق چۈشەنمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ يەتتىم. ئۇ بۈرۈن نېمە ئىشلارنى قىلغان بولغىيدىكىنتاڭ؟ مەن ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇقى — بۈرۈن ئۇنىڭ بىرسىگە چىن دىلىدىن ئاشىق بولۇپ قالغانلىقى. شۇنداق بولغىنىدا رۇقىيە ئۇنى يۈرىكىدە بىر ئۆمۈر ساقلايدۇ، ماڭا ئۆز كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن بېرەلمەيدۇ. بېرىشى مۇمكىنغۇ، ئەمما كۆ-ڭۈل پەگاسىدىن... ئاھ، خۇدا! ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن، بۈرۈن باشقىلار رۇقىيەنىڭ ئاشۇ مۇقەددەس لەۋلىرىگە سۆيگەنمىكىنتاڭ؟

رۇقىيەدىن قىلچە رەنجىگۈم كەلمىدى. ئۆزۈمنىڭمۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلاردىلا بىر نەچچە قىزغا يېقىنچىلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى تارتىپ، يىقىنلىرىنى چىمدىپ يۈرگىنىم يادىمغا كەلدى. باللار-نىڭ قونچاق ئويۇنىدەك شۇنچە ئاددىي، يۈزەكى ھېسسىيات بىلەن قىلىنغان ئىشلارغۇ ئۇ.

※ ※ ※

مەن ئۇزۇن قارا كېچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ، قۇياشنى كۆرۈشكە تەشنا بولغان ئېسكىموسلاردەك رۇقىيەنى كۆرۈشكە تەشنا بولدۇم. ئاخىر تەتىل ۋاقتىمۇ توشتى.

بۈگۈن مەكتەپكە يىغىلدۇق. بۈگۈن مەن كۆرمىگىنىمگە نىھايىتى ئۇزۇن بولغان ئامرىقىمنى كۆرىمەن. بۇ خەيرلىك كۈندە ئۇنىڭغا نېمە سوۋغا قىلسام بولار؟ مەن ئاق ياقۇت كۆزلۈك ھالقىنى مۇۋاپىق كۆردۈم. ئۇ ئاق كۆڭلۈمنىڭ، پاك سۆيگۈمنىڭ، ئىشقى پىراق تەلپۈنۈشلىرىمدە تامغان سۆزۈك

ياش تامچىلىرىمنىڭ ئىپادىسى بولسۇن.

كەچكى مۇزاكىرىگە قاتنىشىش ئۈچۈن سىنىپقا قاراپ ماڭغان ۋاقتىمدا ئىختىيارسىز جىددىيلىشىپ كەتتىم. كۆڭلۈم ئالدىرايتتى، توي كېچىسى كېلىنىنىڭ ئالدىغا كىرىدىغان يىگىتتەك يۈرىكىم قورقۇش، تەلپۈنۈش ئىلكىدە دۈپۈلدەيتتى. سىنىپتا رۇقىيە يوق ئىدى. ئولتۇرغۇم كەلمەي، ئوقۇتۇش بىناسىدىن پەسكە چۈشتۈم. ئاھ! ئەنە رۇقىيە... مەن ئۇنى كۆرۈپ، دەرھال ئىشىك كەينىگە مۆكۈندۈم. سۇمبۇل چاچ، گۈل چېھرە، قىزىل شارپا، كۆل رەڭ پەلتو، قارا خۇرۇم ئۆتۈكلۈك بۇ گۈزەل پەرىزات ئاق سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، مېنىڭ ئالدىمدىنلا ئۆتۈپ كەتتى. مەن نېمىشقا گەپ قىلمىدىم؟ ئۇ ئوغۇللار ياتاق بىناسى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. كىمنىڭ ياتىقىغا ماڭغاندۇ دەپ گۇمان قىلىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن بىناغا كىردىم. ئۇ بىزنىڭ ياتاقنىڭ ئالدىغا باراي دېگەندە ئاياغ تىۋىشىمنى ئاڭلاپ كەينىگە قايرىلدى. قەدەملىرىم شۇ ھامان ئاستىلاپ قالدى، پۇتلىرىم يەرگە چاپلىشىپ كەتكەندەك ئورنىدىن قوزغالمايتتى. مەن رۇقىيەگە مەھلىيا ــ مەستانە بولۇپ قاراپ تۇرۇپ قالدىم. يۈزۈم ئوت ئېلىپ، قىزىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى. مەن سېغىنىش ھېسسىياتىمنى يوشۇرۇپ قالالماستىن:

ــ قانداق ئەھۋالىڭىز؟ ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ سىزنى بەكمۇ كۆرگۈم كەلدى، ــ دېدىم.

ئۇ ئورنىدىن قوزغالماي:

ــ ئۆزىڭىزچۇ، ياخشى تۇرغانسىز؟... ــ دېدى.

ئۇ «مەنمۇ سىزنى سېغىندىم...» دېيىشكە خىجىل بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

مەن تېز ــ تېز چامداپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم. ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇشقا، ئەۋرىشىم بېلىدىن قۇچاقلاشقا، باغرىمغا مەھكەم بېسىشقا ئىنتىلەتتىم. بىر خىل غايىبانە كۈچ ئىنتىلىشىمنى توسۇپ قالدى. مەن

ھەتتا ئۇنىڭ قولىنىمۇ تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.
— ياناقا كىرىڭ، — دېدىم ئۇنى ئالدى بىلەن كىرىشكە تەكلىپ قىلىپ.

ياتاقتا بىر نەچچە ساۋاقدىشىم كەچكى مۇزاكىرىگە چىقىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان ئىكەن. ئۇلار رۇقىيە بىلەن سالاملىشىپ قويۇپ، ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. رۇقىيە تەتىل تەسىراتلىرىنى سۆزلىگەچ، سومكىسىنى ئاچتى.

— قېنى، بۇلاردىن تېتىپ بېقىڭ، ئۆز قولۇم بىلەن سىزگە ئاتاپ ياققان توقاچ، سىزنى سېغىنىپ تۇرۇپ پىشۇرغان سىلىسا...

مەن رەھمەت دېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئاجايىپ شېرىن ھېسلارغا چۆمۈلۈپ كەتتىم. رۇقىيەمۇ مەندىن ئايرىلسا سېغىنىدىكەن — ھە؟ مەن خۇش ھېد كېلىپ تۇرغان، گۈل چېكىلگەن يۇمشاق توقاچنى سۇندۇرۇپ، بىر پارچىسىنى رۇقىيەگە سۇندۇم، بىر پارچىسىغا ئۆزۈم ئېغىز تەگدىم. نېمانچە تەملىك نان — ھە؟ چۈنكى ئۇنىڭغا رۇقىيەنىڭ مۇھەببىتى يۇغۇرۇلۇپ يېقىلغان — دە.

— گەرچە مەن ئۆيىڭىزگە بارالمىغان بولساممۇ، مانا ئەمدى بارغاندەك بولدۇم... — دېدىم يۈرەك سۆزۈمنى ئېيتىپ.

بىز ئۇزۇن ئولتۇرماي، كەچكى مۇزاكىرىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئورنىمىزدىن تۇردۇق. بۇ چاغدا مۇزاكىرە ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن ئىدى. رۇقىيە ياتاق ئىشىكى يېنىغا بارغاندا، ئۇنىڭ يېڭىدىن ئاستا تارتتىم. ئۇ چۆچۈپ، ماڭا لاپپىدە قارىدى. مەن خۇددى يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ ئالغاندەك قويۇن يانچۇقۇمدىن ھالقىنى چىقاردىم.

— بۇ... ئاددىي بولسىمۇ... مېنىڭ كۆڭلۈم، قوبۇل قىلىڭ.

ئۇنىڭ يۈزىگە ۋىللىدە قىزىللىق يۈگۈردى، تارتىنىپ تۇرۇپ ھالقىنى ئالدى — دە، ماڭا قاراپ تاتلىققىنا كۈلۈپ قويدى،

— رەھمەت...

ئەتىسى ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرى يېيىپ تۇرغان سۇزۇك، سىلىق قو- لاقلىرىدا جۇلالىنىپ تۇرغان ھالقىنى كۆردۈم. ئاشۇ بىر جۈپ ھالقا بىزنىڭ يۈرىكىمىز ئىدى. خۇددى تېنىمنىڭ بىر پارچىسى رۇقىيەنىڭ قۇلىقىغا ئېسىلىپ قالغاندەك، بۇ خىل بىرىكىشتىن يۈرىكىم سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ نەچچە تال چېچى ھالقا سېپىغا چىرمىشىپ قالغان ئىدى. مەن بۇ چىر- مىشىشتىن ئۇنىڭ يۈرىكىگە چېتىلغان يۈرەك رىشتىمنى كۆرگەندەك بولدۇم. مەن بۇ ھالقىلارنى ئۇنىڭ ئاشۇ چۆچۈرىدەك چىرايلىق قۇلاقلىرىدا كۆ- رەلمىگىنىمدە، نە ھالغا قالاتتىم — ھە؟

※ ※ ※

بۈگۈن كوچىغا چىقىشتىن بۇرۇن ئۆيگە بىر پارچە خەت يېزىۋېتەي دەپ، سەھەر تۇرۇپ سىنىپقا چىقتىم. بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا، سىنىپتا ھېچكىم يوق ئىدى. مەن دائىملىق ئادىتىم بويىچە رۇقىيەنىڭ پارتىسى ئۇدۇلىدىن ئۆتكەندە كۆز تاشلاپ ئۆتتۈم. پارتىغا قۇلۇپ سېلىنمىغان ئىدى، مېنىڭ ئىختىيارسىز قاراپ باققۇم كەلدى. كىم بىلسۇن، بىر پارچە خەت قەرەللىك پارتلايدىغان بومبىدەك قولۇمغا چىقىپ قالدى. بۇ خەتنى كۆرەيمۇ ياكى... مەن بىر ھازاغىچە ئىككىلىنىپ تۇرۇۋېتىپ، ئاخىرى خەتنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم.

*سۆيۈملۈك رۇقىيە:*

*ياخشىمۇسىز؟ تىنچ — ئامانمۇسىز؟ بۈگۈن سىزگە بۇ خەتنى يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا قولۇم، يۈرىكىم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم تىترەپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ خەتنى*

يېزىش مەن ئۈچۈن ناھايىتى ئېغىر كەلدى. بىراق مەن يازمىسام بولمايدىغان ھالغا يەتتى، بۇنى مەخپىيەتلىك قىلىپ ساقلىغىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا تاھازىرغىچە ھېچقانداق سىر يوق ئىدى. بىراق مەن بۇنداق بولۇشىنى پەقەت ئويلىماپتىمەن. مەن سىزنى ياخشى كۆرەتتىم ھەم سىزگە ئىشىنەتتىم. ئۆزۈم بۇ دۇنيادا بەختسىز بولۇپ كەتسەممۇ، شۇ بەختسىزلىكىم بەدىلىگە سىزنى بەختلىك قىلىمەن دەپ ئويلايتتىم. بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز تۆت يىلنى بېسىپ ئۆتتى. تۆت يىل ئىلگىرىكى ۋەدىلىرىمىز ھازىرمۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ. سىز بۇ دۇنيادا مەن ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك قىز ئىدىڭىز. ياشلىقىم ھەم ھاياتىمنىڭ بارلىق ئارزۇ ــ ئارمانلىرى سىز ئارقىلىقلا رېئاللىققا ئايلىناتتى. سىز مېنىڭ خۇشاللىقىم، بەختىم، ھاياتىم ئىدىڭىز. بىلەمسىز، مەن سىزگە قانچە ئىشەنگەن، سىزدىن قانچە زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەن ئىدىم ــ ھە؟ ئەپسۇسكى، مېنىڭ بۇ ئىشەنچ، ئۈمىدىم پەقەتلا ساددا قەلبىمنىڭ خورلانغان ئەقىدىسى بولۇپ چىقتى.

جېنىم رۇقىيە، سىز يەنىلا مەن ئۈچۈن سۆيۈملۈك. قەلبىمگە سادىق بولماي، سىزنى ئەيىبلەشكە ھەرگىز تىلىم بارمايدۇ. بۇ دۇنيادا سىزنى ياخشى كۆرگەندەك ئەمدى يەنە باشقا بىر قىزنى ياخشى كۆرەلمەيمەن. ئەڭ ئېچىنىشلىقى، سىز تۆت يىللىق مۇھەببىتىمىزنى قىلچە ھۆرمەت قىلمىدىڭىز. نەچچە ئاي ئىلگىرى سىزنى سۇلتان دېگەن بىر ساۋاقدىشى بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتىدۇ دەپ يېزىلغان بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. شۇ چاغدا مېنىڭ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىمنى بىلمەيسىز. لېكىن مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگىچە، ئىشەنمەي يۈردۈم، بۇ توغرىلىق سىزگە خەت يېزىشنىمۇ ئويلىدىم. كېيىن بۇ توغرىلىق كەلگەن خەتلەر بارغانچە ئاچچىق مەزمۇن ئېلىشقا باشلىدى. مەن ئاستا ــ ئاستا بۇنىڭغا ئىشەندىم. نېمە ئامال؟ بۇ چاغدا مەن پەقەت سىزنىڭ بەختلىك بولۇشىڭىزنى تىلىشىملا كېرەك ــ تە؟ راست ئەمەسمۇ، سىز شۇ يىگىتنى ياخشى كۆرگەن ئىكەنسىز،

*بۇنىڭغا ئارىلاشماسلىقىم كېرەك. مەن ئۆز ۋاقتىدا دىلىڭىزنى رەنجىتىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن دېگەن ئىدىم.*

*مەن چىن يۈرىكىمدىن شۇنى ئېيتاي، مەن سىزنىڭ سۇلتان بىلەن ئۆمۈرلۈك ھەمراھلاردىن بولۇشىڭىزغا رازىمەن. بۇ گېپىمگە ھەرگىز رەنجىش، نەپرەت، رەھەرخەندىلىك ئارىلاشقان ئەمەس. مەن ئىككىڭلارنىڭ بەختلىك بولۇشۇڭلارنىلا تىلەيمەن. سىز سۆيگەن ئاشۇ يىگىتنىڭمۇ سۆيۈملۈك ئىكەن-لىكىگە ئىشىنىمەن.*

*مەن پەقەت سىزنى سۆيگەن يۈرىكىم بىلەنلا بۇ دۇنيادىن ئۆتسەم، ئەڭ بەختلىكمەن. تۇرمۇش بىزنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىدى. مەن ئەمدى ئەڭ ئېچىنىشلىق بەختسىزلىكلەرگە ئۇچراشقا، ئەڭ پاجىئەلىك قۇربانلارنى بېرىشكە رازىمەن. بىلسەم، بۇنىڭغا بەكلا كېچىكىپ قاپتىمەن.*

*سىزگە بەخت تىلەپ:*

*سەئىد ئەخمەت*

*1988-يىلى 1-ئاينىڭ 10-كۈنى.*

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ھەيكەلدەك قېتىپلا قالدىم. مەن كىم؟ مەن بۇگۈن قانداق ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم؟

بۇ ئۇنىڭ قانداق قىلغىنى؟ ئەينى ۋاقىتتا نېمىشقا سەئىد ئەخمەت دېگەن مۇھەببىتىنىڭ بارلىقىنى ماڭا ئوچۇق ئېيتمىدۇ؟ ئۇ مەندىن نېمىنى تەلەپ قىلغان بولغىيتتى؟ ئۇنىڭ مەندىن كۈتكىنى مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى قۇچاقلىشىش، سۆيۈشۈش...

بۇ دۇنيادا گۈزەللىك بىلەن پەسكەشلىك ئارىلىشىپ كېتىپتۇ. ھەي! رۇقىيە، گۈزەللىكىڭگە يۈرىكىمدىن مۇھەببەتكە ئورۇن بېرەيمۇ ياكى پەسكەشلىكىڭگە نەپرەتتىن ئورۇن بېرەيمۇ؟ مەن خۇشاللىقنىڭ مۇنچە ئاسان يىغىنغا ئورۇن بېرىدىغانلىقىنى پەقەت ئويلاپ باقماپتىمەن. بۈگۈن يۈرىكىمگە

يەنە بىر داغ چۈشتى...

ئۆيگە يازماقچى بولغان خەتنى يېزىشقا قولۇم بارماي، ئاچچىق خىياللار بىلەن ئۆرتىنىپ سىنىپتىن قايتىپ چىقتىم. ئۆتكەندە مەردانىنىڭ دېگەن گەپلىرى راست ئوخشىمامدۇ؟ رۇقىيە راستىنلا ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىدىلا بىر نەچچىسى بىلەن يۈرۈپتىكەن ـ دە. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرى ھازىرغىچە ئەقىدىسىنى ساقلاپ يۈرۈپتۇ. رۇقىيە ھەقىقەتەن گۈزەل، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغان ئادەم ئۇنى ئاسانلىقچە يۈرىكىدىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. ئۇ ئاشۇ سېھىرلىك جەلپكارلىقى بىلەن يەنە كىملەرنى كۆيدۈرەركىن...

ئۇ مېنىڭ ھازىرقى ھالىتىمنى چۈشەنمەيدۇ. مەن ھېلىقى خەتنى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ئۇنىڭغا بىلدۈرمەسلىكىم كېرەك. نېمە قىلاي ئارتۇقچە قايناپ ـ تېشىپ؟ مەندەك بىر ئادەمنىڭ تىرىشچانلىقى بۇ جەمئىيەتنى تۈزەپ كېتەلەمدۇ؟ شۇنداق ئىكەن، مەن ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئىشىمنى داۋاملاشتۇرىۋېرىشىم كېرەك.

مەن ئۆز ھېسسىياتىمغا تايىنىپ ئىش قىلماسلىقىم كېرەك. بىر پارچە خەتنى كۆرۈش بىلەنلا يۈز ئۆرۈش تەنتەكلىك قىلغانلىق. ئەينى ۋاقىتتا رۇقىيەنىڭ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلمىغانلىقى مېنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرەمدۇ؟ مۇبادا، ئۇمۇ سەئىد ئەخمەتكە ئەقىدە ساقلاپ شۇنداق قىلغان بولسىچۇ؟ ئۇ نۇرغۇن سۆز ـ چۆچەك، بېسىم، چەتكە قېقىش، خورلۇقلارغا ئۇچرىغاندىمۇ مەندىن ئۆزىنى چەتكە ئالمىدىغۇ؟ ئاشۇ چىدىماسلار مېنى يارىلاندۇرغاندا ھەر كۈنى يوقلاپ تۇردىغۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ يۈزۈمنى قىلغانلىقى، مۇھەببەتلىك قەلبىمنى ھۆرمەت قىلغانلىقىدىن بولدى. مېنىڭ ئاچچىق كۆيۈك ئازابنى تارتىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ يېتىپ، مېنىڭ قۇچاقلىشىمغا، سۆيۈشۈمگە رازى بولدى. ياق! بۇ ئىش مۇنداق مەنىلەرنى بەرمەسلىكى كېرەك، جۈپتى بار بىر قىزنىڭ ئۈچىنچى بىر شەخس بىلەن مۇنداق ئىشنى قىلىشىغا ئەسلا يول يوق.

مەن رۇقىيەنىڭ ئاشىقى، تۆت يىلدىن بۇيان ئەقدە قىلىپ كەلگەن يىگىتى ئالدىدا يۈز كېلەلمەيمەن. ئۇ ھەقىقەتەن مەرد، ئالىيجاناب سۆيگۈ ئىگىسى ئىكەن. مەن ئۇنىڭ رىسقىغا بىلمەستىن قول سۇنۇپ قويۇپتىمەن. مەن ئەمدى بۇ گۇناھلىرىم ئۈچۈن رۇقىيەنىڭ پاكلىقىنى قوغدىشىم كېرەك.

مەن رۇقىيەنىڭ مۇھەببىتىدىن بەخت تېپىش ئارزۇسىدا بولغان ئىدىم، بىراق ئۇنىڭ مەن كۆتكەن تۇنجى سۆيگۈسى ئاللىقاچان شۇ يىگىتكە تەئەللۇق بولۇپ بولۇپتۇ. مېنىڭ بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپ قەلبىمدە پەيدا بولغان ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىم ــ پاك، بىرىنچى مۇھەببىتىم مانا مۇشۇنداق قىزغا بېغىشلانغان ئىدى. سۆيگەن ئادىمىنى كىممۇ بەختسىز قىلىپ قويۇشنى خالىسۇن؟ ئۇلار ۋىسالىغا يېتىشى كېرەك. بولدىلا، بۇ ئازابنى مەنلا تارتاي، ئۇ يىگىت ماڭا ئوخشاش ئۆمۈرلۈك دەردمەن بولۇپ قالمىسۇن. مەن كۆز يېشىمنى يۈرىكىمدىكى ئوتلارغا سېپەي، ئۇلارنىڭ قايتا يارىشىۋېلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرەي...

سەئىد ئەخمەتنىڭ خېتى قىشلىق تەتىلدىن ئىلگىرى يېزىلىپتۇ. ئەسلىدە ھېلىقى ناكەسلەرنىڭ كېچىدە ئادىمنى توسۇپ، مەيدەمگە دەسسەپ ــ چەيلەشلىرى سەئىد ئەخمەتنىڭ ئۆزۈلگەن ئۇمىدى ئۈچۈن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئىكەن ــ دە؟ رۇقىيەنىڭ قىشلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلگەندە مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىشى، تەتىلدىن قايتقاندا توقاچ، سامسا ئالغاچ كېلىپ، سېغىنغان كۆڭۈل تۇيغۇلىرىنى ئىزھار قىلىشىمۇ مۇشۇ خەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىسۇن يەنە؟

مەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرىۋەردىم. رۇقىيەگە تېخىمۇ قىزغىن، لېكىن ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كەلدى. سەئىد ئەخمەتتىن ئايرىلىپ، ئۇمۇ ئازابلىنىۋاتىدىغاندۇ. مۇشۇنداق چاغدا مەن يەنە ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرسەم بولمايتتى.

مۇشۇ كۈنلەردە روھىي دۇنيايىم شۇنداق زىددىيەتلىك بولۇپ كەتتىكى،

خۇددى بىر نەچچە خىل ماددا رېئاكسىيىگە كىرگەن پروبىركىغا ئوخشاپ قالدى. يۈرىكىم بىلىنەر ــ بىلىنمەس ئاغرىۋاتقاندەك، بەدىنىمدە زەھەرلىك مىكروبلار مېڭىپ يۈرگەندەك، يەلكەمدىن بىر پارچە ئېغىر تاش بېسىپ تۇرغاندەك خىيالچان، مىسكىن بولۇپ قالدىم.

كىشىلەر، بولۇپمۇ ياشلار سۆيگەن ئادىمىدىن ئايرىلىپ قالسا ياكى كۆڭلى قاتتىق ئازار يېسە، زەربە بەرگۈچى ئاشۇ ئادەمگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جەمئىيەتكىمۇ نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. مەن رۇقىيەدىن نەپرەتلەنمىسەممۇ، يۈرىكىمنىڭ بىر يېرىدە جەمئىيەتكە كۈچلۈك نارازىلىق ھېسسىياتى پەيدا بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن شاۋقۇن ــ سۈرەننى، ئويۇن ــ چاقچاقنى، ئادەم بار يەرنى خالىمايدىغان دەرۋىش مىجەز ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم.

بېشىمدىن ئەڭ ئېغىر كۈنلەر ئۆتمەكتە. يۈرىكىمگە ئارام بېرەلەيدىغان ھېچنەرسە يوق. ئەمدى مەن بۇنىڭغا چىدىمىسام، دەرد ــ ھەسرەتلىرىمنى بېسىۋالمىسام، يۈرىكىم پارتلاپ كەتسۇنمۇ؟ ھەقىقىي ئازابلىق كۈنلەر... ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم چىن يۈرىكىمدىن سۆيگەن ئادىمىمنىڭ بىرىنچى مۇھەببىتى ئەسلىدە باشقا بىر يىگىتكە مەنسۇپ بولۇپ بولغان قىز بولۇپ چىقسا، بۇ قانچىلىك ئازابلىق ئىش ــ ھە؟ رۇقىيە مېنى ئالدىدىمۇ؟ مەن ئەڭ تەبىئىي ھالدا، چىن يۈرىكىمدىن ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدىمغۇ؟ راست، ئۇ مېنى ئالدىدى، ئەينى ۋاقىتتا سۆيگەن يىگىتى بارلىقىنى ئوچۇق ئېيتقان بولسا، ئىشلار بۇ دەرىجىگە يەتمىگەن بولاتتى. ئىش بۇ گۇنگە يەتتى، ئەمدى تەتۈر قارىشىپ يۈرسەك، ھەر ئىككىمىزگە ئوخشاشلا ئازاب.

مۇھەببەت دېگەن ھەقىقەتەن سىرلىق ئىكەن. ئۇ نېمىشقا لەززەت بىلەن ئەلەمنى، خۇشاللىق بىلەن ھەسرەتنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدىغاندۇ؟ يۈرەك... ئېھ، ئىنسان يۈرىكى! يۈرەك ــ بىر خىل غەيرىي

ماگنىت، ئۇ ئۇدۇل كەلگەن يۈرەكنى ئۆزىگە تارتىۋەرمەيدۇ. ئادەم بىلەن ئادەم نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك مەھكەم باغلىنىپ كېتىدىغاندۇ؟ بىر جۈپ يۈرەك نېمىشقا ئايرىلىپ كەتسە چىدىمايدىغان دەرىجىدە باغلىنىپ قالىدىغاندۇ؟ ئېھ، ئادەم... ئېھ، ھېسسىيات! ئادەم ئەڭ نازۇك، ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ مۇرەككەپ ھېسسىياتقا ئىگە مەخلۇق...

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مەكتەپ كەينىدىكى بىلىق كۆلى بويىغا كەلدىم. مەجنۇن تاللارنىڭ شاخلىرى كۆل سۈيىگە چىلىشىپ تۇراتتى. تۆۋەن تەرەپتە تومەن دەرياسى يېپىيېشىل ئورمانغا پۈركىنىپ ئۈنسىز ئاقاتتى. مەن كىتاب، خاتىرىلىرىمنى تىزىمغا قويۇپ، كۆل سۈيىگە قادالغىنىمچە ئولتۇرۇپ قالدىم. باھارنىڭ سالقىن شامىلى مېنى سىلاپ ئۆتۈپ، مىسكىن كۆڭلۈمگە تەسەللى بەرمەكچى بولاتتى. مەن يەنە ئىختىيارسىز رۇقىيەنى ئويلاپ قالدىم. ئېتىبارسىز قالغان سۆيگۈم ئۈچۈن ياش تۆكتۈم. سەھرادىكى ئاشۇ كېچىنى، سەھەرنى ئەسلىدىم. رۇقىيە ئىشتىنىمدىكى كىرسىن دېغىنى سۈرتۈش ئۈچۈن بەرگەن قول ياغلىقنى چىقاردىم. ياغلىقتىن تېخىچە رۇقىيەنىڭ پۇرىقى كەتمىگەندەك بىلىندى. مەگزىمنى بويلاپ سىرغىپ چۈشۋاتقان ياشلىرىم ياغلىققا سىڭىپ كەتتى. رۇقىيە بۇ ياغلىقنى مۇشۇنداق ئازابلىق كۈنلەردە كۆز يېشىمنى سۈرتۈشۈم، ئۇنى سېغىنغاندا پۇرىشىم ئۈچۈن بەرگەن ئىكەن...

— ئاكا، يىغلاپسىزغۇ؟ سىزنى كىم ئۇردى؟

يېشىمنى كۆتۈرۈپ ئارقامغا قارىسام، ئىككى گۆدەك بالا ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. مەن ئۇلارغا نېمىمۇ دېيەلەيتتىم؟ ئۇلارنىڭ سەبىي قەلبى چوڭلارنىڭ يۈرىكىدىكى ئازابلىق سىرلارنى بىلەمدۇ؟ مەن ئۇلاردىن خىجىل بولۇپ، ئالدىراپ — تېنەپ كۆز يېشىمنى سۈرتتۇم. ئۇلارغا مېھرىم بىلەن قاراپ:

— ئانامنى سېغىنىپ قالدىم... — دېيەلىدىم.

— ئانىڭىز قەيەردە؟

— يىراق... بەك يىراقتا قالدى.

— ھە... ئانىڭىزنى كۆرگىڭىز كەپتۇ ـ دە؟

باللار ئارقىسىغا قاراپ ـ قاراپ قويۇپ، كۆللەر ئارىسىدىكى تاللىق يولدىن كىتىپ قالدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن مەسلىنىپ قارىدىم. ئۇلار تال نوتىلىرىنى سۇندۇرۇپ، بىر ـ بىرىنى ساۋىغىنىچە كۇلۇشۇپ چاقچاقلىشىپ كىتىۋاتاتتى. قانچىلىك بەختلىك باللار ـ ھە؟ ئادەم چوڭ بولمىغانمۇ تۇزۇككەن. ئۇلارنىڭ ھىلىراقتىكى سۆزلىرى قەلبىمدە ئەكس سادا پەيدا قىلىۋاتاتتى. «ئاكا، يىغلاپسىزغۇ؟ سىزنى كىم ئۇردى؟ ھە... ئانىڭىزنى سىغىنىپ قاپسىز ـ دە...» مىنى ھايات ئۇردى! مەن سۆيۈملۇك رۇقىيەنى، يىتتۇرۇپ قويغان پەرىشتەمنى سىغىنىپ يىغلاۋاتاتتىم. مەن ھەر يەردە، ھەر قەدىمىمدە، ھەر تىنىقىمدا ھەسرەتلىك ئاھ ئۇراتتىم...

مەن رۇقىيە ئۇچۇن يەنە قانداق كۇنلەرنى كۆرەرمەن؟ مۇشۇ كۇنلەردە يۇرىكىم پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەندەك، ئۆزۈم ئۆزۈم ئەمەستەك بولۇپ قالدىم. مەن ئىنسان ھاياتىدىكى بۇ ئازابلاردىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ، روھىي يۆلەنچۈك ئىزدىدىم. شۇ چاغدىلا خۇداغا ھەقىقىي ئىتىقاد قىلدىم. ئاللا ھەممىگە قادىر، ئۇ مىنىڭ يۇرىكىمگە بۇ ئىشقنى سالغان ئىدى. ئۇ يەنە يەتكۈچە دەرد ـ ھەسرەت چەككەن مەندەك بەندىسىنى بۇ ئازابلاردىن خالاس قىلىدۇ.

※ ※ ※

— ھەي، سۇلتان، يەنە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتامسىز؟

رۇقىيە قۇچقاچتەك ئۇچۇپ كىرىپ سايراپ كەتتى. ئۇ مۇرەمگە نوقۇپ قويدى ـ دە، كىپىنەكتەك پىلدىرلاپ بىرىپ، كارىۋاتقا قونۇۋالدى.

مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ يىنىغا قاراپ ماڭدىم.

— سىز؟... — مەن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. كارىۋاتتا مەن

پەقەت كۆرۈپ باقمىغان بىر قىز ئولتۇراتتى.

— مېنى تونۇيالمىۋاتامسىز؟ كۆزىڭىز تورلىشىپ قاپتىمۇ نېمە؟ — ئۇ قوپۇپ، قوللىرىنى يىلاندەك تولغاپ، بوينۇمغا گىرە سالدى، — سىزنى جۇمۇ، ھېي!... مېنى تونۇمامسىز. ھازىر سىزنىڭ كۆزىڭىزگە مەن ئەمەس، پوشكىن، بايرۇن، گيوتى، تولستوي، بالزاك دېگەن ئۇلۇغ كىشىلەر كۆ-رۈنىدۇ.

— نەدىكى گەپلەرنى دەپ يۈرىسىز؟

— ئەھە... سىز... سىززە؟ — ئۇ نازلاپ، ماڭا چىڭ يېپىشتى.

مەن رۇقىيەنىڭ تاشلاپ تۇرغان لىۋىگە ئاستا ئېگىلىشتىم. ئاغزىم سو-غۇق، قاتتىق بىر نەرسىگە تېگىپ، ئويغىنىپ كەتتىم....

مەن ئەسلىدە سوغۇق كارىۋاتنى سۆيگەن ئىكەنمەن. مەن نېمىنى چۈشەۋاتىمەن؟ رۇقىيە ماڭا نېسىپ ئەمەس! مەن بۇ چۈش تۈپەيلى يەنە ئازابلىنىشقا باشلىدىم. بۇنداق چۈشلەرنى مەن قانچە قېتىم كۆرگەندىمەن؟ مەن چۈشۈمدىمۇ رۇقىيەنى سۆيمەسلىكىم، ئۇنىڭ پاكلىقىغا دەخلى — تەرۈز يەتكۈزمەسلىكىم كېرەك ئىدى. لېكىن بىز ئادەملەر چۈشىمىزنى باشقۇرۇشقا قادىر ئەمەسكەنمىز. كۆڭۈل ئۇخلىمىسا، كۆز ئۇخلىمايدىكەن. ئۇيقۇم يەنە قېچىپ كەتتى.

رۇقىيە چۈشلىرىمگە نېمانچە كۆپ كىرىدىغاندۇ؟ مەن ئۇنى يۈرىكىمدىن زادى چىقىرىۋېتەلمەسمەنمۇ؟ بولۇپتۇ، مەن ئۇنىڭغا يېتەلمىسەممۇ، ئۇ يەنىلا قەلبىمدە تۇرۇپ تۇرسۇن...

قايسى كۈنى ئىكەنلىكى تازا ئېنىق يادىمدا يوق. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدىكى ئالمىلىق باغقا كەلدىم. سېمونت ئورۇندۇقلاردا بەزى ئوقۇغۇچىلار كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرسا، بەزىلىرى پا-راڭلىشىپ ئولتۇراتتى. مەن چەتتىكى بىر بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، قولۇمدىكى كىتابنى ئاچتىم. مەن شۇ ھالەتتە يېرىم سائەتتەك ئولتۇر-

غاندىمەن.

— كىتاب ئوقۇۋاتامسىز؟

بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئارقامدا رۇقىيە تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇ قەدەم تەشرىپىدىن ھاياجانلىنىپ، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ ئولتۇرۇپ قالدىم. بىزنىڭ ھالىتىمىز شۇنچە غەيرىي ئىدى. مەن ئوغۇل بالىمەن ـ يۇ، خۇددى تارتىنىپ، يەرگە قاراپ ئولتۇرغان نازۇك قىزغا ئوخشايتتىم؛ ئۇ قىز ئىدى ـ يۇ، گويا مەغرۇر ،غالىب، ئازادە ھالەتتە تۇرغان بىپەرۋا، ھۆكۈمران ئوغۇلغا ئوخشايتتى. سۆيگۈ شۇنداقكى، كىم ياخشى كۆرۈش ئوتىدا كۆيسە، ئاشۇ قۇل ئىكەن، زەنجىردىكەن، ئازابتىكەن، دوزاختىكەن...

ئۇ قېشىمغا ئولتۇرۇپ، بىردەم گەپ يورغىلاتقاندىن كېيىن:

— ئالىيە بىلەن يۈرسىڭىز بولمامدۇ؟ سىلەر بىر يۇرتلۇققۇ؟ — دېدى.

ھەي، ساراڭ پەرىزات! بۇ مېنىڭ كۆيۈشلىرىمگە بەرگەن جاۋابىڭمۇ؟ ئىشق ئوتىدا سەۋدايى بولۇپ قالغان روھىم ئۈچۈن داۋا ئىزدەشلىرىڭمۇ؟ بولدى بەس، سەندىن جاۋاب ئالدىم، سەن راستىنلا مېنى ياخشى كۆر- مەيدىكەنسەن.

— ئەمدى مەن... ھېچكىم بىلەن يۈرمەيمەن، — دېدىم ـ دە، ئەقىل ـ ھوشۇمنى يوقۇتۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىپ قالدىم.

ئەمدى دېگىنىم نېمىسى؟ ئىسىت... ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى يەنە بىر قېتىم دەپسەندە قىلغان ئىدىم. تېنىم كېتىۋاتىدۇ، ھېچنېمىنى كۆرمەيتتىم، چامداۋاتىمەن، ياتاققا كىردىم، ھېچكىم يوق، دېرىزىنى ئاچتىم، چامادانىدىن سەھرا خاتىرىسى — ياغلىقنى ئېلىپ، دېرىزىدىن تاشلىدىم، ئۇ ماڭا يازغان پارچە ـ پۇرات قەغەزلەردىكى خەتلەرنىڭ بىرىنى، يەنە بىرىنى... يەنە بىرىنى تاشلىدىم. پارە ـ پارە قىلىنغان سۈرەتنى بىر پارچىدىن، ئىككى پارچىدىن قويۇپ بەردىم، ھەممىسى ئۇچۇپ، ئاللىقاياقلارغا كەتتى، شۇنداق، ھەممىسى ئۇچۇپ كەتتى...

ئۇنىڭ مېنى سۆيمەيدىغانلىقىنى ئاللىقاچان بىلگەن تۇرۇقلۇق، يەنە ئۇنىڭدىن نېمىشقا مۇنچە رەنجىپ كەتتىم ـ ھە؟ ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالغان يۈرىكىمگە نەپرەتلىنەي، ئاللىقاچان باشقا بىرسىگە كۆڭلىنى بەرگەن قىزغا چېتىلىپ قالغان كاج تەقدىرىمگە نەپرەتلىنەي. مۇبادا، بۇ شەھەرگە ئوقۇشقا كەلمىگەن بولسام، تەقدىرىم قانداق بولار بولغىيتتى ـ ھە؟ بەلكىم، خۇدا مۇشۇنداق ئازابنى ئۆمۈر بويى تارتىشنى پېشانەمگە پۈتكەندۇ.

ئۇنىڭ مېنى سۆيمەيدىغانلىقىنى بىلگىنىمدە، قەلبىمدە ئۇنىڭغا قارىتا غىل ـ پال ئۆچمەنلىك خىياللىرىمۇ كېچىپ ئۆتتى. مەن بۇرۇن ئۇنىڭغا تەلپۈنەتتىم، ئەمدىچۇ؟ ئۇنىڭدىن قاچاتتىم. مەكتەپ تېزراق پۈتسىكەن، رۇقىيەنىڭ قېشىدىن تېزراق كەتسەمكەن دەپ تىلەيتتىم. بىر ـ ئىككى يىل، ھېچبولمىسا، بەش ـ ئون يىلدىن كېيىن بولسىمۇ ئۇنى يۈرىكىمدىن چىقىرىۋېتىپ، بۇ ئازابلاردىن قۇتۇلارمەن. كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ، ساراڭ سەۋدايى قىلىپ قويىدىغان جىن ـ ئەرۋاھلارنى قوغلىۋېتەلەيدىغان داخان ـ موللىلار بار ئىكەن. خۇدا نېمىشقا بەزى ئادەملەرگە ماڭا ئوخشاش ئىشق كېسىلىگە مۇپتىلا بولغانلارنىڭ يۈرىكىگە چاپلىشىۋالغان قىزلارنىڭ ئەرۋاھىنى قوغلىۋېتەلەيدىغان ئىقتىدارنى بەرمىگەندۇ؟ ئادەمزات ئارىسىدا مېنىڭ كېسىلىمنى داۋالىيالايدىغان دوختۇر، موللا يوق، ئەمدى ماڭا بۇ كېسەلنىڭ دەردىنى تارتماي ئامال يوق.

مەن رۇقىيەنى يۈرىكىمدىن چىقىرىۋېتىشكە زادىلا قادىر بولالمىدىم. ئۇنى ئەيىبلىشىم، ئۇنىڭدىن ئاغرىنىشىم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ئادەمنىڭ يۈرىكى نېمىشقا مۇشۇنداق؟ مەن ئاچچىق ئىگراشلىرىمدا ئۇنىڭغا يەنىلا بەخت تىلىدىم.

مەن بۇ كۈنلەردە يەنىلا سىنىپ، قىرائەتخانا، ياتاق ئارىلىقىدا يۈردۈم. سۆيۈملۈك كىتابلىرىملا كۆڭلۈمگە تەسەللى بېرەتتى. «ۋاقىت خاتىرىلەش

ئۇسۇلى»نى قەتئىيلىك بىلەن داۋاملاشتۇردۇم. ئاشۇ كۈنلەردە «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا بىر نەچچە پارچە شېئىرىم ئېلان قىلىندى. تۇنجى ئەسىرىمنىڭ ئېلان قىلىنىشى ماڭا ئىلھام بولدى.

※ ※ ※

شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىنكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئوقۇتۇش بىنا-سىنىڭ ئالدىدىكى ئالمىلىق باغقا چىقتىم، رۇقىيە مېنى چاقىرتقان ئىكەن. ئۇ باغنىڭ بۇلۇڭىدىكى سېمونت ئورۇندۇقتا كىتاب ئوقۇغاچ، مېنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ.

— كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ مېنىڭ كەلگىنىمنى سېزىپ بىلىنەر ـ بىلىنمەس ھالەتتە قىمىرلاپ.

بىز قېيىدىشىپ قالغان ئەر ـ خوتۇنلاردەك بىردەم ماي تارتىشىپ ئولتۇردۇق. ئۇ ئويچان كۆزلىرىنى ماڭا بىردەم تىكىپ، يەنە باشقا ياققا قارىۋالدى. ئۇنىڭ مەندىن كۆڭلى قالغاندەك، بىراق يەنىلا ئاغرىنغۇسى يوقتەك قىلاتتى. ئۇ يەرگە باققىنىچە:

— يېقىندىن بۇيان سىزگە نېمە بولدى، تورۇپلا ئۆزگىرىپ قالدىڭىزغۇ؟ مەن بىلەنمۇ قىلچە كارىڭىز يوق. مەن غەمگە پېتىپ يۈرسەم، ئەھۋالىمنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا پەرۋا قىلماي يۈرىسىز، — دېدى.

ئۆزۈمنى مەقسەتلىك تارتىۋاتقانلىقىمنى ئاغزىمدىن قانداق چىقىراي؟ مەن ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى ئوي ـ خىياللىرىمنى ئۇنىڭغا قانداقمۇ ئاشكارىلاي؟ بۇلارنى بىلسە، ئۇنىڭ دىلى ئازار يەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنىغۇ چۈ-شەندۈرەرمەن، لېكىن ئۇنىڭ يەنىلا مەندىن كۆڭلى قالىدۇ. مەن ئاخىرى ھېچنېمىنى ئاشكارىلىماسلىق قارارىغا كېلىپ:

— ھېچ ئىش بولمىدى... — دەپلا قويدۇم.

ئۇ كۆزلىرىمگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ:
— مەندىن رەنجىدىڭىزمۇ؟ — دېدى.
ئۇ ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرىنى يۆتكىمەي، قادىلىپلا قالدى. مەن ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ:
— سىزدىن نېمىشقا رەنجىيتتىم، سىز مېنىڭ كۆڭلۈمنى شۇنچە ئاياۋاتسىڭىز، — دېدىم.
ئۇ ماڭا تىكىلگەن كۆزلىرىنى يەنىلا يۆتكىمىدى.
— ئەمىسە قايىقىڭىزنى تۇرۇۋېلىپ، مەندىن قېچىپ يۈرىسىزغۇ؟
— ئادەم ھەر دائىم خوشال ئۆتىۋەرمەيدۇ — دە.
— ئۇنداقتا، سىزنىڭ خۇشاللىقىڭىزغا زامىن بولغان نەرسە نېمە؟ مەن قانچە ئويلاپمۇ، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدىمغۇ؟
ئۇ مېنىڭ چوقۇم جاۋاب بېرىشىمنى تەلەپ قىلغان ئالاھىدا سۆزلەۋاتاتتى.
ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا ئىچىمدە ئاچچىق كۈلۈۋەتتىم. ئۇ مېنىڭ خۇشاللىقىمغا ئۆزى زامىن بولغان تۇرۇقلۇق، بۇنى يەنە ئۆزى بىلمەيدىكەن. ئۇنىڭغا مۇھەببەت سىرىمنى ئاشكارىلاپ قويغىنىممۇ يېتىپ ئاشار. بولدىلا، بۇ خورلۇقمۇ مەن ئۈچۈن بىر ئۆمۈر يېتەر.
— دوستلۇقىڭىزغا تولۇق جاۋاب قايتۇرالمىدىم، مېنى ئەپۇ قىلىڭ. مەكتەپ پۈتتۈرىدىغانغا بىر يېرىم يىل قاپتۇ، مەن يەنىلا ئۆردەكتەك ھېچنېمە يۇقماي يۈرۈۋېرىشنى خالىمىدىم.
— ساۋاقداشلاردىن ئاڭلىسام، چۈشتىمۇ سىنىپقا چىقىدىكەنسىز، كەچكى مۇزاكىرىدىن كېيىنمۇ كىرسىن چىرىغىنى ياندۇرۇپ قويۇپ كىتاب ئوقۇيدىكەنسىز، شەنبە — يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ دەم ئالماي، يېزىقچىلىق قىلىدىكەنسىز، ئاي — ئايلاپ بازارغىمۇ چىقمايدىكەنسىز. مۇشۇلارمۇ سىزگە يەتمەمدۇ ؟ ئەپتىڭىزگە قاراپ بېقىڭە، ئورۇقلاپ بىر تېرە — بىر ئۇستىخان

بولۇپ قالدىڭىز. سىزنىڭ نېمىشقا ئۆزىڭىزگە ئىچىڭىز ئاغرىمايدۇ؟

— مېنىڭ بۇ دەرىجىدە ئورۇقلاپ كېتىشىم قاتتىق ئۆگەنگەنلىكتىن ئەمەس.

— ئەمىسە نېمىدىن؟ ئاشقازان كېسىلىڭىز بارمۇ يا سىزنىڭ؟

مەن يۈرەك كېسىلىم بار دېمەكچى بولۇپ توختاپ قالدىم. رۇقىيە ھازىرغىچە بۇنى ھېس قىلىپ يەتمىگەندىكىن، چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ئۇ ھەقىقەتەن مېنىڭ ئازابلىرىمنى چۈشەنمەيدىكەن.

— قەشقەرنىڭ ھاۋاسى، سۈيى ماڭا ياقمايدىكەن، — دەپلا ئۆزۈمنى قاچۇردۇم.

مەن پەقەت ئۆزۈمنىلا ئويلاۋاتقان بولۇشۇم، ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارغا ئۆزۈمنى چىقىش قىلىپلا قاراۋاتقان بولۇشۇم مۇمكىن ئىدى. رۇقىيەمۇ ماڭا ئوخشاشلا ھېس - تۇيغۇلۇق ئادەم. ئۇنىڭ مەن تېخى ھېس قىلىپ يېتەلمىگەن نۇرغۇن دەرد - ھەسرەتلىرى باردۇ. مېنىڭ ئۇنىڭدىن ئاغرىنىشىم، بەلكىم، رەھىمسىزلىكتۇ. ئۇنىڭ غەمكىن ئولتۇرۇشىغا قاراپ، بىردىنلا ئىچىم سىيرىلدى. بۈگۈن شۇنى بىلىپ يەتتىمكى، ئۇ مېنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئازابلىنىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىپ يېتەلمىگەندەك، مەنمۇ ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھېس - تۇيغۇلارنى تولۇق چۈشەنمەيدىكەنمەن.

— مېنىڭ سۆزۈم، ھەرىكىتىم، ئوي - خىياللىرىمغا سىزگە قارىتا ھېچقانداق يامانلىق ئارىلاشقان ئەمەس. بۈگۈنگە كېلىپ، ئىستىقبالىمىز ئۈستىدە ئويلىنىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى سۆز-چۆچەكلەر ھازىرغىچە تارقىلىپ يۈرىدۇ. بۇ ئىش سىزگە پېشكەللىك ئېلىپ كېلەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

ئۇنىڭ غەمكىن ھالىتىگە قاراپ، ئۆز ئىرادەمگە قارشى ھالدا مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويدۇم.

— ئەجەب ئىش، باشقىلار گۇلخان ياقسا ھېچكىم كۆرمەيدىكەنۇ، بىز

سەرەڭگە ياقسلقمۇ ھەممە ئادەم كۆرۈپ بولىدىكىنا؟ ئىشىمىزغا خۇدا گۇۋاھ تۇرۇپتۇ، نىيىتىمىز توغرا بولسىلا، نېمىدىن قورقاتتۇق؟

ئۇ ئوتتۇرىمىزدا بۇرۇنمۇ ھېچ ئىش يوق ئىدى، ھازىرمۇ ھېچ ئىش يوققۇ دېمەكچى. توغرا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇنداق، بىزنىڭ نەچچە قېتىم سۆيۈشكىنىمىزمۇ ھېچنېمىگە ھېساب ئەمەس، ئۇ شۇنداقلا بىر ھەرىكەت... ئاھ، كاج پەلەك! مەن قانداقلارچە ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالغاندىمەن؟ ئەپسۇسكى، مېنىڭ بۇ ئۆلمەس مۇھەببىتىم يەنىلا نەپرەتنى بېسىپ كەتتى.

— بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قېچىپ يۈرمەن دەڭ، شۇنداقمۇ؟

مەن گەپ قىلماستىن، ئۇنىڭغا قاراپ مىيىقىمدا كۈلۈمسىرەپ قويدۇم. مەن چۆرگىلىتىپ — چۆرگىلىتىپ تاشلىۋېتىلگەن ئادەمدەك كاللام پىرقىراپ تۇرغان مۇشۇ كۈنلەردە ئەتە كۈندە نېمە بولۇشىنى، قانداق قىلىشىمنى نەدىن بىلەي؟ ئۇ بۇنى مەندىن سورىماي، ئەسلىدە ئۆزىدىن سورىشى كېرەك ئىدى. مېنى ئۆزىگە يېقىن قىلىدىغانمۇ، يىراق قىلىدىغانمۇ يەنىلا ئۆزى — دە؟

ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدىكى ئالملىق باغ مەكتەپ ئىچىدىكى ئەڭ مەنزىرىلىك، ساپ ھاۋالىق، گۈزەل جاي. مەندە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇرغان ئىشلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مۇشۇ باغدا يۈز بەرگەن. بۇ يەردىكى سېمونت ئورۇندۇقلار خاتىرەمدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. مەن بۇ ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ نۇرغۇن ئېسىل كىتابلارنى ئوقۇغان، رۇقىيە بىلەن مۇڭداشقان، دوستلىرىم، ساۋاقداشلىرىم بىلەن تۈرلۈك ئىلمىي مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرغان. بۇ جايدا سايراپ تۇرىدىغان قۇشلار يوق، ئەمما ئاۋازى بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىدىنمۇ يېقىملىق بەرنا يىگىتلەر، تۈرلۈك تۈزدىنمۇ رەڭدار، گۈزەل قىزلار بار. مەن بۇ باغدا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن.

چۈشتىن كېيىنلىك دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئالملىق باغقا چىقسام، بىرمۇ

بوش ئورۇن قالماپتۇ. ھەممىلا ئورۇندۇقلاردا ئوقۇغۇچىلار بىردىن ـ ئىككىدىن ئولتۇرۇپ، كىتاب ئوقۇۋېتىپتۇ. بىر پارچە ژۇرنالنى قولتۇقلاپ، باغنىڭ چېتىدىكى ئىشخانىلارنىڭ ئالدىغا كەلدىم. ئىشىك ئالدىدىكى پەلەمپەيگە قەغەزنى يېيىپ، ئالمىلىق باغقا قاراپ ئولتۇردۇم. ژۇرنالنى ئېچىپ، جالا-لىدىن بەھرامنىڭ «يېتىمە» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇشقا كىرىشتىم. ھېكايىدە بىر يېتىم قىزنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، مەندە كۈچلۈك تەسىرات قوزغىدى. ئوقۇپ كېتىۋېتىپ، كۆز چاناقلىرىمغا ياش تولدى. مەن خەتنى ئېنىق كۆرەلمەي، نەچچە قېتىم توختاپ قالدىم. ھېكا-يىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئىنگىكىمنى يۆلىگىنىمچە، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدىم...

بىر چاغدا بېشىمنى كۆتۈرۈپ، باغقا قارىدىم ـ دە، قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. چۈنكى ئۇدۇلۇمدا ـــ ئالمىلىق باغدا بىر ناتونۇش قىز مەن تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇپ، پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن بېرىلىپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ قىز چاترىقىنى كىرىۋالغان بولۇپ، ئىككى تېقىمى ئاپئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن مەستانە بولۇپ قارىدىم ـ يۇ، قاراۋاتقانلىقىمنى بىلىپ قېلىشىدىن نومۇس قىلىپ، دەرھال باشقا ياققا قارىۋالدىم. ئەمدى مېنىڭ دىققىتىم پۈتۈنلەي چېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، ژۇرنال ئوقۇشۇم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ قوپۇپ كەتكۈم كەلمەي، ژۇرنال ئوقۇغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، چاندۇرماستىن ئەتراپقا ئاستا كۆز يۈگۈرۈتتۈم. باغدا ئوقۇغۇچىلار شالاڭلاپ قالغان ئىدى. ئۇدۇلۇمدىكى قىز يەنىلا شۇ ھالەتتە ئولتۇراتتى. مەن تاھازىرغىچە بىرەر قىزنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم، شۇڭا ئالدىمدىكى قىزدىن كۆزۈمنى ئۈزۈۋالالماي قالدىم. ئۇنىڭ ئاپئاق پاچاقلىرى كۆزۈمنى ئالاچەكمەن قىلىپ، كۆڭلۈمنى داۋۇلغۇتاتتى. نېمانچە سۈزۈك؟ نېمانچە ئاق ـ ھە؟ خۇددى بىلىقنىڭ ئۆزى...

قىز بېشىنى كۆتۈردى. مېنى كۆرۈپ، ئېتىكى بىلەن دەرھال ئالدىنى

ياپتى. مەن ئوڭايسىزلىنىپ، ئالدىراپ ژۇرنالغا قارىۋالدىم. بېشىمنى كۆتۈرسەم، ئۇ قىز ئىسسىق مېھرى بىلەن ماڭا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. بىز شۇنداق ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئىدۇقكى، بىردىنلا غەلىتە بىر خىل خىيال كۆڭلۈمدىن كېچىپ ئۆتتى. ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا مەقسەتلىك ھالدا ئاشۇنداق ئولتۇرغان ئوخشىمامدۇ؟ ئۇنىڭ خۇمارلاشقان كۆزلىرىدىن روھى ئېچىرقاپ كەتكەنلىكى بىلىنىپلا تۇراتتى. بولمىسا ئۇ ئېتىكى بىلەن ئالدىنى ھەم يېپىقان بولاتتى، مېنىڭ يوشۇرۇنچە قاراۋاتقانلىقىمنى بىلسە، تىللاشتىن يانمايتتى. ئۇ ماڭا قاراپ ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرەۋاتاتتى.

ئۇ كىتاب، خاتىرىلىرىنى قولتۇقلاپ مېڭىشقا تەمشەلدى. ئۇنىڭ ماڭا گەپ قىلغۇسى بار — يۇ، تونۇشمىغاچقا، ئەپسىز كۆرۈپ كېتىپ قالدى. بۇ قىز كىم بولغىيتتى؟ قايسى فاكۇلتېتتا ئوقۇيدىكىنە؟ مەن ئۇنىڭ كەينىدىن سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنىڭ تىل فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدىغان قىز ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بۇرۇندىنلا ئۇقمايدىكەنمەن. بىردىنلا ئۇ قىزغا ھەم ئۆزۈمگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

※ ※ ※

ھەي، شەيتان، تىنچ يۈرگەن ئادەملەرنى ھاۋايى — ھەۋەس يولىغا باشلايدىغان شەيتان... باغدا ھېلىقى قىزنىڭ ئۇدۇلۇمغا كېلىپ ئولتۇرغان ھالىتى كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمەيدىغان بولدى. مەن بۇرۇن قىزلارنى تىزىدىن ئاشىدىغان كۆڭلەك، ئوشۇقىدىن ئاشىدىغان ئىشتان بىلەنلا كۆرگەن ئىدىم. ئاشۇ كۆڭلەك، ئىشتاننىڭ ئىچىدىكى پاچاقلار ئاجايىپ ئاق، سۈزۈك، جەلىپ قىلارلىق بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟

ئەنە شۇ كۈندىن تارتىپ، مەن رۇقىيەنى يالىڭاچ ھالەتتە تەسەۋۋۇر

قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۆزۈمنىڭ بۇ ھاياسىز خىياللىرىمنى قوغلىۋېتىپ، رۇقىيەنىڭ كىيىملىك ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشكە تىرىشاتتىم. ئۇنىڭ ئىككى خىل ھالىتى كاللامدا ئورۇن تالىشىپ، يەنىلا يالىڭاچ ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى. مەن رۇقىيەنىڭ ئاشۇ ھالىتى بىلەن كارىۋاتتا خىيالىي قۇچاقلىشىپ ياتىدىغان بولدۇم.

مەن ھەر ئاخشىمى يېنىمغا سىيرىلىپ قالغان يوتقاننى مەھكەم قۇچاقلايمەن. يوتقان خىيالىمدا يالىڭاچ رۇقىيەگە ئايلىنىدۇ. مەن رۇقىيەنى قۇچاقلايمەن، سۆيىمەن، بەدىنىنى توختىماستىن سىلايمەن، ئۇ ئاستا ئاستا قىمىشىپ، يىلاندەك تولغىنىشقا باشلايدۇ، مەنمۇ بۇقىدەك چىڭقىلىپ، ئورنۇمدىن ئاستا قوپىمەن... ئاشۇ ئىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىنلا ئۆزۈمنى تاشلاپ ياتىمەن. بايانىقى خىيالىي لەززەتنىڭ ئورنىنى ئەمدى كۆڭۈل غەشلىكى ئىگىلەيدۇ. پۈتۈن بەدىنىم بۇلغىنىپ كەتكەندەك، ئۆزۈم ئۆزۈمگە ناپاك تۇيۇلۇپ ياتالمايمەن. مەن چېلەك، كورۇشكىنى كۆتۈرۈپ، سۇخانىغا چىقىمەن. بىر چېلەك سۇنى ئېلىپ، سۇخانا بىلەن قوشنا ھاجەتخانىغا كىرىمەن، ناپاك تېنىمنى سۇغا سالىمەن. ئىسىت، مۇشۇمۇ ئىنساننىڭ كۈنىمۇ دېگىنىمچە، ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئېچىنىمەن ھەم قاتتىق نەپرەتلىنىمەن. ھاجەتخانىدىكى ئىككى قوللۇق، ئىككى پۇتلۇق... ئەپتىمگە قاراپ، ئۆز ـ ئۆزۈمدىن سەسكىنىمەن. ئادەمنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقى؟ ئۇنىڭ ئۆزە ماگدىغانلىقى، بەدىنىنىڭ مويسىز ئىكەنلىكىدىمۇ؟ بەزىدە ئىنتايىن ئالىيجاناب، بەزىدە ئىنتايىن رەزىل، يىرگىنچلىك ئوي ـ خىياللار داشقاينىق ھالەتتە داۋۇلغۇپ تۇرىدىغان مېڭىسىنىڭ بولغانلىقىدىمۇ؟

بۇ ئىشنىڭ ئىنتايىن چاكىنىلىق، پەسكەشلىك ئىكەنلىكى كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى. كىم بىلسۇن، دۇنيادا مانا مۇشۇنداق شەكىل، ئۇسۇلدىكى چاكىنىلىق، پەسكەشلىك، رەزىللىكلەردىن ئادەم خۇشاللىق، لەززەتلەرگە ئېرىشىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئادەم پاك، ئالىيجاناب بولسا، ھەر خىل خۇشاللىق،

لەززەتلەردىن قۇرۇق قىلىپ، ئازاب ئىچىدە ياشايدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئادەم بۇ دۇنياغا نىمە مەقسەتتە كېلىدۇ؟ نىمە مەقسەتتە ياشايدۇ؟ خۇشاللىق، لەززەتكە ئېرىشىش ئۇچۇنمۇ ياكى ھەقىقىي ئادىمىيلىك نىرۋاناسىغا يېتىش ئۇچۇنمۇ؟ ئادەم ئالىيجانابلىققا يېتىش ئۇچۇن خۇشاللىق، لەززەتكە ئېرىشتۇرگۇچى ھەر خىل چاكىنىلىق، پەسكەشلىك، رەزىللىكلەردىن ئۆزىنى تارتىشى كېرەك. ئۇنداقتا، ئاشۇنداق ئالىيجاناب ئادەم بولۇشتىكى مەقسەت نىمە؟

مەن سەئىد ئەخمەتتىن كەلگەن خەتنى كۆرۈپ، رۇقىيەنىڭ پاكلىقى ئۇچۇن، ئۇلارنىڭ ۋىسالى ئۇچۇن، رۇقىيەدىن ئۆزۈمنى مەقسەتلىك تارتتىم. ئەمما بۇنىڭدىن نىمىگە ئېرىشتىم؟ ھازىر رۇقىيە مەندىن رەنجىپ يۇرمەكتە. ئەگەر مەن سەئىد ئەخمەتتىن رۇقىيەنى تارتىۋېلىشتەك رەزىل پىلاننى كۆڭلۇمگە پۇكۇپ ئىش قىلغىنىمدا، رۇقىيەنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ خۇشاللىققا ئېرىشتۇرۇشىم مۇمكىن ئىدى. ئالىيجاناب، پاك ئادەم بولۇش ئۆزىگە نۇرغۇن ئازابلارنى بەدەل قىلىدىكەن. بۇ قىسقىغىنە ھاياتنى ئازاب ئىچىدە كۆز يېشى بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىش ئەرزىمدۇ؟ ئالىيجانابلىقمۇ بىر خىل غەلىتە ئەخمەقلىق ئىكەن. ئادەم بۇنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا ئەخمەقلەرچە ئالىيجانابلىققا ئىنتىلىدىكەن. بۇمۇ ئاخىرى بېرىپ يەنىلا شۇ ئادەمنىڭ ھەر خىل ئارزۇ - ئىستەكلىرىگە يېتىشى ئۇچۇندۇر...

بەلكىم، باغدىكى ئاشۇ قىز مېنى ئازدۇرۇش ئۇچۇن قىز شەكلىگە كىرىۋالغان شەيتاندۇ. ئۇ كۆڭلىكىنى ئۇچۇرۇپ، چاچلىرىنى تىقىمىدا ئوينىتىپ، كەينىگە قايرىلىپ قىيا باققىنىچە بىنالارنىڭ ئارىسىدىكى يولدىن كېتىپ قالغاندەك قىلغان. ئەمدىلىكتە ئويلىسام، ئۇ سەزدۇرمەستىن مېنىڭ كاللامغا كىرىۋالغان ئىكەن. ئۇ ھلمانە مېنىڭ ئەسەبلىرىمنى غىدىقلاپ، رۇقىيەنى كۆز ئالدىمغا كەلتۇرىدۇ. شۇ چاغدا مەن ئىرادەمگە قارشى ھالدا يەنە يوتقاننى مەھكەم قۇچاقلايمەن. مەن ياناقىنى، كارىۋاتنى، ھەتتا يوتقاننىمۇ ئۇنتۇپ قالىمەن. مەن رۇقىيەنى قۇچاقلاپ، ئاجايىپ شېرىن لەززەتلەرگە

چۈمۈلمەن...

مەن سېھرگەر بولغىنىمدا، يوتقاندىن رۇقىيەنى پەيدا قىلالىغىنىمدا، بۇ ھاياتىم جەننەتتىكىدىنمۇ گۈزەل، بەختلىك ئۆتكەن بولاتتى. مەن يوتقاننى قۇچاقلاپ ياتقان شۇ كۈنلەردە رۇقىيەنى باشقا بىرسى قۇچاقلاپ ياتقان بولسا، بۇ دۇنيا مەن ئۈچۈن قورقۇنچلۇق دوزاخقا ئايلانغان بولاتتى.

ئاشۇ كۈنلەردە ئادەم ئىشەنگۈسىز بىر شۇم خەۋەر ماڭا يەتتى: رۇقىيە ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدىكى گۈلسۈم بىلەن جىنسداش ئاشىق ــ مەشۇقمىش. گۈلسۈم چۈشلۈكلىرى رۇقىيەنىڭ پەردە تارتىلغان كارىۋىتىدا بىللە ياتارمىش. كەچكى مۇزاكىرىدىن يېرىم سائەت بۇرۇن چۈشۈپ، ئىككىسى ئىشكنى ئىچىدىن تاقىۋالارمىش، ھەتتا بەزىدە ئىشىكنىمۇ تاقىمايمىش. قىزلار گۈلسۈمنىڭ رۇقىيەنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنمىش. بەزى ئاخشاملىرى گۈلسۈم يېرىم كېچىگىچە ئۆز يوتقىنىغا چىقىپ كەتمەسمىش. شۇنداق چاغلاردا رۇقىيە «ۋىيەي... بولدى قىل! چىدىيالمىدىم...» دەپ ئىڭراپ كېتەرمىش، كارىۋات لەپپەڭشىپ توختىمىغاچقا، ئۈستىدىكى قىزمۇ ئۇخلىيالماسمىش...

ماڭا بۇ نېمە كۆرگىلىك ــ ھە؟ مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن كۈن ھېچبىر ئىنساننىڭ بېشىغا كەلمىگەندۇ. مەن ئىشەنمەيمەن! بۇ گەپلەرگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن! مۇشۇنداق ئىشنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىنمۇ؟ ئىككى قىز بىر ــ بىرى بىلەن قانداقمۇ مۇھەببەت باغلاشسۇن؟ بۇ پۈتۈنلەي يالغان، ئويدۇرما، ئەپقاچتى گەپلەر! يېقىندىن بۇيان رۇقىيە بارغانسېرى ھۆسنىگە تولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭغا تەلپۈنىدىغانلار، چىشىنى بىلەيدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتاتتى. بۇ چوقۇم رۇقىيەگە يېتەلمىگەن نامەردلەر توقۇپ چىقارغان سۆز ــ چۆچەك! ئادەم دېگەن قانچە قارا نىيەت ــ ھە؟ رۇقىيە بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىمۇ؟ ياق! ئۇ ھەرگىز ئاڭلىمىسۇن، بۇ گەپلەر ئۇنىڭغا بەكلا ئېغىر كېلىدۇ. ئۇ ئازابلانسا بولمايدۇ، ئۇ بۇ گەپلەرنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق

بىرەلمەيدۇ. ئەگەر قولۇمدىن كەلسە، ئاشۇ قارا نىيەتلەرنىڭ ئاغزىنى بىر-دىن ـ بىردىن تىكىۋەتسەممۇ غەزىپىم بېسىلمايدۇ.

گۈلسۈمنىڭ بىنورمال ھالىتى مېنىمۇ گۇمانغا سېلىپ قويانتى. ئۇ خۇددى ئوغۇل بالىلاردەك يەرنى ئويۇۋېتىدىغاندەك گۈسۈلدەپ دەسسەپ ماڭاتتى. مىجەزىمۇ ئىتتىك، قوپال ئىدى. مەيداندا بىرەر قىرماقچا پۇتىنى ئېلىپ، تىزىغا كىتتارنى قويۇپ چېلىپ، بوم ئاۋازدا ناخشا ئېيتاتتى. ياز كۈنلىرىمۇ كۆپىنچە ئىشتان كىيىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئەركەكزەدەكلەركە خاس ھالىتى باشقىلارنى بۇ سۆز ـ چۆچەككە ئاسانلا ئىشەندۈرۈپ قويانتى.

ئاشۇ سەت، ئەبگا قىز بىلەن پەرىزاتتەك گۈزەل رۇقىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاشۇنداق ئىشنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ھەي، ئادەم دېگەن ـ ھە؟ ئۇلارنىڭ رۇقىيەگە زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن توقۇپ چىققان سۆز ـ چۆچەكلىرىدىن ئۆرگىلەي. ئېھتىمال، بۇنى مېنى كۆرەلمەيدىغان دۈشمەنلىرىم ئويدۇرۇپ چىقارغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

بىردىنلا باغدىكى ھېلىقى قىز يادىمغا يەتتى. ئۇمۇ مۇشۇ كۈنلەردە بىرەر ئوغۇل دوستقا شۇ قەدەر موھتاج بولغان بولغىيتتى. ئادەمنىڭ يىگىر-مە ياشتىن ئاشقاندىمۇ قارشى جىنستىكى بىرەر دوستىنىڭ بولماسلىقى قانچە ئازابلىق ئىش ـ ھە؟ بۇنداق ئازابنى كىتابلار بىلەن، ئۇلۇغۋار غايىلەر ھەققىدىكى ئىستەكلەر بىلەنمۇ باسماق تەس. ئەي، رۇقىيە! ئاخشاملىرى مەن سېنى ئويلاپ ياتالمىغاندەك، سەنمۇ مېنى ئويلاپ، ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالماسەنمۇ؟ ئەمما مەن زىيادە ئاق كۆڭۈللۈك، ساددا ئالىيجانابلىق قىلىپ، سېنىڭ ئاشۇ ئىستەكلىرىڭنى قاندۇرالمىغاندىمەنمۇ؟ ئۇنداق بولمىغىنىدا، سەن ھەرگىز مۇشۇنداق سۆز ـ چۆچەككە قالمايتتىڭ.

مەن بۇ ئىشنى كالالامغا زادى سىغدۇرالمىدىم. رۇقىيەنىڭ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتسا بولمايدىغان نەرى باردۇ؟ ئۇ رۇقىيەنى ئۆزىگە شۇنچە رام قىلىۋالدىمكىنە؟ بۇ ھەقتە مېنىڭ رۇقىيەگە ئۆگىتىشىمنىڭ ھاجىتى يوق

ئىدى. بۇنى ئۇنىڭغا ئوچۇق ـ ئاشكارا يېرىپ دېسەم، يۈزىگە سەت بولاتتى. بەلكىم، ئۇنى بۇ دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىم زۆرۈردۇ. كىم بىلىدۇ، ئۇلار ئىككىسى راستىنلا ئاشىق ـ مەشۇق بولسا، ئۇ بۇ خورلۇق، ئازابلارنى تارتىشقىمۇ رازىدۇ.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن رۇقىيە گۈلسۈمدىن ئۆزىنى ئاستا ـ ئاستا تارتىشى مۇمكىن دەپ ئويلاپتىمەن. ئەمما كېيىنكى ئىشلار ئويۇمنىڭ ئەكسىچە بولدى. ئۇلارنىڭ بىللە يۈرگىنىنى پات ـ پاتلا كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم. ئاڭلىسام، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىمۇ يېقىن ئىكەن، شۇڭا ئۆيلىرىگە بارغاندىمۇ بىللە ماڭىدىكەن.

بۇ جاھان نېمە بولۇپ كەتتى ـ ھە؟ رۇقىيە بىلەن گۈلسۈم ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىقنىڭ تېگىگە زادى يېتەلمىدىم. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىسىنى مۇنچە مەھكەم باغلاپ تۇرىدىغان نەرسە زادى نېمىدۇ؟ ئەركەكزەدەكلەر قىزلارنى ئوغۇللارغا ئوخشاشلا ئۆزىگە رام قىلىۋالامدىغاندۇ؟ بۇ راستىنلا مۇمكىن بولسا، رۇقىيەنىڭ مۇشۇنداق ناجىنس جادىگەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىنىنى قارىمامدىغان؟

بۇ ئىشلار ماڭا خۇددى چۈشتەكلا تۇيۇلماقتا. مەن كۆزۈمنى شاپپىدە ئاچسام، ھەقىقىي رېئال دۇنيانى كۆرسەم، بېشىمنى چايقىۋېتىپ يەڭگىل بولۇپ كەتسەم، ئۇ چاغدا قانچە ياخشى بولاتتى؟ ئەپسۇسكى، مېنىڭ كۆرگىنىم، ئاڭلىغىنىم، ھەقىقىي رېئاللىق، ئادەمنى شۈركەندۈرىدىغان قورقۇنچلۇق رېئاللىق ئىدى.

رۇقىيەنى ھەر قېتىم كۆرسەم، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. ئۇ كۆزۈمگە ئېيتقىلى بولمايدىغان، قانداقتۇر بىر دەرد ـ ھەسرەتنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەندەك كۆرۈنىدۇ. بىر تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئۆچلۈكۈم كېلىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ، تىللىغۇم كېلىدۇ.

شۇ كۈنلەردە رۇقىيە بىلەن ئىككىمىزنىڭ يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس

قىلىشقا باشلىدىم. ئەمما كۆڭلۈمدە مۇشۇنداق قىزنى سۆيۈشكە، ئىشقىدا كۆيۈشكە ئەرزىمدۇ، دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىمەن. گۈلسۈمنى ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان ئالۋاستىنى كۆرگەندەك تۇيغۇدا بولىمەن. ئۇنىڭ قانسىز، سارغۇچ يۈزى، مەگز سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان سوغۇق تەلەتى، ئىپادىسىز، خۇنۇك كۆزلىرى ئادەمنى شۈركەندۈرۈپ، ئاشۇنداق تۇيغۇغا كەلتۈرەتتى. رۇقىيەنىڭ مۇشۇنداق سۆرۈن تەلەت بىر قىز بىلەن قانداقلارچە ئاشۇنداق يېقىن ئۆتىدىغانلىقىغا ھېچ ئەقلىم يەتمەيتتى. گۈلسۈم راستىنلا بىر ئالۋاستى، ئۇ خالىي قالغان چاغلاردا رۇقىيەنىڭ قېنىنى شوراۋاتقان بولسا...

ئەمدى سىنىپتىمۇ ئولتۇرغۇم كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. تەنەپپۇس ۋاقىتلىرىدا سىرتقا چىقىپ كېتىمەن. دەرستىن كېيىنكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا، بەزىدە كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقىتلىرىدىمۇ قىرائەتخانىغا كىرىۋالىمەن. گېزىت ـ ژۇرناللار ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ۋاقىتىمدىلا، بۇ خىياللار دەھشىتىدىن بىردەملىككە بولسىمۇ قۇتۇلىمەن.

بەزىدە مەكتەپتىمۇ تۇرغۇم كەلمەي، مەكتەپ كەينىدىكى چوڭ ئالمىلىق باغقا چىقىپ كېتىمەن. ئېتىزلارنى ئارىلايمەن، يالپېشىل بېدىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىر بېشىدا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيمەن. بەزىدە قىسقۇچلۇق تاختىنى تىزىمغا قويۇپ، شېئىر يازىمەن. ئالدىمدىكى مۇنۇ مەكتەپ ئىچى بىر دۇنيا، تېشى يەنە بىر دۇنيا. ئادەملەردىن خالىي بۇ باغ قانچە تىنچ، خاتىرجەم ـ ھە؟

مەن ئالدىمدىكى يايپېشىل بېدىلەرنىڭ ئۈچىنى سىلاپ قويدۇم. ئەتراپىمدىكى شالاڭ تىكىلگەن ئالما دەرەخلىرىگە قاراپ ئويلىنىپ قالدىم: ئادەم بۇ دۇنيادىن بەزگەن چاغلاردا بىر تۈپ بېدىگە ئايلىنىپ، ئاشۇ يۇمران بېدىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغىلى بولسا ياكى بىر نەچچە يىل بولسىمۇ بىرەر تۈپ ئالما دەرىخىگە ئايلىنىۋالغىلى بولسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازابلىرىنى سەز-

مسه...

مۇشۇنداق تەنها ئۇلتۇرغان چېغىمدا ياللداپ تۇرغان ئوتلۇق قۇياش خۇددى فوكۇس نۇقتىسىنى ماڭا تەگكۈزگەندەك ئالتۇن نۇرلىرىنى ئۇستۈمگە سېپەتتى. مەن تەگرىگە ئىلتىجا قىلغاندەك قۇياشقا بېشىمنى ئېگىپ، يۈرىكىمدە تىلىدىم: ئەي، مۇقەددەس قۇياش! سەن مېنى تېخىمۇ بەكرەك قىزىتقىن. مەن سىمابتەك ئېرىپ، ئانا تۇپراق قوينىغا سىڭىپ كېتەي. مېنىڭ زادىلا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، بۇ دۇنيادىكى يىرگىنچلىك ئىشلار-نى كۆرۈپ داۋاملىق ياشىغۇم يوق... مەن باشقىلارغا ئوخشاش ئازابلانماي ياشىشىم ئۈچۈن ئاشۇلارغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشىم، ئاشۇلارغا ئوخشاش ئادەم بولۇشۇم كېرەك ئىكەن. ئەمما بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، مېنىڭ تەبىئىتىم ئەسلىدىنلا ئۇنداق يارالماپتىكەن...

مۇشۇ كۈنلەردە چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا ئۇخلىيالمايدىغان، ھەتتا يېتىپمۇ ياتالمايدىغان بولۇپ قالدىم. ساۋاقداشلىرىم بېشى ياستۇققا تېگىپ بولغۇچە ئۇيقۇغا كېتىدۇ. ماڭا رۇقىيەنىڭ ئەرۋاھى چاپلاشقاندەك، باشقىلار ئۇيقۇغا كەتكەن چىغقى چۈشلۈكى بۇ ئەرۋاھ مېنى ياتاقتىن ئېلىپ چىقىپ، مەكتەپ سىرتىغا باشلاپ ماڭىدۇ. مەن ئۇيقۇلۇق سەيلە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەمدەك مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ، تۆمەن دەرياسى بويىدىكى كۆممىقوناقلىققا كىلىمەن. قوناقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز، تەكشى ئۆسكەن تاللارنىڭ ئاستىدا ئولتۇرىمەن. ئەتراپ يۇپيورۇق، تىمتاس، بۇ يەردىن تۆمەن دەرياسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. قوناقلىقنىڭ ئارىسىدىن كىملەردۇر مارىلاۋاتقاندەك، مېنى يېنىغا چاقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. مەن بىرسى قو-لۇمدىن يېتىلىگەندەك ئېتىزلىقنىڭ ئۇستىدىكى تام يېنىدا مۆكچىيىپ تۇر-غان جىگدىلەرنىڭ يېنىغا كېلىمەن. ئىككى تال قىڭغىر شېخى بار بىر تۇپ ياش جىگدە كۆزۈمگە رۇقىيەگە ئوخشاش بولۇپ كۆرۈنىدۇ. مەن ئاشۇ جىگدىنى قۇچاقلايمەن. ئاشۇ جىگدە مېنىڭ خىيالىمدا ئاستا ـ ئاستا

رۇقىيەگە ئۆزگىرىدۇ... مانا ئەمدى پۈتۈن تېنىم بۇلغانغان، مەن قەغەز بىلەن يۈزۈمنى قۇياشتىن توسۇپ، تۆمەن دەرياسى بويىغا كېلىمەن، كىيىملىرىمنى سېلىپ، قىپيالىڭاچ ھالەتتە دەريا سۈيىگە چۆمۈلۈپ، ئۆزۈمنى پاكلايمەن.

چىڭقى چۈشلۈكى قوناقلىقنىڭ ئۈتتۈرىسىدىكى تاللار ئاستىدا يالغۇز ئولتۇرغىنىمنى، جىگدىنى مەھكەم قۇچاقلاپ يۈزۈمنى يېقىپ تۇرغىنىمنى بىرەرسى كۆرسە، نېرۋىسىدىن ئاداشقان ساراڭ ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالىدۇ. مەنمۇ شۇ كۈنلەردە ئۆزۈمنىڭ سلق ياكى ساراڭ ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ قالدىم. بەلكىم، شۇنچىۋالا ئوغۇل باللار تۇرغان يەردە بىر ئەركەكزەدەك قىز بىلەن ئاشۇنداق سىرلىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ يۈرگەن ئاشۇ رۇقىيە ساراڭدۇ.

روھىم ئېچىرقاپ كەتكەن ئىدى. بۇنى كىتابلاردىن ئالىدىغان ئوزۇق بىلەن قاندۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. مېنى بۇ ئېچىرقاشتىن رۇقىيەلا قۇتۇلدۇرالايتتى. ئۇنىڭ مېنى بىر قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويۇشى روھىمغا زور ئوزۇق ئىدى. كۆللەرگە قارىسام، ئۆردەكلەر جۈپ ـ جۈپى بىلەن يۈرۈشىدۇ؛ تاغقا قارىسام، بىر چىۋىن يەنە بىر چىۋىننىڭ ئۈستىگە قونۇۋاپتۇ. ئەتراپىمغا قارىسام، شۇنچىۋالا كۆپ قىزلار، ئەمما ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ ماڭا كۆڭلىنى بەرمىگەن. رۇقىيە، ئۆزى گۈزەل، لېكىن تاش يۈرەك ئاشۇ رۇقىيە قەلبىمنى پۈتۈنلەي ئىگىلىۋالمىغىنىدا، مۇنچىۋالا ئېچىرقاش ئازابلىرىغا قالمىغانمۇ بولاتتىم. سىنىپقا كىرسەم، ئالدىمدا رۇقىيە؛ سىنىپ، ياتاق، قىرائەتخانا ئارىلىقىدا يۈرگىنىمدە خىيالىمدا رۇقىيە؛ كىتاب ئوقۇسام، كىتاب بېتىدە رۇقىيە؛ تاماق يېسەم، چاي ئىچسەم، پىيالە ئىچىدە يەنە شۇ رۇقىيە؛ ئويغۇمدا رۇقىيە، چۈشۈمدىمۇ رۇقىيە... خۇددى ئەرۋاھتەك ئۇ ھەر دائىم مەن بىلەن بىللە...

بەزىدە خۇدادىن شۇنى تىلەپ كېتىمەن: ئەي، خۇدا! مېنىڭ كۆڭۈل رىشتىمنى مەنمۇ سۆيىدىغان، مېنىمۇ سۆيىدىغان بىرەر قىزغا باغلاپ قويساڭ

نه بولغاي؟ مانا ئەمدى يا رۇقىيەنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولالمسام، يا ئۇنىڭ كۆيۈك ئوتىدىن قۇتۇلالمسام. سەن مېنى مۇنچىلىك ئازابلىغاندىن كۆرە، جېنىمنىلا ئال. مەن ئۆلۈپ كەتسەممۇ، سەندىن رازى ئىدىم. رۇقىيەنىڭ مۇشۇ كۆنلەردە قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى كۆرمەيۋاتامدىغانسەن؟ رۇقىيە بىلەن گۈلسۈم ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار پەقەت ساڭىلا ئايان. مەن قوناقلىق ئوتتۇرىسىدىكى تاللار ئاستىدا ساڭا سىغىنىپ تەنها ئولتۇرغىنىمدا، جىگدىنى قۇچاقلاپ تۇرغىنىمدا، پەرىشتىلەردىن بىرىنى ئەۋەتىپ: «ئەي، ئاجىز بەندەم! باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمە، ئۇلار ئىككىسى ئاچا ـ سىڭىللاردەك يېقىن دوست، مەن سېنىڭ مۇھەببىتىڭنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈنلا مۇشۇنداق دەھشەتلىك سىناقلارنى ئورۇنلاشتۇردۇم. سېنى ھامان بىر كۈنى ۋىسالىڭغا يەتكۈزىمەن» دېگەن سۆزلەرنى يەتكۈزگىنىڭدە، خوشاللىقتىن نېمە بولۇپ كېتەرمەن؟

چۈشلۈكى جىگدىنى رۇقىيەگە ئۆزگەرتىش، ئاخشىمى يوتقاننى رۇقىيەگە ئايلاندۇرۇش، ئاشۇ جانسىز، ھېسسىياتسىز نەرسىلەرنى قۇچاقلاش ئارقىلىق، ئېچىرقىغان روھىمغا تەسەللى ئىزدەش نەقەدەر بىچارىلىك ـ ھە؟ باللىق چاغلىرىمدا بىر كىنودىن بىر ئايالنىڭ ئورۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىنى سېغىنىپ، ئۇنىڭ ياغاچ مودىلىنى ياساپ، ھەر كېچىسى كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ ھەمراھ قىلىدىغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. شۇ چاغدا تېنىم شۈركىنىپ، قەلبىم لەرزىگە كەلگەن ئىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ ئايالدەك كۈنگە قالغانلىقىمنى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر كۈنگە قالغانلىقىمنى بىلىپ يەتتىم. چۈنكى ئۇ ئايالنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەچكە، نائىلاج ئېرىنىڭ مودىلىنى قۇچاقلىغان ئىدى. بىراق مەنچۇ؟ مېنىڭ سۆيگىنىم ھايات تۇرۇقلۇق، تېخى ئۇ يېنىمدا تۇرۇقلۇق ئۆزىنى باغرىمغا بېسىشقا نائىل بولالماي، تەسەۋۋۇرۇمدا يوتقان، جىگدىنى ئۇنىڭغا ئۆزگەرتىپ قۇچاقلاتاتتىم.

ئاشۇ جىگدىدە جىن ئۇۋىلىغان بولسا ـ ھە؟ بۇگۈن چۈشلۈك تاماقتىن

كېيىن كارىۋاتقا قىڭغىيىپ ياتقان چېغىمدا بىرسى يەنە قولۇمدىن تارتقاندەك تۇيۇلۇپ، ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ ئوڭغا قايرىلىپ، يەنە شۇ ياققا قاراپ ماڭدىم. بوگون جىگدىنىڭ قېشىغا بارماي، قوناقلىقتىن ئۆتۈپ، تومەن دەرياسى بويىغا كەلدىم. دەريادا بىر ئەر كىشى قىپيالىڭاچ ھالەتتە سۇغا چۆمۈلۈۋاتاتتى. مەن كىيىملىرىمنى پۈتۈنلەي سېلىۋېتىشتىن نومۇس قىلىپ، نېرىسىغا كەتتىم.

دەريانىڭ ئۇ قېتىدا قېلىن، تەكشى ئۆسكەن قىرچىن تاللار سۇدىن قانغۇچە ئىچىپ بوككىدە ياشىرىپ تۇراتتى. دەريا ساھىلى قۇمساڭغۇ نەم قۇم بولۇپ، تەنگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. مەن سۇغا چۆمۈلۈپ چىقىپ، قىرغاقتىكى نەم قۇمدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتتىم. قۇياش نۇرى بەدىنىمنى قىزدۇرۇپ تاۋلىماقتا ئىدى. ئادەملەردىن خالىي جايىنىڭ ئۆزىگە خاس ھۇزۇرى بولىدۇ. مەن نەم قۇمغا رۇقىيەنىڭ رەسىمىنى سىزدىم، ئاستا تىزلىنىپ، ئۇنى باغاشلاپ ياتتىم... مۇشۇ تاپتا رۇقىيە ئۇخلاۋاتقان بولسا، چوقۇم مېنى چۈشىدە كۆردى. ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ قوپۇپ، چۈشىدىكى ئىشلارنى خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى...

※ ※ ※

تېنىم بارغانسېرى ئاجىزلاشماقتا، بۇنىڭغا ئەگىشىپ كۆڭلۈممۇ بارغانسېرى نازۇكلاشماقتا. مەن ئاسمان ئۆرۈلسىمۇ، ئاستىدا ملىتا يەيدىغان غەم يېمەسلەردىن بولۇپ باقاي دەپ ئۇرۇنساممۇ ھەرگىز بولالمايمەن. مەن رۇقىيەنىڭ ھەر بىر سۆزى، ھەرىكىتىگە، بەزى ساۋاقداشلىرىمنىڭ ۋاقىتنى بىھۇدە ئىشلارغا سەرپ قىلىپ، ھاياتنى خۇددى ئويۇندەكلا ئۆتكۈزۈپ يۈرگەنلىكىگە، بۇ تەڭسىز دۇنيادىكى نۇرغۇن بىمەنە، ناھەق ئىشلارغا پەرۋا قىلماستىن يۈرەي دېسەممۇ ئامالىم يوق.

«ۋاقىت خاتىرىلەش ئۇسۇلى»نى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇۋاتىمەن. كىرسىن چىراغ كەچلىك مۇزاكىرىدىن كېيىن يەنىلا يورۇماقتا. كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ قاتتىق ئۆگىنىشتىن كۈچ ـ ماغدۇرۇم قۇرۇپ، ئەمدىلىكتە قەلەمنىمۇ راۋۇرۇس تۇتالمايدىغان بولۇپ قالدىم. مۇشۇ كۈنلەردە خەت يازسام، قولۇم تىترەيدىغان بولۇپ قالدى. مەن دەرسلىك كىتابلاردىن باشقا كىتابلارنى ۋاقىتلىق كۆرمەي ئارام ئېلىشقا، كۈچ ـ ماغدۇرۇمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە، ئاجىزلىشىپ كەتكەن نېرۋامنى قۇۋۋەتلەشكە بەكمۇ موھتاج ئىدىم. ئەمما كىتابسىز، يېڭى بىلىمسىز بىرەر كۈننى ئۆتكۈزسەم، خۇددى تاماقسىز ئاچ قالغان ئادەمدەك شۇ بىر كۈننى بىئاراملىق ئىچىدە ئۆتكۈزەتتىم.

ئەپتىمگە قاراپ، ئۆزۈمدىنمۇ غەم قىلىپ قالدىم. بارغانسېرى ئورۇقلاپ، ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىمغا قاراپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى نىكاھ ئىشلىرىمدىنمۇ ئەنسىرەپ قالدىم. بىر يىلدىن كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يۇرتۇمغا قايتسام، ئاتا ـ ئانام مېنى توي قىلىشقا ئالدىراتتى. مۇشۇنداق ئورۇق، ئاجىز ئەپتىم بىلەن بىرەر ئايالغا قانداقمۇ ئەر بولالارمەن؟

ئەتراپىمغا قاراپ باقسام، ئۆزىنى ئۆگىنىشكە ئۇرۇپ كەتمەيدىغان ئوقۇغۇچىلار بەدىنى تولغان، كۈچ ـ ماغدۇرىمۇ ئۇرغۇپ تۇرغان ھالەتتە يۈرىشىدۇ. ئۇلار پۇللىرىنى ئويۇن ـ تاماشىغا، يەپ ـ ئىچىشكە خەجلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئويۇن ـ تاماشىدىن كۆڭلى تويۇنسا، يەپ ـ ئىچىشلەردىن بەدىنى قۇۋۋەتلىنىدۇ. بىراق مېنىڭچۇ؟ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، باش كۆتۈرمەي ئۆگىنىشىم بەدىنىمدىكى قۇۋۋەتنى توختىماستىن شۇمۇرگىنى شۇمۇرگەن. مەن ئۆيدىن ئەۋەتىلگەن پۇللارنىڭ ھەممىسىگە كىتاب سېتىۋالىمەن.

بەزىدە ئۆزۈمنىڭ ھالىتىگە قاراپ، شۇنداقمۇ ئويلاپ قالىمەن: مەنمۇ باشقىلاردەك ئۆزۈمنى ئۆگىنىشكە ئۇرۇپ كەتمەي، ھەرقايسى پەنلەردىن لاياقەتلىك بولۇپ، زىيادە زورۇقمايلا ئوقۇپ يۈرگەن بولسام، قانداق بولار بولغاي؟ ئۆيدىن ئەۋەتىلگەن ھەم مۇكاپات ئالغان پۇللارنىڭ ھەممىسىگە

كىتاب ئېلىۋەتمەي، بازارغا چىقىپ قۇۋۋەتلىك تاماقلارنى يەپ، ئويناپ - كۈلۈپ يۈرسەم قانداق بولار بولغاي؟ مەن ئوقۇشقا كېلىشتىن ئىلگىرى شۇنچە ساغلام، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان، جۇشقۇن يىگىت ئىدىم. ئەمدىچۇ؟ ھازىر مېنىڭ بۇ قولۇم نەچچە گىراملىق قەلەمنى تۇتۇپ خەت يازسىمۇ تىترەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. مېنىڭ ياشلىقتىكى ئەڭ گۈزەل چاغلىرىم، ۋۇجۇ- دۇمدىكى كۈچ ـ ماغدۇرۇم كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن سەرپ قىلىندى؟ بەربىر ئۆلىدىغان بۇ قىسقىغىنا ھاياتتا ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن چوڭراق تۆھپە قوشۇش غايىسىنى كۆڭلىگە پۈككەن ئادەم نۇرغۇن توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرايدىكەن، نەزەردىن چەتتە قالىدىكەن، ھەتتا كەمسىتىش، خورلاشلارغا ئۇچرايدىكەن. نېمە ئۈچۈن قېتىرقىنىپ ئۆگەنمەيدىغان ئوقۇ- غۇچىلار شۇنچە شوخ، ئەركىن، خوشال يۈرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن باش كۆتۈرمەي ئۆگىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار شۇنچە ئېغىر ـ بېسىق، ئاجىز، بىچارە ھالەتتە يۈرىدۇ؟ ۋەتەن، مىللەتنى ئويلىغان ئادەم ئۆزىنى ئويلىماسلىقى كېرەك ئىكەن. ئەمما ئاشۇ خەلق، مىللەت سېنىڭ ئۆزۈڭنى بېغىشلىغانلىقىڭنى بىلەمدۇ؟ سەن ئۆزۈڭنى بېغىشلىغان ئىكەنسەن، بۇنى بىلگەن ياكى بىلمىگەنلىكى بىلەنمۇ ھېسابلاشماسلىقىڭ كېرەك ئىكەن. مەن تەلۋىلەرچە تىرىشچانلىقىم كەلتۈرۈپ چىقارغان جىسمانىي ئاجىزلىقىم سەۋەبلىك ئۆتكەنكى ئىشلىرىمدىن ئەجەبمۇ ئەخمەقلىق قىپتىكەنمەن دېگەن خىيالغىمۇ كېلىپ قالدىم. بۇ يېقىنقى مەزگىلدىكى ئۈمىدسىزلىكىم، چۈشكۈنلۈكىمنىڭ ئىپادىسى ئىدى. كىتاب مېنى كېسەل قىلدى، شۇڭغا ئىشىنىمەنكى، كىتاب يەنە مېنى ساقايتىدۇ.

بەزىدە ئۆزۈمگە مۇنداق نەسىھەت قىلىمەن: بولدى قوي، ئۆگىنىش، ئۆگىنىش دەپ، مۇنچە زورۇقۇپ كەتمە. ھايات دېگەن بەكلا قىسقا، ئېغىر ساپاننى سۆرىگەن كالىدەك مېڭەڭنىڭ قېتىقىنى چىقىرىپ، باش كۆتۈرمەي كىتابلا ئوقۇيسەن. جەمئىيەتمۇ بىر كىتاب، كىتاب بولغاندىمۇ ھەممىنى

بىلدۈرىدىغان كىتاب. سەن سىنىپ، قىرائەتخانىغا سولىنىۋالماي، جەمئىيەت كىتابىنى ئوقۇغىن. ئۇ ساڭا ئاچچىق ھەقىقەتلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئوينا، كۈل، ھاياتىڭنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈز. بىزنىڭ ياشاشتىكى مەقسىتىمىزمۇ ھايا-تىمىزنى غەم ـ قايغۇ، دەرد ـ ھەسرەت بىلەن ئۆتكۈزۈش ئەمەس، ياخشى يېيىش، ياخشى كىيىش، شاد ـ خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈشقۇ؟ ئەتراپىڭغا قاراپ باقمامسەن، ساڭا ئوخشاش كىتاب دۆۋىسى ئىچىگە كىرىۋالغانلار بەكمۇ ئاز. ئەمدى سەن تۇرمۇش ئۇسۇلۇڭنى ئۆزگەرت...

كىشىلىك تۇرمۇشتا ئادەملەر ھەر خىل بولىدۇ. بەزىلەر لاغايلاپ، بىكار يۈرۈشكە خۇشتار، شۇڭا ئۇلار بىرەر ئىشقا قولىنى ياقا ـ ياقمايلا زېرىكىدۇ؛ بەزىلەر ئۆزىنى ئىشقا، ئۆز كەسپىگە ئۇرۇپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئۆز ئەمگىكىنىڭ بىرەر نەتىجىسىگە خۇشتار، شۇڭا ئۇلار ئىشسىز، بىكار قالسىلا زېرىكىدۇ. بىرەر ئىشقا، كەسپىكە بەكلا مەپتۇنلۇقمۇ بىر خىل كېسەللىك ئىكەن. مەن ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەلگەندىن كېيىن ئىككى خىل كېسەلگە گىرىپتار بولۇپتىمەن: بۇنىڭ بىرى، رۇقىيەگە ئاشىقلىق كېسىلى. يەنە بىرى، كىتابقا مەپتۇنلۇق كېسىلى. بەلكىم، بۇ كېسەللەردىن ئۆمۈر بويى قۇتۇلالماسمەن.

※ ※ ※

مۇشۇ كۈنلەردە مېنىڭ رۇقىيەنى كۆرمەي دەپلا كۆرمەسلىككە، ئويلىماي دەپلا ئويلىماسلىققا ئامالىم يوق. ئۇ گۈلسۈم بىلەن يەنىلا ئەشۇنداق يېقىن. گۈلسۈم بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلەرمىكىن؟ گەرچە مەن رۇقىيەنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولالمىساممۇ، ئۇنىڭ كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر قېتىغا كىرىۋالغان گۈزەل ئوبرازى بىلەن ئازابلىق مۇڭدىشىشىمۇ مەن ئۈچۈن تېپىلغۇسىز لەززەت.

ئويلاپ باقسام، كىتابلا مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم ئىكەن. كىتاب

ئۇقۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن مىنۇتلىرىم مېنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ئەڭ گۈزەل چاغلىرىم ئىكەن. كىتابلار مېنى ئۆزۈمنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. كىرسىن چىراغ ماڭا ھازىرمۇ ھەر ئاخشىمى نۇر بەخش ئەتمەكتە. رۇقىيەنىڭ، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەم سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ ھىدى قالغان، ھەممىمىز ئورتاق نەپەس ئالىدىغان بۇ قەدىردان سىنىپتا مېنىڭ كىرسىن چىرىغىمدىن چىققان ئاچچىق پۇراقلارمۇ قېپقالدى.

كەچلىك مۇزاكىرە ئاخىرلىشىپ، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى چىقىپ كەتتى. رۇقىيەمۇ ماڭا قاراپمۇ قويماستىن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ھەر ئاخشىمى سىنىپتا يالغۇز قالىدىغانلىقىمنى، كىرسىن چىراغ يورۇقىدا كىتاب ئوقۇيدىغانلىقىمنى، خاتىرە يازىدىغانلىقىمنى، قەدىرلەنمەي قالغان مۇھەببىتىم ھەققىدە ياش تۆكۈپ ئولتۇرۇپ شېئىر يازىدىغانلىقىمنى بىلمەمدىغاندۇ؟ ئۇ دەرسلىك كىتابتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنى كۆرمەيدۇ. شۇڭا ئۇ شۇنچە گۈزەل بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ كاللىسى شۇقەدەر ئاددىي، مېڭىسى شۇقەدەر قۇرۇق. ئادەملەرگە، ئىشلارغا قارىتا ھېسسىياتىمۇ شۇقەدەر يۈزەكى. ئەي، خۇدا! ئۆزۈڭ شۇنچە گۈزەل ياراتقان بۇ بەندەڭ نېمىلەرنى ئويلايدىكىنتاڭ؟ مەن ئۇنىڭ ئاشۇ گۈزەل ھۆسن ـ جامالىغا ئاشىق بولغىنىمدىن باشقا ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمىلەر بارلىقىنى پەقەت بىلمەيمەن. شۇ ئىش ماڭا ئايانكى، ئۇمۇ مېنى چۈشەنمەيدۇ. مېنىڭ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىجتىھات بىلەن ئۆ-گىنىشلىرىممۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن نەزەرگىمۇ ئىلغۇسىز ئىشتۇ...

مەن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. كىرسىن چىراغنى كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ رۇقىيەنىڭ پارتىسى ئۇدۇلىغا كەلگەندە، ئىختىيارسىز توختاپ قالدىم. كۆز ئالدىمدىن رۇقىيەنىڭ مۇشۇ ئورۇندا ئولتۇرغان ھالىتى كېچىپ ئۆتتى. غەلىتە خىياللارنىڭ تۈرتكىسىدە رۇقىيەنىڭ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. رۇقىيەنىڭ پارتىسىنى مەھكەم قۇچاقلاپ، يۈزۈمنى يېقىپ ياتتىم. بۇرنۇمغا رۇقىيەنىڭ ھىدى كېلىپ ئۇرۇلغاندەك بولدى. ئاستا ـ ئاستا

رېئاللىق سەزگۈمنى يوقىتىپ، رۇقىيە بىلەن قۇچاقلىشىپ، يۈزۈمنى ئۇنىڭ يۈزىگە ياقتىم...

مەن بىردىنلا ئەسلىمگە كېلىپ، ئۆزۈمنىڭ بۇ ئەخمىقانە قىلىقىمدىن، بىچارە ھالىتىمدىن كۆڭلۈم بۇزۇلدى، يىراقتا قالغان ئاپام يادىمغا يەتتى. ئەي، مېھرىبان ئاپا، غايىبانە ھالدا ئوغلۇڭنى كۆرىۋاتقانسەنمۇ؟ سەن ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان ئوغلۇڭنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن نومۇس قىلىۋاتقانسەنمۇ؟ مەن بۇ قەدىرى يوق ھاياتتىن راستىنلا تويدۇم. مېنى ئەسلىدە تۇغمىساڭ بو-لۇپتىكەن...

ياتاققا قايتىپ كىرسەم، ساۋاقداشلىرىم بىر خىلدا قەرت ئويناۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئويۇنىغا ئارىلاشماي، كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلاپ ياتتىم. قىلىق سەھەر-دىن تارتىپ تا ھازىرغىچە دۈمبەم يەرگە تەگمىگەچكە، چارچاپ ھالىمدىن كەتكەن ئىدىم. شۇنداقتىمۇ چىراغ ئۆچمىگىچە تىنجىمايدىغان بۇ ياتاقتا ئارام ئېلىش مۇمكىنمۇ؟

ئۆزۈم ياتاققا قايتىپ چىققان بولساممۇ، خىيالىم يەنە سىنىپقا كېتىپ قالدى. ھېلىراقتا پارتىنى قۇچاقلاپ ياتقان ھالىتىم كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. نەقەدەر بىچارىمەن ــ ھە؟ ئۇزۇندىن بۇيان يوتقاننى رۇقىيەگە ئايلاندۇرۇپ، تالاي قېتىم قۇچاقلىدىم، كېيىن جىگدىنى... مانا ئەمدى پارتىنى رۇقىيەگە ئۆزگەرتىپ قۇچاقلاشقا باشلىدىم. مەن يەنە نېمىلەرنى قۇچاقلاپ، ئاچ قالغان روھىمغا تەسەللى ئىزدەرمەن؟ بۇ دۇنيانىڭ بىر يېرىدە خۇدا مېنىڭ پېشانەمگە پۈتكەن بىر قىز چوقۇم بار. مەن ئۆمرۈم بويى بۇ قەدەر ئېتىبارسىز، بۇ قەدەر خار ھالەتتە ئۆتۈپ كەتمەسمەن. مۇشۇ رۇقىيەگە ئاشىق بولۇپ قالمىغان بولسام، بۇ كۈنگە قالماس بولغىيتتىم. ئۇنىڭ مېنى سۆيمەيدىغانلىقىغا تەن بېرىشىم، ھەقىقىي، تەلتۆكۈس تەن بېرىشىم كېرەك. ئۇ مېنى سۆيگىنىدە ئىككىمىزنىڭ يىراق ئىككى يۇرتتىن ئىكەنلىكىمىزگە، يۇرتداشلىرىنىڭ تەھدىتلىرىگە پەرۋا قىلمىغان بولاتتى. ئەمدىلىكتە

ئۇنىڭدىن كۈتىدىغان يەنە نېمە ئۈمىد بولسۇن؟ ھەممە ئۈمىد ــ ئارزۇلار ئاللىقاچان بەربات بولغان، ئەمدى پەقەت ئۇنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتىشلا قالدى...

ــ قاراڭلار، سۇلتان يىغلاۋاتىدۇ.

ئېسىمگە كەلسەم، ئۇخلىسىغا يېتىپتىمەن، كۆز يېشىم مەڭزىمنى بويلاپ ئېقىپ چۈشۈپتىپتۇ. ئۇدۇلۇمدىكى كارىۋاتتا ئىككى ساۋاقدىشىم ماڭا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ.

ــ ماڭغىنە، ئۇيقۇسى كېلىپ، ئەسنىگەندە ئاققان ياش ئۇ...

كۆز يېشىمنى سۈرتۈۋېتىپ، ئۇلارغا قاراپ ئەلەملىك كۈلۈپ قويدۇم. ئۇلار كۆزلىرىمدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان دەرد ــ ھەسرەتلىرىمنى كۆرۈپ يەتكەن بولسا، مەڭزىمنى بويلاپ ئاقىۋاتقىنى ئەسنەك يېشى ئەمەس،بەلكى خار- زەبۇنلۇق يېشى، جۇدالىق ھەسرىتى يېشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن بولاتتى. ساۋاقداشلىرىم مېنىڭ رۇقىيەنى چىن دىلىمدىن سۆيىدىغانلىقىمنى بىلىدۇ، ئەمما رۇقىيەنىڭ مېنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار بىز ئىككىمىزنى خېلىدىن بۇيان مۇھەببەتلىشىۋاتىدۇ دەپلا ئويلايدۇ. لېكىن مېنىڭ پەقەت رۇقىيەنىڭ كۆڭلۈمدىكى ئوبرازى بىلەن، ئەتراپىمدىن بىر- دەممۇ نېرى كەتمەيدىغان ئەرۋاھى بىلەن مۇھەببەتلىشىدىغانلىقىمنى ئەسلا بىلمەيدۇ. ئۇلار مېنى رۇقىيەنىڭ ئەۋرىشىم، خۇشبۇي بەللىرىنى قۇچاقلاپ، گۈل بەرگىسىدەك قىزغۇچ لەۋلىرىگە سۆيۈپ لەززەت ئالىدۇ دەپ بىلىدۇ. بىراق مېنىڭ مۇنداق بەختتىن پۈتۈنلەي مۇستەسنا ھالەتتە يوتقان، جىگدە، پارتىلارنى قۇچاقلاپ، كۆڭلۈمنى تەسكىن تاپقۇزىدىغانلىقىمنى بىلمەيدۇ. مېنىڭ شورپېشانەمگە پۈتۈلگىنى نەقەدەر دەھشەتلىك، نەقەدەر كۈلكىلىك تەقدىر ــ ھە؟ مۇشۇنچىۋالا خورلۇق ئىچىدە، مۇشۇنچىۋالا ھەسرەتنى ئىچىمگە يۇتىۋېرىپمۇ تېخىچە ھايات يۈرگىنىمگە ھەيرانمەن، ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈۋالماي تېخىچە سۆرۈلۈپ يۈرگىنىمگە تېخىمۇ ھەيرانمەن. مېنىڭ

مېڭىسى شۇقەدەر ئاددىي، شۇقەدەر قۇرۇق، ھاياتقا، ئادەملەرگە، ئىشلارغا ھېسسىياتىمۇ شۇقەدەر يوزەكى، ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى، گۈزەل مەنىسىنى قىلچىلىك چۈشەنمەيدىغان، نازۇك تۇيغۇلاردىن خالىي، قۇرۇق سۆلەت قىز ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئېغىر ئازاب — ئۇقۇبەتلەرنى تارتىشقا ئەرزىمدۇ؟ ئۆلۈۋېلىشقا ئەرزىمدۇ؟ چۈنكى رۇقىيەنىڭ ئاشۇ رەڭدار تاشقى گۈزەللىكىنى دېمىگەندە، ئۇنىڭ يوزەكى، قۇرۇق روھىي دۇنياسى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغۇ؟

كارىۋات پەردىسىنى چۈشۈرۈۋەتتىم. ئەمدى ھېچنېمىنى ئويلىماسلىقىم كېرەك. قانچە ئويلىغانچە، ئىشلار شۇنچە ئازابلىق تۇيۇلىدۇ. قاراپ باقسام، ئويچانلارنىڭ كەيپى ئېغىر، چىرايى تۇتۇق، كۆزى ياشلىق؛ بىپەرۋالارنىڭ كەيپى يېنىك، چىرايى ئوچۇق، كۆزى ئوينىلىق ئىكەن. بىپەرۋا بولىۋېلىش، ماۋۇ قەرتچىلەردەك، ئاۋۇ رۇقىيەگە ئوخشاش پەرۋاسىزلاردىن بولىۋېلىش كېرەك.

يېنىمدىن ئوڭ يېنىمغا ئۆرۈلدۈم. كۆزۈم كارىۋات پەردىسىگە چۈشۈشى بىلەن يەنە ئىختىيارسىز رۇقىيەنىڭ كارىۋىتىدىكى پەردە يادىمغا يەتتى. ئاشۇ پەردە تارتىلغان كارىۋاتتا رۇقىيە بىلەن گۈلسۈم... مەن كارىۋات پەردىسىنى كۆرمەسلىك، رۇقىيەنىڭ كارىۋات پەردىسىنىمۇ ئويلىماسلىق ئۈچۈن كۆزۈمنى مەھكەم يۇمۇۋالدىم. رۇقىيەنىڭ ئالتۇن بويلىرى مەن ئۈچۈن شۇنچە قىممەتلىك، چۈنكى مەن ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەن. مەن تا ھازىرغىچە رۇقىيەگە ئېرىشەلمىگەنلىكىم ئۈچۈنلا، ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدە تەڭداشسىز گۈزەل. ئۇ راستىنلا ئاشۇنداق گۈزەلمۇ؟ ياق، ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئور-نىشىۋالغان، خۇددى ئانىنىڭ قوينىدىكى بوۋىقتەك كۆڭلۈمدە قەدىرلەپ ساقلاۋاتقان، مېنىڭ مۇھەببىتىمدىن سۆيگۈ ئىسپ ياشاۋاتقان ئوبرازىلا گۈزەل...

※ ※ ※

قازانغا چۈشكەن گۆش ئېرىش، قورۇلۇش، كۆيۈشتىن قېچىپ قۇتۇلالمىغاندەك، ئىشق ئوتى يۈرىكىمگە تۇتاشقان ئىكەن، مېنىڭمۇ ئەمدى بۇ ئوتتا كۆيمەسلىكىمگە ئەسلا ئىلاجىم يوق. رۇقىيە مەيلى مېنى سۆيسۇن ياكى سۆيمىسۇن، ئەمما مېنىڭ ئۇنى سۆيمەسلىكىمگە ئىلاجىم يوق. باشقىلار مېنىڭ بۇ ھالىمنى بىلگىنىدە، مېنىڭ ئېتىبارسىزلىقىمنى، خار ــ زەبۇنلۇقىمنى توغرا چۈشىنەر ئىدى. رۇقىيە مېنى بۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان بولسىمۇ، ئۇ مېنىڭ ھالىمنى مەڭگۈ چۈشەنمەيدۇ. ئۇنىڭدا بۇنداق تۇيغۇلارنى چۈشەنگۈدەك نازۇك تۇيغۇ ئەسلا يوق...

بىردىنلا قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. ياۋاغدىن كىرەمباغ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقىنىمدا ئالدى تەرىپىمدىن بىر قىز بىلەن بىللە كېلىۋاتقان رۇقىيەنى كۆرۈپ قالدىم. نېمىشقىدۇ، ئۇلاردىن ئۆزۈمنى قاچۇرغۇم كەلدى. ئۇلار تېخى مېنى كۆرمىگەندەك قىلاتتى. مەن ئالدىراپ ــ تېنەپ يان تەرەپتىكى كوچىغا كىرىپ، كەينىمنى قىلىپ تۇرىۋالدىم. ئۇلارنىڭ ئاياغ تىۋىشى يېقىنلاپ، يەنە يىراقلاپ، يوقاپ كەتتى. مەن چوڭ كوچىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قارىدىم. ئەسلىدە ئۇ رۇقىيە ئەمەس، رۇقىيەنىڭ كىيىملىرىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش رەڭ، پاسوندىكى كىيىملەرنى كىيىۋالغان باشقا بىر قىز ئىكەن. ئۆزۈمچە بۇ ئەخمىقانە قىلىقىمدىن كۈلگۈم كەلدى. ماڭا رۇقىيەگە باغلىنىشلىق بولغان ھەممە نەرسە شۇ قەدەر تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەنىكەن.

شۇ خىيال بىلەن ياۋاغ كۆۋرۈكىگە يېقىنلاپ كېلىپ قاپتىمەن. تۆمەن دەرياسىنىڭ ئوڭ قېتىدىن ماڭماقچى بولۇپ توختاپ قالدىم. بۇ يول بىلەن ماڭسام، ھېلىقى ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۆتكەندە ئاشۇ كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدا زىنا قىلىشىۋاتقان ئەر ــ ئايالنى كۆرگەن ئىدىم. شۇندىن كېيىن ئاشۇ كۆۋرۈك يادىمغا كەلسىلا سەسكىنىپ كېتىمەن. شۇڭا

مەن ئۇ تەرەپتىن ماڭماي، تاش كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى يول بىلەن مەكتەپكە قايتماقچى بولدۇم. بۇ كۆل قىرغىقى، ھاۋا ئىسسىغان چاغ ئىدى. تۈنەن دەرياسىدا بىرمۇنچە ئادەملەر سۇغا چۆمۈلۈۋاتاتتى. ئۇلارنى كۆرۈپ مېنىڭمۇ سۇغا چۆمۈلگۈم كەلدى. دەريا ياقىسىغا چۈشۈپ، قوپۇق ئورمان ئىچىدە كىيىملىرىمنى سالدىم. ئىچ كىيىمىمنى سالايمۇ دەپ ئىككى يېقىمغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم. سۇغا چۆمۈلۈۋاتقانلارغا قارىسام، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىپيالىڭاچ ئىدى. مۇشۇ شەھەردىن باشقا دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە كىشىلەر ئىچ كىيىملىرى بىلەن سۇغا چۆمۈلەمدىكىن دەيمەن. باشقىلار نومۇس قىلمىغاندىكىن، ماڭا نومۇس قىلىشنى كىم قويۇپتۇ؟ مەن شۇ خىيالدا قىپيالىڭاچ بولۇپ، ئۆزۈمنى دەرياغا ئاتتىم.

مەن ئەپتىمگە ھەم ئەتراپىمدىكىلەرگە قاراپ، غەلىتە خىياللارغا كېلىپ قالدىم: ئادەم كىيىملىرىنى پۈتۈنلەي سېلىۋەتسە، پۈتۈنلەي ھايۋانغا ئوخشاپ قالىدىكەن. بىزنىڭ ھايۋانغا ئوخشاش قىلىپتىمىزنى كىيىملا يېپىپ تۇرىدىكەن. مۇبادا، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇنداق ھالەتتە يۈرگىنىدە جاھان قانداق بولۇپ كېتەر ــ ھە؟ قەدىمكى زامانلاردا ئادەملەرنى قىپيالىڭاچ يۈرەتتى دېيىشىدۇ. شۇ زامانلادا ئەرلەرنىڭ خوتۇنى يوقمىدۇ؟ خوتۇنى بولسا، باشقا ئەرلەردىن قانداق قوغدايدىغاندۇ؟ ياكى ئۇ زامانلاردا ئادەملەر توي قىلمايدىغاندۇ؟ قۇشلار، ھايۋانلارنىڭ مۇقىم جۈپتى بولمايدۇ. ئەلمىساقتىن تارتىپ، ئادەملەرنىڭ مۇقىم جۈپتى بولغان...

بىر ئايالنىڭ چىرقىرىغان، يەنە بىر ئەرنىڭ قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازى مېنى قەدىمكى زاماندىن ھازىرقى زامانغا ئېلىپ كەلدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، دەريانىڭ يۇقىرى قىرغىقىدىكى كۆك تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان تار يولدا بىر ئەر قىپيالىڭاچ ھالەتتە بىر ئايالنى قوغلاپ كېتىۋېتىپتۇ. تېرەكلىك يول بىلەن دەريانىڭ ئارىلىقى تۆت ــ بەش مېتىرلا كېلەتتى. ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقان ئايال ھەدەپ چىرقىرىسا، ئۇنى قوغلاپ كېتىۋاتقان ئەر ھەدەپ

كۆلەتتى. ئەر كىشى ئۆزىنىڭ قىپيالىڭاچ ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي يادىدىن چىقىرىۋەتكەندەك ئۇنىڭدا ئەتراپىدىكى ئادەملەردىن نومۇس قىلىشتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. دەريادا سوغا چۆمۈلۈۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى قىپيالىڭاچ تۇرسا، ئۇ كىمدىن نومۇس قىلسۇن؟ قىچىپ كىتىۋاتقان ئايالدىن ئەـ جەبلەندىم. ئۇ چۈشلۈكى ئەرلەر سۇغا چۆمۈلىدىغان بۇ يالىڭاچلار دۇنياسىغا نىمىدەپ كەلدىكىنە؟ شۇ خىيالدا تۇرغىنىمدا، تىخىمۇ دەھشەتلىك بىر ئىشقا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ھىلىقىلار چىرقىراپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەلگەن تەرەپكە قارىسام، يىقىنلا يەردە، دەريا ساھىلىدىكى بىر تۈپ پاكار سۆگەتنىڭ تۈۋىدە بىر قىپيالىڭاچ ئەر بىلەن بىر يىرىم يالىڭاچ ئايال كۆپكۆندۈزدە، باشقىلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا بەخىرامان ھالەتتە زىنا قىلىشىۋاتاتتى، سۆگەتمۇ، ئوت ـ چۆپلەرمۇ ھىچنىمىگە دال بولالمىغان ئىدى. نىرىراقتىكى ساھىلدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ تۇرغان، سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان ئەرلەر بۇ زىناخورلارغا قاراپ كۈلۈشۈپ تۇراتتى. ئادەملەر قىپيالىڭاچ بولىۋالغاندا ھىچكىم ھىچكىمدىن نومۇس قىلمايدىغان بولۇپ قالسا كىرەك؟

ئەرلەر نومۇسسىزمۇ ياكى ئاياللار؟ خۇدا گۈزەللىكنىڭ توقسەن توققۇز پىرسەنتىنى يۇسۇپكە، بىر پىرسەنتىنى زۇلەيخاغا بەرگەن ئىكەن. شەرم ـ ھايانىڭ توقسەن توققۇز پىرسەنتىنى ئاياللارغا، بىر پىرسەنتىنى ئەرلەرگە بەرگەن ئىكەن. ئەپسۇس، ھازىرقى ئەھۋال شۇنداقمۇ؟ ياق، ئىشلار پۈـ تۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە...

چىرقىراپ قىچىۋاتقان ئايال بىلەن ئۇنى قوغلاۋاتقان يالىڭاچ ئەر كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇلار ياۋاغ كۆۋرۈكىگە يىقىنلىشىپ قالغان بولسا، ئەر قوغلىشىشتىن يالتايغاندۇ ياكى ئايال نازلىنىپ قىچىشتىن توختىغان بولسا، ئۇلارمۇ دەريا ساھىلىدىكى سۆگەتلىك ئارىسىدا زىنا قىلىشنى باشلىۋەتكەندۇ. ئۇ ئايال... بۇ ئايال... ئۇلار بۇ يەردىن ئۆتۈپ كىتىۋاتقان يولۇچى ئاياللار ئەمەس، ئۇلار بۇ دەريا بويىغا مەقسەتلىك كەلگەن ئاياللار، ھەقىقىي

نومۇسسىزى دەل ئاشۇ پاھىشىلەر. ئۇلار ئەرلەرنىڭ چۈشلۈكى دەريادا يا-
لىڭاچ سۇغا چۈمۈلدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇلار بۇ ئەرلەرگە، ئەرلەرنىڭ
قىپيالىڭاچ بەدىنىگە، قىپيالىڭاچلىقتىكى قىلىقلىرىغا قىزىقىپ بۇ يەرگە
كەلگەن. ئۇلاردا ئىمان يوق...

ئەپتىمگە، ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ئەپتىگە قاراپ، ئىختىيارسىز قاتتىق
سەسكىنىپ كەتتىم. قىپيالىڭاچ ئادەملەر بىلەن ھايۋانلارنىڭ پەرقى زادى
نېمىدۇ؟ مەن سەبىي چاغلىرىمدا ھايۋانلارنىڭ ئۆز تۇپىدىكىلەر ئالدىدا
جۈپلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر ئاز غەلىتىلىك ھېس قىلغان ھەم ھەيران
قالغان ئىدىم. بۈگۈن ئادەملەرنىڭ ئۆز تۇپىدىكىلەر ئالدىدا، كۈپكۈندۈزدە زىنا
قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران ئەمەس، بەلكى ھەيرانۇھەس بولدۇم.
ئەتراپىتىكى ئاۋۇ ئەرلەرمۇ تال تۇۋىدىكى ئاۋۇ ئايال بىلەن زىنا قىلىشنى
كۈتۈپ تۇرغاندۇ...

كۆكتە مۇقەددەس قۇياش بىزدەك ئاجىز، گۇناھكار ئىنسانلارغا نۇرىنى
يەنىلا سېخىيلىق بىلەن چېچىپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشلار خۇددى
چەرەندە ــ پەرەندىلەرنىڭ نورمال جۈپلەشكەنلىكىدەك ئادىي بىر ئىشتۇ.
ئەمما مەن قۇياش بولمىغاچقا، بۇ ئىشلارنى قەلبىمگە زادىلا سىغدۇرالمىدىم.
قۇياش نۇرى ئاستىدا ھەممىنى ئۇنتۇپ زىنا قىلىشىۋاتقان ئەر ــ ئاياللارغا
قاراپ، تۈيۈقسىز ئاشۇ ئەرنىڭ ئورنىدا مەن بولۇپ قالساممچۇ، دېگەن خىيال
كاللامدىن غىل ــ پاللا كېچىپ ئۆتتى. نىپاك خىيال كۆڭلۈمدىن كېچىپ
ئۆتۈشى بىلەن مەنمۇ زىنا قىلىپ قويغاندەك، پۈتۈن بەدىنىم بۇلغىنىپ
كەتكەندەك تۇيغۇدا بولدۇم. پاكلىنىش كېرەك، سۇ ئادەمنى پاكلايدۇ. مەن
سۇغا ئۈچ قېتىم چۈمۈلدۈم. شۇ چاغدا شۇنى ھېس قىلدىمكى، سۇ پەقەت
ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى كىرلارنىلا تازىلىيالايدىكەن، روھىدىكى كىرلارنى ھەر-
گىز تازىلىيالمايدىكەن. ئادەملەرنىڭ نامەھرەم ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ،
پۈتۈن بەدىنىنى سۇغا سالغانلىقى، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ئۆزى ئالداش ئار-

قىلىق ئېرىشكەن ساختا پاكلىق تۇيغۇسى ئىكەن. ئىنسان ھەقىقىي مەنىدە پاك بولۇش ئۈچۈن، روھىنى پاكلىشى لازىم...

مەن گۇناھكارلىق تۇيغۇسىدا كىيىملىرىمنى كىيدىم. تۇمەن دەرياسى يەنىلا ئۈنسىز ھالەتتە ئېقىۋاتاتتى. دەريانىڭ ئىككى ساھىلىدىكى تال — سۆگەتلەر يەنىلا بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى. چەيلەنگەن ئوت — چۆپلەر قەددىنى رۇسلاش ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى.

قۇرقۇنچلۇق ھەم يىرگىنچلىك چۈشتىن ئويغىنىپ كېتىش ئۈچۈن تەرلەپ — تەپچىرەپ ياتقان ئادەمدەك بۇ يىرگىنچلىك ساھىلدىن تېزراق كېتىش ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىۋاتىمەن. كۆزۈم مۇندا، بىراق خىيالىم ئۇن-دا... يېرىم يالىڭاچ ئايال... قىپيالىڭاچ ئەر...

مەن ھېلىقى ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ ئۇدۇلىغا يېتىپ كەلدىم. ئۇنىڭ ئاستىدا يەنە كىملەردۇر ئالدىراپ-ئاندىراق ئىشلارنى قىلىشىۋاتقاندەك، ئىختىيارسىز شۇ ياققا قاراپ سالدىم. ئاشۇ چاغدىكى ئەسلىمەمدىن بىردىنلا گۇمان قىلىپ قالدىم: شۇ چاغدا كۆرگىنىم زادى ئىككى ئادەممۇ ياكى ئىككى ئېشەك؟

مەكتەپكە يېقىنلاپ كېلىپ قالدىم. ئوڭ تەرىپىمدە قوناقلىق، قو-ناقلىقنىڭ نېرىسىدا تۇمەن دەرياسى، دەريانىڭ نېرىقى قېتىدا بۆككىدە ئۆسكەن قىرچىن تاللار... نېمىشقا ئاشۇ قىرچىن تاللىق يادىمغا كېلىپ قالدىكىنە؟ توغرا، ئۆتكەندە كۆرگىنىم بىر بەچچە... نومۇسسىز قېرى بەچچە... ئادەم... قېچىر... ئېشەك...

مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىردىم. كۆز ئالدىمدا باشقىچە بىر مەدەنىي، ئادىمىي دۇنيا. بىزنىڭ مەكتەپ تۇمەن دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى ئېگىز دۆڭلۈككە جايلاشقان ئىدى. تۇمەن دەرياسى بىلەن مەكتەپ شۇنچە يېقىن بولسىمۇ، ئوتتۇرىدىكى پەرق نېمانچە چوڭ — ھە؟ بەلكىم، بۇمۇ پوتونلەي خاتا سېلىشتۇرمىدۇ. كىم بىلىدۇ، بۇ مەكتەپتىمۇ كىتابلارنى قولتۇقلىۋېلىپ، پاكىز كىيىملەرنى كىيىۋېلىپ، گىرىملەر بىلەن چىرايلىق نىقابلىنىۋېلىپ،

نى ــ نى يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلەر باردۇ...

※ ※ ※

كاللامدا ئادەم بىلەن ھايۋان ئۇقۇملىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بار-غانسېرى غۇۋۇالاشماقتا. تۇمەن دەرياسى بويىدىكى ئاشۇ يىرگىنچلىك ئىشلار-نىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالماي يۈرگىنىمدە، رۇقىيە بىلەن گۈلسۇمنىڭ يېقىنچىلىقى مېنى تېخىمۇ قىينىدى. شۇ كۈنلەردە مەن سۆيگەن رۇقىيە-نىڭ راستىنلا مۇشۇ رۇقىيە ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشىنەلمەي قالدىم. مېنىڭ قەلبىمدىكى رۇقىيە بىرلا بولغان بىلەن ئاشۇ رۇقىيەدىن كۈندە بىر يېڭى رۇقىيە دۇنياغا كېلىۋاتاتتى. مەن مۇشۇ كۈنلەردە مۇشۇ رۇقىيەگە قانداقلارچە ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىمنى بىلەلمىدىم. مەن ئۇنىڭغا تازا سەپسېلىپ قا-رىسام، ئەسلى بۇگۈنكى رۇقىيە مەن سۆيگەن بۇرۇنقى رۇقىيە ئەمەس ئىكەن، بۇرۇن مەن سۆيگەن رۇقىيە ھازىر مېنىڭ قەلبىمدە ئىكەن.

ئۇ مېنى ياخشى كۆرەلمىگىنىدە، ئارىمىزدىكى ئارىلىشىش كۆپەيسىمۇ، يەنىلا مېنى سۆيەلمىگىنىدە، بىر بىنورمال قىز بىلەن مۇنچە قويۇق ئا-رىلاشماي، بىر ئەركەك بىلەن ھەقىقىي مۇھەببەتلەشكەن بولسا ئىدى، مۇنچە خورلۇق ئازابى تارتماس ئىدىم. مەن رۇقىيەنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بو-لالمىغىنىمدىن ئەمەس، ئۇنىڭ گۈلسۇم بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ، يامان نامغا قېلىشىدىن، پاك ئوبرازىغا داغ چۈشۈپ قېلىشىدىن ئازابلىنىۋاتتىم. ئۆزۈم قانچە بەختسىز بولۇپ كەتسەم مەيلى ئىدى. مەن بۇ ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ھەم ئاخىرقى قېتىم ھەقىقىي سۆيگەن، پۈتۈن مېھىر ــ مۇھەببىتىمنى بەرگەن قىزنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولسامۇ، ئۆزۈمنىڭ شور پېشا-نىلىقىمغا، بىر ئۆمۈر تارتقان ئازابلىرىمغا ئالدىنئالا تەن بەرگەن ھەم ئالدىن تەييارلىق قىلىپ قويغان ئىدىم. رۇقىيە بەختلىك بولسىلا، مەن بۇ ھاياتىمدا

يىرىم بەختكە ئېرىشەتتىم. رۇقىيەنىڭ روھى مېنىڭ روھىمغا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن، بۇ دۇنيادا يۈرگەن رۇقىيە مېنىڭ يېرىمىم ئىدى. ئۇنىڭ ئوبرازىمۇ ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسن — جامالىدەك غۇبارسىز، نۇقسانسىز بولۇشى كېرەك.

ساھىبجامال قىزلارنىڭ غەيۋەتچىلىرى كۆپ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بىر مۇنچە قىزلار تەلپۈنگەن يىگىتلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالىدۇ. گۈزەل قىز-لارنىڭ دۈشمەنلىرى كۆپ بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار بىرمۇنچە يىگىتلەر ئۈچۈن قولى يەتمىگەن ئاچچىق شاپتول. رۇقىيە بىلەن گۈلسۈم ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىق ھەرگىز باشقىلار دەپ يۈرگەندەك ئۇنداق يېقىنچىلىق ئەمەس. گۈلسۈم ئۆزى قىز بالا بولسىمۇ، ئەمما يۈرۈش — تۇرۇشى، مىجەز — خۇلقى ئوغۇللارغا ئوخشاش بولۇپ، ھەقىقەتەن بىنورمال. ئۇلار چۈشلۈكلىرى كارىۋات پەردىسىنى چۈشۈرۈۋېتىپ بىللە ياتقىنى راستتۇ، بىللە ياتقاندىكىن، بەلكىم چاقچاقلاشقاندۇ، قىچىقلاشقاندۇ، ۋارقىراشقاندۇ... باشقىلار گۈلسۈمنىڭ بىنورمال ھالىتىگە قاراپلا، مۇشۇنداق زەھەرخەندە بوھتاننى ئويدۇرۇپ چىققان...

بۇ ئوقۇش يىلى ئاخىرلىشىدىغانغىمۇ ئاز قالدى. بۇ يىل گۈلسۈم ئو-قۇش پۈتتۈرىدۇ. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يۇرتىغا كەتسە، مېنىڭ كۆزۈمدىن يىتسە، بۇ يىرگىنچلىك گەپ — سۆزلەرمۇ يوقايدۇ. مەن گۈلسۈمنىڭ قانسىز-زەپىرەك چىرايىدىن، گۇسۇلدەپ قوپال مېڭىشلىرىدىن، ئۆرە تۇرۇپ، تىزىغا گىتتارنى قويۇپ چېلىشلىرىدىن شۇ قەدەر بىزار بولدۇم. ئۇ ئاشۇنداق نا-جىنسلارچە قوپاللىقىدىن يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمەي، ئاخىرى سېھىر — جادۇ بىلەن رۇقىيەنى ئۆزىگە باغلىۋالغان. ئۇنىڭ رۇقىيەنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغۇدەك گۈزەللىكىمۇ يوق. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بەكلا چوڭ. ئۇلارنىڭ بىرى، گۈزەل پەرىزات، يەنە بىرى، بەتبەشىرە ئالۋاستى. رۇقىيە ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن تېزراق قۇتۇلۇپ چىقسا بولاتتى. ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە يار-دەمگە موھتاج بولغىيتتى. ئۇنىڭ گۈلسۈمنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم

بەرگۈم بولسىمۇ، ئەمما مەن بۇنىڭغا ئىلاجسىز. مۇبادا، رۇقىيە مېنى سۆيگىنىدە، ياردەم تۈگۈل، ھەتتا جېنىمنىمۇ ئايىمايتتىم. ئۇ ھازىر مېنىڭ ياردىمىمگە موھتاج ئەمەس.

مەن يازلىق تەتىلنىڭ پاتراق كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۈم. مەن ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەلگەندىن بۇيان ئەزەلدىن يۇرتۇمغا قايتىپ كېتىشكە مۇنچە ئالدىراپ باقمىغان ئىدىم. بۇرۇن يازلىق تەتىلدە يۇرتۇمغا قايتىپ كەلسەم، ئىككى ئايلىق تەتىلنىڭ تېزراق توشۇشىنى، مەكتەپكە، قەدىردان ساۋاقداشلىرىم بىللە ئوقۇيدىغان ئاشۇ سىنىپىمغا بالدۇرراق قايتىپ بېرىشقا شۇنچە تەقەززا بولۇپ كېتەتتىم. مانا ئەمدى بۇ شەھەردىن، مەكتەپتىن تېزراق كېتىشكە، رۇقىيەنى كۆرمەسلىككە، ئۇنىڭ قېشىدىن يىراق — يىراق يەرلەرگە كېتىشكە ئالدىراپ كېتىۋاتاتتىم. خىيال قىلسام، شۇنچىلىك ھېرىپ — چارچاپ كېتىپتىمەن. مېنىڭ بۇ ھاردۇقۇم چىقارمىكىنتاڭ.

مەن ھازىر رۇقىيەنى پەقەت دەرس ۋاقتى، مۇزاكىرە ۋاقىتلىرىدا سىنىپتىلا كۆرەلەيمەن. ئۇ كۆزلىرىمگە ھەر دائىم ئازاب، ھەسرەتلەردىن مۇستەسنا ھالەتتە ئاشۇنداق بىغەم، خۇشال يۈرگەندەك كۆرۈنىدۇ. بەلكىم، مەن ئۇنىڭ قەلبىدىكى دەرد — ھەسرەتلەرنى كۆرۈپ يېتەلمىگەندىمەن. ئۇنىڭ گۈزەل چېھرىگە ئەزەلدىن غەم — ئەندىشە بۇلۇتلىرى سايە تاشلاپ باقمىغاندەك، دەرد — ھەسرەتلەر ئىز سېلىپ باقمىغاندەك كۆزۈمگە غەمسىز، خۇشال يۈرگەندەكلا كۆرۈنىدۇ. ئۇ راستتىنلا غەمسىز، ھەسرەتسىزمىدۇ؟ سۆيۈش بىلەن چۈشىنىش پۈتۈنلەي باشقا — باشقا ئىش ئىكەن. بىز بىراۋنى ھېچبىر چۈشەنمەيلا ياخشى كۆرۈپ قالىدىكەنمىز، ئۇنى چۈشىنىشىمىزنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مۇھەببىتىمىز يا چوڭقۇرلىشىپ بارىدىكەن، يا بارغانسېرى ئۆلۈپ بارىدىكەن. مېنىڭ رۇقىيە ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىم چوڭقۇرلىشىپ بارغىنى يوق. مەن ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغان بولساممۇ،

ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدىغان، سىردىشىدىغان ۋاقىتلىرىم بەكمۇ ئاز ئىدى. مېنىڭ كۆرگىنىم، ئۇنىڭ سىنىپتىكى دەرس ئاڭلاپ ئولتۇرغان ۋاقتىتىكى ئىپادىسىز ھالىتى، مەكتەپ يوللىرىدا ناۋان ــ ناۋاندا بىر يىراقتىن كۆرۈپ قالىدىغان گۈزەل قامىتى. ئۇنىدىن باشقا چاغلاردا ئۇنىڭ قەيەرلەردە كىملەر بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقى ماڭا نامەلۇم. مۇشۇنداق بىر قىزدىن مېھرىمنى ئۈزەلمىگىنىمگە، ئۆزۈمنى زورلاپ بولسىمۇ مېھرىمنى ئۈزۈپ، باشقا بىر قىزغا يېقىنلىشىپ باقمىغانلىقىمغا ھەيرانمەن. بۇ دۇنيادا يالغۇز رۇقىيەلا باردەك، باشقا قىزلارنى كۆرمەس بولۇپ قالغان كۆزۈمگە ھەيرانمەن... «مۇھەببەتنىڭ كۆزى قارىغۇ» دېگەن مۇشۇمىكىنە؟

ئىمتىھانلار ئاخىرلىشىپ، يازلىق تەتىلگىمۇ قويۇپ بېرىلدى. ئايرىلىش مىنۇتلىرى يېتىپ كەلگەن چاغدا بۇرۇنقى ئويلىرىمنىڭ بىردەملىك ئاچچىق ئىكەنلىكىنى بىلدىم. يۇرتۇمغا قايتىدىغانلىقىمنى، ئاتا ــ ئانام، تۇغقانلىرىم بىلەن دىدارلىشىدىغانلىقىمنى ئويلىسام، كۆڭلۈم قايتىشقا ئالدىرايدۇ. ئەمدى كەتسەم، ئىككى ئايغىچە رۇقىيەنى كۆرەلمەيدىغانلىقىمنى ئويلىسام، كۆڭلۈم كەينىگە تارتىشىدۇ. كۆڭلۈم رۇقىيەگە تارتىشقان بىلەن رۇقىيەنىڭ كۆڭلى كىمگە تارتىشىدىغانلىقى ماڭا نامەلۇم. مەن بويىنۇمنى قىلدا باغلاپ تارتقاندەك بېكەتكە قاراپ ماڭدىم.

رۇقىيەنىڭ يۇرتىغا قاتنايدىغان ئاپتوبۇس باشقا بىر بېكەتتىن يولغا چىقاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ قانداق ۋاقىتتا بېكەتكە قاراپ ماڭغانلىقىنى، قاچانلاردا يۇرتىغا قاراپ يولغا چىققانلىقىنى بىلەلمىدىم، ھەتتا ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە سوراشقىمۇ مۇيەسسەر بولالمىدىم. ئۇنىڭ قايتىدىغان ۋاقتىنى بىلگەن بولسام، بېكەتكە بىللە ئۈزىتىپ بارغان بولسام، كۆڭلۈم ئازراق بولسىمۇ تەسكىن تاپاتتى. ھېچ بولمىسا، ئۇمۇ چوڭ بېكەتتە ئاپتوبۇسقا چىققان بولسا ئىدى، «خوش!...» دېگەن بۇ قىممەتلىك سۆزنى ئاڭلىۋالغان بولسام، ئۇ چاغدا ماڭا بۇ بىر ئېغىز شېرىن سۆزنىڭ تەمى ئىككى ئايلىق سېغىنىش

ھەسرىتىمنى باساتتى.

مەن بىر يىلدىن بۇيان ئۆيدىن ئەۋەتىلگەن پۇللارغا، «ئۇچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ مۇكاپات ئالغان پۇللارغا سېتىۋالغان كىتابلىرىمنى بىر قەغەز يەشىككە قاتار تىزىپ سالدىم. ئاتا – ئانامغا، ئۇرۇق – تۇغقانلىرىمغا ئاتاپ ئالغان چىمەن دوپپا، بادام دوپپا، زەر دوپپا، ئۇنچە دوپپىلارنى، يەنە قەشقەرنىڭ مېۋە – چېۋىلىرىنى سومكىغا سېلىپ ياتاقتىن چىقتىم.

بىر يۇرتلۇق ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە مەكتەپ دەرۋازىسىغا قاراپ كېتىۋاتقان چېغىمدا كۆزۈم يەنىلا ئەتراپىمدا. كۆڭلۈمدە رۇقىيە يولدا مەن بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن ساقلاپ تۇرغاندەكلا. مەن مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىققىنىمدا كۆزۈم يەنىلا كەينىمدە، خۇددى رۇقىيە كەينىمدىن چىقىپ، دەرۋازىدىن قاراپ تۇرغاندەكلا. بىراق رۇقىيە يوق، ئۇ مۇشۇ تاپتا زادى قەيەردە؟

يول بويى ھەمراھلىرىمغىمۇ تۇزۇك گەپ قىلمىدىم، كۆڭلۈم يېرىم ھالەتتە بېكەتكە يېتىپ كەلدىم. بۈگۈن بېكەت بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇ-چىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. ئوقۇغۇچىلار بىر – بىرىدىن ئالدىراش ھالەتتە ئۆز يۇرتلىرىغا قاتنايدىغان ئاپتوبۇسلارغا چىقىشماقتا، بىر – بىرى بىلەن قۇچاقلاشماقتا، ھەتتا بەزىلىرى يىغلىشىپ خوشلاشماقتا. مەن بىر يەشىك كىتابنى ئاپتوبۇس ئۈستىگە باستىم، يولدا يامغۇر يېغىپ قالسا ھۆل بولۇپ كەتمىسۇن دەپ، يەشىك ئۈستىنى سۇلياۋ بىلەن چۇمكەپ قويدۇم.

ئاپتوبۇس قوزغالدى. رۇقىيەنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرساممۇ، يەنىلا مىغىلداپ يۈرگەن ئادەملەر ئارىسىدىن ئۇنى ئىزدەيتتىم. ئاپتوبۇس بېكەت دەرۋازىسىدىن چىقىپ، بېكەت ئالدىدىكى يولدىن ئۆتتى. رۇقىيە چوڭ يولدىمۇ، ماشىنا كۆتۈش زالىنىڭ ئالدىدىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

※ ※ ※

ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىنىڭ ھەممە يېرى، ھەممە نېمىسى شۇ قەدەر تونۇش، شۇ قەدەر ئۆز، شۇ قەدەر يېقىملىق بولىدىكەن. بىر يىلدىن بۇيان كۆرمىگەن مەھەللەم كۆزۈمگە گۈلدەك ئىسسىق كۆرۈندى. مەھەللىنىڭ توپىلىق يوللىرى، كېسەك ئۆيلىرى شەھەرنىڭ ئاسفالت يوللىرى، خىش، بېتوندىن قوپۇرۇلغان بىنالىرىدىن ئىللىق كۆرۈندى. بىر يىلدىن بۇيان كۆر-مىگەن ئانا ـ ئانامنىڭ چېھرى ئايدىن يېقىملىق، قۇياشتىن مېھرىلىك كۆ-رۈندى.

ئەتىسى كۈنلىرىدە ئانا ـ ئانامنىڭ مېھرى، قېرىنداشلىرىمنىڭ مېھرى، بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، بىللە ياشاپ كەلگەن يۇرتداشلىرىمنىڭ مېھرى كىشىلىك ھاياتنىڭ قىسمەتلىرىدە مۇجۇلغان يۈرىكىمگە شىپالىق بەر-دى، يېڭى قان بەردى، روھىمغا قايتا ئۈمىد ـ ئىشەنچ بەردى.

مەن ئىمكان بار ۋەقەنى ئويلىماسلىققا تىرىشتىم. شۇنداقتىمۇ كوچىغا چىقىپ، مەھەللىمىزنىڭ قىزلىرىنى كۆرسەملا، دەرھال ۋەقە يادىمغا يېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن سىرتقىمۇ ئانچە كۆپ چىقمايدىغان بولدۇم.

مەھەللىمىزنىڭ يوللىرىدا قارىياغاچلار كۆپ ئىدى. قىڭغىر ـ قىيسىق ئۆسىدىغان بۇ دەرەخلەر مەن بۇرۇن قۇچاقلايدىغان جىگدە دەرىخىنى يادىمغا سالدى. مەن كۆڭلۈمدىكى ۋەسۋەسىلەرنى بېسىش ئۈچۈن قارىياغاچ دە-رەخلىرىگىمۇ قارىمايدىغان بولدۇم.

بىكار يۈرۈش مەن ئۈچۈن ئېغىر كەلگىلى تۇردى. ئۆتكەن ئىشلارنى، ئۆتكەن ئىشلارنىڭ جىمى تەپسىلاتلىرىغا چېتىلىدىغان ئاشۇ ۋەقەنى خىيال دېسەممۇ كاللامغا كىرىۋالاتتى. ئادەمنى ئازابلايدىغان خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يەنىلا كىتاب ئوقۇغان تۈزۈك ئىكەن.

مەن بىر يىل جەرياندا سېتىۋالغان، ئوقۇشقا ۋاقتىم يەتمىگەن بىر-

مۇنچە ياخشى كىتابلىرىم بار ئىدى. ئەڭ ياخشىسى ئاشۇ كىتابلارنى ئوقۇ-ۋېلىشىم كېرەك. مېنىڭ يەنە تەتىلدە خەنزۇ تىلى ئۆگىنىدىغان پىلانىممۇ بار ئىدى. مەن شۇندىن كېيىن ھەر كۈنى كىتاب، ئەدىيال، يەلپۈگۈچ ھەم بىر چەينەك چاينى كۆتۈرۈپ، مەھەللىمىزنىڭ غەربىدىكى سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىق بويىغا كېلىپ، دەرەخلەر ئاستىدا سائەت — سائەتلەپ كىتاب ئوقۇيدىغان بولدۇم.

يازلىق تەتىل كۈنلىرىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئاز قالغان كۈنلەردە كۆڭلۈم يەنىلا قەشقەرگە قايتىپ بېرىشقا ئالدىرىدى. بۇ ئەزىزانە شەھەر مېنىڭ يۈرىكىمگە مۇھەببەت ئوتىنى يېقىپ، مېنى ھەقىقىي ئويغاتقان، ماڭا ھاياتنى چۈشەندۈرگەن، مېنى قايتا ئاپىرىدە قىلغان ئىدى. بۇ شەھەردە ئۇيغۇرۇمنىڭ قىبلىگاھى — مۇقەددەس ھېيتكار مەسچىتىم بار ئىدى؛ بۇ شەھەردە ئۇيغۇ-رۇمنىڭ بەخت — بەختسىزلىكىگە جور بولۇپ، ئەسىرلەر بويى غەمكىن ئېقىپ كېلىۋاتقان تۈمەن دەريايىم بار ئىدى؛ بۇ شەھەردە تەقدىرىم چەمبەر-چاس باغلانغان مىڭلىغان — ئون مىڭلىغان قېرىنداشلىرىم بار ئىدى... مەن قەشقەردە تۆت يىل ئوقۇش جەريانىدا بۇ شەھەرگە مېھىر — مۇھەببىتىم باغلانغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتمۈشۈم ھەم كەلگۈسۈمنىڭ، شۇنداقلا بارلىقىمنىڭ چىرمىشلىق ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەنگەن ئىدىم.

ئىككى ئاي جەريانىدا رۇقىيەنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىمنى ئىزھار قىلىپ بولالمايمەن. ئۇنىڭ يېنىمدا ساقلاپ يۈرگەن بىر پارچە سۈرىتىلا سېغىنىشلىرىمغا ئازراق تەسەللى بېرىپ كەلدى. مەن ئۆگزىگە چىقىپ، قەشقەر تەرەپكە تەلمۈرۈپ قانچە قېتىملاپ قارىغىنىمنى دەپ بېرەلمەيمەن. مەن ھەر قېتىم ئۆگزىگە چىقىپ قەشقەر تەرەپكە تەلمۈرۈپ قارىغىنىمدا، رۇقىيەنى خىيالىمدا كۆرەتتىم، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن كۈنلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. ئۇ چاغدىكى ئىشلار تۈنۈگۈن بولغاندەكلا ئېنىق يادىمدا تۇرۇپتۇ.

ئادەم يېتەلمىگەن نەرسىسگە بەكرەك تەلمۈرىدىكەن، يېتەلمىگەنسېرى ئۇ نەرسە تېخىمۇ قىممەتلىشىپ بارىدىكەن.

بەلكىم، مېنىڭ رۇقىيەگە مۇنچە تەلپۈنۈشلىرىم، ئۇنى مۇنچە سېغىنىپ كېتىشلىرىم ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەنلىكىمدىندۇ. بىر تۇرۇپ ئۆزىنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن يۈرىكىمگە نەپرەتلىنىمەن. رۇقىيەنىڭ مۇ-ھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەن تۇرۇقلۇق، يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇنچىۋالا قىلىپ كېتىمەن؟ بىلىمەن، ھەممىنى بىلىمەن، رۇقىيەنىڭ ئالدىدا يۈزۈم چۈشتى، ساۋاقداشلىرىم ئالدىدا يۈزۈم تۆكۈلدى، ئىززەت ــ نەپسىم، ۋىجدان ــ غۇرۇرۇم ئالدىدا يۈزۈم چۈشتى، ئۆزۈمنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ يۈزى تۆكۈلدى... ئامالىم يوق، بۇنىڭغا مېنىڭ زادى ئامالىم بولمىدى. ھەقىقىي ئاشىق ئۆزىنىڭ قەدىر ــ قىممىتى تۇگۇل، ھەتتا ئۆزىنىڭ ھاياتى، يۈز-ئابرۇيى، ئار ــ نومۇسى بىلەنمۇ ھېسابلاشمايدىكەن.

※ ※ ※

بۈگۈن خاسىيەتلىك بىرىنچى سېنتەبىر. بۈگۈن مەن ئىككى ئايدىن بۇيان زارىقىپ تەلپۈنگەن، سېغىنىپ كەتكەن رۇقىيەنى كۆرىمەن. ئۇ مېنى سۆيەلمىسىمۇ، باشقا بىرسى بىلەن ــ ئۇنى ھەقىقىي سۆيىدىغان بىرسى بىلەن مۇھەببەتلەشسە، كەلگۈسىدە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ بەختلىك بولسىلا مەيلى، مەن بۇنىڭغا چىن دىلىمدىن رازى ئىدىم. ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە مۇناسىپ ھالدا ئۇبرازىنىڭمۇ داغسىز، غۇبارسىز بولۇشى ــ مېنىڭ بەختىم، مەن سۆيگەن قىزنىڭ بەختلىك بولۇشى ــ مېنىڭ تەلىيىم...

تاڭ سەھەردە تۇرۇپ، رۇقىيە ئۈچۈن يۈزۈمنى يۇيدۇم، چاچلىرىمنى مايلاپ تارىدىم، ئەڭ يارىشىملىق كىيىملىرىمنى كىيدىم. ياتاق بىناسىدىن ئوقۇتۇش بىناسىغا قاراپ كېتىۋاتقان ۋاقتىمدا مەكتەپ كۆزۈمگە جەننەتتەك

كۆرۈنۈپ كەتتى. رۇقىيە هازىرلا ئۇچراپ قالىدىغاندەك ئەتراپىمغا ئەندىكىپ قارايتتىم. ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئۇچىنچى قەۋىتىگە چىقىپ كېتىۋاتقىنىمدا هاياجاندىن پۇت ـ قولۇمغا تىترەك ئولاشتى. مەن هازىرلا سىنىپقا كىرىمەن، رۇقىيەنى كۆرىمەن... شۇ خىيالدا پەلەمپەيدە ئۇچراشقان ساۋاقداشلىرىمنىمۇ كۆرمەپتىمەن. سىنىپتا ساۋاقداشلىرىم ئارىسىدا رۇقىيە يوق ئىدى. ئۇ تېخى ياتىقىدىن چىقماپتۇ ـ دە؟ مەن ساۋاقداشلىرىم بىلەن سالاملىشىپ قويۇپ، كارىدورغا چىقىپ، ئۇنى ساقلاپ تۇردۇم. كۆپ ئۆتمەي، پەلەمپەيدىن مۇ-زىكىدەك يېقىملىق، بەكمۇ تونۇش ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. رۇقىيە؟... سەھرانىڭ ياز ئاپتىپىدا ئۇنىڭ يۈزى بىر ئاز قارىداپ قالغان ئىدى. مەن رۇقىيەگە شۇنچە تەشنا ئىدىم. بىراق ئۇنى كۆرۈپ، گۈزەل هۆسنى، سەرۋىدەك قامىتىگە قاراشقا جۈرئەت قىلالماي، باشقا ياققا قاراپ تۇرۇۋالدىم. ئۇنىڭ يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ تۇراتتىم، بۇ ئاۋاز بار-غانسېرى يېقىنلاپ كېلەتتى، بۇ ئاۋاز يىراقلاپ باراتتى. بېشىمنى ئىتتىك كۆتۈردۈم، رۇقىيە قېشىمدىن ئۆتۈپ، سىنىپقا كىرىپ كېتىۋاتاتتى. مەن بېشىمنى سىلىپ، خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ ماڭا سالام قىلىشتىن خىجىل بولغانمىدۇ؟ ئۇ ئەجەب گەپ قىلماستىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىدىغۇ؟ ئاق ياقۇت كۆزلۈك هالقا... ئۇنىڭ قۇلىقىدا هېلىقى ئاق ياقۇت كۆزلۈك هالقا كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ئۇ ئەمدى ئۇنى ئاسماس بولۇپ قالغانمىدۇ؟ مېنىڭ ئاشۇ سوۋغىتىم تاشلىنىپ خورلانغانمىدۇ ياكى ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ خاتىرىسى سو-پىتىدە ساندۇقنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويۇلغانمىدۇ؟ مەن شۇ پەيتتە ئۆزۈمنىمۇ تاشلىنىپ كەتكەن بۇيۇمدەك هېس قىلىپ قالدىم. ئەي، بىچارە! ئوبدان بىلىۋال، مانا بۇ سېنىڭ ئىككى ئايدىن بۇيانقى زارىقىپ تەلپۈ-نۈشلىرىڭگە، سېغىنىشلىرىڭغا بېرىلگەن جاۋاب!

ئۇ نېمىشقا مۇنداق قىلىدىكىنە؟ ئۇ ماڭا تازا دىققەت قىلمىغاندۇ؟ ئۇ مېنى ياندىن، ھەتتا كەينى تەرىپىمدىنمۇ تونۇيالايتتىغۇ؟ ئۇنىڭغا چوقۇم

تەسىر قىلغان بىر ئىش بار. ئىككى ئايلىق تەتىل جەريانىدا ئۇ قانچىلىك ئۆزگىرىپ كەتكەن ـ ھە؟ ئۇ تەتىلدە بىرەرسى بىلەن تېپىشىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. تەتىلدە جاي ـ جايلاردىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يۇرتلىرىغا قايتىدۇ، ئاشۇلارنىڭ بىرەرسى بىلەن...

كۆنلەر ئۆتىۋەردى. مەن ئەمدى رۇقىيەنىڭ بىر ساۋاقدىشى، بۇ دۇنيادىكى بىر تونۇشى ئىدىم. بۇ مۇمكىنمۇ؟ بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى ــ پاك، تۇنجى سۆيگۈسى شۇنچە ئېتىبارسىز قالسا ـ ھە؟ مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىپ، ناھايىتى قىممەتسىز يارىلىپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. رۇقىيە يۈرىكىمگە تۇنجى مۇھەببەت ئوتىنى يېقىپ، مېنىڭ قەلبىمنى ئويغانقان ئىدى. مەن رۇقىيە ئارقىلىق ئۆزۈمنى ئۆلچىدىم، قەلبىمنىڭ قىممىتى بولمىسا، بۇنداق جىسمىمنىڭ بولغىنىدىن نە ھاجەت؟

ئەمدى بىردىنبىر ئۈمىد خۇدادىلا قالدى، مەن خۇداغا ئىلتىجا قىلىشىم كېرەك. دىلىمغا بۇ ئىشق ئوتىنى سالغان خۇدالا رۇقىيەنىڭ دىلىغىمۇ مېنىڭ ئىشق ئوتۇمنى سالالايدۇ. خۇدا ھەممىگە قادىر، ئۇ ئەڭ رەھىمدىل، ئۇ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ بىچارە بەندىسىگە رەھىم قىلىدۇ، مېنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدۇ...

مەن نامااز ئۆتەي دېسەم، مەكتەپنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيتتى. ياناقتا ناماز ئۆتەي دېسەم، بىرەرسى مەكتەپ تەشكىلىگە مەلۇم قىلىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. مەن قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىنىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا مۇنداق بىر گەپ تارقالدى: يېقىندا خۇدادىن مەككىگە بىر پارچە خەت چۈشۈپتۇدەك. خەتتە يېزىلىشىچە، ئاخىرقى زامان بولىدىغانغا ئازلا قالغانمىش. ئاشۇ خەتنىڭ بىر نۇسخىسى قەشقەرگە كەپتۇمىش... بۇ قورقۇنچلۇق خەۋەر سىنىپىمىزدىكى كونىلىقى ئېغىر بىر نامازخان ساۋاقدىشىمىزنىڭ مەدداھلارچە نۇتقىدا تېخىمۇ

ۋەھىمىلىك تۇس ئالدى.

بىرمۇنچە ساۋاقداشلار بۇ گەپكە دەماللىققا ئىشىنىپ قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن بەش ـ ئالتەيلەن ئەتىدىن باشلاپ بامدات نامىزىنى مەكتىپىمىزنىڭ ئالدىدىكى مەسچىتكە چىقىپ ئۆتەيدىغان بولۇپ كېلىشتۇق.

بۈگۈن تاڭ سۈزۈلمەستە ئورنۇمدىن تۇردۇم. بۇرۇن ئاتامنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە تەرەت ئالدىم. بىز خۇددى ئوغرىلىققا ماڭغاندەك يۇتىمىزنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ياتاق بىناسىدىن چىقتۇق. مەكتەپ دەرۋازىسى تېخى ئېچىلمىغان ئىدى. دەرۋازىۋەنلەرنى ئويغىتىپ ئېچىپ بەر دېگىلىمۇ بولمايتتى. بىز تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىن ئارتىلىپ چۈشمەكچى بولدۇق. دەرۋازىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە نەيزىدەك ئۇچلۇق تۆمۈرلەر بار بولۇپ، سەللا ئېھتىيات قىلمىساق، قورسىقىمىزغا سانجىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇ پەيتتە دەرۋازىۋەن ئويغىنىپ بىزنى كۆرۈپ قالسا نېمە دەر؟ بىز ئامان ـ ئېسەن دەرۋازىدىن ئېسىلىپ چۈشۈۋالدۇق.

بۇ مېنىڭ ناماز ئۆتەش ئۇچۇن مەسچىتكە تۇنجى قېتىم كىرىشىم ئىدى. مەسچىت ھويلىسى لامپۇچكىنىڭ غۇۋا نۇرىدا خىرە ـ شىرە يورۇپ تۇراتتى. يەرگە سېلىپ قويۇلغان بورىدا كەكە ساقاللىق بىر-قانچە ياشانغان كىشى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، پىچىرلاپ دۇئا ئوقۇۋاتاتتى. بىزمۇ جامائەتنىڭ يىغىلىشىنى كۈتۈپ، سەپ تۈزۈپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردۇق. كىشىلەر بىردىن ـ ئىككىدىن كىرگىلى تۇردى. مەسچىتتە جاھاننىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا پاراڭلىشىشقا، ھەتتا بولمىغۇر خىياللارنى سۈرۈشكىمۇ بولمايتتى. مەسچىت شۇ قەدەر ئاددىي، بىزەكسىز، پاك، تېپتىنچ ئىدى. قىبلىگە يۈزلىنىپ ئولتۇرغىنىمدا، بۇ جاھاننىڭ ھەۋەسلىرى، تەلۋىلەرچە ئىستەكلىرى بىلەن كىرلىشىپ كەتكەن روھىم پاكىزلىنىۋاتقاندەك بولدى.

ئۇزۇن تون كىيگەن، يوغان سەللە ئورىغان، ئاپئاق ساقاللىق بىر مويسىپىت كىشى روھلۇق ھالەتتە مەسچىتكە كىرىپ كەلدى. بۇ كىشى

مۇشۇ مەسچىتنىڭ ئىمامىدەك قىلاتتى. ئۇ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان جامائەتكە سالام قىلىپ، ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، مېھراپتا ئولتۇردى. جامائەت يىغىلىپ بولغان ئىدى. ئىمامغا ئەگىشىپ ھەممەيلەن ئورنىلىرىمىزدىن تۇرۇشتۇق. بامدات نامىزىدىن كېيىن ھەممەيلەن دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى. مەن خۇدادىن نېمىنى تىلەي؟

— ئامىن... — جامائەت تەڭلا گۇركىرەشتى.

— ئامىن! — دېدىم مەنمۇ پۈتۈن ئىخلاسىم بىلەن، — ئەي، رەھىم-شەپقەتلىك خۇدا، ھەممىگە قادىر خۇدا، ئاشۇ يىراقتا قالغان ئاتا — ئانامغا، بارلىق قېرىنداشلىرىمغا روھىي پاكلىق، كامالى ئىمان — ئېتىقاد ئاتا قىلغايسەن. سالامەتلىك ئاتا قىلغايسەن، تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇش ئاتا قىلغايسەن، بەخت ئاتا قىلغايسەن. ئامىن! ئەي، خۇدا، رەھىم — شەپقەتلىك خۇدا، ھەممىگە قادىر خۇدا، رۇقىيەنىڭ دىلىغا مېنىڭ سۆيگۈمنى سالغايسەن، مېنى بۇ ئازابلاردىن خالاس قىلغايسەن. ئامىن ئاللاھۇئەكبەر...

مەسچىتتىن يېنىپ چىقىۋاتقان ۋاقتىمدا پۈت — قولۇم يەڭگىللىشىپ قالغاندەك، كۆڭلۈممۇ يورۇپ قالغاندەك ھېسسىياتتا بولدۇم. بىز مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەن ۋاقتىمىزدا ئوقۇغۇچىلار ئەتىگەنلىك گىمناستىكا ئويناش ئۈچۈن مەيدانغا يىغىلىۋېتىپتۇ. دەرۋازىدىن كىرىۋاتقان ۋاقتىمىزدا ھېچكىم نەگە باردىڭلار دەپمۇ سورىمىدى.

نەچچە ھەپتە ئۆتۈپ، خۇدادىن مەككىگە چۈشكەن خەتنىڭ يالغان ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋەھىملىك خەۋەرنىڭ قور-قۇنچىدا بامدات نامىزىغا چىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرقانچىسى مەسچىتكە چىقمايدىغان بولدى. ئەمما كىچىك چاغلىرىمدىن باشلاپلا ئاتا — ئانامنىڭ ئۆتىگەن نامازلىرىنى كۆرۈپ، قەلبىمگە خۇداغا بولغان ئېتىقاد مەھكەم ئور-نىشىپ كەتكەن بولغاچقا، ھەر كۈنى ئەتىگەندە مەسچىتكە چىقىۋەردىم.

بۈگۈن سەھەردە بىر ساۋاقدىشىم بىلەن مەسچىتكە چىقىش، بىرمۇ

ئادەم كىرمەپتۇ. مەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، خۇددى ئۇزۇن يىل ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغان ئىخلاسمەن مۇرىتتەك پۈتۈن ئەس ــ يادىم بىلەن خۇدانى ياد ئېتىپ دۇرۇت ئوقۇدۇم. بىز شۇ ھالەتتە خېلى ئولتۇرغان بولساقمۇ، مەسچىتكە يەنىلا ھېچكىم كىرمىدى. نامازنىڭ يەكشەنبىسى يوق ئىدىغۇ؟ ئەسلىدە بىز سائەتنى خاتا كۆرۈۋېلىپ، مەسچىتكە بىر سائەت بۇرۇن كىرىۋالغان ئىكەنمىز. ئەمدى ناماز ئوقۇماستىن چىقىپ كەتسەك بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىكار ئولتۇرغاندىن ساۋابلىق ئىش قىلايلى دېيىشىپ، مەسچىت ھويلىسىنى سۈپۈرۈپ تازىلىدۇق. جامائەت بىردىن ــ ئىككىدىن كىرىشكە باشلىدى. بامدات نامىزىدىن كېيىن جامائەت دۇئاغا قول كۆتۈ-رۈشتى. مەنمۇ قول كۆتۈرۈپ، خۇدادىن ئارزۇ ــ ئارمانلىرىمنى تىلىدىم:

ــ ئامىن! ئەي، رەھىم ــ شەپقەتلىك خۇدا، ھەممىگە قادىر خۇدا، يۇرتقا ئاسايىشلىق، خاتىرجەملىك ئاتا قىلغايسەن. ئامىن! ئاتا ــ ئانامنى، بار-لىق قېرىنداشلىرىمنى پاناھىڭدا ساقلىغايسەن. ئامىن! رۇقىيەگە سالامەتلىك ئاتا قىلغايسەن...

مېنىڭ تەلەپ ــ ئىلتىجالىرىم تېخى خۇداغا يەتمىگەندەك قىلاتتى. مەن ھەر كۈنلۈك بامدات نامىزىمدا خۇداغا يالۋۇرۇپ، رۇقىيەنىڭ دىلىغا مېنىڭ ئىشقىمنى سىڭىشنى تىلەپ كېلىۋاتقان بولسامۇ، ئەمما رۇقىيەنىڭ مۇئامىلىسىدە قىلچە قىزغىنلىق كۆرۈلمىدى. ئەكسىچە، ئۇ بارغانسېرى سو-غۇقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك، ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقى بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

گۈلسۈم يېقىندا توي قىلىپتۇدەك. بۇنى رۇقىيەنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدىم. بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرى ئەجەب غەلىتە ــ ھە؟ ئالدىنقى يىلى رۇقىيە بىلەن جىنسداش مۇھەببەت دەپ سۆز ــ چۆچەككە قالغان بىر قىز مانا ئەمدى بىر ئەركەك بىلەن توي قىلغان ئىدى. ئەركەكزەدەك قىزمۇ توي قىلىدىكەنە؟ ئۇنداقتا ئۇ رۇقىيە بىلەن قانداق مۇھەببەتلىشىدۇ؟ بۇ پۈتۈنلەي

ئىغۋا، بۇ بىر قىسىم ئىچى يامانلارنىڭ تاپقان گېپى. مەن بۇرۇنمۇ بۇ گەپلەرگە ئىشەنمىگەن ئىدىم، هازىرمۇ ئىشەنمەيمەن، بۇ يالغان! يالغان!! پۈتۈنلەي يالغان گەپ!!!

※ ※ ※

جۈمە كۈنى كەچكى مۇزاكىرە ۋاقتى ئىدى. مەن گوركىنىڭ «قىز ۋە ئەزرائىل» ناملىق داستانىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتىم. تۇيۇقسىز رۇقىيە ئولتۇرغان تەرەپتىكى تام سىرتىدىن گۈپۈلدىگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئىنىقكى، كارىدوردا بىرەيلەن تامنى تېپىپ، رۇقىيەنى سىرتقا چاقىرىۋاتاتتى. بۇ نەقەدەر ئەسەبىي، هايۋانلارچە هەرىكەت ــ هە؟ مەن رۇقىيەگە كۆز قىرىمدا قاراپ قويدۇم. ئۇ قىمىرلاپ ئولتۇرالماي قالدى. تام سىرتىدىن يەنە تېپىك ئاۋازى ئاڭلاندى. رۇقىيە ئەتراپىغا ئەيمىنىپ قاراپ قويۇپ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ دىققىتى ئۆزىگە مەركەزلىشىپ قالمىسۇن دەپ قورۇنۇپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ سىرتقا قاراپ ماڭدى.

بىر مىنۇت ئۆتەر ــ ئۆتمەي، ئۇنىڭ كەينىدىن كارىدورغا چىقتىم. كارىدوردا هېچكىم كۆرۈنمەيتتى. رۇقىيەنى بىر كىم بولاپ ئېلىپ قاچىدىغاندەك بىنادىن پەسكە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چۈشتۈم. سىرتتا، ئوغۇللار ياتاق بىناسى تەرەپكە ئىككى ئادەم كېتىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ بىرى دەل رۇقىيە ئىدى، يەنە بىرى... سىنىپىمىزدىكى مۇزەپپەر ئىدى. مەن ئۆز كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. مۇزەپپەر... مۇزەپپەر؟! ئۇ مېنىڭ رۇقىيەنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەتتىغۇ؟ ئۇ نېمىشقا ساۋاقداشلىق هۆرمىتىنى قىلمايدۇ؟ ئادەمنىڭ بالاخور نەپسى قانداقمۇ ساۋاقداشلىق هۆرمىتىنى قىلسۇن؟ ئاھ! ئادەملەر، ئادەملەر...

ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ تۇرۇپ قالدىم. مۇزەپپەر رۇقىيەنى ئاللىقا-

چان ياتىقىغا ئىلىپ كىرىپ كەتكەن ئىدى. ئىشىك ئۈستىدىكى كۆزنەككە قەغەز چاپلانغان ئىدى. ئۆتكەندە ئۈچىنچى قەۋەتتىكى ياتىقىمدىن چۈشۈۋاتقان ۋاقتىمدا مۇزەپپەرنىڭ ئىشىك كۆزنىكىگە قەغەز چاپلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر نەرسىدىن گۇمان قىلغان ئىدىم. لېكىن بۇ تەييارلىقلارنىڭ رۇقىيە ئۈچۈن بولۇۋاتقانلىقىنى نەدىن بىلەي. پۈتۈننىڭ ئۈچىدا دەسسەپ، ياتاق ئالدىغا كەلدىم. يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەيتتى. ئىشىكنى بىر تېپىپ بىلەن ئېچىپ كىرەيمۇ؟ كالتەك بىلەن مۇزەپپەرنىڭ كاللىسىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەيمۇ؟ بىراق مەندە قېنى ئاشۇ ھوقۇق؟ مەن رۇقىيەنى ياخشى كۆرىمەن، لېكىن مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالغانمىدىم؟ رۇقىيە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بۇ ياتاققا كىرگەن. نېمىشقا؟ ئۇ زادى نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىدۇ؟ مەن نېمىشقا ئۇنىڭغا قايتىلاپ مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ باقمىغاندىمەن؟ ئۇ جۈرئەتسىزلىكىم، نازۇكلۇقىم سەۋەبىدىن مەندىن ئۈمىد ئۈزگەنمىدۇ؟ ئۇنىڭ قىزلىق قەلبى، رەسىدە بولغان جىسمى ئۈچۈن بىر ئوغۇل كېرەك، مەن ئۇنىڭ قىزلىق تەلەپلىرىگە جاۋاب بەرگۈدەك ئەركەك بولالمىدىم...

ياتاقتىن كارىۋاتنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ئىشىكنىڭ يۇچۇقىدىن مارىلىدىم. مۇزەپپەر ياتاققا كىرگەن پېتى كىيىملىرى بىلەنلا رۇقىيەنى كارىۋاتقا بېسىپ، ھەدەپ سۆيۈۋاتاتتى... ئوبدانىراق كۆرۈۋال، رۇقىيەنى ياخشىراق بىلىۋال! مانا بۇ سېنىڭ سۆيگۈڭگە بېرىلگەن جاۋاب! مەن يارىلانغان، قانسىرىغان ئادەمدەك ئىشىك ئالدىدا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۇلار ئىككىسىنى، كارىۋاتنى، دۇنيانى، ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ قالدىم. ياتاقتا، كارىۋاتتا ئىككىيلەن لەززەتتىن مەست، كارىدوردا، سېمونت يەردە مەن ئازابتىن بىھوش...

مەن ئۆلۈپ قالماپتىمەن، ھوشۇمغا كېلىپ ئەتراپىمغا قارىسام، كارىدوردا، ياتاق ئالدىدا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپتىمەن. شۇ پەيتتە ئۇلار ياتاقتىن

چىقىپ قالغان بولسا، خورلۇقتىن ئۆلمەسمىدىم؟ بۇ ھالىتىمنى مۇزەپپەر كۆر-
مىسۇن، بولۇپمۇ رۇقىيە ھەرگىز كۆرۈپ قالمىسۇن... ئورنۇمدىن تۇرۇپ،
ئۇچىنچى قەۋەتكە قاراپ ماڭدىم، دەلدەڭشىپ مېڭىپ، ياناققا ئارانلا
كىرىۋالدىم — دە، كارىۋىتىمغا ئۆزۈمنى تاشلىدىم، كارىۋات پەردىسىنى چۈ-
شۈردۈم، يوتقان بىلەن يۈزۈمنى چۈمكىدىم، مەن بۇ دۇنيادىن بەزگەن ئىدىم،
بۇ دۇنيانى كۆرۈشكە رەۋىتىم قالمىغان ئىدى. يوتقان ئىچىدە تۈگۈلۈپ
تىترەپ ياتىمەن، ھېچنېمىنى ئويلىيالمايمەن، ھېچنېمىنى ئەسلىيەلمەيمەن،
ساۋاقداشلىرىمنىڭ مۇزاكىرىدىن تارقاپ كىرگەنلىكىمۇ چۈشۈمدىكىدەك غۇۋا.
ئۇخلىدىممۇ — تۇندىممۇ، ھېچنېمىنى بىلمەيمەن...

تاڭ ئاتتى. سىرتقا چىقىشتىن قورقاتتىم، دۇنيا مەن ئۈچۈن ۋەھىمىگە
ئايلانغان ئىدى. ئاخشامقى ئىشلارنىڭ بولغانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى.
بىراق يۈرىكىمنى قاماللىۋالغان ئاشۇ رەھىمسىز رېئاللىقنى قانداقمۇ ئىنكار
قىلالاي؟

دەرسكە قاتنىشىش ئۈچۈن سىنىپقا چىقتىم. رۇقىيە ھېچقانداق ئىش
بولمىغاندەك خاتىرجەم، بىپەرۋا ھالەتتە يۈرەتتى. شۇ چاغدىكى تۇيغۇمنى
يوشۇرۇپ نېمە قىلاي، ئۇ تۇنجى قېتىم كۆزۈمگە چىرايلىق، لېكىن ئىنتايىن
يىرگىنچلىك كۆرۈندى. مەن ئۇنىڭ قەلبىمدىكى پاك ئوبرازىنىڭ ئۆزگىرىپ
كەتكەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. مەن نەپرەت بىلەن، پەسلەشتۈ-
رۈلگەن رۇقىيە بىلەنلا ئۆزۈمنى بۇ دەھشەتلىك زەربىدىن ساقلاپ قالالايتتىم.
مۇھەببەت مېنى كىچىكلەتكەن، ئاجىزلاشتۇرغان ئىدى؛ نەپرەت بولسا مېنى
ئويغاتتى، ماڭا كۈچ بەردى، ئىنسانلىق قىممىتىمنى قايتا يادىمغا سالدى.

مۇئەللىم دەرس سۆزلىمەكتە. ئوڭ تەرىپىمدە رۇقىيە، سول تەرىپىمدە
مۇزەپپەر. ئۇلار كۆزۈمگە چېلىقىشى بىلەنلا دىققىتىم چېچىلىپ كېتەتتى.
ئاخشام ساۋاقداشلىرىم قانداق ئويلاپ قالغاندۇ — ھە؟ مۇزەپپەرنىڭ تىلىنى
تەپكەنلىكىنى باشقىلارمۇ ئاڭلىدى. رۇقىيەنىڭ سىرتقا قاراپ ماڭغانلىقىنى،

ئۇنىڭ كەينىدىن مېنىڭمۇ چىقىپ كەتكەنلىكىمنى كۆردى. باشقىلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا قانداقلارچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن پايلاش ئۈچۈن ماڭغاندىمەن؟ مېنىڭ رۇقىيەنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ساۋاقداشلىرىم بىلىدۇ. مەن ياخشى كۆرىدىغان رۇقىيە باشقا بىرسىنىڭ يېنىغا چىقىپ كېتىۋاتسا، يەنە مەن بويۇن قىسىپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن مېڭىپتىمەن. شۇ پەيتتە نېمىنى ئويلىغان بولغىيتتىم — ھە؟ بەلكىم، رۇقىيەنى مۇزەپپەردىن قورىغان، مۇزەپپەرنىڭ بۇ گۆھىرىمنى تارتىۋېلىشىدىن، ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولسام كېرەك. ساۋاقداشلىرىم چوقۇم مېنى مەسخىرە قىلىپ كۈلدى، ھەتتا بۇ بەزىلەرنىڭ تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولدى...

ئاخشام مۇزەپپەرنىڭ ياتىقى ئالدىدىن ياتىقىمغا چىقىپ كەتكىنىمدىن كېيىن يەنە نېمە ئىشلار بولغاندۇ؟ كېيىن رۇقىيە كىيىملىرىنى پۈتۈنلەي سېلىۋەتكەنمىدۇ؟ ئۇلار كەچكى مۇزاكىرىگە قاتنىشىش ئۈچۈن يەنە سىنىپقا قايتىپ چىققانمىدۇ ياكى بىر كېچە بىرگە بولغانمىدۇ؟ بۇ ياتاقتا مۇزەپپەر بىلەن يەنە بىرسى بىللە ياتاتتى. شۇڭا رۇقىيەنىڭ قونۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما مېنىڭ كەينىمدىن مۇزاكىرە تارقىغۇچە بولغان بىر سائەتتەك ۋاقىتتا يەنە نېمە ئىشلار بولغاندۇ؟ مۇزەپپەرنىڭ ياتاقدىشى ياتاقنى بىر كېچە تاشلاپ بەرگەندىمۇ؟...

رۇقىيەنىڭ مەن سۆيگەن لېۋىگە ئاخشام مۇزەپپەرمۇ سۆيدى. ئەمدى بۇ لەۋنىڭ مەن سۆيگۈدەك، تەشنا بولغۇدەك يېرى قالمىدى. مەن بىر يىلدىن بۇيان رۇقىيەگە كۆيگەن بۇ يۈرىكىمنى ھەر خىل باھانە — سەۋەبلەر بىلەن گوللاپ كەلگەن ئىدىم. ئەمدى يەنە نېمە سەۋەب، نېمە پەرەزلەر بىلەن ئالدايمەن؟ چۈشۈمدە ئەمەس، ئوڭۇمدا، خىيالىمدا ئەمەس، كۆز ئالدىمدا رۇقىيەنىڭ مۇزەپپەر بىلەن سۆيۈشىۋاتقانلىقى ئېنىق ئايان بولدى. ئەمدى ھەممە ئۈمىد، بارلىق ئارزۇلار تەلتۆكۈس بەربات بولدى. مېنىڭ خۇداغا يېلىنىپ — يالۋۇرۇشلىرىممۇ ھېچنېمىگە كار قىلمىدى. مېنىڭ خۇدادىن

رەنجىشكە ھېچبىر ئاساسىم يوق. خۇدا بۇ ئالەمدە رۇقىيەنىڭ مۇھەببىتىنى ماڭا نېسىپ قىلماپتۇ.

بەختلىك بول، رۇقىيە، مۇزەپپەر بىلەن ۋىسالىڭغا يەت. بۇ دۇنيانىڭ بىر يېرىدە خۇدا پېشانەمگە پۈتكەن، مەنمۇ سۆيىدىغان، مېنىمۇ سۆيىدىغان بىر قىز چوقۇم بار. كۆڭلۈم يەنىلا تەشۋىشتە، چىرايىغا ئىشىنىپ بىرمۇنچە قىزلارنى ئەخمەق قىلغان مۇزەپپەرنىڭ سېنى ھەقىقىي سۆيىدىغانلىقىغا زادى ئىشەنمەيمەن. ئۇ سېنى چىن دىلىدىن سۆيسە، سېنى ھۆرمەت قىلسا، سېنى مۇنچە ئالدىراپلا كارىۋاتقا باسماس ئىدى. ئۇنىڭدا قاملاشقان چىراي بولغان بىلەن ئالىيجاناب قەلب يوق. سەن كۆپ ئۆتمەي، كۆزۈڭنى ياشلاپ قالمىساڭلا بولاتتىغۇ؟

مۇشۇنداق پەيتتىمۇ يەنىلا رۇقىيەگە كۆيۈنۈپ، ئۇنىڭدىن غەم قىلىپ، ئۇنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ئەنسىرەپ ئولتۇرغىنىمنى زادى چۈشەنمىدىم. ئۇ-نىڭدا ئۆزىنى ھەقىقىي سۆيمەيدىغان بىرسىنىڭ ئۆز لېۋىگە سۆيۈشىدىن، كارىۋاتقا بېسىشىدىن خورلۇق ھېس قىلىدىغان سەزگۈ بارمىدۇ؟ شۇنچە تېز-ھە؟ بىر ئاي ئىلگىرىلا بىر ـ بىرى بىلەن كارى يوق ئىككىيلەننىڭ مانا ئەمدى... ھازىر رۇقىيە ئۈچۈن كېرىكى ھەقىقىي، پاك مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى ئېچىرقىغان نەپسىنى قاندۇرالايدىغان ھايۋانلارچە جىنسىي مۇنا-سىۋەت!

بىردىنلا ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئۆچلۈكۈم كەلدى. ماڭا مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل، ئالىيجاناب بولۇشنى كىم قويۇپتۇ؟ مانا بۈگۈن نېمىگە ئېرىشتىم؟ بۇرۇن رۇقىيە بىلەن نەچچە قېتىم ياتاقتا بىللە بولغاندا نېمىشقا ئۇنىڭ مويىنىمۇ تەگمىدىم؟ سەئىد ئەخمەتنىڭ خېتىنى كۆرۈپ قالغان چاغدا نېمىشقا كۆر-مىگەن، بىلمىگەن بولۇۋېلىپ، رۇقىيەنى ئويۇنچۇق قىلمىدىم؟ نېمىشقا يالغان ـ ياۋىداق ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئۇنى ئالدىمىدىم؟ ئۇنىڭغا پاك سۆيگۈ كېرەك ئەمەسكەن ئەمەسمۇ؟ ئەمدى ماڭا بۇ ئاق كۆڭۈللۈك، پاكلىق،

ئالىيجانابلىقىنىڭ كېرىكى يوق! مەنمۇ ئۇلاردەك ھايۋان بولۇشۇم كېرەك! ھايۋان... ھايۋان...

مەن ئەسلى رۇقىيەدىنمۇ چىرايلىق ھەم پاك قىزنى تېپىشىم كېرەك ئىدى. رۇقىيەنىڭ گۈلسۈم بىلەن بىھۇدە يىلان ئاتاقتا قالغىنىدىن، ئەسكى بولسىمۇ مۇزەپپەر بىلەن مۇھەببەتلەشكىنى ياخشى ئىدى. ئەپسۇسكى، رۇقىيەنى مۇزەپپەر بىلەن مۇھەببەتلەشتى دېگىلى بولامدۇ؟ بىلمەن، ئۇلار بىر — بىرىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇلار پەقەت ھايۋانىي ئىستەكنىڭ قوترىتىشى بىلەنلا بىر ياتاقتا كىرىپ قالغان. بۇ ئۆمرۈمدە مەن تۇنجى قېتىم ھەقىقىي سۆيگەن رۇقىيە، كۆز قارىچۇقۇمدەك ئاسراپ كەلگەن ئاشۇ رۇقىيە ئۆزىنىڭ ئالتۇن بويلىرىنى بىر ئويۇنپەز ئادەمخورنىڭ ئاستىغا تاشلاپ بېرىپ، پاكلىقىنى قىلچە قەدىرلىمىگەن يەردە، ئەمدى مېنىڭ ھېچنېمىنى ئويلاپ ئولتۇرغۇم يوق...

ھاياتىمدىكى بۇ نەپرەتلىك ئىشلارنىڭ لەرزىسىدىن بۈگۈن كېچە يەنە تۈزۈك ئۇخلىيالمىدىم. كېچىچە قارا بېسىپ، ئەتىگەندە ئويغانسام، بېشىم تاشتەك ئېغىر ھالەتتە ئورنۇمدىن قوپتۇم. ئەتىگەنلىك چاينىمۇ تۈزۈك ئىچكۈم كەلمىدى. ياتاقداشلىرىم بىر — ئىككىدىن كوچىغا قاراپ مېڭىشتى. بۈگۈن كەيپىياتىم ئىنتايىن ناچار بولغاچقا، شەھەرگىمۇ چىققۇم كەلمىدى. دوستۇم مەردانىنىڭ تۈمەن كۆلگە بېرىپ ئويناپ كېلەيلى دېگەن گېپىمۇ خۇش ياقمىدى. مەن كىتابلىرىمنى قولتۇقلاپ، بۇرۇنقى يەكشەنبە كۈنلىرىدىكىدەك يەنە سىنىپقا چىقتىم. رۇقىيەنىڭ پارتا — ئورۇندۇقى ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقتىمدا كۆڭلۈم يەنە قايتىدىن بىئارام بولدى. بۇرۇن قوچاقلاپ سۆيگەن پارتىغا مانا بۈگۈن بىر ھازاغىچە نەپرەت بىلەن قاراپ قالدىم. ئەمدىلىكتە بۇ پارتا — ئورۇندۇقمۇ رۇقىيەگە ئوخشاشلا كۆزۈمگە مەينەت كۆرۈندى. شۇ ئەسنادا بىر پارچە خەت يېزىپ، پارتىغا سېلىپ قويىمايمۇ، دېگەن خىيال كاللامدىن كېچىپ ئۆتتى. توغرا، شۇنداق قىلىش

كېرەك، رۇقىيەنىڭ ئۆز پاكلىقىنى قەدىرلىمىگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئۆزى دەپسەندە قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك.

*سۆيۈملۈك رۇقىيە:*

*... سىزگە ئېيتىدىغان سۆزلىرىم ناھايىتى كۆپ. گېپىمنى نەدىن باشلاشنى، قايسى سۆزلىرىمنى دېيىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن. مەن بۈگۈن ھەممىنى دەيمەن، بۇرۇن سىزگە دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىغان سۆزلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دەيمەن.*

*مەن سىزنى سۆيەتتىم، بىراق مېنىڭ بۇ سۆيگۈم ھېچبىر قەدىر-لەشكە ئېرىشەلمىدى. مەن مۇشۇ پېتىچە ئۆلۈپ كېتىشنى خالىمىدىم. بۇ ئالەمدىغۇ سىزگە يېتەلمىدىم، ئۇ ئالەمدە سىزنى ئۇچرىتالمىسام، قانداق قىلىمەن؟ مېنىڭ قەلبىمنى بىلىپ قېلىڭ، مېنىڭ سىزنى سۆيگىنىمگە، سىزگە كۆيگىنىمگە خۇدا گۇۋاھ! يۈرەك رىشتىم سىزگە باغلىنىپ قالغاندىن بۇيان ھەر بىر كۈنۈمنى يەككە - يېگانىلىقتا ئازاب بىلەن ئۆتكۈزدۈم. بىلمەيمەن، مەن سىزنى قانداقلارچە ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەن؟ مەن بۇنى يەردىن، ئاسماندىن، خۇدادىن سورىدىم، ئۇلارمۇ بۇنىڭغا بىر نەرسە دەپ بېرەلمىدى. مەن ئاخىرى قەلبىمدىنمۇ سورىدىم، قەلبىم بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيدىكەن.*

*سىز ئەسلى مېنىڭ ئىدىڭىز، خۇدا سىزنى مەن ئۈچۈنلا ياراتقان ئىدى، بىراق مەن سىزنى قولۇمدىن چىقىرىپ قويدۇم. جۈرئەتسىزلىكىم تۈپەيلى خۇدا مېنى جازالىدى. بۇ دۇنيادا بىر قىزنىڭ مۇھەببىتى بىرلا يىگىتكە تالىق، بىر يىگىتنىڭ مۇھەببىتىمۇ بىرلا قىزغا تالىق. خۇدا سىزنى مەن ئۈچۈن، مېنى سىز ئۈچۈن ياراتقان ئىدى.*

*ئەپسۇس... مىڭ ئەپسۇس...*

*سىز مۇشۇ جۈمە كۈنى نىمە ئىش قىلىپ قويدىڭىز - ھە؟ مۇزەپپەر،*

نەچچە قىزنى ئەخمەق قىلىپ تاشلىغۇەتكەن، ئەمدىلىكتە سىزنى ئويۇنچۇق قىلىپ كۆڭلىنى ئاچماقچى بولۇۋاتقان ئاشۇ ھاياسىز مۇزەپپەر كارىدور تېمىنى ھايۋانلارچە تېپىپ، سىزنى سىرتقا چاقىرغاندا، سىز ئۇتتۇز نەچچە سا- ۋاقدىشىڭىزنىڭ ئارىسىدىن قوپۇپ، ئۇنىڭ قېشىغا چىقىشقا يۈرىكىڭىز قانداق چىدىغاندۇ ــ ھە؟ سىزنى سىرتقا چاقىرىۋاتقان ئادەم ئاشۇ مۇزەپپەر بولماي، بەلكى سىزنى سۆيىدىغان، ھۆرمەت قىلىدىغان، قەدىرلەيدىغان، سىزنىڭ بارلىقىڭىزغا مەسئۇل بولىدىغان، بەخت ھەم بەختسىزلىكتە سىز بىلەن ئۆمۈرۋايەت بىرگە بولىدىغان چىن سۆيگۈ ئىگىسى، پەرزەنتلىك بىر يىگىت بولغىنىدا ئىدى، سىزنى ئۇ سىرتقا چاقىرىۋاتقاندا، سىز قوپۇپ ئۇنىڭ يېنىغا چىقىپ كېتىۋاتقىنىڭىزدا، مەن سىزنى ھەرقانچە ياخشى كۆرسەممۇ، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، سىزگە بەخت تىلەپ قالاتتىم ئەمەسمۇ؟ ھايۋانلارچە جىنسىي ئىستەكنىڭ قوترىتىشىدا كارىدور تېمىنى تېپىپ، سىرتقا چاقىرىۋاتقان ئادەمنىڭ قانداقلىقىنى سىز ئەجەب بىلمىدىڭىز ــ ھە؟ كۆڭلۈمگە ئايان، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگىمۇ ناھايىتى ئېنىق ئايان، مۇزەپپەر سىزنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ھەقىقىي ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن سىزگە تەلپۈنۈۋاتقىنى يوق، ئۇنى مەپتۇن قىلىۋاتقىنى ــ سىزنىڭ تېنىڭىزدىكى جىنسىي ئىستەكنى قوزغاتقۇچى سېھرىي گۈزەللىك.

قېنى، ئۆزىڭىزمۇ ئېيتىڭە، مۇزەپپەر سىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرەمدۇ؟ سىزمۇ ئۇنى ھەقىقىي سۆيەمسىز؟ بۇنىڭغا راستىنلا جاۋاب بېرەلمەيسىز. شۇنداقكەن، ئۇنىڭ قېشىغا نېمىشقا چىقتىڭىز؟ نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياتاقىغا كىردىڭىز؟ ئەي، باھاسىز، گۈزەل پەرىشتە، بۇ رەزىللىكلەر سىزگە مۇناسىپ ئەمەس ئىدى. سىز تېنىڭىزنى، روھىڭىزنى قەدىرلىشىڭىز، پەرىشتىدەك پاك ياشىشىڭىز، مۇھەببىتىڭىزنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇشىڭىز كېرەك ئىدى. بىراق رەسىدە بولغان قىزلىق

تەلپۈنۈشلىرىڭىز ھەممىنى بەربات قىلىۋەتتى. ئۆزىڭىزگە ياخشىراق بىر قاراپ بېقىڭا، سىز بۇرۇن قانداق ئىدىڭىز، ئەمدى قانداق بولۇپ قالدىڭىز؟ ئەتىكى كۈندە مۇشۇ رۇقىيە ھالال ئەرنىڭ ئالدىغا قانداق بارىدۇ؟ ئاشۇ ئەر ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلمىسە ــ ھە؟ شۇ چاغدا ھازىرقى ئىشلار يۈرىكىڭىزدە ئاچچىق ئەسلىمە، سىر بولۇپ قالار. لېكىن كەلگۈسىدە بالىڭىز بولىدۇ، سىز بالىڭىزنىڭ مەڭزىگە سۆيىسىز، بالىڭىز كۆكسىڭىزنى شورايدۇ، بىراق سىزنىڭ لېۋىڭىز، كۆكسىڭىز بۇلغانغان تۇرسا، ئاشۇ گۆدەك بالىغمۇ ناپاكلىق سىڭىپ كەتمەسمۇ؟ رۇقىيە... ئەي، رۇقىيە، مېنىڭغۇ دېمەڭ، ئەمما ئۆزىڭىز، بولغۇسى ئېرىڭىز، تۇغۇلغۇسى بالىلىرىڭىز ئالدىدا نېمە ئىشلارنى قىلىپ قويدىڭىز ــ ھە؟ ئىسىت، ئاشۇ ياۋايى ھالەتتە تىل تېپىشلەر بىلەن سىزگە بېشارەت بېرىۋاتقان ئادەمنىڭ قانداقلىقىنى، كۆڭلىدە نېمە مۇددىئا-لارنىڭ بارلىقىنى ئەجەب بىلمىدىڭىز ــ ھە؟

بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىمىزنى ئۆز قولىمىز بىلەن نابۇت قىلىدىكەنمىز. بىزنىڭ بەختسىزلىكىمىزمۇ دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك. سىزنىڭ تەڭداشسىز گۈزەل ھۆسن ــ جامالىڭىز، ئالتۇن بويىڭىز، سىز تۆرەلگەندە خۇدا بەخشەندە قىلغان پاكلىقىڭىز، غۇ-رۇرىڭىز، ئىنسانىي قىممىتىڭىز ــ سىزنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىڭىز ئىدى. سىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ بىردەملىك ھاۋايى-ھەۋىسىڭىزنى قاندۇرۇش ئۈچۈن مۇزەپپەرنىڭ ئاستىغا تاشلاپ بەردىڭىز. سىز ئۈچۈن قەدىرلەنمىگەن، مۇزەپپەر ئۈچۈن قەدرى بولمىغان سىزدىكى ئاشۇ گۈزەل، قىممەتلىك نەرسىلەر مەن ئۈچۈن قانچىلىك ئەتىۋار، بىباھا، تېپىلغۇسىز نەرسىلەر ئىدى ــ ھە؟ سىز ئۆز قولىڭىز، ئۆز رازىلىقىڭىز بىلەن نابۇت قىلغان ئاشۇ گۈزەل، قىممەتلىك نەرسىلەرگە سىز ئېچىنمىغان بىلەن مەن بەكلا ئېچىندىم.

ئەجەب غەلىتە ئىش، سىزنىڭ ئىشقىڭىزدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن ئادەم

بىلەن كارىڭىز يوق، ئەكسىچە سىزنى سۆيمەيدىغان، ھۆرمەت قىلمايدىغان بىر ئادەمنىڭ ئاستىغا بارلىقىڭىزنى تاشلاپ بەرگەنلىكىڭىز بەكلا قىزىق. مەن ئەسلىدە سىزنىڭ مىنى سۆيمەيدىغانلىقىڭىزغا تەن بېرىشىم، بۇ ئازابلىق رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشىم، سىزدىن ئۈمىدىمنى پاك ـ پاكىز ئۈزۈۋىشۈم كېرەك ئىدى. بىر يىل ئىلگىرىلا مەن سىزگە مۇھەببەت ئىزھار قىلغان ۋاقتىمدا ئېنىق جاۋابقا ئېرىشكەن ئىدىم. مىنى سىزدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈۋشكە ئۈرۈنمىدى دەمسىز؟

سىزنىڭ ئالدىڭىزدا قەدىر ـ قىممىتىم يەر بىلەن يەكسان بولسىمۇ قىلچە يوشۇرمايمەن. سىزنىڭ مىنى سۆيمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلگىنىمدىن كېيىن قەلبىمدىكى بۇ مۇھەببەت ئوتىنى كۆز ياشلىرىم بىلەن ئۆچۈرۈۋىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇنۇپ باققان بولسامۇ، مىنىڭ ئازاب ئىچىدە تۆككەن كۆز ياشلىرىم بۇ ئوتنى ئۆچۈرمەك تۇگۇل، خۇددى ئوتقا ياغ چېچىلغاندەك تېخىمۇ يالقۇنجىتىۋەتتى. مەن بۇ ئوتنى ئۆچۈرۈۋىتىش ئۈچۈن بەكمۇ ئۇزاق ئېلىشتىم، بىراق يېڭىلدىم. شۇ چاغدىلا بۇ ئىشق ئوتىنى خۇدانىڭ ياققانلىقىغا ئاخىر تەن بەردىم. شۇنىڭدىن كېيىن مەن نائىلاج خۇدانىڭ سىزنىڭ يۈرىكىڭىزگىمۇ مىنىڭ ئىشق ئوتۇمنى سېلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتتۇم.

مەن سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشەلمەي يۈرگەن بۇ كۈنلەردە سىزنىڭ ھەر خىل خىيالىي ئوبرازلىرىڭىزنى ياساپ قۇچاقلىغانلىقىمنى، پۇرىغانلىقىمنى، سۆيگەنلىكىمنى بىلمەيسىز... مەن ئاخشاملىرى سىزنى ئويلاپ ئۇخلىيالمىغان چاغلىرىمدا يوتقىنىمنى سىزگە ئايلاندۇرۇپ قۇچاقلايدىغانلىقىمنى بىلمەيسىز... مەكتىپىمىزنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى تال ياقىسىدا قانار جىگدىلەر بارلىقىنى، ئاشۇ جىگدىلەرنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈپ جىگدىنى خىيالىمدا سىزگە ئايلاندۇرۇپ قۇچاقلاپ دەرد تۆكىدىغانلىقىمنى، ياش تۆكىدىغانلىقىمنى بىلمەيسىز... تومەن دەرياسىغا سۇغا چۆمۈلگىلى

بېرىپ، دەريا ساھىلىغا سىزنىڭ رەسىمىڭىزنى سىزىپ، رەسىم ئۈستىدە سىزنى باغاشلاپ يانقانلىقىمنى تېخىمۇ بىلمەيسىز... قاراڭ، مەن قانچە بىچارە — ھە؟ مەن باشقىلار ئالدىدا ئەمەس، پەقەت سىزنىڭ ئالدىڭىزدىلا مۇشۇنداق بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالدىم. سىز مېنى ھەر ئويلارغا، ھەر كويلارغا سالغان قەلبىمنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدىڭىز. سىز مېنىڭ ئالدىمدا شۇنچىلىك قۇدرەتلىك ئىدىڭىز. سىز مەن ئۈچۈن شۇ قەدەر گۈزەل، پاك، بىباھا، تېپىلغۇسىز پەرىزات ئىدىڭىز. ئەپسۇسكى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىڭىز بەربات قىلىۋەتتىڭىز. مەن جۇمە كۈنى ئاخشىمى خۇدۇمنى يوقىتىپ، ساراڭ نېمىدەك كەينىڭلاردىن بېرىپ، ئىشىك يوچۇقىدىن سىزنىڭ بارلىق پاك، قىممەتلىك نەرسىلىرىڭىزنى مۇزەپپەرنىڭ ئايىغا تاشلاپ بەرگەنلىكىڭىزنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىمدە، سىزنىڭ نىلۇپەت بولغان پاكلىقىڭىز، قىممىتىڭىز ئۈچۈن، قەلبىمدىكى ھۆكۈمران ئوبرازىڭىزنىڭ گۇمران بولغانلىقى ئۈچۈن مېنىڭ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىمنى، ھەسرەت چەككەنلىكىمنى بىلمەيسىز... بۇنى مۇزەپپەردىن كۆرمەيمەن، ھەممىنى... ھەممىنى نىلۇپەت قىلغان سىز ئۆزىڭىز.

بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك يامان سۆز — چۆچەكلەرنى تارقالغان چاغدا، مېنىڭ قانچىلىك پۇچىلانغانلىقىمنى، غېمىڭىزدە كۆيۈپ كۈل بولغانلىقىمنى بىلمەيسىز. مەن قانچە ئەنسىرىگەن بىلەن سىز ئۆزىڭىز ئەنسىرىمىسىڭىز، قەدرىڭىزنى ئۆزىڭىز قىلمىسىڭىز، سىزدە ئۆز قىممىتىڭىزگە يېتىدىغان سەزگۈ بولمىسا، سىزدە نىلۇپەت بولغان قىممىتىڭىز ئۈچۈن ئازابلىنىدىغان تۇيغۇ بولمىسا، يەنىلا بىكار ئىكەن.

ئەمدى يەنە نېمە دېگۈلۈك؟ مېنىڭ بۇ قايغۇ-ھەسرەتلىرىمنىڭ ھەممىسى سىز ئۈچۈن بىھۇدىدۇ. سىز يەنىلا ھېچ ئىش قىلمىغاندەك، ھېچنېمىڭىزنى يوقىتىپ قويمىغاندەك بىپەرۋا ھالەتتە يۈرۈۋېرىسىز. سىز ماڭىمۇ باشتا بىپەر-

*ۋالارچە مۇئامىلە قىلغان ئىدىڭىز، مانا ئەمدى ئۆزىڭىزگىمۇ پەرۋاسىزلارچە مۇئامىلە قىلىشۋاتىسىز. مەن سىزگە ھەممە گەپلىرىمنى دەپ، ئالدىڭىزدا يەتكۈچە خورلۇق تارتىۋاتقان بولسامۇ، يەنىلا شۇنى تىلەي: سىز كېيىن بۇ بىپەرۋالىقىڭىزنىڭ جازاسىنى ھەرگىز تارتىپ قالماڭ. رېئاللىقتىنمۇ ئۆزىڭىزگىمۇ پەرۋاسىزلارچە مۇئامىلە قىلىدىغان، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ قانداق ھالەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى، نېمىلەردىن مەھرۇم بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلمايدىغان ئادەملەر ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ. ماڭا ئوخشاش ئۆزىنىڭ غېمى يەتمىگەندەك، يەنە باشقىلارنىڭ غېمىدە قايغۇرۇپ، زىيادە يۈكنى ئۈستىگە يۈكلىۋالىدىغان ئادەملەر خۇشال ياشىيالمايدۇ.*

*يازسام — يازسام، سۆزلىرىم تۈگىمىگۈدەك. بولدىلا، مۇشۇ يەردە توختىتاي. مېنىڭ سىزگە مۇنچە ئۇزۇن خەت يازغىنىمدىن مېنى يەنە يالۋۇرغىلى تۇرۇپتۇ دەپ ئويلاپ قالماڭ. مەنمۇ سىزنىڭ سۆيىشىڭىزگە ئەرزىمەيمەن، مەن قانچىلىك ئادەم ئىدىم؟ لېكىن ئەمدى سىزنىڭمۇ تەلپۈنگۈدەك، سۆيگۈدەك، قەدىرلىگۈدەك يېرىڭىز قالمىدى.*

*خوش، بەختلىك بولۇڭ، مۇرەپپەر بىلەن مۇرادىڭىزغا يېتىڭ...*

خەتنىڭ ئاخىرىغا ئىمزا قويۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇ بۇ خەتنى ئوقۇسا، كىمنىڭ يازغانلىقىنى بىلىدۇ. مەن خەتنى قاتلاپ، رۇقىيەنىڭ پارتىسىغا كىرگۈزۈۋېتىدىغان چاغدا ئىككىلىنىپ قالدىم. بەزى سۆزلىرىم بەكلا قاتتىق كەتتىمۇ قانداق؟ قاتتىق كەتسە كەتمەمدۇ؟ ئۇنىڭمۇ دىلى رەنجىپ باقسۇن...

· مەن بەكمۇ ئەجەبلەندىم، رۇقىيە ھەر كۈنى دەرسكە قاتنىشىۋاتاتتى، ئۇ ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدىنمۇ خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ ئاچچىقىم كېلىپ قالدى، ئۇ مېنى مەنسىتمىگەندەك بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرەتتى، مېنىڭ خېتىمنى ئوقۇپمۇ پەرۋايى پەلەك ھالەتتە يۈرەتتى. مەن

ئۇنىڭغا زەن سېلىپ قاراپ، كۆلكىسىنىڭ ياسالما كۆلكە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بۇ كۆلكىسى كەينىگە ئازابلىق ھېسسىياتنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم. ئۇ يۈرىكى ئاچچىق ئەلەمدىن ئېچىشىۋاتسىمۇ، ئۇنى سىرتقى قىياپىتىدە ئىپادىلىمەي، خوشال كەيپىياتتا يۈرەلەيدىكەن. ئۇ بولۇپمۇ مېنىڭ ئالدىمدا ئازابلىنىۋاتقانلىقى ئاشكارىلىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئەتەي سۈنئىي چىراي ياساپ، ساختا قىلىقلارنى قىلىپ يۈرەتتى.

※ ※ ※

نەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. رۇقىيە ئەمدى ماڭا تەتۈر قاراپ يۈرىدىغان، گەپ قىلمايدىغان بولدى، ئۇنىڭ مېنى كۆرەرگە كۆزى يوق. ئۇ مەندىن ئۈچ ئېلىشقا باشلىدى. ئۇ ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئوغۇللارغا قەستەنگە سۈر-كىلەتتى، غەلىتە چاقچاقلارنى قىلاتتى. بۇ خىل ئۈچ ئېلىش ئۈچۈن قىزلار ئۈچۈن خەتەرلىك ئىدى. ئوغۇللار بۇنداق روھىي ھالەتتىكى قىزلارنى ئاسانلا بىلىۋېلىپ، كەينى — كەينىدىن كولدۇرلىتاتتى، ئاخىرقى ھېسابتا قىزلار روھىي، جىسمانىي جەھەتتىن زىيان تارتقىنى تارتقان ھالەتتە قېلىۋېرەتتى. نېمىشقىدۇر رۇقىيەگە يەنە ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ مەندىن ئۈچ ئېلىش ئۈچۈنلا ھېسسىياتقا بېرىلىپ قىلىۋاتقان ئىشلىرى ئۆزىنى باشقىلارغا ئو-يۇنچۇق قىلىپ تۇتۇپ بېرىشتىن باشقا ئىش ئەمەس ئىدى.

غەلىتە يېرى شۇكى، مەن بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە رۇقىيە بىلەن مۇزەپپەرنىڭ يېقىنچىلىق قىلىشقىنىنى كۆرمىدىم، ھەتتا ئۇلارنىڭ سىنىپتا بىرەر قېتىم گەپلىشىپ تۇرغانلىقىنىمۇ كۆرمىدىم. قارىغاندا ئۇلارنىڭ مۇنا-سىۋىتى ئاللىقاچان بۇزۇلغاندەك قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەسلىدىنلا ياخشى كۆرۈش تۇيغۇ، ھەتتا يېقىنچىلىقتىن شەكىللەنگەن ئاددىي مۇناسىۋەتمۇ يوق ئىدى؟ ئەيىۋھەننىس! رۇقىيەنىڭ قىلىقلىرىچە

مۇشۇنداق ئادەمنىڭ ئاستىغا ئۆزىنى شۇنچە تېز تاشلاپ بەرگەنلىكىگە ھېچ ئەقلىم يەتمىدى. بىزنىڭ غېمىمىزدە يۈرگەن ئادەمنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغانلىقىمىز — بىزنىڭ پاجىئەيىمىز ئىكەن. بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىنى ئۆزىمىز قىلمايدىغانلىقىمىز — بىزنىڭ تېخىمۇ قورقۇنچلۇق پاجىئەيىمىز ئىكەن. بۈگۈن نېمە بولدى؟ مۇزەپپەرنىڭ ۋەدىلىرى، رۇقىيەنىڭ شېرىن خىياللىرى نەچچە بەتلىك ئاددىي تارىخ بولۇپ قالدى. بۇ سەھىپە بەكلا تېز يېزىلىپ بولدى. ئەمدى قېنى پاكلىق، قېنى گۈزەللىك، قېنى سۆيگۈ، قېنى قىزلىق غۇرۇر — ئىپتىخار؟! ئاھ... ئەجەبكى، بۇ ئايرىلىش رۇقىيە ئۈچۈن دائىم تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان نورمال ئىشتەك، ئۇنىڭدا نە ئېچىنىش، نە پۇشايمان. بىلىمەن، ئۇنىڭ كۆلكىلىرى ئازابلىرىنى تەكشى سىرلىۋەتكەن. ئادەمنىڭ چىرايىدا كۈلكە بولسىلا، ئۇنى بەختلىك دېگىلى، كۆزىدىن ئاچچىق ياش تۆكۈلۈپ تۇرسىلا، بەختسىز دېگىلى بولمايدىكەن.

ئاچچىق ئەقلىنى كېسىدۇ. مەن غەزىپىمگە پايلىماي، رۇقىيەگە يازغان خېتىمدە ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان سۆزلەرنى دەپ، ئۇنى ئۆزىنى تېخىمۇ نابۇت قىلىدىغان يولغا مېڭىشقا مەجبۇرلاپ قويغاندىمەنمۇ؟ مېنىڭ گەپلىرىم خاتا ئەمەس، مەن پەقەت ئۇنىڭغا ئۆزى ھېس قىلىپ يېتەلمىگەن نەرسىلەرنى ئەسكەرتىپ قويدۇم، خالاس. رۇقىيە مۇزەپپەردىنمۇ ئايرىلىپ قالغان مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭدا ھېچبىر مۇھەببەتسىزلا ئۆزىنىڭ ئويۇنچۇق قىلىپ تاشلانغانلىقىدىن خورلۇق ھېس قىلىدىغان ئادىمىيلىك غۇرۇر بولغىنىدا ئىدى، ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىسىمۇ ئازلىق قىلاتتى.

مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنى خاتا ئەيىبلەپ، ئۇنىڭدىن بىھۇدە ئاغرىنىپ يۈرگەندىمەن. ئۇنىڭ مەن بىلمەيدىغان نۇرغۇن دەرد — ھەسرەتلىرى باردۇ. مەن ئۇنىڭغا ئۇزۇندىن — ئۇزۇن بىر پارچە خەت يېزىپ، دەرد — ئەلەملىرىنى تېخىمۇ ئاشۇرىۋەتكەندىمەن. مانا ئەمدى ئۇنى رەنجىتىپ قويدۇم. بۇرۇن ئۇ

مېنى سۆيمىسمۇ، ماڭا ئۆچ ئەمەس ئىدى. ھازىرچۇ؟ ھازىر ئۇنىڭ مېنى كۆرەرگە كۆزى يوق. بۇمۇ ياخشى بولدى، مەن ئاستا ـ ئاستا بۇ كۆيۈك ئازابىدىنمۇ قۇتۇلارمەن.

※ ※ ※

بۇ يىلقى يېڭى يىل كېچىلىكى مەن ئۇچۇن ناھايىتى غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئۆتتى. بىر يىل ئىلگىرى دەل مۇشۇ ئاخشامدا مەن رۇقىيە بىلەن بىرىم كېچىگىچە تانسا ئويناپ، بەختىنىڭ پەيزىگە چۆمۈلگەن ئىدىم. بۈگۈن ئاخشام رۇقىيە مەن بىلەن تانسا ئويناش تۇگۇل، ھەتتا ماڭا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ سىنىپتىن بالدۇرلا چىقىپ كەتتى. ئەتراپىمغا قاراپ باقسام، سىنىپتىكى ئوغۇل ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ سۆيگەن قىزلىرى بار ئىكەن. بىز يەنە ئالتە ئايدىن كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرەتتۇق. ئالىي مەكتەپتە تۆت يىل ئوقۇپ، بىرەر قىزنىڭ سۆيگۈسىگە نائىل بولالمىغىنىمغا، مەن بىلەن توي قىلىشقا رازىلىق بەرگەن بىرەر قىزغا مۇيەسسەر بولالمىغىنىمغا كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولدى. مېنىڭ ساۋاقداشلىرىمدىن نەرىم كەم؟ مېنىڭ بۇ تەتۈر قىسمىتىم مۇشۇ رۇقىيەگە باغلىنىپ قالمىغىنىدا ئىدى، ھەرگىز بۇ ھالغا چۈشۈپ قالمايتتىم.

خۇشال ئولتۇرۇپ باقاي دەپمۇ ئولتۇرالمىدىم. دىمىم سىقىلغاندەك بولۇپ، پەسكە چۈشتۈم. يالغۇزلۇقىمدىكى خىياللىرىملا ماڭا تەسەللى، ئاراملىق بېرەتتى. ئالمىلىق باغدىكى دەرەخلەر يېڭى يىل ھارپىسىدىكى شاۋقۇن ـ سۈرەنلەردىن خالىي ھالدا خۇددى ماڭا ئوخشاش سوغۇقتا دۈگدىيىپ تۇرۇشاتتى. دۇنيادا باشقا ئادەم يوقتەك مېنىڭ بارلىق خۇشاللىق ھەم خاپىلىقلىرىم نېمىشقا رۇقىيەگىلا باغلىنىپ قالىدۇ؟ ئىخلاسمەن مۇرىت خۇدانىڭ نامىنى توختىماستىن زىكرى قىلغاندەك نېمىشقا ھەر دائىم رۇقىيەنىلا

ياد ئېتىدىغاندىمەن؟ ئۇنىڭ ماڭا قىلغانلىرى يەتمىگەندەك ـ ھە؟ ساۋاقداشلىرىم مەكتەپتە قىلىش، ھېچ بولمىسا، مۇشۇ شەھەردە قىلىشنىڭ غېمىدە يۈرمەكتە. بۇ كۈنلەردە رۇقىيە قانداق ئويلاۋاتىدىكىنتاڭ؟ كىممۇ شەھەردە قىلىپ، شارائىتى ياخشىراق بىرەر ئىدارىدا ئىشلەشنى، ياخشىراق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلىمىسۇن؟ رۇقىيە مۇزەپپەر بىلەن شۇنچە تېز يېقىن بولۇپ كېتىشتە، مۇشۇنداق مۇددىئانى كۆڭلىگە پۈككەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى مۇزەپپەر مۇشۇ شەھەرلىك ئىدى، ئەمما رۇقىيە يولنى خاتا تاللىدى. مۇزەپپەر بىر كىمنىڭ كەلگۈسىگە مەسئۇل بولىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا فاكۇلتېت مۇدىرى مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ: «سېنى مۇشۇ مەكتەپتە ئېلىپ قېلىشنى ئويلىشىۋاتىمىز، سەن قانداق ئويلاۋاتىسەن؟ ئەگەر قېلىشقا قوشۇلساڭ، پاتلا ئىچكىرىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىمىز» دېگەندە، مەن «ئويلىنىپ باقاي» دەپلا قايتىپ چىققان ئىدىم. بىراق مەن كىمنى دەپ قالىمەن؟ بۇ شەھەردە ماڭا تارتىشىدىغان، مەنمۇ تارتىشىدىغان كىم بار؟ مەن سۆيگەن رۇقىيە مېنى سۆيمىدى، شۇنداقلا ئۇ ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ساقلىمىدى. ئەمدى كىملەرنىڭ قالغۇسى كەلسە، شۇلار قېلىۋەرسۇن، مېنىڭ پەرۋايىم پەلەك! مەن كېتىمەن، مېنى بۇ ئالەم، ئۇ ئالەم ياخشى كۆرىدىغان، مۇھەببىتى ئەبەدىي ئۆزگەرمەيدىغان ئاتا ـ ئانامنىڭ، قېرىنداشلىرىمنىڭ يېنىغا كېتىمەن. مەن مېھىر ـ مۇھەببەتكە بەكلا تەشنا بولۇپ كەتتىم، بۇ مېنىڭ غېرىب كۆڭلۈم ئاشۇلارنىڭ يېنىدىلا سۇ ئىچىدۇ.

مۇشۇ تاپتا نەگە بېرىپ، كىم بىلەن مۇڭدىشىشنى، مىسكىن كۆڭلۈمگە قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي قالدىم. مەردانىنىڭ كىم بىلەن، نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. كىتاب ئوقۇشقىلا بېرىلىپ كېتىپ، كۆپرەك دوست تۇتۇشقا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىمگە بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئۆكۈندۈم. بىردىنلا ئىچ ـ ئىچىمدىن سىقىلىش ھېس قىلدىم، ياتىقىمغىمۇ قايتقۇم كەلمىدى. ھاراق ئىچىش... توغرا، ھاراق ئىچىپ، بىردەم بولسىمۇ

خۇدۇمنى يوقىتىپ، ئۆلۈكتەك ئۇخلاش كېرەك. تاڭ ئاتسىلا، بايراملىق بۇ تەنتەنىلەرمۇ بېسىقىپ، ئىشلار ئادەتتىكىدەك بولۇپ قالىدۇ... مەن ئارقامغا يانىدىم، ئۇدۇل مەكتەپ ئالدىدىكى بوتكىغا كەلدىم. سىئىتمىنى رەڭگە قويۇپ، بىر بوتۇلكا ئاق هاراق ئالدىم. هاراق ئىچسەم، مەكتەپنىڭ قائىدە — تۈزۈملىرىگە خىلاپ... مەن شۇنچىلىك تىرىشىپ، نېمىگە ئېرىشتىم؟ ئېرىشكىنىم پەقەت شۇ ياخشى نامىمغۇ؟ بىراق مەن كىمنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە، كىملەرنىڭ هۆرمىتىگە ئېرىشتىم؟

بوتۇلكا يېرىملاشتى. بوتكىچى خاتىرجەم بولالماي، ماڭا نەسىهەت قىلغىلى تۇردى:

— ئۇكام، بولدى قىلسىلا، ئوقۇغۇچىكەنلا، مەست بولۇپ قالسىلا بولمايدۇ. ئالمادىسا بىرەر چاتاق تېرىپ قويسىلا، ئۆزلىرىگە ياخشى ئەمەس.

بوتكىچىغا ئالىيىپ قاراپ قويدۇم. چاتاق؟ قېلىسى چاتاق؟ هازىرغىچە بىرەر قېتىممۇ چاتاق چىقىرىپ باقماپتىمەن. مەن خېلىلا مەست بولۇپ قالغان ئىدىم.

ئاتا — ئانام يادىمغا يېتىپ، بىردىنلا كۆڭلۈم بۇزۇلدى. مەكتەپ دەرۋازىسىغا قاراپ كېتىۋاتقان ۋاقتىمدا، ئالدى تەرىپىمدىكى مەسچىت كۆزۈمگە كۆرۈنگەندەك بولدى. ئاتا — ئانام مېنىڭ مۇشۇ مەست — ئەلەس هالىتىمنى كۆرسە، نېمە دەر؟ ئۇلار مەندىن ئۈمىدسىزلىنىپ، يۈرىكى ئازابلانماسمۇ؟

مەن ئەتىگەندە ئويغىنىشىم، كارىۋىتىمدا يېتىپتىمەن. بۈگۈن كەچكىچە ئورنۇمدىن قوپماي ياتتىم. ئاخشامقى هاراق تەسىرىدىن بېشىم چىڭقىلىپ ئاغرىپ، كۆڭلۈم ئاينىيلا تۇراتتى. ئەخمەقلىق قىلىپ، شۇ نېمىنى نېمدەپ ئىچكەندىمەن؟ رۇقىيە مېنى ئازابلاش مەقسىتىگە يەتتى. ئۇ بۇ كۈنلەردە بەكلا مەغرۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ تاشقى گۈزەللىكىنىڭ روهىي كەمتۈكلۈكىنى، ناپاكلىقىنى يېپىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئاشۇ بولغۇسى ئېرى قانچە بىچارە — هە؟ بۇلار رۇقىيەنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ

چىقمايدۇ. ئاشۇ ئەرمۇ قانچىلىك پاكتۇ ــ ھە؟ مانا بۇ كىشىلەر دەپ يۈرگەن تۇرمۇشنىڭ «ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى» بولسا كېرەك.

ئادەمنىڭ قىممىتى تۇراقسىز بولىدىكەن. رۇقىيەنىڭ يۈرىكىمدە يانغان ئوتلىرى بارا ــ بارا ئۆچۈپ بارماقتا، ئۇ ئەمدى مەن ئۈچۈن نەپرەتلىك ئادەمگە ئايلىنىپ قالماقتا. ئۇنىڭ ماڭا تونۇش، كۆزلىرىمگە سىڭىشىپ كەتكەن رەڭگا ــ رەڭ كىيىملىرى ئەمدىلىكتە سېسىق قوۋزاقتەك سېزىم پەيدا قىلىدىغان بولۇپ قالماقتا.

ئەي، قىزلار ــــ ئەزىزلەر! دۇنيادا ئەزىز، قەدىر ــ قىممەتلىك بولۇپ ياشاشنىڭ غېمىدە بولغايسىلەر! پەقەت ۋە پەقەت خۇدادىن كەلگەن مۇقەددەس روھ بىلەن ــــ ئىمان بىلەن يۇرۇتۇلغان قەلب گۈزەللىكى ــــ نۇرلۇق پاكلىق بىلەنلا، سۆيۈملۈك، ئەزىز بولالايسىلەر. كۆڭۈللەر سىلەرگە مەھلىيا بولىدۇ. قەلبىڭلار خاتىرجەملىك، ئاراملىق تېپىپ، بەختكە مۇيەسسەر بولالايسىلەر! مەيلى قىزلار، مەيلى ئوغۇللار بولسۇن، ئىنسان ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا بەختكە يېتىشنىڭ يولى يوقتۇر.

※ ※ ※

بۈگۈن سىنىپقا چىقسام، كەينى تەرەپتىكى ئاپئاق تامغا مۇنۇ خەتلەر يېزىلىپ قاپتۇ: «رۇقىيەنىڭ يەتتىنچى مۇھەببىتى ــــ پەرۇق!»

بۇ خەتنى كۆرۈپ، يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى. رۇقىيە كۆرسە، قانچىلىك ئازابلىنىپ كېتەر ــ ھە؟ پەرۇق دېگىنى كىم بولغىيتتى ئەمدى؟ يەتتىنچىسى؟ ئالتىنچىسى مۇزەپپەر بولسا، بەشىنچىسىچۇ؟ بۇ خەتنى يازغۇچى باشقىلارغا ئوخشاشلا مېنى رۇقىيەنىڭ مۇھەببىتى دەپ ئويلاپ قالغان. ئاھ... رۇقىيە مېنىڭ سۆيگىنىم بولغان بىلەن، مەن نەدىمۇ رۇقىيەنىڭ مۇھەببىتى بولاي؟ ئۇنىڭ مۇزەپپەر بىلەن بولغان ئىشلىرىمۇ ئاشكارىلىنىپ

بولۇپتۇ — دە؟ مۇزەپپەرمۇ ئۇنىڭ مۇھەببىتى ئەمەس. ئەمدىلىكتە ئوتتۇرىغا چىققان مۇنۇ پەرۇق دېگىنىچۇ؟ رۇقىيە ئۇنى ھەقىقىي ياخشى كۆرەرمۇ؟ ئۇچۇ؟

تامدىكى خەت نەچچە كۈنگىچە ئاشۇنداق تۇرىۋەردى. بۇ خەتنى ساۋاقداشلىرىم كۆرسە، قانداق ئويلاپ قالار — ھە؟ ئەجەبمۇ خورلاندىڭ، پەسلەشتۈرۈلدۈڭ، رۇقىيە! كۆڭلۈم تويۇپ تۇرىۋاتىدۇ، پەرۇق بىلەن ئىككىڭلار ئوتتۇرىسىدا ھەقىقىي ياخشى كۆرۈش يوق ئىدى. سەن ئەسلىدە سېنى سەۋدايىلارچە ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنى بىلەلمىدىڭ. شۇڭا سەن بۈگۈن قولدىن قولغا ئۆتۈپ، مۇھەببەت سەرگەردانى بولۇپ يۈرىسەن. بۇ دۇنيادا ئەمدى سېنى مېنىڭدەك پۈتۈن مېھىر — مۇھەببىتى بىلەن ياخشى كۆرىدىغان ئادەم چىقمايدۇ. سېنىڭ بۇ خورلۇق قىسمىتىڭ بۇ مۇھەببەتنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنلىكىڭنىڭ جازاسى. قورۇنما، سەن بۇ ئىشتا ئەيىبلىك ئەمەس، سەن مېنى سۆيەلمىسەڭ، ساڭىمۇ نىمە ئامال؟!

ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى نېمانچە زەھەرخەندە — ھە؟ مەن كەچلىك مۇزا-كىرىدىن كېيىن سىنىپتا ھېچكىم قالمىغان چاغدا بۇ خەتنى ئۆچۈرۈ-ۋەتمەكچى بولدۇم. ئاپئاق ئاقارتىلغان تامنى جىجىلىغان بىلەن بولمايتتى. مەن خەتنى بور بىلەن بوياپ، تام بىلەن ئوخشاش رەڭگە كىرگۈزۈپ قويدۇم. شۇنداقتىمۇ يەنىلا خەتنىڭ سۇس ئىزناسى قېپقالدى.

مېنىڭ غۇبارسىز، بىرىنچى مۇھەببىتىم بېغىشلانغان ئاشۇ گۈزەل پەرىزات قولدىن قولغا ئۆتۈپ، بۈگۈن باشقا بىرسىنىڭ قولىدا ئويۇنچۇق قىلىنماقتا. پەرۇق بۈگۈن بەختتىن مەست. ئاھ! ئاجىز، تاسقالغان، بەختسىز قىز، سېنىڭ جىسمىڭدىن لەززەت ئالغان ئاشۇلارنىڭ قايسىسى ئەتىكى كۈندە ساڭا مۇھەببەت بىلەن باقار؟ ئۇلار ھەممىسى سېنى تاشلايدۇ، سېنى ئۇنتۇيدۇ، تاكى ئۇنتۇغانغا قەدەر قىلىۋالغانلىرىنى ئەلگە سۆزلەپ، سېنى سېسىتىدۇ، سېنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەس قىلىۋېتىدۇ.

قىزلار، ھەي، قىزلار! بەكمۇ ئاجىزسىلەر، سىلەر ئاجىز بولغاچقا، نەپسانىيەتچىلەرنىڭ قۇربانىسىلەر، سىلەر ئۇلۇق ھەم مېھرىبانسىلەر، سىلەر بىلەنلا دۇنيادا سۆيگۈ مەۋجۇت، سىلەر بىلەنلا ھايات گۈزەل، سىلەر بىلەنلا ھاياتلىق داۋام.

قىزلار، ھەي، قىزلار! بەكمۇ ئاجىزسىلەر، ئەگەر سىلەر شەرم ـ ھايا، ئىپپەت ـ نومۇس، ۋاپا ـ ساداقەت، ئىمان ـ ئېتىقاد بىلەن ياشىمىساڭلار، ھاياتىڭلارنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن! سىلەر قانداقمۇ ھەقىقىي بەخت ـ ساداقەتكە ئېرىشەلەيسىلەر؟ شۇنىسى، ھېسسىيات ئەقىلنى يېڭىپ كەمتۈك بولغاچ بەدەنلەر، شاھى تون ئىچىدە بەختسىز تەنلەر، بۇنىڭغا جاۋابكار ئوغۇللارمۇ يا قىزلار؟

رۇقىيە بۇگۈن قىلىقلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ، ماڭا مەنىستەمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ يۈرمەكتە. ئۇنىڭ «يەتتىنچى مۇھەببىتى» بۇ مەكتەپتە خېلى يۈز ـ ئابرۇيى بار فاكۇلتېت مۇدىرىنىڭ ئوغلى. رۇقىيە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدىغانلا ئىش بولسا، بولغۇسى قېيناتىسىنىڭ كۈچى بىلەن بۇ شەھەردە قالالايدۇ.

بۇ قېتىم رۇقىيەنىڭ پەرۇق بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈشى ماڭا ھېچ بىر دەھشەتلىك تۇيۇلمىدى، ئەكسىچە، مېنى خۇشال قىلدى. مەن ئۇنىڭ مۇرادىغا يېتىشىنى تىلىدىم. پەرۇق قارىماققا خېلى تۈزۈك يىگىتتەك قىلاتتى. ئۇ مۇزەپپەرگە قارىغاندا خېلىلا توختاملىق، ئېغىر ـ بېسىق، ئىلمىي، ئەدەپلىك يىگىتتەك كۆرۈنەتتى. رۇقىيە ئەمدى ئۆزىگە مۇناسىپ ھەمراھنى تاپقاندەك قىلاتتى. ئۇ چىرايلىق تۇرسا، ئۇنىڭغا كەينى ـ كەينىدىن خېرىدار چىقىۋاتقانلىقىدىن ئەجەبلىنىشتىن نە ھاجەت؟ بىز ئەرلەر كۆپىرەك قىزلارنىڭ چىرايىغا قاراپلا مەپتۇن بولۇپ كېتىمىز ئەمەسمۇ؟

كۈنلەر بۇۋۇنىڭ تەسۋىي ئۇرۇقىدەك بىر خىل ئۆتمەكتە. بىر ھەپتىدىن بۇيان «ستۇدېنتنىڭ تەركىدۇنيالىقى» ناملىق داستاننى يېزىپ چىقتىم.

فاكۇلتېتتىن ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسى يېزىش توغرىسىدا ئو-رۇنلاشتۇرۇش قىلغىلىمۇ بىر نەچچە كۈن بولدى. ئەمدى بۇ ئىشقا جىددىي كىرىشىپ، ماتېرىيال يىغىشىم، تەتقىق قىلىشىم، ئىلمىي ماقالە يېزىشىم كېرەك. مېنىڭ بىر پارچە ياخشى ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىقىشقا تىلىمەن كۆزۈم يېتەتتى.

مۇشۇ كۈنلەردە يەنىلا رۇقىيەدىن ئەنسىرەپ قالدىم. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈ-رۈش ئىلمىي ماقالىسىنى يازالارمۇ؟ ھەر كىم باشقا كەلگەندە بانۇر. كۆڭلۈمدىن يەنە بىر بىچارە خىيال كەچتىكى، ئۇ بۇ ئىشتا مەندىن ياردەم تەلەپ قىلسا، جان دەپ ھەمكارلىشاتتىم. ئۇ ماڭا تۈزۈك گەپمۇ قىلماي يۈرسە، بۇنىڭغا ئاغزى بارامدۇ؟ قورسىقىدا ئۇمچى يوقلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرى كۆپ بولىدۇ. كىم بىلىدۇ، ئۇ مېنىڭ ياردىمىمگە موھتاج ئەمەستۇ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغان يەنە ئاللىكىملەر باردۇ.

مۇشۇ كۈنلەردە رۇقىيەنىڭ چىرايى پەقەت ئېچىلمايدىغان، كۈلكىسى ئاڭلانمايدىغان، ناز ـ خۇلقسىز، ئېغىر ـ بېسىق قىزغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ مېنىڭ خاتىرجەم كىتاب كۆرۈشۈمگە تەسىر كۆرسىتىپ، ھە دېسىلا روھىمنى قالايمىقان قىلاتتى.

مۇشۇ تاپتا سىنىپتا كىرسىن چىراغنىڭ يورۇقىدا كىتاب كۆرۈۋاتىمەن. ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ چىراغلىرى ئۆچۈرۈلگىلى بىر سائەت بولاي دەپ قالدى. ئەمدى بىنادىن چىقىپ كەتمىسەم، تاقىلىپ قالاتتى. مەن ئىزچىل تۈردە «ۋاقىت خاتىرىلەش ئۇسۇلى»نى يولغا قويۇپ كېلىۋاتاتتىم. مەخسۇس خاتىرەمنى ئېلىپ، بۈگۈنكى ۋاقىتتىن پايدىلىنىش خاتىرىسىنى يېزىپ قويۇپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم. كىرسىن چىراغنى جايىغا قويۇپ قويۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقان ۋاقتىمدا رۇقىيەنىڭ ئۇرنى ئۇدۇلىغا كېلىپ توختاپ قالدىم. بىر چاغلاردا مۇنۇ پارتىنى قۇچاقلىغان، سۆيگەن ئىدىم ـ ھە؟ ئۇ چاغلاردا رۇقىيە مېنى سۆيمىسىمۇ، ماڭا دوستانە مۇئامىلە قىلاتتى. مانا ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ

مېنى كۆرەرگە كۆزى يوق. مەن ئۇنىڭغا خەت يېزىپ خاتا قىلمىدىم. بەلكىم، ئۇ مېنىڭ سۆزلىرىمدىن رەنجىگەن بىلەن توغرىلىقىغا قايىل بولغاندۇ، ئۇنىڭ مەندىن رەنجىپ يۈرگىنىمۇ يالغاندۇ...

※ ※ ※

باھار پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەن دەل ـ دەرەخلەر يېشىل تون كىيدى، پۈتكۈل جاھان سۆسۈن، ھال، سېرىق، كۆك، قىزىل بولۇپ بېزەندى. گۈل ـ چېچەكلەر ئېچىلدى. جاھان يايپېشىل تۈس ئالدى. ئەمما مېنىڭ كۆڭلۈم ھېچكىمنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەي، بىپايان چۆل ـ جەزىرىدەك يەنىلا قاغجىراپ قېلىۋەردى. رۇقىيەدىن ئۈمىدىمنى تەلتۆكۈس ئۈزگەن بۇ كۈنلەردە تەنھالىق تۇيغۇم چېكىگە يەتتى. ھامان بىر كۈنى بىر قىزنىڭ مېنى سۆيۈپ، قەدىرلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلىسامۇ، ئۆزۈم سەۋدايىلارچە سۆيگەن قىزنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن دىلىمنى بۇ دۇنيادىن بىزار بولۇش ھېسسىياتى چۇلغىۋالدى. بۇ كۈنلەردە ماڭا رۇقىيە ھەم ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن باشقا ھېچنېمە تەسەللى بېرەلمەيتتى. بۇرۇن لەيلى ـ مەجنۇن قىسسىنى ئوقۇغان ۋاقتىمدا مەجنۇننىڭ چېچىنى دەرۋىشتەك قويۇۋېتىپ، تاغ ۋە دالادا تەركىدۇنيا بولۇپ ياشىغانلىقىغا تازا ئىشەنمىگەن ئىدىم، مانا بۈگۈن مەجنۇننىڭ تەركىدۇنيالىقىنىڭ تېگىگە يەتتىم. مۇبادا، مەنمۇ رۇقىيەنىڭ ئىشقىدا زەلىلى، مەشرەپتەك جاھان كېزىپ، مازار ـ ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلىپ، ھاياتىمنىڭ ئاخىرىنى مەۋلانە لۇتفىدەك بىرەر تاغنىڭ ئۆڭكۈرىدە ئاللاغا ئاشىق بولۇپ ئىستىقامەت بىلەن ئۆتكۈزسەمچۇ؟

بۈگۈن چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن جۈمە نامىزىنى ئۆتەش ئۈچۈن ئافاق خوجا مازىرىغا قاراپ يالغۇز يولغا چىقتىم. ئېتىزلىق، مەھەللىلەر ئۇتتۇ-

رىسىدىكى يوللاردىن مېڭىپ، ئافاق خوجا مازىرى بىلەن چەتلەش چوڭ قەبرىستانلىققا يېتىپ كەلدىم. بۇ قەبرىستانلىق قەشقەر شەھىرىدىكى ئەڭ چوڭ قەبرىستانلىق ئىدى. قەبرىستانلىق بىلەن ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋېتىپ، كۆزۈمنى قەبرىستانلىقتىن ئۈزەلمەي قالدىم. بۇ قەبرىستانلىق بىنا بولغىلى نەچچە ئەسىر بولغاندۇ؟ ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئاخىرقى ماكانى مۇشۇ جاي. مەن يالغۇز كېتىۋاتقىنىمدا بىرەر ئەرۋاھ پۇتۇمدىن تارتىپ يىقىتىپ، قەبرىستانلىققا سۆرەپ ئېلىپ كىرىپ كەتسە ــ ھە؟ بىردىنلا ئەتراپىمدا ئۆلۈكلەرنىڭ ئەرۋاھى ئايلىنىپ يۈرگەندەك تۇيۇلدى. تېنىم جۇغۇلداپ، ئىختىيارسىز قەبرىستانلىققا يۈزلىنىپ يۈكۈندۈم

ــ بىسمىللاھىررەخمانىر رەھىم، قۇلۋاللۇھۇ ئەھەد، ئاللاھۇ سەمەد، لەم يەلىد، لەم يۇلەد، ۋەلەم يەكۇللاھۇ كۇفئەن ئەھەد. باقىي ئالەمگە كەتكەن بارلىق ئاتا ــ ئانىلارغا، قان ــ قېرىنداشلارغا، نارەسىدە، رەسىدە جىمى پاك روھلارغا ئاللانىڭ يولىدا دۇئا قىلدىم، روھىڭلار جەننەتتە بولغاي... ئامىن! ئاللاھۇئەكبەر.

ئافاق خوجا مازىرىنىڭ ئىشىكىدىن ئالدىراپ كىرىپ كەلدىم. جۈمە نامىزىنىڭ تېخى ۋاقتى بولمىغان بولۇپ، مەسچىتتە ئون نەچچە ئادەم قىبلىگە يۈزلىنىپ دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇراتتى. مەن بورىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردۇم. كۆزۈمنى يۇمۇپ، ئاللانىڭ نامىنى زىكرى قىلىپ ئولتۇرغىنىمدا، يېنىمدىلا بىرەيلەننىڭ ھۇ تارتىپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قارىسام، سول تەرىپىمدە تام يېنىدا ئولتۇرغان بىر بوۋاي ئاللاغا سېغىنىپ يىغلاۋېتىپتۇ. بوۋاي خۇددى ئاتىسىنىڭ ئالدىدا دەرد تۆكۈپ يىغلاۋاتقان سەبىي بالىدەك كۆزىنى يۇمۇپ، ئىككى ياققا توختىماستىن چايقىلىپ، خۇداغا ئاشىق ھالەتتە نالە قىلىۋاتاتتى. شۇ پەيتتە خۇدا بوۋاينىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك، بوۋايمۇ خۇداغا يۈز تۇرانە ھالەتتە تۇرۇپ سۆزلەۋاتقاندەك قىلاتتى. بوۋاينىڭ كىيىملىرى دىۋانىنىڭ كىيىمىدەك كونا ھەم يىرتىق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ

دۇنيادا ھېچنېمىسى يوقتەك، ئىچىگە دەردى توشۇپ كەتكەندەك، خۇدانىڭ يېنىغا چاپسانراق كەتكۈسى كېلىپ كەتكەندەك تۇراتتى.

بوۋاينىڭ ئۈستۈبېشى، تەقى ــ تۇرقى، بولۇپمۇ ئاللاغا ئاشىق ھالەتتە زىكرى قىلىپ ئۆن سېلىپ يىغلىشى قەلبىمنى لەرزىگە سېلىپ، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى يۈرەك يارامنى تاتىلاپ ئېچىشتۇرىۋەتتى. بىردىنلا كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، ئىختىيارسىز كۆزلىرىمگە ياش ئولاشتى. خىيالىمدا مەنمۇ خۇدانىڭ غايىبانا جامالىنى كۆرگەندەك بولدۇم. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم شىلدەك كۆيۈپ، ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى. مەن ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد، پەقەت ئاللادىن تەسەللى ئىزدەش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. ئەي، ھەممىگە قادىر ئىگەم! مېنى مۇشۇنداق ياراتقانلىقىڭغا مىڭ مەرتەم شۈكۈرى، سەن مېنى شۇنچە ئاجىز ياراتقان بولساڭمۇ، يەنىلا پاكمەن، ئىمانىم كامىل. سەن ماڭا ئاتا قىلغان ئىمان ــ ئاق كۆڭۈللۈكتۇر، پاكلىق ــ مېنىڭ بايلىقىمدۇر. سەن ئاتا ــ ئانام ئارقىلىق ماڭا بەخشەندە قىلغان ئادىمىيلىككە خىلاپ پەزىلەتلەردىن ئايرىلىپ قالغىنىمدا، سىياقىم ئادەم، روھىم ھايۋان ھالىتىدە ياشىغىنىمدا، مەن نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشسەممۇ، يەنىلا بەختسىزمەن. ئەي، ئۇلۇغ خۇدا! رۇقىيەنىڭ پاكلىقىدىن ئەنسىرەيمەن. سەن ئۇنىڭ تېنىنى مېنىڭ بىر تال قوۋۇرغامدىن، ئۇنىڭ روھىنى مېنىڭ روھىمنىڭ جەۋھىرىدىن ئايرىپ قىلغانسەن. مۇبادا، ئۇنىڭ تېنىگە كىر قونۇپ قالسا، كۆز يېشىم بىلەن تازىلايمەن، ئۇنىڭ روھىغا كىر قونۇپ قالسا، قېنىم بىلەن پاكىزلايمەن. مېنىڭ دەرد ــ ھەسرىتىم ساڭا ئايان. ئاشۇ ئالخىمى، مۇزەپپەر كارىدور تېمىنى تەپكەن ئاشۇ ئالخىمى رۇقىيە ئۆزىنىڭ ئىپپەت ــ نومۇسىنى ساقلاپ قالالىدىمۇ؟ ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭچۇ، رەھىم ــ شەپقەتلىك خۇدا! مەن ئاشۇ ئاخشامدىن بېرى ئۇتتا كۆيمەكتىمەن، شۇندىن بۇيان بۇ دۇنيا مەن ئۈچۈن دوزاخقا ئايلاندى. جىمىكى ئۈمىدتىن، ھەممە ئىشەنچ ــ غۇرۇرۇمدىن، بارلىق كۈچ ــ قۇۋۋىتىمدىن ئايرىلغاندەك بولۇپ قالدىم. سەندىن

تىلىكىم شۇكى، شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرگەن ئازغۇن بەندىلىرنى ئىمان ــ پاكلىق يولىغا قايتۇرۇپ كەلگەيسەن.

ئاھ، خۇدا! سەن مېنىڭ يۈرىكىمگە رۇقىيەنىڭ مۇھەببەت ئوتىنى ياقتىڭ، ئەمما رۇقىيەنىڭ دىلىغا مېنىڭ ئىشقىمنى سالمىدىڭ. بۇنىڭغىمۇ يەنىلا مىڭ مەرتىۋە شۈكۈرى، بۇ ئازاب پۈتۈن ھاياتىمنىڭ مەنىسى. مۇبادا، بۇ ھاياتىمدا ھېچكىمنى چىن دىلىمدىن سۆيەلمىگەن بولسام، بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر جازا ئىدى. مەن رۇقىيەدىن مەڭگۈ نەپرەتلەنمەيمەن، ئۇنىڭ بەختى ــ مېنىڭ بەختىمدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى، قىزلىق قىممىتىنى يوقىتىپ قويسا، مېنىڭ ئۆلگىنىم شۇ! سەندىن تىلەي، رۇقىيە پاكلىقى بىلەن بىر ھالال ئەرنىڭ ئەمرىگە ئۆتكۈچە، ئۇنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن. مەن ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمىسەم مەيلى، ئۇ ھەرگىز پاكلىقىنى يوقىتىپ، ساڭا ئاسىيلىق قىلىپ قويمىسۇن...

جۈمە نامىزىدىن يېنىپ، كەلگەن يولۇم بىلەن مەكتەپكە قاراپ ماڭدىم. قەبرىستانلىق يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا ئاتاپ يەنە دۇئا قىلدىم. ئەرۋاھلار قول پۇلاڭلىتىپ، مېنى ئۇزىتىپ قويۇۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇلار: «ئىسكىلىتىمۇ ماڭالايدىكەن ــ ھە؟» دېيىشىپ كەتكەندۇ. شۇنداق، مېنىڭ روھىم ئۆلگەن، ئاللىقاچان ئۆلگەن...

※ ※ ※

رۇقىيە پەرۇقتىنىمۇ ئايرىلىپ قالغىلى نەچچە كۈن بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپتە، شەھەردە ئېلىپ قېلىش توغرىسىدىكى ۋەدىلەر كۆيۈپ، كۆلى شامالدا ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. ھازىر رۇقىيەنىڭ پەرۇق ئۈچۈن لازىمى قالمىغان ئىدى. قىزلارنىڭ تېنىنى كېرەك قىلىپ، روھى بىلەن كارى بولمايدىغان قانداق يۈرەكتۇ ئۇ؟ بەزىلەر ئۈچۈن قىزلارنىڭ ئويۇنچۇق

قىلىنغاندىن كېيىنكى ئېچىنىشلىق ھالىتىنى كۆرۈش بەكمۇ خۇشاللىق ئىش ئوخشايدۇ. ئۇلار تېخى بىر ئادەمنى شۇنچە ۋەيران قىلىپ، تەقدىرىنى ئاستىن ــ ئۈستۈن قىلىۋەتكەنلىكىدىن پەخىرلىنىدۇ. بىلمىدىم، ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ روھى كېسەل بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم سۆيگەن، ئازابلىق ھېسسىياتتا كۆيگەن، مەن ئۈچۈن جېنىمدىنمۇ قىممەتلىك بىر ئادەم باشقىلار ئالدىدا شۇنچە ئەرزىمەس ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىغۇ؟ مېنىڭ سەبىي، ساپ مۇھەببىتىم قېنى؟ مېنىڭ بىرىنچى مۇھەببىتىم تۇنۇگۈنكى رۇقىيە قېنى؟ ئاشۇ غۇبارسىز، گۈزەل پەرىزات ئاللىقاچان ئۆلگەن...

رۇقىيە «يەتتىنچى مۇھەببىتى»دىنمۇ ئايرىلدى. ئۇ مېنىڭ تۇنجى سۆيگىنىم ئىدى، مەن بولسام، ئارانلا ئۇنىڭ بىر دوستى... بۇ قانچە بەختسىز ھال ــ ھە؟ مەن قەلبىم ئالدىدا گۇناھكار، مەن يۈرىكىمنى ئەسلىدە مۇناسىپ ئادەمگە تاپشۇرماپتىمەن. ئەي، ئادەملەر! سىلەر يۈرىكىڭلارنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇڭلار!

پەرۇقتىن ئايرىلىش رۇقىيەگە قىلچە تەسىر قىلمىغاندەك تۇراتتى. ئۇ بۇرۇنلا مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلىدىغاندەك، بۇ دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ يەكۈنى ھامان مۇشۇنداق بولىدۇ دەپ قارايدىغاندەك شۇنچە پەرۋاسىز، شۇنچە خاتىرجەم ھالەتتە يۈرەتتى. ئۇنىڭدا يەنە ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئادەملەردىكىدەك ئۈمىدسىزلىك ھەم رازىمەنلىك تۇيغۇسىمۇ ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

بۇرۇن ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ يېتەلمىگەنلەر، گۈزەللىكىدىن كۆندەشلىك قىلىدىغانلار بۈگۈن بەكمۇ خوشال كۆرۈنەتتى. ئۇلار قولى يەتمىگەن بۇ ئاچچىق شاپتۇلنىڭ بۈگۈن قولدىن قولغا ئۆتۈپ، پورلىشىپ، پۈرىقىنىڭ يوقىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتاتتى. ئۇلار نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۆزلىرى بىلەن رەڭ، پۇراق، نەپىسلىك تالاشقان بۇ گۈلنىڭ بۈگۈن سولۇشقا باشلاپ، جا-

زىبىدارلىقىنىڭ يوقىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆلۈشىۋاتاتتى. ئۆزلىرىگە بوي ئەگمىگەن، گۈزەللىكى ئۆزلىرىنىڭ بەختىگە خىرىس قىلىپ كەلگەن بۇ كۈشەندىسىنىڭ مەغلۇبىيەتلىك بوگۈنى ئۇلار ئۈچۈن بايرام ئىدى.

رۇقىيەنىڭ كەينى ــ كەينىدىن ئويۇنچۇق قىلىپ تاشلىنىشى مېنى قاتتىق ئازابلىدى. ئۇ كۆرۈنۈشتە شۇنچە بىپەرۋا، ھەممە ئىشقا رازىمەنلىك بىلەن يۈرگەندەك قىلغان بىلەن كۆڭلىدە قانچىلىك خورلۇق تارتىۋاتقاندۇ؟ ئۇ نىمە ئۈچۈن ئوغۇللار بىلەن شۇنچە ئاسانلا يېقىنلىشىپ قېلىپ، يەنە قانداقلارچە تېزلا يىراقلىشىپ كېتىدىغاندۇ؟ بەلكىم، ئۇ كۆڭلىنى ئالدىراپلا بېرىپ قويغاچقا، ئاشۇنداق ئېتىبارى بولمىسا كېرەك.

ئۇنىڭ سىنىپتا گاھى ــ گاھىدا مۇڭ ــ ھەسرەتكە پېتىپ ئولتۇرۇپ قېلىشى ئىچىمنى سىيرىۋېتەتتى. كىم بىلىدۇ، مەن بۇ بىر يىلدا ھاياتىمدىكى ئەڭ زور خاتالىقنى سادىر قىلغاندىمەن. مېنىڭ تۇنجى قېتىملىق تەكلىپىم رەت قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قايتا تەلەپ قويۇپ باققان بولسام، ئىككىمىزنىڭ تەقدىر ــ قىسمىتىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولار بولغىيتتى؟ ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى ئىزچىل ھالەتتە ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتقانلىقىمنى بىلگەن چېغىدا يۈرىكى ئاستا ــ ئاستا ئېرىپ، قەلبىدە مۇھەببەت ئوتى يالقۇنجىغان بولغىيتتى. بولدىلا، مۇنداق شېرىن خىيال بىلەن ئۆزۈمنى ئالداپ نىمە قىلاي. ئۇ ئەزەلدىن مېنى سۆيمىگەن، بۇندىن كېيىنمۇ سۆيمەيدۇ...

※ ※ ※

ئىمتىھانلار ئىمتىھانلار ئاخىرلىشىپ، ئوقۇغۇچىلار يازلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلدى. بىز ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار تەقسىماتنى كۈتۈپ قالدۇق. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان شۇنچە ئاۋات مەكتەپ ئەمدى بوران ئېلىپ كەتكەندەك چۆلدەرەپ قالدى.

كۆنلەر زېرىكىشلىك ئۆتمەكتە. يا دەرس، يا مۇزاكىرە بولمىغاچقا، ئوقۇغۇچىلار بىكارچىلىقتا كۈن ئۆتكۈزەتتى. بەزىلەر كىتاب ئوقۇش بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقارسا، بەزىلەر ساۋاقداشلىق ئەلبومىغا ئەستىلىك سۆزى يېزىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى. خاتىرىلەرگە يادىكار سۈرەتلەر چاپلىنىپ، ئەسلەش ھەققىدە يالقۇنلۇق، ئازابلىق سۆزلەر يېزىلماقتا. مەن رۇقىيەگە خاتىرەمنى بەرمىدىم، ئۇمۇ خاتىرىسىنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا كەلمىدى. بىزنىڭ ئەستىلىك سۆزلىرىمىز، خاتىرىگە ئەمەس، يۈرەكلەرگە يېزىلىپ بولغان ئىدى. بىز بۇ ئازابلىق تارىخنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالالايتتۇق ــ ھە؟ رۇقىيە ھەرقانچە سۆيۈملۈك ھەم يىرگىنچلىك بولسىمۇ، خاتىرەمدە ئۆلگۈچە ساقلىنىدۇ.

رۇقىيە بىلەن بىللە ياشايدىغان ساناقلىقلا كۈنلىرىمىز قالغان ئىدى. بىز تەتۈر قارىشىپ، خېلىدىن بۇيان گەپلەشمەي يۈردۇق. ئىسىت! ھارام ئۆتتۈپ كەتكەن ئاي ــ كۈنلەر... مەن ئايرىلىش كۈنلىرىمىز يېقىنلاپ قالغان مۇشۇ كۈنلەردە رۇقىيە بىلەن گەپلىشىپ قېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. بىراق ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە نەلەردە، كىملەر بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىكىنتاڭ؟ بۇ كۈنلەردە مەكتەپتە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىش پۇرستى ماڭا پەقەت نېسىپ بولمىدى.

تەقسىمات ئېلان قىلىندى. رۇقىيەنىڭ مەكتەپتە، شەھەردە قېپقېلىش شېرىن خىيالى ئەمەلگە ئاشمىدى. ئۇ ئەسلىدە مۇزەپپەر، پەرۇقلار ئالدىدا ئۆزىنى خار قىلىپ يۈرمىگەن بولسا، ئىشلار مۇنداق بولماس ئىدى. مۇبادا، ئۇ پاكلىقىنى ساقلىغىنىدا، ماڭا ئوخشاش ئۇمۇ مېنى سۆيگىنىدە، يۇرتۇم، ئاتا ــ ئانام، قېرىنداشلىرىمغا ھەرقانچە تارتىنساممۇ، رۇقىيەنىمۇ ئېلىپ قېلىش شەرتى بىلەن بۇ مەكتەپتە قالاتتىم. ئەمدىلىكتە مەنمۇ، ئۇمۇ ئۆز يۇرتلىرىمىزغا ــ قەيەردىن كەلگەن بولساق، ئۆز جايىمىزغا قايتىدىغان بولدۇق.

تەقسىمات ئىلان قىلىنغاندا ھەم خۇشال بولدۇم، ھەم كۆڭلۈم يېرىم بولدى. بەش يىل جەريانىدا باشتىن كەچۈرگەن تەنھا ــ غېرىبلىقتىكى زېرىكىشلىك كۈنلىرىمنى، چەتكە قېقىلىش، يەكلەشتىن شىكەستلەنگەن رەھىمدىل، ئاق كۆڭلۈمنى، رۇقىيەگە پۈتۈن مېھرىمنى بېرىپ سۆيۈشلىرىمگە جاۋابەن ئۇنىڭ سۆيۈشىگە نائىل بولالمىغانلىقىمنى، مەن سۆيگەن قىزنىڭ كۆز ئالدىمدا ئويۇنچۇق قاتارىدا خورلانغانلىقىنى... خىيال قىلسام، ئەمدى يۇرتۇمغا كەتسەم، مۇنداق رەھىمسىز جايدىن، مۇنداق دەھشەتلىك ئىشلاردىن نېرى بولىدىغانلىقىم ئۈچۈن خۇشال بولدۇم. پۈتۈن مېھرىم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سۆيگەن قىز بىلەن توي قىلىپ، بىر ئۆمۈر بىرگە ياشاشتەك بەختكە مۇيەسسەر بولالمىغىنىمنى، ئىككىمىزنىڭ ئىككى يىراق يۇرتتا ئايرىلىپ ياشاشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىمىزنى، مۇشۇ ئايرىلغانچە، بىر ئۆمۈر كۆرۈ- شەلمەيدىغانلىقىمىزنى... ئويلىغىنىمدا كۆڭلۈم شۇ قەدەر يېرىم بولدى. مېنىڭ خۇشاللىقلىرىم بىردەملىك، ئازابلىرىم بولسا ئەبەدىيلىك ئىدى. چۈنكى مەن بۇ شەھەردىكى رەھىمسىزلىكتىن، شۇنداقلا دەھشەتلىك قىسمەت ــ كەچۈرمىشلىرىمدىن نېرى بولالىغىنىم بىلەن، مۇھەببەت يۈ- رىكىمدە پەيدا قىلغان جاراھەتلەردىن بىر ئۆمۈر قۇتۇلالمايمەن، بۇلار مېنى ئۆلگۈچە ئازابلايدۇ...

بەختسىز رۇقىيە ھەممىدىن ئايرىلىپ قالدى. بەش يىل ئىلگىرىكى ساددا، پاك، گۈزەل رۇقىيە ئۆلۈپ بولغان. ئۇ قەلبى ئوتلۇق، ساپ تۇيغۇلار بىلەن تولغان ئەتىۋارلىق، قەدىر ــ قىممەتلىك، سۆيۈملۈك قىز ئىدى. ئۇ بىر چاغلاردا بىر يىگىت بىلەن ئۆمۈرلۈك ھەمراھلاردىن بولۇشقا پۈتۈشكەن ئىدى، بۇ ۋەدىلەر كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. ئۇ بۇ مەكتەپتە ئۆزىگە مۇناسىپ بىرەر يار تاپالماي ئۆتتى، ئۇ كەينى ــ كەينىدىن خۇددى لاتا قورچاقتەك سىلاپ ــ سىيپىلىپ، ئاخىرى چۆرۈپ تاشلاندى. ئەي، رۇقىيە! سېنىڭ بۇ بەختسىزلىكلەرگە ئۇچرىشىڭنىڭ سەۋەبچىسى كىم؟ ھازىر بۇلارغا جاۋاب

ئىزدەشنى خالىمايسەن. چۈنكى بۈگۈن ھەممە نەرسە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بولغۇسىز دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن. ھاياتنىڭ يەكۈنى مۇشۇنداق بولسا، بۇ نەقەدەر ئېچىنىشلىق ــ ھە؟

مۇشۇ كۈنلەردە ۋىجدانىم مېنى سوراق قىلىدىغان بولۇپ قالدى. مېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىم، ئۇنى بۈگۈنكىدەك بەختسىز كۈنگە قويغان بولسىچۇ؟ مېنىڭ ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىگىنىم ئازدەك، ئۇنىمۇ ھەممىدىن مەھرۇم قىلىپ قويغان بولسامچۇ؟ بەلكىم، ئۇنىڭ بۇ بەختسىزلىكى ئۆزىنى ھەقىقىي سۆيگەن ئادەمنىڭ مۇھەببىتىنى قەدىرلىمىگەنلىكىنىڭ، ئاشۇ مۇھەببەت ئوتىنىڭ چوغىدىن يۈرىكىدە مۇھەببەت ئوتىنى ياندۇر- مىغانلىقىنىڭ جازاسىدۇر.

ئەمدى بىزنىڭ بىللە ياشايدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنىمىز قالدى. تاڭ ئاتسىلا بىز مەڭگۈگە ئايرىلىپ كېتەتتۇق. كەچقۇرۇن بىزنىڭ ياتاقتا خوشلىشىش ئولتۇرۇشى ئۇيۇشتۇردۇق. بۇ ئۇنتۇلماس كېچە مەن ئۈچۈن ئەڭ ئازابلىق بىر كېچە بولدى. چۈنكى بۇ كېچە مەن ئۈچۈن رۇقىيەدىن ئەبەدىي جۇدا بولۇش كېچىسى ئىدى. مېنىڭ سۆيگەن قىزىمدىن ئەتىلا ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقىمغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. مەن ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارايتتىم. تەتۈر قارىشىپ يۈرگەن بۇ كۈنلەردە رۇقىيە ماڭا نەپرەتلەنگەندىمۇ؟ ئىچ ئاغرىتقاندىمۇ؟ مېنى كۆڭلىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋەتكەنمىدۇ؟ مەن ئۇنىڭغا خۇپىيانە ھالەتتە قارايتتىم. ئۇ مەن تەرەپكە قارىغان ھامان كۆزلىرىمنى ئېلىپ قاچاتتىم. مەن يەنىلا رۇقىيەگە ئاشىق، مەستانە ئىدىم. بىراق غۇرۇرۇم ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا يول قويمايتتى.

ئوغۇللار بۇ كارىۋاتتا، قىزلار ئۇ كارىۋاتتا بىر ــ بىرىمىزگە قارىشىپ ئولتۇراتتۇق. ساۋاقداشلىرىم ساقىيلىقنى ماڭا تاپشۇردى. قىزىل ھاراقنىمۇ مەن قۇيۇپ بەرسەم، قىزلارنىڭ ئىچمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇڭا قىزىل ھاراق بىلەن رومكىنى ساۋاقدىشىم زەيتۇنەنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدۇم. مەن

ئىككى رومكا ئاق هاراقنى قولۇمغا ئالدىم:

— ئەته ھەممىمىز تەرەپ - تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىمىز. مۇشۇ ئايرىلغانچە بەزىلىرىمىز بىلەن بىر ئۆمۈر كۆرۈشەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. بۇنى ئويلىساق، ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. زەيتۇنە، قېنى، بوتۇلكىنى قولىڭىزغا ئېلىڭە!

زەيتۇنە قورۇنۇپ، تارتىنىپ ئىككى يېنىغا قارىدى.

— مۇشۇنداق پەيتتە ئىچسەك، ھەرگىز گۇناھ ئەمەس، بۇ ھەم سىلەرنىڭ بۇرۇندىنلا ئىچىپ كېلىۋاتقانلىقىڭلارنى بىلدۈرمەيدۇ. ئۆمۈرلۈك ئايرىلىش ھەسرىتى ئالدىدا بىر نەچچە يۇتۇم ئىچىپ قويۇش قانچىلىك بىر ئىشتى؟

گېپىم تەسىر قىلغان چېغى، زۆھرە زەيتۇنەنىڭ ئالدىدىكى بوتۇلكىنى شاققىدە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئالدىغا توككىدە قويدى. ھەممىدىن ياۋاش قىزنىڭ بۇ جاسارىتى قىزلاردىكى قورۇنۇشنى بىردىنلا يوقىتىۋەتتى.

جۈپ - جۈپ ئاق ۋە قىزىل رومكىلار بىر - بىرىگە جىرىڭلاپ سوقۇلماقتا، يۈرەككە نەقىش بولۇپ ئويۇلۇپ قالىدىغان تەسىرلىك سۆزلەر ئېيتىلماقتا، باياتىن تارتىنىپ ئولتۇرغان قىزلار ئەمدىلىكتە كۆڭۈل ئىزھار قىلىش ئۈچۈن تالىشىپ تۇرۇپ ئىچمەكتە. قىزلارنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ، ئۇلار بۇرۇندىن تارتىپلا ئىچىپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىنىپ قالدىم. مەن بەش يىل بىر سىنىپتا ئوقۇغان قىز ساۋاقداشلىرىمنى چۈشىنىشىمنىڭ شۇ قەدەر يۈزەكى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدىم. سۆيۈملۈك قىزلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق پەيتتە بىزگە جۆر بولۇپ ھاراق ئىچىشىنى ئارزۇ قىلىسلىمۇ، ئەمما كۆڭلۈم يەنىلا غەش بولدى.

بىر چاغدا رۇقىيە ماڭا بىر رومكا قىزىل ھاراقنى تەڭلىدى. مەن ئۇنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلدىم. ئوتتۇرىمىزدىكى ئارازلىق پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ شۇ تاپتا ئەڭ قىزغىن، ئەڭ مېھرىبان ھالەتتە

ئىدى. مەن گەپ قىلماستىن، رومكىنى قولۇمغا ئېلىپ يېرىمىنى ئىچىپ، يېرىمىنى ئۆزىگە سۇندۇم. ئۇ ئىتتىكلا ئىچىۋەتتى، مېنىڭ لېۋىم تەگكەن رومكا ئۇنىڭ لېۋىگىمۇ تەگدى، ئاغزىم تەگكەن شاراب ئۇنىڭ تېنىگە، تومۇرلىرىغا سىڭىپ كەتتى.

ساۋاقداشلار شوخ، قىزغىن كەيپىياتتا تانسا ئويناۋاتاتتى. ئۇلار يانتاقتا پېتىشماي، كارىدورغىمۇ چىقىۋالغان ئىدى. مەن بىرەر قىز بىلەن، ھەتتا رۇقىيە بىلەنمۇ ئويىنىماي، يەنە غەمكىن ئولتۇرۇپ قالدىم. ۋاقىت تېز ئۆتمەكتە ئىدى، ئايرىلىش پەيتلىرى بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. مەن يەنىلا رۇقىيەگە گەپ قىلماي، تانسىغىمۇ تەكلىپ قىلماي ئولتۇرىۋەردىم. قەلبىمدە ئىككى خىل ھېسسىيات ئېلىشاتتى: تاڭ ئېتىشقا ئاز قالدى، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، رۇقىيەنى تانسىغا تەكلىپ قىل! بۇ سېنىڭ ئۇنىڭ ئالتۇن بويلىرىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تۇتۇشىڭ بولۇپ قالىدۇ. سەن ئۇنىڭغا شۇنچىلىك تەلپۈنگەن ئىدىڭغۇ؟ ئەمدى بۇ پۇرسەت كەتسە، مەڭگۈ قايتا كەلمەيدۇ. بولدى قوي، ئۇنىڭ بىلەن تانسا ئويناش سېنىڭ ھەسرىتىڭنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ سېنى ھېلىمۇ ئاز قىيىنىدىمۇ؟ ئاز خورلىدىمۇ؟

ھەممە ئۆز جۈپتى بىلەن خۇشال ئىدى، پەقەت مەن بىلەن رۇقىيەلا مىدىرلىماستىن، غەمگە پېتىپ ئولتۇراتتۇق. شۇ چاغدا ئۇ يەنىلا ئالدىمغا كېلىپ، مېنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى. مەن ئىككى يىل ئايرىلىپ قالغان سۆيۈملۈك قولنى، بەلنى قايتا تۇتۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم. مەن ھېچبىر گەپ تاپالماي:

— ھېلىقى خەتنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگەن بولسىڭىز. ئۇنى يېزىپ قويۇپ، كېيىن پۇشايمان قىلدىم. مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدىم.

مۇشۇ سورۇندا، ساۋاقداشلارنىڭ ئالدىدا، چىراغ نۇرى ئاستىدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىپ، مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى. ئۇ كۆز يېشىنى قىلچە يوشۇرماستىن، كۆزلىرىمگە ئەلەم بىلەن قاراپ:

— ئون ئىككى بەت... قانچە ئاچچىق سۆزلەر — ھە؟... ئۇ خەتنى ساقلاۋاتىمەن، بىراق سىزگە قايتۇرۇپ بەرمەيمەن... — دېدى.

بۇ سۆزلەردىن يۈرىكىم يىڭنە سانجىلغاندەك ئاغرىپ، بېشىم پىرقىراپ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدىم. مەن رۇقىيەگە قارىماستىن:

— خالىسىڭىز، تۆۋەنگە چۈشۈپ پاراڭلاشسىلق... — دېدىم.

مەن ئەڭ ئاخىرقى بۇ ئازابلىق مىنۇتلاردا رۇقىيە بىلەن بىللە مېڭىش، پاراڭلىشىش بەختىگە مۇيەسسەر بولالىدىم. ئۇ ماڭا ئەگىشىپ پەلەمپەيدىن چۈشتى، بىز ئەجەب مەڭگۈ مۇشۇنداق بىللە مېڭىش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىساق — ھە؟

بىز يانلق بىناسىنىڭ ئالدىدىكى يۇمىلاق گۈللۈكتە ئولتۇردۇق. مەن ئۇنىڭدىن قايتا ئۆتۈندۈم، بىراق ئۇ خەتنى قايتۇرۇپ بېرىشنى يەنىلا رەت قىلدى. ئاھ! ھەسرەتا... رۇقىيەنىڭ مۇھەببىتى قەلبىمدە قالدى، مېنىڭ ئاشۇ نەپرەتنامەم ئۇنىڭ قولىدا قالدى...

— بىر قىز بىر يىگىت بىلەن تونجى قېتىم مۇھەببەتلەشسىلا، شۇنىڭ بىلەن چوقۇم توي قىلىشى شەرتمۇ؟ مۇھەببەت بىلەن نىكاھنىڭ زادى پەرقى بارمۇ — يوق؟ مېنىڭچە، مۇھەببەتلىشىش ھەرگىز نىكاھلىنىش ئەمەس، ئۇ قىز — يىگىتلەرنىڭ بىر — بىرىنى چۈشىنىش، بىر — بىرىگە ئىشىنىش، ئۆمۈرلۈك ھەمراھلاردىن بولۇشقا پۈتۈشۈش باسقۇچى. مۇبادا، قىز يىگىتنى چۈشەنسە ھەم ئۇنىڭغا ئىشەنسە، لېكىن نىكاھتىن كېيىنكى تۇر-مۇشنىڭ بەختلىك بولۇشىغا كۆزى يەتمەي ئايرىلىپ كەتسە، بۇنى ۋا-پاسىزلىق، ۋىجدانسىزلىق دەپ چۈشەنسە توغرا بولامدۇ؟ قىزلارنىڭ مۇ-ھەببەتتە ئۆز يولىنى تاللاش ھوقۇقى يوقمۇ؟ ئۇلارنىڭ بىرەر يىگىتكە ما-قۇللۇق بەرگىنى بويىنىغا ئۆمۈرلۈك نوختىنىڭ سېلىنغىنىمۇ؟

ئۇ ئەمەلىيەتتە ماڭا سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى ئاقلىماقچىمىكىنە؟ ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە نارازى بولىۋاتسامۇ، يەنىلا قايىل بولماي تۇرالمىدىم.

— ئىلگىرى سەئىد ئەخمەت بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلىكىم راست. لېكىن مەن ئۇ چاغدا مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى ھەقىقىي چۈشەنمەيتتىم. ئۇ پەقەت باشقىلارنى دوراپلا قىلىپ قويغان ئىشلار. مەن بۇ مۇھەببەتنىڭ سە-بىي، ساددا، غەرەزسىز ئىكەنلىكىگە ھېلىمۇ ئىشىنىمەن. كېيىن ئۇ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي، يېزىدا قېپقالدى. مەن ئوقۇشقا كەلگەندىن كېيىنمۇ يېزا قىزلىرىغا خاس ساددىلىق، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئۇنىڭغا سادىق بولۇپ كەلدىم. شۇڭا سىز ماڭا تەكلىپ قويغان چاغدا قوبۇل قىلمىغان ئىدىم.

ئۇ توختاپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، سۇنغان كۆڭلۈم قايتا ياشارغاندەك بولدى. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم گەپلىشىپ، ئىچىمگە يىغىلىپ كەتكەن سۆزلىرىمنى ئۇنىڭ ئالدىدا تۆكۈۋالغۇم كەلدى. مەن ئۇزۇندىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن مۇ-شۇنداق بىللە ئولتۇرۇشنى، يۈرىكىمگە داۋا يېقىملىق سۆزلىرىنى ئاڭلاشنى قانچە زارىقىپ كۈتكەن ئىدىم - ھە؟ ئۇ سۆزلىسۇن، ئۇنىڭ ئاۋازىنى، يۈرەك سۆزلىرىنى كۆپرەك ئاڭلىۋالاي، ئۇ مېنى تىللىسىمۇ مەيلى.

— سىزنىڭ مېنى چىن دىلىڭىزدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم. ئىلاج تەكلىپىڭىزنى رەت قىلغان بولسامۇ، دىلىڭىزغا داۋاملىق ئازار بېرىشنى خالىمىدىم. مۇھەببىتىڭىزگە جاۋابەن سىزگە ئىمكانىيىتىمنىڭ بارىچە دوستانە مۇئامىلە قىلدىم. بەزىلەر بۇنىڭدىن گەپ تېپىپ، سەئىد ئەخمەتكە خەت يېزىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماڭا ئايرىلىپ كېتىش توغرىلىق خەت يېزىپتۇ.

سەئىد ئەخمەتنىڭ خېتىنى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى رۇقىيەگە ئېيتمىغان ئىدىم. ھازىر بۇنى ئاشكارىلاشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. رۇقىيە ھەقىقەتەن راست گېپىنى قىلىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىشىمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتىم:

— كەچۈرۈڭ، مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا قىستۇرۇلۇۋالمىغان بولسام، بۇ

ئىشلارمۇ بولماس ئىدى...

— ئىككىمىز بەربىر ئايرىلىپ كەتتۇق... بۇ خەقنىڭ ئاغزىنى چاپلاپ قويغىلى بولمايدىكەن. مېنىڭ پەرۇق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى مۇھەببەت دېگىلى بولمايدۇ، ئۇ مېنى تاشلىۋەتكىنىمۇ يوق. بىز مۇھەببەتلەشمىگەن، ھەتتا بۇ توغرىلىق بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلىشمىغان. مەن ئۇنىڭ سىڭلىسى بىلەن دوست ئىدىم، سىڭلىسى ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالغانلا ئىش بار.

ئۇ گۈلسۈم، مۇزەپپەر ئۈستىدە گەپ ئاچمىدى. بەلكىم، ئۇ گۈلسۈم بىلەن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشنىڭ زۆرۈ-رىيىتى يوق دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. مۇزەپپەر بىلەن بولغان ئىشلارنى مەن بىلىدىغان بولغاچقا، بۇ ھەقتە گەپ قىلىشتىن نومۇس قىلغاندۇ. كۆڭلۈمدىن كەچكەن بۇ گۇمانلار ئۇنىڭ يادىغىمۇ بۇ ئىشلارنى سالغاندەك:

— ئاڭلىدىڭىزمىكىن، گۈلسۈم يېقىندا تۇغۇپتۇ، — دېدى.

ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ گۈلسۈم بىلەن رۇقىيە ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىقنى قانداق چۈشەنگۈلۈك؟ بىراق يەلكەمدىن يەنىلا ئېغىر تاغ بېسىپ تۇرغاندەك...

— خاتىرە ئۈچۈن بىر پارچە رەسىمىڭىزنى ھەدىيە قىلىشقا بولامدۇ؟

ئۇ بېرىشكە قوشۇلدى، لېكىن مېنىڭ رەسىمىمنى سورىمىدى. ئۆ-زىمنىڭ قىممىتى بولمىغان تۇرسا، جانسىز ئوبرازىمنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمە زۆرۈرىيىتى بولسۇن؟

ھوشۇمغا كېلىپ ئەتراپىمغا قارىسام، كۈن چىقىشقا ئاز قاپتۇ. ياتاقتا قالغان ساۋاقداشلار سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى. ئەمدى بېكەتكە، بىزنى تەرەپ — تەرەپكە ئېلىپ كېتىدىغان بېكەتكە بېرىشىم كېرەك ئىدى. بىز بېكەتتە كۆرۈشمەكچى بولۇپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق.

مەن ياتاققا كىرىپ، سومكا ھەم بىر يەشىك كىتابنى كۆتۈرۈپ چىقتىم.

مەردان مېنى بېكەتكىچە ئۇزىتىپ بارماقچى بولۇپ بىللە يولغا چىقتى. بەش يىل جەريانىدا مەن بىرقانچە ياتاقلارغا يۆتكىلىپ ياتقان ئىدىم. بىنادىن چىقىپ، بىرىنچى قەۋەت ئەڭ چەتتىكى ياتاقنىڭ دېرىزىسىگە قارىدىم. مەن ئاشۇ ياتاقتا رۇقىيەگە مۇھەببەت ئىزھار قىلغان، لېۋىگە سۆيگەن، يەكشەنبە كۈنلىرى دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ، رۇقىيەنى ئىزدىگەن، يولغا تەلمۈرۈپ قارىغان ئىدىم. مەن ئۈچىنچى قەۋەت قىلق ئوتتۇرىدىكى ئون كىشىلىك چوڭ ياتاقنىڭ دېرىزىسىگە قارىدىم. نېرۋام چارچاپ، ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ئاشۇ كۈنلىرىمدە، تۈن نىسبىدىن ئاشقان چاغدىمۇ ئۇخلىيالماي، ياتاقتىن ئورۇندۇقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، كارىدوردا كىتاب ئوقۇغان ئىدىم. مەن ئىككىنچى قەۋەتنىڭ پەلەمپەي ئۇدۇلىدىكى ياتاقنىڭ دېرىزىسىگە قارىدىم. مۇشۇ ياتاقتا رۇقىيە ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى دېۋانىغا سەدىقە قىلىۋەتكەندەك كارىۋاتقا تاشلاپ بەرگەن ئىدى... خوش، مېنىڭ خۇشاللىق ھەم دەرد — ھەسرەتلىرىمگە گۇۋاھچى بولغان پاسىبان ياتاقلار...

ياتاق بىناسىدىن ئوقۇتۇش بىناسىغا بارىدىغان يولدا كېتىۋاتقىنىمدا، خىيالىمدىن يەنە نۇرغۇن — نۇرغۇن ئىشلار كېچىپ ئۆتتى. مەن «ۋاقىت خاتىرىلەش ئۇسۇلى» نى قوللىنىپ، مىنۇت — سېكۇنتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆتكەنگەن كۈنلىرىمدە، بۇ يولدىن ھەر دائىم ئالشۇنداق ئالدىراش ھالەتتە ياتاق، سىنىپ، قىرائەتخانا ئوتتۇرىسىدا قانچە قېتىم ماڭغاندىمەن؟ مەن شۇ قەدەر ئالدىراش ئىدىمكى، بۇ يولدا بىرەرسى ئۇچراپ قېلىپ، بەش مىنۇت ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلىۋېتىشىدىنمۇ ئەنسىرىگەن ئىدىم....

يولنىڭ ئۇدۇلىدىكى قىرائەتخانىغا كۆزۈم چۈشتى. مېنىڭ بەش يىل جەريانىدىكى بوش ۋاقىتلىرىمنىڭ كۆپ قىسمى ئاشۇ قىرائەتخانىدا ئۆتكەن ئىدى. مەن ئۇ يەردە نۇرغۇنلىغان گېزىت — ژۇرناللارنى ئوقۇغان ئىدىم. بۇ جاي جاھاننەما ئەينىكىدەك ماڭا بۇ دۇنيانى كۆرسىتىپ كەلگەن ئىدى.

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى

سىنىپىمىزنىڭ دېرىزىسىگە قاراپ ئۆتتۈم. خوش، مەن بەش يىل ئوقۇغان
قەدىردان سىنىپىم... كەچمىشلىرىم قايتا يادىمغا كېلىۋېلىپ، كۆزۈم ياشقا
تولدى. بىزگە ئىلىم بەرگەن ئۇستازلىرىمنىڭ ھەممىسى بىردىن — بىردىن
كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى. مۇشۇ دەقىقىدە ئاشۇ ئوقۇتقۇچىلىرىم بولغىنىدا،
ھەممىسى بىلەن خوشلىشىۋالغان بولسام، رەھمىتىمنى ئېيتىۋالغان بولسام.
ئۇلار بىلەن قايتا كۆرۈشكەن ۋاقتىمدا ھەممىسى قېرىپ كېتەر، ھەتتا بە-
زىلىرى بىلەن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە كۆرۈشەلمەسمەن... ئاشۇ سىنىپتا
مەن نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان، شېئىر، ھېكايىلەرنى يازغان ئىدىم...
مېنىڭ مۇشەققەت، ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزگەن سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئۆز
قوينۇڭدا ساقلاپ، ياخشى قال، تىنچ — ئامان ياخشى بول... ئەي، مېنىڭ
سۆيۈملۈك سىنىپىم...

مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىققىنىمدا، نېمىشقىدۇر، بىردىنلا يەڭگىللەپ
قالغاندەك بولۇپ قالدىم. بەلكىم، جاپالىق ئۆگىنىش بېسىمىدىن قۇتۇلغانلىقىم
ياكى رۇقىيە بىلەن بىللە ياشاش سەۋەبلىك ماڭا كېلىدىغان تېنىمسىز ئا-
زابلىنىدىغان كۈنلەردىن قۇتۇلغانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق تۇيغۇدا بولغاندىمەن.
خەير — خوش، ماڭا ئىلىم بەرگەن، كىشىلىك دۇنيانى تونۇتقان سۆ-
يۈملۈك مەكتىپىم! خەير — خوش، مېنىڭ قەلبىمگە تۇنجى مۇھەببەت
ئۇتىنى ياققان، مېنى ئويغاتقان، ئۆزۈمنى ئۆزۈمگە تونۇتقان جانىجان
مەكتىپىم!

بېكەتكە يېتىپ كەلدۇق. مەردان ماڭا ياردەملىشىپ، سومكا، كىتاپ
قاچىلانغان يەشىكلەرنى ئاپتوبۇس ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ تېڭىشىپ بەر-
دى. ئۇ بېكەتنىڭ ئالدىغا چىقىپ كىرەي دەپ كېتىپ قالدى

ئاپتوبۇس كۆزنەكىدىن بېشىمنى چىقىرىپ، قاتار — قاتار تۇرغان ئاپتو-
بۇسلار ئارىسىدا يۈرگەن ئادەملەر ئارىسىدىن ئىختىيارسىز رۇقىيەنى ئىزدىدىم.
بىر چاغدا ئۇ ئادەملەر ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ، مەن چۈشكەن ئاپتو-

بۇس يېنىغا كەلدى. مەن ئۇ سۇنغان قانلاقلىق قەغەزنى ئالدىم. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ھەسرەت بىلەن تىكىلىپ، ئارانلا:

— خوش، خەت يېزىڭ، ئۇنتۇشۇپ كەتمەيلى... — دېدىم.

ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن سىرغىپ چۈشتى.

— خوش، ئامان بولۇڭ... خۇداغا ئامانەت...

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشنى كۆرۈپ، مېنىڭ كۆزلىرىمدىن ياش ئۇقتەك ئېتىلىپ چىقتى. ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، ئاغزىمغا ھېچبىر گەپ كەلمەي قالدى... شۇ ئەسنادا مەردان بىرمۇنچە يەل - يېمىشلەرنى كۆتۈرۈپ ئالدىراپ قايتىپ كەلدى. ئۇ يەنە بىردەم كەلمەي تۇرغان بولسا، رۇقىيە نېمە گەپلەرنى دېيەر بولغىيدىكىنتاڭ؟

ئاپتوبۇس ئاستا قوزغالدى...

رۇقىيە، مەردان ھەم بىرنەچچە ساۋاقداشلىرىم ماشىنا كۆتۈش زالىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، بېكەت ئالدىدىكى چوڭ يولغا چىقتى. مەن دېرىزىدىن بېشىمنى چىقىرىپ قول پۇلاڭلاتتىم. رۇقىيە قولىنى پۇلاڭلىتىپ، بىر نېمىلەرنى دەپ غەمكىن ھالەتتە قېپقالدى، بىز ئايرىلدۇق...

ئاپتوبۇس گۆزەردىن، ياۋاغ كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندىمۇ كۆز يېشىم پەقەت توختىمىدى. بەش يىل ئىلگىرى بۇ شەھەرگە ئوقۇشقا ماڭغان كۈنىمۇ مەھەللەمدىن چىققۇچە كۆز يېشىم توختىمىغان ئىدى. مانا بۈگۈن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېتىۋاتقان ۋاقتىمدىمۇ ئاشۇنداق بولدى. ئەمدى بىلسەم، مېنىڭ بەش يىللىق ئوقۇش ھاياتىمنى ئازاب بىلەن ئۆتكۈزىدىغانلىقىم ئائىلەمدىن ئايرىلىپ يولغا چىققان تۇنجى كۈنۈمدىلا باشلانغان ئىكەن. ئەمدىچۇ؟ مېنى يەنە قانداق قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ؟

ئايرودرومدىن ئۆتۈپ، ئاندىن كۆز ياشلىرىمنى توختىتالدىم. شۇ چاغدا رۇقىيە بەرگەن قانلاقلىق قەغەزنى تەقەززالىق بىلەن ئاچتىم. بىر پارچە سۇ-رەت، گۈزەل پەرىزاتنىڭ يېقىملىق ئوبرازى... رەسىم ئورالغان قەغەزنى

ئۆرۈپ ــ چۆرۈپ قاراپ كەتتىم. بىر بەت ئەمەس، بىرەر جۈملە تەسەللى، كۆڭۈل سۆزىمۇ يوق ئىدى. ئەي، تاش يۈرەك پەرىشتە! سەن زادى مېنى نىمە قىلماقچى؟ مېنى پۈتۈنلەي خاراب قىلدىڭ، رۇقىيە... گۈللۈكتىنغۇ دېمىدىڭ، ئەمدى بولسىمۇ، «مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرەتتىم» دېگەن بولساڭچۇ، كاشكى. پەقەت شۇ بىر جۈملە سۆزنى يېزىپ قويغىنىڭدا نەچچە يىلدىن بۇيانقى يۈتقان زەھەرلىرىم ئۇبىھايانقا ئايلىناتتى ئەمەسمۇ؟ مەن ئۇنىڭ بېكەت ئالدىدىكى يولدا قالغان سېيماسىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئۈنسىز ياش تۆكتۈم...

رۇقىيەدىن، ئەزىزانە قەشقەردىن بارغىنىبىرى يىراقلاپ كېتىۋاتاتتىم. مېنى ئادەم قىلغان، ھاياتنى چۈشەندۈرگەن، سۆيۈملۈك رۇقىيەنى قوينىغا ئالغان ئانا شەھەر ئارقامدا قالدى. مەن بېشىمنى ئاستا كۆتۈرۈپ، كەينىمگە تەلمۈرۈپ قارىدىم.

ــ نىمىگە مۇنچە ياش تۆكىسىز؟

يېنىمدا ئولتۇرغان ئايال ماڭا گەپ قىلىۋاتاتتى.

مەن گەپ قىلماستىن، رۇقىيەنىڭ رەسىمىنى ئۇ ئايالغا ئۇزاتتىم. ئايال رەسىمگە بىر ھازاغىچە قارىغىنىدىن كېيىن چوڭقۇر تىنىۋەتتى:

ــ ئايرىلىپ كەتسە، ھەقىقەتەن يىغلىغۇدەك قىز ئىكەن. نىمىشقا بىللە ئېلىپ كەتمەيسىز؟

ئايالنىڭ بۇ سۆزلىرى جاۋابسىز قالدى. راست ئەمەسمۇ؟ مەن بۇنىڭغا نىمدەپ جاۋاب بېرەلەيتتىم؟ ئاپتوبۇس توختىماستىن كېتىپ باراتتى. مەن رۇقىيەنى نىمىشقا بىللە ئېلىپ كەتمىدىم ــ ھە؟

*ئۇنتۇش... ئەمدى ھەممىنى ئۇنتۇش كېرەك! رۇقىيەنى، رۇقىيە بىلەن باغلىنىش بولغان بارلىق سەرگۈزەشتىلەرنى ئۇنتۇش كېرەك. رۇقىيەنىڭ يۈرىكىمگە كىرىۋالغان گۈزەل ئالۋاستىغا ئوخشاش روھ — سىيماسىنى قوغلاپ چىقىرىپ، بۇ كۆيۈك دەردى — ھەسرىتىدىن پاك — پاكىز قۇتۇلۇش كېرەك. ئۇ ئەمدى مېنى ئاۋارە قىلمىسۇن، مېنىڭ ياشلىقىمدىكى شاد — خۇرام، بەختلىك ياشايدىغان چاغلىرىمغا زامىن بولمىسۇن، مەن بۇ دۇنياغا ئازاب ئۈچۈنلا تۇغۇلمىغان، مېنىڭ دەرد — ھەسرەتلىك، ئازاب — قىسمەتلىك كۈنلىرىمۇ يېتەر! ماڭا رۇقىيەنى يۈرىكىمدىن چىقىرىۋېتەلەيدىغان، ئۇنى ئۇنتۇلدۇرالايدىغان، ئۇ يۈرىكىمدە پەيدا قىلغان يارىنى ساقايتالايدىغان ئۇلۇق كۆڭۈل، پاك، سەمىمىي، گۈزەل پەرىشتە كېرەك. مەن ئۇزۇندىن بۇيان خۇدادىن تىلىگەن، زارىقىپ كۈتكەن ئاشۇ پەرىشتەم ھازىر قەيەردە؟*

مەن خاتىرەمگە مۇشۇ سۆزلەرنى يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا قولۇم تىترەپ، قەلەمنى تۇتالماي قالدىم.

توي قىلىش؟ كىم بىلەن...

بىردىنلا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم جۇغۇلداپ، جىمى ئەزايىمنى سوغۇق تىترەك باستى...

ھاياتىمدا توي قىلمىسام، زادى بولمامدۇ؟ مەن بۇ شەھەردە ئۆزۈم تونۇيدىغان قىزلارنى، بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىغان قىزلارنى بىر قۇر خىيال قىلىپ چىقتىم. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى رۇقىيەدەك چىرايلىق ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئوخشاش بۇرۇن مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈپ، داشقال بولۇپ كەتكەن نېمىلەر. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يۈرىكىدە ۋىسالىغا يېتەلمىگەن ئاشىقلىرى بار. بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ پاكلىقىغا قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولسۇن؟...

مەن چېكىنىۋاتقان تىلەكنى يەرگە تاشلاپ، غەزەپ بىلەن دەسسەپ-دەسسەپ مىجىۋەتتىم. رەقىبىمۇ پاكلىقنى ساقلاپ قالالامدىغۇ؟ پاكلىق، سەن زادى قەيەردە؟ ماڭا پاك قىز كېرەك! پاكلىققا ئىشەنچ بولمىغان نىكاھتىن بىر ئۆمۈر بويتاق ئۆتكىنىم ئەۋزەل!

مەن تىترەپ تۇرغان قولۇمغا، تەرلەپ كەتكەن ئەزايىمغا باقتىم. بەش يىل... مەن ئالىي مەكتەپتىكى بەش يىللىق ئوقۇش ھاياتىمدا ئاجىزلاپ، قانچىلىك كاردىن چىقىپ كەتكەنمەن ـ ھە؟ ۋۇجۇدۇمدىكى كۈچ ـ قۇۋۋەت پاك ـ پاكىز قۇرۇپ كەتكەندەكلا. ئالېكساندىر ليۇبىشېۋنىڭ «ۋاقىت خاتىرىلەش ئۇسۇلى»نى قوللىنىپ، ھەر كۈندىكى ئىشلارنى مىنۇت، سائىتى بويىچە خاتىرىلەپ مېڭىش، ئون مىنۇتلۇق دەم ئېلىش ۋاقتىدىمۇ مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىن كىتاب ئارىيەت ئېلىش، چۈشتىن كېيىن دەرسلەر تۈگىگەن ھامان مەكتەپ قىرائەتخانىسىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئورۇن ئىگىلەش، كەچلىك مۇزاكىرىدىن كېيىن سىنىپتا يالغۇز قېلىپ كىتاب ئوقۇش، چىراغ ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ كىرسىن چىراغنى ياندۇرۇپ قويۇپ، كىتابلاردىن خاتىرە قالدۇرۇش، تۈن نىسپىدىن ئاشقاندىمۇ ئۇخلىيالماي، كارىدورغا چىقىپ كىتاب ئوقۇش، يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ سىنىپقا چىقىپ كىتاب ئوقۇش، ئاي ـ ئايلاپ بازارغا چىقماي، ماقالە يېزىش، ئۆيدىن ئەۋەتىلگەن پۇللارغا ياخشىراق تاماق يېمەي، ھەممىسىگە كىتاب سېتىۋېلىش، تەتىلدىمۇ ياخشىراق ئارام ئالماي، ئۆگزىدە، مەھەللە ئەتراپىدىكى ئورمانلىقلاردا كىتاب ئوقۇش... ئاھ! ئۆتكەن كۈنلەر، كىتاب، ئۆگىنىش، يېزىقچىلىق بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر... تىنىمسىز مېھنەت مېنىڭ كۈچ ـ ماغدۇرۇمنى شوراپ كەتكەن ئىدى.

ئاشىقلىق دەردى، ئاشىقلىقتا جاۋابەن مۇھەببەتكە نائىل بولالماسلىق ھەسرىتى، ئۆزۈمنىڭ قىممىتىگە قارىتا شەكلىنىپ قالغان شەك ـ گۇمان، كەمسىتىلىشتىن يۈرىكىمدە پەيدا بولغان قاتمۇقات يارا، ئۆلۈۋېلىش ئىستىكى بىرلىشىپ، مېنى تەرەپ ـ تەرەپتىن قىيناپ، جېنىمنى تۇمشۇقۇمغىلا

ئەكىلىپ قويغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە رۇقىيە مېنىڭ روھىمنى يۇچىلاپ، ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىمنى پاك ــ پاكىز بەربات قىلىۋەتكەن ئىدى.

مەن بىر ئوغۇل بالا ئىدىم! مەن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن توي قىلىپ، بىر ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى بولاتتىم. بۇرۇن مەن بۇلارنى ئازراقمۇ ئويلاپ قويماي، ئۆزۈمنى ئاسراشنى، ئۆزۈمگە كۆيۈنۈشنى بىلمىگەنلىكىمگە ھەيران بولدۇم. مەن كىتابلاردىن شۇنچە كۆپ تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىنى بىلىپتىمەن ــ يۇ، ئەمما مۇشۇنچىلىك ئاددىي تۇرمۇش مەنتىقىسىنىمۇ يادىمغا كەلتۈرمەپتىمەن. مېنى بۇ قەدەر ئەقىل ــ ھوشۇمدىن ئايرىغان ئادەم ــ يەنە شۇ رۇقىيە ئىدى.

مەن شۇ يىللاردا رۇقىيەنىلا ئويلاپ، ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدىم. ئەمدى مەن پۇچىلانغان يۈرىكىمنى داۋالىمىسام، شوراپ كېتىلگەن كۈچ-قۇۋۋىتىمنى ئەسلىگە كەلتۈرمىسەم بولمايتتى. كونىلار: «روھىڭنى داۋا-لىماقچى بولساڭ، بىرى، ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇغا قارا، يەنە بىرى، چىرايلىق قىزلارنىڭ ھۆسن ــ جامالىغا قارا» دېيىشكەن. مەن مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزۈمنى قۇتقۇزمىسام، ئۆلۈم ھە دېگەندە بۇرنۇمغا يۇراپ تۇراتتى.

شەنبە كۈنى كەچتە بىرقانچە دوستۇم بىلەن بىللە تانسىخانىغا قاراپ ماڭدىم. بىز تانسىخانىغا كىرگەن ۋاقتىمىزدا، تانسا ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن ئىكەن. بىز چەتتىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردۇق.

كۆپ ئۆتمەي، كۈتكۈچى قىز يېنىمىزغا كەلدى:

ــ سىلەرگە نېمە كېرەك؟

ــ بىر بوتۇلكا ئاق ھاراق، بىر قاپ تاماكا، يەنە گازىر، خۇاسىڭدىن بىر تەخسىدىن ئېلىپ كېلىڭ، ــ دېدى ھەسەن.

مۇزىكا باشلىنىشى بىلەن ھەسەن يەنە ئورنىدىن تۇردى. مەنمۇ ئور-نۇمدىن تۇرۇپ، ئۇدۇل كەلگەن بىر قىزنى تانسىغا تەكلىپ قىلدىم. ئۇ قىز ئورنىدىن لىككىدە قوپۇپ ئوتتۇرىغا چۈشتى. مەن ئۇ قىز بىلەن ئۇن-

تىنىسىز ھالەتتە تانسا ئوينىدىم. ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇ قىزغا نەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قويماي دېدىم ــ يۇ، زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئاغزىمنى مەھكەم يۇمدۇم. ئۇ قىز مەن بىلەن تانسا ئويناۋاتقان بولسىمۇ، سېغىزنى شورىغىنىچە ئاللىقانداق بىر ئىشلارنى خىيال قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەندە بىر قىزنىڭ قولى، بىلىنى تۇتقاندەك سەزگۈمۇ بولمىدى. قىزغا سەپسالسام، ئۇنىڭدىمۇ مۇزىكا رىتىمىغا چۈشۈرۈپ ماڭغاندىن باشقا ھېچقانداق سېزىم بولمىغاندەك تۇراتتى. مۇشۇمۇ تانسا بولدىمۇ؟ تانسىخانىغا كۆڭۈل ئاچقىلى كېلىپ، كۆڭلۈمنى غەش قىلىپ كېتىدىغان ئوخشايمەن. مۇزىكىنىڭ پاتراق ئاخىرلىشىغا، ماۋۇ سوغۇق قىزدىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشقا تەقەززا بولۇپ كەتتىم. ئەمما مۇزىكا قىرىشقاندەك شۇنچە ئۇزۇن ئىدى. ئىچىم سىقىلىپ، زادى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.

مەن مۇزىكىنىڭ ئاخىرلىشىشىنى كۈتمەيلا:

— ھېرىپ قالغاندەك تۇرىسىز، ئارام ئالامدۇق؟ — دېدىم.

قىزچاق بىراۋ بىلەن تانسا ئويناۋاتقانلىقى ئەمدىلا يادىغا يەتكەندەك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ماڭا قاراپ قالدى. ئۇ بۇ قارىشىدا مۇزىكا تېخى ئاخىرلاشمىغان تۇرسا دېمەكچىدەك قىلاتتى. بىراق مەن ئۇنىڭ قولى، بىلىنى قويۇپ بېرىپ، رەھمەتمۇ ئېيتماستىن، ئۆز ئورنۇمغا قايتىپ كەلدىم. تانسىخانىدا نۇرغۇن قوللار تەكرار ــ تەكرار تۇتۇپ كەتكەن قولدا نېمە سەزگۈ بولسۇن؟

ھەسەن تانسا ئويناۋاتقان قىز بىلەن خۇددى كونا تونۇشلاردەك قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. مەن نېمىشقا ئۇنىڭدەك قىزلارغا ئاسان يېقىنلىشالمايمەن؟ ھەسەن بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ تانسا ئويناۋاتقان قىزنى قاراپ، بايىقى قىزدىن ئاغرىنىشىمنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بەلكىم، مېنىڭ ئېغىرلىقىمدىن ئۇ قىزمۇ بىپەرۋا بولىۋالغاندۇ؟

شۇندىن كېيىن زادى تانسا ئوينىغىم كەلمىدى. ھەسەن مېنى نەچچە

قېتىم زورلاپ يېقىپ بولدى قىلدى. تانسىنى يېقىن دوستى بىلەن ياكى يېقىن تونۇشلىرى بىلەن ئوينىمىسا، نېمە مەززىسى بولسۇن.

تانسا ئويناۋاتقانلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئالىي مەكتەپتىكى يېڭى يىل كېچىلىكىنى، ئەڭ ئاخىرقى خوشلىشىش كېچىلىكىنى ئەسلەپ قالدىم. ئاشۇ چاغلاردىلا تانسىنى رۇقىيە بىلەن ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئويناپتىكەنمىز. بىز يېڭى يىل كېچىلىكى تۈن نىسپىدىن ئاشقۇچە تانسا ئويناپمۇ، قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلماپتىكەنمىز، ئەڭ ئاخىرقى خوشلىشىش كېچىسى تاڭ ئېتىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماپتىكەنمىز. ئاشۇنداق گۈزەل چاغلار ماڭا يەنە نېسىپ بولارمۇ؟

رۇقىيە يادىمغا كېلىۋېلىپ، كۆڭلۈم يېرىم بولدى. تانسىخانىدا ئولتۇرغۇم كەلمىدى. ئۇلاردىن ئايرىلىپ قايتىپ چىقتىم.

※ ※ ※

ئائىلەم يېزىدا بولغاچقا، ئىدارە قورۇسىدىكى ياتاقتا يېتىپ ئىشلەشكە توغرا كەلدى. مەن ئالىي مەكتەپتە ئادەتلىنىپ كەتكەن تەنھا تۇرمۇش ئۇسۇلۇمنى دەماللىققا ئۆزگەرتەلمىدىم. «ۋاقىت خاتىرىلەش ئۇسۇلى»نى خېلى بۇرۇنلا توختىتىپ قويغان بولساممۇ، بىراق ئۇنىڭ تەسىرى كاللامغا چوڭقۇر سىڭىشىپ كەتكەن ئىدى. مەن بىرەر ـ يېرىم دەم بىكار تۇرۇپ قېلىپ، ۋاقىتنى ھېچ ئىش قىلماي ئۆتكۈزۈۋەتسەم، ھاياتىم ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك تۇيغۇدا بولاتتىم ـ دە، يەنە كىتابىمنى قولۇمغا ئالاتتىم. مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا كىتاب ئوقۇشتىن باشقا ئىش يوقتەك، خىزمىتىمنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا باش كۆتۈرمەي، كىتاب ئوقۇيتتىم. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ بىردەم يېتىۋالغۇم كېلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا كارىۋاتقا چىقىپ ئولتۇرۇپ، گېزىت، ژۇرنال كۆرەتتىم. كەچتە باشقىلار

ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيلىرىگە قايتقان چاغدا ئىدارە ھويلىسى جىمجىت بو-
لۇپ كېتەتتى. مەن كوچىغا چىقىپ بىكاردىن بىكار لاغايلاپ يۈرۈشنى
خالىماي، يېزىقچىلىق ئۈستىلى ئالدىغا كېلەتتىم ــ دە، ھەممىنى ئۇنتۇپ،
يېزىقچىلىققا كىرىشىپ كېتەتتىم. كىتاب، ژۇرنال كۆرگەن، يېزىقچىلىق
بىلەن شوغۇللانغان ۋاقىتلىرىملا مېنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك چاغلىرىم ئىدى. مەن
ئۆزۈمنى ئاسراي، بەك زورۇقۇپ كەتمەي دېسەممۇ، بىكاردىن بىكار يۈرۈشكە
زادى چىدىمايتتىم.

بۈگۈن كەچ ئىشخانىدا كىتاب ئىشكاپىمدىكى ماتېرىياللارنى رەتلە-
ۋېتىپ، قولۇمغا ئالىي مەكتەپتە يازغان لېكسىيە خاتىرەم چىقىپ قالدى.
ئىختىيارسىز خاتىرىنى ۋاراقلاپ قالدىم. بىردىنلا باشقا بىرسىنىڭ تونۇش
پوچېركىسىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. رۇقىيەنىڭ قول يازمىسى؟ بىردىنلا كۆز
ئالدىمدا رۇقىيەنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سىيماسى پەيدا بولدى. مەن ئۇنىڭ
يازالماي قالغان دەرس لېكسىيىسىنى تولۇقلاپ يېزىپ بېرەتتىم، ئۇمۇ بەزىدە
ماڭا ياردەملىشەتتى. بىز بۇنىڭدىن زورۇقۇش ئەمەس، بەلكى ناھايىتى خۇ-
شاللىق ھېس قىلاتتۇق... ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت يازايمۇ ــ يا؟ ئۇ قەيەرگە
خىزمەتكە تەقسىم قىلىندىكىنتاڭ؟ بولدى، ئۇنىڭ نەدە ئىشلەۋاتقانلىقىنى
بىلمەيلا قوي، ئۇمۇ سېنىڭ قەيەردە ئىشلەۋاتقانلىقىڭنى ھەرگىز بىلمىسۇن،
ئوتتۇرىڭلاردا ئۆلگۈچە ئالاقە بولمىسۇن...

ئارامىم پۈتۈنلەي بۇزۇلغان ئىدى. خاتىرە، كىتابلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ
قويۇپ، ئىشخانىدىن قايتىپ چىقتىم.

ياتاققا قايتىپ كىرىپمۇ، رۇقىيەنى كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتكۈزەلمىدىم.
ئۇ ياتىقىمدا خۇددى ئەرۋاھتەك ماڭا قاراپ تۇرغاندەكلا بىلىنەتتى. كارىۋاتتا
ئۇياقتىن بۇياققا ئۆرۈلۈپ زادى ياتالمىدىم. بىر چاغدا ئورنۇمدىن چاچراپ تۇ-
رۇپ كەتتىم. خەت يېزىش كېرەك! باشقا ساۋاقداشلىرىمدىن ئۇنىڭ
ئادرېسىنى سۈرۈشتۈرۈپ بولسىمۇ، بۇ خەتنى ئەۋەتىش كېرەك. ئۇنىڭغا مۇشۇ

كۆڭلەردىكى ئوي ـ خىياللىرىمنى ئىزھار قىلىۋېلىشىمۇ مەن ئۈچۈن بىر لەز-زەت. ئۇ ماڭا جاۋاب خەت يازمىسىمۇ مەيلى. مۇبادا، ئۇنىڭدىن خەت كېلىپ قالسا، يۈرىكىمگە تاڭارمەن...

چامادانىدىن ئالبومنى ئالدىم، ئۇنىڭ بىز ئايرىلغان چاغدا يادىكار قىلغان سۈرىتىنى تاپتىم. رۇقىيە ماڭا قاراپ بىر خىلدا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈزىنى ئاۋايلاپ سۈرتۈپ قويدۇم. رۇقىيە نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن يېقىملىق، نېمىدېگەن سۆيۈملۈك قىز ـ ھە؟ مەن سېنى سۆيىمەن، مەن سېنى يۈرىكىمدىن مەڭگۈ چىقىرىۋېتەلمەيمەن... سۈرەتكە ئۇزۇندىن ئۇزۇن قاراۋېرىپ، بىردىنلا ئەلبومنى شاققىدە يېپىپ قويدۇم. بولدى، قاراۋەرمەي، رۇقىيەگە كۆزۈم تەگمىسۇن...

*سۆيۈملۈك رۇقىيە:*

*ياخشىمۇسىز؟ ئىشلىرىڭىز ئوڭۇشلۇق، كۈنلىرىڭىز خۇشال ئۆتۈۋا-تامدۇ؟ ھازىر قايسى ئورۇندا ئىشلەۋاتىسىز؟ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىزدىن ھېچبىر خەۋەر بولمىدى، سىزنى سېغىنىپ بۇ خەتنى يازدىم.*

*مۇشۇ كۈنلەردە سىز مېنى ئۇنتۇپ كېتەيلا دەپ قالغانسىز. كۆپ ئۆتمەي، پۈتۈنلەي ئۇنتۇپمۇ كېتەرسىز. كۆڭلۈمگە شۇ ئايانكى، سىز بۇرۇنمۇ مېنى ياخشى كۆرمىگەن، ھازىرمۇ ياخشى كۆرمەيسىز، كېيىنمۇ ئۆلگۈچە ياخشى كۆرمەيسىز.*

*ئاشىق بولغان ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ ئالدىدا غۇرۇرىنى ئويلاپ ئولتۇرمايدۇ. سىزنىڭ ئالدىڭىزدا غۇرۇرۇم يەر بىلەن يەكسان بولسىمۇ، كۆڭلۈمدىكى بارلىق سۆزلىرىمنى دەۋالاي. مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىزنى بىر كۈنمۇ يادىمدىن چىقىرالمىدىم، سىزنىڭ گۈزەل سىمايىڭىز كۆز ئالدىمدىن بىردەممۇ نېرى كەتمەيدۇ. سىزنى ئۇنتۇپ*

كېتەي، يۈرىكىمدىن چىقىرىۋېتەي دېسەممۇ، بۇنىڭغا ئىمالىم بولمىدى. سىزنىڭ ئىشىق ئوتىڭىز قانداقلارچە يۈرىكىمگە تۇتاشتىكىنتاڭ؟ مېنىڭ بۇ دەرد ـ ھەسرەتلىرىمگە سىزنىڭغۇ ئىچىڭىز ئاغرىمىدى، ھەتتا خۇدانىڭمۇ ماڭا رەھمى كەلمىدى. لېكىن مەن ھېچكىمدىن رەنجىمەيمەن، ۋىسالىغا يېتەلمىگەن بۇ ئاشىقلىق ھەسرىتىنى چېكىش مېنىڭ تەقدىرىمگە پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ.

تۇرمۇشۇمنىڭ بەختلىك بولىدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتمەيدۇ. چۈنكى مەن سىزدىن باشقا ھېچكىمنى ياخشى كۆرەلمىگۈدەكمەن. بۇرۇن قانداق ھالەتتە ياشىغان بولسام، ھازىرمۇ ئاشۇنداق تەنھا ھالەتتە ياشاۋاتىمەن. مەن ئوقۇش پۈتتۈرسەم، يۇرتۇمغا قايتىپ كېلىپ سىزنى كۆرمىسەم، باشقا بىرەر قىزغا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالسا، سىزنى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇپ كېتىمەنغۇ دەپ ئويلىغان ئىدىم. بىراق سىز مېنىڭ روھىمنى ھەم جىسمىمنى، ئوگۇمنى ھەم چۈشۈمنى، ھازىرىمنى ھەم كەلگۈسىمنى پۈتۈنلەي ئىگىلەپ كەتكەچكە، مېنىڭ بۇ سەزگۈلىرىم سىزدىن باشقا ھېچكىمنى سەزمەس بولۇپ قالدى. قاچانكى يۈرىكىمدىكى بۇ ئوتلار ئۆچسە، ئاندىن باشقا بىرەر قىزغا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالار.

بۇ سۆزلىرىم ئارقىلىق سىزدىن سۆيۈش تەلەپ قىلىۋاتقىنىم يوق، مەن ئاللىقاچان دىلى سۇنغان، روھى ئۆلگەن ئادەم. شۇڭا سىز مېنى ياخشى كۆرمىسىڭىزمۇ، سىزنى ھازىرغىچە ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئىزھار قىلىپ تۇرۇپتىمەن، مەن ئۇچۇن بۇمۇ بىر تەسەللى. مەن ئاللىقاچان ئۆز بەختىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ئادەم، مېنىڭ مېڭىپ يۈرگىنىملا بىر ئادەم.

بۇ سۆزلىرىم ئارقىلىق خاتىرجەم كۆڭلىڭىزنى پاراكەندە قىلغۇم، بەختلىك تۇرمۇشىڭىزنى بۇزغۇم يوق. كۆڭلىڭىزنى غەش قىلىدىغان مۇنداق سۆزلەرنى يەنە دېيىش نە ھاجەت؟ ئەمدى نېمىلا دېگىنىم بىلەن ھەممىسى بىكار. بەختلىك بولۇڭ، شۇلا مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئاخىرقى ئۈمىدىم. مەندىن

*ئەنسىرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى مەن سىزنى ئۇچراتقاندىن تارتىپ، ھەممىگە كۆنۈكۈپ كەتكەن، شۇندىن تارتىپ بەختلىك بولالمىغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بەختلىك بولالمايدىغانلىقىم ئۆزۈمگە ئايان. مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا سىز بولمىسىڭىز، مەن قانداقمۇ بەختلىك بولالايمەن؟...*

خەتنى مۇشۇ جايدا توختىتىپ قويدۇم. مېنىڭ يازىدىغان يەنە نۇرغۇن سۆزلىرىم بار ئىدى. رۇقىيە خەت يازمىسا، مەن نېمە ئۈچۈن يازغۇدەكمەن؟ بىردىنلا پىغانىم ئۆرلەپ، قەلەمنى ئۈستەلگە تاشلاپ قويدۇم. ئەتراپىمغا قارىسام، ياتاقتا جىندەك يالغۇز ئولتۇرۇپتىمەن. ئۈستەلدىكى ئالبومدا رۇقىيە يەنىلا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇپتۇ. رەسىمگە قاراپ، كۆزۈمگە غىللىدە ياش كەلدى ــ دە، ئالبومنى يېپىپ قويۇپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ئۆزۈمچە خەتنى يەنە بىر قۇر ئوقۇپ چىقتىم. كۆڭلۈم شۇ قەدەر يېرىم بولدىكى، ئۆرە تۇرۇشقىمۇ ماجالىم يەتمەي، ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ سۇنايلىنىپ ياتتىم. بۇ خەتنى ئەۋەتىش كېرەكمۇ ــ يوق؟ بىردىنلا جۇدۇنۇم ئۆرلەپ، توك تەپكەندەك ئورنۇمدىن شاققىدە تۇرۇپ كەتتىم ــ دە، ئۈستەل ئالدىغا بېرىپ، خەتنى يىرتىپ ــ يىرتىپ تاشلىۋەتتىم. رۇقىيەنىڭ ئالدىدا كۆرگەن شۇنچە كۆپ خورلۇقلىرىم يەتمىگەندەك، ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە نېمە ئۈچۈن غۇرۇرۇمنى دەپسەندە قىلىپ يۈرگىدەكمەن؟ ئۇنىڭغا مۇنداق گەپلەرنى دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق! ئۇ بۇ خەتنى كۆرسە، ئېنىقلا مەندىن يەنىلا سۆيگۈ تىلەپ يۈرۈپتۇ دەپ ئويلايدۇ. ئۈمىدلىرىم ئاللىقاچان پاك ــ پاكىز بەربات بولغان. رېئاللىق مېنىڭ كۆڭلۈمدەك ئۇنداق رەھىمدىل ئەمەس. مەن رۇقىيەنى كۆڭلۈمدىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋېتىشنى نىيەت قىلغان ئىكەنمەن، ئەمدى ئىرادەمگە خىلاپلىق قىلسام بولمايدۇ. قاچانكى رۇقىيەنى ئۇنتۇماي تۇرۇپ، كۆڭلۈمگە ئاراملىق يوق...

※ ※ ※

ئىشخانىدىكى خىزمەتدىشىمنىڭ توختىماستىن تىلماكا چېكىپ، قا-
پىقنى تۈرگىنىچە باش كۆتۈرمەي ئىشلىشىدىن ئىچىم سىقىلغاندەك
بولدى. گەرچە ئۇ قاپىقنى ماڭا تۈرمىگەن بولسىمۇ، كۆڭلۈم غەش يۈرگەن
بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ سوغۇق، سۈرلۈك چىرايى كۆڭلۈمنى تېخىمۇ غەش
قىلىۋەتتى.

مەن كىتاب، ژۇرناللارنى قولتۇقلاپ، ئىشخانىدىن چىقتىم. خىز-
مەتداشلىرىمنىڭ ھەممىسى خۇددى ھېس — تۇيغۇسىز ماشىنا ئادەملەردەك
بىر — بىرىگە باقماي، ئۆز ئىشىنىڭ غېمىدە باش كۆتۈرمەي ئىشلەۋاتاتتى.
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەنلا يۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر
تاپالماي، قانداقتۇر بىر غەم — ئەندىشە، ۋەسۋەسىنىڭ قوترىتىشىدا ھېچ
ئىشنى خاتىرجەم ئولتۇرۇپ قىلالماي، ئالدى — كەينىمگە مېڭىپ يۈرەتتىم.
ئىشخانىغا قايتىپ كىرگىنىم بىلەنمۇ، بىرەر ئىشقا قولۇم بارمايدىغانلىقى
ئېنىق ئىدى. مەن ئىدارىدىن كوچىغا چىقتىم. ئۆتكەن — كەچكەنلەرنىڭ
ھەممىسىلا ماڭا ناتونۇش، ھەممىسىنىڭلا مەن ئۈچۈن ھېچبىر ئالاقىسى يوق
ئادەملەر ئىدى. ئادەم بۇ دۇنيادا نەقەدەر يالغۇز، نەقەدەر يېتىم — ھە؟ مەن
ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئىغىز — بۇرنىدىن چىقىۋاتقان تىلماكا تۈ-
تۈنىگە، ماشىنىلارنىڭ تۇرخۇنلىرىدىن چىقىۋاتقان زەھەرلىك گازلارغا، شەھەر
ئاسمىنىنى قاپلىغان ئىس — تۈتەككە بىزارلىق بىلەن قاراپ قويىدۇم. ئادەملەر
زەھەرلىك ھاۋادىن نەپەس ئېلىۋېرىپ، نىيىتىمۇ زەھەرخەندە بولۇپ
كېتىپتۇ. مەن شەھەر سىرتىدىكى ئېتىزلىققا كېلىپ قالدىم. بۇ يەر
شەھەردىكى شاۋقۇن، جىددىيلىكتىن خالىي بولۇپ، شۇ قەدەر تىنچ،
ئارامبەخش ئىدى. ھوسۇلى يىغىۋېلىنغان ئېتىزلىق كەچ كۈزنىڭ ئاپتىپىدا
تاۋلىنىپ تۇراتتى. مەن ئېتىزلىق ئوتتۇرىسىدىكى قىر بېشىغا بىر تاختا

كېيىنتىنى يايدىم ــ دە، ژۇرنالنى ئاچتىم. كۆزۈم مۇنۇ قۇرلارغا چۈشتى:

*«كىچىك ۋاقتىمدا جاسارەتلىك، ئىرادىلىك بالا ئىدىم، دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى ئويلايتتىم. ياشلىققا قەدەم قويغاندىن كېيىن كۆرگەنلىرىم كۆپەيگەنسېرى دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە قۇربىم يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئالدى بىلەن دۆلىتىمنى ئۆزگەرتىش نىيىتىگە كەلدىم. بىراق بۇنىڭغىمۇ قۇربىم يەتمىدى. ئوتتۇرا ياشقا قەدەم قويغاندىن كېيىن ئىلاجىسىز ئالدى بىلەن ئائىلەمدىكىلەرنى ئۆزگەرتىشنى لايىق تاپتىم. بىراق زامان ئارزۇيۇمغا باقمىدى، ئۇلارنىمۇ ئۆزگەرتەلمىدىم. قېرىغاندا شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئالدى بىلەن ئۆزۈمنى ئۆزگەرتسەم، ئائىلەمدىكىلەر ماڭا بېقىپ ئۆزگىرىدىكەن. ئالدى بىلەن ئائىلەمدىكىلەرنىڭ ئۈلگىسى بولسام، كېيىنكى قەدەمدە دۆلىتىمنى، ئاخىرىدا پۈتكۈل دۇنيانى ئۆزگەرتەلەمدىم، تېخى كىم بىلىدۇ.»*

بۇ بىر ئەنگلىيىلىك ئېپىسكوپنىڭ قەبرە تەزكىرىسى ئىدى.

ژۇرنالدىكى بۇ سۆزلەر ئىختىيارسىز ئالىي مەكتەپتىكى چاغلىرىمنى يادىمغا سالدى. ئاشۇ چاغلاردا ئىنتايىن تىرىشچان، شىجائەتلىك، غايىلىك ياش ئىدىم. ۋاقتىم زايە بولۇپ كەتمىسۇن دەپ، «ۋاقىت خاتىرىلەش ئۇسۇلى»نى قوللىنىپ، تىرىشىپ تىرمىشىپ ئۆگەنگەن ئىدىم. قەلبىمدە ئون يىل، يىگىرمە يىللار تىرىشىپ بولسىمۇ، چوقۇم بىر ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقىمەن، توم ــ توم كىتابلارنى يېزىپ چىقىمەن، بارلىقىمنى ۋەتىنىمگە، خەلقىمگە تەقدىم قىلىمەن دېگەن ئۇلۇغۋار ئىستەكلەر لاۋۇلداپ يانئاتتى. ھازىر ئاشۇ ئارزۇ ــ ئىستەكلەر قەيەرگە كەتتى؟ ھەممىنى ئاشۇ ئاشىقلىق ئوتى كۆيدۈرۈپ تۈگەتتى. مەن مۇشۇنداق ئىرادىسىز ئادەممىدىم؟ مەن نېمە ئۈچۈن رۇقىيەنىڭ ئەرۋاھىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمايمەن؟

نېمىشقا ئەتىگەندىن كەچكىچە ئەمەلگە ئاشمىغان مۇھەببەتنىڭ ھەسرىتىنى چېكىپ يۈرۈۋېرىمەن؟ مەن زادى قاچانغىچە مۇشۇنداق ياشىماقچى؟ ئۇنتۇش... ئەمدى ھەممىنى ئۇنتۇش كېرەك! رۇقىيەنى، رۇقىيە بىلەن باغلىنىشلىق بولغان بارلىق ئەسلىمىلەرنى ئۇنتۇش كېرەك...

بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىمغا قارىسام، ئېتىزلىقتا ئولتۇرۇپتىمەن. باشقىلار مېنىڭ بۇ يەردە ھاڭۋاقتىلاردەك خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرسە، ئەقلىدىن ئادىشىپ قالغان ئادەممىكىن دەپ قالاتتى. دېمىسىمۇ، شەھەردە شۇنچە كۆپ ئادەملەر تۇرسا، يۈرەكنى ياشارتىدىغان چىرايلىق قىزلار تۇرسا، كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرىدىغان دوستلار تۇرسا، بۇ ئېتىزلىقتا ماڭا نېمە بار؟ بۇ كۈنلەردە مەن روھى تېنىمدىن ئاجراپ كەتكەن ئىسكىلىتقىلا ئوخشاپ قالغان ئىدىم. مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگىنىم بىلەن روھىم رۇقىيە-نىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ قالغان ئىدى.

بىردىنلا ئۆزۈمگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ھېچكىم دىلىمغا ئازار بەرگىنى يوق. مەن بۇ ئېتىزلىققا نېمىدەپ كەلدىم؟ بۇ يەردە ماڭا نېمە بار؟ مەن نېمىنى، كىمنى ئىزدىمەكچى؟

يېقىنىدا نىكاھتىن ئاجرىشىپ، نەچچە بالىسى بىلەن تۇل قالغان بىر قوشنىمىز يادىمغا كېلىپ قالدى. مەھەللىدىكىلەرنىڭ سۆز ـ چۆچەكلىرىگە قارىغاندا، ئەرنىڭ غايىبتىن بىر ئايالى بارمىش. ئاشۇ ئايال چۈشلۈكلىرى ئەر-نى يانقۇزماي، مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى ئېتىزلىققا ئېلىپ چىقىپ كېتەر-مىش. ھازىر ئۇ ئەرنىڭ ئاشۇ غايىب ئايالدىن نەچچە بالىسى بارمىش. ئۇ ئايال ئەرنى نىكاھتىن ئاجرىشىپ، ئۆزى بىلەن توي قىلىشقا قىستاپ تۇرۇۋالغاچقا، ئەر ئىلاج ئۆيۋاقىنى تاشلاپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنمىش.

مېنىمۇ بۇ ئېتىزلىققا جىن ـ ئەرۋاھلار باشلاپ كەلمىگەندۇ ـ ھە؟ مەن قورقۇمسىراپ ئەتراپىمغا بىر قۇر قاراپ چىقتىم. ۋەھىمە تۇيغۇسىدا پۈتۈن تېنىم جۇغۇلداپ، قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتىم. ياخشى بولسۇن، يىلان

بولسۇن، يەنىلا ئادەملەر ئارىسىدا ياشىغىنىم تۈزۈككەن. مەن شەھەرگە قاراپ كېتىۋاتقىنىمدا پۇتلىرىمغا بىر نېمە ئېسىلغاندەك بولدى ـ دە، تېخىمۇ تېز چامداشقا باشلىدىم.

ئىشخانىغا كىرگەن ۋاقتىمدا خىزمەتدىشىم يەنىلا تاماكا چېكىپ ئولتۇ-رۇپتۇ. ئۇ ماڭا قاراپ قويۇپ، قاپىقىنى تۈرگىنىچە يەنە ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ قاپاق تۈرۈپ ئولتۇرۇشىمۇ كۆزلىرىمگە شۇنداق يېقىملىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئەتراپىمدىكى كىشىلەر سوغۇق ئەمەس ئىكەن، ئەسلىدە ئۆزۈم سوغۇق ئىكەنمەن. باشقىلاردىن ئىللىق چىراي كۈتسەم، ئالدى بىلەن ئۆزۈم قىزغىن بولۇشۇم كېرەك ئىكەن.

ھەر قېتىم پوچتاليون كېلىپ، ئىدارىمىزنىڭ خەت ـ چەك تارقىتىش ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرسەم، ئىختىيارسىز رۇقىيەدىن خەت كەلگەنمىدۇ دەپ ئويلاپ قالىمەن، ھەتتا ئۇنىڭ كەينىدىن كىرىپ، ئاختۇرۇپ باققۇم كېلىدۇ. مەن رۇقىيەدىن خەت كېلىپ قالارمىكىن دەپ شۇنچە تەشنا بولغان بولسامۇ، ئىدارىنىڭ خەت ـ چەك تارقىتىشقا مەسئۇل خادىمى «ماڭا سىزگە كەلگەن خەت ئىكەن» دەپ ئىشخانامغا كىرمىدى. شۇندىمۇ مەن يەنىلا ئۈمىدىمنى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋەتمىدىم. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن رۇقىيە-نىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، قارارىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتسە، ماڭا خەت يېزىپ، ئۆمۈرلۈك ھەمراھلاردىن بولۇش ئارزۇسىنى ئىزھار قىلسا، مەن ئۇنىڭ يېنىغا قۇشتەك ئۇچۇپ باراتتىم...

بەزىدە ئادەمنىڭ ئوي ـ خىياللىرىمۇ ئېلېكتروماگنىت دولقۇنلىرىدەك قارشى تەرەپنىڭ مېڭىسىدە ئىنكاس پەيدا قىلىپ، ئوخشاش ئوي ـ خىيالنى پەيدا قىلىدىكەن. ئەجەبا، رۇقىيەنىڭ ئىسمىنى كۆڭلۈمدە زىكرى قىلىشىم، يۈ-رىكىمدە ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىشىم، ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز سېغىنىشىم ئۇنىڭ مېڭىسىدە قارشى ئىنكاس قوزغاپ، سېغىنىش تۇيغۇلىرىنى پەيدا قىلالمىدىمىكىنە؟ بىر مەكتەپ، بىر سىنىپتا ئوقۇپ تۇرۇپ، ھېچبىر تەسىر

قوبۇل قىلمىغان كاللا مۇنچە يىراقتىن قوبۇل قىلارمۇ؟

مەن نېمانچە ئۆزگىرىپ كەتتىم ـ ھە؟ ئاشىقلىق مېنى رۇقىيەدىن باشقا ھېچكىمنى ئويلىمايدىغان سەۋداغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. خۇدانىڭ قانداقلارچە مېنى بۇ كېسەلگە گىرىپتار قىلىپ قويغىنىنى بىلمەيمەن. مېنىڭ پۈتۈن ئەسىل ـ ۋەسلىمنى ئۆز ئىختىيارىغا ئېلىۋالغان بۇ سۆيگۈگە جاۋابەن رۇقىيەنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلىسەم، ئۇنىڭ بۇ بىچارە، مىسكىن كۆڭلۈمنى قەدىرلىشىگە نائىل بولالىساچۇ، كاشكى. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەن چېغىمىزدا ياخشى كۆرگەن يىگىتى يوق قېپقالغان ئىدى. بىز ئايرىلغانغا نەچچە ئاي بولدى، مېنىڭچە، ئۇنىڭ ھازىرمۇ يۈرۈۋاتقان يىگىتى يوق. بۇ دۇنيادا ھېچكىم ئۇنى مېنىڭدەك چىن يۈرىكىدىن سۆيمەيدۇ، مېنىڭدەك بىر ئۆمۈر قەدىرلىمەيدۇ. خۇدا رۇقىيەنى مەن ئۈچۈنلا ياراتقان، شۇڭا ھەرگىز ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ.

كۈنلەر ئۆتتۈۋەردى، لېكىن رۇقىيەدىن يەنىلا خەت كەلمىدى. ئۇ مېنى ياد ئەتمەمدىكىنە؟ ئازراقمۇ سېغىنمامدىكىنە؟ ئەمما مەن ئۇنى بىر كۈنمۇ يادىمدىن چىقىرالمىدىم. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭدىن بىر پارچە خەت كېلىپ قالسا، يۈرىكىمگە ياقاتتىم، كۆزۈمگە سۈرتەتتىم. ئۇ ئەزەلدىن مۇشۇنداق بىپەرۋا ئىدى، ئۇنىڭدا ئۆزىنى سۆيىدىغان ئاشىقىنى ياد ئېتىدىغان، بىرەر پارچە خەت ئارقىلىق سېغىنغان يۈرىكىگە تەسەللى بېرىدىغان ئاڭ يوق. مەن قانداقلارچە مۇشۇنداق گۈزەل، ئەمما بىپەرۋا قىزغا ئاشىق بولۇپ قالغاندىمەن؟ بۇ چاغقىچە ئۇنىڭ ئورنىدا تاش بولغان بولسىمۇ ئېرىپ كەتكەن بولاتتى. ئاھ... مېنىڭ كاج تەقدىرىم! رۇقىيەدىن رەنجىشكە مەڭگۈ ھەققىم يوق. ئۇ گۈزەل، بەكلا گۈزەل، مەن ئۇنىڭغا مۇناسىپ كەلمەيمەن. ئەمدى ماڭا بۇ تەڭداشسىز گۈزەل پەرىزاتقا ئاشىق بولۇپ قېلىشتەك خاتا قىسمەتنىڭ دەردىنى تارتماقتىن باشقا ئامال يوق. ئۇ مېنى بۇ چاغقىچە ئۇنتۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇمىدىگنى ئۈز، ئۇنىڭدىن خەت كەلمەيدۇ، ھەرگىز كەلمەيدۇ،

ھەرگىز...

مەيلى، يۈرىكىمنى زىدە قىلىپ، ئۇنىڭدىن خەت كەلمىسۇن، مەنمۇ ئۇنىڭغا، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھېچقايسىسىغا خەت يازمايمەن. ساۋاقداشلىرىم مېنىڭ ئىدارەمنى بىلىپ قالمىسۇن، ئۇلارنىڭ بىرسى بىلسە، ئاخىرى رۇقىيەمۇ بىلىپ قالىدۇ. مەن رۇقىيەگە ئۆچ! قەشقەرگە ئۆچ!! ئاشۇ شەھەردە ئۇ مېنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىپ، ياشلىقىمنى بىھۇدە خازان قىلدى، ھايا-تىمنىڭ جەۋھىرى بولغان ھەقىقىي سۆيگۈمنى دەپسەندە قىلىپ، پۈتۈن ھاياتىمنى نابۇت قىلدى. مېنىڭ بۇ سولغۇن، بىچارە، زەبۇن ھالىمنى سا-ۋاقداشلىرىمنىڭ ھېچقايسىسى بىلمىسۇن. مەن رۇقىيەگە ئۆچ... ئۆچ!! مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلگەن ئادەم! بۇ گۈزەل ئالۋاستى يۈرىكىمدىن چىقىپ كەتمەيدىكەن، مېنىڭ بەختىمدىن ئەسلا ئۈمىد يوق.

مېنى قويىۋەت، رۇقىيە! مەن بۇ مۇھەببەت ئەسىرلىكىدىن قۇتۇلۇپ، ئارامۇخۇدا ياشاپ باقاي. سەن يا مېنى سۆيمىدىڭ، يا يۈرىكىمنى ئۆزۈمگە قايتۇرۇپ بەرمىدىڭ. مەن بىر ئۆمۈر يۈرىكىمدىكى يۈرىكىڭنىڭ باشقۇرۇشىدا ياشايمۇ؟ مېنى قويىۋەت، ماڭا ئەركىنلىك بەر، رۇقىيە...

ماڭا خەت كەلدى، رۇقىيەدىن ئەمەس، ئالىي مەكتەپتىكى جانجىگەر دوستۇم مەرداندىن خەت كەلدى. ساۋاقداشلىرىمدىن پەقەت ئاشۇلا مېنى ياد ئېتىپتۇ. مەن سۆيۈنۈش ھېسسىياتى ئىلكىدە ئۇنىڭ خېتىنى ئاچتىم.

*قەدىرلىك دوستۇم سۇلتان:*

*ياخشىمۇسەن؟ مېنى كەچۈرگىن، ئۇزۇن ۋاقىتقىچە خەت يازالمىدىم. سا-ۋاقداشلىرىمدىن ئادرېسىڭنى تەستە ئۇقۇپ، ئاندىن بۇ خەتنى يازدىم.*

*ھازىر ئەھۋالىڭ قانداق؟ سالامەتلىكىڭ ياخشىمىدۇ؟ بىرەر قىز بىلەن يۈرۈۋاتامسەن؟ خالىساڭ، مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىزىڭنىڭ رەسىمىنى ئەۋەتىپ بەرسەڭ، ئاتام – ئاپاملارمۇ كۆرۈپ باققان بولسا ياخشى بولاتتى، ئۇلار سېنىڭ*

كېيىنكىنى كۆپ قىلىدۇ. سىنىڭ مىجەزىڭ ناھايىتى ياخشى، ئۆزۈڭمۇ ئاق كۆڭۈل. شۇنداق بولغاندىكىن، ساڭا چوقۇم ياخشى ھەم چىرايلىق قىز چىقىدۇ.

مەنمۇ ھازىرغىچە توي قىلماي بويتاق يۈرىۋاتىمەن. كۆڭۈلگە ياققۇدەك بىرەر لايىقىممۇ يوق. ئۆزۈممۇ توي قىلىشقا ئانچە ئالدىراپ كەتمىدىم.

ھازىر ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەۋاتىمەن. ئۆز كەسپىمدە ئازراق يول تېپىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن توي قىلايمىكىن دەيمەن. توي قىلىدىغان چاغدا ساڭا خەۋەر قىلىمەن. ئۇ چاغقىچە توي قىلىپ قالساڭ، ئايالىڭنى بىللە ئېلىپ كېلەرسەن. ئاپام ـ ئاتاملار سىنىڭ مىجەزىڭنى ياقتۇرۇپ قاپتىكەن، ئايالىڭنى بىللە ئېلىپ كەلسەڭ، ئۇلار چوقۇم خۇشال بولىدۇ.

بولدى، رۇقىيەدىن ئۈمىدىڭنى ئۈز. ئۇنى ھازىرغىچە ياد ئېتىپ ئازابلىنىپ يۈرگەن بولساڭ، ئەمدى كۆڭلۈڭدىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋەت. ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، ئۇنى دەپ بەك كۆپ ئازاب چەكتىڭ. بىر ھېسابتا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمىغىنىڭمۇ ياخشى بولدى. مەن ساڭا بۇرۇنمۇ دېگەن، مېنىڭچە، ئۇ ياخشى كۆرۈشكە بولىدىغان، ئەمما توي قىلىشقا بولمايدىغان قىز. بۇنداق دېسەم، كۆڭلۈڭگە ئېلىپ كەتمە. يېقىن دوستۇڭ بولۇش سۈپىتىم بىلەن ساڭا بۇ گەپنى دەۋاتىمەن. كېيىمكە ئىشەن، مەن سىنى رۇقىيەدىن تەزدۇرۇش ئۈچۈنلا بۇ گەپنى دەۋاتقىنىم يوق.

باشقىلاردىن ئاڭلىشىمچە، رۇقىيە ئالدىمىزدىكى ئۆكتەبىر بايرىمىدا توي قىلغۇدەك. يىگىتى يېزا باج باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقىمىش. بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا ئەمدى نېمە دەيسەن؟ بىرى ئالما دېگەننى، يەنە بىرى چالما دەپ چۈرۈۋېتىدىكەن. بىرى شىبىدىن ئۈزۈپ تاشلىۋەتكەن گۈلنى، يەنە بىرى يۇراقلىقكەن دەپ، قولىقىغا قىسىۋالىدىكەن.

چوقۇم جاۋاب خەت يازغىن، ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن. خەير-خوش، ئۆزۈڭنى كۆپىرەك ئاسرىغىن.

*ھۆرمەت بىلەن:*

*جانجىگەر دوستۇڭ مەردان*

*1988-يىلى 9-ئاينىڭ 20-كۈنى.*

يېقىن دوستۇمنىڭ مېنى ياد ئېتىپ خەت يازغانلىقى مېنىڭ دەرد-مەن، كۆڭلۈمنى خۇشال قىلدى، بىراق ئۇنىڭ رۇقىيەنى ئەييىبلىشى دىلىمنى غەش قىلدى. ئۇنىڭ رۇقىيەنى ياخشى كۆرسە بولىدىغان، ئەمما توي قىلسا بولمايدىغان قىز دېگىنى نېمىسى؟ قارىغاندا، رۇقىيەنىڭ مەن بىلمەيدىغان يەنە ئاللىقانداق ئىشلىرى باردەك قىلىدۇ. رۇقىيە ئاخىرى بىرسى بىلەن توي قىلىدىغان بولۇپتۇ ـ دە؟ مەن جاۋاب خەت يېزىش ئۈچۈن قەلەمنى قولۇمغا ئالدىم.

*قەدىرلىك دوستۇم مەردان:*

*ياخشىمۇسەن؟ يېقىندا يازغان خېتىڭنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، سەندىن بەكمۇ مىننەتدار بولدۇم. مېنى ئۇنتۇپ قالماي خەت يازغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا رەھمەت ئېيتىمەن.*

*ئالىي مەكتەپتىكى بەش يىللىق ئوقۇش ھاياتىمدا ئىككى ساۋاقدىشىم ماڭا دوستانە مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئاتا قىلدى: ئۇلارنىڭ بىرى، سەن، يەنە بىرى، رۇقىيە. مەن سىلەرنى ئىككىڭلارنى ئۆلگۈچە ئۇنتۇمايمەن.*

*ھازىرمۇ يادىمدا بار، ئائىلىمىزدىن خالتا ئەۋەتىلسە، سېنىڭ ـ مېنىڭ دەپ ئولتۇرماي، بىللە يەيتتۇق. ئاتا ـ ئانىڭ سېنى بىر تاللا ئوغۇل دەپ، يات ـ ياتلا پۇل ئەۋەتەتتى. سەن ئۆيۈڭدىن پۇل كەلسىلا، مېنى بازارغا بىللە ئېلىپ چىقىپ مېھمان قىلاتتىڭ. ھەر يىلى قىشلىق تەتىلدە مېنى*

غېرىبسىنىپ قالمىسۇن دەپ، ئۆيۈڭگە ئېلىپ كېتەتتىڭ. ئانا ـ ئانىڭ ماڭا خۇددى ئۆز ئوغلىدەك قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى. قىشلىق تەتىلىمىز ئاخىرلىشىپ مەكتەپكە قايتىدىغان چېغىمىزدا، ساڭا ھەم ماڭا ئوخشاش ياسون، ئوخشاش رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ يولغا سالاتتى. سېنىڭ، شۇنداقلا ئانا ـ ئانىڭنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭلارنى ئەسلىگىنىمدە، ئىختىيارسىز كۆزۈمگە ياش كېلىدۇ. مەن سېنىڭ مىجەزىڭنى نېمانچە ياخشىدۇ دەپ ئويلايتتىم، ئەسلىدە سېنىڭ ئانا ـ ئانىڭ ياخشى ئادەملەر ئىكەن، سەندىكى بۇ ياخشىلىق ئانا ـ ئاناڭدىن ئۇدۇم بولۇپ قالغان ئىكەن.

ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ بىرمۇنچىلىرى دوست بولۇپ ئۆتتى، بىراق كۆپلىرى نەچچە ئاي، نەچچە يىلدىن كېيىنلا يىراقلىشىپ كەتتى. پەقەت بىز ئىككىمىزلا ئاكا ـ ئۇكىلاردەك ئوقۇش پۈتتۈرگىچە بەش يىل جانجىگەر دوستلاردىن بولۇپ بىللە ئوقۇدۇق.

بىر يىلى يازلىق تەتىلدە سېنى يۇرتۇمغا بىللە ئېلىپ كەلگەن چېغىمدا ئانا ـ ئانام سېنىڭ چىرايلىق قاش ـ كۆزۈڭگە، بەردەم قامىتىڭگە قاراپ: «غېرىپكە ئوخشىمايدىغان بالىكەن» دېگەن ئىدى. شۇ چاغدا مەن سېنىڭدەك پەزىلەتلىك، قاملاشقان، سادىق دوستۇمنىڭ بولغانلىقىدىن بەكمۇ پەخىرلەنگەن ئىدىم.

رۇقىيەنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمەي يۈرگەن شۇ كۈنلەردە سېنىڭدەك مۇڭداش، مەدەتكار دوستۇمنىڭ دوستلۇق مېھرى كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇپ تۇرمىغىنىدا، ئۆزۈمنىڭ قانداق ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. سەن ھەممىنى بىلىسەن، مېنىڭ رۇقىيەنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، بىراق ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىمنى، بۇ جەرياندا قانچىلىك ئازابلىق ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىمنى بىلىسەن. رۇقىيە ماڭا مۇھەببەت قوچىقىنى ئاچالمىغان بولسىمۇ، بىراق دوستلۇق قولىنى ئۇزۇن سۇندى. ئۇنىڭدىن ھەرگىز رەنجىمەيمەن، ئۇنىڭ قەلبىدە

ماڭا قارىتا مۇھەببەت ئوتىنىڭ يانمىغانلىقى ھەرگىز ئۇنىڭ گۇناھى ئەمەس. بۇ جەرياندا سەن مېنى كەمسىتمىدىڭ، ئەكسىچە ماڭا ھېسداشلىق قىلىپ، كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇپ تۇردۇڭ. گەرچە مەن رۇقىيەنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولساممۇ، سېنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقۇڭغا مۇيەسسەر بولدۇم.

ئادەملەرنىڭ نىيىتى ئىنتايىن رەزىل بولىدىكەن. بەزىلەر ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقىغا چىدىماي، ئوتتۇرىمىزغا سوغۇقچىلىق سېلىش ئۈچۈن «مەردان بىلەن رۇقىيەنىڭ مۇناسىۋىتى بار» دېگەن سۆز ــ چۆچەكلەرنىمۇ تارقاتقان ئىدى. مەن بۇ گەپلەرگە پىسەنت قىلمىدىم. چۈنكى مەن سېنىڭ دوستۇڭغا خىيانەت قىلمايدىغانلىقىڭغا ئىشىنەتتىم.

سەن خېتىڭدە «رۇقىيە ياخشى كۆرسە بولىدىغان، ئەمما توي قىلسا بولمايدىغان قىز» دەپ يېزىپسەن. بۇ گېپىڭنىڭ ماڭا قانچىلىك زەربە بولغانلىقىنى بىلەمسەن؟ بەلكىم، سەن بۇ گېپىڭ ئارقىلىق، مېنى رۇقىيەدىن سەسكەندۈرۈپ، ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتسۇن دېگەن ئۈمىدتە بولغانسەن. سېنىڭ بۇ گېپىڭسىزمۇ ئەينى چاغدا مەن ئۇنىڭ بىرمۇنچە يىرگىنىچلىك ئىشلىرىنى ئاڭلىغان، ھەتتا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىدىم. شۇ چاغدىمۇ بۇ ئاشىقلىق دەردىدىن زادىلا قۇتۇلالمىغان ئىدىم. بېشىمغا كەلگەن بۇ تەتۈر قىسمەتتىن ئىنتايىن ئازابلىنىمەن. كېيىن مەن بۇ ئىشق ئوتىنى خۇدانىڭ يۈرىكىمگە سالغانلىقىغا ئىشەندىم. رۇقىيە ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدىن بىردەممۇ نېرى كەتمەيدۇ. ئۇ يۈرىكىمنى پۈتۈنلەي ئىگىلىۋالغاچقا، ئۇنى ھازىرغىچە ھېچبىر قىزغا كۆڭلۈم تارتمايۋاتىدۇ. مەن بۇرۇن بىر ــ بىرىنى ياخشى كۆرمىگەن ئادەملەر توي قىلسا بولمايدۇ دەپ ئويلايتتىم، رۇقىيە توي قىلغۇدەكقۇ ئەنە؟ مەنمۇ پېشانەمگە پۈتۈلگەن قىز مۇشۇ ئوخشايدۇ دەپلا توي قىلارمەن.

ئاخىرىدا سېنىڭ بۇندىن كېيىن يازغان خېتىڭدە رۇقىيەنىڭ ئىشلىرى توغرىلىق ئېغىز ئاچماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنىڭ ئۇنىڭ ئىشلىرىنى

*بىلىپ، داۋاملىق ئازابلانغۇم يوق.*

*خەت يېزىشىپ تۇرايلى. ئانا ــ ئاناڭغا مەندىن سالام دېگىن.*

*ھۆرمەت بىلەن:*

*ئەڭ يېقىن دوستۇڭ سۇلتان*

*1988-يىلى 9-ئاينىڭ 28-كۈنى.*

زىننەت چىراغلىرى ھەممىسى يېنىپ، كوچىلار بايرام تۈسىگە كىرگەن ئىدى. كوچىلار كەچلىك سەيلىگە چىققان كىشىلەر بىلەن ئاۋاتلىشىپ كەتكەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ چېھرىدە شاتلىق جىلۋىسى ئەكس ئېتەتتى. ياش ئەر ــ خوتۇنلار، قىز ــ يىگىتلەر مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشۈپ يۈرۈشەتتى. مەن كىنوخانا ئالدىدا ھەسەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

ــ بۇ يەردە تۇرۇپسەنغۇ، كىنو كۆرمەمسەن؟

ــ قۇشلىغۇدەك بىرەر چىرايلىق قىز ئۇچراپ قالامدىكىن دەپ تۇردۇق، ــ دېدى ئۇ كۈلۈپ، ــ قانداق، ئۆزۈڭچۇ، سەنمۇ ئوۋغا چىققان ئوخشىمامسەن؟

كۈلۈپ قويۇپ، گەپ قىلمىدىم. بۈگۈن كۆڭلۈم نېرى ــ نېرىدىن يېرىم ئىدى.

ــ تونۇش قىزلاردىن ئىككىسىنى چاقىراي، بىللە پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى، قانداق دەيسەن؟

ــ قويغىنە، ئاداش، ــ دېدىم قايىقمىنى تۇرۇپ، ــ تونۇشمىغان قىزلارنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرغاننىڭ نېمە پەيدىسى.

ــ سەنمۇزە، قىزلارنىڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇر ئېلىشنىمۇ بىلمەيسەن. بىللە پاراڭلىشىپ ئولتۇرساڭ، كۆڭلۈڭ ئېچىلىپ قالدۇ دەيمەن. كەچكىچە كىتابقا قاراپ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغىنىڭ ئولتۇرغان سېنىڭ، ــ ئۇ ماڭا تىلماكا تەڭلىدى، ــ نېمە بولدى، يەنە پەرىشان كۆرۈنىسەنغۇ؟

— كۆڭلۈم شۇنداق غەش، ئاداش.
— بايرام كۈنىدىمۇ كۆڭۈل غەش بولامدۇ؟ قىزلارنى چاقىراي دېسەم، يەنە ئۇنىمايسەن. يۇرە، بىر نەچچە رومكا ئىچكەچ پاراڭلىشايلى ئەمىسە.
بىز خالىي بىر جايىنى تېپىپ ئولتۇردۇق. مەن كەينى ـ كەينىدىن نەچچە تال تاماكا چېكىۋەتتىم. ھەسەن يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قىزلاردىن كۆزىنى ئۈزەلمەيۋاتاتتى. ئۇ مېنىڭ غەمكىن، مەيۈس ھالەتتە ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ:
— باشقا ئادەملەرگە قارىغىنا، ھەممىسى خۇشال، پەقەت سەنلا غەمدىن نېرى بولالمايسەن، — دېدى ئۇ تەنبىھ ئارىلاش مەنىدە، — نېمىگە مۇنچە قايغۇرىسەن؟ قاچانلا قارىسام، چىرايىڭدىن دەرد ـ ھەسرەتنىڭ ئالامەتلىرى كەتمەيدۇ. يەنە شۇ رۇقىيەنى ئويلاپمۇ؟ بولدى قوي، نېمە قىلىسەن ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئازابلاپ. ساڭا ئۆز يۇرتۇڭدىن كۆڭلۈڭگە ياققۇدەك بىرەر قىز چىقماي قالارمۇ؟
ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، مېنىڭ ھەسرەت ـ پىغانىم تېخىمۇ ئۆرلەپ كەتتى.
— يۈرىكىمنى تاتىلىما، ھېلىمۇ نەچچە كۈندىن بۇيان ئۆزۈمنى ئاران-ئاران بېسىپ يۈرمەن.
— سېنى بىئارام قىلىۋاتقىنى يەنە شۇ رۇقىيەنىڭ ئىشىمۇ؟ يوشۇرماي دەۋەرگىن، ئىچىڭ بوشاپ قالىدۇ.
— بولدى، سەنمۇ سورىما، مەنمۇ دېمەيلا قوياي. بۈگۈن راستىنىلا ھاراق ئىچكۈم كېلىپ قالدى.
بۈگۈن ئاخشام رۇقىيەنىڭ تويى باشلىنىدۇ. مۇشۇ تاپتا ناغرىلار چېلىنىپ، ياش قىز ـ يىگىتلەر ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكەندۇ. رۇقىيە توي كۆڭلىكى كىيىپ، قىزلارنىڭ ئارىسىدا مەلىكىدەك ئولتۇرىدىغاندۇ. ئۇ تويىنى مۇبارەكلەپ، بەختىنى تىلەپ ئېيتىلىۋاتقان ناخشىلاردىن، ئوينىلىۋاتقان

تاسا، ئۇسسۇللاردىن بەخت پەيزىگە چۆمۈلۈپ، مەست بولۇپ ئولتۇرىدىغاندۇ. ئۇ تويى بولۇۋاتقان مۇشۇ خۇشال پەيتىدە ئۆزىگە ئاشىق بولۇپ ھەسرەت چېكىپ يۈرگەن مەن بىچارىنى يادىغا ئالغانمىدۇ؟ ئۇنىڭغا ئاشىق بولغان يىگىتلەر شۇنچە كۆپ تۇرسا، ئۇ قايسى بىرىنى يادىغا ئېلىپ بولالىسۇن؟ بەلكىم، ئۇ چىن دىلىدىن ياخشى كۆرگەن، ئەمما ۋىسالىغا يېتەلمىگەن ئاشىقنى يادىغا ئېلىپ، كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقاندۇ. ئۇ مېنى سۆيمەيتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا مەن ھېچنېمە ئەمەس، ئۇ مېنى بۇ چاغقىچە ئۇنتۇپ كەتتى...

— ساڭا دېمىسەم بولمىغۇدەك، ئاداش... بۇ گەپنى ئېچىمگىمۇ سىغدۇرالمايۋاتىمەن.

— ھە، نېمە بولدى؟

— ئەتە رۇقىيەنىڭ تويى. بۈگۈن ئىسسىقلىقى باشلىنىدۇ.

— راستما؟ نېمە دەيدىغانسەن؟ شۇنچە تېزما؟ ئوقۇش پۈتتۈرگىلى ئەمدى ئۈچ ئاي بولدىغۇ؟

— شۇنداق، ئەمدى ئۈچ ئاي بولدى. ئۇ چىرايلىق بولغاچقا، خېرىدارىمۇ تېز چىقىدۇ — دە.

— ھەي... ي... — ئۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتقىنىچە، قولىدىكى ھاراقنى گۈپپىلا قىلىپ ئىچىۋەتتى،— رۇقىيەنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭدىن ھازىرغىچە مېھرىمنى ئۈزەلمەيۋاتقانلىقىمنى بىلىمەن. ئۇنىڭ تويىمۇ بولغۇدەك، ئەمدى رېئاللىققا تەن بەرگىن. ئەسلى سەن ئۇنىڭدىن بۇرۇنلا ئۈمىدىڭنى ئۈزۈۋشۈڭ كېرەك ئىدى. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا ھەممە ئىش تۈگىدى دېگەن گەپ. يەنە بىھۇدە ھەسرەت چېكىپ ئۆزۈڭنى قىيناپ نېمە قىلىسەن؟ ئۆزۈڭنىڭ يۇرتىدىمۇ نى — نى چىرايلىق قىزلار تۇرۇپتىغۇ؟ سەن نېمىشقا رۇقىيەدىن باشقا قىزلاردىن بەختىڭنى ئىزدەپ كۆرمەيسەن؟

— بۇ مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ئىش ئەمەس، ئاداش. خوشە، ماۋۇ رومكىنى ئىچىۋېتەيلى... مېنى شۇنداق ئويلىمىدى، شۇنداق قىلىشقا ئۈرۈنمىدى دەمسەن. خۇددى ئىت ئۆزىنىڭ قويرۇقىنى چىشلىمەكچى بولۇپ ئۆز ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرگەندەك مەنمۇ ئۆزۈمدىن بۇيان ئۆزۈمنى ئۆزۈم تالاپ كەلدىم. شامال دارىپ، قىلىپ بىر رودىپايىنىڭ ئەرۋاھى چاپلاشقاندەك بۇ ئىشق سەۋداسىدىن زادى قۇتۇلالمىدىم. ماڭسام — تۇرسام، ياتسام — قوپسام، رۇقىيەلا خىيالىمدىن نېرى كەتمەيدۇ. بۇنىڭغا دوختۇرنىڭ دورىسىمۇ يوقكەن دېگىنە، ئاداش.

— بار، بۇنىڭ دورىسى بار، ئاداش. ساڭا دەپ بېرەيمۇ؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — سەن چىن مۇھەببەتنى قەدىرلىمىگەن رۇقىيەنى ئويلاۋەرمەي، باشقا قىزلار بىلەن كۆپرەك پاراڭلاشقىن. ئاشۇ چاغدا سەن رۇقىيەدىنمۇ چىرايلىق، رۇقىيەدىنمۇ ئەقىللىق ھەم پەزىلەتلىك قىزلارنىڭ بارلىقىنى بىلىسەن. ئاشۇ قىزلارنىڭ ئارىسىدىن چوقۇم كۆڭلۈڭگە ياقىدىغان قىزمۇ تېپىلىدۇ. ئاشۇ چاغدا سەن رۇقىيەنىلا ئويلايدىغان كېسەلدىن ساقىيىسەن.

— ماڭا يېزىپ بەرگەن رېتسېپىڭ مۇشۇمۇ؟

— ئاجايىپ ئۈنۈملۈك رېتسېپ بۇ دېگىنە. خوشە، بۇنى رۇقىيەنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭ ئۈچۈن ئىچەيلى، — ئۇ رومكىنى شىرەگە قويۇپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇردى، — كاۋاپ بويرۇتاي.

ئۇ ئون زىخ كاۋاپ كۆتۈرۈپ كەلدى.

— رۇقىيەنىڭ تويى بولىدىغانلىقىنى قانداق ئۇقتۇڭ؟ باغاق ئەۋەتىپتىمۇ — يا؟

— نەچچە كۈن ئىلگىرى بىر ساۋاقدىشىمدىن خەت كەلدى.

— بىر گەپنى دېسەم، كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن، ئاداش. بەزىدە سەن ماڭا شۇنداق بىلىملىك، ئەقىللىق كۆرۈنىسەن، بەزىدە شۇنداق ئەخمەق كۆرۈنىسەن.

— ئەخمەق ئەمەس، بىر سەۋدايى دېگىنە.

— ئۆزۈڭنىڭ بىر سەۋدايى ئىكەنلىكىڭنى بىلسەڭ، ئۇنداقتا، رەسمىي سەۋدايى دەرىجىسىگە يەتمەمسەن.

— ئۇنىڭغىمۇ ئاز قالدىم، ئاداش. كۆڭلۈمگە ياققۇدەك بىرەر قىزنى ۋاقتىدا تاپالمىسام، رۇقىيەنىلا ئويلاپ، مۇشۇنداق خىيالىي دۇنيادا ياشاۋەرسەم، راستتىنلا ئەقلىمدىن ئادىشىپ قالغۇدەكمەن.

— ئۇنداق دېمە، ئاداش، خۇدايىم ساقلايدۇ. سېنىڭ بەختىڭ رۇقىيەگىلا باغلىق ئەمەس. سەنلا خالىساڭ، مەن قىزلارنى تونۇشتۇراي. مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم... قىزلار ساڭا ئوخشاش كىتاب خالتىسىنى يارىتامدۇ دېگىنە،— ئۇ گېپىگە ئۆزلاپلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى،— چاقچاق، ئاداش، چاقچاق. ساڭا ئوخشاش ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىگىتكە قايسى قىز ياق دەيدىكەن؟

— هەر قېتىم سەن بىلەن پاراڭلاشسام، كۆڭلۈم خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. هەي... ي... نېمىسىنى دەيسەن، رۇقىيەدىن قانتىق ئازار يېگەندىن كېيىن، كۆڭلۈم بەكلا ئۆلۈپ كەتتى، كۈلەي دەپمۇ كۈلەلمەيمەن.

— ئۆزۈڭگە ئىشەن، سەنمۇ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس. سەن هازىرغىچە ئۆزۈڭنىڭ قىممىتىنى بىلمەي يۈرسەن. رۇقىيەگە ئېرىشەلمىگەنلىكىڭ، هەممىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىڭدىن دېرەك بەرمەيدۇ. مانا ئەمدى رۇقىيەمۇ توي قىلماقچى بولۇپتۇ. بۇ ئۇنىڭدىن ئۈمىدىڭنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ، ئۆزۈڭنى ئوڭشىۋېلىشىڭنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى.

— قېنى، بىر تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باقارمەن. بەزىدە شۇنداق خىياللارنىمۇ قىلىپ كېتىمەن، شاھ مەشرەپ، زەلىلىلەرمۇ جاھانكەزدى بولۇپ، ئالەمدىن ئۆتۈپتىكەن. مەنمۇ ئاشۇلاردەك يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كەتسەم، مازار — ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلىپ، بىر ئۆمۈر ئاللاغا ئاشىق بولۇپ ئۆتسەم دەيمەن.

— بولدى قوي، ئۇ بەختسىز شائىرلارنى دورىشىڭنىڭ نېمە هاجىتى؟

— سەن ئۇ شائىرلارنى چۈشەنمەيسەن. ئۇلارنىڭ ئىنتىلگىنى بىز ئىنتىلگەن ئىشق ئەمەس، بەلكى ئاللانىڭ جامالى، ئۇلار بىرەر قىزغا ئاشىق ئەمەس، ئاللاغا ئاشىق.

— بولدى، قورقۇنۇپ كېتىۋاتىمەن، هاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ، خۇدانىڭ گېپىنى قىلىشمايلى. ئەڭ مۇهىمى نەق گەپكە كېلەيلى، قانداق، ساڭا بىرەر قىزنى تونۇشتۇرۇپ باقايمۇ؟

— هازىرچە بولمايدۇ.

— نېمىشقا؟

— ئالدى بىلەن رۇقىيەنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتەي. بولمىسا، تونۇشتۇرغان قىزىڭغا كۆڭلۈم چۈشمىسە، ئۇۋال قىلىپ قويىماي يەنە.

— سەنمۇزە... هەي، ساڭا دېسەم، يېڭى سۆيگۈنىڭ شەربىتى بىلەن كونا مۇهەببەتنىڭ جاراهىتىنى داۋالىساڭ بولمامدۇ دەيمەن.

مۇشۇ تاپتا رۇقىيەنىڭ تويى راسا قىزىپ كەتكەندۇ — هە؟ بەختلىك بولغىن، تەلىيىڭ ئوڭدىن كەلسۇن، مېنى ئويلاپ، كۆڭلۈڭنى هەرگىز يېرىم قىلما. ماڭىمۇ خۇدايىم بار. مېنى تويۇڭغا ئېيتماپسەن، ئۆزۈم بارالىسامۇ، خەت يېزىپ بولسىمۇ مۇبارەكلەپ قويالىتتىم ئەمەسمۇ؟ مەن كۆندە دۇئا قىلىپ تۇرىمەن، خۇدادىن بەختىڭنى تىلەپ تۇرىمەن. سېنىڭ بەختىڭ — مېنىڭ بەختىم. ئىككىمىز توي قىلالمىغان بولساقمۇ، كەلگۈسىدە باللىرىمىز توي قىلىپ قالسىمۇ مەيلى. شۇنىڭدىمۇ مۇرادىم هاسىل بولغان بولاتتى...

— ۋوي، بايانىلا ساقتىڭ، بىردەمدىلا نېمە بولدۇڭ؟ نەگە بارسەن، يول بۇ ياقتا قالدى، — هەسەن يېڭىمدىن تارتتى، — سېنى ياتىقىڭغا ئاپىرىپ قويمىسام بولمىدى.

— ياق، مەن سېنى... ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قوياي.

— بۈگۈن سەندىن خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن. بېرىپ ئارام ئال، يۈر،

سىنى ياتىقىڭغا ئېلىپ قوياي.

— مەن مەست ئەمەس... سەن مېنى... مەست بولۇپ قالدى دەۋا-تامسەن؟ مەنچۇ... رۇقىيەنىڭ ئىشقىدا... مەست... تاماكا چېكەمسەن؟ سەن چەكمىسەڭ... ماڭا مەن چېكىمەن. ئۆلۈپ كەتسەم... مەيلى. رۇقىيە ئۈچۈن... ئۆلۈپ كەتسەم مەيلى... ئارمىنىم يوق مېنىڭ.

— سىنى ياخشى كۆرمىگەن قىز ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتسەڭ ئەرزىمدۇ؟

— ئەرزىيدۇ... نېمىشقا ئەرزىمۇگىدەك؟ ياخشى كۆرگەن ئادەم ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتسە... ئەلۋەتتە، ئەرزىيدۇ.

— بۇ روھىڭ نېمىدېگەن ئالىيجاناب.

— تەنە قىلىۋاتامسەن؟

— ياقەي، رۇقىيە باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىۋاتسا سەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈشنى راۋا كۆرىۋاتىسەن.

ھەسەننىڭ بۇ گېپى قانداق مەنىدە دېيىلگەنلىكىنى بىلەلمىدىم. ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئەتىگەندىن بۇيان يېرىم كۆڭلۈمنى تېخمۇ يېرىم قىلىۋەتتى. بىردىنلا كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، كۆزۈمگە ئاچچىق ياش تولدى.

— مېنى ئازابلىما، ئاداش. مېنىڭ ئازابلىنىشىمغا يول قويمىساڭ، تېخمۇ بەك ئازابلىنىپ كېتىمەن. رۇقىيە ئۈچۈن... ئازابلانماسلىقمۇ، مەن ئۈچۈن... يەنىلا ئازاب... مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، مەن ساراڭ ئەمەس، ئۇ توي قىلىۋاتسا، مەن ئازابلانمىسام بولمايدۇ...

— بولدى، يىغلاپ قالما يەنە.

— يىغلىسام... نېمە بولۇپتۇ؟ دېگىنە، سىڭىنچە... رۇقىيە يىغلاشقا ئەرزىمەمدۇ؟ ئىدارىغىمۇ... كېلىپ قالدۇق. بولدى، ئۆيۈڭگە كېتىۋەر، ئەمدى... سىنى ئېلىپ قويايمۇ؟

— ئاندىن كېيىن مەن سىنى يەنە ئەكىلىپ قويىمەنمۇ؟

بىز قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. لېكىن مەن راستىنلا كۈلدۈممۇ

ياكى يىغلاپ تۇرۇپ كۈلدۈممۇ، تازا ئېنىق بىلەلمىدىم.

※ ※ ※

كۆزۈمنى ئېچىپ ئەتراپىمغا قارىدىم. ئاخشامقى مەستلىكتە ئۆستەل چېرىقى يېنىقلىق پېتىچە قېلىپتۇ. ئاغزىم چاكىلداپ قۇرۇپ كەتكەن ئىدى. ئورنۇمدىن قوپۇپ، چەينەكتىكى سوغۇق چاينى غورتۇلدىتىپ ئىچتىم. شۇ ئەسنادا كۆزۈم يېزىقچىلىق ئۈستىلىدىكى رۇقىيەنىڭ رەسىمگە چۈشۈپ قالدى. ھە راست، بۈگۈن ئۇنىڭ تويى...

ئورنۇمغا كېلىپ يېتىپ بىققان بولساممۇ، زادى ئۇخلىيالمىدىم. تاڭ يورۇشقا يەنە بىر سائەت بار ئىدى. بۇ چاغدا تۇرۇپ كەتكەن بىلەنمۇ نېمە ئىش قىلغۇلۇق؟ ساپ ھاۋادا نەپەسلەنگەچ، چېنىقىپ كىرەيمۇ ــ يا؟ ئاخشام يېزىلماي قالغان كۈندىلىك خاتىرەمنىڭ داۋامىنى يېزىۋېتەي بولمىسا.

كىيىملىرىمنى كىيىپ، يېزىقچىلىق ئۈستىلى ئالدىغا كەلدىم. كۆزۈم يەنە رۇقىيەنىڭ سۈرىتىگە چۈشتى. بۈگۈن ئۇنىڭ تويى بولىدۇ. مەن سۈرەتنى تەتۈر ئۆرۈپ قويدۇم. ئۇ ئەمدى ماڭا قاراۋەرمەي، ئېرىگە قارىسۇن. مەن خاتىرەمنى ئاچتىم.

بۈگۈن ھاياتىمدا بۇرۇلۇش ياسىلىدىغان كۈن. ئاخشام ھەسەن ماڭا قىز تونۇشتۇرىمەن دېگەن ئىدى. بولۇپتۇ، تونۇشسام تونۇشاي. ئەمدى سەت بولسىمۇ، چىرايلىق بولسىمۇ مەيلى، پەقەت مەن بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلسىلا، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە... مەن رۇقىيەنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈپ نېمىگە ئېرىشتىم؟ مانا بۈگۈن ئۇ باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىدۇ. رۇقىيە بىلەن ئېرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەقىقىي ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتىنىڭ بولۇشى ناتايىن. ئەمما رۇقىيە يەنىلا ئۇ يىگىت بىلەن توي قىلىشقا رازى بولۇپتىغۇ. مەنمۇ كۆڭلۈم ئانچە خالاپ كەتمەيدىغان قىز بىلەن توي قىلسام، نېمىشقا

بولمايدىكەن؟ بۇ مۇشۇنداق جاھان ئوخشايدۇ، بۇ جاھاندا كىملەر مۇرادىغا يەتكەن؟

ئۆتكەن ئىشلار مەن ئۈچۈن ئازابلىق ئەسلىمە بولۇپ قالسۇن. ئۇ خۇددى ئاخىرى چىقمىغان رومانىدەك يېزىلىشتىن توختىسۇن.

خوش، رۇقىيە، سەن ئەمدى ئۆتمۈشۈمگە تەۋە بولۇپ قال! گەرچە سەندىن ئۈزۈل – كېسىل ئادا – جۇدا بولۇش مەن ئۈچۈن ئىنتايىن تەس ھەم ئازابلىق ئىش بولسىمۇ، ئەمدى چىدايمەن، ھەممىگە چىدايمەن...

خاتىرەمگە شۇ قۇرلارنى يېزىپ بولۇپ، ئۈستەل ئالدىدىن تۇرۇپ كەتتىم. كەينىمگە قايرىلىشىمغا قالايمىقان، رەتسىز كارىۋاتقا كۆزۈم چۈشتى. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان يانىقىمدا ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن رۇقىيەنىڭ روھى ئالللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم، يانىق كۆزۈمگە ئىنتايىن سوغۇق بىلىندى. پۇت – قولۇم مۇزلاۋاتقاندەك، يۈرىكىمگىمۇ سوغۇق ئۆتكەندەك بولدى. يوتقاننى يېپىنىپ، بېشىمنى مەھكەم چۈمكىدىم. چىدىغۇسىز سوغۇق تىترەك بەدەن – بە-دىنىمگە يامراشقا باشلىدى...

كۆزۈمنى ئاچسام، يانىق يورۇپ كېتىپتۇ. بۈگۈن بايراملىق دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلگەن ئىدى. شەھەردە تۇرماي، يېزىغا كېتىشىم كېرەك. ماڭا ئەمدى ئاتا – ئانامنىڭ ھەمراھلىقىلا تەسەللى بېرەلەيدۇ. بۈگۈن رۇقىيەنىڭ تويى بولىدۇ، ياناقتا تۇرسام، چوقۇم تۇنجۇقۇپ قالىمەن. ئاۋات، ئەمما سوغۇق شەھەردە تۇرسام، زېرىكىشتىن چوقۇم پارتلاپ كېتىمەن. ئاسمىنى كەڭ يېزىغا كېتەي، كۆڭلى – كۆكسى ئاسمانىدىنمۇ كەڭ ئاتا – ئانامنىڭ يېنىغا كېتەي.

يۈزۈمنى چالا – بۇلا يۇيدۇم. كوچىغا چىقىپ، نەچچە ئاشخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۈم. كۆڭلۈم ھېچنېمىگە تارتمىدى، كەيپىياتىممۇ شۇ قەدەر ئوسال ئىدى. يولنىڭ نېرىقى قېتىدىكى مېۋە – چېۋە دۇكىنىغا كۆزۈم

چۈشتى. ئاتا ــ ئانامنىڭ ئالدىغا قۇرۇق بارسام بولامدۇ؟

ماشىنىنىڭ چىرقىراق ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئەتراپىمغا قارىدىم. بىر قارا رەڭلىك پىكاپ قاتتىق تورمۇز قىلىپ، يېنىمغىلا كېلىپ توختىغان ئىدى. قارا كۆزەينەك تاقىغان سېمىز شوپۇر دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ، ماڭا قولىنى شىلتىدى:

ــ ھەي، يىگىت! كالىڭىز ساقمۇ؟ ئۆلگۈڭىز كەلدىمۇ؟ كۆزۈڭىزگە قاراپ ماڭسىڭىز بولمامدۇ؟

مەن پىيادىلەر يول بەلگىسى يوق يەردىن كېسىپ ماڭغان ئىكەنمەن. خاتالىق مېنىڭدە بولغاچقا، گەپ قىلمىدىم.

ــ ئادەمنى قورقۇتۇپ، جاننى ئالغىلى تاس قالدى دېسە؟

شوپۇر قول ياغلىقى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتتۈەتتى ــ دە، ماڭا زەردە بىلەن بىر قارىۋېتىپ كېتىپ قالدى.

مەن شوپۇرنى كەچۈرۈۋەتتىم، چۈنكى ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولسامۇ، شۇنداق قىلاتتىم. مۇبادا، ئۇ بۈگۈن مېنىڭ بېشىمغا ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر كۈن كەلگەنلىكىنى بىلگەن بولسا، مەندىن مۇنچە رەنجىمۇ كەتمەيتتى.

ئەي، رۇقىيە! سېنىڭ تويۇڭ بولغان بۇ بەختلىك كۈنۈڭدە مەن ئەجەب يالغۇز، بىچارە، خار ھالغا قالدىم ــ ھە؟ بىلىۋاتىمەن، بۈگۈن ماڭا ئۆلۈممۇ يېقىنلاپ كېلىپ قالدى. ئىككىمىزنىڭ پېشانىسىگە بىرگە ياشاش پۈتۈلمىگەن ئوخشايدۇ...

قۇلىقىمغا ناغرا ئاۋازى ئاڭلاندى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ماشىنا مەھەللىمىزگە يېقىنلاپ كېلىپ قاپتۇ. بىلىرامدا ھەممە يەردە توي... كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن سۆيۈملۈك مەھەللەم بۈك ــ باراقسان دەرەخلەرگە پۈركىنىپ تۇرۇپتۇ. ماشىنا مەھەللىگە كىرىپ كەلگەن چاغدا مەن خۇددى ئانامنىڭ قوينىغا كىرىپ كەلگەندەك تۇيغۇدا بولدۇم. ئەرلەر، ئاياللار ئىككى ــ ئۈچتىن بولۇپ، توي بولغان تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى.

ھويلىغا كىرسەم، ئانام ـ ئاپاملار تويغا بېرىشقا جىددۇنۇۋاتقان ئىكەن. ئانام ئۇستۇبېشىمغا بىر قۇر قارىۋېتىپ:

ــ مىجەزىڭ يوقمۇ؟ ئاغرىپ قالمىغانسەن؟ ــ دېدى.

ــ ياق، ــ دېدىم يالغان ئېيتىپ.

ــ قارىسام، چىرايىڭ باشقىچە تۇرىدۇ، ــ دېدى ئانام بىر نەرسىنى پەملىگەندەك.

مېنىڭ ھازىرقى كېسىلىمنى ئاتا ـ ئانامغا دېگىلى بولمايتتى. ئۇلارغا دېيىش توغرا كەلسىمۇ، بەكلا كىچىككەن ئىدىم. ئۇلار مۇندىن بەش يىل ئىلگىرى مەن ئوقۇشقا ماڭىدىغان چاغدا: «دولان قىزلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ كەلمە، بالام» دېمىگەن بولسا، مەن رۇقىيە بىلەن توي قىلىپ، قەشقەردە قېپقالغان بولسام، قانداق بولار بولغىيتتى ـ ھە؟

ئاپام موكچىيىپ يۇرۇپ كۆرپە سالدى.

ــ ئۇستىگە چىق، بالام. يولدا كەلگۈچە، ھېرىپ قالغانسەن.

كۆرپىدە يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ، ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلدىم. دۇئادىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئانام ـ ئاپامغا قايتا سالام بېرىپ، تىنچلىق سورىدىم.

ئاپام يەنە موكچىيىپ يۇرۇپ، داستىخان سالدى. چاي دەملەپ كىرىش ئۈچۈن يەنە موكچىيىپ تالاغا ماڭدى.

ــ ئاپا، سەن ئولتۇر، مەن چىقاي، ــ دېدىم ئورنۇمدىن قوپۇپ.

ــ جىم ئولتۇر، ھېرىپ كەتتىڭ. سەن دېگەن مېھمان.

ــ قەبرىستانلىقنىڭ ئۇستى تەرىپىدە ئولتۇرىدىغان ھېلىقى مەمەت تاكىراڭنى بىلىسەنغۇ، ــ دېدى ئانام شىمال تەرەپنى ئىما قىلىپ، ــ بۇگۈن شۇنىڭ ئوغلىنىڭ تويى.

ــ قايسى ئوغلىنىڭ؟

ــ ھېلىقى نەمتۇل دېگەن گاچا ئوغلىنى بىلىسەنغۇ؟

— بىلىمەن.

— ھە... شۇنىڭ تويى.

ئانىم ماڭا قاراپ، بىر نېمىنى خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ بىر گەپنى دېيىشتىن ئۇكىلىسىزلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاپام بىر چەينەك چاي، ئۈچ پىيالىنى كۆتۈرۈپ مۇكچىيىپ كىرىپ كەلدى. ئانىم چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ، ئېغىز ئاچتى:

— ھازىر كۆز پەسلى، قولىمىزغا پۇل كىردى. سەن ماقۇل كۆر-سەڭ... تويۇڭغا جىددۇپ باقساق، قانداق دەيسەن؟ كۆڭلۈڭگە پۈكۈپ قويغان بىرەرسى بارمۇ؟

— چاي ۋاقتىدا گېپىنى تىكىلدۇرۇپ، نېمە قىلىدىغاندۇ، — دېدى ئاپام.

— ھازىرچە... توختاپ تۇرۇڭلار.

— قاچانغىچە توختايمىز، ئوغلۇم؟ مەھەللىدىكى تەڭتۇشلىرىڭنىڭ ھەممىسى توي قىلىپ، نەچچە باللىق بولۇپ بولدى. ئاپاڭغا قاراپ باقە، مۇكچىيىپ كەتتى. مەنمۇ قېرىدىم، نەچچە كۈنلۈكىملا قالدى. ئۇستۇمدىكى قەرزىمنى ئادا قىلىۋەتمىسەم، ئۆلسەممۇ كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ. ئىنىڭنىمۇ چوڭ بولۇپ قالدى. سېنىڭ تويۇڭنى قىلماي تۇرۇپ، ئىنىڭنىڭ تويىنى قىلساق، خەقلەر زاڭلىق قىلىدۇ. تېخى سىڭلىڭنى ياتلىق قىلىدىغان گەپ.

— تېخى.... مۇۋاپىق بىرسىنى تاپمىدىم.

— بىز تاپىمىزمۇ ــ يا؟ تۇغقانلارنىڭ كادىر قىزلىرى بار.

— بولدى، ئۆزۈم تاپاي.

چايدىن كېيىن ئانىم نىكاھ ئوقۇيدىغان ئاق ساقاللار قاتارىدا بىللە بار-ماقچى بولۇپ ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ئاپام مېنى يالغۇز تاشلاپ قويغۇسى كەلمەي، ئۆيدە قېپقالدى.

— توي بولغان يەرگە چىقمامسەن؟

— بولدىلا، — دېدىم بېشىمنى چايقاپ.
— بولۇپتۇ، ئارام ئېلىۋال، بالام. ئەدىيال يېپىنىۋالامسەن؟
— بولدى، ئۆي ئانچە سوغۇق ئەمەس ئىكەن.
— ئۇخلىغاندا مۇزلاپ قالىسەن.

ئاپام ئۈستۈمگە ئەدىيال يېپىپ قويدى. بىردىنلا كىچىكلەپ، بالىلىق چاغلىرىمغا قايتىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. ئاپام سومكا، كىيىملىرىمنى رەتلەپ قويۇۋاتاتتى. ئۆيگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. ھەممە نەرسە شۇ قەدەر ئاددىي، شۇ قەدەر كونا بولۇپ، كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغۇدەك ئالاھىدە نەرسىمۇ يوق ئىدى. تاملار ئىسلىشىپ، تورۇسنى چاڭ ـ توزان بېسىپ كەتكەن. ھويلىدىكى لەمپە كۈن نۇرىنى توسۇۋالغان بولغاچقا، ئۆيمۇ غۇۋا يورۇپ تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆز ئۆيۈم كۆزۈمگە شۇنداق ئىللىق، يېقىملىق كۆرۈندى. پۇت ـ قولۇمنى ئۇزۇن سۇنۇپ، بەھۇزۇر ياتتىم. ئاپام يەنىلا مېنىڭ غېمىمدە بىر ئىشلارنى قىلىپ تېپىرلاپ يۈرەتتى.

بىر چاغدا ناغرىنىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام، ئاپام چاپان، ئىشتانلىرىمنىڭ سۆكۈلگەن يەرلىرىنى ياماپ ئولتۇرۇپتۇ.

چۈشتىن كېيىن قايتىش ئۈچۈن مەھەللىدىن ئۇزاپ چىقىۋاتقان چاغدا مېنى يەنە غەم ـ ئەندىشىلەر چۇلغىۋالدى. يېزا يەرلىرىدە ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا توي ھەققىدە ناھايىتى تەستە ئېغىز ئاچىدۇ. قارىغاندا، مەن تېزدىن توي قىلمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ دېگىنىمۇ راست، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيمەن دەپ يېشىم چوڭىيىپ كەتتى. يەنە يۈرۈۋەرسەم، قېرى يىگىتكە ئايلىنىپ قالىدىغان گەپ. ئەمدى يەنە رۇقىيەنى خىيال قىلىپ يۈرۈۋېرىشكە بولمايدۇ، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ئېرى بىلەن تىنچ ئۆتسۇن.

※ ※ ※

دېرىزە چېكىلگەندەك قىلدى. ئېھتىمال، دېرىزە ئەمەس، ئىشىك چېكىلگەن بولسا كېرەك. مەن ئورنۇمدىن قوپاي دېدىم — يۇ، مىدىر-لىيالمىدىم. يوتقان خۇددى ياغاچتەك ئېغىر ھەم قاتتىق ئىدى. كىم بولغىيتتى — ھە؟ مەن شۇنچە زورۇقۇپمۇ، ئاۋاز چىقىرالمىدىم. ئاغزىم قۇرۇپ، تىلىم تاڭلىيىمغا چاپلىشىپ قالغان ئىدى. غۇڭۇلدىغان نېمىنىڭ ئاۋازى؟ ھەرىلەر توپى... يىق، سىرتتا بوران چىقىۋاتقاندەك قىلىدۇ. مەن تىرەجەپ تۇرۇپ، ئىشىككە قارىماقچى بولدۇم. يېرىم كېچىدە كارىدوردا مېڭىپ يۈرگەنلەر سادى كىملەردۇ؟ قارىغاندا، ئۇلار مېنى قىلنداق ئۆلتۈرۈش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىۋاتسا كېرەك. پىچاق نەدىدۇ، ئەسلىدە پىچاقنى ئاخشاملا ياستۇقنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويۇش كېرەك ئىدى. ئاخشىمى بۇنى نېمىشقا يادىمغا كەلتۈرمىگەندىمەن؟ ئۇلار كۆپ ئىكەن. قېچىش، توغرا، جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قېچىش كېرەك. ئورنۇمدىن قوپۇپ يۈگۈردۇم. ۋاي — ۋۇي، بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ — چىقىپ يۈرگەن نېمانچە كۆپ قوي، ئۆچكىلەر بۇ؟ ئۆگزىدىن يەرگە سەكرىدىم، يەر ئەجەب يۇمشاق ئىكەن دېسە. يۈگۈرۈپ كېتىۋاتسام، كەينىمدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ قىيا — چىيالىرى قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن يول ئوتتۇرىسىدىلا كىرپىدەك تۈگۈلۈپ يېتىۋالدىم. ئەتراپىمغا قارىسام، مەن دائىم يالغۇز ئايلىنىپ كېلىدىغان ئېتىزلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئېرىقتا يېتىپتىمەن.

— بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟

— بىلمەيمەن.

بېشىمنى كۆتۈرسەم، رۇقىيە ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپتۇ.

— سىز بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟

— مەنمۇ بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ.

— بىز ھەر ئىككىمىز ئېزىپ قالغانلار. ھەممە ئىشنى بۇزغان ئۆزىڭىز.

— مېنى تولا ئازابلىماڭ.

— راستقۇ؟

ئۇ ئەركىلەپ ئىرىققا چۈشۈپ، قۇمغا تىزلىنىپ ئولتۇردى. نەم قۇمنى يۇمزەك قىلىپ، چاترىقىمنى چەنلەپ ئاتتى.

تولغۇلۇپ، ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچتىم.

— مەن سىزنىڭ...

— يالغان ئېيتىۋاتىسىز، سىز توي قىلىپ بولغانغۇ؟

— ئەمدى سىز بىلەن توي قىلىمەن. ماڭا نېمىشقا قارىمايسىز؟

ئۇ ئىرىققا ئاستا قىڭغايدى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدىم...

ئالدىمدا قاچاندۇ بىر يەردە كۆرگەن بىر ناتونۇش قىز قىپيالىڭاچ ھالەتتە ئۇگدىسىغا ياتاتتى. رۇقىيە قانداقلارچە باشقا بىر قىزغا ئايلىنىپ قالدى؟ مەن خاتا تونۇپ قالغان ئوخشايمەن. كىم بولسا مەيلى ئەمەسمۇ...

مەن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. بۇ ئەسلى چۈشۈم ئىكەن — دە؟ ئەمەلگە ئاشمىغان جىنسىي مۇناسىۋەت... كۆڭلۈم غەش ھالەتتە دېرىزىگە قارىدىم. تاڭ ئاللىقاچان يورۇپ كەتكەن ئىدى. دېرىزىدىن چۈشۈۋاتقان پاك نۇرلار ئالدىدا ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي ناپاك ھېس قىلدىم. تېزراق يۇيۇنۇش، بەدەننى پاكلاش كېرەك. تاڭ سەھەردە ئوچۇق مۇنچىخانىنى قەيەردىن تاپقۇلۇق؟ سىرتقا چىقسام بولمايدۇ، كۆنگە قارىسام، نامەھرەم بولىدۇ. بۈگۈن ئىشلەيمىز، نېمىلا بولمىسۇن يۇيۇنمىسام بولمايدۇ. مۇنچىخانىغا ۋېلىسىپىت بىلەن ماڭسام، يولدا قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچرىشىم مۇمكىن، ئەڭ ياخشىسى مېڭىپ باراي.

مەن ئوغرىلىق قىلىپ قويغان ئادەمدەك بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ ماڭدىم. ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ يۈزىگە قاراشقا بولمايدۇ، ئۇلار مېنىڭ ناپاك ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىدۇ. چۈشمۇ قىسمەن رېئاللىق، ئەمەلگە ئاشمىغان جىنسىي مۇناسىۋەت... بۇ كېيىنكى ئىشلاردىن بېرىلگەن بېشارەت... بۇ بىرلا قېتىملىق ئەمەس، نەچچە قېتىم مۇشۇنداق بولدى. مەن بۇنداق

خورلۇقنى ئەبەدىي كۆتۈرەلمەيمەن. ئۆلۈۋېلىش... ئۆلۈۋېلىش؟! ئاھ، خۇدا...
مەن قانداقلارچە مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالدىم ـ ھە؟ ئاشىق بىقارارلىق، سەۋدايىلىق، ئاخشىمى يوتقاننى قۇچاقلاش، چۈشلۈكى جىگدىنى قۇچاقلاش، سۇغا چۆمۈلگىلى بېرىپ، دەريا ساھىلىغا رۇقىيەنىڭ رەسىمنى سىزىپ قۇچاقلاش، خىيالىي دۇنيادا رۇقىيە بىلەن بىرگە بولۇش...

مەن تۈگەشتىم، مەن پۈتۈنلەي تۈگەشتىم! ئەي، خۇدا! ئەمدى بۇ جاننى ئال! مۇنداق ياشىغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى...

ئەرۋاھتەك ئەلەڭلەپ كېتىۋېتىپ، تىترەپ تۇرغان قولۇمغا، سوغۇق تەر باسقان ئەزايىمغا باقتىم. ئاھ... بىئىلاج، بىچارىلىقىم، كۈچ ـ قۇۋۋىتى بىھۇدە ئېقىپ كېتىپ، ئاجىزلاپ كەتكەن تېنىم، ماغدۇرىدىن كەتكەن تېنىمدە ئىشەنچتىن مەھرۇم بولغان روھىم...

مەن نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان رۇقىيەنىڭ سۆيۈشكە نائىل بولالمىدىم، ئۇ مۇھەببىتىمنىڭ قەدرىگە يەتمىدى دەپلا ھەسرەت چېكىپ يۈرۈپتىمەن. ئەمدى بىلسەم، مېنىڭ رۇقىيەگە بېغىشلىغىنىم ـــ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىملا ئەمەس، بەلكى بارلىقىم ئىكەن. يۈرىكىم جاراھەتلەنگەن، روھىم بۇزۇلغان، تېنىم ماغدۇرىدىن كەتكەن، ئىشەنچ، ئارزۇ ـ ئارمانلار پۈتۈنلەي بەربات بولغان... بۇنى ھەرگىز رۇقىيەدىن كۆرمەيمەن، بۇ پۈتۈنلەي ئۆزۈمنىڭ تەتۈر قىسمىتىدىن بولغان ئىش. مۇبادا، بۇ ئىلاھىي سۆيگۈ خۇدانىڭ دەرگاھىدىن خۇددى ئاقار يۇلتۇزدەك يۈرىكىمگە ئېقىپ كىرمىگىنىدە، ئۇ پۈتۈن ئەقىل-ھوشۇمنى ئۆز ئىختىيارىغا ئالمىغىنىدا، ئۆزۈمنى ساراڭلاردەك مۇنچە كاردىن چىقىرىۋەتمىگەن بولاتتىم. ئەمدى بۇنىڭغا نېمە چارە؟ ھەممە تۈگىدى، ھەممە ئىشلار تەلتۆكۈس بەربات بولدى. ئۆلۈملا مېنى بارلىق خورلۇقلاردىن قۇتۇلدۇرالايدۇ. كېلىۋاتقان ئاۋۇ ماشىنىنىڭ چاقى ئاستىدا ئۆلۈم ماڭا قاراپ ھىجىيىپ تۇرۇپتۇ، ئۇ قول ئىشارىتى قىلىپ مېنى چىللىماقتا.

ئاتا ـ ئانام مېنى توي قىلىشقا ئالدىراتماقتا. بىراق مەن مۇشۇ ھالىم

بىلەن قىلداقمۇ توي قىلالايمەن؟ مەن بىرەر قىزغا ئەر بولۇشقا يارايمەنمۇ؟ مەن پۈتۈنلەي كاردىن چىققان ئادەم. قايسى قىز مەن بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلىدىكەن، ئۇ مەن ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۆزۈمنىڭ بىر بەختسىز ئادەم، ئەمدى بەختلىك بىر قىزنى بۇ بەختسىز قىسمىتىمگە چېتىۋالايمۇ؟ توي قىلمىسىلا، مېنىڭ بۇ ئەجەللىك ئاجىزلىقىمنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ. مەن كىتابلىرىم ئارقىلىق ياراتقان ئالىيجاناب خىيالىي دۇنيايىمدا ئۆز — ئۆزۈمنى بەزلەپ ياشاۋېرىمەن. ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇنداق ئازابقا ھەرگىز ئۆزۈمنىڭچە بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدۇ.

مەن رۇقىيەنىڭ قۇربانى. مېنىڭ بۇ كاج تەقدىرىم ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالمىغان بولسا، ئالىي مەكتەپتىلا ئۆزۈمگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھىمنى بىرنى تاللاپ، بۇ چاغقىچە توي قىلىۋالغان بولاتتىم. مەن رۇقىيەنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىدىم، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىدىم. بۇمۇ يەتمىگەندەك ئەقىل — ھوشۇمنى يوقۇتۇپ، ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي كاردىن چىقاردىم. ئۇ مېنى مۇشۇنداق قىسمەتكە مۇپتىلا قىلىپ قويۇپ، ئۆزى باشقا بىر ئەر بىلەن بەختلىك ياشىماقتا.

دوزاخنىڭ ئۈستىگە جەننەت قۇرۇلغان ئىكەن. بۇ دۇنيادىمۇ ئادەملەر ئۆز بەختى ئۈچۈن باشقىلارنى قۇربانلىق قىلىۋېتىدىكەن. بەلكىم، مېنىڭ ئۆزۈم ھەققىدىكى ئەندىشىلىرىم پۈتۈنلەي بىھۇدىدۇر. مەن ئۆزۈمنىڭ يا- رامسىزلىقىمنى، پۈتۈنلەي كاردىن چىققانلىقىمنى قانداق بىلىمەن؟ بەلكىم، ۋۇجۇدۇمدا مەن تا ھازىرغىچە سەزمىگەن يوشۇرۇن كۈچ — قۇۋۋەت باردۇ. مەن نېمىشقا ئۆزۈمنى سىناپ باقمايمەن؟

مېنىڭ راستىنلا ئۆزۈم بىلەن كارىم يوق ئىكەن. نېمىشقا دوختۇر- خانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈپ بېقىشنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىدىم؟ دوختۇرلار ھەر — ھەر كېسەللەرگە سەۋەب قىلىدۇ. مېنىڭدە راستىنلا جىسمانىي زە- ئىپلىك بولسا، دوختۇرلار چوقۇم ئامال تاپىدۇ. باشقا كېسەل بولسىمۇ مەيلى

ئىدى، بىراق ئوغۇل بالىغا ئۆلۈمدىنمۇ قاتتىق بۇ كېسەلنى دوختۇر ئالدىدا ئېغىزدىن قانداقمۇ چىقارغۇلۇق ـ ھە؟

ھەي... ي... ي... مەن يولدا كېتىۋېتىپ ساراڭ نېمىدەك كەينى-كەينىدىن بېشىمنى چايقىدىم... ھەي... ي... ي... ئىسىت!

بەش يىللىق ئوقۇش ھاياتىمدا ئۆزۈمنى ئاسراشنى، ئۆزۈمگە كۆ- يۈنۈشنى ئازراقمۇ بىلمەپتىمەن. ئۆيدىن ئەۋەتىلگەن پۇللارنى پوچتىخانىدىن ئېلىپ، ئۇدۇللا كىتابخانىغا بېرىپ، بىر قولتۇق كىتاب سېتىۋاپتىمەن. مەكتەپكە قايتاشىمدا ئاشخانىلاردىن مەززىلىك تاماقلارنىڭ ھىدى دىمىغىمغا ئۇرۇلۇپ تۇرسىمۇ، تەتۈر قاراپ ئۆتۈپ كېتىپتىمەن. بىر قاچا تاماقنىڭ پۇلىغا بىر پارچە كىتابنى زىيادە سېتىۋالغىلى بولىدۇ دەپلا ئويلاپتىمەن. ماڭا ئەمدى ماگسىلم، پۇتۇم تىترىمەكتە، ھەتتا خەت يازسام، قولۇم تىترىمەكتە... كىچىككىنە روھىي جىددىيلىككە بەرداشلىق بېرەلمەي، پۇتۇن بەدىنىم سوغۇق تەر- لىمەكتە... مۇشۇ ھالىم بىلەن ئۆزۈمنى قانداقمۇ ھەقىقىي ئەركەك ھېسابلىيالايمەن؟ بىر قىزغا توي قىلىش ھەققىدە قانداقمۇ تەكلىپ بېرەلەيمەن؟ بۇنىڭدىن ئۆ- لۈم ئەۋزەل، بىر قىزنىڭ ئالدىدىكى ئەرلىك غۇرۇرۇم يەر بىلەن يەكسان بولغان ئاشۇ قورقۇنچلۇق كېچىنى باشتىن كەچۈرگىنىمدىن، بالدۇرراق ئۆلگىنىم ياخشى.

مەن قاق سەھەردە نەلەرگىدۇر ئالدىرىشىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرگە غە- زەپ بىلەن ھومىيىپ قاراپ قويدۇم. ھەممە ئادەم شۇنچە بەختلىك، نېمىشقا مەنلا مۇنچە بەختسىز؟ نېمىشقا... بۇ ئىشلار نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدۇ؟ بۇ دۇنيا ماڭا ئادىل مۇئامىلە قىلمىدى. نېمىلا بولمىسۇن، خۇدانىڭ ئالدىغا ناپاك ھالەتتە بارسام بولمايدۇ. مەن مونچىغا كىرىپ يۇيۇنۇشۇم، پەرىشتىلەرنىڭ سوئال ـ سوراقلىرى تىكىلىپ تۇرالىغۇدەك دەرىجىدە پاكلىنىشىم كېرەك. ئاۋۇ ئۈچ چاقلىق موتسىكلىت مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ. مۇشۇ ھالىمدا ئۇ مېنى سوقۇۋېتىشى، ھەتتا دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن...

كىتابخانىنىڭ كەينىدە بىر مۇنچىخانا بار ئىدى. مەن يەكشەنبە كۈنلىرى كىتاب سېتىۋېلىپ بولۇپ، ئاشۇ مۇنچىخانىغا كىرىپ يۇيۇنۇپ قايتاتتىم. بۈگۈنمۇ شۇ مۇنچىخانىگە كىرىپ يۇيۇنۇپ، پاكلىنىشىم كېرەك.

ئەرلەر مۇنچىخانىسىغا كىردىم. ئۈستۈمگە شارقىراپ سۇ چۈشمەكتە، ئاقۇچ ھور پۇرقىراپ يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. تورۇستا مونچاق ــ مونچاق سۇلار ھازىرلا ئۈستۈمگە چۈشىدىغاندەك لىغىرلاپ تۇرماقتا. مەن يۇيۇنۇۋېتىپ، خۇدانىڭ روھىمنى پاكلىشىنى، ماڭا ساغلام روھ ئاتا قىلىشىنى تىلىدىم. روھ پاكلانمىسا، بەدەننى پاكلىغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن.

※ ※ ※

نەچچە كۈندىن بۇيان دوختۇرخانىغا بېرىپ كۆرۈنۈش ئىشىدا كۆپ دىلىغۇل بولدۇم. كېسەلنى يوشۇرغان بىلەن ئۆلۈم ئاشكارا بولىدۇ. بىر قىزنىڭ ئالدىدىكى ئۆلۈمدىن دوختۇرنىڭ ئالدىدىكى خىجىللىق قىلچىلىك ئىش ئىدى. نېمىلا بولمىسۇن، دوختۇرخانىغا بېرىشىم كېرەك. دوختۇر پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى بېرىشى، مېنى بۇ غەم ــ ئەندىشىلەردىن خالاس قىلىشى مۇمكىن. مەن مۇنداق روھىي بېسىمغا داۋاملىق بەرداشلىق بېرەلمەيمەن. گەپ دوختۇرنىڭ ئالدىدا كېسەلنى ئېغىزدىن قانداق چىقىرىش ئىشىلا قالدى. ئۇنداق دېسەممۇ، مۇنداق دېسەممۇ سەت تۇرىدىغاندەكلا قىلاتتى. بىر ئوغۇل بالا ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەرلىك ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاشتىنمۇ ئېغىر ئىش بولامدۇ. ياتسام ــ قوپسام، كوچىدا يۈرسەممۇ، بۇ ئىش زادى كاللامدىن نېرى كەتمەيتتى. ئاخىرى ئىككىلىك خەت ئارقىلىق، دوختۇرغا دېيىش قارارىغا كەلدىم.

دوختۇرخانىغا كېتىۋېتىپمۇ، نەچچە قېتىم كەينىمگە يېنىپ كەتمەكچى بولدۇم. بەلكىم، مەندە ھېچقانداق كېسەللىك يوقتۇ، مەن ئۆز ــ ئۆزۈمدىن

بىھۇدە خۇدۇكسىرەپ يۈرگەندىمەن. دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن قىلداقلارچە كىرىپ كەلگىنىمنىمۇ سەزمەي قالدىم. ئامبۇلاتورىيە بىناسىغا كىرىپلا، ئۆ- زۈمنى راستتىنلا كېسەلدەك ھېس قىلىپ قالدىم. ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمىدە پەرىشتىلەردەك پاكىز قېرىنغان ئاق ساقاللىق تېۋىپ بىر بىمارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا نەچچە بىمار نۆۋەت كۈتۈپ تۇرىشاتتى.

بىمارلار تېۋىپ يېزىپ بەرگەن رېتسېپنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. مەن يېزىپ تەييارلاپ قويغان خەتنى يانچۇقۇمدىن چىقىرىپ، تېۋىپقا سۇندۇم. تېۋىپ بۇنىڭدىن بىر ئاز غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، ماڭا قاراپ قويدى ـ دە، خەتكە كۆز يۈگۈرۈتتى.

ـــ ئولتۇرغىن، ئوغلۇم، ئازراقمۇ تارتىنما، ـــ تېۋىپ ئورۇندۇقنى ئىما قىلدى، ـــ قولۇڭنى چىقار، تومۇرۇڭنى تۇتۇپ باقاي.

ئوڭ قولۇمنى چىقىرىپ بەردىم. تېۋىپ بارمىقىنى بىلىكىم ئۈستىگە قويۇپ، قىمىر قىلماستىن ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇھ... نېمە دەر ـ ھە؟ مەندىن راستتىنلا كېسەل چىقىپ قالارمۇ؟

ـــ مەندىن يوشۇرماي، ھەممىنى دېگىن، بالام. مەخپىيەتلىكىڭنى ساقلايمەن، ـــ تېۋىپ مېھرىبانلىق بىلەن ماڭا قاراپ قويدى، ـــ يات ـ ياتلا ئېھتىلام بولامسەن؟

مەن بېشىمنى ئاستا لىڭشىتتىم.

ـــ ئېنىقراق دېگىن، مىسالەن، ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىممۇ ياكى ئايدا بىر قېتىممۇ؟

ـــ نەچچە ھەپتىدە... بىر قېتىم.

ـــ جىنسىي مۇناسىۋەتكە ئائىت چۈشلەرنى كۆرگەندە شۇنداق بولامدۇ؟

ـــ شۇنداق... كۆپرەك چۈش كۆرگەندە بولىدۇ.

ـــ كۈندۈزلىرى جىنسىي مۇناسىۋەتكە ئائىت خىيال سۈرگەن ھامان ئېھتىلام بولۇش كۆرۈلەمدۇ؟

— ياق، ئۇنداق بولمايدۇ.

— بۇرۇن قول بىلەن لەززەتلىنىش بولغانمۇ؟

مەن خىجىللىق ئىلكىدە تېۋىپقا قاراپ قويۇپ، ئاستا بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— قاچان؟

— ئىككى – ئۈچ يىل ئىلگىرى...

— بۇ ئىش بىلەن ھازىرمۇ مەشغۇل بولۇۋاتامسەن؟

— ياق... بۇ ئوقۇۋاتقان چاغدىكى ئىش... شۇ چاغدا بىر كىتابتىن بۇ ئىشنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال قول ئۈزگەن ئىدىم.

— جىنسىي مەركەز قوزغالغاندا قول بىلەن لەززەتلىنىشكە ئادەتلىنىپ قالسا، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. جىنسىي مەركەزمۇ باشقا نېرۋا مەركەزلىرىگە ئوخشاش ئارتۇقچە قوزغىلىپ كەتسە، بارا – بارا زەئىپلىشىپ «جىنسىي نېرۋا ئاجىزلىق كېسىلى»گە ئايلىنىپ قالىدۇ. جىنسىي مەركىزى بىر پۈتۈن تەن بولۇپ، جىنسىي مەركىزدە مەسىلە چىقسا، مۇقەررەر ھالدا چوڭ مېڭىگە چېتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى تۆۋەنلەش، ئۇيقۇسىزلىق، دىققىتى چېچىلىش، بېشى قېيىش قاتارلىق ئەھۋاللار بىلەن ئۆگىنىش، خىزمەتلەرگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا جىنسىي پائالىيىتى نورمالسىزلىق كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، تۇرمۇشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بالام، قېنى ئوچۇقراق ئېيتقىن، بۇ ئىشتىن تەلتۆكۈس قول ئۈزگىلى قانچە ۋاقىت بولدى؟

— ئىككى يىل... توغرا... ئىككى يىل.

— توغرا قىپسەن. بۇنداق يامان ئادەتنى يوقىتىۋېتىۋالغانلار قەتئىي ئىرادە، غەيرەت بىلەن ئۆزىنى چەكلىشى، دىققەت ئېتىبارىنى ئۆگىنىش، خىزمەتكە مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك. جىنسىي نېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلارنىڭمۇ ھەر خىل ئەندىشىلەرنى قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنىڭ بىردىنبىر رېتسېپى: جىنسىي مەركەزنى تەلتۆكۈس دەم ئالدۇرۇشتۇر.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە قورقۇپ ئەندىشە قىلىش ھاجەتسىز. كۆڭۈل دەككە-دۈككىدە بولمىسىلا، ئاستا ــ ئاستا ياخشىلىنىپ كېتىدۇ.

ــ مېنىڭدە نېمە كېسەل باركىن؟ ئېنىقراق بىلىۋالغان بولسام.

ــ بەدىنىڭ بەكلا ئاجىزلاپ كېتىپتۇ، ئوغلۇم. ئىشىڭ بەك ئېغىر ئوخشايدۇ، چىرايىڭدىنمۇ ھارغىنلىق چىقىپ تۇرىدۇ. تومۇرۇڭنى تۇتۇپ كۆردۈم، ئۆزۈڭ ھەققىدىكى بايانلىرىڭنى ئاڭلىدىم. سەندە چوڭ مەسىلە يوق، پەقەت ئىككى يىل ئىلگىرىكى يامان ئادەتنىڭ ئاسارىتى ئازراق ساقلىنىپ قاپتۇ. بۇ ئادەتتىن قول ئۈزگىنىڭگىمۇ خېلى بولۇپتۇ، بۇندىن كېيىنمۇ دىققەت قىل. ئۇخلىغاندا تار ئىشتان كىيمە، بەك قىلىن، ئېغىر يوتقان يېپىنما، دۈم ياتما. بولۇپمۇ ئەتىگەندە ئويغانغاندىن كېيىن دەرھال تۇرۇپ كەت، كارىۋاتتا ئېغىناپ يېتىۋالما. ئايال زاتىنى، بولۇپمۇ ئاخشىمى ياتىدىغان چاغدا ئازراق ئويلا. كۈندۈزىمۇ بەدىنىڭگە چاپلىشىپ سۈركىلىپ تۇرىدىغان تار ئىشتانلارنى كىيمە. پۈتۈن خىيالىڭنى خىزمەتكە مەركەزلەشتۈر. ساڭا ئازراق دورا يېزىپ بېرەي، يەپ كۆرگىن. ئۇندىن باشقا، قۇۋۋەت قىلىدىغان نەرسىلەردىن گۆش، قوي پاچىقى، بېلىق، ياڭاقلاردىن كۆپرەك يەپ بەرگىن.

ــ رەھمەت... كۆپ رەھمەت... ماڭا بەرگەن تەلىملىرىڭىزنى ئەستە ساقلايمەن. ماڭا قىلغان بۇ ياخشىلىقلىرىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن.

ــ بۇندىن كېيىن ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭگە ئىشىنىپ يۈر. تېخى ياشكەنسەن، زىيادە غەم ــ ئەندىشىلەردە بولما.

چوڭقۇر ھۆرمەت ھېسسىياتى ئىلكىدە تېۋىپ سۇنغان رېتسېپنى ئىككى قوللاپ ئالدىم. بۇ كۈنلەردە ماڭا بۇندىن ئارتۇق تەسەللى بولامدۇ؟ رېتسېپنى كۆتۈرۈپ، دورىخانا كۆزنىكىگە كەلدىم. تېۋىپ ماڭا قانداق دورىلارنى يېزىپ بەرگەندۇ ــ ھە؟ ياش تېۋىپ رېتسېپ ئاستىغا دورا باھاسىنى يېزىپ بەردى. ئۇ دورىلارنىڭ نامىنى كۆرۈپ قانداق ئويلاپ

قالغاندۇ؟ ئۇ مېنىڭ قانداق كېسەلگە گىرپىتار بولۇپ قالغىنىمنى بىلىپ قالدى ـ دە. رېتسېپنى كۆتۈرۈپ پۇل تاپشۇرۇش ئورنىغا كەلدىم. ئۇ يەردە بىر ياش ئايال ئولتۇراتتى. بولدىلا، بۇ دورىلارنى ئالمىلا قوياي، ئۇ ئايال رېتسېپنى كۆرسە، مېنىڭ كېسىلىمنى بىلىپ قالىدۇ. ئايال خەق دېگەن ئەرلەرگە بەك دىققەت قىلىدۇ. ئۇ مېنىڭ بۇ ئەجەللىك ئاجىزلىقىمنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، يېقىنلىرىغا دەپ، ئەتراپقا بىر كەلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرۈيمەن؟ ئۇ دورىلارنىڭ باھاسىغىلا قاراپ، نامىغا دىققەت قىلماسلىقى مۇمكىن. كۆزنەككە بېرىپ، رېتسېپنى سۇندۇم. ئايالنىڭ تونۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، باشقا ياققا قاراپ تۇرىۋالدىم.

دورىخانا كۆزنىكىدىن دورىلارنى ئالدىم ـ دە، ھېچياققا قارىماستىن، سىرتقا قاراپ ماڭدىم. ئامبۇلاتورىيە بىناسىدىن چىققان ۋاقتىمدا خۇددى تۈرمىدىكى قىيناقلاردىن قۇتۇلۇپ ئەركىنلىككە ئېرىشكەن ئادەمدەك چوڭقۇر نەپەس ئالدىم. دەرۋازىدىن چىقىپلا، دورىلارنى كۆرۈپ باققۇم كەلدى. «قۇرۇس ئىمساك»، « مەجۇنني لوبوپ كەبىرى »...

بۇ دۇنيادا ئەخمەق ئادەملەر تولا، ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مېنىڭدەك ئەخمەق بولماس. بۇ دۇنيادا نۇرغۇن ئادەملەر ئۆز ـ ئۆزىنى نابۇت قىلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزىنى مېنىڭدەك ۋەيران قىلماس. بۇ كۈنلەردە رۇقىيە بىر ئەر بىلەن بەختلىك ياشىماقتا، بىراق مەن ئۇنىڭ سەۋەبىدىن كېسەل چىرماپ كەتكەن تېنىمگە، روھىمغا داۋا ئىزدەپ يۈرۈپتىمەن. مەن بىر ئۆمۈر ئۇنىڭ دەردىنى تارتىدىغان ئوخشايمەن.

رۇقىيە... يوتقان...

رۇقىيە... جىگدە دەرىخى...

دەريا ساھىلىغا سىزىلغان رۇقىيەنىڭ رەسىمى... ئاناتىزم...

خىيالىي دۇنيادا رۇقىيە بىلەن بىرگە بولۇش... شۇ چاغدىمۇ ئۆزۈمنىڭ بىچارىلىكىمنى بىلەتتىم. ئەمدى بىلسەم، بۇ دۇنيادا ئەڭ بىچارە ئادەم مەن

ئىكەنمەن، ئۆزۈمنى ئەڭ ئىچىنىشلىق ھالەتتە نىبۇت قىلىپتىمەن. ئەمما بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى رۇقىيە بىلمەيدۇ.

قىزلارمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئادەم، بىراق ئۇلار مەن ئۈچۈن شۇقەدەر سىرلىق، شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق. ھازىر توي قىلىش مەن ئۈچۈن جۇمۇلاڭما چوققىسىغا چىقىشتىنمۇ تەس ئىش. مەن تاھازىرغىچە بىرەر قىزنىڭ ھەقىقىي مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ، ئۇنى باغرىمغا مەھكەم بېسىپ باقمىدىم...

كىتابخانا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يېڭى كەلگەن كىتابلارنى كۆرۈپ باققۇم كەلدى ـ يۇ، كىرمەي ئۆتۈپ كەتتىم. بۇرۇن تالىپان پۇلۇمنىڭ ھەممىسىگە كىتاب سېتىۋېلىپ، ئاشخانىلارنىڭ ئالدىدىن تەتۈر قاراپ ئۆتۈپ كېتەتتىم. شۇ ئەسنادا تېۋىپنىڭ «قۇۋۋەت قىلىدىغان نەرسىلەرنى كۆپرەك يېگىن...» دېگەن سۆزلىرى يادىمغا كەلدى. تېۋىپنىڭ دېگىنى توغرا، بۇرۇن كىتابلا سېتىۋېلىپ، روھىمنى قۇۋۋەتلەپتىمەن، ئەمدى ياخشىراق ئوزۇقلىنىپ، تېنىمنى قۇۋۋەتلەي...

※ ※ ※

دىلبەر ھەقىقىي گۈزەل قىز، ئۇ گۈزەللىكتە رۇقىيەدىن قېلىشمايدۇ. ئۇ رۇقىيەنى يۈرىكىمدىن سىقىپ چىقىرىپ، مېنى بۇ ئاشىقلىق دەردىدىن قۇتۇلدۇرالايدۇ. دىلبەر ئاق كۆڭۈل قىز، ئاشۇ قىزلا ئۆزىنىڭ سەممىيلىكى بىلەن يۈرىكىمنى قايتىدىن ياشارتالايدۇ، قەلبىمگە ئىشەنچ، ئۈمىد، سۆيگۈ بېغىشلىيالايدۇ.

ئۇ ئىنتايىن چىرايلىق، ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ يۈرگەنلەر بەكلا كۆپ. ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسام، كەلگۈسىدە ۋاپا قىلىشى نائېنىق. بىراق مەن ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەسلىك ھالىتىمدىكى يەنە بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەت، يەنە بىر قېتىملىق ئۆلۈم بولۇپ قالىدۇ.

ئۇنىڭ بۇرۇن كىم بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلىكىنى بىلمەيمەن. ئۇنى پۈتۈنلەي پاك، غۇبارسىزمۇ دېيەلمەيمەن. ئۇ ئاشۇنداق چىرايلىق تۇرسا، بۇ چاغقىچە بىرەرسى بىلەن مۇھەببەتلەشمەي قالاتتىمۇ؟ يۈرىكىمنى زەرداب قىلىپ، بۇنداق رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلغۇم يوق. مەن ئۆز يۈرىكىمنى تۇتۇپ كۆردۈم، يۈرىكىمدە ھازىرمۇ رۇقىيەنىڭ ئىشق ئوتى يېنىپ تۇرۇپتۇ. مەن نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ــ ھە؟ مەن نېمىشقا دىلبەرنىڭ ئۆتمۈشىنى، شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭ ئۆتمۈشىنى كاللامدىن چىقىرىپ تاشلاپ، ئىككىمىزنىڭ يېپيېڭى ھايات مۇساپىسىنى باشلىمايمەن؟ لېكىن ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلارمۇ؟

مەن نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان دىلبەرگە مەپتۇن بولۇپ يۈرگىنىم بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىدە كىمنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. ئۇ مېنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ كەلگەن بىلىملىك، پەزىلەتلىك يىگىت ئىكەن دەپ زورىغىلا قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ قويۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئاشۇنداق چىرايلىق تۇرسا، ماڭا ھەقىقىي نەزەر سالارمۇ؟ رۇقىيەمۇ ئاشۇنداق چىرايلىق ئىدى. مېنىڭ بۇ كاج تەقدىرىم ئۇنىڭغا باغلىنىپ قېلىپ، ھازىرغىچە بۇنىڭ ھەسرىتىنى چېكىپ يۈرۈپتىمەن. مېنىڭ كېيىنكى تەقدىرىم دىلبەرگە باغلىنىپ قېلىپ، يەنە مۇرادىمغا يېتەلمەي، ئۆمۈرلۈك داغدا قالارمەنمۇ؟ ياغلىچنى تىلشقا تاڭغىلى بولمايدۇ، كۆڭۈل تارتمىغان بىرسى بىلەن توي قىلغىلى بولمايدۇ. مېنىڭ ھازىر ئۇ قىزنى، بۇ قىزنى چېكىپ يۈرىدىغان ۋاقتىم ئۆتۈپ كەتتى. مۇشۇ يېشىمدا بىرەر قىزغا كۆڭۈل توختىتىپ، ۋاقتىدا توي قىلىۋېلىشىم كېرەك. كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ، ئەمدى دىلبەرلا مېنىڭ بىردىنبىر تاللايدىغان قىزىم، ئاشۇ قىزلا يۈرىكىمدە سۆيگۈ ئوتىنى قايتا ياندۇرۇپ، رۇقىيەنى ئۇنتۇلدۇرالايدۇ، مېنى بەختلىك قىلالايدۇ.

شۇنىسى، مەن دىلبەرنى بەختلىك قىلالايمەنمۇ؟ ئۆزۈم بىر بەختسىز ئادەم، بەخت ھازىرغىچە ماڭا كۈلۈپ باقمىدى. ئەگەر مېنىڭ پېشانەمگە

ئۆمۈرلۈك بەختسىزلىك يوتۇلگەن بولسا، دىلبەر مېنىڭ كىلىپتىمگە كەتمەسمۇ؟ ئۇنىڭ چېھرىدىن خۇددى پەرىشتىنىڭ چېھرىدىكىدەك نۇر چاقناپ تۇرۇپتۇ. سېزىپ تۇرۇپتىمەن، ئۇنىڭ روھى ئاق روھ. خۇددى يورۇقلۇق بىلەن زۇلمەت ئېلىشقىنىدەك ئۇنىڭ بەختىيار قىسمىتى مېنىڭ بەختسىز قىسمىتىمنى يەڭسە، ئۇ مېنى بۇ ئازابلىق قىسمەتتىن قۇتۇلدۇرسا ئەجەب ئەمەس.

يۈرىكىم ئەنسىز سوقماقتا. كۆڭلۈم تۇرلۈك چۈشىنىپ بولغۇسىز غەم-ئەندىشىلەر بىلەن تولغان. ئۇيقۇسىزلىق دەستىدىن قارىچۇقلىرىم ئېچىشىپ، كۆز جىيەكلىرىم قىزىرىپ كەتتى. بۇ كۈنلەردىنمۇ قۇتۇلۇپ، بەھۇزۇر، ئارامخۇدا ياشايدىغان چاغلىرىممۇ بولارمۇ؟ دىلبەرنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلىسەم، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ، بىر ئۆمۈر بىرگە ياشىسام، بۇ دۇنيادىن ئارمانسىز كېتەتتىم. دىلبەر بىلەن بىرگە ياشاش پەرىزات بىلەن جەننەتتە بىللە ياشىغانغا ئوخشايدۇ.

ئەي، گۈزىلىم! مېنى بۇ كۈنلەردىن تېزراق قۇتۇلدۇرغىن. رۇقىيەنى دەپ، دەرد ــ ھەسرەتتە ئۆتكەن بۇ كۈنلەر جېنىمغا پاتتى. سەنمۇ مېنى قۇتقۇزمىساڭ، بەختىمدىن ئەمدى ئۈمىد يوق.

تېۋىپنىڭ ئايال زاتىنى كۆپ ئويلىما دېگىنى توغرا ئىدى. مەن تا-ھازىرغىچە كىتابلار ئىچىدىلا يۈرۈپ، كۆرگىنىم پەقەت ئاياللارنىڭ چىرايلىق كىيىملەرگە ئورالغان جەلىپكار ۋۇجۇدى بولدى. ئاياللار مەن ئويچۇن شۇنچە سىرلىق بولغاچقا، شۇنچە جەلپ قىلارلىق. شۇنداق ئىكەن، مېنىڭ ئاياللارنى پەقەت ئويلىماي يۈرۈشىم مۇمكىنمۇ؟ مۇبادا، مەن بۇرۇن بىرەر قىزنىڭ مۇھەببىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، ياشلىقىنىڭكى چاڭقىغان روھىم ئازراق بولسىمۇ تويۇنغىنىدا ئىدى، تېۋىپنىڭ تەربىيىسىنى بەجا كەلتۈرەلەيتتىم. ئاھ! مېنىڭ شورلۇق قىسمىتىم، بۇ دۇنيادا ماڭا ئوخشاش بىتەلەيدىن يەنە بىرسى بارمىدۇ؟ مەن يا خۇدانىڭ قارغىشىغا كەتكۈدەك بىرەر يامان ئىش قىلغىنىمنى

بىلمەيمەن. ئەتراپىمغا قاراپ باقسام، گىلاس - گاچا، ئاقسىق - چولاقلارمۇ تويى قىلىپ، بەختلىك ياشاپ يۈرۈپتۇ. پەقەت مەنلا تەنها ھالەتتە قېلىپتىمەن. بۇ زادى نېمىشقا - ھە؟ بەلكىم، خۇدا مېنى تازا زارىقتۇرۇپ قىيناپ، ئاخىرى زور خۇشاللىققا ئېرىشتۈرمەكچىدۇ...

ئىشىك بوشقىنە چېكىلدى، خىيالىم ئۈزۈلدى. «دىلبەر!» دېگەن خىيال كۆڭلۈمدىن كېچىپ ئۆتتى. ئالدىراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئىشىكنى ئاچتىم. ئىشىك ئالدىدا راستىنلا دىلبەر تۇراتتى. بۈگۈن ئالخىشلىم كۆرۈشۈشنى نەچچە كۈن ئىلگىرىلا كېلىشىپ قويغان ئىدۇق.

- كېلىڭ... ياتاققا كىرىڭ...

دىلبەر كۆزۈمگە گۈلدەك چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىكىنى توزنىڭ قويرۇقىدەك يەلپۈتۈپ، ياتىقىمغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ پۇرىقىدەك خۇش ھىد كېلىپ، دىمىغىمغا ئۇرۇلدى. كۆزۈمگە يوچۇن كۆرۈنۈپ تۇرغان ياتىقىم بىردىنلا ئىللىق، يېقىملىق تۈس ئالدى. ئۇ ھەممە ياققا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

- بويتاقچىلىق... زاڭلىق قىلماڭ - ھە. ياتىقىم بەكلا قالايمىقان، رەتسىز...

- نەدىكىنى، پاكىز، چىرايلىق تۇتۇپسىزغۇ مانا؟ - ئۇ كىتاب ئىشكاپى ئالدىغا كەلدى، - ۋاي - ۋۇي، نېمانچە كۆپ كىتابلار بۇ، مۇشۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ بولدىڭىزمۇ؟

- كۆپ قىسمىنى ئوقۇپ بولدۇم.

ئۇ بىر پارچە كىتابنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلىغاچ:

- سىزنى نېمىگە مۇنچە خىيالچانكىن دېسەم، ئەسلىدە ئوقۇغان كىتابلىرىڭىز كۆپ بولغاچقا، ئويلايدىغان ئىشلىرىڭىزمۇ كۆپ ئىكەن - دە؟

- راست دەيسىز، - دېدىم مەنمۇ راستىنى ئېيتىپ، - بۇرۇن ئويلايدىغان ئىشلىرىم كۆپ ئىدى، ھازىر سىزنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم.

— بۇ گېپىڭىزگە ئىشەنسەم بولامدۇ؟ سىزنىڭ راستچىل، سەمىمىي ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىمەن. كىتابىڭىزنى ئارىيەتكە بېرىپ تۇرسىڭىز، ئوقۇپ تۇرسام بولامدۇ؟

— بولىدۇ، نېمىشقا بولمىغۇدەك، ھەممىسىنى ئوقۇڭ. بۇ دۇنيادا كىتاب ئوقۇشتىنمۇ خاسىيەتلىك ئىش بولمىسا كېرەك دەيمەن. مەن باشقىلارغا كىتاپ ئارىيەت بېرىشكە ئامراق. مېنىڭ كىتابلىرىمدىن قانچە كۆپ ئادەم پايدىلانسا، شۇنچە خۇشال بولىمەن.

— تاپقان پۇلىڭىزنىڭ ھەممىسىگە كىتابلا ئالغاندەك تۇرىسىز. نەچچە پارچە كىتابىڭىز باردۇ؟

— ئېنىق بىلمەيمەن، سىناپ باقماپتىمەن.

ئۇ كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئولتۇرغان ھالىتى شۇقەدەر ئۈز، شۇ قەدەر نازاكەتلىك ئىدى، مىسكىن كارىۋىتىممۇ خۇشال بولغاندەك غىچىر-لاپ سايراپ كەتتى. ئەتىۋارلىق مېھمىنىمغا بولغان ھۆرمىتىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئالدىراپ — تېنەپ شىرەگە مېۋە — چېۋىلەرنى تىزدىم. ئىككى پىيالىگە چاي قۇيۇپ، بىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدۇم.

مەن ئۇستەل ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ بىلەن بىر كارىۋاتتا ئولتۇرغۇم كېلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئالدىراپ — تېنەپ ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ سېلىشتىن ئەنسىرىدىم. ئۇ ماڭا لاپپىدە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى ناز — كەرەشمىلەردىن خالىي بولۇپ، ھەتتا مۇ-ھەببەتتىنمۇ قىلچە ئەسەر يوقتەك سېزىلدى. قارىغاندا، ئۇ مېنىڭ نەچچە كۈن ئىلگىرى بەرگەن توي قىلىش تەكلىپىمنى رەت قىلىدىغاندەك تۇراتتى. ئۇ شۇنداق قىلغان تەقدىردىمۇ ئۆزۈمنى يوقۇتۇپ قويماسلىققا تەييارلىق قىلىپ قويغان ئىدىم. مەن خورلۇقنى تولا تارتىۋېرىپ، يۈرىكىمنى ئازابلارنىڭ پۇ-چۇلاشلىرىغا كۆنۈكۈپ كەتكەن ئىدىم. ئۇ شۇ قەدەر گۈزەل تۇرسا، مېنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. مەن ئالمىدىن بىر تال

يېگەچ، ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ قويدۇم. ئۇ مېنىڭ ئېغىز ئېچىشىمنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئويلىنىپ كۆردىڭىزمۇ؟ ئەگەر قوشۇلمىسىڭىزمۇ... سىزدىن رەنجىمەيمەن.

ئۇ ماڭا قاراپ قويۇپ، پىيالىنى ئۈستەلگە قويدى.

— نەچچە كۈندىن بۇيان كۆپ ئويلاندىم، — ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مۇھەببەتلىشىپ ئاندىن كۆتۈرگەننىڭ پايدىسى يوق. مۇھەببەتلەشتىمۇ، چوقۇم توي قىلسا بولىدۇ.

ئۇنىڭ گەپلىرىدىن ئازراق ئۈمىد باردەكمۇ قىلاتتى. ئۇ زادى نېمە دېمەكچىدۇ؟

— مەن بۇ ئىشنى ئاتا ـ ئانامغا مەسلىھەت سېلىپ، ئاندىن بىرنەرسە دەي. مۇشۇ يەكشەنبە كۈنى ئۆيگە بارىمەن، شۇ چاغقىچە كۈتۈپ تۇرغان بولسىڭىز.

ئۇنىڭ سۆزلىرى ئورۇنلۇق ئىدى. توي دېگەن ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىش تۇرسا، قانداقمۇ ئۆز ئالدىغىلا قارار چىقارغىلى بولسۇن؟ ئۇ خېلى ئىش كۆرگەن، پىشقان قىز ئىكەن. بۇرۇن ئۇنىڭ بۇرنىغا نەچچە قېتىم سۇ كىرگەن ئوخشايدۇ. ئۇ ئىلگىرى كىملەر بىلەن مۇھەببەتلەشتىكىنە؟ ئۇنىڭغا بولغان مەپتۇنلۇقۇم يەنىلا كۆڭلۈمدىكى كۈندەشلىك گۇمانلىرىنى بېسىپ كەتتى.

مەن دىلبەرگە توي قىلىش تەكلىپىنى ئالدىراپلا قويۇپ قويدۇممۇ قانداق؟ مەن ئۇنى قانچىلىك چۈشىنىمەن؟ راستىنىلا يەڭگىللىك قىلىپ قويۇپتىمەن. ئۇ تەكلىپىمنى ئۇدۇللا رەت قىلىشنى ئەپسىز كۆرۈپ، ئاتا-ئانىسىغا مەسلىھەت سېلىش باھانىسى بىلەن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىۋاتقان بولىسىچۇ؟ بەلكىم، ئۇ راست گەپ قىلغاندۇ. مەن ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى ئويلاپ، بىھۇدە گۇمان قىلىپ قالغاندىمەن. دىلبەرنىڭ چىرايىدىن ئاق

كۆڭۈللۈكى، سەممىيلىكى چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇ يالغان گەپ قىلمايدۇ.

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ياناقنى يەنە گۆرىستان جىمجىتلىقى باستى، بۇلۇڭدىكى كارىۋىتىممۇ ماڭا ئوخشاشلا بويۇن قىسىپ قالدى. مەن بۇ تەشۋىشلىك كۈنلەرنىڭ قاچان ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. دىلبەرگە نېمىشقا تەكلىپ قويغان بولغىيتتىم ــ ھە؟ روھىم ئاللىقاچان ئۆلگەن ئادەممەن. دىلبەردەك چىرايلىق بىر قىز بۇ دۇنيادا بەختلىك ياشاشقا لايىق. ئۇ مېنى چۈشەنسە، مېنىڭ شورپېشانە ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلسە، تەكلىپىمنى رەت قىلسا ياخشى بولاتتى. ئۆزۈمنىڭ بەختى قارىلىقىم يەتمىگەندەك، ئۇنىمۇ ئۆمۈرلۈك بەختسىزلىكىم ئىچىگە سۆرەپ كىرسەم، بۇنىڭ جاۋابىنى خۇدانىڭ ئالدىدا قانداق بېرىپ بولارمەن؟

نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. مەن بۇ كۈنلەردە دىلبەر تەكلىپىمنى رەت قىلسىكەن دېگەن ئۈمىدتە يۈردۈم. شۇنداق بولغىنىدا، مەن بۇ تەشۋىشلەر-دىن قۇتۇلۇپ، ئازراق بولسىمۇ خاتىرجەملىككە ئېرىشەتتىم. دىلبەر بىلەن توي قىلالىغان تەقدىردىمۇ ماڭا ئاراملىق يوقتەك تۇيۇلاتتى.

مەن يېڭى كىتابىمۇ سېتىۋالماي، كونا كىتابلىرىمنىمۇ ئوقۇماي، كۈنلىرىمنى ئۇبدان يەپ، ئويۇن ــ تاماشا ئىچىدە خۇشال ــ خۇرام ئۆتكۈزەي دېگىنىممۇ پەقەت بىر قۇرۇق خىيال بولۇپ قالدى. مەن كۈنلىرىمنى كىتابسىز ئۆتكۈزەلمىگۈدەكمەن. كىتاب ئوقۇغان چاغلىرىملا مېنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك، ئەڭ خاتىرجەم ۋاقىتلىرىم ئىكەن.

مەلۇم بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى. ياتاقتا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتىم. ئىشىك يەڭگىل چېكىلدى. كىتابقا قىزىقىپ كەتكەن بولغاچقا، بېشىمنى كۆتۈرمەستىنلا:

ــ ھە! كىرىڭ! ــ دەپ ۋارقىرىدىم.

ئىشىك يەنە چېكىلدى. مەن كىتابنى ئۈستەلگە قويۇپ قويۇپ، ئىشىكنى ئاچتىم.

— ۋوي، سىزمىدىڭىز؟ كەچۈرۈڭ، ئاۋازىم قاتتىق چىقىپ كېتىپتۇ، سىز ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەپتىمەن. قېنى، ياتاققا كىرىڭ.

دىلبەر ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈمدىن ئۇمىدلىك خىياللار كېچىپ ئۆتتى.

— ئۆيگە باردىڭىزمۇ؟

— مېنى ئولتۇرۇشقىمۇ تەكلىپ قىلمامسىز؟

— ۋوي، خاپا بولماڭ. كارىۋاتقا كېلىڭ.

— مۇشۇ تاپتا بېكەتتىن ئۇدۇللا سىزنىڭ يېنىڭىزغا كېلىشىم.

ئۇنىڭ ئالدىغا بىر پىيالە چاي قويدۇم. ئۇنىڭ خۇشال ھالىتىدىن خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ دېلىغۇل بولغان ھالدا:

— ئاتا ـ ئانىڭىزغا مەسلىھەت سېلىپ باقتىڭىزمۇ؟ — دېدىم.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى. يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى تېزلەشتى.

— قانداق بولدى، قوشۇلدىمۇ؟

— قوشۇلدى... ئەمما... ھازىرچە توي قىلىشقا ئەمەس...

— ئۇنداقتا...

— مەلۇم ۋاقىت ئارىلىشىپ كۆرۈپ، توي قىلىش ـ قىلماسلىقنى ئۆزۈڭ بېكىتكىن دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقتىن يۈرىكىم ئېرىپ كەتكىلى تاس قالدى، كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولدى. دىلبەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قوللىرىنى سىققۇم، ئۇنى باغرىمغا باسقۇم كەلدى. بىراق ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن ئەيمىنىپ، تەلمۈرۈپ تۇرۇپ قالدىم.

※ ※ ※

دىلبەر مۇھەببەتلىشىش تەكلىپىمنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، مەن يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدىم. ئۇ بۇ شەھەردىكى ئەڭ چىرايلىق قىزلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا يىگىتلەرنىڭ ئاسانلا كۆزى چۈشەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ مېنى داۋاملىق سۆيەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى، ھەتتا ئۇنىڭ ھازىرمۇ مېنى چىن دىلىدىن سۆيىدىغانلىقىدىن گۇمانلىناتتىم. گەرچە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلالىسامۇ، بىراق ئەمرىمدە بىر ئۆمۈر تۇتۇپ تۇرالايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتمەيتتى. كۆڭلۈمدە ھامان بىر كۈنى ئۇنى باشقىلار مەندىن تارتىۋالىدىغاندەك ياكى ئۇنىڭ ئۆزى مېنى تاشلاپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

ھەرقانچە تەشۋىشلەنسەممۇ، دىلبەرگە كۆڭلۈم چۈشۈپ قالغانلىقىنى، مېنى رۇقىيەنىڭ كۆيۈك ئوتىدىن ئاشۇ قىزنىڭلا خالاس قىلالايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدىم. كۆڭلۈمدە ئۇلار ئىككىسى يات – پاتلا سېلىشتۇرما بولۇپ قالاتتى. دىلبەر رۇقىيەگە قارىغاندا ساددا، ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئىدى. ئۇنىڭ مېنى ئالدىمايدىغانلىقىغا، غۇرۇرۇمنى دەپسەندە قىلمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مىجەزى ئېغىر – بېسىق بولۇپ، ئاسانلىقچە ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ توي تەكلىپىمنى ئالدىراپلا قوبۇل قىلماستىن، ئاتا – ئانىسىغا مەسلىھەت سېلىپ ئاندىن ئىپادە بىلدۈرگەنلىكى، مېنى ھەقىقەتەن قايىل قىلدى. بۇ ئۇنىڭ بىر ئىشنى ھېسسىياتقا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى ئەقىلگە تايىنىپ قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى. ئۇنىڭ بۇ سەممىيلىكى كۆڭلۈمدە ئىشەنچمۇ پەيدا قىلدى. بىزنىڭ تونجى قەدىمىمىز پۇختا بېسىلغان ئىدى.

دىلبەر بىلەن مۇھەببەتلىشىش سۇنۇپ كەتكەن كۆڭلۈمنى خېلىلا ئاۋۇندۇرۇپ قويدى، ھەتتا بۇ ئىش مەن ئۈچۈن شەرەپ بىلىندى. دىلبەردەك چىرايلىق قىزنىڭ مېنى تاللىشى ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىمنى ئاشۇرۇپ، مېنى ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۈمۈلدۈردى. بىر تۇرۇپ ئۇنىڭ مېنى ھەقىقىي تاللىغانلىقىغا ئىشەنگۈممۇ كەلمەيتتى. ئۇ مېنىڭ ئالىي مەكتەپنى

پۈتتۈرۈپ كەلگەنلىكىم، خىزمەت ئورنۇمنىڭ ياخشىلىقى، مەن بىلەن توي قىلسا، كەلگۈسى تۇرمۇشىنىڭ خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن. مۇبادا، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھېسسىيات بۇ قەدەر ئاددىي ھەم تېيىز بولسا، مەن ئۇچۇن نەقەدەر قورقۇنچلۇق ـ ھە؟ مۇھەببەتسىز مۇنداق تۇرمۇشتىن نېمە لەززەت بولسۇن؟ ئەمما بۇنىڭلىق بىلەنلا دىلبەردىن جۇدا بولۇشقا يۈرىكىم چىدىمايدۇ. رۇقىيەدىن كۆرگەن خورلۇقلار تۈپەيلىدىن بۇ ھاياتىمنى ئاران ـ ئارانلا ساقلاپ كېلىۋاتاتتىم. دىلبەر مۇشۇ كۈنلەردە گوياكى تۇمان قاپلىغان دېڭىزدا مېنى ھاياتلىق ساھىلىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان ئۈمىد يۇلتۇزىغا ئوخشايتتى... ياتاق ئىشىكىگە سېلىنغان قۇلۇپنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم لەسسىدە بولۇپ قالدى. ئۇ نەگە كەتتىكىنە؟ ئۇ ياتىقىدا ئولتۇرماي، نېمىشقا ھە دېسە كوچىغا چىقىۋا-لىدىغاندۇ؟ ئۇ ئۆزىگە باشقا بىر ئاشىقنى ئىزدەۋاتامدىكىن؟ كۆڭلۈم غەش ھالدا بوينۇمنى قىسىپ كەينىمگە ياندىم.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ياتاققا دىلبەر كىرىپ كەلدى. ئۇ ناھايىتى خۇشال ھەم روھلۇق كۆرۈنەتتى، ئۇ ھۆپپىدە چېچەكلىگەن ئۆرۈك شېخىنى كۆتۈ-رۈۋالغان ئىدى. مەن قەلەمنى قويۇپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم.

ـــ ماقالە يېزىۋاتقانمىدىڭىز؟ چىقىپ كېتىپ كېيىن كىرەيمۇ ـ يا؟

ـــ ياقەي، بولدى، ئەتە يازساممۇ بولىدۇ. ماڭا ئۆرۈك چېچىكى ئالغاچ كىرگەن ئوخشىمامسىز؟

ـــ شۇنداق، ـــ دېدى ئۇ كۈلۈپ، ـــ ئالايىتەن سىزگە ئېلىپ كەلدىم. بىر نەرسىگە چىلاپ قويسىڭىز، نەچچە كۈنگىچە ئېچىلىپ تۇرىدۇ.

ـــ مانا ماۋۇ لوڭقىغا سېلىپ قويايلى.

ـــ بۈگۈن بەك قىزىق ئىش بولدى دەڭا، ـــ دېدى ئۇ خۇشاللىقىنى باسالماي، ـــ چۈشتىن بۇرۇن يېزىدىكى تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە بارغان.

— مېنى نېمىشقا بىللە ئېلىۋالمىدىڭىز؟
— گېپىمگە قوشۇق سالماي، جىم ئولتۇرۇپ تۇرىڭە. چۈشتىن كېيىن قايتىدىغان چاغدا ئاپتوبۇس ساقلاپ تۇرسام، خىلىغىچە كەلمىدى. ماڭغاچ تۇراي دەپ كېتىۋاتسام، يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرى ماڭا قارايمەن دەپ، يول بويىدىكى ئۆستەڭگە تىك موللاق چۈشتى.
— بىر يېرى بىر نېمە بولمىغاندۇ؟
ئۇ كۈلكىسىنى توختىتالماي:
— تاڭەي، ۋېلىسىپىتىنى ئۆستەڭدىن چىقىرالماي قالغان، — دېدى.
— سىلەر قىزلارمۇزە، راستىنلا ئېزىتقۇ شەيتان.
ئۇ ئۇيۇندەك سۆزلەپ بەرگەن بۇ ئىش ماڭا ئۇيۇندەك بىلىنمىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى زورىغا كۈلۈپ تۇرۇپ ئاڭلىغىنىم بىلەن، يۈرىكىم ئەلەم بىلەن ئېچىشتى. ئۇ قەيەرگە بارسۇن، ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسن ـ جامالى باشقىلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى. ئۇ يۈز قىزنىڭ ئارىسىدا تۇرسىمۇ، كۆزگە ئالاھىدە چېلىقاتتى. ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش مەن ئۈچۈن ئېيتقۇسىز بەخت بولسىمۇ، ئەمما بۇ بەختنىڭ كەينىگە غايەت زور بەختسىزلىك يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى. مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىممۇ بىر تەۋەككۈلچىلىك ئىدى. بېشىمغا نى يامان قىسمەتلەر كەلسۇن، مەن يەنىلا ھەممىگە رازى ئىدىم.
— يانچۇقىمدا ئالدىڭىزغا قويغۇدەك ھېچنېمە قالمىپتۇ، — دېدىم ئورنۇمدىن تۇرۇپ، — كوچىغا چىقىپ تاماق يەپ كىرسەك قانداق دەيسىز؟
— بولىدۇ.
— قورسىقىڭىز ئاچقاندۇ؟
بىز بىللە كوچىغا چىقتۇق. چوڭ كوچا كۈندۈزدەك يورۇق ئىدى. يېنىمىزدىن ئالدا ـ ساندا ئادەملەر ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئالدى تەرىپىمىزدىن كەلگەن ياش يىگىتلەر دىلبەرگە يېقىندىغاندەك قارايتتى. كەينىمىزدىن كەلگەنلەرمۇ كەينىگە قايرىلىپ، دىلبەرگە كۆز تاشلايتتى.

— ئالدىڭغا قاراپ ماڭغىنىە، ئاداش. سەنمۇ بىكار ئۆستەڭگە تىك موللاق چۈشمە يەنە.

بۇ گېپىمدىن دىلبەر پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى. بىراق مەن زورىغا ئاچچىق كۈلدۈم. دىلبەر ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ ئۆزىدىن كۆزىنى ئالالماي قالغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن بولسام، باشقىلارنىڭ مېنىڭ دىلبىرىمگە ئاچ كۆزلەرچە تىكىلىشىدىن خورلۇق ھېس قىلاتتىم. ئاخىرى قارىساڭ قاراشمىسەن، دىلبەر بەربىر ماڭا مەنسۇپ دېدىم ئىچىمدە.

دىلبەرگە كۆز تاشلايدىغانلار مۇنچە كۆپ تۇرسا، ئۇ ماڭا بولغان مۇھەببىتى، ساداقىتىنى قانانغىچە ساقلاپ قالالار؟ مەن رۇقىيەنىڭ ھەسرىتىدىن تېخى قۇتۇلالماي تۇرۇپ، يەنە بىر ئازابلىق يولغا كىرىپ قالدىممۇ قانداق؟ دىلبەردىن ئۆزۈمنى بالدۇرراق تارتقىنىم توزۇكتۇ. گۈزەل قىزلارنىڭ ئادەمگە بېغىشلايدىغان خۇشاللىقىمۇ، ئېلىپ كېلىدىغان دەرد ـ ھەسرىتىمۇ كۆپ بولىدىكەن. دىلبەرنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈنمۇ ئازاب بەدىلى تۆلمەي مۇمكىنمۇ؟ دىلبەر كۆڭلۈمدىكى تەشۋىشلىك خىياللاردىن خەۋەرسىز ھالەتتە كېتىۋاتاتتى. ئۇ شۇنچىلىك مەغرۇر ئىدى. يىگىتلەرنىڭ مەپتۇنلۇقى ئۇنى ئاشۇنداق قىلىۋەتكەن. مېنىڭ كۆڭلۈم يەنىلا سۇنۇق. رۇقىيەنىڭ بىپەرۋالىقى، تاش يۈرەكلىكى مېنى مۇشۇنداق قىلىپ قويغان.

بۇ كۈنلەردە دىلبەرنىڭ مۇھەببىتىدىنمۇ گۇمانلىنىپ يۈرەتتىم. مەن تەشۋىشلىرىمنى يوشۇرالماي:

— سىز مېنى... راستىنلا ياخشى كۆرەمسىز؟ — دېدىم. بۇ گەپنىڭ ئاغزىمدىن قانداقلارچە چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالدىم، — خاپا بولماڭ، سىزگە ئىشەنمىگەنلىكىم ئەمەس، ئەسلى بۇنى سورىماسلىقىم كېرەك ئىدى. بىراق بۇنى يەنىلا سورىماي بولمايدۇ. سىز مېنى ئانچە ياخشى كۆرمەيدىغاندەكلا تۇرىسىز. مېنىڭ تۇيغۇم مۇشۇنداق.

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئال ئۇنىڭغا بىر ئاز غەلىتە تۇيۇلغاندەك

قىلدى. ئۇ سەل ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

— سىزنى... ياخشى كۆرىمەن، — دېدى.

— گېپىڭىزگە ئىشەنسەم بولامدۇ؟

— ئىشەنمىسىڭىز بولۇپتۇ، ھازىرغىچىمۇ ئىشەنمەپسىزغۇ؟

— خاپا بولمىسىڭە، مۇنداقلا سوراپ قويدۇم.

— سىزمۇ قىزىقكەنسىز، مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنىمنى بىلمەي تۇرۇپلا، توي قىلىش تەكلىپى قويغانمىدىڭىز؟

— ئالدىڭىزدا ھېسسىياتىمنى يوشۇرمايمەن. مەن سىزگە مەپتۇن بولۇپ يۈرگىلى خېلى ۋاق بولدى، بىراق سىز بۇنى سەزمىدىڭىز. سىزگە مەپتۇن بولۇپ يۈرىدىغانلار كۆپ ـ تە. شۇڭا سىز ئۇلارغا ئانچە ئېرەن قىلمايسىز. سىز ماڭىمۇ ئانچە ئېرەن قىلمايۋاتقاندەكلا كۆرۈنىسىز. مەن بىلەن مېنىڭ زورۇم بىلەنلا ئارىلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلىسىز.

— راست دەيسىز، مەن ئوغۇللارغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيمەن. بۇرۇنمۇ شۇنداق ئىدىم، بۇ مېنىڭ تۇغما مىجەزىم. كۆڭلۈمدىكى گېپىمنى دېسەم، باشتا سىزگە راستىنلا كۆڭلۈم چۈشمىگەن، كېيىن يەكشەنبە كۈنلىرى ئاتا ـ ئانىڭىزنى يوقلاپ چۈشۈپ كەتسىڭىز، قايتىپ چىققىچە يولىڭىزغا قارايدىغان بولۇپ قالدىم.

ئۇنىڭ سۆزلىرى راست ئىدى. ئۇنىڭ سەممىي، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرى مېنى ئىشەندۈردى. ئۇ باشتا مېنىڭ يېقىنچىلىقىمغا ئانچە ئېرەن قىلمىغان، كېيىنرەك قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان بولغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كۆڭلۈم بىر ئاز تەسكىن تاپقاندەك بولدى. دىلبەر مېنى ياخشى كۆرسىلا، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا كۆز قىزارتقىنى ھېچقانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس ئىدى.

بىز تاماقتىن كېيىن كىنوخانىغا كىردۇق. كىنو باشلىنىپ بولغان بولسىمۇ، كۇلۇپنىڭ يېرىمى بوش ئىدى. بىز ئوتتۇرىدىكى ئورۇندا ئولتۇر-

دۇق. تۇيۇقسىز دىلبەرنىڭ دۇمبىسىگە بىر نەرسە پاققىدە تەگدى.

— ئوھوش! نېمانداق قىلىدۇ ماۋۇ خەق، — دېدى ئۇ خاپا بولۇپ.

ئىككىمىز تەڭلا كەينىمىزگە قايرىلدۇق. بىزدىن تۆت - بەش رەت كەينىمىزدە ئولتۇرغان بىرنەچچەيلەن بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە پىخىلداپ كۈلۈشۈۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرسى مەندىن كۆزىنى ئېلىپ قاچتى. ئۇنىڭ بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلىشىپ باقمىغان بولسامۇ، سىرتتىن ئازراق بىلەتتىم. ئۇ خېلىدىن بېرى دىلبەرگە كۆز تاشلاپ، ئىندەككە كەلتۈرەلمەي يۈرگەنلەردىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ قەددى - قامىتى كېلىشكەن بولۇپ، بۇ شەھەردىكى خېلى - خېلى يىگىتلەرنى ئۆزىگە تەڭ قىلماي يۈرىدىغان نېمە ئىدى. بۇ چالمىنى چوقۇم شۇ ئاتتى. بۇ ئۇچۇقتىن ئوچۇق ماڭا قىلىنغان ھاقارەت ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭغا قانداقمۇ چىداپ تۇرغىلى بولسۇن؟ مەن غەزەپ بىلەن ئورنۇمدىن چاچراپ قوپتۇم. دىلبەر يېڭىمگە ئېسىلىۋالدى.

— بولدى قىلىڭە، ئەسكىلەر بىلەن تەڭ بولماڭ. شۇنچە كۆپ ئادەم كىنو كۆرۈۋاتسا، ئۇرۇشسىڭىز سەت تۇرمامدۇ؟

— ئادەمنى بوزەك قىلغاندەك، قىلىۋاتقان ئىشىنى قارا؟

دىلبەر مېنى تارتىپ، مەجبۇرى ئولتۇرغۇزدى.

— يەنىلا سىزنىڭ يېنىڭىزدا ئولتۇرمايمەنمۇ مانا؟ ئۇنداق لۈكچەكلەر-گە كىم پەرۋا قىلاتتى.

دىلبەر كۆڭلۈمگە تەسەللى بەرگەن بولسىمۇ، خېلىغىچە ئاچچىقىم بېسىلمىدى. مەن نەچچە قېتىم كەينىمگە قايرىلىپ، ئۇنىڭغا ھومىيىپ قاراپ قويدۇم.

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، — دېدى دىلبەر شىۋىرلاپ. ئۇ قولۇمنى سىلاپ، تۈگۈلگەن مۇشتۇمۇمنى بوشاتماقچى بولدى، — سىز كۆپ ئوقۇغان ئادەم، ئاممىۋى سورۇنلاردا جېدەل چىقارسىڭىز، سىزگە ياراشمايدۇ.

— يۈز - ئابرۇيۇمنى دەپ، غۇرۇرۇمنى قوغدىمىسام بولمايدۇ — دە.

— غۇرۇرىڭىزنى قوغدىمىسىڭىز بولمايدىغان ھەر ـ ھەر چوڭ ئىشلارغا دۇچ كېلىسىز تېخى.

— بۇ كىچىك ئىشمىكەن؟

— گېپىمنى ئاڭلاپ، ئاچچىقىڭىزنى بېسىۋېلىڭە؟

ئېكرانغا قاراپ ئولتۇرغان بولسامۇ، كۆڭۈل غەشلىكىدە ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم. نەچچە قېتىم چىقىپ كېتەيلى دېيىشكە تەمشەلدىم ـ يۇ، دىلبەرنىڭ كۆڭلىنى دەپلا كىنو تۈگىگىچە ئولتۇردۇم.

دىلبەرنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن بىللە كېتىۋاتقان ۋاقتىمدىمۇ يەنىلا كۆڭۈل غەشلىكىدىن قۇتۇلالمىدىم. بۈگۈن نەچچە خىلىلىق تەڭلا كەلدى دېسە. بىرى دىلبەرگە قارايمەن دەپ ئۈستەڭگە تىك موللاق چۈشسە، كو-چىدا ماڭسا، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر كۆزىنى ئۈزەلمىسە، كىنوخانىغا كىر-سە، يەنە بىرى چالما ئاتسا...

— ھېلىقى خۇنپەرنى تونۇمسىز؟

— كىمنى دەيسىز؟

— چالما ئاتقان ھېلىقى خۇنپەرنىچۇ؟

— تونۇيمەن.

— ئۇمۇ سىزگە تەلەپ قويغانمۇ؟

— كولگۇمنى كەلتۈرمىگە. ئۇ نەلەردە يۈرۈپ ماڭا تەلەپ قويغۇدەك؟ ئاشۇنداق سىلىسىز بىر نېمىلەر بىلەن مېنى ئارىلىشىدۇ دەمسىز؟ مېنى كۆڭلى سۇيۇق قىز دەپ ئويلاپ قاپسىز ـ دە.

— ئاڭلىسام، ئۇ سىزنى خېلى بىر ۋاقىتقىچە قوغلىشىپتىكەنغۇ؟

— قوغلاشقان بولسا، ئۆزىنىڭ ئىشى، مېنىڭ نېمە كارىم؟ ئازراقلا چىرايى بار قىزلارنى باشقىلار ئاشۇنداق قوغلىشىدىكەن. ھېچكىمنىڭ كارى يوق قىزنى سىزمۇ ياخشى كۆرمەسسىز؟

بۇ گەپكە نېمە دېگۈلۈك ـ ھە؟ دىلبەردىن: «سىز ئۇلارنىڭ قايسى

بىرى بىلەن مۇھەببەتلەشتىڭىز؟» دەپ سورىغىلى بولاتتىمۇ؟ مەن بۇنى سوراپ باقاي دېدىم ـ يوْ، يەنىلا ئىچىمگە يۇتۇۋەتتىم.

※ ※ ※

مەن دىلبەردىن يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدىم. ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، مۇئامىلىسىدىكى قىزغىنلىق مېنى يەنىلا قانائەتلەندۈرەلمەيتتى. ئۇ مېنىڭ يېقىنچىلىقىمغا جاۋابەن زورىغىلا قىزغىن مۇئامىلە قىلىۋاتقاندەكلا تۇيۇلاتتى. بەلكىم، ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ ئېغىربېسىقلىق مەندە مۇشۇنداق خاتا تۇيغۇنى پەيدا قىلىۋاتقاندۇر. ئۇنىڭ بەكلا چىرايلىقلىقى، باشقا قىزلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۆز گۈزەللىكىگە ئىشىنىپ، مەغرۇرانە قىياپەتتە يۈرىشى رۇقىيەدىن كۆرگەن خورلۇقلىرىمنى يادىمغا سېلىپ، كۆڭلۈمنى غەش قىلاتتى. مېنىڭ تەقدىر-قىسمىتىم نېمىشقا مۇشۇنداق چىرايلىق قىزلارغىلا باغلىنىپ قالىدىغاندۇ؟

چىرايلىق گۈلنىڭ پەرۋانىلىرى كۆپ، گۈزەل قىزنىڭ ئاشىقلىرى نۇرغۇن. كىم بىلىدۇ، بۇرۇن دىلبەرگە كىملەر ئاشىق بولغان، ھازىرمۇ يەنە قانچىسى ئاشىق بولۇپ يۈرىشىدۇ. مەن ھەرقانچە ئازابلانسامۇ، بۇ خىل رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلمىسام بولمايتتى. كۆڭۈلنىڭ تېچىغا كىرىپ، ھېچكىمنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان قىزلارنى تاللاشقا يەنە رايىم بارمايتتى. رۇقىيەنىڭ گۈزەللىكى ھەم ئۇنىڭغا بولغان ئاشىقلىق مېنى مۇشۇنداق قىلىپ قويغان ئىدى.

مەن بۇ كۈنلەردە دىلبەر بىلەن توي قىلىش خىيالىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچمەكچىمۇ بولدۇم. كۆڭلۈمدە ئۇ مەن بىلەن توي قىلغان تەقدىردىمۇ ھامان بىر كۈنى مېنى تاشلاپ كېتىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. مەن ئۇنى قاچانغىچە ياختىنىڭ ئىچىدە چوغ ساقلىغاندەك ئىلكىمدە تۇتۇپ تۇرالايمەن؟ مېنى

مۇنداق غەم – ئەندىشىلەرگە سالىدىغان ئىشلار كۈندە دېگۈدەك بولۇپ تۇراتتى.

بىر شەنبە كۈنى نامازدىگەر ۋاقتى ئىدى. مەن ئانا – ئانامنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن يېزىغا قاراپ كېتىۋاتاتتىم. بىر كىم قارا دېگەندەك يولنىڭ نېرىقى قېتىغا قارىسام، دىلبەر بىر ئوغۇل بالا بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇپتۇ. دىلبەرنىڭ قېشىدا بىر قىز دوستى ھەمراھ ئىدى. مۇنۇ ئەبلەخ كىم بولغىيدى ئەمدى؟ دىلبەر توختاپ گەپ قىلغاندىكىن، بىرەر تونۇشىدۇ... دىلبەر مېنى كۆرگەندەك قىلدى، لېكىن ئۇ ھېچبىر ئېرەن قىلماستىن پاراڭلاشقىنىچە قالدى. مەن بىر نەچچە قېتىم كەينىمگە قايرىلىپ، ئۇنىڭ يەنىلا خۇشال ھالەتتە پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

بۇ ئىش ماڭا بەكلا ھار كەلدى. بۇ مېنى ئۈچۈن – ئاشكارا كۆزگە ئىلمىغانلىق بولماي نېمە؟ قارىغاندا، ئۇ مېنى كۆرمىدى، كۆرگەن بولسا، چوقۇم يېنىمغا يۈگۈرۈپ كېلەتتى. دىلبەر شۇنچە ئۇزۇن پاراڭلىشىپ تۇرغۇدەك ئۇ زادى كىمدۇ؟ ئۇنى قاچاندۇر بىر چاغلاردا نەچچە قېتىم كۆرگەندەك قىلدىم، دىلبەرمۇ ئۇنى تونۇيدىغاندەك بىر گەپلەرنى قىلغان ئىدى. مەيلى نېمە بولسۇن، دىلبەرنىڭ مېنىڭ يۈزۈمنى ئايىسا، باشقا بىر ئوغۇل بالا بىلەن مۇنچە ئۇزۇن پاراڭلىشىپ تۇرۇشى توغرا ئەمەس ئىدى. تونۇش بولسا، سالاملىشىپ قويۇپلا ئۆتۈپ كەتسە بولاتتىغۇ؟ دىلبەر ئۆزىگە مەپتۇن بولۇپ يۈرگەنلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، بۈگۈن ئاشۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرىنى ماڭا كۆز – كۆز قىلىپ، مېنى ئۆزىنىڭ ئالدىدا باش ئېگىپ تۇرسۇن دېمەكچىمىكىنە؟ ئۇ مۇنداق ھىيلە – نەيرەڭلەرنى بىلمەيتتى.

ئاپتوبۇس مەھەللىگە يېتىپ بارغۇچە دىلبەردىن ئادا – جۇدا بولۇش ئۈستىدە كۆپ ئويلاندىم. ئۇنىڭدىن رەنجىگەن بولسامۇ، ئايرىلىپ كېتىشكە يۈرىكىم چىدىمايدىغانلىقىنى ئازاب ئىچىدە ھېس قىلىپ يەتتىم.

ئەتىسى يېزىدىن قايتىپ، ئىدارە ئالدىدا دىلبەرنى ئۇچرىتىپ قالدىم.

ئۇ مېنى كۆرۈپلا ئالدىراپ يېنىمغا كەلدى.
— قايتىپ چىقتىڭىزما؟ ئانا ـ ئانىڭىز ياخشى تۇرۇپتىمۇ؟ — دېدى ئۇ قىزغىنلىق بىلەن.
ئالچىقىم تېخى بېسىلمىغاچقا، گەپ قىلغۇممۇ كەلمەي، بېشىمنىلا لىڭشىتىپ قويدۇم. ئۇ ماڭا ياندىشىپ ئىدارە دەرۋازىسىدىن كىردى.
— مەڭ، ئالما يەڭ. ھېلىراقتا بىر دوستۇم ئۇچراپ قېلىپ، ئىككى تال بەرگەنتى، بىرىنى سىزگە قىسنىپ ساقلاپ قويغانتىم.
ئۇنىڭ گېپىدە قىلچە يالغانچىلىق يوق ئىدى. ئۇ سۇنغان بىر تال ئالما ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ سەممىيلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.
— يېزىغا كەتسەم، رستتىنلا يولۇمغا قارايدىكەنسىز ـ ھە؟
ئۇ كۈلۈمسىرەپ، كۆزىنى مەندىن ئېلىپ قاچتى. تۈنۈگۈن ئۇنىڭ يولدا بىرسى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىنى يۈزىگە سېلىپ، كۆڭلىگە ئازار بېرىشنى خالىمىدىم. ئۇ يانچۇقىغا قول سېلىپ ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا، نەچچە ۋاراق قاتلاقلىق قەغەزنى ماڭا سۇندى.
— نېمە بۇ؟ — دېدىم ئەجەبلىنىپ.
— خەت.
— نېمە خەت؟
— بىرسىنىڭ ماڭا تەلەپ قويۇپ يازغان خېتى.
— چاقچاق قىلمىڭە؟
— ئىشەنمىسىڭىز، كۆرۈپ باقمامسىز؟
مەن ئۇ بەرگەن خەتنى ئوقۇپ چىقتىم. بۇ راستتىنلا بىرسىنىڭ ئۇنىڭغا يازغان مۇھەببەت خېتى ئىدى. بۇ خەتنى دىلبەر ئۆز قولى بىلەن بەرمەي، تاسادىپىي ئوقۇپ قالغىنىمدا ئۇنىڭ سىداقىتىدىن گۇمانلىنىپ قالغان بولاتتىم. ئۇ بۈگۈن ئۆزىنى مېنىڭ ئالدىمدا چوڭ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ سەممىيلىكى، سىداقىتىنى بىلىپ قالسۇن دەپ

مۇشۇنداق قىلىۋاتاتتى. مەن بۇگۈن ئۇنىڭدىن بەكمۇ سۆيۈندۈم. ئۇنىڭ بۇ ئىشىدا قىلچە ياسالمىلىق يوق ئىدى. ئۇنىڭغا ئاشىق ـ مۇپتىلا بولۇپ يۈرگەنلەر كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ پەقەت ماڭىلا كۆڭۈل بەرگەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشەندىم. مەن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئازابلىق ھېسسىياتىمنى يوشۇ-رالماي:

ــ سىزگە كۆز تاشلايدىغانلار بەكمۇ كۆپ، شۇڭا تازا خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن، ــ دېدىم.

ــ راست دەيسىز. كوچىغا چىقسام ، ئەرلەر يەۋېتىدىغاندەكلا قارايدۇ، ھەتتا بەزىلەر كەينىمدىن چالما ئاتىدۇ. كوچىدا بىرەر قېتىممۇ خاتىرجەم، تىنچ ماڭالمىدىم، ــ دېدى ئۇ بېشىنى سىلىپ، ــ نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بىر سودا سارىيىدىن چىقىۋېتىپ، بىر نەچچە سودىگەرنىڭ كەينىمدىن: «خام يەۋەتكۇدەك نېمىكەن. ئۇ قىزنى ئالغان يىگىتنىڭ قالتىس تەلىيى كەلگۈدەك جۇمۇ» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم.

ــ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ھەقىچان خۇش بولغانسىز؟

ــ ئۇنداق گەپلەرنى تولا ئاڭلاپ، زېرىكىپ كەتتىم.

مەنچۇ؟ دىلبەرنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ چوڭقۇر غەم-ئەندىشىلەرگە پاتتىم، شۇنداقلا ھەممە خەقنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يېگۈدەك چىرايلىق قىزنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولغانلىقىمدىن پەخىرلىك ھېس قىلدىم.

※ ※ ※

ــ ۋوي! كۆزۈڭگە قاراپ ماڭغىنە، ئادەمنى سوقۇۋەتمە يەنە.

بېشىمنى كۆتۈرسەم، ھەسەن ماڭا قولىنى تەڭلەپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ كۈلكە ئويناپ تۇرغان چىرايىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم پاللىدە يورۇپ كەتتى. ئۇ

قولۇمنى مەھكەم سقىپ:
— نېمە بولدۇڭ، يەنە غەمكىن كۆرۈنسەنغۇ؟ — دېدى.
مەيۇس ھالدا كۈلۈمسىرەپ قويدۇم:
— مەن ئەزەلدىن مۇشۇنداق، خۇشال يۈرەي دەپمۇ يۈرەلمەيدىكەنمەن.
— كىتابقىلا قاراپ، قىزلارغا قارىمىساڭ، مۇشۇنداق بولۇپ قالىسەن. ھە راست، دىلبەر بىلەن يۈرىدىغان ئىشنى ماڭا مەسلىھەتمۇ سېلىپ قويمامسەن؟
— نېمە دېمەكچىدىڭ؟
— بۇ گەپلەرنى يولنىڭ ئۈستىدە دېيىشسەك بىئەپ تۇرىدۇ. يۈرە، بىرەر خالىي جاينى تېپىپ، ئىچىشكەچ پاراڭلىشايلى. مەندىن خاپا بولساڭمۇ مەيلى. مەن كۆڭلۈمدە نېمە گەپ بولسا، ئېيتماي دەۋىرىدىغان ئادەم.
بۈگۈن ھاراق ئىچىشكە تاقىتىم يوق ئىدى. ھەسەننىڭ گەپلىرى مېنى دىلبەر ھەققىدە گۇمانغا سېلىپ قويدى. ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمايلا قوياي. ھەسەن دىلبەر ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىدىغاندۇ؟ ئۇ جەمئىيەتتىكىلەرگە كۆپرەك ئارىلىشىدۇ. ئۇنىڭ ماڭا قارىغاندا ئاڭلىغانلىرى كۆپ. ئەگەر ئۇ مەن بىلمەيدىغان بەزى ئىشلارنى دەپ قالسا...
— ئىچمەي پاراڭلىشايلى. قارىغاندا، بۈگۈن سەن ياخشى گەپ قىلمايسەن.
ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي، ئۇ مېنى بىر بوتكىنىڭ ئالدىغا سۆرەپ ئېلىپ باردى. بوتكىچى بىزنى كۆرۈپ ھىجىيىپ كەتتى.
— ئۇكىلار، سىلەرگە نېمە كەلتۈرەي؟
— ئون زىخ كاۋاپ، بىر بوتۇلكا ھاراق، يەنە بىر قاپ تاماكا... گازىردىن ئىككى بولاق. ھازىرچە مۇشۇلار بولسۇن.
ھەسەن كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ مەنىلىك قويدى. ماۋۇ ئاداش ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئەجەب غەش قىلدى دېسە. ئۇ زادى نېمە دېمەكچىدۇ؟

ـــ تلماكا چەكمەمسەن؟
ـــ چېكەي!
ـــ ماۋۇ ئىشىڭ بولىدۇ، ئوغۇل بالا دېگەن ھەممە ئىشنى قىلىپ بېقىشى كېرەك. ساڭا دېسەم، سەنچۇ... كىتابلىتىن باشقا ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەيسەن. مۇشۇ مىجەزىڭ قاچانمۇ ئۆزگىرەركىنتاڭ؟
ـــ بۇ گېپىڭنى قوي، ھەر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ تۇتقان يولى بولىدۇ. نەق گەپكە كېلەيلى، زادى نېمە دېمەكچىدىڭ؟
ـــ ئالدىرىما، بىرەر رومكىدىن قېقىۋالايلى.
ـــ ياق، ئىچىشتىن بۇرۇن دە! كاللام سىلق ۋاقتىدا ئاڭلاي.
ـــ دىلبەر بىلەن مۇنداقلا ئارىلىشىۋاتامسەن يا توي قىلىش مەقسىتىدە رەسمىي يۈرۈۋاتامسەن؟
ـــ مۇنداقلا دېگىنىڭ نېمىسى؟ مەن بىرەر قىز بىلەن توي قىلىشنى نىيەت قىلمىسام، ھەرگىز ئارىلاشمايمەن.
ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئالدىدىكى بىر رومكا هاراقنى گۈپپىلا ئىچىۋەتتى.
ـــ كىتاب ئوقۇغان ئادەم مۇشۇنداق بولىدۇ ـــ دە. دىلبەر بىلەن توي قىلىش قارارىغا كەلدىڭمۇ؟
ـــ ياق تېخى.
ـــ مېنىڭچە، بۇ ئىشقا ئالدىرىمىغىنىڭ ئوبدان بولۇپتۇ. مېنى جان دوست ئاغىنەڭ دەپ قارىساڭ، ساڭا قىلىدىغان نەسىھەتىم... بۇ يولدىن ۋاقتىدا توختاپ قال.
ـــ نېمىشقا مۇنداق دەيسەن؟
ـــ دىلبەر بەك چىرايلىق، كېيىن ئۇ ساڭا ۋاپا قىلمايدۇ.
ـــ ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. مەن ئۇنى بىلىمەن، ئۇ ئۇنداق قىلمايدۇ. چىرايلىق قىز بولسىلا، ئۇجەن كۆڭۈل بولۇشى ناتايىن. ئادەمنىڭ قىلىداق

بولۇشى ئۇنىڭ كۆڭلىگە باغلىق. بەزى قىزلارنىڭ تەبىئىتى تۇغما ياخشى بولىدۇ. دىلبەر دەل ئاشۇنداق قىز. مەن ئۇنىڭ ساداقىتىگە ئىشىنىمەن. ئۇ ئۇنداق ھېلىگەر، ئىككى يۈزلىمە قىز ئەمەس.

— بۇ پەقەت سېنىڭ ھازىرقى سەزگۈڭ. ئادەم ھامان ئۆزگىرىدۇ. دىلبەر باشقىلارنىڭ كۆزىگە بەك يېقىن، ئۇنىڭغا كۆز تاشلايدىغانلار بەك كۆپ. مۇھەببەت دېگەن ئەبەدىي بولمايدۇ. ھەرقانداق كۆيدۈم — پىشتىم دېگەنلەرمۇ ئىككى يىلدىن كېيىن سوۋۇيدۇ.

— مۇھەببەت سوۋۇغان بىلەن نىكاھ كۈچىدىن قالمايدۇ. نىكاھ يەنىلا ئەر — ئايالنى بىر — بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ.

— ناتايىن. مۇھەببەت سوۋۇغان چاغدا نىكاھنىڭمۇ رولى ئاجىزلىشىدۇ. ئاشۇ چاغدا ئەر ياكى ئايال ئۈچىنچى شەخسنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ساداقىتى سۇسلىشىدۇ. دىلبەرنى كېيىن ساڭا ۋاپا قىلماي قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. سېنى قەستەنگە سوۋۇتۇۋاتقىنىم يوق. كۆڭلۈمنى توغرا چۈشەنگىن. مۇشۇنداق مۇھىم ئىشتا بىر چەتتە قاراپ تۇرغۇم كەلمىدى.

— ماڭا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭگە رەھمەت، ئاداش. مەندىمۇ مۇشۇنداق ئەندىشە يوق ئەمەس. ھازىرمۇ دىلبەرگە كۆز تاشلايدىغانلار بەك كۆپ. سەنمۇ بىلىسەن، رۇقىيە يۈرىكىمگە بەكلا چوڭقۇر ئورنىشىپ كېتىپتىكەن. ئۇقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىپ، ھېچكىمگە كۆڭلۈم تارتمىغان. راست گېپىمنى قىلسام، ھازىر دىلبەرگە كۆڭلۈم چۈشۈپ قاپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالسام، يەنە بىرسىنى ياخشى كۆرەلىشىمگە كۆزۈم يەتمەيدۇ.

— مانا بۇ سېنىڭ ئاجىزلىقىڭ. سەن بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالساڭ، مەجنۇنلارچە ئاشىق بولۇپ كېتىدىكەنسەن، ئۆزۈڭگە ئازراقمۇ چېكىنىش يولى قالدۇرمايدىكەنسەن. ھايات دېگەن قىسقا، بىر قىزنى دەپ بىر ئۆمۈر ئازاب چېكىشكە ئەرزىمەيدۇ. رۇقىيەنى ھازىرغىچە ئاغزىڭدىن چۈشۈرمەيسەن. ئۇ ئاللىقاچان توي قىلىپ بولدىغۇ؟ ئۇنى يەنە ئويلاپ نېمە

قىلىسەن؟

— بۇ مېنىڭ ئىختىيارىم ئەمەس. مەن مۇشۇنداق يارالغان بولسام كېرەك. مېنىڭچە، بىردەم ئۇ قىز بىلەن، بىردەم بۇ قىز بىلەن ئارىلىشىپ، ھېچكىمنى تۈزۈكرەك ياخشى كۆرەلمەي ياشىغاندىن، بىرلا قىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يېتەلمەي ئۆمۈر بويى ھەسرەت چەكسىمۇ، يەنىلا مۇشۇنى ئەۋزەل كۆرىمەن. ھېچكىمنى ھەقىقىي سۆيمىگەن ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى قۇپقۇرۇق بولىدۇ. مەن رۇقىيەنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆردۈم، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىدىم. بىراق بۇ ئۆمرۈمدە خۇدانىڭ ماڭا مۇشۇنداق ھەقىقىي سۆيگۈنى ئاتا قىلغانلىقىدىن مىننەتدار بولىمەن. بۇ مېنىڭ ھاياتىمنىڭ مەنىسى. ھازىر خۇدادىن ماڭا دىلبەرگە بولغان تېخىمۇ چوڭقۇر مۇھەببەتنى ئاتا قىلىشنى تىلەۋاتىمەن. ئۇنىڭ بىلەن توي قىلالىسام، ھەرگىز پۇشايمىنىم يوق.

— ئادەمنىڭ ئىشتىيى تۇتۇپ، ھاراق ئىچىۋاتقان ۋاقىتتا خۇدانىڭ نامىنى تىلغا ئالمىغىنە.

— ھازىرغىچە يىگىرمە نەچچە قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىپ بولۇپسەن، شۇنچىۋالا قىزنى ئەخمەق ئېتىپ يۈرۈپ، سەنمۇ خۇدادىن قورقامسەن؟

— قورقىمەن، ئاداش، خۇدادىن قورقمايدىغان كىم بار دەيسەن. ئادەمنى تولا ئەيىبلەۋەرمىگىنە. قىزلار ئادەمنى چۆرگىلەپ نېرى كېتەلمىسە، قانداق قىلىسەن. كۆڭلى خۇش بولۇپ قالسۇن دەپ ئارىلىشىپ قويىدۇق شۇ. ھەممىلا ئادەم ساڭا ئوخشاش ھەممىلا ئىشقا ئەستايىدىل بولىمەن دەپ ئازابلىنىپ يۈرمەيدۇ — دە. ئون بەش كۈنلۈك ئالەم بۇ، خۇشال — خۇرام، ئويناپ — كۈلۈپ ياشىمامسەن. بوپتۇ، سەنمۇ دىلبەر بىلەن ئارىلىشىپ باق، ھازىرچە توي دېگەننى خىيال قىلما. كېيىن كۆڭلۈڭ تارتسا، قىلارسەن، بولمىسا، تاشلىۋەتسەڭمۇ بولىدىغۇ. بېشىڭدىن بىر قېتىم ئۆتتى، شۇنداق بولغاندىكىن، بەكلا مەپتۇن بولۇپ كەتمە.

— مۇنداق دېسەڭ، مېنىڭ ھېسسىياتىمغا ھاقارەت قىلغان بولسەن، دىلبەرگە ھۆرمەت قىلمىغان بولسەن.
— سېنىڭچە، دىلبەر پاكمۇ؟
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟
— ئۇ بۇرۇن ھېچكىم بىلەن يۈرمىگەنمۇ؟
— نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىرسى بىلەن يۈرۈپتىكەن.
— يېقىندىلا بىرسى بىلەن يۈرگەنلىكىنى بىلمەيدىكەنسەن ـ دە؟
— ھاراق ئىچىۋېلىپ، قالايمىقان سۆزلىسەڭ بولمايدۇ ـ ھە؟ سەن تولا چاقچاق قىلما، ئۇ بۇ ھەقتە ماڭا ھېچنېمە دېمىدىغۇ؟
— كىتابىڭدىن بېشىڭنى كۆتۈرمىگەندىكىن، ئەلۋەتتە، ھېچنېمىنى بىلمەيسەن ـ دە. دىلبەرنىڭ يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇنىڭ بىلەن نە ـ نەلەردە يۈرگەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. سەنمىچۇ، ھەي... ي... يۈرمەكچى بولغان قىزىڭنىڭ تارىخىنى نېمىشقا سۈرۈشتۈرۈپ باقمايسەن؟ ھوي... توي ئىشى دېگەندىچۇ، تولا ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتمە.
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپلا كەتتى. دىلبەر بۇ ھەقتە ماڭا ئېغىز ئاچماپتۇ دېسە. ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشنى يوشۇرغاندۇ؟ راستىنلا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ قويۇپتىمەن. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىنى ياخشىراق سۈرۈشتۈرۈپ باقمىدىغان ئىشكەن. ئۇنىڭ مەندىن يوشۇرغان يەنە قانداق ئىشلىرى باردۇ؟ ھەممىلا يىگىت مەپتۇن بولۇپ تۇرغاندىكىن، ئۇنىڭ ئۆزىنى پاك تۇتالىشى تەس. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىشىم كېرەكمۇ؟
— بۇ ئىشلارنى ساڭا دېمەي دېگەن ئىدىم. مەن دېمىسەممۇ بەرىبىر باشقىلاردىن ئاڭلايسەن. بۇ ئىشنى قانچىكى كېچىكىپ ئاڭلىساڭ، ساڭا شۇنچە قاتتىق زەربە بولىدۇ. ئىشىڭلارغا قەستەنگە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقىنىم يوق، بۇنى توغرا چۈشەن. بۇ ئىشلارنى توي قىلىپ بولغاندىن

كېيىن ئۇقساڭ، دىلبەرنىڭ سەممىيلىكىدىن تېخىمۇ بەك گۇمان قىلىسەن. ئۇ چاغدا ئايالدىن ئايرىلىپ كېتىش، يۈرۈۋاتقان قىزدىن ئايرىلىپ كېتىشتەك ئۇنداق ئاسانغا توختىمايدۇ.

ئاچچىق هاراق كۆزۈمگە شەربەت كۆرۈندى. ئىچەي، ئىچىمدىكى بۇ ئاچچىقنى مۇشۇ ئاچچىق هاراق بىلەن باساي. مەن ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر ئاشكارىلاندى. هازىر قىزلار ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلاپلا مۇهەببەتلىشىۋاتسا، ئەركەك چىۋىنمۇ قونمىغان قىزنى تېپىش مۇمكىنمۇ؟ ئۆزۈممۇ نەچچە يىلدىن بۇيان رۇقىيەگە ئاشىق بولۇپ يۈردۈمغۇ؟ شۇنداقتىمۇ دىلبەرنىڭ بۇ ئىشنى قىلىداقمۇ بىلمەسكە سېلىپ يۈرگىلى بولسۇن؟ ئەگەر هەسەننىڭ ئاڭلىغىنى دىلبەر هەققىدىكى يالغان سۆز ـ چۆچەكلەر بولسىچۇ؟ ئاق نەرسىگە داغ ئاسان يۇقىدۇ، چىرايلىق قىزلارغا بەتنام ئاسان چاپلىشىدۇ، ئۇلارغا تەلپۈنىدىغانلارمۇ، هەسەت قىلىدىغانلارمۇ كۆپ بولىدۇ.

ــ جىمىپ كەتتىڭغۇ؟ مەندىن رەنجىپ قالمىغانسەن؟

ــ ياقەي... نېمىشقا رەنجىيتتىم، سەن ماڭا چوڭ ياردەم قىلغان تۇرساڭ.

ــ بۇ دۇنيا مۇشۇنداقكەن، ئاداش. كونىلار چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ دەپ ناهايىتى توغرا ئېيتىپتىكەن. بىر ئەر خوتۇنىغا خىيانەت قىلسا، بۇنى خوتۇنىنىڭ يېقىن دوستلىرى، هەتتا ئەرنىڭ دوستلىرى بىلسىمۇ دېمەيدىكەن. سەۋەبى ئۆيى بۇزۇلمىسۇن دەيدۇ شۇ. بۇگۈن بۇ ئىشنى ساڭا دەپ خاتا قىلغاندىمەن. بىراق سېنى يېقىن دوستۇم دەپ بىلگەچكە، دېمەي يۈرۈۋېرىشكە ۋىجدانىم چىدىمىدى.

ئادەم بۇ جاهاندا بەختلىك بولىمەن دېسە، هېچنېمىنى بىلمەسلىكى، هېچنېمىنى ئويلىماسلىقى كېرەك ئىكەن. بىر قىز بىلەن توي قىلىپ، بىر ئۆمۈر ئازابلانماي خاتىرجەم ياشايمەن دېسە، ئۇنىڭ هېچقانداق ئىشنى بىلمەسلىكى، خىيال قىلماسلىقى كېرەك ئىكەن. مەنمۇ دىلبەرنىڭ بۇ-

رۇنقى ئىشلىرىنى بىلمىگەن چېغىمدا خۇشال ئىدىم، ملنا ئەمدى بىلىپلا ئازابلىنىۋاتىمەن. ھاراق ئىچكەنسېرى كۆڭلۈم بۇزۇلغىلى تۇردى. مەن نېمانچە بىتەلەي ــ ھە؟ مەن ئەتىۋارلاپ، قەدىرلەپ كېلىۋاتقان سۆيۈملۈك دىلبىرىمگىمۇ گۇمان چۈشتى. مەن ئۇنىڭغا پاك پېتىچە ئېرىشىشتە يەنە نەچچە قەدەملا كېچىكىپ قاپتىمەن. ئەمدى ئىككىمىزنىڭ توي قىلالىشىدىن نېمە ئۈمىد بولسۇن؟

ــ ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟

ــ سورىمايلا قويە. ئەسلى بۇ گەپلەرنى دېمىسەم بولۇپتىكەن. بىكارلا ئىچىڭنى ئاچچىق قىلىپ قويدۇم.

ــ بۇ ئىشنى بىلگەندىكىن، ئەمدى تولۇق بىلەي.

ــ بولدىلا، بەكلا تەڭلىكتە قالدىم. بۇنى ئەڭ ياخشىسى... دىلبەر-نىڭ ئۆزىدىن سورا.

※ ※ ※

بۇ ئىشنى دىلبەردىن سورىسام، ئۇنىڭ غۇرۇرى ئازار يەيدۇ. گۇمانىم گۇمان پېتىچە قېلىۋەرسە، مېنىڭ غۇرۇرۇم دەپسەندە بولىدۇ. ئۇ نېمە ئۈچۈن ماڭا بۇ ھەقتە چۈشەندۈرۈش بەرمىدىكىنە؟ قورققان يەردە چوقۇم جىن بار.

شەنبە كۈنى كەچقۇرۇن دىلبەرنى ئىزدەپ ياتىقىغا باردىم. ئۇ يالغۇز بولۇپ، كىيىملىرىنى يۇيۇۋاتقان ئىكەن. ئۇ داس، چېلەكلەرنى يىغىشتۇ-رۇپ قويۇپ يېنىمغا كەلدى.

ــ سىزنى يېزىغا كەتتىمىكىن دەپتىمەن، ــ دېدى ئۇ. مەن ئۇنىڭغا قاراپ قويدۇم ــ يۇ، ئۈندىمىدىم.

ــ نېمە بولدى، خاپا كۆرۈنىسىزغۇ؟

— ئەنۋەرنى تونۇمسىز؟ — دېدىم تولۇق ھالەتتە.
— قايسى ئەنۋەرنى دەيسىز؟
— مۇئارىپ ئىدارىسىدىكى ئەنۋەرنىچۇ؟
— تونۇيمەن، بىز ئۇنىڭ بىلەن بىر يەرلىك. ئۇنىڭغا نېمە بولۇپتۇ؟
— ئۇنىڭ بىلەن ھازىرمۇ ئارىلىشامسىز؟
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ بىر يۇرتلۇقنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئانچە-مۇنچە ئىزدىشىپ قويىمىز شۇ. ھە، نېمە بولۇپتۇ؟
— يەنە نېمە بوپتۇ دەيسىزغۇ؟ سىز ئۇنىڭ بىلەن يۈرگەنمۇ؟
ئۇ بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى...
— سىزنى نېمىگە مۇنچە خاپىكەن دېسەم، ئەسلىدە مۇشۇ ئىشمىدى؟ ئۇلتۇرۇڭ، ئادەمنى قورقۇتماي، ئولتۇرۇپ گەپ قىلىڭە.
ئۇ چاي دەملەپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ھېلىراقتىكى كۈلكىنىڭ ئىپادىسى تېخى كەتمىگەن ئىدى. ئۇ ئۇدۇلۇمدىكى كارىۋاتقا ئولتۇرۇپ، ماڭا سىنچىلاپ قاراپ قويدى.
— سىزمۇ بىلىسىز، مەن سىزدىن قايسى ئىشنى يوشۇرۇپ باققان؟ مەن ئەنۋەر بىلەن يۈرگەن بولسام، سىزگە يۈردۈم دەيتتىم. بۇ خەقنىڭ ئاغزىنى بىلمەمسىز، بىرەرسى بىلەن بىللە تۇرۇپ بىردەم پاراڭلىشىپ قويسىمۇ، يۈردى دەپ گەپ تېپىۋاتقان.
ئۇ بىر پىيالە چاينى ئالدىمغا قويدى.
— يۇرتداش بولغاندىكىن توي - تۆكۈن، سەيلە - سىياھەتلەردە كۆپرەك بىللە بولۇپ قالىدىغان گەپكەن. بىللە بولسىلا، يۈرگەن بولۇپ قالامدۇ ئەمدى. بۇ خەقنىڭ ئاغزىنىزە.
ھەسەننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپلا ئىشەنگەن ئىدىم. مانا ئەمدى دىلبەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپمۇ ئىشىنىپ قېلىۋاتاتتىم. بۇلارنىڭ زادى قايسىسىنىڭ سۆزى راستتۇ؟ مەن دىلبەرنىڭ تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇرغان

چىرايىغا قاراپ قويدۇم. ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزىدە ساختىلىق، ئالدامچىلىقتىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى.

ھەسەننىڭ ئاغزىغا نېمە تىقىۋەتسەم بولار؟ ھەممە ئىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك گەپلەرنى قىلغىنىنى قارا! ئۇنىڭ ئاشۇنداق يەڭگىل مىجەزى قاچانمۇ ئۆزگىرەركىنتاڭ؟ ئۇنىڭ يا پۈتى جىم تۇرمىغان، يا ئاغزى بېسىلمىغان. قاراپ تۇرۇپ ئادەمنىڭ ئىچىنى ئەجەب ئاچچىق قىلدى دېسە؟

— كىيىملىرىڭىزنى ئالغاچ كەلگەن بولسىڭىز، يۇيۇپ بەرگەن بولسام بوپتىكەن.

— رەھمەت، ئۆزۈم يۇيۇۋالىمەن.

— تىلاق ئېتىپ بېرەيمۇ؟

— بولدى، سىزنى ئاۋارە قىلماي.

— سىز مېنى يەنىلا يات كۆرىدىكەنسىز.

— ئۇنداق ئەمەس، سىزنى ئازراقمۇ جاپا تارتقۇزغۇم يوق. يۇرىگە، كوچىغا چىقىپ تىلاق يەيلى، كىيىملىرىڭىزنى قايتىپ كىرىپ يۇيۇۋېلىڭ.

ئۇ ئورنىدىن تۇردى. مەن ئىشىك يېنىغا بېرىپ، شاققىدە كەينىمگە قايرىلدىم. ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئىللىق ئالقىنىنى ئىسسىق ئالقانلىرىم ئارىسىغا ئالدىم، كۆزلىرىگە بىر ھازاغىچە تەلمۈرۈپ قاراپ كەتتىم. ئىچ ـ ئىچىمدىن پارتلاپ چىققان ئامراقلىقىمنى باسالماي، ئۇنى باغرىمغا مەھكەم باستىم. كۈچلۈك ھاياجاندىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم تىترەپ كەتتى...

مەن دىلبەرنىڭ قولىنىمۇ تۇتماي، پاك ـ غۇبارسىز پېتىچە ئەمرىمگە ئېلىشنى نىيەت قىلغان ئىدىم. لېكىن بۈگۈن راستتىنلا ئۆزۈمنى باسالماي قالدىم. مەن كۆكرىكىمگە يۈزىنى يېقىپ تۇرغان گۈزەل پەرىزاتنىڭ لېۋىگە قاراپ قويدۇم. بۇ لەۋلەر راستتىنلا پاكمىدۇ؟ شۇ پەيتتە رۇقىيەنى تۇنجى قېتىم باغرىمغا بېسىپ سۆيگىنىم يادىمغا يەتتى. دىلبەرنىڭ بېلىنى قويۇپ

بەردىم، يۈرىكىم ئازاب ئىچىدە ئۆرتەندى. مەن نېمىشقا دىلبەرنىڭ لېۋىگە قارىغاندىمەن؟ نېمىشقا رۇقىيەنى سۆيگەننى ئويلاپ قالغاندىمەن؟ مەن ئىلگىرى رۇقىيەگە ئاشىق بولغاندەك، دىلبەرمۇ بۇرۇن بىرەر يىگىتنىڭ ئوتىدا كۆيگەنمىدۇ؟ ئاشۇ يىگىت ھازىرمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدە بارمىدۇ؟ دىلبەر-نىڭ بېلىدىن قۇچاقلىغان قوللىرىم جانسىز ھالەتتە پەسكە ساڭگىلاپ قالدى.

ياتاقتىن چىقتۇق. يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان چەكسىز بوشلۇققا قاراپ، زەررىچىلىك ناپاكلىقنى سىغدۇرالمىۋاتقان قەلبىم بىر ئاز كېڭىيىپ قالغاندەك بولدى. ئۆتمۈشۈڭنى ئويلىما، دىلبەرنىڭمۇ ئۆتمۈشىنى ئۇنتۇپ كەت. بۇ دۇنيادا مۇتلەق غۇبارسىز ئادەم يوق. ئەگەر سەن مۇتلەق پاكلىقنى ئىزدىسەڭ، بۇ دۇنيادىن بويتاق پېتىچە ئۆتۈپ كەت!

مەنمۇ، دىلبەرمۇ ئۈن – تىنسىز ئىدۇق. قارشى تەرەپتىن كەلگەن بىرەيلەن دىلبەرگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. دىلبەر يۈرىكىمدىكى ئەنسىزلىكنى سەزگەندەك ماڭا قىيا باقتى. مەن نېمىشقا دىلبەرنىڭ ھەمراھلىقى بەخش ئەتكەن شېرىن ھېس – تۇيغۇلاردىن بەھرە ئالمايمەن؟ ئۇ قولىنى جەينىكىمدىن ئۆتكۈزۈپ، ماڭا يېپىشىپ ماڭدى. مەن ئۇنىڭ قىزغۇچ لەۋلىرىگە يەنە قاراپ قويدۇم. ئۇنىڭ بۇ ئامراقلىقى مېنىڭ سوۋۇۋاتقان يۈرىكىمنى ئىللىتىش ئۈچۈنمۇ ياكى... شۇ پەيتتە ئەختەتنىڭ سۆزلىرى يادىمغا كېلىپ قالدى: «دىلبەر بەك چىرايلىق، كېيىن ساڭا ۋاپا قىلمايدۇ...»

بەدىنىم بىردىنلا تىكەنلەشكەندەك بولدى. دىلبەرنىڭ قولىدىن قو-لۇمنى ئاجرىتىۋالغۇم كەلدى. دىلبەرنىڭ گەپلىرى راستمىدۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن ئەنۋەر ئوتتۇرىسىدا پەقەت يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتىلا بارمىدۇ؟

— نېمە بولدىڭىز، ئەجەب جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟ — خىياللىرىم ئۇنىڭدىمۇ ئاشۇنداق خىياللارنى ئويغاتتىمۇ قانداق، ئۇ بىر سوغۇقلۇقنى

سەزگەندەك قولىنى قولتۇقۇمدىن ئاستا سۇغۇرۇپ چىقىرىۋالدى، — نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسىز؟

— ھېچنېمىنى... ئۆزۈمچە... مەن... دائىم مۇشۇنداق.

دىلبەر بىلەن توي قىلىدىغىنىمنى خىيال قىلغىنىمدا، مېنى يەنە قورقۇنچ باستى. ئۇ بەكلا چىرايلىق، ئۇ ھامان بىر كۈنى مېنى تاشلاپ كېتىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى بالدۇرراق تارتقىنىم تۈزۈك. ھەي... مەن نېمىشقا كېيىنكى ئىشلار ئۈستىدە غەم يەپ، ئىچىمنى ئاچچىق قىلىدىغاندىمەن؟ دىلبەر ھازىر مېنىڭ يېنىمدا تۇرمامدۇ مانا. مەن نېمىشقا ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسن — جامالىدىن، مېھىر — مۇھەببىتىدىن ھۇزۇر ئالمايمەن؟ كېيىنكى ئىشلار خۇداغا ئامانەت، ھەممە ئادەم باشقا كەلگەندە باقۇر.

تاماقتىن كېيىن دىلبەرنى ياتىقىغا ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن بىللە ماڭدىم. بىز ئوت — چۆپلەر تەكشى ئۆسكەن ئېرىق بويىغا كېلىپ توختاپ قالدۇق.

— كۆڭلىڭىزدە يېشىلمەيۋاتقان بىر تۈگۈن بار، — دېدى دىلبەر توختاپ، — بۈگۈن بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ماڭا دەپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ. سىز نېمىگە مۇنچە پەرىشان، غەمكىن يۈرىسىز؟

ئەتراپ يۇلتۇزلارنىڭ گىرىمسەن نۇرىدا خىرە — شىرە يورۇپ تۇراتتى. شەھەرنىڭ شەرقىدىكى بۇ خىلۋەت كوچىدىن ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئادەملەرمۇ يوق ئىدى. بىز بۆككىدە دەرەخلەر ئاستىدا ئولتۇردۇق. مەن دىلبەرنىڭ ئالدىدا ھەسرەتلىرىمنى بىرمۇبىر بايان قىلىپ تۆكتەلەيتتىممۇ؟ ئەمدى مەن ئۇنىڭغا رۇقىيەگە ئاشىق بولغانلىقىمنى، بۇ ئاشىقلىق بالاسىدا تارتقان خور-لۇقلىرىمنى سۆزلەپ بېرەيمۇ؟ يوتقان، جىگدە، رەسىمنى رۇقىيەگە ئاپلاندۇ-رۇپ، خىيالىي دۇنيادا ھۇزۇرلانغانلىقىمنى تەسۋىرلەپ بېرەيمۇ؟ باش كۆتۈر-مەي كىتاب ئوقۇپ، يېزىقچىلىق، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، ماغدۇ-

رۇمدىن قالغىنىمنى، مانا ئەمدى قولۇمنىڭمۇ تىترەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرەيمۇ؟... بۇلارنىڭ قايسىسىنى دەي، زادى قايسىسىنى با-يان قىلىپ بېرەي؟

— سورىماڭ... — دېدىم مۇجمەللا قىلىپ، — سىز يېنىمدا بار تۇرسىڭىز، ھېچنېمىنى ئويلىغۇم، ھېچنېمىنى سۆزلىگۈم يوق.

ئۇنىڭ قولىنى ئالقىنىمغا ئېلىپ مەھكەم سىقتىم. دىلبەرگە ئەزەلدىن مۇنداق ئامراقلىقىم كېلىپ باقمىغان ئىدى.

— سورىماڭ، — دېدىم كۆزلىرىنى يۇمۇپ، — مۇمكىن بولسا، بۇ دۇنيانىڭ بارلىق قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكۈم بار، بىردەم بولسىمۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ، غەم - ئەندىشىسىز ياشىغۇم بار؛ مۇمكىن بولسا، سىزمۇ ھېچنېمىنى ئويلىماڭ، ھېچنېمىنى دېمەڭ.

دىلبەر بېشىنى يوتامغا ئاستا قويۇپ ياتتى. ئۇ ئەزەلدىن مۇنچە ئىنتايىن مۇلايىم بولۇپ باقمىغان ئىدى. مەن پۈتۈن ئىشتىياقىم بىلەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلىدىم. ئۇ ئوت - چۆپلەر ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ياتتى. سۇلياۋ خالتىدىكى يەل - يېمىشلەر ئارىسىدىن بىر تال ئالمىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قويۇپ قويدۇم.

— قاراڭ، — دېدىم ئۇنى نوقۇشلاپ، — باشقا قىزلارنىڭ ئىككى ئالمىسى بولسا، سىزنىڭ ئۈچ ئالمىڭىز بار ئىكەن.

— قېلىن! — ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ، ئۇدۇل كەلگەن يېرىمگە شا-پىلاقلاپ كەتتى.

— بىرنى ماڭا بېرىڭە، سېغىنغاندا پۇرارمەن.

— ھەي! قېلىن، بولدى قىلىڭ.

— ماڭا بەرمىسىڭىز، سېىستىپ قويماي، ئوبدان ساقلاڭ - ھە؟

— ئادەمنى خىجىل قىلماي، بولدى قىلىڭ دەيمەن.

ئۇ بېلىمدىن مەھكەم قۇچاقلاپ، يۈزىنى يەنە يوتامغا قويۇپ ياتتى.

مۇقەددەس نەرسىگە قول تەگكۈزۈشكە ئەيمەنگەندەك ئۇنىڭ يۇمران بىلىنى ئاستا تۇتتۇم...

ئىسىمگە كەلسەم، دەرەخلەر ئاستىدىكى ئىرىق بويىدا ئولتۇرۇپتىمىز.

— سىز مېنىڭ، سىزنىڭ ھەممە نېمىڭىز مېنىڭ. سىز بەكلا چىرايلىق، سىزگە كۆز تاشلايدىغانلار بەكلا كۆپ. سىزگە قارايدىغانلارنىڭ كۆزى ئىقىپ كەتسە دەيمەن.

— ئۇنداق دېمەڭ...

— كىنوخانىغا كىرسەك، چالما ئاتسا، يولدا تونۇشلىرىڭىز سىزنى پاراڭغا تۇتسا، باشقىلار ھە دېگەندە سىزگە مۇھەببەت خېتى يازسا، كوچىغا چىقسىڭىز، باشقىلار سىزدىن كۆزنى ئالالمايۋاتسا، مەن سىزدىن خاتىرجەم بولالمايدىكەنمەن. مۇشۇنداق بولىۋەرسە، ھامان بىر كۈنى مېنى تاشلاپ كېتەمسىزكىن دەيمەن.

— سىزدىكى پەرىشانلىقنىڭ سەۋەبى بۇ ئەمەسقۇ دەيمەن؟ — دېدى ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ، — مەن سىز بىلەن تونۇشقاندا مۇشۇنداق ئىدىڭىز، قارىسام، ھازىرغىچە ئۆزگەرمىدىڭىز. مەن سىزنى خۇشال قىلالمىدىممۇ؟

— نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز؟ يەنە نېمە سەۋەب بولسۇن؟

— بۇرۇن سىز بىرسى بىلەن مۇھەببەتلەشكەنمۇ؟

يۈرىكىم جىغىدە قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتە سورىشىنى پەقەت ئويلىمىغان ئىدىم. دىلبەرنىڭ ئالدىدا رۇقىيە بىلەن بولغان ئىشلارنى تۇگۈل، ھەتتا ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ ئىغىزدىن چىقارغىلى بولسۇنمۇ؟

— خىجىل بولماي دەۋېرىڭ، مەن ھەممىنى توغرا چۈشىنىمەن.

— ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا بىر قىزنى ياخشى كۆرگەن. ئەمما... ئۇنىڭ بىلەن يۈرمىگەن...

— نېمىشقا ئەمدى؟ ياخشى كۆرگەندىكىن نېمىشقا يۈرمەيسىز؟

خورلۇق ھېسسىياتى يۈرىكىمنى قايتا قامالىلىدى. رۇقىيەگە مۇھەببەت ئىزھار قىلغان ئاشۇ چاغ يادىمغا يەتتى. شۇ پەيتتە دىلبەرنىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلەپ، رۇقىيەنى پەسلەشتۈرگۈم كەلمىدى. پەقەت راست گەپ قىلسىلا، كۆڭلۈم ئارام تاپىدىغانلىقى ئۆزۈمگە ئايان بولدى.

— مەن ئۇنىڭغا تەلەپ قويغان... ئەمما ئۇ... قوشۇلمىغان.

— نېمىشقا؟

— ئۇ قەشقەرنىڭ بىر چەت يېزىسىدىن ئىدى... ئىككىمىز ئىككى يىراق يۇرتتىن. شۇڭا ئۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ دەپ قوشۇلمىدى.

— سىز قالسىڭىز ياكى ئۇ كەلسە بولاتتىغۇ؟

ئۈنۈم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. بۇ گەپكە ئەمدى نېمە دېگۈلۈك ؟

— ئۇ مېنى ياخشى كۆرمىسە كېرەك... — دېدىم راست گەپنى ئېيتىپ، — بۇمۇ مېنىڭ شور پېشانەمدىن بولغان ئىش. مەن بۇنىڭدىن ھازىرغىچە خورلۇق ھېس قىلىمەن.

دىلبەر قولۇمنى ئالقىنىغا ئېلىپ، مېھرى بىلەن سىلىدى:

— ئۇنچىلىك قىلىپ كەتمەڭ، تۇرمۇشتا ئۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ سىزنى ياخشى كۆرمىگەن بولسا، مانا مەن تۇرۇۋېتىمەنغۇ؟ سىزنىڭ قىممىتىڭىز ئاشۇ بىر قىزغىلا باغلىق ئەمەسقۇ؟

— رەھمەت، سىز ماڭا قايتىدىن ئىشەنچ، ئۈمىد ئاتا قىلدىڭىز.

— ئۇ قىزنىڭ ئىسمى نېمىدى؟

— رۇقىيە... رەنجىمەڭ — ھە، ئەسلىدە بۇ ئىشلارنى سىزگە دېمەسلىكىم كېرەك ئىدى. سىز سوراپ تۇرىۋالدىڭىز. كۆڭلىڭىزنى غەش قىلىپ قويدۇمغۇ دەيمەن.

ئۇ زورىغا كۈلۈمسىرىدى...

— ياقەي... توي قىلىشتىن ئىلگىرى بىر — بىرىمىزنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىمىزنى بىلگىنىمىز تۈزۈك. كۆڭۈل كۆتۈرسە، توي قىلىدىغان گەپ.

بۇ ئىشلارنى يوشۇرغان بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئاڭلىساق، ئوتتۇردا بىكار ئارازچىلىق كېلىپ چىقىدۇ.

دىلبەر رۇقىيە بىلەن بولغان ئىشلارنى ئاڭلىسا، مەندىن قېيىدايدۇ دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئىشقا بۇ قەدەر كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى مېنى ھەيران قالدۇردى ھەمدە بىر ئاز غەلىتە تۇيۇلدى. دىلبەر مېنى ياخشى كۆرسە، كۆڭلى ئازراق بولسىمۇ غەش بولاتتى، بىراق ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە ھېچبىر ئىپادە يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىمۇ بۇرۇن باشقا بىرى بىلەن مۇھەببەتلەشكەن بولغاچقا، ئەمدى تەڭلەشتۇق دەپ ئويلىسا كېرەك. لېكىن مەن رۇقىيە بىلەن مۇھەببەتلەشمىگەن ئىدىم.

— پەرىزىم توغرا ئىكەن، غۇرۇرىڭىزنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ماڭا ئايان. شۇنچە يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، سىزنىڭ بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇماي، ھەسرەت چېكىپ يۈرگەنلىكىڭىزگە ھەيرانمەن. قارىغاندا، ھازىرغىچە ئۇ قىزنى ئۇنتۇيالماپسىز — دە؟

مەن دىلبەرنى ئىنتايىن بىغەم، پەرۋاسىز دەپ قاراپ كەلگەن ئىدىم، ئەكسىچە ئۇ ناھايىتى سەزگۈر ئىكەن. ئۇ يۈرىكىمدە ساقلاپ كەلدىم دەپ يۈرگەن سىرلىرىمنى ئاللىقاچان بىلىپ بولۇپتۇ. مېنىڭ ھەر دائىم مۇڭ-ھەسرەت كەتمەيدىغان بۇ سولغۇن چىرايىم ئاللىقاچان ھەممىنى ئاشكارىلىۋەتكەن ئىكەن. مەن زۇۋان سۈرمىدىم، ئەمدى سۆزلىسەم، يالغان ئېيتىپ قويارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرىدىم.

— گېپىم توغرىمۇ؟

دىلبەرنىڭ قەدەممۇ قەدەم قىستاپ كېلىشى بىلەن بۇ ئىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرمىسلىم بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ ئالدىدا رۇقىيەنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدىغانلىقىمنى قانداقمۇ ئېتىراپ قىلغىلى بولسۇن؟

— ھازىر يۈرىكىمدە مىللەتنىڭ ھەسرىتىمۇ بار. مىللىتىمىزدىكى نامراتلىق، قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان نادانلىق تۈگىتىلمىسە، مەن

يەنىلا خۇشال بولالمىغۇدەكمەن.

— سىزگە ئوخشاش كۆپ كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەملەر مۇشۇنداق دەرد-ھەسرەتكە مۇپتىلا بولىدۇ، — ئۇ ئەتراپقا قاراپ قويدى، — قايتىمىزمۇ، كەچ بولۇپ قالدى.

ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمىغان ھالدا ئۇنى قايتا باغرىمغا باستىم...

※ ※ ※

چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا كىتاب ئوقۇۋاتسام، ياتاقنىڭ ئىشىكى چېكىلدى. ئورنۇمدىن ئىتتىك قوپۇپ، ئىشىكنى ئاچتىم. ياتاق ئالدىدا دىلبەر كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— ياتاققا كىرىڭ، نېمىگە قاراپ تۇرىسىز؟

— بولدى، ئاپام كەپتىكەن... — دېدى ئۇ ئۇكۈلىسىزلىنىپ.

— قېنى؟ قەيەردە قالدى؟

— ئىدارىنىڭ ئالدىدىكى يولدا.

مەن بىردىنلا جىددىيلەشتىم.

— بىللە باشلاپ كىرسىڭىز بولمامدۇ؟

ئالدىراش ھالدا كوچىغا قاراپ ماڭدۇق. يولدا ئوتتۇرا ياش كەلگەن بىر ئايال ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قاراپ تۇراتتى. ئۇ بىزنىڭ ئاياغ تىۋىشىمىزنى ئاڭلاپ، ئىتتىك كەينىگە قايرىلدى - دە، ئۇستۇبېشىمغا بىر قۇر قاراپ چىقتى.

— قانداق ئەھۋاللىرى، ياخشى تۇرۇپلا... قاچان كەلگەن...

— ئەتىگەن كەپتىكەن، — دېدى دىلبەر ئالدىراپ - تېنەپ.

يەنە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. ئۇلار مېنىڭ ياتاققا باشلاي، بازارغا تاماققا ئېلىپ چىقاي دېگەن تەكلىپلىرىمنى چىرايلىقچە

رەت قىلىپ، تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ قالدى. مەن بىر ھازاغىچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھاڭۋاققىنىمچە قاراپ تۇرۇپ قالدىم.

شۇ كۈنى كەچتە دىلبەر يانىقىمغا خۇشال ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا سۆزلەپ كەتتى:

— ئاپام سىزنى ئاق كۆڭۈل، سەممىي بالىكەن دەيدۇ.

بۇ سۆزدىن يۈرىكىم شۇررىدە ئېرىپ كەتكىلى تاس قالدى. نۇرغۇن كىشىلەر مېنى مۇنداق چۈشىنىپ باقمىغان ئىدى. بۇ سۆزلەر بولغۇسى قېينانامنىڭ ئاغزىدىن چىققان بولغاچقا، قەلبىمنى تېخىمۇ بەكرەك ھاياجانغا سالدى.

— ئاپام... بىزنىڭ توي قىلىشىمىزغا قوشۇلدى.

قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالدىم، ئورنۇمدىن قانداقلارچە چاچراپ تۇرۇپ كەتكىنىمنىمۇ سەزمەي قالدىم.

— نېمە دېدىڭىز؟ توي قىلىشىمىزغا قوشۇلدى؟

ئۇ ماڭا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، ئاستا بېشىنى سالدى.

ئىختىيارسىز كۆز چاناقلىرىم ئىسسىق ياشقا تولۇپ، نەچچە تامچە ياش مەڭزىمنى بويلاپ ئاقتى. مەن دىلبەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى باغرىمغا بېسىشتىن ئەيمىنىپ، ئۆز ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ قالدىم. يۈرەك ـ باغرىمنى ئۆرتەپ چىققان ئاچچىق يىغا بوغۇزۇمغا كەپلىشىپ قالدى. مەن بېشىمنى كۆتۈرمەستىن، پەقەتلا:

— رەھمەت... رەھمەت... — دېدىم.

دىلبەر كۆزلىرىمدىن تامچىلاپ چۈشكەن ياشنى كۆرگەن بولسىمۇ، بۇ ياشنىڭ نېمە سەۋەبتىن تۆكۈلگەنلىكىنى قانداقمۇ چۈشىنەلىسۇن؟ مەن ھا- ياتىمدا ئەزەلدىن ئۆزۈمنىڭ قىممىتىنى باشقىلارنىڭ مۇنچە تولۇق چۈ- شىنىپ يەتكىنىنى ھېس قىلىپ باقمىغان ئىدىم. دىلبەرنىڭ ئاپىسى قايتىدىن كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۇنىڭ ئۆز ئاپامنىڭ چىرايىدەك ئىللىق

سىيماسى يۈرىكىمنى ئاتلىق مېھرى بىلەن ئىللىتتى.

— ئاپىڭىز ئالايىتەن مېنى كۆرۈپ باققىلى كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟

ئۇ ھۇپپىدە قىزىرىپ، كۆزىنى مەندىن ئېلىپ قاچتى.

— مەن كەل دېمىگەن... ئۆزى كەپتۇ.

— توي دېگەن ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىش. ئاپىڭىز ئېسىل ئايال ئىكەن، ئۇ سىزگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىكەن. سىز ئاپىڭىزنى بىر ئۆمۈر چوڭ كۆرسىڭىز بولغۇدەك. بىز ئانا — ئانىمىزنى بىر ئۆمۈر ھۆرمەتلەپ، كۆيۈنۈپ خىزمىتىدە بولۇشىمىز، پەرزەنتلىك بۇرچىمىزنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك.

ئۇ مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن ماڭا قىيا باقتى. مەن ئۇنىڭغا چوڭقۇر مېھىر — مۇھەببەت ھېسسىياتىم بىلەن مەستانە بولۇپ قارىدىم. ئۇ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. بۈگۈن ھەقىقەتەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمىدى. ئالدىمدا تۇرغان بۇ پەرىزات بارلىقىنى ماڭا تاپشۇرۇش قارارىغا كەلگەن ئىدى. مۇشۇ تاپتا ئۇنى باغرىمغا مەھكەم باسسام، قىنىپ — قىنىپ سۆيسەم، تاماملەن بولاتتى. بىراق ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسن-جامالى، دەخلى — تەرۇزسىز مۇبارەك تېنىدىن ئەيمىنىپ، ئورنۇمدىن قىمىرلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي ئولتۇرۇپ قالدىم. مەن ئۇنى پاك پېتىچە ئەمرىمگە ئېلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. نىكاھنىڭ مۇقەددەسلىكى — بىر جۈپ پاك تەن، بىر جۈپ پاكىز روھنىڭ مەڭگۈلۈك قوشۇلۇشىدا. مۇھەببەتتىن، پاكلىقتىن مۇستەسنا نىكاھنىڭ نېمە لەززىتى، نېمە قىممىتى بولسۇن؟ مەن دىلبەرنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتىم.

ئۇ سىرتقا قاراپ ماڭدى. مەن ئۇنى دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، ياتىقىمغا قايتىپ كىردىم. خۇددى ئۈستۈمگە تاغ يىقىلغاندەك، مەن يەنە باش — ئاخىرسىز غەم — ئەندىشىلەرگە پېتىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. دىلبەر ئادەتتىكى قىز ئەمەس، ئۇ ئىنتايىن ئەقىللىق ھەم پەرىزاتقا ئوخشاش چىرايلىق قىز. ئۇنىڭ مەن بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلۇشى ھاياتىمدا

ئېرىشكەن ئەڭ چوڭ بەختىم. مەن مۇنداق بەختكە ئېرىشىدىغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئىدىم. مەن بۇ ھاياتىمدا دىلبەرنى بەختلىك قىلالايمەنمۇ؟ ئۇنى بەختلىك قىلالىغۇدەك ئىمكانىيەت مەندە قانچىلىك بار؟ مەن كېچە ــ كۈندۈز ئىشلىسەممۇ مەيلى، ئۇنى ھەرگىز جاپاغا قويمايمەن؛ مەن ھەرقانچە دەرد تارتساممۇ، ئازاب چەكسەممۇ مەيلى، ئۇنىڭ كۆزىدىن بىر تامچىمۇ ياش ئاققۇزمايمەن. ئۇنىڭ مېنى سۆيۈپ، بارلىقىنى ماڭا تاپشۇرغانلىقىلا، خۇدانىڭ ماڭا بەرگەن ئۇلۇغ نېمىتى.

مۇشۇ خۇشاللىق مىنۇتلاردا رۇقىيە يادىمغا يېتىپ قالدى. گەرچە مەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولالمىغان بولساممۇ، بىراق ئۇنىڭغا ئوخشاش چىرايلىق، ئۇنىڭدىن پاك، سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل قىزنىڭ سۆيۈشىگە مۇيەسسەر بولغان ئىدىم. مۇبادا، ئۇ مېنىڭ گۈزەل دىلبىرىمنى كۆرگەن بولسا، چوقۇم مېنىڭ بەختىمدىن سۆيۈنگەن، ماڭا بەخت تىلىگەن، ئۆزىنىڭ ماڭا سالغان دەردلىرىدىن ئۆكۈنگەن بولاتتى.

ئەي، رۇقىيە! سەندىن مەڭگۈ نەپرەتلەنمەيمەن، سەنمۇ بەختلىك بول، سېنى بىر ئۆمۈر يۈرىكىمدە ساقلاپ، ئۆلگۈچە ياد ئېتىپ تۇرىمەن. سەن مېنى سۆيمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن ئەيىبلىك ئەمەس. سەن ماڭا ھەقىقى سۆيگۈنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆگەتتىڭ. مەن بۇندىن كېيىن پۈتۈن مۇھەببىتىمنى دىلبەرگە بېغىشلايمەن، ئۇنى قەدىرلەيمەن، ئاسرايمەن، ئۇنىڭ بەختى ئۈچۈن بارلىقىمنى بېغىشلايمەن.

كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلاپ، دۈم ياتتىم. نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى بىلمىدىم، بىردىنلا ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، مېنى قاتتىق يىغا تۇتۇپ كەتتى. تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، پېشانەمنى ياستۇققا قويدۇم ــ دە، ئۆزۈمنى باسالماي ھۇ تارتىپ يىغلاپ كەتتىم. ئەي، شەپقەتلىك خۇدا! ساڭا رەھمەت... ماڭا ئاتا قىلغان كۈنلىرىڭگە مىڭ مەرتەم شۈكۈرى. سېنىڭ ماڭا ئەتىۋارلاپ ساقلاۋاتقان قىزىڭ ئەسلى مۇشۇ دىلبەرمىدى؟ سەن ماڭا بۇيرۇغان پاك پەرىزاتنى

قوبۇل قىلدىم، چىن يۈرىكىمدىن قوبۇل قىلدىم. سەن مېنى سۆيگۈنىڭ نېمىلىكىنى بىلسۇن، ئاندىن دىلبەرنىڭ قەدرىگە يەتسۇن دەپ، ئالدى بىلەن رۇقىيەنىڭ ئىشقىنى يۈرىكىمگە سېلىپ، مېنى تاۋلىغانمىدىڭ؟ بولۇپتۇ، بۇنىڭغىمۇ رازىمەن. بىراق بەكلا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئازاب كۆچ ـ ماغدۇرۇمنى قۇرۇتۇپ، مېنى ئىشەنچتىن مەھرۇم قىلدى. دىلبەرنى ماڭا بۇيرۇپسەن، ئەمدى ماڭا ئىشەنچ ئاتا قىلغىن...

※ ※ ※

مېنىڭ دىلبەر بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقىمنى دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى ئاڭلاپتۇ. ئۇلار ھەممىسى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا بۇ تويغا قارشى چىقتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېيىشىنى بىرلا گەپ: دىلبەر بەك چىرايلىق، كېيىن ۋاپا قىلمايدۇ.

ھەقىقەتەن دىلبەر بەكلا چىرايلىق ئىدى. شۇڭا ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەستەكلا سېزەتتىم. ئىككىمىز بىر يەرگە كەلسەك، پەرقىنىڭ بەكلا چوڭلۇقىنى ھېس قىلاتتىم. دوستلىرىمنىڭ ئەنسىرىشىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ پەرقىنىڭ چوڭلۇقىدىن بولسا كېرەك. ھېچكىم دىلبەرنى مەن چۈشەنگەندەك چۈشەنمەيدۇ. ئۇ شۇنچە چىرايلىق بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ھالى چوڭ ئەمەس ئىدى، چىرايىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس خىراماللىق ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى تۈز، ئەمما ناھايىتى نازۇك. ناھەق ئىشلارغا ئازراقمۇ چىداپ تۇرالمايدۇ. بەزىدە ئۇ ئۆي كۆكۈللۈكى تۈپەيلىدىن باشقىلار تەرىپىدىن ئەخمەق قىلىنسا، نەچچە كۈنگىچە چىرايى ئېچىلمايدۇ. ئۇ شۇنداق چاغدا خۇشال چاغلىرىدىكىدىنمۇ بەكرەك چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويۇشتىن ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىدۇ. ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىپ، باشقىلارنى ئەخمەق قىلمايدۇ. ئۇنىڭ

كۆڭلىدە نېمە بولسا، گەپ ــ سۆزى، ئىش ــ ھەرىكىتىدىمۇ شۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن تارتىپ، كۆڭلۈمدە شۇنداق تۇيغۇلار ئىزچىل ھالدا ساقلىنىپ كەلدى: شۇنىڭغا ئىشىنىمەن، دىلبەر بىلەن توي قىلسام، ئەقىدەمنى دەپسەندە قىلمايدۇ، مېنى ھەرگىز داغدا قويمايدۇ.

مېنى ھەممىدىن بىئارام قىلغىنى ــ ئاتا ــ ئانام ھەم تۇغقانلىرىمنىڭ بۇ تويغا قارشى چىققانلىقى بولدى. دىلبەر ئۇلارغا ياققان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ۋاپادار خوتۇن بولۇشقا ئىشىنەلمەيۋاتاتتى. دىلبەرنىڭ ھەددىدىن زىيادە چىرايلىق قىز ئىكەنلىكى ئۇلارنىمۇ غەم ــ ئەندىشىگە سېلىپ قويغان ئىدى. چىرايلىق قىزلارغا كىممۇ مەپتۇن بولمىسۇن؟ دىلبەر مەن بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن باشقىلارنى ئۇنىڭغا كۆز قىزارتمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ تۇغقانلىرىمنىڭ، دوستلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇ تويغا بىردەك قارشى چىققانلىقى مېنىمۇ ئەنسىرىتىپ قويدى. بۇ توي ئىشىدا ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتىممۇ قانداق؟ ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتى ئەقلىمنى كېسىپ قويدىمۇ قانداق؟ دىلبەردىن ئۆزۈمنى تارتسام، ئېنىقكى، ئۇنىڭغا يەنە نى ــ نى ياخشى يىگىتلەر چىقىدۇ. بىراق مېنىڭ ئەمدى ئۇنىڭدەك چىرايلىق، ياخشى قىزنى تېپىلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن باشقىلارغا قارىغاندا، دىلبەرنى ئەڭ چوڭقۇر چۈشىنىمەن. شۇڭا بۇ ئىشتا ئۆزۈملا ئەڭ توغرا قارار چىقىرالايمەن. ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتمىگەنلىكىم ئۆز ــ ئۆزۈمگە ئايان ئىدى. مەن دەسلەپ راستىنىلا دىلبەرنىڭ ھۆسن ــ جامالىغا مەپتۇن بولغان ئىدىم، كېيىن ئۇنىڭ مىجەز ــ خۇلقىنىمۇ ياقتۇرۇپ قالدىم. بارا ــ بارا شۇنى بىلىپ يەتتىمكى، قىز بالا دېگەن چىرايلىق بولسىلا، يەڭگىل، شاللاق بولۇپ كەتمەيدىكەن. مېنىڭ قەلبىمدە دىلبەر ئەڭ چىرايلىق ھەم ئەڭ پەزىلەتلىك قىزلارنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، خۇدا ئۇنى ھەممە جەھەتتىن مۇكەممەل ياراتقان ئىدى. تۇيغۇمدا شۇنداق بىر ئوي ھەر دائىم ھۆكۈمران: دىلبەردەك پەزىلەتلىك،

چىرايلىق قىز بىلەن توي قىلالىسام، ئۆمۈرلۈك بەختىمنىڭ تېپىلغىنى شۇ.

دىلبەر بىلەن مۇھەببەتلىشىش رۇقىيە قەلبىمدە قالدۇرغان كۆڭۈلسىز سەرگۈزەشتىلەرنى ئۇنتۇلدۇرىۋاتاتتى. رۇقىيە ھازىرمۇ يات ـ پاتلا يادىمغا كېلىۋالاتتى. ئەمدىلىكتە دىلبەردىنمۇ ئايرىلسام، رۇقىيە قالدۇرغان ھەسرەتكە يەنە بىر يېڭى ھەسرەت قوشۇلۇپ، مېنى پۈتۈنلەي تۈگەشتۈرۈۋېتەتتى. يۈرىكىمنى دەڭسەپ كۆردۈم، بۇ قېتىمقى ئايرىلىش مەن ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن تەڭ ئىكەن! مەن نېمە بولسا بولسۇن دىلبەر بىلەن توي قىلىمەن.

ئاتا ـ ئانام ئۆمرى يېزىدا ئۆتكەن دېھقانلار ئىدى. يېزىلاردا ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدا پەردىشەپ ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، مۇھەببەت ھەققىدە سۆز ئېچىش ئەدەپسىزلىك ھېسابلىناتتى. شۇڭا مېنىڭ ئۇلارغا دىلبەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىم ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ قايىل قىلىشىم تەس ئىدى. لېكىن ئۇلاردىن قېيداپ، سۆزلەشمەي يۈرگىلىمۇ بولمايتتى.

شۇ كۈنلەردە كاللامدىن شۇنداقمۇ بىر ئۇمىدسىز ئوي كەچتىكى، بۇنى باھانە قىلىپ، دىلبەردىن ئايرىلىپ كەتمەكچىمۇ بولدۇم. چۈنكى ئۇنىڭ گۈزەللىكى مېنى ئەيمەندۈرەتتى، ھەتتا ۋەھىمىگىمۇ سالاتتى. ئاشۇنداق چىرايلىق قىزنى خوتۇن قىلىدىغىنىمغا ئىشەنگۈممۇ كەلمەيتتى. ئۇ بەكلا گۈزەل، بەكلا جازىبىدار ئىدى. ئۇنىڭ تولغان تېنى مانا مەن دەپلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. مېنى مۇنچىۋالا مەپتۇن قىلغان قىز باشقىلارنىمۇ مەپتۇن قىلماي قالاتتىمۇ؟ ھەممىنىڭ كۆزىگە يېقىن بۇ قىز بىلەن توي قىلسام، بېشىمدىن غەم ـ ئەندىشە نېرى كەتمەيدىغاندەكلا قىلاتتى.

گۈزەل قىزلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش، ياخشى كۆرۈشكە نائىل بولۇشمۇ تۇرمۇشتىكى بىر خىل رىقابەت. مەن ياخشى كۆرگەن قىزنى باشقىلارنىڭ كۆز قىزارتىشىدىن ئەنسىرەپ، نېمىشقا ھازىرلا ئۇنى ئاشۇلارغا تاشلاپ بەرگۈدەكمەن؟ مەن ياخشى كۆرگەن قىزغا بار كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ ئېرىشىشىم، ئۇنى ئىلكىمدە تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن بار ئامالىم بىلەن

تىرىشىشىم كېرەك. ئالدىغا قاراپ بۆرىدىن، كەيىنىگە قاراپ يولۋاستىن قورقۇپ يۈرگەن بىلەن ھېچقانداق ئىش ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

※ ※ ※

تېۋىپقا كۆرۈنگىنىم يادىمغا يەتتى...

كۆڭلۈمدىن كەچكەن ئاشۇ قورقۇنچلۇق خىيال تەسىرىدىن ئادەمنى ئۆگە ــ ئۆگىلىرىدىن بوشاشتۇرۇۋېتىدىغان سوغۇق تىترەك ۋۇجۇدۇمنى قايتا جۇغۇلدىتىپ، پۈتۈن بەدىنىمنى قارا تەر باستى. ئاھ! دەردىما... مەن بۇ ۋەھىمە ئازابىدىن قاچانمۇ قۇتۇلارمەن؟ ھەي... ي... ي... سەبىي پاكلىق، ساددا ئالىيجانابلىق... ئادەم بەزىدە ئانچە ــ مۇنچە يامان ئىشلارنى قىلىپ قويغانمۇ تۈزۈككەن، ئۇ ئادەمنى قىممەتلىك تەجرىبە ــ ساۋاققا، ئىشەنچكە ئىگە قىلىدىكەن. بۈگۈن شۇنى چۈشىنىپ يەتتىمكى، ياخشى ئادەم يەنىلا مۇكەممەل ئادەم ئەمەس ئىكەن.

دەرد ــ ھەسرەتنىڭ قۇدرىتى نېمىدېگەن زور ــ ھە؟ رۇقىيە سالغان ئازابلار مېنى قانچىلىك تۈگەشتۈرۈۋەتكەن ــ ھە؟ مانا مەن ھازىرغىچە ئەسلىمگە كېلەلمەي يۈرۈپتىمەن. كەيپىياتىم تۇراقسىز، روھىي ھالىتىمنى كونترول قىلالمايمەن، بىردەم ئۈمىدلىك، بىردەم ئۈمىدسىز. كىچىككىنە بىر ئىشلار ئۈچۈنمۇ يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ كېتىدۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى جىددىيلىك ئىسكەنجىگە ئالىدۇ.

تېۋىپقا بىر قېتىم كۆرۈنگەنچە، دوختۇرخانىغا قايتا ئاياغ باسمىدىم. مۇشۇ كۈنلەردە تومۇرۇمنى قايتا تۇتقۇزۇپ بېقىشىم زۆرۈردۇ، لېكىن تېۋىپنى خىيالىمغا كەلتۈرسەملا، كۆڭلۈمنى قايتا غەشلىك قاپلايدۇ. دوختۇرخانىغا بېرىش، قانداقتۇر كېسەل ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىش بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزۈمنى ھەم دىلبەرنى ئالداۋاتقان بولسامچۇ؟ باھانە

كۆرسىتىپ، تويىنى كەيىنگە سۈرىۈەرگىلى بولمايدۇ. توي قانچە كەيىنگە سۈرۈلگەنچە، غەم - ئەندىشىمۇ شۇنچە كۆپىيىپ بارىدۇ. ئەمدى ماڭا تەۋەككۈل دېمەكتىن باشقا ئامال يوقتەك قىلىدۇ. قورقۇنچلۇقى ئۆزۈمنىڭ تەقدىرىنىغۇ دوغا تىكەرمەن، لېكىن دىلبەرنىڭ بەختىنى قانداقمۇ دوغا تىككىلى بولسۇن؟

ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان يوق...

رۇقىيە ئارقىلىق ئىسپاتلانغان شورپېشانىلىقىمنىڭ دەردىنى ئۆزۈملا تارتاي. دىلبەرنىڭ تەقدىر - قىسمىتى ھەرگىز ماڭا باغلىنىپ قالمىسۇن. ئۇ بۇ دۇنيادا باشقا گۈزەل، پاك قىزلاردەك بەختلىك ياشاشقا مۇناسىپ. بولۇپتۇ، مەن ئاخىرى ساسلىقتىكى سادىقەتمەن يالغۇز تۇرنىدەك قان قۇسۇپ ئۆلەي. ھېچ بولمىسا، چۆل - جەزىرىدىكى بىر تۈپ يالغۇز دەرەختەك قاقشال بولۇپ قۇرۇپ كېتەي...

مېنىڭ بۇ قارارغا كەلمىكىم ئاسانغا چۈشمىدى، ھەتتا يىپىنۋالماقچىمۇ بولدۇم. بۇنى دىلبەرگە قانداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىندۇ؟ ئەڭ ياخشىسى ئۆزىنى تارتىش، سوغۇق، بىپەرۋا بولۇۋېلىش كېرەك. ئۇنىڭ يۈرىكى بۇنى دەرھال سېزىدۇ، لېكىن بۇ زەربە ئۇنىڭغا توي كېچىسىدىكى زەربىدىن كۆپ يەڭگىل چۈشىدۇ.

دىلبەرنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئازاب قىينىمىغا قايتا تاشلىغان بۇ كۈنلەردە تولىمۇ تەنھالىق ھېس قىلدىم. ھە دېگەندە ئۇنى ئىزدەپ باردىغۇم كېلەتتى. ئۇنى شۇنچە كۆرگۈم كېلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مېنى ئىزدەپ كېلىپ قېلىشىدىنمۇ ئەنسىرەيتتىم. ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلگەن بولسىمۇ، بىراق مەندىكى ئۆزگىرىش بېسىمى ھەمدە ئۇزۇنغا سوزۇلغان، ئىزچىل داۋاملاشقان دەرد - ھەسرەت، ئازاب بېسىمى سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن روھىمدىكى پىسخىكىلىق توسالغۇنى بىلمەيتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن دېيىش قور-

قۇنچلۇق ئالدامچىلىق بولمامدۇ؟ ياش يىگىتلەرنىڭ قايسىبىرى قىزلارغا تەلپۈنمەيدۇ؟ قىزلارنىڭ يىگىتلەردىن ياخشى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىشتىن باشقا يەنە بىر تەلىپى بار. قىزلارنىڭ بۇ تەلىپى قاندۇرۇلمىسا، ھەرقانداق ياخشى كۆرۈشمۇ بىر تىيىنغا تەڭ. مېنىڭ مۇشۇنداق دەھشەتلىك رېئاللىققا تەن بېرىشىم نەقەدەر قورقۇنچلۇق ــ ھە؟

دىلبەر بىلەن كۆرۈشمىگىلى بىر ھەپتىدىن ئاشتى. ئۇنىڭ بۇ كۈنلەر-دە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن.ئېھتىمال، ئۇ تويىمىزنى قاچان قىلىش ئۈستىدە خىيال سۈرۈۋاتقاندۇ. مەن ئۇنى ئىزدەپ بارمىغاندىن كېيىن، ئۇ چوقۇم نەچچە كۈنگىچە مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىم، نېمە دېيىشىم كېرەككىنتاڭ؟ كۆڭۈلدە ئايرىلىپ كېتىشنى قارار قىلغان بىلەن بۇنى يۈز تۇرانە تۇرۇپ دېيىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ بۇ نىيەتكە كەلگەنلىكىمنىڭ سەۋەبىنى ئېغىزدىن چىقارغىلىمۇ بولمايتتى. شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈمنى بىلمەي شىلتىڭ ئېتىپ، دىلبەرگە قانات سۆرەپ يۈر-گەنلىكىمدىن كۈلگۈم كەلدى ھەم يىغلىغۇم كەلدى.

مەن كەچلىكلىرى دىلبەرنىڭ ئىزدەپ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ياتاقتىمۇ ئولتۇرالمايدىغان بولۇپ قالدىم. كوچىدا مەقسەتسىز چۆرگىلەپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ئۆزۈمنى دۇنيانىڭ سىرتىغا سىقىپ چىقىرىلغاندەك ھېس قىلاتتىم. مەن مۇشۇ تاپتا نەگە، نېمە ئىش قىلغىلى بارىمەن؟ دەل شۇ چاغدا يول ياقىسىدا تۇرغان ئىككى ئايالنى كۆردۈم ــ دە، نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. ئۇلار ئۆزلىرىگە خېرىدار ساقلاپ تۇراتتى. مەن نېمە ئۈچۈن بۇ ئاياللارنىڭ بىرى بىلەن ئۆزۈمنى سىناپ باقمايمەن؟ ئۇلارنىڭ ئۇپا ــ ئەڭلىك سۇرتۇلگەن رەڭگىرويىدىن، غەلىتە كىيىنىۋالغان ئۇستىۋېشىدىن، نازلىنىپ قاراشلىرىدىن ھاياسىزلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. مەن ئۇلارنىڭ قېشىدىن بىزارلىق ھەم موھتاجلىق

ھېسسياتى ئىلكىدە ئۆتۈپ كەتتىم.

ئەستاغپۇرۇللا... بۇنداق ئاياللار بىلەن قانداق ئالاقە قىلىدىغان بولغىيدىكىنتاڭ؟ ھەسەن بولغان بولسا، بەك ياخشى بولاتتى. ئۇ ئاياللار ئالدىدا قىلچە تەپ تارتمايتتى...

ئىختىيارسىز رۇقىيە بىلەن ئادا ـ جۇدا بولغان ۋاقتىم يادىمغا يەتتى. شۇ چاغدىمۇ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئاخشىمى تۇمەن دەرياسى بويىغا بېرىپ، ئاخىرى پەسكەش ئاياللاردىن سەسكىنىپ قايتىپ كەلگەن ئىدىم. مانا ھازىرمۇ دىلبەردىن نائىلاج ئايرىلىش نىيىتىگە كەلگەن چېغىمدا، يەنە پاھىشە ئاياللارنى چۆرگىلەپ يۈرەتتىم. بۇ نېمە ئۈچۈن ـ ھە؟ شۇنچە گۈزەل، شۇنچە پاك بىر قىز مەن بىلەن توي قىلىمەن دەۋاتسا، ئىلاجسىزلىقتىن كوچىدىكى بۇ بەتبەشىرە نالپاك خوتۇنلارغا تەلمۈرۈپ، بىچارىلەرچە بويۇن قىسىپ تۇرغىنىم نېمىسى؟ دىلبەر مېنىڭ بۇ قەدەر ئەرزىمەس ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلسە ـ ھە؟ رۇقىيە مېنىڭ مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلمىدى. دىلبەر بولسا مېنىڭ مۇھەببىتىمنى ھەم توي قىلىش تەكلىپىمنى قوبۇل قىلدى. مەن ئۇنىڭ بۇ قىممەتلىك كۆڭلىنى نېمىشقا قەدىرلىمەيمەن؟ ھەقىقەتەن ئىرادىسىزكەنمەن، ئۇنىڭغا مۇھەببىتىگە بولغان ئەقىدەم ئاران مۇشۇنچىلىكمۇ؟ مېنىڭ يەنىلا ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىم تۈزۈكتۇ. ئۇ مېنىڭ قەلبىمدىكى داۋالغۇشلاردىن خەۋەرسىز.

ئۇ ئاخشىمى مەن يوق چاغلاردا ياتاققا نەچچە قېتىم ئىزدەپ كەلگەندۇ. ياتىقىمنىڭ دائىملا ئېتىك تۇرغىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلى يېرىم ھالدا كەينىگە ياندىغاندۇ. مېنىڭ ئۇنى ئىزدەپ بارمىغىنىمغا ئىككى ھەپتىدىن ئاشتى. ئۇ بۇنىڭدىن چوقۇم بىر ئىشنى گۇمان قىلدى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ياتاقتا زادى ئولتۇرغۇم كەلمىدى. كىتابنى قولۇمغا ئالدىم ـ يۇ، دىققىتىم چېچىلىپ، يەنە قويۇپ قويدۇم. نېمە ئۈچۈن ئۆزۈمنى ھەر دائىم تۆت تامنىڭ ئىچىگە سولىۋالىمەن؟ بولدى،

ھېچنېمىنى ئويلىماي، بىپەرۋا بولۇۋېلىش كېرەك. پەقەت پەرۋاسىزلىقلا مەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى دورا.

ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، كوچىغا چىقتىم. يەكشەنبە كۈنى بولغاچقا، ئادەملەر بەك كۆپ ئىدى. شۇنىڭغا ھەيران بولدۇمكى، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز خىيالى بىلەن بەند بولۇپ، مېنىڭ نە ھالدا ئىكەنلىكىم بىلەن پەرۋايى پەلەك ئىدى. راستىنلا شۇنداقكەن، ئادەم بۇ دۇنيادا ھەقىقەتەن يالغۇز ئىكەن. ئۆلۈپ كەتسەممۇ، باشقىلار مېنى نالايىتى تېزلا ئۇنتۇپ كەتكۈدەك. ئىدارىمىزدىكى قادىرلىكىممۇ ئۆلۈپ كېتىۋىدى، خىزمەتداشلىرى چېغىدا بىرەر ئاي بولمايلا ئۇنتۇپ كەتتى. مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە مىللىتىم، خەلقىم، يۇرتۇم، ۋەتىنىم دەپ، ئۇلۇغۋار غايىلەر بىلەن ئۆگىنىشىم، ئىزدىنىشىم، تىرىشىپ ــ تىرمىشىپ كەتكەنلىرىمچۇ تېخى. ئاھ! كاج قىسمىتىم... سەن مىللەت، شۇ خەلقنى دەپ بەختسىز بولۇپ قالساڭ، سېنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوقكەن...

كىتابخانىدىن نەچچە پارچە كىتاب سېتىۋېلىپ قايتىپ چىقتىم. ئەمدى نەگە بېرىشىم ئۆزۈمگىمۇ مۇجمەل ئىدى. مەن ھەر دائىم خىزمەت، كىتاب، يېزىقچىلىق دەپ ئۆزۈمگە بېسىم قىلىۋەرمەي، نېمىشقا بىرەر كۈن بولسىمۇ، ئۆزۈمنى قويۇۋېتىپ بەھۇزۇر يۈرۈپ باقمايمەن؟ كوچىدىكى شۇنچە كۆپ ئادەملەر ئارىسىدىن يەنىلا كۆزۈم قىزلارغا چۈشەتتى. ئۇلارنى قانچە كۆپ كۆرگەنسېرىم شۇنچە بەك بىئارام بولاتتىم. دىلبەر يېنىمدا بولغىنىدا، باشقىلارغا تەلمۈرۈپ يۈرەتتىممۇ؟ ھېچبىر مەقسەتسىز لاغايلاپ يۈرۈشمۇ بەكلا ئازابلىق ئىش ئىكەن. مەن يېڭى سېتىۋالغان كىتابلىرىمدىن بىرىنى ئوقۇش ئۈچۈن كەينىمگە ياندىم.

ئانا ــ ئانام مېنىڭ تويۇمنى تېزراق قىلىۋېتىش كويىدا ئالدىرىماقتا. بىراق مەن يەنىلا ئۇلارنى نائۈمىدتە قويىدىغان بولدۇم. مېنىڭ توي قىلىش نىيىتىدىن يېنىۋالغانلىقىمنى بىلسە، ئۇلار نېمە دەر؟

دىلبەر...؟!

ئۇ قارشى تەرەپتىكى يولدا بىرى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئۇ... كىمكىنە؟ ئۇنىڭ دىلبەر بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى باركىنە؟ مەن زادى چۈشەنمىدىم، دىلبەر مەندىن باشقا ئادەملەرگىمۇ شۇنداق قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىكىنە؟ ئۇ مېنى كۆردى... غەزەپتىن چىرايىمنىڭ قانداق سىياققا كىرىپ قالغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئۆتكەندە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىش قارارىغا كەلگىنىم توغرا بولۇپتۇ. ئۇنداق بولمىغان بولسا، بۈگۈن بۇ خورلۇققا بەرداشلىق بېرەلمەيتتىم. نەچچە ھەپتە كۆرۈشمەيلا، ئۇنىڭ قىلىپ يۈرگەن قىلىقىنى قارا!

دىلبەر مېنىڭ يېنىمغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭدىن رەنجىگەنلىكىمنى ئېنىق بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۆز يولۇمغا قاراپ كېتىۋەرمەكچى بولدۇم. شۇغىنىسى، ئۇنى خاتا چۈشىنىپ قالغان بولسىمچۇ؟ بۈگۈن دىلبەرنىڭ باشقا بىر يىگىت بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېغىر ئازاب ئىچىدە شۇنىڭغا تەن بەردىمكى، ئۇنى چىن يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرىدىكەنمەن، ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلالمىغۇدەكمەن.

ئۇ يېنىمغا كەلدى. ئۇنىڭ چېھرىدە يەنە شۇ تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. شۇنىسى قىزىقكى، ئۇنىڭدا يات بىر يىگىت بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىدىن خۇدۈكسىرەش، دېلىغۇللۇقتىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى.

— بارمۇسىز؟ ئەجەب كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ يانىقىڭىزغا بىر نەچچە قېتىم ئىزدەپ بارسام، ئىشىكىڭىز ئېتىك. كېچىلىرى زادى نەلەردە يۈرىسىز؟

ئۇ ماڭا يالىداشتى، كەيپىياتىم يەنىلا بىنورمال ئىدى.

— ئۇ كىم؟!

— كىمنى دەيسىز؟ ھە... باياتىن مەن بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان بالىنى دەمسىز؟ — ئۇ چىرايىمغا قاراپ كۈلۈپ كەتتى، — تونۇش بالا.

ئۇچراپ قېلىپ، گېپى تۈگمەي كەتتى. قارىغا سىزنى، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز؟

— بۈرۈنمۇ باشقىلار ئەتراپىڭىزدىن چۆرگىلەپ كېتەلمەيتتى. بۇ ئىشلار ھازىرمۇ تۈگىمەپتۇ ـ دە.

ئۇ بۇنىڭدىن پەخىرلەنگەندەك يېنىك خورسىنىپ قويدى.

— قانداق قىلىمەن؟ ماڭا نېمە ئامال؟

— چىشىڭىزنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ ھېجىيىپ تۇرغىچە، گەپنى ئۈزۈپ، يولىڭىزغا ماڭسىڭىز بولمامدۇ؟ مېنىڭ كوچا ـ كويدا باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرىدىغانلىقىڭىزنى ياقتۇرمايدىغانلىقىمنى بىلىسىزغۇ. بۇ ئادىتىڭىزنى زادى ئۆزگەرتەلمىدىڭىز. سىزنىڭ كۆڭلىڭىز تۈز بولغان بىلەن، باشقىلارنىڭ كۆڭلى تۈز بولۇشى ناتايىن. سىز بۇنىڭدىن شەرەپ ھېس قىلىدىغان ئوخشايسىز، ئەمما بۇ مەن ئۈچۈن ھاقارەت. مېنىڭ ئورنۇمدا ئۆزىڭىزنى قويۇپ ئويلاپ بېقىڭ، مەنمۇ ئۇچرىغانلا قىز بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرسام، سىز قانداق ھېسسىياتتا بولىسىز؟

— خاپا بولماڭ، مەن بۇ تەرىپىنى ئويلىماپتىمەن.

ئۇنىڭغا داۋاملىق دوق قىلىشقا تىلىم بارمىدى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ، ئالدىراپ كېتىپ قېلىشقىمۇ كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. بەلكىم، ئارىنى ئوچۇق قىلىۋېتىشىم زۆرۈردۇ. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىشنى نىيەت قىلىش ئاسان بولغان بىلەن، بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ نە قەدەر تەسلىكىنى ئەمدى ھېس قىلدىم. ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇنىڭغا يەنە قاراپ تۇرۇپ قاپتىمەن.

— نېمە بولدى، مېنى كۆرۈپ باقمىغاندەك قاراپ كەتتىڭىزغۇ؟ نەچچە ھەپتە كۆرمەي، ئۆزگىرىپ قاپتىمەنمۇ ـ يا؟

ئۈن ـ تىنسىز ھالدا بېشىمنى چايقىدىم. نە قەدەر گۈزەل، نە قەدەر ئاق كۆڭۈل قىز ـ ھە؟ ئۇنىڭغا ئوخشاش قىزلار بۇ دۇنيادا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇنى بەختسىز قىلىپ قويسام، بۇ ھەسرەتنى يۈرىكىمگە قانداقمۇ

سىغدۇرامەن؟ رۇقىيەنى دەپ تارتقان دەردلىرىم يادىمغا يېتىپ، كۆڭلۈم يەنە بۇزۇلدى. مانا بۇگۈن دىلبەرنىڭ ياخشى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغىنىمدىن دۇپپامنى ئاسمانغا ئاتسام بولىدۇ. بۇ خۇدانىڭ بۇ ئالەمدە ماڭا كۆرسەتكەن ئەڭ زور ئىلتىپاتى...

— جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟ نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسىز؟

— سىزنىڭ ئەتىگىزنى خىيال قىلىۋاتىمەن. مەن سىزنى بەختلىك قىلالماسلىقىمدىن ئەنسىرەيمەن.

— ئادەمنى قورقۇتمىڭا؟ راست دەۋاتامسىز؟

— راست دەۋاتىمەن.

— نېمىشقا بۇنداق ئويلاپ قالدىڭىز؟

— بىلمەيمەن.

— مېنىڭ تەلپىممۇ ئانچە يۇقىرى ئەمەسقۇ؟ تۇرمۇشتا ھەرقانچە جاپا تارتساقمۇ مەيلى، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېھىر — ۋاپا بولسىلا، مەن شۇنىڭغا رازى.

مەن ئۇنىڭغا قاراپ، بىچارىلەرچە كۈلۈمسىرەپ قويدۇم. ئىچىمدىكى غەم — ئەندىشىلەرنى ئۇنىڭغا قانداقمۇ دېگىلى بولسۇن؟

بىز بىللە كەچلىك تاماق يېدۇق. كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇنىڭ مەندىن يەنە ئايرىلغۇسى كەلمەي، ياتىقىمغا بىللە كەلدى. يېزىقچىلىق ئۈستىلى، كارىۋاتلارغا تاشلاپ قويۇلغان كىتابلارنى ئالدىراپ يىغىشتۇردۇم. ئۇ مېنى ئويلىمىغان يەردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن:

— سىزنىڭ كۆپ ۋاقتىڭىز كىتاب ئوقۇش، يېزىقچىلىق بىلەن ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى.

— ئادەتلىنىپ قاپتىمەن، بىكار تۇرسام، ئىچىم پۇشۇپ قالىدىكەن.

ئۇ يېزىقچىلىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا كەلدى — دە، رەتلەپ قويۇلغان كىتابلارنىڭ ئارىسىدىن ئالبومنى ئالدى.

— كۆرۈپ باقسلم بولامدۇ؟ مەخپىيەتلىك بارمۇ - يا؟ — دېدى ئۇ كۆلۈمسىرەپ، — بوپتۇ، قوشۇلمىسىڭىز كۆرمەيمەن.

ئالبومدا رۇقىيەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئايرىلىش كۈنىدە يادىكار قىلغان سۈرىتى بار ئىدى. مەن بۇ سۈرەتنى مەخسۇس بىر بەتكە ئايرىم چاپلاپ قويغان ئىدىم. ئالبومنى ۋاراقلىسىلا، پەرىزاتتەك چىرايلىق بۇ قىزنىڭ سۈرىتى باشقا سۈرەتلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. دىلبەر بۇ سۈرەتنى كۆرسە، چوقۇم باشقىچە ئويلاردا بولۇشى مۇمكىن. ھېلىمۇ ياخشى، ئۆتكەندە رۇقىيەنىڭ گېپىنى دىلبەرگە دەپ بەرگەن ئىكەنمەن. ئۇ ئەمدى بۇ سۈرەتنى كۆرسە توغرا چۈشىنىشىمۇ مۇمكىن.

— كۆرۈڭ... — دېدىم ئىلاج، — كۆرىۋېرىڭ.

بىراق مەن ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى. دىلبەر ئالبومنى ۋاراقلاپ كېلىپ، رۇقىيەنىڭ سۈرىتىگە كەلگەندە، ئۇزۇنغىچە قاراپ كەتتى.

— بۇ... ھېلىقى... رۇقىيە دېگەن قىز شۇمۇ؟

يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى بىردىنلا تېزلىشىپ كەتتى...

— شۇنداق، — دېدىم باشقا ياققا قاراپ، — توغرا چۈشىنىڭ - ھە؟ ئون سەككىز ياشتىن يىگىرمە ئۈچ ياشقىچە بولغان چاغ ئادەمنىڭ ئەڭ تەلۋە مەزگىلى ئىكەن. ئادەم ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا بىرەر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتىن ساقلىنالمايدىكەن. بۇ ئىشلارنى... كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ. سىزگە يالغان ئېيتىشقا تىلىم بارمىدى. ياشلىقتا نېمە ئىشلار بولمايدۇ دەيسىز. بۇ ئىشلار ئۆز ئىختىيارىمچە بولغان ئىشلار ئەمەس.

ئۇ ئالبومنى يېپىپ، جايىغا قويۇپ قويدى.

— بىر چاغلاردا مېنىڭ بېشىمدىنمۇ... مۇشۇنداق ئىش بىر قېتىم ئۆتكەن، — دېدى.

ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ ئۇندىمىدىم. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى مەخپىيىتىنى بىلىشكە قىزىقساممۇ، يەنىلا ھېچ ئىشنى بىلمىگەن پېتىچە قېلىشنى

بەكمۇ ئازرۇ قىلاتتىم. مەن رۇقىيەنى ياخشى كۆرگەن بولسامۇ، ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلەشمىگەن ئىدىم. دىلبەرنىڭ سەرگۈزەشتىسى مېنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇشى ناتايىن ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىمۇ باشقا بىر يىگىتنىڭ سۆيگۈ ئوتىنىڭ ھازىرغىچە يېنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىشنى ئەسلا خا- لىمايتتىم. بىراق ئىرادەمگە قارشى ھالدا:

— قېنى، دەپ بېرىڭە، قانداق بولغان؟ — دەپ ئۆتۈندۈم.

— دېگۈدەك بىر ئىشمۇ يوق، — دېدى ئۇ راستتىنلا ھېچ ئىش يوقتەك بىپەرۋا قىياپەتتە، — قىسقا ۋاقىت ئارىلىشىپلا، ئايرىلىپ كەتكەن.

— نېمىشقا؟

— قاملىشالمىدۇق شۇ؟

— ئىشلار ئۇنداق ئاسان ئەمەستۇ؟ ئۇنى ھازىرغىچە يۈرىكىڭىزنىڭ چوڭقۇر قېتىدا يادا ئېتىپ تۇرىدىغانسىز؟

— مېنىمۇ ئۆزىڭىزدەك چاغلاۋاتامسىز؟

ئاچچىق كۈلۈمسىرىدىم، دىلبەردىن رۇقىيە بىلەن بولغان ئىشلارنى توغرا چۈشىنىشنى ئۈتۈنگەن بولسامۇ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى سۆيگەن يىگىتى بىلەن بولغان ئىشلىرىنى دەماللىققا يۈرىكىمگە سىغدۇرالمىدىم. دىلبەرنىڭ لېۋىدە باشقا بىر لەۋنىڭ ئىزى باردەك، يۈرىكىدىمۇ ئاشۇ يىگىتنىڭ سۆيگۈ- سى ساقلىنىپ قالغاندەك تۇيغۇدا بولدۇم. بۇنىڭدىن قەلبىمنى يەنە خورلۇق ھېسسىياتى چۇلغىۋالدى.

— خاپا بولدىڭىزمۇ؟

— ئەسلى بۇ گەپلەرنى دېيىشمىسەك ياخشى بولۇپتىكەن. راست گەپنى قىلسام، بۇنىڭغا تازا چىدىيالماي قالدىم.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ غەمگە پېتىپ، — بۇ ئىشلارنى ھازىر بىلگىنىمىز ياخشى. توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن باشقىلاردىن ئاڭلىساق، بىكار كۆڭلىمىزدە تۈگۈن ساقلىنىپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا بىر - بىرىمىزنىڭ

ساداقىتىدىن گۇمانلىنىپ قالىمىز.

ئۇنىڭ گەپلىرى ئورۇنلۇق ئىدى. ھازىر كۆڭلىمىز كۆتۈرمىسە، ئۆز يولىمىزغا قاراپ كېتىۋەرسەك بولىدۇ. توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن بولسا، كەينىمىزگە چېكىنىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. تاماكىغا ئوت ياقتىم، تاماكا تۈتۈنىگە قوشۇپ، ئىچىمدىكى خورلۇق ھېسسىياتىنى پۈۋلىۋەتتىم. ھەي... نېمە دەي، ھايات شۇنداق، بۇ رېئاللىقنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئەمدىكى گەپ، دىلبەرنىڭ بۇندىن كېيىنكى ساداقىتىدە قالدى.

بىردىنلا دىلبەر پاكمىدۇ، ئىپپەت ـ نومۇسىنى ساقلاپ كەلگەنمىدۇ، دېگەن قورقۇنچلۇق خىيال يۈرىكىمنى ئىسكەنجىگە ئالدى. ئالدانغان ئوغۇل بالا ئۈچۈن بۇندىن ئارتۇق خورلۇق بولماس. ئۇنىڭدىن بۇنى قانداقمۇ سورىغىلى بولسۇن؟ ئېنىقكى، بۇ گەپ ئۇنىڭ غورۇرىغا تېگىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇرۇن بىرى بىلەن مۇھەببەتلەشكەن قىز بىلەن قانداقمۇ تەۋەككۈل دەپ توي قىلغىلى بولسۇن؟

ئۆزۈمنى شۇ قەدەر بەختسىز ھېس قىلدىم. مەن بۇرۇن باشقا بىرى مۇھەببەتلەشكەن قىز بىلەن توي قىلىش ئالدىدا تۇراتتىم. بۇنى نېمىشقا ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق سورىمىغاندىمەن؟ ئۆزۈمنىڭ يۈرىكىنىمۇ تۇتۇپ كۆردۈم، يۈرىكىمدە ھازىرغىچە رۇقىيە ساقلاقلىق تۇرۇپتۇ. دىلبەرگىمۇ، ئۆزۈمگىمۇ ئىچىم ئاغرىدى، بىزلا ئەمەس، كۆپىنچىمىز بەختسىزكەنمىز...

ئۇ كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ قەدرىگە قايتا يەتكەندەك بولدۇم.

— كەتمەڭ ـ ھە؟— دېدىم يېلىنغاندەك قىياپەتتە، — يەنە بىردەم ئولتۇرۇڭ، بىز كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولدىغۇ.

دىلبەرنى باغرىمغا مەھكەم باسقۇم كەلدى. بىراق مېنىڭ بايىقى خىيالچان ھالىتىمگە قاراپ، ئۇنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ قالغاندەك تۇراتتى.

— كەتمەڭ، بۈگۈن زادى نېمە بولغانلىقىمنى بىلەلمىدىم، سىزدىن

پەقەتلا ئايرىلغۇم كەلمەيۋاتىدۇ.

— ئەڭ ياخشىسى... كېتەي.

— يەنە بىردەم ئولتۇرسىڭىز بولمامدۇ؟

— قارىغاندا، سىز... مەندىن گۇمانلىنىپ قالدىڭىز.

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈۋەتتىم. كەيپىياتىم ھەممىنى ئاشكارىلاپ قويۇپتۇ — دە؟ئۇ مۇشۇ پېتىچە كېتىپ قالسا، چوقۇم گۇمانىي خىياللىرىنىڭ قىيىنىشى بىلەن ئۇنىڭدىن تېخىمۇ بەكرەك سوۋۇپ كېتىشىم مۇمكىن ئىدى. كۆلكەم ئۇنىڭغا ئۆز پەرىزىنىڭ توغرىلىقىنى بىلدۈرۈپ قويدى. ئۇ مېنىڭ ئۆتۈنۈشۈمگە قارىماستىن، سىرتقا قاراپ ماڭدى.

ئۇنىڭ كۆڭلى راستىنلا ئازار يېدى. ئالبومغا غەزەپ بىلەن قاراپ قويدۇم. ئۇنى نېمىشقا ئۇستەلگە قويۇپ قويغاندىمەن؟ ئىشلار مۇشۇنىڭ بىلەن پاك — پاكىز بەربات بولۇپ كېتەرمۇ؟

ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. بۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى كىم ئويلىغان — ھە؟ دىلبەر مېنىڭ رۇقىيەگە ئاشىق بولۇپ يۈرگىنىمنى ئەپۇ قىلىۋەتكەن يەردە، مەن نېمىشقا ئۇنىڭ يۈرىكىنىمۇ ئەپۇ قىلىۋېتەلمىدىم؟ ئازاب ئىچىدە شۇنىڭغا تەن بەردىمكى، مېنىڭ يۈرىكىم زەررىچە ناپاكلىقنىمۇ سىغدۇرالمايدىكەن. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، زادى قانداق قىلغۇلۇق؟

بېشىمنى ئاستا كۆتۈرسەم، دىلبەر ئىشىك ئالدىدا ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئالدىراپ ئۇنىڭ قېشىغا چىقتىم. مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مۇشۇنداقلا كەتسىڭىز، ئەتىلىككە چوقۇم ئۆلۈكۈمنى كۆرىسىز. كەتمەڭ، سىزدىن ئايرىلىپ قالسام بولمايدۇ. مېنىڭ يەنە ھەسرەت چېكىشكە چىدىغۇچىلىقىم قالمىدى، — دېدىم.

ئۇ بېشىنى سىلىپ، ئاستا كەينىگە ياندى.

— كەچ بولۇپ، كەتتى، ئەتە ئاخشام كەلسەم بولمامدۇ؟

— كۆڭلىڭىزنى غەش قىلغۇم يوق ئىدى، مېنىڭ كۆڭلۈممۇ يېرىم بولدى. مۇشۇ ھالەتتە مېنى ھەرگىز يالغۇز تاشلاپ قويماڭ.

— نېمە بولدىڭىز؟

— بىلمەيمەن... پەقەتلا سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيمەن. نەچچە ھەپتە بولدى، ئۆپكەم ئۇرۇلۇپلا تۇرىدۇ، كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر قېتىدا باشقىلارغا ئېيتقىلى بولمايدىغان بىر ئەندىشەم بار.

— ئادەمنى قورقۇتمىگا؟ — ئۇ كارىۋاتقا ئولتۇردى، — ئېيتىڭە، زادى نېمە بولدى؟ مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ ئەتە دوختۇرغا ئاپىرىپ باقايمۇ؟

— دوختۇرخانىغا؟...

يۈرىكىم «جىغغىدە» قىلىپ قالدى. دىلبەرنىڭ ئالدىدا نېمىلەرنى دەپ يۈرىمەن؟ بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا قانداقمۇ ئېيتقىلى بولسۇن؟

— بۇ... دوختۇرخانىغا بارىدىغان ئىش ئەمەس، — دېدىم خۇپسەنلىك قىلىپ.

— مەن بىر مولللىنى بىلىمەن، شۇنىڭغا كۆرۈنۈپ باقامسىز-يا؟

ئىختىيارسىز قاتتىق تىنىۋەتتىم. دىلبەر ھېچنېمىنى بىلمىگەندەك قىلىدۇ. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭغا كېتىك، ھازىرلا كېتىڭ، مېنى ئەمدى مەڭگۈ ئىزدەپ كەلگۈچى بولماڭ دېيىشىم كېرەكتۇ. بولمايدۇ، مۇنداق دېيىشكە ھەرگىز بولمايدۇ! مەن كېسەل ئەمەس! مەن تېخى ياش، مەندە ھېچقانداق كېسەل يوق! بۇلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە گۇمان! بۇ ھازىرلا ئىسپاتلىنىدۇ، شۇنداق، بۇنى ھازىرلا ئىسپاتلىشىم كېرەك...

تۇيۇقسىز ئۇنى تەلۋىلەرچە قۇچاقلاپ كارىۋاتقا باستىم. ئۇ بۇ تاسادىپىيلىقتىن چۆچۈپ، كۆزلىرىگە چەكچىيىپ قارىدى. مەن ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيۈپ كەتتىم...

بىر چاغدا ئۇ كۆزىنى ئېچىپ:

— مېنى راستىنلا ياخشى كۆرەمسىز؟ — دېدى.

— ياخشى كۆرىمەن، بىراق بۇ سۆز قەلبىمدىكى ھېسسىياتىمنى ئىپا-دىلەپ بېرەلمەيدۇ. راستىمنى ئېيتسام، مەن سىزگە ئاشىق. شۇڭا بۇرۇن بىرسىنىڭ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىغا چىدىيالماي قالدىم. بۇندىن كېيىنمۇ يەنە بىرسىنىڭ سىزگە ئاشىق بولۇپ قېلىشىغا چىدىمايمەن.

— سىزنىڭ باشقىلارغا دېيەلمەيدىغان ئەندىشىڭىز مۇشۇمىدى؟

— ھەئە، — دېدىم ئالدىراپ — تېنەپ. خۇداغا شۈكۈرى، ئۇ مېنىڭ ھەقىقىي ئەندىشەمنى راستىنلا بىلمەپتۇ، — سىزمۇ بىلىسىز، ئوغۇل بالىنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئەندىشىسى بولامدۇ؟

— غەم قىلماڭ، مەن سىزنىڭ، راست، بىر ئۆمۈر سىزنىڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى. قاتتىق سۆ-يۈنگىنىمدىن ئۇنى باغرىمغا تېخىمۇ قاتتىق باستىم. كۆز يېشىم تاراملاپ ئاقتى، ھۆللەنگەن يۈزۈمنى ئۇنىڭ يۈزىگە ياقتىم.

— مۇشۇ ھالەتتە ھازىرلا ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق. مەن سىز ئارقىلىقلا...

— بۇنداق دېمەڭ، — دېدى ئۇ ئاغزىمنى توسۇپ، — بۇندىن كېيىن مۇنداق دېمەڭ. سىز نېمە ئۈچۈن ھە دېسە ئۆلۈمنى ئاغزىڭىزغا ئالىسىز؟

— بۇ مېنىڭ ئىختىيارىم ئەمەس، كۆڭلۈم بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن. ئەگەر مەن ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەرسە، ھەرگىز ياشىمايمەن. سىزلا ئۆلگەن كۆڭلۈمنى قايتا تىرىلدۈردىڭىز. مېنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدىم سىزدىلا قالدى.

كۈچلۈك ھاياجاندىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئوت بولۇپ ياندى. كىيىملىرىمنى سېلىپ، كارىۋات ئالدىغا تاشلىدىم. يالاڭ ئاياغ بېرىپ، چىراغنى ئۆچۈر-دۈم. قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنىمۇ سالدۇرۇشقا ئۇرۇنغىنىمدا، ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— نېمه بولدى؟ سىز نېمه قىلىۋاتىسىز؟
— كىيىملىرىڭىزنى سىلىدىم!
— ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟
— شۇنداق، ساراڭ بولدۇم، يوق ئىشلارنى تولا ئويلاپ، راستىنلا ساراڭ بولدۇم! هازىر هېچنېمىنى ئويلىغۇم يوق!
— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، بىز تېخى توي قىلمىدۇق.
— ياق، يېقىندا توي قىلىمىز. شۇنداق بولغاندىكىن...
— ياق! هازىر بولمايدۇ! مەن بۇنى ئۆز — ئۆزۈمگە قىلىنغان ھاقارەت، ھۆرمەتسىزلىك دەپ قارايمەن.
— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي!
— بۇ ئۆتۈنىدىغان ئىش ئەمەس. ياخشىراق ئويلىشىپ بېقىڭ، سىز مۇشۇ تاپتا مەندىن نېمىنى ئۆتۈنۈۋاتىسىز؟ كۆز يېشىڭىزنى سۈرتۈۋېتىپ، ماڭا ياخشىراق بىر قاراپ بېقىڭە! سىز هازىر مەندىن ئىپپەت — نومۇسۇمنى ئۆتۈنۈۋاتىسىز! بۇ مۇشۇنداق ئاسان ئىشمۇ؟
— ماڭا زادى ئىشەنمەمسىز؟ توي قىلىدىغانلىقىمىزغا تېھازىرغىچە ئىشەنمەمسىز؟
— ئىشىنىمەن، مېنىڭ بارلىقىم سىزنىڭ.
— شۇنداق بولغاندىكىن، هازىر بولسىمۇ ئوخشاش.
— قەتئىي ئوخشىمايدۇ، قانداقمۇ ئوخشىسۇن؟ ئىپپەت — نومۇسىنى توي قىلغىچە ساقلىيالىغان بىر قىز بىلەن ساقلىيالمىغان قىزنى قانداقمۇ ئوخشاتقىلى بولسۇن؟
بېشىمنى ئاستا كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردۇم. ئىككى تىزىمنى مەھكەم قۇچاقلاپ، بېشىمنى تۆۋەن سالدىم.
— ئۇنداق دەپ تۇرىۋالماڭ، سىزدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتۈنەي، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ. گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسىز؟ تەلىپىمنى يەنە رەت قىلسىڭىز،

ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىم مۇمكىن. مېنىڭ يەنە داۋاملىق چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.

ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇردى. ئۇ كىيىمىنىڭ ئالدىنى تۈزەشتۈرگەچ، ماڭا زەن سېلىپ قارىدى.

— چۈشەنمىدىم، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ دېگىنىڭىز نېمىسى؟ سىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالسام، راستىنلا ئۆزىڭىزنى ئۆلتۈرۈۋالامچىمۇ؟ دەپ بېقىڭە، سىز زادى نېمىگە ئۆلۈۋالماقچى؟ سىز نېمىلەرچە ئىرادىسىز، يارامسىز؟

ئۇنىڭ گېپى يۈرىكىمگە كېلىپ تەگدى. ئەجەللىك ئاجىزلىقىم ئاشكارىلىنىپ قالغاندەك تۇيغۇدا بولدۇم. ئىختىيارسىز ۋۇجۇدۇمغا سوغۇق تىترەك يامراپ، پۈتۈن بەدىنىمنى قارا تەر باستى.

— سىز... مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىسىز، مەن يارامسىز ئەمەس!

※ ※ ※

مەن يارامسىز ئەمەس!

مەن بۇنداق خورلۇقنى يۈرىكىمگە ھەرگىز سىغدۇرالمايمەن. ئۆزۈمنىڭ پاكلىقىنى دەپ ئاخىرى مۇشۇنداق ھاقارەتكە قالدىمىمۇ؟ ھامان بىر كۈنى دىلبەر مېنىڭ قانداقلىقىمنى بىلىپ قالىدۇ...

مەن ھەسەننىڭ يېنىغا مەسلىھەتكە بېرىشتىن يالتىيىپ، ئۇدۇل يولۇ-چىلار قاتناش بېكىتىگە قاراپ ماڭدىم. ئۇ بۇ ئىشنى ئاڭلىسا، چوقۇم ماڭا ھېسداشلىق قىلىدۇ، لېكىن كۆڭلىدە يەنىلا مەسخىرە قىلىدۇ. ئۈرۈمچىگە بېرىشىم كېرەك، ئەمدى يوشۇرۇشقا ۋاقىت قالمىدى، يۈز تۇرانە تۇرۇپ دوختۇرغا ھەممىنى دېيىشىم كېرەك.

ئىدارىگە تېلېفون بېرىپ خەۋەرلەندۇرۇپ قويدۇم. ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئولتۇرغان چېغىمدا كۆڭلۈم باشقىدىنلا ئەنسىزچىلىككە تولدى. ئاپتوبۇس

ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىققان چاغدا خۇددى دوزاخقا سەپەر قىلغاندەك بولدۇم. دوختۇرغا نېمە دەرمەن؟ دوختۇر ماڭا نېمە دەر؟ مەن راستىنلا كېسەل چىقىپ قالسامچۇ؟ بەلكىم، بۇ سەپىرىمدە دىلبەرنىڭ قېشىغا مەڭگۈ قېلىپ كېلەلمەسمەن...

ئاپتوبۇس ئۈرۈمچىگە يېقىنلاپ قالدى. يانچۇقۇمدىن ئادرېس يېزىلغان قەغەزنى چىقىرىپ، يەنە بىر قېتىم قاراپ قويدۇم. ئاپتوبۇس بېكەتكە كىرىپ كەلدى. ئۈرۈمچى كوچىلىرى خۇددى ئادەمنى يۇتۇۋېتىدىغاندەك شاۋقۇن سېلىپ تۇراتتى. بېكەت ئالدىدىكى يولغا چىقتىم. بىر تاكسى شوپۇرى يېنىمغا كەلدى.

— نەگە بارىسىز؟

شوپۇر ئۇيغۇر ئىدى، شۇڭا ئېغىز ئېچىشتىن ئۇيالدىم. ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمەستىن كېتىپ قالاي دېدىم — يۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ماشىنىسىغا قاراپ ماڭدىم. شوپۇر ماشىنىسىنى قوزغىتىدىغان چاغدا يەنە سورىدى:

— سىزنى نەگە ئاپىرىپ قويىمەن؟

— جىيىن دوختۇرخانىسىغا.

— جىيىن؟

تاكسى قوزغالدى. كوچا مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلىنىشقا رايىم بارمىدى. ئۆزۈمنى ئورۇندۇققا تاشلاپ كۆزۈمنى مەھكەم يۇمۇۋالدىم. يول بويى تولا ئويلاپ ھالىمدىن كەتكەن ئىدىم. ماشىنا توختىدى، لېكىن ماشىنىدىن پە-قەت چۈشكۈم كەلمىدى. مۇشۇ تاپتا كەينىمگە يېنىپ قېلىپ كېتىشنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتىم.

... ... ...

شوپۇر كىرا پۇلىنى ئېلىپ كېتىپ قالدى...

ئاسماندىن چۈشۈپ قالغاندەك ئەتراپىمغا قاراپ بىردەم تۇرۇپ قالدىم. ئېگىز بىنالارنىڭ ئارىسىدىكى بىر بىنانىڭ ئۈستىدىكى تاختىغا: «شىنجاڭ

جىلىن ئەرلەر كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى» دېگەن خەت يېزىقلىق تۇ-راتتى. ئەتراپىمغا بىر قۇر قارىۋېتىپ، دوختۇرخانىغا قاراپ ماڭدىم.

بىنا ئىشىكىدە روھى بەكمۇ سولغۇن بىر نەچچە ياش بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. بىرىنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، ناھايىتى پەرىشان كۆرۈنەتتى. مەن قايسى بۆلۈمگە كىرىپ كۆرۈنۈشنى بىلەلمەي، كارىدوردا بىردەم تۇرۇپ قالدىم. كارىدور تاملىرىغا ئەرلەر كېسەللىكلىرى چۈشەندۈرۈلگەن جاھازلار ئېسىلغان ئىدى. سەل نېرىسىغا ئەرلىك جىنسىي ئەزا ھەم ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا ئورگانىزملارنىڭ كەسمە سۈرىتى چاپلاقلىق تۇراتتى. شۇ ئەسنادا بىر خەنزۇ سېسترا قىز يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ توختىدى:

— بىرسىنى ئىزدەمسىز ياكى كېسەل كۆرسەتمەمسىز؟

دەماللىققا بىرنەرسە دېيەلمەي تۇرۇپ قالدىم. ئۇ قىز مېنى كېسەل دەۋاتاتتى.

— كېسەل تەكشۈرتمەيمەن، بەدەن تەكشۈرتمەن.

ئۇ مېنى بىر بۆلۈمنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى. ئىشىك بېشىغا: «ئەرلەر كېسەللىكلىرى بۆلۈمى» دېگەن تاختا ئېسىقلىق تۇراتتى. سېسترا قىز ئىشىكنى يېنىك چەكتى. بۆلۈمدىن بىرەيلەننىڭ:

— بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭ، — دېگىنى ئاڭلاندى.

سېسترا قىز ماڭا قاراپ، مۇلايىملىق بىلەن:

— بىرەيلەن كېسەل كۆرسىتىۋېتىپتۇ. ئۇ قايتىپ چىققاندىن كېيىن سىز كىرسىڭىز بولىدۇ، — دېدى - دە، يەڭگىل دەسسەپ كېتىپ قالدى.

كارىدوردىكى ئورۇندۇقتا قورۇنۇپ ئولتۇردۇم. ئالدىمدىن دوختۇرلار، سېسترالار، تازىلىق ئىشچىلىرى ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا بويۇن قىسىپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئىنتايىن بىچارە ھېس قىلدىم.

بۆلۈم ئىشىكى ئېچىلىپ، يۈزىنى ساقال - بۇرۇت باسقان، رەڭگىرويى

تائىرىپ كەتكەن بىرەيلەن قايتىپ چىقتى. ئۇنىڭ بىلەن سۇگدىشىپ، بىر ئۇيغۇر دوختۇرمۇ بىللە چىقتى، ئۇلار مېنىڭ ئۇدۇلۇمغا كېلىپ توختىدى.

— باشلىق دوختۇرغا... دەپ باقسىڭىز... — دېدى كېسەل دۇ-دۇقلاپ، — ئۈچ يېرىم مىڭ كوي پۇلۇم يوق. بالىنى ئازراق چۈشۈرگىلى بولماسمۇ.

ئۇ ياپياشلا يىگىت ئىدى. ساقال - بۇرۇتلىرىنى ياساتمىغىلى خېلى بولغان بولۇپ، چىرايىدا قان دىدارى كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ ئاغزى بىلىنەر-بىلىنمەس ئۈمچىيىپ، ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى.

— بايانىن سىزگە دېدىم، بىز داۋالاشقا قارىتا پۇل ئالىمىز، پۇلغا قارىتا داۋالىمايمىز، — دېدى دوختۇر كېسەلگە ھېسداشلىق قىلىپ، — پۇلغا قارىتا داۋالىساق، كېسەلنىڭ ساقىيىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇ چاغدا دوختۇرخانىمىزنىڭ ئىناۋىتىگىمۇ تەسىر يېتىدۇ. سىز قايتىپ بېرىپ، ياخشىراق ئويلىنىپ بېقىڭ.

كېسەلنىڭ كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولدى...

— شۇنداقتىمۇ... — دېدى ئۇ بېشىنى سىلىپ، — باشلىققا دەپ باققان بولسىڭىز.

— بولۇپتۇ، دەپ باقاي. سىز قاچان كېلىسىز؟

— ئەته... ئەتىلا كېلەي.

كېسەل يىگىت روھسىز، پەرىشان ھالەتتە كېتىپ قالدى. دوختۇر ماڭا يۈزلەندى:

— سىز كېسەل كۆرسەتمەكچىمۇ؟

— ياق... ياق... بەدەن تەكشۈرتمەكچى.

— يۈرۈڭ، مەن بىلەن مېڭىڭ.

بۆلۈمدە ئۇلۇق خالات كىيىپ، كۆزەينەك تاقىۋالغان بىر ياش خەنزۇ دوختۇر ئولتۇراتتى. مېنى باشلاپ كىرگەن ئۇيغۇر دوختۇر خەنزۇ دوختۇرنىڭ

ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئۇستەل چېتىگە كومپيۇتېر قويۇقلۇق تۇراتتى. ئۇنىڭ كەينىدىكى تامغا ياپىتىن مەن كارىدوردا كۆرگەن ئەرلىك جىنسىي ئەزا ھەم ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەزالارنىڭ كەسمە سۈرىتى چاپلاقلىق ئىدى. خەنزۇ دوختۇر ماڭا قاراپ ئۇستەل يېنىدىكى ئورۇندۇقنى ئىما قىلدى. ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا:

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— سۇلتان، — دەپ جاۋاب بەردىم مەنمۇ پەس ئاۋازدا.

— توي قىلغانمۇ؟

— ياق تېخى.

— خەنزۇچىنى بىلەمسەن؟

— ئازراق بىلىمەن.

— بىلەلمىگەن يەرلىرىڭنى ئوسمان دوختۇر سىزگە چۈشەندۈرۈپ قويسا بولىدۇ.

مەن ئوسمان دوختۇرغا قاراپ قويدۇم. ئۇ مېنىڭ قورۇنۇپ، كىچىكلەپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ سۆز قىستۇردى:

— دوختۇرخانىمىزدا كېسەللەرنىڭ مەخپىيەتلىكى ساقلىنىدۇ. نېمە ئەھۋال بولسا، يوشۇرماي ئېيتىڭ، ئۇنداق بولمىسا، بىزنىڭ توغرا دىئاگنوز قويۇشىمىزغا، توغرا داۋالاپ، تولۇق ساقايتىشىمىزغا تەسىر يېتىدۇ.

ئىختىيارسىز تامدىكى رەسىمگە قاراپ قويدۇم...

— ئۆزۈڭنى قويۇۋېتىپ، ئەركىن - ئازادە ھالەتتە ئولتۇر، — دېدى خەنزۇ دوختۇر، — توي قىلمىپسەن، ئۇنداقتا ئاياللارنىڭ قېشىغا بېرىپ باقتىڭمۇ؟

— ياق.

— زادى بىرەر قېتىممۇ بېرىپ باقمىدىڭمۇ؟

گاھ خەنزۇ دوختۇرغا، گاھ ئۇيغۇر دوختۇرغا قاراپ، بىردەم ئىككىلىنىپ

ئۇلتۇرۇپ قالدىم.
— بىر قېتىم بارغان... — دېدىم دېرىزىگە قاراپ.
— ھە... قېنى، شۇ چاغدا قانداق بولغان؟
— قاراپ بېقىپ... قايتىپ كەلگەن.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ نېمىشقا قاراپ بېقىپ قايتىپ كېلىسەن؟
— بىر نەچچە ئەر كىشى ئۇ ئايال بىلەن نۆۋەتلىشىپ مۇناسىۋەت قىلىۋېتىپتىكەن.
— سەن نېمىشقا مۇناسىۋەت قىلمىدىڭ؟
— كۆڭلۈم كۆتۈرمىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئىسلام شەرىئىتىدە زىنا قىلىش، ئېغىر گۇناھ بولىدۇ.
— شۇ چاغدا كاللاڭغا بىر نەرسە قاتتىق تەسىر قىلدىمۇ؟
— تەسىر قىلدى، قاتتىق سەسكەنگەندەك بولدۇم.
— كىمدىن؟ نېمىدىن؟ مەن دېمەكچى: ئاياللىنىمۇ، ئەرلەردىنمۇ ياكى ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتتىن سەسكەندىڭمۇ؟
— ئاياللىن.
خەنزۇ دوختۇر بىر ئىشقا ھۆكۈم قىلماقچى بولغاندەك بىردەم خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى...
بىر چاغدا ئۇ ماڭا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى:
— شۇندىن كېيىن باشقا بىر ئايالنىڭ قېشىغا بېرىپ باقتىڭمۇ؟
— بېرىپ باقمىدىم.
— نېمىشقا؟ ئاياللارغا ھەۋەس قىلمامسەن؟
— ھەۋەس قىلىمەن، نېمىشقا ھەۋەس قىلمىغۇدەكمەن؟
— ھەۋەسىڭ كۈچلۈكمۇ ياكى ئاجىزمۇ؟
— ناھايىتى كۈچلۈك.

— ئۇنداقتا نېمىشقا ئايالLارنىڭ قېشىغا بېرىپ باقمايسەن؟

— بۇنى قانداق چۈشەندۈرسەم بولار؟ — بىردەم ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. بىر چاغدا ئوسمان دوختۇرغا يۈزلەندىم، — بۇنى بىر ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. سىز تەرجىمە قىلىپ بەرگەن بولسىڭىز. مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا بىر قىزغا ئاشىق بولۇپ قالغان ئىدىم، بىراق ئۇ قىز مېنى ياخشى كۆرمىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆپ ئازاب چەكتىم، تولا ھەسرەت چېكىشۋېرىپ، كېلىمدىن تاماق ئۆتمەيدىغان، ھەتتا كېچىلىرى ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ ئىش بىر قانچە يىلغىچە داۋاملاشتى. شۇنىڭ بىلەن بەدىنىم ئورۇقلاپ، نېرۋامۇ قاتتىق ئاجىزلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بەك تىرىشچان ئوقۇغۇچى ئىدىم. باش كۆتۈرمەستىن كىتاب ئوقۇيتتۇم، يېزىقچىلىق قىلاتتىم. بۇ ئىشلار مېنىڭ بەدىنىمنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرىۋەتتى. ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان چاغدا قولۇم تىترەپ، قەلەمنىمۇ تۇتالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىم. ئالىي مەكتەپتىكى بەش يىل ۋاقىت ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئويلاپ باقسام، شۇ چاغلاردا بەكلا رومانتىك بولۇپ كېتىپتىمەن، باشقا ئايالLارنىڭ قېشىغا بېرىشنى ئاشىقلىق ئەقىدەمگە قىلىنغان ھاقارەت، شۇنداقلا ئەخلاقسىزلىق دەپلا ئويلاپتىمەن. ملنا ھازىر ئايالLارنىڭ تېنىنىڭ مېنىڭ تېنىم بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسامۇ، بىراق يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ماڭا شۇنداق سىرلىق، قورقۇنچلۇق ئىش بولۇپ تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى.

خەنزۇ دوختۇر ئوسمان دوختۇرنىڭ تەرجىمە قىلىپ بەرگىنىنى ئاڭلاپ، بېشىنى لىڭشىتتى. پەرىزىمچە، ئۇ مېنىڭ ئەھۋالىمغا تەخمىنىي دىئاگنوز قويۇپ بولغان ئىدى.

— ھازىر نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— يىگىرمە بەش ياشقا.

— قىز دوستۇڭ بارمۇ؟
— بار.
— مۇھەببەتلىشىۋاتقىلى قانچە ۋاقىت بولدى؟
— بىر يىلدىن ئاشتى.
— توي قىلىشنى پۈتۈشتۈڭلارمۇ؟
— پۈتۈشتۇق.
— قاچان قىلماقچى؟
— ۋاقتىنى تېخى بېكىتمىدۇق.
— نېمىشقا؟
گېلىمغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك چىڭقىلىپ تۇرۇپ قالدىم. بۇنى كۆرۈپ ئوسمان دوختۇر ماڭا مەدەت بەردى:
— خىجىل بولماڭ. ئەھۋالنى يوشۇرسىڭىز، توغرا دىئاگنوز قويغىلى بولمايدۇ. قېنى، دەۋېرىڭ.
— ئۆزۈمگە... تازا ئىشەنچىم يوق.
— ئۆزۈڭ شۇنچە قاۋۇل، بېجىرىم تۇرۇپ، نېمىشقا بۇنداق دەيسەن؟ ھازىر سەمرىپ، ئوڭشىلىپ قاپسەنغۇ؟
— بىلمەيمەن، يېقىندىن بۇيان مەندە مۇشۇنداق تۇيغۇ پەيدا بولۇپ قالدى. بۇرۇن مۇھەببەتتە قاتتىق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقتىن ئۆزۈمگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدىم. خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ تېنىمنىڭ ئاجىزلىقى، تۇرمۇش تەجرىبەمنىڭ كەملىكى، يېشىمنىڭ چوڭىيىپ كېتىشى سەۋەبىدىن ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنمەسلىك تۇيغۇسى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.
— جىنسىي جەھەتتىن ئۆزۈڭگە ئىشەنمەسلىك سەندىكى خىيالىي تۇيغۇمۇ ياكى ئەمەلىيەتتىمۇ بۇنىڭ ئىپادىلىرى كۆرۈلدىمۇ؟
— ئەمەلىيەتتىمۇ ئازراق كۆرۈلدى.

— ئېنىقراق دەپ باقسىن.

— قىز دوستۇمنى قۇچاقلاپ ياتقان چاغلىرىمدا تېزلا ئېھتىلام بولىدىغان ئەھۋال كۆرۈلدى. مۇشۇنداق ئىش بىر نەچچە قېتىم يۈز بەرگەندىن كېيىن جىنسىي جەھەتتە ئۆزۈمگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدىم.

سۆزۈم تازا چۈشىنىشلىك بولمىغاندەك قىلاتتى. خەنزۇ دوختۇر ئوسمان دوختۇرنىڭ تەرجىمە قىلىپ بەرگەنلىرىنى ئاڭلاپ، ماڭا يۈزلەندى.

— قىز دوستۇڭ بىلەن كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېتىپ ياتتىڭمۇ؟

— ياق.

— ئۇ توي قىلىدىغان قىزنىڭ بولغاندىكىن، نېمىشقا كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېتىپ يېتىپ باقمايسەن؟

— ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە قىزلار توي قىلىشتىن بۇرۇن يىگىتى بىلەن مۇناسىۋەت قىلسا بولمايدۇ.

دوختۇر خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. دەرگۇمانلىقتا ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم. ئەمدى ئۇ مېنىڭ كېسەل ياكى كېسەل ئەمەسلىكىم ھەققىدە بىر نېمە دەيدىغان بولدى دەپ ئويلاپ، بىردىنلا جىددىيلىشىشكە باشلىدىم.

— كىچىك تەرەت سانى ئازمۇ ياكى كۆپمۇ؟

— كۆپ.

— مىقدارىچۇ؟

— ئاز.

دوختۇر سوئال - سوراقلارنى توختىتىپ، قولۇمغا بىر نەچچە پارچە تەكشۈرۈش قەغىزى يېزىپ بەردى. ئوسمان دوختۇرغا قاراپ قويۇپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم. قارىغاندا، دوختۇر تېخى ئېنىق دىئاگنوز قويالمىغاندەك قىلاتتى.

— سىز مۇشۇ تەكشۈرتۈشلەرنى تۈگىتىپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن كەلسىڭىز بولىدۇ، — دېدى ئوسمان دوختۇر ئورنىدىن تۇرۇپ، — شۇ

چاغقىچە دوختۇرخانىمىزنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ئەھۋالىڭىز ھەققىدە ئېنىق دىئاگنوز قويىدۇ.

مەن ھەر ئىككى دوختۇرغا رەھمەت ئېيتىپ قايتىپ چىقتىم. كارىدوردا يەنە بىرەيلەن مېنىڭ چىقىشىمنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ ئىشەنچىسىز قەدەملەر بىلەن كىرىپ كەتتى.

مەن ھەممە تەكشۈرتۈشلەرنى تۈگىتىپ، دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىقتىم. كۆڭلۈم شۇ قەدەر غەش ئىدى. شاۋقۇنلۇق كوچىدا ئۆزۈمنى زەر-رىچىدەك كىچىك، ئاجىز ھېس قىلدىم. دوختۇرنىڭ سوئاللىرى، مەن بەرگەن جاۋابلار قايتا يادىمغا كېلىپ، مېنى چىدىغۇسىز خورلۇق ئىچىگە سالدى. دوختۇر ئېنىقراق بىر نەرسە دېمىدى دېسە؟ ئۇ مېنى يارىماسقا چىقارغان بولسا، بۇگۈنلا ماشىنىنىڭ ئاستىغا ئۆزۈمنى تاشلىغان بولسىم، ئۇ چاغدا مېنىڭ نە سەۋەبتىن ئۆلگەنلىكىمنى ھېچكىم بىلمەيلا قالغان بولسا.

ئۆرۈمچىدە بىردەممۇ تۇرغۇم كەلمىدى، يۇرتۇمغىمۇ قايتقۇم كەلمىدى. كوچىدا شۇ ھالەتتە قانچىلىك ماڭغىنىم ئۆزۈمگىمۇ ئېنىق ئەمەس...

※ ※ ※

ئۆرۈمچىدىن قايتىپ كېلىپ، ئاتا ــ ئانامنىمۇ يوقلاپ بارمىدىم. ئۇلار مېنى كۆرسىلا توي ھەققىدە گەپ ئاچاتتى. ئۇلار بۇ تويغا نالھايىتى تەستە قوشۇلغان ئىدى، مانا ئەمدى ئۆزۈم يەنە بېشىمنى ئىچىمگە تىقىۋالدىم. ئۇلار مۇشۇ كۈنلەردە قانداق ئويلاۋاتىدىكىنتاڭ؟ ھەر قېتىم ئۇلارنى يوقلاپ بارغىنىمدا، بەللىرى مۈكچىيىپ، چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن ئاپامنىڭ مەن ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ تىنەپ يۈرگىنىنى كۆرگىنىمدە، ئىچىم سىيرىلىپ كېتەتتى. مەن بالدۇرراق توي قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغان بولسام، قانچە ياخشى بولاتتى ــ ھە؟ ئەپسۇس، ئۇلار مېنىڭ ئازابلىرىمنى

چۈشەنمەيدۇ.

دىلبەرنىڭ ئىزدەپ كېلىپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، كەچلىكىمۇ ياتىقىمدىمۇ ئولتۇرالمىدىم. ئۇ ئاغزىدىن چىقىرالمىغان بىلەن توينى ۋاقتىدا قىلىشىۋېتىشقا ئالدىراۋاتاتتى. ئۇ ماڭا بىر قېتىم: «كەيىنكە سوزۇلغان ئىشتىن چىچەك چىقىدۇ» دەپ ئەسكەرتىپمۇ قويغان ئىدى.

بىر ھەپتە مۆھلەت توشۇپ قالدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ قانداق چىقىدىغانلىقى ماڭا نامەلۇم. نىمە بولمىسۇن، يەكشەنبە كۈنى ئۈرۈمچىگە چىقىپ، چوقۇم بىلىشىم كېرەك. ئوسمان دوختۇرنىڭ تېلېفون نومۇرىنى يېزىۋالغان بولسامچۇ، كاشكى. كۆڭلۈمگە ئايان، مېنىڭدە چوقۇم كېسەللىك بار. مەن ئۈرۈمچىگە چىقىپ، قانداق داۋالىنىش توغرىسىدا دوختۇرنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشىم كېرەك.

چۈشتە ئىشتىن چۈشۈپ تاماققا كېتىۋاتاتتىم. ئىدارە دەرۋازىسىدىن چىقسام، يولدا دىلبەر ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپ ئالدىراپ يېنىمغا كەلدى.

— بارمۇسىز؟ ئەجەب كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭىزغۇ؟

— ئىشىم كۆپ، يېتىشەلمەي قالدىم، — دېدىم يالغان ئېيتىپ.

— كېچىسىمۇ ئىشلىمەيدىغانسىز؟ نەچچە قېتىم ئىزدەپ كەلسەم، ياتىقىڭىزدىمۇ، ئىشخانىڭىزدىمۇ يوق تۇرىسىزغۇ؟

— يۈرۈڭ، بىللە تاماق يەيلى.

— گېپىمگە تېخى جاۋاب بەرمىدىڭىزغۇ؟

ئۇنىڭ بۇتىنغان ھالىتىگە قاراپ كۈلۈۋەتتىم، بىراق بۇ كۈلكەم پەقەت قولاشماي قالدى. كۆڭلۈمنىڭ يېرىملىقى دەرھال چىرايىمغا چىقتى.

— بۈگۈن مېنى سوراققا تارتقىلى كەلگەن ئوخشىمامسىز؟

ئۇ ئۈندىمەستىن ماڭا يالدىشىپ ماڭدى. نەچچە ھەپتىدىن بۇيان ئۇنى ئىزدەپ بارمىغانلىقىم، مېنى ئىزدەپ كەلسە، ياتاقتا بولمىغانلىقىمدىن

ئۇنىڭ يۈرىكى بىر سوغۇقلۇقنى سەزگەن ئىدى. ماڭا نە ئامال، مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ مېنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىمۇ ئىچىمنى سىقماقتا ئىدى. مېنىڭ مۇشۇ ھالىمدا ئۇنىڭ مېنى تاشلاپ كېتىپ قېلىشىمۇ، مەن ئۈچۈن ئىنتايىن قاتتىق زەربە بولاتتى. بۇ كۆڭلەردە مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرىدىغان بىر قانچىلا يېقىن دوستلىرىم بار ئىدى.

— يەكشەنبە كۈنى ئۆيگە بارىمەن.

— ئۆيدە بىر ئىش بولغانمۇ؟

— ياق... — دېدى ئۇ غەمكىن قىياپەتتە، — ھېچ ئىش بولمىدى، ئاتا — ئانامنى يوقلاپ بارىمەن.

ئارىنى جىمجىتلىق باستى. كۆڭلۈم يېرىم بولغاچقا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان گەپلەرنىمۇ قىلالمىدىم. ماڭا قاراپ، ئۇنىڭ روھىمۇ چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ماڭىمۇ قارىماستىن:

— بىر ئىشتىن ناھايىتى پۇشايمان قىلىمەن... — دېدى.

يۈرىكىم «جىغغىدە» قىلىپ قالدى. ئەندىكىش ئىچىدە ئۇنىڭغا قارىدىم.

— قايسى ئىشتىن؟

— سىزنىڭ توي قىلىش تەكلىپىڭىزگە بەكلا ئالدىراپ جاۋاب بېرىپ قويۇپتىمەن.

دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپلا كەتتى. مەن ئازابنىڭ چەكسىز چۆلىدە تەسەللىگە ئەڭ موھتاج بولۇپ يۈرگەن بۇ كۈنلەردە دىلبەردىن بۇنداق گەپنى ئەسلا كۈتمىگەن ئىدىم. ئۇ مېنىڭ ئاغزىمغا بىرەر تامچە سۇمۇ تامچىلىتىپ قويماستىن كېتىپ قالماقچىمىكىنە؟

— نېمىشقا پۇشايمان قىلىپ قالدىڭىز؟

— ۋاقىت بەكلا كېيىنگە سوزۇلۇپ كەتتى.

— سىز توي ۋاقتىنى دېمەكچىمۇ؟

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى. بۇنى كۆرۈپ، يۈرىكىم ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى.

— سىزنى ئۆچ بولۇپ قالدىمىكىن دەپتىمەن.

— سىز مېنى ھازىرغىچە چۈشەنمەيدىكەنسىز، — ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى، — مەن ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە سىزگە ئۆچلۈك قىلمايمەن، بۇنى مەن يۈرىكىمدە ئالللىقاچان قەسەم قىلىپ بولدۇم.

— ئۇنداقتا... نېمىشقا ماڭا بەرگەن ۋەدىڭىزدىن پۇشايمان قىلىپ قالدىڭىز؟

— دۆت، شۇنىمۇ چۈشەنمەمدىكىن، — ئۇنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرىگە كۈلكە يۈگۈردى، — ئاتا ـ ئانام مېنى ئالدىرىتىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ قېتىم بارسام، يەنە توينىڭ ۋاقتىنى سورايدۇ.

دىلبەر ماڭا توي كۈنىنى بېكىتىۋېتىشنى مەسلىھەت سېلىۋاتاتتى. ئو-غۇل بالا بولغاندىكىن، بۇ ئىشتا ئەسلى مەن تەشەببۇسكار بولسام بولاتتى. ئەپسۇسكى، قارىغۇنى يادا قىستىغاندەك يا ئىلگىرى ئەمەس، يا كېيىن ئە-مەس...

— توينىڭ ۋاقتىنى... كېلەر ھەپتە بىر نەرسە دېيىشسەك، قانداق دەيسىز؟

— ئۇنداق بولسا، ئۆيگە بارماي تۇراي.

تاماقتىن كېيىن ياتاققا قايتىپ كېلىپ، بىئارامىلىقتىن يەنە قۇتۇلالمىدىم. دىلبەرگە ۋەدە بېرىپ قويدۇم. ئۇرۇمچىگە چىقىپ كەلسەم، بىزنىڭ توي قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىمىز ئېنىق بولىدۇ. گەپ ئەمدى دوختۇرنىڭ دىئاگنوزىدا قالدى. مەن شەنبە كۈنىنى ساقلاپ تۇرالمىغۇدەكمەن. ئۆلىدىغان ئىش بولسىمۇ، تېزراق بولغىنى ياخشى. مۇشۇ كۈنلەردە قولۇم ھېچ ئىشقا بارمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئەتىلا ئۇرۇمچىگە ماڭاي.

سەھەردە يولغا چىقتىم. مېنىڭ بۇ غەم ـ ئەندىشىلىرىمنىڭ چېكى بارمىدۇ؟ توي قىلىش خۇددى جۇمۇلاڭما چوققىسىغا چىققاندەكمۇ تەس ئىش ئىكەن. قىزلارنى پېتەك ئورنىدا كۆرۈپ ئويناپ يۈرگەنلەر ئۈچۈن توي قىلىش ئويۇندەكلا بىر ئىشتۇ. ماڭا بۇ پاكلىقنى كىم قويۇپتۇ ـ ھە؟ مەن خۇدا بەرگەن پاكلىقىمنى ساقلايمەن دەپ، ئاخىر مۇشۇ ۋەھىمە ئازابىغا قالدىممۇ ئەمدى؟ مەن ئۆزۈمنى مەن بىلەن توي قىلىدىغان قىزغا ئوخشاشلا پاك ساقلىشىم كېرەك، دەپ يۈرۈپتىمەن. ئەگەر مەن دىلبەر بىلەن توي قىلىپ، ھەقىقىي ئەركەك بولالمىسام، ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق پاكلىقنىڭ نېمە كېرىكى؟!

بۇ ھاياتىمدىكى ئەڭ ئازابلىق سەپەر بولدى. دوختۇر راستىنلا كېسەل بار دەپ دىئاگنوز قويسا، قانداق قىلارمەن؟ ئۇ چاغدا ئاتا ـ ئانامنىڭ ئالدىغا قانداق بارارمەن؟ دىلبەرنىڭ يۈزىگە قانداق قارارمەن؟ بىر ئۆمۈر توي قىلماي، بويتاق ياشاش قانچە قورقۇنچلۇق... ئۇ چاغدا چوقۇم يۇرتنى تاشلاپ، مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كېتىمەن.

دوختۇرخانا ئالدىغا يېتىپ كەلدىم. بېشىم زىڭىلداپ، چىدىغۇسىز ئاغرىيتتى. ئۆلۈم خېتى ئالغىلى كەلگەندەك پۇتلىرىمنى تەستە يۆتكەپ، دوختۇرخانىغا كىرىپ كەلدىم. ماڭا تونۇش ھېلىقى رەسىم تامدا يەنىلا جايىدا تۇرۇپتۇ. ئەرلەر كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى ئاستا چەكتىم.

ـــ كىرىڭ.

بۇ ئوسمان دوختۇرنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ بار ئىكەن ـ دە. خۇداغا شۈكۈرى... ئىشىكنى ئېچىپ، ئاستا كىردىم. ئوسمان دوختۇر مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، خەنزۇ دوختۇر بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

ـــ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى سورۇشتۇرۇپ كەلدىڭىزمۇ؟

ـــ ھەئە... ـــ دېدىم ئالدىراپ، ـــ بولسا... ھازىرلا بىلسەم.

ئۇ ئۇستەل تارتمىسىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ، بىردىنلا كەيپىياتىم جىددىي تۇس ئالدى.

— مانا بۇ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئاخىرقى دىئاگنوزى.

ئۇ سۇنغان قەغەزنى ئالدىم. دىئاگنوز خەنزۇچە يېزىلغان ئىدى.

— چۈشەندۈرۈپ قويغان بولسىڭىز بولۇپتىكەن.

— سىزدە چوڭ مەسىلە يوق ئىكەن، پەقەت يېنىك دەرىجىدىكى مەزى بېزى ياللۇغى بار ئىكەن.

— مەزى بېزى ياللۇغى؟ ئۇ قانداق كېسەللىك؟

ئۇسمان دوختۇر تامدىكى رەسىمنى كۆرسىتىپ ماڭا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ماۋۇ رەسىمگە قاراڭ. مانا ماۋۇ دوۋساق، دوۋساقنىڭ ئاستىدىكى مانا بۇنى مەزى بېزى دەيمىز. بۇ بولسا تاشقى بۆرەك، تاشقى بۆرەكنىڭ ماۋۇ قىسمىدا ئۇرۇق پەيدا بولىدۇ. ئۇرۇق تاشقى بۆرەكنىڭ ماۋۇ قىسمىدا رەسمىي پىشىپ يېتىلىدۇ. پىشىپ يېتىلگەن ئۇرۇق مەنىي سۇيۇقلۇقى بىلەن ئارىلىشىپ، مانا ماۋۇ ئۇرۇقدان نەيچىسى ئارقىلىق، مەزى بېزى كانايچىغا كېلىدۇ. جىنسىي مۇناسىۋەت ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە، ئۇرۇقدان نەيچىسى بىلەن مەزى بېزى تۇتاشقان جايدىكى كلاپان ئېچىلىدۇ. مەزى بېزى شىلىمشىق ھالەتتىكى مەنىي سۇيۇقلۇقنى سۇيۇلدۇرۇپ، ئەرلىك جىنسىي ئەزاغا يوللاپ بېرىدۇ.

ماۋۇ دوۋساق. بەدەندىكى كېرەكسىز سۇيۇقلۇق دوۋساقتا يىغىلىدۇ. بۇ بىر ئادەتتە دەيدىغان سىيدۈكنى كۆرسىتىدۇ. دوۋساقتا تۇتاش ماۋۇ سىيدۈك نەيچىسىنىڭ يەنە بىر ئۇچى مەزى بېزىگە تۇتاشقان، ئەنە شۇ جايدا يەنە بىر كلاپان بار. ئادەملەر كىچىك تەرەت قىلماقچى بولغان چاغدا، ئەنە شۇ كلاپان ئېچىلىپ، دوۋساقتىكى سۇيۇقلۇق مەزى بېزىگە ئېقىپ كىرىدۇ، ئاندىن جىنسىي ئەزا ئارقىلىق، سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ.

ئەمدى مەزى بېزىگە قاراڭ. ئەگەر مەزى بېزى ياللۇغلانسا، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ماۋۇ ئىككى كلاپان نورمال ئىشلىمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئادەم جىنسىي غىدىغلاشقا ئازراقلا ئۇچرىسا، ئۇرۇقدان نەيچىسىنىڭ ئاغزىدىكى ماۋۇ كلاپان تېزلا ئېچىلىپ كېتىپ، مەنىي سۇيۇقلۇقى ئاسانلا ئېقىپ كېتىدۇ. شۇنداقلا دوۋسىقمۇ توشا ـ توشمىلا، سۈيدۈك توسقۇچى ماۋۇ كلاپانمۇ ئېچىلىپ كېتىپ، كىچىك تەرەت سىلى كۆپىيىپ كېتىدۇ. لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش سىزنىڭ ئۆزىڭىز ھەققىدىكى بايانلىرىڭىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

— ھە... مۇنداق دەڭ. مەزى بېزى ياللۇغى يامان خاراكتېرلىك كېسەللىكمۇ؟ داۋالاپ ساقايتقىلى بولامدۇ؟

— ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. بىرەر ئاي داۋالانسىڭىز، سەللىمازا ساقىيىپ كېتىسىز.

— مەن يەنە نېمىلەرگە دىققەت قىلسام بولىدۇ؟

— ئۆزىڭىزنى دائىم ئازادە، روھلۇق، خۇشال ـ خۇرام تۇتۇڭ. ياخشى روھىي ـ ھالەت كېسەلنىڭ تېز ساقىيىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۆزىڭىزگە، بولۇپمۇ جىنسىي جەھەتتە ئۆزىڭىزگە تولۇق ئىشىنىڭ. سىزدە ئۆزىڭىزگە ئىشەنمەسلىكتەك پىسخىكىلىق توسالغۇ بار ئىكەن. شۇنىڭغا ئىشىنىڭ، بۇ سىزدىكى خىيالىي تۇيغۇ. مەزى بېزى ياللۇغى سىزدە مۇشۇنداق تۇيغۇنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىز سىزدىكى مەزى بېزى ياللۇغىنى داۋالاپ، تولۇق ساقايتىمىز. سىز ئاشۇنداق خاتا تۇيغۇدىن قەتئىي قۇتۇلمىسىڭىز بولمايدۇ. بىز ھازىردىن باشلاپ، رەسمىي داۋالاشقا كىرىشىمىز. بولسا سىزمۇ بىزگە ماسلىشىپ، ئۆزىڭىزنى روھىي ـ ھالەت جەھەتتىن تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭ.

— رەھمەت، كۆڭلۈم خېلى جايىغا چۈشۈپ قالدى.

— دورا يېزىپ بېرەيلى، ئىچىپ بېقىڭ. چوقۇم ياخشى بولۇپ

كېتىسىز، بۇنىڭغا ئىشىنىڭ.

خەنزۇ دوختۇر ئىككى پارچە رىتسېپ يېزىپ بەردى. مەن بۆلۈمدىن خۇشال ــ خۇرام ھالدا قايتىپ چىقتىم.

※ ※ ※

بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، مەزى بېزى ياللۇغى تولۇق ساقايغان، دەپ دىئاگنوز قويۇلدى. بىراق دوختۇرلار مېنىڭ كۆڭۈل جاراھىتىمنى تولۇق ساقايتالمىدى. گەرچە دوختۇرلار ماڭا ئۆزۈمگە ئىشىنىش ھەققىدە قايتا ــ قايتا پسىخىكىلىق مەسلىھەت بەرگەن بولسىمۇ، بىراق مەندىكى پسىخىكىلىق توسالغۇنى تەل ــ تۆكۈس يوق قىلىۋېتەلمىدى. بۇ پۇتۇنلەي ئۆزۈمنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق ئىش ئىدى.

دىلبەر بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇپ ياتىدىغان ئىشنى خىيال قىلسام، كۆڭلۈم يەنە ئەنسىزچىلىككە تولۇپ، كەيپىياتىم جىددىي تۈس ئالاتتى. ئۇنى ئىزدەپ بېرىشنى ئارزۇ قىلسامۇ، ئۇنىڭمۇ مېنى ئىزدەپ كېلىشىگە تەشنا بولسامۇ، لېكىن ئىككىمىزنىڭ كۆرۈشۈپ قېلىشىمىزدىن شۇقەدەر ئەندىشە قىلاتتىم. مۇشۇنداق ئەھۋالدا توي ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېيىش مۇمكىنمۇ؟ بۇ بەختسىزلىك مەن بىلەنلا كەتسۇن، دىلبەر باشقا بىرسىنى تېپىپ، بەختلىك بولسۇن...

ئەڭ ئاخىرى مۇشۇ قارارغا كەلگىنىمدە، ئۆزۈمنى بىر ئاز يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. بۇنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇش كېرەك، ئۇ مەندىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ۋاقتىدا باشقا بىرسىنى تاپسۇن، مەنمۇ بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن.

كەچتە دىلبەرنى ئىزدەپ ياتىقىغا كەلدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ، خۇشال ھالەتتە ئالدىمغا چىقتى.

— يائىقىڭىزدا يالغۇزمۇسىز؟

— ھەئە. ياتاقتا كىرىلىك، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن.

ئۇ مېنىڭ ئىزدەپ كەلگەنلىكىمدىن خوشال بولغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ مەنمۇ كۆلدۈم، لېكىن يۈرىكىمدە يىغلىدىم. ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى سۆيۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سۆيگۈدىن پۈتۈنلەي ئادا — جۇدا بولۇش ئۈچۈن كەلگىنىمنى بىلسە — ھە؟

تاماكىغا ئوت ياقتىم. بۇ مېنىڭ دىلبەرنىڭ يائىقىدا تۇنجى قېتىم تاماكا چېكىشىم ئىدى. توي قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا قارىغاندا، ئۇنى بىكار قىلىش قارارىنى ئېغىزدىن چىقىرىش تەس ئىكەن. دىلبەر قانچىلىك ئازابلانسۇن، ئەمدى ئىككىلىنىشكە بولمايدۇ. شېرىن چۈشتەك تۇرۇپ كەتكەن نىكاھنىڭ ھەسرىتى ئالدىدا سۆيگەن يىگىتىدىن ئايرىلىپ قېلىش قانچىلىك ئىش ئىدى. دىلبەرنى داۋاملىق ئالداشقا بولمايدۇ، بۇ توي ئۇنىڭ ئۈچۈن تەگسىز ھاڭ! ئۇ بۇ يار لېۋىدىن دەرھال كەينىگە قايتىشى كېرەك! مەن ئۆزۈمنىلا ئويلاپ، ئۇنى بەختسىز قىلىپ قويسام بولمايدۇ. ئۇ مېنىڭ ئەركەكلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان تەجرىبە بويۇمۇم ئەمەس...

— نېمە بولدى؟ نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسىز؟

— ...

ئۇ ئالدىمغا بىر پىيالە چاي قويدى. مەن باشقا ياققا قارىۋالدىم. ئۇنىڭ سەمىمىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك جىلۋىلىنىپ تۇرغان چىرايىغا، پاكلىق، ساداقەتمەنلىك پارلاپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرىگە قارىسىلا، ئۆز قارارىمدىن يېنىۋېلىشىمدىن ئەنسىرىدىم. مېنىڭ بۇ بىغۇبار، گۈزەل پەرىشتەمدىن ئايرىلىشقا يۈرىكىم چىدىمىدى، كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولدى. مەن مەڭزىمنى بويلاپ چۈشۈۋاتقان يېشىمنى سۈرتىۋەتتىم.

— سىزگە زادى نېمە بولدى؟ نېمىگە ياش تۆكىسىز؟

— بىز ئايرىلىپ كېتەيلى.

— نېمە؟ نېمە دەۋاتىسىز؟

باشقا ياققا قارىۋالدىم. بەلكىم، ئۇ گېپىمگە ئىشەنمىگەندۇ، ئىشەنگەن بولسا، چىرايى غەزەپتىن تاتىرىپ كەتكەندۇ...

— يېقىندىن بۇيان ئۇرۇمچىگە تولا قاتىرايدىغان بولىۋالدىڭىز؟ باشقا بىرسىنى تېپىۋالغان ئوخشىمامسىز؟

— خۇدا ھەققى، ئۇنداق ئىش يوق.

— ئۇنداقتا... نېمىشقا ئۆزگىرىۋالدىڭىز؟

چوڭقۇر تىنىۋەتتىم. كۆڭلۈمدىكى ئەندىشىلىرىمنى بىر قىز ئالدىدا، يەنە كېلىپ سۆيگەن قىزىم ئالدىدا قانداقمۇ ئاشكارىلىغىلى بولسۇن؟ ئۇ بۇنى بىلسە، كۆڭلىنى مەندەك بىر يارىماس لەقۋاغا بەرگەنلىكىدىن نومۇس قىلىپ كۆلىدۇ. مېنىڭ ھازىرقى ھەسرىتىممۇ يېتىپ ئاشىدۇ. ئەمدى يەنە دىلبەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالسام، بىراقلا ئۆلۈۋالسام بولىدۇ...

— ئىچىمنى سىقماي، گەپ قىلسىڭىزچۇ؟ زادى نېمە ئىش بولدى؟

— مېنى قىستىماڭ، ھازىرلا ئۆلۈپ بەر دېسىڭىز، دەرھال ئۆلۈپ بېرەي، ئەمما بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىماڭ.

— نېمىشقا؟ زادى دېگىلى بولمايدىغان قانداق ئىش ئۇ؟ ئايرىلىپ كەتسەك مەيلى، بىراق مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى چوقۇم بىلىشىم كېرەك. نەچچە يىللىق ئەقىدەم مۇشۇنداقلا بەرباد بولۇپ كەتسە بولمايدۇ. مەن گالغا پىچاقنى تەگلەپ كەلسىمۇ كۆزىنى پارقىرىتىپ ياتىدىغان مۆك كالا ئەمەس. مېنىڭ بۇنداق بۇرۇقتۇرمىچىلىققا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.

— ئەستاغپۇرۇللا...

مەن يەنە تىلاكىغا ئوت ياقتىم. ئاھىم ياتاقنى بىر ئالدى. دىلبەر مېنى مەسخىرە قىلسىمۇ بولۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۇچۇن روھىي جەھەتتە بىر قېتىم ئەمەس، مىڭ قېتىم ئۆلسەممۇ ئەرزىيدۇ...

مەن ئىلاجسىز ھالدا بولغان ئىشلارنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردىم.

دىلبەر چوڭقۇر خىيالغا كەتتى. ئۇنىڭ ماڭا ئىچىنىۋاتقانلىقىنى ياكى غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدىم. بەلكىم، ئۇ قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتقاندۇ ياكى مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندۇ.

— مۇشۇ گەپلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى راستمۇ؟

— راست... ھەممىسى راست...

ئۇ كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قاچتى. ئۇ قولياغلىقى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جۇدالىق يىغىسىمىدۇ؟

ئۇنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىقتىم. ئۇ مېنى ئۇزىتىپمۇ چىقمىدى. يۈرىكىم كەينىمگە تارتىشقاندەك بولدى. كەينىمگە قايرىلىپ قارىسام، دىلبەر ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپتۇ.

ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. دىلبەردىن ئايرىلىپ قالغان مۇشۇ كۈنلەردە دۇنيامۇ مېنى تاشلىۋەتكەندەك روھىي ھالەتكە چۈشۈپ قالدىم. ئەمدى بىلسەم، دىلبەرنىڭ مۇھەببىتى ئارقىلىقلا كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇپ ياشاپ كەپتىكەنمەن. مانا ئەمدى مەندىكى پىسخىكىلىق توسالغۇ تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى، ھەتتا قىزلارنى خىيال قىلىشتىنمۇ قورقىدىغان بولۇپ قالدىم.

دىلبەر بەك چىرايلىق، ئۇ كۆپ ئۆتمەستىنلا باشقا بىرىنى تاپىدۇ. ئۇ مېنىڭ ئەخمەق قىلغانلىقىمدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ماڭا يېڭى سۆيگەنىنى يىگىتىنى كۆز ــ كۆز قىلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ شۇنداق قىلغىنى يوللۇق، ئۇ مەندىن يۈز ئۆرىگىنى يوق، مەن ئىلاجىسىزلىقتىن ئۇنىڭ مۇھەببەتلىك كۆڭلىنى رەت قىلدىم. ئانا ــ ئانام مېنىڭ بىر ئۆمۈر توي قىلماسلىق قارارىمغا كەلگەنلىكىمنى ئاڭلىسا، بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ تىلغا ئالغىلى بولمايدىغان قور-قۇنچلۇق كېسەللىك ئىكەنلىكىنى بىلسە، چوقۇم ئوغلىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا يۈرەك ــ باغرى لەختە ــ لەختە بولۇپ تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، ھەتتا ئوغلىنىڭ يارامسىزلىقى تۈپەيلىدىن قوشنىلار ئالدىدا نومۇسقا قالىدۇ. ئۇلار نەۋرىسىنى

كۆرەلمەي، بۇ ئالەمدىن ئارمان بىلەن كېتىدىغان بولدى...

ئىختىيارسىز رۇقىيەنى ياد ئېتىپ قالدىم. ئۇ بۇ چاغقىچە باللىقمۇ بولۇپ بولغاندۇ. مۇبادا ئۇ مېنىڭ مۇھەببەت تەكلىپىمنى قوبۇل قىلغان بولسا، تەقدىر ــ قىسمىتىم مۇنداق بولماس بولغىيتتى. ئاخشىمى يوتقانىنى رۇقىيەگە ئايلاندۇرۇپ قۇچاقلاپ ياتقىنىم، چۆشلۈكى قوتۇر جىگدىنى رۇقىيەگە ئايلاندۇرۇپ قۇچاقلاپ، ئاللاغا دەرد تۆكۈپ يىغلىغىنىم، يەكشەنبە كۈنلىرى تۇمەن دەرياسى بويىغا سۇغا چۈمۈلگىلى بېرىپ، ساھىلغا رۇقىيەنىڭ رەسىمىنى سىزىپ قۇچاقلاپ ياتقىنىم... روھىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى پىسخىكىلىق توسالغۇ ئاشۇ چاغلاردىكى ئانانىزمنىڭ تەسىرىدىن قالغان ئۆمۈرلۈك ئاسارەت! ئاھ... دەردىما! تەقدىر ــ قىسمەتنى ئۆزگەرتكىلى بولاتتىمۇ؟ مېنىڭ ئۆمۈرلۈك بەختسىزلىكىم رۇقىيەگە ئاشىق بولۇپ قالغان كۈندىن باشلانغان، ئەمدى بۇنىڭغا نېمە چارە؟ ...

تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى، ئىشىك ئەمەس، يۈرىكىم چېكىلدى. خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاچقا، شۇنچە يەڭگىل ئاۋازدىمۇ تېنىم جۇغۇلداپ شۈركۈنۈپ كەتتىم. شاققىدە ئىشىك كۆزنىگە تىكىلدىم. كۆن ئولتۇرۇپ، ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. كىمكىنە؟ بۇ كېچىدە ئەمدى مېنى ھەسەنتىن باشقا كىممۇ ئىزدەپ كېلەتتى؟ ئالدىراپ بېرىپ، ئىشىكنى ئاچتىم.

ــ سىز؟!

دىلبەرنى كۆرۈپ، گاڭگىراپلا قالدىم.

ــ مېنى كىرگۈزمەمسىز؟

ئۇنىڭ چىرايىدا نەچچە كۈن ئىلگىرىكى ئايرىلىش ئازابىدىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى. مەن كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم، بىز پۈتۈنلەي ئادا-جۇدا بولغانغۇ؟ ئۇ مېنى يەنە نېمىدەپ ئىزدەپ كەلدىكىنە؟

ــ بوپتۇ، ياتىقىڭىزغا كىرگۈزمىسىڭىز، كېتەي.

— خاپا بولماڭ، سىزنى كېلەر دەپ ئويلىماپتىمەن. قېنى، ياناققا كىرىڭ.

ئۇ يالغاندىن ماي تارتىپتىكەن، ئىتتىكلا كەينىگە قايرىلدى.

— گەپلىرىڭىز پۈتۈنلەي راستكەن، — دېدى ئۇ ياناققا كىرمە-كىرمەيلا، — ئۇرۇمچىگە بېرىپ، سىزنى داۋالىغان مەسئۇل دوختۇر بىلەن سۆزلىشىپ كەلدىم. گەپلىرىڭىز دوختۇرنىڭ گەپلىرى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش چىقتى، سىز ماڭا يالغان ئېيتماپسىز. سىزنى ھەرگىز بۇ ھالەتتە تاشلاپ كېتەلمەيمەن. ماڭا ئىشىنىڭ، دوختۇر سىزدىكى مەزى بېزى ياللۇغىنىڭ تولۇق ساقايغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمدى سىزنى مېنىڭ داۋا-لايدىغان يېرىم قاپتۇ.

كۆز يېشىم مەڭزىمنى بويلاپ ئاقتى...

— بولمايدۇ، ھەرگىز بولمايدۇ. مەن بىر بەختسىز ئادەم، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۆلگۈچە بەختلىك بولالمايمەن.

— نېمىشقا مۇنداق دەيسىز؟ بۇ دۇنيادا سىزدىنمۇ ئېغىر كۈنلەردە ئۆتۈۋاتقان ئادەملەر كۆپقۇ؟ سىز ئۆزىڭىز ھەققىدىكى بارلىق خاتا قاراشلارنى ئۆزگەرتىشىڭىز كېرەك. سىز ئۆزىڭىزنى بىھۇدە ئازابلايدىكەنسىز. سىزدىكى بۇ ئازاب پۈتۈنلەي خاتا تۇيغۇدىن كەلگەن.

— نېمە؟ خاتا تۇيغۇ؟ سىز مېنى چۈشەنمەيسىز، مەنمۇ سىزگە ئۆ-زۈمنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن. ئازاب يۈرىكىمنى پۈتۈنلەي قاماللىۋالغان.

— نېمىشقا بۇرۇنقى ئىشلارنى ئۇنتۇپ، ئۆزىڭىزنى خۇشال – خۇرام يۈرۈشكە ئادەتلەندۈرمەيسىز؟

— شۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقتىم، يەنىلا ھەسرەتتىن قۇتۇلالمىدىم.

— ھەسرەت سىزنى رېئاللىقتىن ئايرىۋەتكەن، رېئاللىقتىن ئايرىلىپ خىيالغا بېرىلىش، سىزدە نۇرغۇن خاتا تۇيغۇلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. سىز ئىچ مىجەزلىككەنسىز. قاراپ باقسام، سىرتلارغىمۇ كۆپ چىقمايدىكەنسىز.

مېنىڭچە، سىزدىكى ئۆزىڭىزگە ئىشەنمەسلىكمۇ بىر خىل خاتا تۇيغۇ. يا-
تاققا، ئىشخانىغا بېكىنىۋېلىپ كىتابلا ئوقۇماي، سىرتلارغا چىقىپ كۆپرەك
ئايلىنىڭ، دوست تۇتۇڭ، كەيپىياتىڭىزنى تەڭشەڭ. شۇ چاغدىلا سىز
باشقىلارنىڭ خۇشال ــ خۇرام يۈرگەنلىكىنى، پەقەت ئۆزىڭىزنىڭلا بىھۇدە
خىياللارنى سۈرۈپ، ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز قىيناپ يۈرگەنلىكىڭىزنى ھېس
قىلىسىز.

ئۇنىڭ مېنى چۈشىنىشى نېمىدېگەن چوڭقۇر ــ ھە؟ ئۇ ھەقىقەتەن
ماڭا كۆڭۈل بۆلىدىكەن. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى پۈتۈنلەي توغرا ئىدى.
مەندىكى پىسخىك توسالغۇمۇ خاتا تۇيغۇمىدۇ؟ راستتىنلا شۇنداق بولسا...

دىلبەر كارىۋاتتا خىيالچان ھالەتتە ئولتۇراتتى. ئۇ شۇ تاپتا يەنە
نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىنتاڭ؟ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، قولىنى ئالقانلىرىم
ئارىسىغا ئالدىم. قوللىرىدىن تارقاۋاتقان ئىللىق سېزىم پۈتۈن تېنىمگە
يامرىدى.

ــ رەھمەت سىزگە، ــ دېدىم ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، ــ سىز
مېنىڭ ئۆرۈمچىگە بېرىپ داۋالىنىپ كەلگەنلىكىمنىمۇ بىلدىڭىز. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئايرىلىپ كېتىش تەكلىپىنى بەرسەممۇ، يەنىلا كۆڭلىڭىزگە
ئالمىدىڭىز. بۈگۈن ئاخشىمۇ ماڭا يەنە ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇۋاتىسىز.

ــ ئادەمنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەن چاغدا تاشلاپ كەتكەن
دوستنى ھەقىقىي دوست دېگىلى بولمايدۇ. سىز ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە
ئازابلىنىپ يۈرگەن كۈنلەردە ئايرىلىپ كېتەيلى دېگەن گېپىڭىزنى ئاڭلاپلا
كېتىپ قالسام قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ئۇ گەپنى چىن
دىلىڭىزدىن چىقىرىپ دېمىدىڭىز.

ــ سىز ھەقىقەتەن ياخشىكەنسىز. سىزنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىڭىزنى
بۇرۇنمۇ بىلەتتىم، ھازىر تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن.

دىلبەر كۆزلىرىمگە قىيا باقتى. كۆزلىرىمىز ئۇچراشقان ئاشۇ دەقىقىلەر-

ده ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى ھەقىقىي سۆيگۈنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇ مېنىڭمۇ يۈرەك سىرىمنى بىلمەكچى بولغاندەك بېشىنى كۆكرىكىمگە ئاستا قويدى...

مەن بۈگۈن ھاراق ئىچىشىم كېرەك. خالىسا، ئۇمۇ ئىچسۇن، ھەر ئىككىمىز مەس بولايلى. مەن مېنى ئازابلاپ كەلگەن غەم ـ ئەندىشىلەردىن بىردەم بولسىمۇ قۇتۇلاي.

ــ نەگە بارىسىز؟

ــ سىرتقا ... بىردەمدىلا قايتىپ كىرىمەن.

ئۇ بىر ئىشنى سەزگەندەك يېڭىمگە ئېسىلىۋالدى.

ــ بولدى چىقماڭ، كەچ بولۇپ كەتتى، مەنمۇ قايتمىسام بولمايدۇ.

ــ ھە دەپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، چىقىپلا كىرىمەن.

ــ بۇ چاغ بولغاندا!...

مەن ئىدارە ئالدىدىكى ماگىزىندىن ھاراق، مېۋە ـ چېۋىلەرنى ئېلىپ كەينىمگە ياندىم. بۈگۈن توي قىلىش ياكى قىلماسلىق ھەققىدە رەسمىي بىر قارارغا كېلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن دىلبەر بۈگۈن ئالخشىم مەن بىلەن بىرگە ياتسۇن، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پايدىلىق. مەن «يا تەۋەككۇل!» دەپلا توي قىلسام، ئۇ چاغدا دىلبەر «چالا چوكان»غا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىپ نېمە قىلىمەن؟ رۇقىيەنىڭ بالاسى مەن بىلەنلا كەتسۇن.

ياتاققا يېقىنلاپ كەلگەنسېرىم مەندىكى جىددىيلىك باشقىدىن كۆ-چىيىپ كەتتى. بۈگۈن كېچە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولماي قالسا، ئۇ چاغدا ئىشەنچىم پاك ـ پاكىز بەربات بولىدۇ، ئۆمۈرلۈك بويتاقلىققا مەھكۇم بو-لىمەن.

ياتاققا كىرىشتىنمۇ توختاپ، كىمدىندۇر بىردىن مەدەت تىلىگەندەك ئەتراپىمغا چايقىلىپ قاراپ بىردەم تۇرۇپ قالدىم. مۇشۇ تاپتا دىلبەر مېنى

ساقلاپ تۇرماقتا. زادى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ سىناق، ھايات ــ ماماتلىق قورقۇنچلۇق سىناق... بۈگۈن ئاخشام ئۆزۈمنى بېسىۋالغىنىم، توي قىلغۇچە كەيپىياتىمنى داۋاملىق تەڭشىشىم زۆرۈردۇ. مۇنداق دەككە ـ دۈككىچىلىك ئىچىدە قىلغان ئىشتىن ياخشى نەتىجە چىقمايدۇ. ئۇنداقتا مەن تاكى توي كېچىسىگە مۇشۇ سىرتماقتا بارارمەنمۇ؟

ياتاققا قايتىپ كىرسەم، دىلبەر كىتاب ئىشكاپى ئالدىدا بىر پارچە كىتابنى ۋاراقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ قولۇمدىكى نەرسىلەرنى كۆرۈپ، بىر ئاز ئەجەبلەندى.

ــ كەچ بولۇپ كەتتى، مۇنداق قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوقتىغۇ.

ــ ھېلىمۇ ھەر دائىم كەلسىڭىز، قۇرۇقلا قايتىسىز.

مېۋە ـ چېۋىلەرنى ئۈستەلگە تىزدىم. ئاق ھاراق، قىزىل ھاراقلارنى كۆرۈپ، دىلبەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

ئۇ قولۇمغا ئېسىلىۋالدى:

ــ نېمە قىلاي دەيسىز؟ بىللە ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچمىسىزما؟ مېنىمۇ ھاراق ئىچىدۇ دەپ ئويلايدىكەنسىز ــ دە؟ خۇدايىم ساقلىسۇن. بولدى قىلىڭە، سىزمۇ ئىچمەڭ. نېمە بولدىڭىز؟ تۇرۇپلا ھاراق ئىچمەكچى بولۇپ قالدىڭىزغۇ؟

ــ بۈگۈن ئىچىم پۇشۇپ قالدى.

ــ يېنىڭىزدا مەن تۇرسامۇ، يەنە نېمىگە ئىچىڭىز پۇشىدۇ؟ ــ ئۇ كۆلگىنىچە ئىككى بوتۇلكا ھاراقنى نېرىسىغا ئېلىپ قويدى، ــ بولۇپتۇ، مېۋە ـ چېۋىلەرنى يېگەچ، يەنە بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى.

ئۇنىڭغا قاراپ، ئەلەم بىلەن كۈلۈمسىرىدىم. ئۇنىڭغا قانداقمۇ ھەممىنى ئېچىپ ـ يېرىپ دېگىلى بولسۇن؟

※ ※ ※

مەن ئاخىرى توي قىلىش قارارىغا كەلدىم.

دىلبەر ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ، تويىنى «4-ماي» بايرىمى كۈنى قىلىدىغانغا كېلىشتۇق. بۇ چاغدا يا خۇشال بولغىنىمنى، يا ئازابلانغىنىمنى بىلەلمىدىم.

توي كۈنى يېقىنلاپ كەلگەنسېرى يۈرىكىمدىكى ۋەھىمە تۇيغۇسى بار-غانسېرى كۈچىيىپ كەتتى. بۈگۈن ئۆزۈمگە كېلىپ، ساددا، ئاق كۆڭۈل، ئالىيجانابلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇرۇنقى كۈنلىرىمگە راستتىنلا پۇشايمان قىلىپ قالدىم. بۇرۇن نېمىشقا بىرەر قېتىم بولسىمۇ يولدىن چىقىپ باقمىغاندىمەن؟ بۇ دۇنيادا ئەركەكلەرگە موھتاج بولۇپ ياشاۋاتقان شۇنچە كۆپ روھى ئاچ قىز ــ چوكانلار تۇرسا... ئاشۇلارنىڭ بىرەرسى بىلەن بولسىمۇ... ھەي... ي... شۇنداق بولغىنىدا بۈگۈنكىدەك پەيتتە مۇنچە قورقۇپ-تەمتىرەپ يۈرمەيتتىم. ئادەم بەزىدە ئانچە ــ مۇنچە يامان ئىشلارنى قىلىپ قويغانمۇ تۈزۈككەن، ئۇمۇ بىر تەجرىبە ــ ساۋاق ئىكەن.

مەن دىلبەر بىلەن خەلق ئىشلار ئىدارىسىگە بېرىپ، توي قىلىش گۇۋاھنامىسىنى قولۇمغا ئالغان ۋاقتىمدا بىر ئاز خۇشال بولغاندەك قىلدىم. لېكىن دىلىمدىكى غەم ــ ئەندىشە، يۈرىكىمنى قاماللىۋالغان ۋەھىمە بۇ خۇ-شاللىقىمنى تېزلا يۇتۇپ كەتتى. ھەرقانداق قىز ــ يىگىت بۇ قىزىل كېنىشكىنى قولىغا ئالغان چېغىدا مىڭ بىر مۇشەققەتتە يەتكەن مۇرادىدىن خۇشال بولۇپ، قەلبى شېرىن ھېسلارغا تولىدۇ، پەقەت مەنلا ھاياتتىكى بۇ ئۇنتۇلمىس مىنۇتلارنىڭ پەيزىنى قىلچە سۈرەلمىدىم.

مەن ئۆزۈمنىڭ مۇجمەل كەلگۈسىنى ئويلاپ، چوڭقۇر غەمگە پاتتىم. ھەممە گەپ توي كېچىسىدىلا قالدى. ئۇ كېچە مەن يا تىرىلىمەن، يا ئۆلىمەن. مۇبادا، دىلبەرنىڭ ئالدىدا رەسۋاچىلىققا قالسام، ھەممىنى تاشلاپ،

ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىمەن. بۇ دۇنيانىڭ قوينى كەڭ تۇرسا، نېمە ئىشلار سىڭىپ كەتمەيدۇ؟ بىتەلەي دىلبەر مەندىن ئايرىلىپ قالسا، چىرايلىق بولغاندىكىن ھەرگىز ئەرسىز قالمايدۇ. بەلكىم، مەندەك بىر يارامسىز ئەرنىڭ ئالدامچىلىقى ئۇنىڭ تۇنجى ئېرىدىن كۆتكەن شېرىن ئارزۇلىرىنى بەربات قىلىپ، قەلبىگە ئاچچىق دەرد ــ ھەسرەتلەرنى سېلىپ ئۆتەر. ئۇ تېخى تەقدىرىگە قورقۇنچلۇق قىسمەتلەر يۈتۈلگەن مەندەك ئېرىنىڭ بەختسىزلىكى ئۈچۈن ئىسسىق ياشلىرىنى تۆكەر... كۆڭلەر ئۆتۈپ ئۇ مېنى، ئەمەلگە ئاشمىغان ئەر ــ خوتۇنلۇق شەرمەندىچىلىكنى ئۇنتۇپمۇ كېتەر... ئۇ ئۇنتۇمايدۇ، دىلبەر بۇنى ئۇنتۇيالمايدۇ، ئۇ بۇ پىنىي ئالەمدىن كەتكۈچە مېنى مەسخىرە قىلىپ ياشايدۇ. ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ياششى كەلگۈسىدىكى بارلىق ئىشلىرىم ئۈچۈن خىرىس... توي كېچىسى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنى ئاللىقاچان بۇزۇلغان قىز قاتارىغا چىقىرىپ، ئەتىسىلا ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بەرسەمچۇ؟ نومۇس! مەن يارامسىزلىقىم تۈپەيلى ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالماقتا يوق، يەنە تېخى دىلبەرنىڭ ئايدەك يۈزىگە قارا سۈركەپ، مۇشۇنداق رەزىل تۆھمەتنى قىلىداق چاپلايمەن؟ كۆڭلەر ئۆتۈپ، ئۇ باشقا بىرى بىلەن توي قىلىدۇ، ئاشۇ ئەر مېنىڭ تۆھمەتلىرىمنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ، مېنىڭ قورقۇنچلۇق ئاجىزلىقىمنى ئەلگە شايى قىلىدۇ. ئەي، خۇدا! ماڭا مەدەت بەرگىن، سەن ياخشىلارغا، پاك بەندىلىرىڭگە يېقىن ئىدىڭغۇ؟ سەن مېنى ھەرگىز تىرىك جەسەتنىڭ كۆڭىگە قويما...

مەن ھەرقانچە قورقساممۇ، بۇ كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشىنى توختىتىپ قويالمىدىم. بۇ دۇنيادا ئادەملەر نېمىشقىمۇ توي قىلىدىغان بولۇپ قالغان بولغىيتتى ــ ھە؟ ئاخشامدىن باشلاپ چېلىنىۋاتقان ناغرا ــ سۇناي سادا-سىنىڭ توي قىلىنىۋاتقانلىقىمنى، خۇشاللىقىمنى ئەلگە جاكارلاۋاتقانلىقىنى ياكى توي كېچىسىدىكى بىچارىلەرچە ئۆلۈمىمنى ئەلگە ئالدىن شايى قىلىۋاتقانلىقىنى زادى بىلەلمىدىم. ناغرا كالتەكلىرى بېشىمغا، يۈرىكىمگە

ئۇرۇلىۋاتقاندەك قولىقىمنى مەھكەم ئېتىۋالغۇم، چاشقاندەك بىرەر تۆشۈكنى تېپىپ كىرىۋالغۇم كېلەتتى.

ئەتىگەندىلا قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتتىم. يېنىمدا تۇرغان بىر لىگەن گۆشكە قارىغۇمىمۇ كەلمەي، نىمجان ھالەتتە ئۇياققا ــ بۇياققا ئۆرۈلۈپ تولغىنىپ ياتىمەن. يىگىتلەر ئۆيگە كىرىپ چىقاتتى، ئۇلار تويى بولىۋاتقان يىگىتنىڭ قەلبىدىكى غەم ــ ئەندىشىلەردىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى. بەزىدە ئۆزۈم ھەققىدىكى گۇمانلاردىن يەنە گۇمانلىنىپ قالاتتىم. مەن بىھۇدە ئەنسىرەپ يۈرگەن بولسامچۇ؟ بەزىدە ئادەم ئۆزىنىمۇ چۈشىنەلمەي قالىدىغۇ؟ ئويلىمىغان يەردىن ھەقىقىي ئەركەك چىقىپ قالامدىم تېخى.

قۇياش تاغ كەينىگە مۆكۈندى. شەرق ئاسمىنىدىن قاراڭغۇلۇق قاپساپ كېلىپ، غەرب ئاسمىنىدىكى ئەڭ ئاخىرقى يورۇقلۇقنىمۇ يۇتۇپ كەتتى. مەن قولدىشىمنىڭ ھەمراھلىقىدا سالام بېرىش ئۈچۈن دىلبەرنىڭ ئالدىغا كىردىم. مەن خىجىل بولغىنىمدىن ماڭا خوتۇن بولىدىغان بۇ چىرايلىق قىزغا تۈزۈكرەك سەپسېلىپمۇ قارىيالمىدىم. بىچارىلەرچە پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىم چىرايلىق بېزەلگەن ھۇجرا ئۆينىڭ تۆرىسىدە توگۈلۈپ ئولتۇرغان دىلبەرنىڭ ئاق كۆڭلەك، قىزىل رومال ئىچىدىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان سېھىرلىك سىيماسىغا بىردەملىككە تاشلىنىپ ئۆتتى. ئاشۇ قاردەك ئاپئاق، تورزدەك رەڭدار مەلىكە مېنىڭ ئايالىم ئىدى. مەن ئۇنىڭ رومال ئىچىدىكى گىرىمسەن جامالىدىن خۇشال بولىۋاتقانلىقىنى ياكى ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدىم... دىلبەر مېنىڭ بېسىم، ئىلاجسىزلىقتىن تەۋەككۈلگە توي قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلسە ــ ھە؟ قەلبىمدىكى ئۈمىدلىك ھەم ئۈمىدسىز خىياللار دىلبەر ئۈچۈن يەنىلا سىر ئىدى.

يىرىم كېچە. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى تارقىشىپ، ئۆيىمىزدىكى پاتپاراقچىلىقلار بېسىققان ئىدى. ئەل ئۇيقۇغا كېتىپ، مەھەللىنى جىمجىتلىق قاپلىدى. مەن قولدىشىمنىڭ ھەمراھلىقىدا ھۇجرا ئۆيگە قاراپ ماڭدىم.

كۆپ ئۆتمەي، قولداشلار بىردىن ــ بىردىن سوغۇرۇلۇپ، تالاغا مېڭىشتى. هوشۇمغا كېلىپ ئەتراپىمغا قارىسام، ئۆيدە دىلبەر بىلەن ئىككىمىزلا قاپتىمىز. ئەمدى بۇ ئۆينى جەننەتكە ياكى دوزاخقا ئايلاندۇرۇۋېلىش بىز ئىككىمىزگە باغلىق ئىدى. مەن ئىشىكنى تاقاپ كەينىمگە قايرىلىشىمغا، چىراغ لاپپىدە ئۆچۈپ قالدى، ئۆي بىردىنلا ئىسسىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. تۇنجى قەدەمدىكى بۇ پېشكەللىك ماڭا خۇددى مەغلۇبىيەتنىڭ بېشارىتىدەك تۇيۇلۇپ، يۈرىكىم ئاغزىمغا قاپلىشىپ قالغاندەك بولدى.

مەن دىلبەرنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، سەرەڭگە تېپىپ كىرىش ئۈچۈن تالاغا قاراپ ماڭدىم. دىلبەر تام مەشنىڭ كەينىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. مەن هويلىدا كىرىسىن چىراغنى كۆتۈرۈپ، ئەتىدىكى ئىشلارنىڭ غېمىدە يۈرگەن ئاپامغا دۇقۇرۇشۇپ قالدىم. مەن ئاغزىمنى ئۆمەللىدىم ــ يۇ، ھېچبىر تاۋۇش چىقىرالمىدىم. ئاپام مېنى خىجىل بولۇپ قالمىسۇن دېدىمۇ، گەپ قىلمايلا ئۆتۈپ كەتتى.

قايتىپ كىرىپ، شامغا ئوت ياقتىم. مەن تېخىچە ئورنىدىن قىمىر-لىماستىن، بېشىنى سېلىپ ئولتۇرغان دىلبەرنى كۆردۈم. ئۇنىڭ يېنىغا چىقىپ، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ قالدىم. بىر چاغدا تىزلىنىپ مېڭىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم، تىترەپ تۇرغان قولۇمنى ئاپئاق ئاقىرىپ تۇرغان بىلەككە سۇندۇم.

— بىز بۇ كۈنگە... ئاخىر يەتتۇق... — دېدىم شىۋىرلاپ.

لېكىن مەن دىلبەرگە تېخى يەتمىگەن ئىدىم. ئۇنى ئاستا قۇچاقلاپ، ئاۋايلاپ ئۆزۈمگە تارتتىم. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ، قورقۇمسىراپ، بېشىنى مەيدەمگە ئاستا قويدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ سۆزلىرىمگە سۆز قايتۇرغۇدەك ماغدۇرىمۇ قالمىغاندەك تۇراتتى. ئۇ كۈچلۈك ھاياجاندىن ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويۇۋاتاتتى. مېنىڭ ئۇنىڭغا دەيدىغان نۇرغۇن سۆزلىرىم بار ئىدى. بىراق ئۇزۇندىن بۇيان مېنى ۋەھىمىگە سېلىپ كەلگەن قورقۇنچ يۈرىكىمنى يەنە

ئىسكەنجىگە ئېلىپ، مېنى ئويلاش ئىقتىدارىدىنمۇ مەھرۇم قىلىۋەتتى. ھازىر قۇچىقىمدا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ماڭا تاپشۇرۇپ قويغان بىر گۈزەل پەرىزات يېتىپتۇ. ئۇنىڭ بۇدۇر چاچلىرى يېپىپ تۇرغان سېھىرلىك جامالى، قىزىل گۈل بەرگىسىدەك جۇلالىنىپ تۇرغان لېۋى، تولغان ئاپئاق، يۇمشاق، ئوتلۇق تېنى مېنىڭ قۇچاقلىشىم، سۆيۈشىم، سىلىشىمنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. مەن ئاشۇ يالقۇنلۇق تەلەپلەرنى قاندۇرۇشقا قادىر بولالمىسام ـ ھە؟ مەن دىلبەرنىڭ قۇلىقىغا:

ــ ئورۇن سېلىڭ... ــ دېدىم.

ئۇ خىجىل بولۇپ، ئاڭلىمىغان قىياپەتتە ئولتۇرىۋەردى.

ــ ئورۇن سېلىڭ... ياتايلى...

دىلبەر ئۈچۈن بۇ سۆزنى ئاڭلاش قانچە مۇشكۈل ـ ھە؟ ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ، ئورۇن راسلىدى.

مەن شۇنداق قىلىشىم زۆرۈر بولغانلىقى ئۈچۈنلا قىلىۋاتقاندەك ئۆزۈمنى تۇيماستىن، دىلبەرنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇشقا كىرىشتىم. تام مەشىنىڭ ئۈستىدىكى قىزىل شام دىلبەرنىڭ تەقدىرىگە كۆكۈل بۆلگەندەك مۆڭلىنىپ ياش تۆكۈۋاتاتتى. شامنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن تام مەش يېنىغا باردىم. مەن «يا خۇدا!...» دەپلا، شامنى پۈۋلەپ ئۆچۈردۈم...

شامنى ياندۇرۇپ، ئېيىپەت لاتىسىغا سەپسالدىم...

كۆز ياشلىرىم ياستۇققا تاراملاپ ئېقىشقا باشلىدى. مەن يىغلىمىغان ھەم كۈلمىگەن ئىدىم. ئادەم بەزىدە مۇشۇنداق نائېنىق، مۇشۇنداق مۇرەككەپ ھېسسىياتتا بولىدىكەن. راستىنى ئېيتسام، ئۆزۈمدىن بويان يۈرىكىمنى توختىماستىن مۇجۇپ كەلگەن دەھشەتلىك ۋەھىمە، قورقۇنچ ھېسسىياتى بىلەن بۇ كېچىدىكى غالىبلىق ھېسسىياتى يۇغۇرۇلۇپ ياشقا ئايلىنىپ، كۆزلىرىمدىن ئېتىلىپ چىققان ئىدى. ئەمدى مەن ئۆزۈمگە، بەختىمگە، ئەتەمگە ئىشەندىم. مەن ئەمدى يۈرەكلىك ھالدا دىلبەرنى

خوتۇنۇم دېيەلەيمەن.

دىلبەر يېشمنى سۇرتۇپ، يۈزۈمنى سلاپ تۇرۇپ:

— سىزگە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئەمدى مەن بەختلىك... — دېدىم ئۈزۈمنى باسالماي، — سىز قىز ئىكەنسىز! سىز پاكلىقىڭىزنى ساقلاپ، ماڭا تاپشۇردىڭىز، ئەمدى ھەرگىز ئارمىنىم يوق. سىزگە رەھمەت، سىز ماڭا ھالال تېگىپسىز، سىزنى بىر ئۆمۈر قەدىرلەيمەن. مەن ئۆزۈمنى شور پېشانە دەپ قارايتتىم، مەن شور پېشانە ئەمەسكەنمەن، مەن سىز ئارقىلىق بۇنى ئىسپاتلىدىم. مېنىڭ نۇرغۇن كۆڭلىرىم ئازاب ئىچىدە ئۆتكەن ئىدى، سىز ماڭا ھاياتنىڭ لەززىتىنى تېتىتتىڭىز، خوتۇن...

دىلبەر بەخت پەيزىدە كۈلۈمسىرىدى:

— نېمە دېدىڭىز؟ خوتۇن؟ — قۇلىقىمغا بەك يېقىملىق ئاڭلىنىپ كەتتى، يەنە بىر قېتىم دەڭا؟

— خوتۇن!... ئەمدى بولدىمۇ؟

— ئېرىم.

— سىزمۇ يەنە بىر قېتىم دەڭا؟

— تاتلىق گەپنى بىر قېتىملا دەيدىغان نېمە؟

ئۇ باغرىمغا مەھكەم يېپىشتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن قاتتىق سوقۇۋاتاتتى. مەن بۇنى كۆكرىكىمدە ئېنىق سېزىپ تۇردۇم.

دىلبەر «خوتۇن» دېگەن بۇ يېقىملىق سۆزنى كۆپرەك ئاڭلاشنى خالايدىغان بولۇپ قالدى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئاغزىدىن «ئېرىم» دېگەن سۆزنى كۆپ ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. بىز «خوتۇن»، «ئېرىم» دېگەن بۇ يېقىملىق سۆزلەرنى ھەر قېتىم ئاڭلىغىنىمىزدا روھىمىز بارغانچە ياشىرىۋاتقاندەك سېزەتتۇق.

※ ※ ※

شىرىن ھەپتە ئاخىرلىشىدىغانغا نەچچە كۈنلا قالدى. دۈشەنبە كۈنى يەنە خىزمەتكە چۈشۈپ كېتەتتۇق. مېنىڭمۇ، دىلبەرنىڭمۇ ئىدارىسىدا ۋاقىتلىق ئولتۇرۇپ تۇرغۇدەك ئۆي يوق ئىدى.

بىرەرسىنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىش ئۈچۈن شەنبە كۈنى ئەتىگەن شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتۇق. دىلبەر تويلۇق كىيىمدە تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەن ئىدى. قولۇم ــ قوشنىلار ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئۈزەلمىگۈدەك قالدى. بىز بىر مىنۇبۇسقا چىققان ۋاقتىمىزدا سەپەرداشلار دىلبەرنىڭ چىرايلىق ھۆسن ــ جامالىغا تاڭ قېلىشتى، مەن بۇنىڭدىن ئۆزۈمنى ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلدىم.

بىز شەھەر ئەتراپىدىكى بىر ئائىلىنىڭ ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنى ئىجارىگە ئالدۇق. ئۆي ئىگىلىرى بىلەن دۈشەنبىدىن باشلاپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ كېلىشتۇق. بۇنىڭدىن دىلبەر بەكمۇ خۇشال بولدى. چۈنكى بۇ ئۆيدە بىزنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇشىمىز باشلىناتتى.

چۈشتىن كېيىن ئۆيگە قايتماقچى بولدۇق. يول ياقىسىدا ماشىنا ساقلاپ، بىردەم تۇرۇپ قالدۇق. مەن دىلبەرنىڭ ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، سوغۇق ئىچىملىك ئەكىلەي دەپ كېتىپ قالدىم. ئارىدىن ئۇن مىنۇتمۇ ئۆتمىدى، مەن ئىككى بوتۇلكا سوغۇق ئىچىملىكنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتسام، دىلبەر بىر ئەر بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ، كەيپىياتىم بىردىنلا غەزەپلىك تۈس ئالدى. مەن دىلبەرنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇمغا ئىشىنەلمەي قالدىم. بەلكىم، ئۇلار ئىككىسى كونا تونۇشتۇ، ئەر ئايالنىڭ گۈزەل جامالىغا مەپتۇن بولۇپ تۇرۇپ قالغاندۇ. ئۇ دىلبەرنىڭ توي قىلغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، بىراق دىلبەر ئۆزىنىڭ يېقىندىلا مەن بىلەن توي قىلغانلىقىنى يادىدىن چىقىرىپ قويدىمىكىنە؟ مەن يېتىپ

كىلىشمىگە، ئەر مېنىڭ ئەپتىمگە قاراپ بېقىپ، ئاستا كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقى جىنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭدىن قاتتىق خورلۇق ھېس قىلىپ، ئۆزۈمنى باسالماي قالغىلى تاس قالدىم.

دىلبەرگە گەپمۇ قىلمىدىم. گەپ قىلساملا، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويattım. توي قىلغىلى بىر ھەپتە بولماي تۇرۇپلا، كوچا ـ كويدا ۋاڭ ـ چۇڭ قىلىشتىن نومۇس قىلدىم. ھەرقانچە ئاچچىقىم كەلسىمۇ، دىلبەرگە بىھۆرمەتلىك قىلىشقا يۈرىكىم چىدىمىدى.

كىچىك كىرا ماشىنىسى يېتىپ كەلدى. دىلبەرنى كابىنكىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزۈم كوزۇپقا چىقتىم. ماشىنا شەھەردىن چىقىپ، يېزىغا قاراپ يول ئالدى. يول بويى ماشىنىغا بىزدىن باشقا ئادەممۇ چىقمىدى. دىلبەرنىڭ يات بىر ئەر بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان ھالىتى كۆز ئالدىمدىن بىردەممۇ نېرى كەتمىدى. بۇ دىلبەرنىڭ نېمە قىلغىنى ـ ھە؟ مەن ئۇنى شۇنچە قەدىرلەيتتىم، بىراق ئۇ نېمە ئۈچۈن مېنى ھۆرمەت قىلمايدۇ؟ ئۇ ھازىر مېنىڭ ئايالىم! شۇنداق بولغاندىكىن باشقىلاردىن ئۆزىنى تارتىشى كېرەك ئىدى. چوڭ كوچىدا تونۇش دەپلا ئۇچراشقانىنىڭ ھەممىسى بىلەن ئاشۇنداق پاراڭلىشىپ تۇرسا بولامدۇ؟ ئۇ ھازىرغىچە باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىگە مەپتۇنلۇقىدىن پەخىرلەنسە كېرەك؟ توي قىلىشنىڭ ئالدىدا بۇنىڭ دەردىنى ئاز تارتتىممۇ مەن؟ دىلبەر راستىنلا مېنى ھۆرمەت قىلمايدىكەن، كۆزگە ئىلمايدىكەن. ئۇنىڭ گۈزەللىكىمۇ ماڭىلا مەنسۇپ، باشقىلار ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن ھوزۇرلىنىشقىمۇ بولمايدۇ. مەن بۇنداق خورلۇقنىڭ دەردىنى قاچانغىچە تارتىمەن؟...

كۆز يېشىم مەگزىمنى بويلاپ ئاقتى. ئويلىغانچە، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، يول بويى كۆز يېشىمنى توختىتالمىدىم. دىلبەر بۇنىڭدىن بىخەۋەر ھالەتتە ئاللىقانداق خىياللارنى سۈرۈپ ئولتۇرىدىغاندۇ؟ ئۇ ھەر دائىم ئاشۇنداق بىغەم، ئۇ ھەممىلا ئادەمگە ئاشۇنداق قىزغىن. مەن مۇنداق ئاق كۆڭۈللۈككە

ھەرگىز چىداپ تۇرالمايمەن.

ماشىنا مەھەللىگە يېتىپ كەلدى. شامالدا كۆز يېشىم قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆز جىيەكلىرىمدە يەنىلا تۆكۈلگەن ياشنىڭ ئىزناسى بار ئىدى. دىلبەر ماشىنىدىن چۈشۈپ، ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران بولدۇم، چۈنكى ئۇ شەھەردىكى كۆڭۈلسىزلىكنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ چېھرىدە ھېلىمۇ تويدىن كېيىنكى شېرىن ھەپتىنىڭ بەخت شاتلىقى جىلۋە قىلىپ تۇراتتى.

ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ ئويلىنىپ قالدىم: مەن ئەرزىمەس بىر ئىش ئۈچۈن ئۆزۈمنى بىھۇدە ئازابلىدىممۇ، بىھۇدە ياش تۆكتۈممۇ؟ بۇ راستتىنلا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان بىر ئىشمۇ؟

شۇ كېچىسى زادى ئۇخلىيالمىدىم. دىلبەر بولسا، ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەن. ئۇنىڭ ئۇيقۇدىكى ئىپادىسىز چېھرىگە قاراپ، يا سۆيۈنۈشنى، يا بىزار بولۇشنى بىلەلمىدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ خاتا قىلدىممۇ؟

ئۇ سول يېنىغا ئۆرۈلۈپ، قۇرۇشۇپ كەتكەن لېۋىنى تامشىپ قويدى. ئۇ مەن مۇھەببەتلىشىشتىن بۇرۇن بىرسى بىلەن يۈرگەنلىكىنى ئېيتقان، ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىسام، دەپ بەرگىلى ئۇنىمىغان. ئۇ شۇنىڭ بىلەنمۇ سۆيۈشكەنمىدۇ؟ قىزىق ئىش، بۇ لەۋگە ئەمدى مەن سۆيۈۋاتىمەن. دىلبەر ئۇنىڭ بىلەن توي قىلالماي قالسا، پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئېرىگە لېۋىنى پاكىز ساقلاپ قويۇشنى ئويلىغانمىدۇ؟ ئۇنىڭ ھازىرمۇ لېۋىنى تامشىۋاتقىنىغا قارىغاندا، چۈشىدە بىرسى بىلەن سۆيۈشۈۋاتقان نېمە. بەلكىم، ئۇ بۈگۈنكى ھېلىقى ئەرنى چۈشەپ ياتقاندۇ. ئايال كىشى سۆيۈشۈشتىن باشقا ئىشنى ئويلىمامدىكىنە؟ ئۇنىڭ مۇشۇ لېۋىنى قانداق قىلىۋەتسەم بولار؟ قارا ئۇنىڭ لېۋىگە، لەۋ سۇرۇقنىڭ يۇقۇندىسى تېخىچە كەتمەپتۇ. ئۇ لېۋىنى قىپقىزىل بوياپ، ناكەس روچيۇنلەرنى ئەتراپىغا توپلىماقچى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىن كېتەلمەيدىغان بىزەڭ چيۇنلەر ھازىرمۇ ئازدەك... ئۇنىڭ ئاغزى قۇرۇپ

كەتتى...

مەن سوغۇق چاي ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇردۇم. مۇنداق بىۋاپا لەۋنى كۆيدۈرۈپ، باشقىلار قارىمايدىغان قىلىۋېتىش كېرەك... توغرا، شۇنداق قىلىۋېتىش كېرەك. شۇ چاغدا بويىغان بىلەنمۇ بىكار...

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟

چايدان قولۇمدىن چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى تۇ-يۇپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ — دە. بوپتۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ تەلىيى...

— تېخى ئۇخلىمىدىڭىزمۇ؟

— سىزگە چاي دەملەپ بېرەي دەپ...

— سىز ئەجەب ياخشى جۇمۇ.

ئالدامچى! ياغلىما سۆزۈڭنى ئەمدى ئاناڭغا دەپ بەرگىن. ئۇ چايدىن نەچچە يۇتۇم ئوتلاپ، بىلىكىمگە بېشىنى قويدى — دە، يەنە ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇنىڭ تىنىقى يۈزۈمگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ، لېۋىدە يات بىرسىنىڭ لەۋ ئىزىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

ئۇنىڭ قاردەك ئاپئاق بەدىنىگە كۆزۈم چۈشتى... ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاي دېدىم — يۇ، قولۇم بارمىدى. قولۇم ئۈششۈگەندەك بولدى — دە، ئاستا تارتىپ چىقىرىۋالدىم. ئۇ قىمىرلاپ قويۇپ، يەنە ئۇيقۇغا كەتتى.

ئورنۇمدىن تۇرۇپ، دېرىزە ئالدىغا كەلدىم. دىمىق ئىسسىقتا نەپىسىم سىقىلغاندەك بولدى. ئاچچىقىمدا تىلاكا چەككۈم كەلدى. ئۇ تىلاكا تۈتۈنىدە يەنە ئويغىنىپ كەتمىسۇن.

شۇ خىيالدا هويلىغا چىقتىم. تولۇن ئاي ماڭا مەسخىرە قىلىپ قارا-ۋاتقاندەك، ئايالىمنى ئۆيدە يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، هويلىدا ئاچچىق خىياللار-نى سۈرۈپ تۇرغىنىمدىن ئەپسۇسلىنىۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئاي مېنىڭ دەر-دىمنى قانداق بىلسۇن؟ دىلبەرنى چۆرگىلەپ كېتەلمەيدىغان رودىپايلاردىن بۇرۇنغۇ قۇتۇلالمىدىم، مانا ئەمدى توي قىلىپمۇ قۇتۇلالمىدىم. ھەممە گەپ

ماۋۇ خوتۇندا، ئۇ يا كوچا چىگداپ ھارمىغان. چىرايلىقىنىڭ ھەممىسى كوچىغا ئىلىراق ئوخشايدۇ. كۆكسىنى ئۇچلاپ، ساغرىسىنى ئوينىتىپ ماڭسا، كىم قارىمايدۇ؟ باشقىلار قارىمىسا، يەنە چاتاق، باشقىلار قارىسا، تېخىمۇ بەك چاتاق.

ئۆيگە قايتىپ كىرىپ قارىسام، دىلبەر نېپىز ئەدىيالنىمۇ ئېچىۋېتىپتۇ. كېچىچە ئۆچمىگەن چىراغمۇ چارچاپ قالغاندەك كۆرۈندى. دېرىزىلەرنى ئېچىۋەتتىم. يەگادا تۇرۇپ، خوتۇنۇمنىڭ تولغان، بېجىرىم تېنىگە قاراپ قويدۇم... نېمانچە ئاق، نېمانچە قىلملاشقان — ھە؟ خۇدا ھەممە ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، كۆڭۈل قويۇپ لايىھىلىگەن...

رۇباشكا... مەيدىسى ئوچۇق... ئۇ نەچچە كۈن ئىلگىرى رۇباشكىنى رۇسچە گەپ دەۋاتقان. روباشكىنى توي كېچىسى تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ ئۇچىسىدا كۆرۈپتىمەن. رۇباشكىمىش، نەق شەيتاننىڭ كىيىمى، پۈتۈنلەي ئەر خەقلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان مەقسەتتە لايىھىلەنگەن. ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆكسى ئاشۇنداق يېرىم — يارتا كۆرۈنۈپ تۇرسا، تېخىمۇ جازىبىدار بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئاشۇ چوقچىيىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆكسىگە كىملەر كۆز تاشلىمايدۇ؟ دىلبەر ئىسمىنى دەپ بەرگىلى ئۇنىمىغان ھېلىقى بىرنېمىمۇ كۆرگەنمىدۇ؟ سەن نېمىشقا بىرلا ئادەم بىلەن مۇھەببەتلەشمەي، ئۇنىڭ — بۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەنسەن؟ قىز بالا دېگەننىڭ مۇشۇنداق مىجەزى بولغاچقا، بۇرۇنقىلار قىزلىرىنى كۆتىنى كۆتۈرە — كۆتۈرمەيلا ئەرگە بېرىۋېتىدىكەن. مۇھەببەتلىشىش دېگەن مۇشۇ ئويۇن قاچانلاردا پەيدا بولىدىكىنتاڭ؟ دىلبەر مەندىن بۇرۇن بىرسى بىلەن مۇھەببەتلىشىپتۇ. ئاشكارىلىغىنى بىر بولغان بىلەن ئاشكارىلىمىغىنى قانچىدۇ؟ ئۇ ئاشۇلار بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلغاندۇ؟ ئەمدى قارا، ھېچ ئىش قىلمىغاندەك يېتىشىنى. چىرايلىق بولغاندىكىنلا چاتاق. ئۇ كونا مۇھەببەتلىرىنىڭ يېنىدا رۇباشكا بىلەن ياتقان بولسا...

روباشكىنىڭ ئېتىكى نېمانچە كالتە؟ كاسىپەتنىڭ تېقىمى ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيدۇ. قىزىق ئىش، قىز بالىمۇ ئوغۇل بالىغا ئوخشاشلا ئاچا پۇتلۇق بولىدىكەن دېسە؟ كۆڭلەك كىيىپ يۈرسە تېخى... توي كېچىسى قىزلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئايپاق لاتىدىكى قان... قىزلارنى ناھايىتى ھىيلىگەر كېلىدۇ دەپ ئاڭلايمەن. بەزى قىزلار ئاللىقاچان قىلىدىغىنىنى قىلىپ بولۇپ، توي كېچىسى ھەر ئاماللار بىلەن ئېرىنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ ئۆتۈپ كېتەرمىش. بېرتىنۋا بىلەن بىر يېرىنى كېسىپ قان چىقىرىدۇ دەمدۇ، ھېيىز كېلىدىغان كۈنگە توي كۈنىنى توغرىلايدۇ دەمدۇ، ئەيتاۋۇر بىر ئىشلارنى قىلارمىش. توي كېچىسى ماۋۇ خوتۇنمۇ ئاشۇنداق ھۈنەردىن بىرنى ئىشلەتمىگەندۇ ــ ھە؟ شىلم يورۇقىدا ئەجەب دىققەت قىلماپتىمەن دېسە. ئۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ غېمىدىلا قاپتىمەن...

رۇقىيە ياخشى كۆڭلۈمنى رەت قىلدى. شۇندىن كېيىن قىز بالىغىمۇ باش ئېگەمدىغان دەپ ھېچكىمگە پەرۋا قىلماي يۈرۈپتىمەن. دىلبەر بولسا نەچچىسى بىلەن يۈرۈپ... بۇ بىر تەگسىزلىك! بۇنىڭغا قانداقمۇ چىداپ تۇرغىلى بولسۇن؟ مەن بۇرۇنقى ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەي يۈرسەم، بۈگۈنمۇ يەنە ھېلىقى بىر نېمىگە قاش ــ كۆزىنى ئويىنتىپ تۇرىدۇ. توي قىلىپ بولغاندىكىن، بىر ئەرنىڭ پېشىنى مەھكەم تۇتۇپ، ئۇنىڭ نېنىنى يېمەي. مەن شۇنداق قىلسام، ئۇ چىدامدۇ؟ ئاران بىرسى بىلەن يۈردۈم دەيدۇ تېخى. ھۇ ئالدامچى... قىز بالا دېگەن نېمىنىڭ گېپىگىمۇ ئىشەنگىلى بولامدۇ. مانا ئەمدى ئۇ ماڭا خوتۇن بولۇپ، ئالدىمدا سوزۇلۇپ يېتىپتۇ. دىلبەر ئەسلىدىنلا ئەر خەقنى كۆرسە، قاش ــ كۆزىنى ئويىنتىپ، نايناقلاپ جىم تۇرالمايدىغان نېمىدى ئۇ. بۈگۈنمۇ ھېلىقى ئەرنىڭ ئالدىدا قىلىدىغان قىلىق تاپالماي كېتىشلىرىچۇ؟

ناھايىتىمۇ ئەخمەقكەنمەن. ئۇنىڭ مېنى توي قىلىشقا ئالدىرىتىپ كېتىشلىرىچۇ تېخى. كىتابنى كۆپ ئوقۇغىنىم بىلەن تۇرمۇش تەجرىبەم

يوق ئىكەن. قىزلارنىڭ مۇنچە ھېلىگەر بولىدىغانلىقىنى كىم ئويلىغان؟ «ئۇرۇمچىگە بېرىپ، مەسئۇل دوختۇر بىلەن سۆزلىشىپ كەلدىم. ئەمدى مېنىڭ داۋالىيدىغان يېرىم قاپتۇ...» دېيىشلىرىچۇ تېخى.

ئەسلى ماڭا مەھكەم چاپلاشقىنىڭ بىكار ئەمەسكەن ـ دە. مەندەك ئىش كۆرمىگەن ئادەمنىڭ كۆزىگە توپا چاچماق ئاسان. مەن ئىش كۆرمىگەچكە، توي قىلىشتىنمۇ قورقۇپ، نە ئېغىر كۆڭلەرنى باشتىن كەچۈرمىدىم... دوختۇرنىڭ ئالدىدا تىرنىقىمنى تاتىلاپ ئولتۇرۇشلىرىمچۇ؟

بۇ خوتۇنمۇ يامان قىلمىدى، شۇنداق قاتتىق كۆڭلەردە مېنى تاشلاپ كەتمىدى. توي كېچىسى مېنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن سۆيۈپ... ئاشۇ سۆيۈشنىڭ لەززەتلىك سېزىمىدە پۈتۈن ئەندىشىلىرىم يوقاپ... مەن تېخى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان چېغىمدا، ئۇ مېنى قولۇمدىن تارتىپ چىقىرىۋالدى.

كەينىمگە ئۆرۈلدۈم. دىلبەر مۇشۇ تاپتا ئويغىنىپ كەتسە، چىرايىمنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىدۇ. ئۆزۈمگە ئايان، ھازىر چىرايىم ئالۋاستىنىڭكىدىنمۇ بەتتەر قورقۇنچلۇق. ئۇغۇ ئەزەلدىن چىرايىمغا مەپتۇن بولۇپ باققان ئەمەس. ئۇ نەچچە قېتىم ماڭا: «سىزنىڭ كۆڭلىڭىز بەك ياخشى...» دېگەن ئىدى. ئېنىق تۇرمامدۇ؟ ئۇ ماڭا مەشۇقىنىڭ كۆزى بىلەن باققان ئەمەس. شۇنداق بولغاندىكىن، ئۇ نېمىشقا مەن بىلەن توي قىلىدۇ؟

مەن ئۇنىڭ يېنىغا ئاستا قىيسايدىم. بۈگۈنكى ھېلىقى ئەبلەخ يۈرەك جاراھىتىمنى تاتىلاپ قانىتىۋەتكەن ئىدى. كىم بىلىدۇ تېخى، ئۇمۇ بۇرۇن دىلبەرگە قانات سۆرەپ باققانلارنىڭ بىرسىمۇ تېخى. ھۇ، مۇز تەلەت ئەبلەخ! مېنىڭ شېرىن كېچەمنى ھارام قىلدىڭ...

دىلبەر مېنىڭ ئازابلىرىمدىن بىخەۋەر ھالەتتە ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭغا قاراپ، چوڭقۇر تىنىۋەتتىم. سەن نېمانچىمۇ چىرايلىق يارىلىپ كەتكەن بولغىيتتىڭ ـ ھە؟ سەن چىرايلىق بولغاچقا، سېنى نۇرغۇن يىگىتلەر

قوغلاشقان. ساڭا نېمە ئامال؟ بۇ سېنىڭ خاتالىقىڭ ئەمەس. قىز ۋاقتىڭدىغۇ بولۇپتۇ، سەن ھازىر مېنىڭ خوتۇنۇم، ئەمدى قوغلاشقانىنىڭ ھەممىسى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرساڭ بولمايدۇ. سېنىڭ مۇشۇ ساددا، تۈز كۆڭۈللۈكىڭ قاچانمۇ تۈگەر؟ بۇ كېچە سەندىن ئورۇنسىز گۇمانلانغاندىمەن، سېنى خاتا ئەيىبلىگەندىمەن. مېنىڭ ئامالىم يوق، ئازاب مېنى مۇشۇنداق گۇمانخور قىلىۋەتتى. سېنىڭ نامىڭغا زەررىچە داغنىڭ قونۇپ قېلىشىغا چىدىمايمەن. مېنى ئۆلۈپ بەر دېسەڭ، ئۆلۈپ بېرەي، ئەمما پاكلىقىڭنى ساقلا! سېنىڭ پاكلىقىڭ — مېنىڭ قىممىتىم، سېنىڭ پاكلىقىڭ — مېنىڭ ھۆرمىتىم، سېنىڭ پاكلىقىڭ — مېنىڭ بارلىقىم. ئەگەر پاكلىقىڭغا داغ چۈشسە، مەن سېنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن. چۈنكى مەنمۇ پاك ئەر، شۇڭا مەن ساڭا مۇشۇنداق تەلەپ قويىمەن...

※ ※ ※

يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى. دىلبەر ئىجارىگە ئېلىنغان كونا ئۆيگىمۇ ئۆگىنىپ قالدى. ئەر ـ ئايال ئىناق ئۆتسە، ئۆينىڭ كونىلىقى ئانچە بىلىنمەيدىكەن. مەن ھامان بىر كۈنى ئۆنى يېڭى ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغان تۇرمۇشقا ئىگە قىلىمەن دەپ كېچە ـ كۈندۈز تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم.

بىر كۈنى ئىشتىن چۈشەي دەپ تۇرسام، ئىشىك چېكىلىپ، خىزمەتداشلىرىمدىن بىرەيلەن ئىشخانەمگە كىرىپ كەلدى. ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ:

— سېنى بىر ئايال سىرتتا ساقلاپ تۇرىدۇ، — دېدى.

— كىمكەن ئۇ؟

— تونۇمايمەن، بەك چىرايلىق ئايالكەن. يەنە بىرسىنى تېپىۋالغان ئوخشىمامسەن؟ ئايالىڭغا دەپ قويىمەن، جۇمۇ؟

— چاقچاق قىلما، راست گەپ قىلىۋاتامسەن؟
— ئىشەنمىسەڭ، چىقىپ قاراپ باقمامسەن؟

ئالدىراپ ئىشخانىدىن چىقتىم. بىنا ئالدىدا بىر ئايال ساقلاپ تۇرۇپتۇ. چولپان؟ ئۇ مېنى كۆرۈپ، بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. ئۇ مېنى نېمىگە ئىزدەپ كەلدىكىنە؟ مەن زورىغا كۈلۈمسىرەپ، ئاغزىمنىڭ ئۇچىدىلا:

— ياخشىمۇسىز، قاچان كەلگەنتىڭىز؟ — دەپ قويدۇم.
— بىر سائەت بولدى. ئۆزىڭىزچۇ، ياخشى تۇرغانسىز؟
— ياخشى تۇرىۋاتىمەن. يۈرۈڭ، ئۆيگە باشلاپ باراي. دوستىڭىز بىلەن مۆكۈدىشىۋالمىسىز؟
— ئۆيىڭىزگە كېيىن باراي. سىزنىمۇ كۆردۇم... دىلبەرگە سالام ئېيتىپ قويۇڭ.
— مۇشۇ تاپتا نەگە بارسىز، ئاپىرىپ قوياي بولمىسا.
— تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە بارماقچى. ئەمدى سىزنى... ئاۋارە قىلىپ...
— تۇغقانلارنىڭ ئۆيى قەيەردە؟
— توك ئىدارىسى ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا... ھېلىقى بەكرى دېگەننى تونۇمسىز؟
— بەكرى؟ ھەئە، بىلىمەن. ۋېلىسىپىتكە مىنىڭە.

ئۇ ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— دىلبەر كۆرسە، كۈنلەپ يۈرمىسۇن يەنە؟ — دېدى.
— يېقىن دوستىدىنمۇ كۈنلەمدۇ؟

ئۇ كەينىمگە ئولتۇردى. ئەترىنىڭ ئۆتكۈر ھىدى دىمىغىمغا ئۇرۇلدى. خوتۇن كىشى دېگەن — ھە؟ ئۆزى بىلەن خۇش پۇراقنى بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ... ھېلىقى چاغدا دىلبەر بىر ئوغۇل بالا بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغاندا يېنىدا مۇشۇ چولپانمۇ بار ئىدى. بۇ ئايال چوقۇم دىلبەرنىڭ ھەممە ئىشىنى

بىلىدۇ. ئۇ بۈگۈن تۇيۇقسىزلا مېنى ئىزدەپ كېلىپ قاپتۇ دېسە؟ ئۇ نېمىشقا ئېرى بىلەن بىللە كەلمىدىكىنە؟

— كەلدۇق.

غاچچىدە تورمۇز سىقتىم. ئۇنىڭ جەينىكى كېلىپ بېقىنىمغا پاتتى. ئۇ ۋىلىسىپىتتىن چۈشۈپ، چىرايىمغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.

— يول بويى بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىڭىز. چىرايىڭىزغا قارىسام، بەكمۇ غەمكىن كۆرۈنىسىز، — دېدى ئۇ چىرايىمغا زورلاپ كۈلكە تۇسى بېرىپ، — دىلبەر خاپا قىلمىغۇاتقاندۇ؟

— ياق... ھېلىقى كۈندىكى ئىش يادىڭىزدا بارمۇ؟

— قاچانقى ئىشنى دەيسىز؟

— تويدىن ئىلگىرىكى ئىش. شۇ كۈنى مەن يېزىغا كېتىۋاتاتتىم، يول ياقىسىدا بىر ئوغۇل بالا بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇپسىلەر. ئۇ كىم؟

ئۇ ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، بىردىنلا بېشىنى لىڭشىتتى.

— ھە... ھە... يادىمدا.

— راستىنى دەپ بېرىڭ، ئۇ شۇ چاغدا دىلبەرنى قوغلىشىپ يۈرگەنلەرنىڭ بىرسىغۇ دەيمەن؟ شۇ كۈنى نېمە دېيىشىپ تۇرغانتىڭلار؟

— ئۇ شەنبە كۈنىغۇ دەيمەن. توغرا، شەنبە كۈنى. بىز بىللە كوچىغا چىققان، يولدا دىلشات ئۇچراپ قالدى. ئۇ بىزنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ تۇرىۋالدى، بىز ئۇنىمىدۇق.

ئۇنىڭ ئىسمى دىلشاتكەن — دە؟

— ئاخشىمى بىللە كىنو كۆردۇق.

— دىلبەرمۇ كۆردىمۇ؟

— ھەئە، كۆردى...

مەن شۇنچە پاك دەپ يۈرگەن ئايالىم ئەسلى شۇ چاغدا ئىككىمىزنىڭ كاللىسىنى تەڭ چۆرگىلىتىپ يۈرۈپتىكەن — دە؟ خەپ، توختاپ تۇر،

دىلبەر! مەن سەندىن ئۈچ ئالمايدىغان بولسام، ئەر كىشى بولماي كېتەي. شۇ ئالدامچىلىقىڭ ئۈچۈن ھېساب بېرىسەن. مەن بىلەن توي قىلغىنىڭنى بۇرنۇڭدىن بۇلاق قىلىمەن...

— نېمە بولدى؟ دېمەيدىغان گەپنى دەپساپتىمەن ـ دە. ئىسست... ئاراڭلارغا سوغۇقچىلىق سېلىپ قويىدىغان بولدۇم. ئەستاغپۇرۇللا، مېنى كەچۈرۈڭ. راستىنلا دېمەيدىغان گەپنى دەپساپتىمەن.

— ياق، دەپ بەرگىنىڭىز ئوبدان بولدى. دىلبەر مېنىڭ ئايالىم. مەن ئۇنىڭ تارىخىنى بىلىشىم، ئۇنى تولۇق چۈشىنىشىم كېرەك.

— بۇ گەپلەرنى دىلبەرگە دەپ يۈرمەڭ يەنە. بولمىسا، ئۇنىڭ يۈزىگە ئىككىنچى قارىيالمايمەن جۇمۇ.

لام ـ جىم دېمىدىم. چولپان مەن بىلەن خوشلىشىپ، بىر تار كوچىغا كىرىپ كەتتى. بۇ دۇنيا نەقەدەر قورقۇنچلۇق ـ ھە؟ مەن پاك پەرىشتە ساناپ يۈرگەن ئايالىم ئەسلىدە ئىككى يۈزلىمچى ئالۋاستى ئىكەن ئەمەسمۇ؟ مەن ئۇنى قانداقلارچە ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەن؟ ئۇنىڭ بىلەن قانداقلارچە بىر ياستۇقتا باش قويغاندىمەن؟ بۇ دۇنيادا ئادەم ھەرگىز باشقىلارنى ئويلىمايدىكەن. دىلبەر مېنى ئويلىغان بولسا، ماڭا يالغان ئېيتىپ يۈرمەيتتى، مەن بىلەن مۇھەببەتلىشىۋېتىپ، باشقا ئوغۇل بالا بىلەن كىنوخانىغا كىرىپ يۈرمەيتتى. ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا ماڭا كۆڭلى يوق ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن مەن بىلەن توي قىلغانلىقىنى چۈشەنمىدىم. ئۇ ئاشۇ دىلشات بىلەن توي قىلسا بولمامدۇ؟ ئۇنى قوغلىشىدىغان ئوغۇللار كۆپىقۇ؟ ئۇ ئاشۇلارنىڭ بىرسى بىلەن توي قىلسا بولمامدۇ؟ نېمىشقا مەن بىلەن توي قىلىدۇ؟ مەن رۇقىيەنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلمىگەن ئىدىم. مانا ئەمدى دىلبەرنىڭمۇ ھەقىقىي سۆيۈشىگە مۇيەسسەر بولالمىدىم. ئاھ... مېنىڭ شورلۇق قىسمىتىم! مەن نېمانچە بەختسىز ـ ھە؟ ئەمدى ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەيمەن، ياخشى

كۆردۇم دېگەنلەرگىمۇ ئىشەنمەيمەن...

مۇشۇ تاپتا دىلبەر ئىشتىن قايتىپ كېلىپ، ئۆيدە مېنى ساقلاپ ئولتۇرىدىغاندۇ. ئۇ ئەمدى ئانىسىنى ساقلىسۇن، مېنى نەگە كەتكەندۇ، كەچ قالدىغۇ دېمىسۇن...

※ ※ ※

كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشۈپ، يولدا ئۆي تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقان ئايالىمنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ كۆزۈمگە ئىلگىرىكىدەك سەممىي كۆرۈنمەي قالدى. ئۇ مەقسەتلىك ھالدا ئۆزىنى پاك كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ، ياساپ - تۈزەپ مېڭىۋاتقاندەك بىلىندى. مەن ئۇنىڭغا گەپمۇ قىلماستىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدۇم. شۇ ئەسنادا ئۇ مېنى كۆرۈپ قالدى، شۇئان ئۇنىڭ چېھرىگە ۋىللىدە كۈلكە يامىشتى. مەن ئۆزۈمنى ئوڭشىۋېلىپ، پىيادىلەر يولىغا چىقتىم. ئۇنىڭ چىرايىغا قارىماستىن:

— ئۆيگە بىر نەچچە نان ئېلىۋالامدۇق؟ — دېدىم.

— مەيلى.

— سىز ماڭغاچ تۇرۇڭ، مەن كەينىڭىزدىن يېتىۋالىمەن، — دېدىم سوغۇقلا.

— مەن بىللە باراي.

ناندىن بەشنى ئېلىپ، ئۆيگە قاراپ ماڭدۇق. ئۇ مېنىڭ غەمكىنلىك سايە تاشلاپ تۇرغان چىرايىمغا قاراپ قويدى. شۇ ئەسنادا قارشى تەرەپتىن بىر ئەر كېلىپ، دىلبەرگە سالام قىلدى.

بىر چاغدا توختاپ، كەينىمگە قايرىلدىم. دىلبەر تېخىچە ئورنىدىن قوزغالماي، كۈلۈپ گەپ قىلىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ ئۆتۈم يېرىلغۇدەك بولدى. ئۇنى پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىغا تويغۇزۇش ئۈچۈن ئالچىقىمدا

ساقلىماي كېتىپ قالدىم. ھەي... جانغا جاپا شەيتان! سەن نېمىشقىمۇ ئاشۇنداق چىرايلىق يارىلىپ قالغان بولغىيتتىڭ؟ مەن سېنىڭ دەردىڭنى قاچانغىچە تارتارمەن؟ خوتۇن بەك چىرايلىق بولۇپ كەتسىمۇ، ئەرگە ئەلەم بولىدىكەن. ھەممە گەپ سەندە، سەنلا ئۆزۈڭنى مەھكەم تۇتساڭ، ھەر-قانداق ئادەمنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى بىھۇدە ئىدى. ئەپسۇسكى... مەن دىلشات دېگەن نېمە بىلەن بولغان ئىشنى سۈرۈشتۈرمەي يۈرسەم، بۈگۈن يەنە ئۆزۈڭنى بىلەلمەيسىنا؟ قاراپ تۇر، مۇشۇ ئىشلىرىڭنىڭ ھەممىسىنىڭ جازاسىنى تارتىسەن. بۇ جاھاندا سورىقى يوق ئىش بولمايدۇ...

ئۇنىڭ ئۆيگە كىرگەنلىكىنى تۇيدۇم، بىراق پۇتلىرىمنى ئۈزۈن سو-نۇپ يېتىۋەردىم.

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ چوڭ كوچىدا سەتلىشىپ... — دېدى ئۇ مەندىن خېلىغىچە زۇۋان چىقمىغانلىقىغا قاراپ.

— ئۇ... كىم؟! — دېدىم ئورنۇمدىن چاچراپ قوپۇپ.

— كىمنى دەيسىز؟

— باياتىن ئالدىدا نايناقشىپ، ھىجىيىپ، ئايرىلىشقا كۆزۈڭ قىيمىغان ھېلىقى نېمىچۇ؟

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ مېنى يانچۇقىڭىزغا سېلىپ يۈرمەكچىمۇ-سىز؟ بۇ دېگەن جەمئىيەت! مېنىڭ تونۇش - بىلىشلەرگە سالام قىلىش ھوقۇقۇممۇ يوقمۇ؟

— سەن ھازىر مېنىڭ ئايالىم! ئاتا - ئاناڭنىڭ ئالدىدىكى ئەركە-نايناق ۋاقتىڭ كەلمەسكە كەتتى. سەن ئەمدى بىر ئەرنىڭ، بىر ئائىلىنىڭ ئابروينى قوغدىشىڭ شەرت!

— بۇ گېپىڭىز ئارتۇقچە.

— شۇنداقمۇ؟ سەن تېخى ئۆزۈڭنى پاك ھېسابلايدىكەنسەن - دە؟

— مەن چۈشەنمىدىم، گېپىڭىز بارغانچە ئېشىپ كېتىۋاتىدىغۇ؟

— سەن ئەمدى مېنى ئالدىيالمايسەن!
— مەن سىزنى قاچان ئالداپتىمەن؟ دەڭا قېنى!
— توي قىلىشتىن ئىلگىرى.
— زادى قاچان؟
— ئۇنتۇپ قالغان بولساڭ، يادىڭغا سېلىپ قوياي. ھېلىقى چاغدا كوچىدا دىلشات بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغىنىڭ يادىڭدا باردۇ؟
— قايسى دىلشات... ھە، يادىمدا بار، نېمە ئىش بولۇپتۇ؟
— يەنە نېمە ئىش بولۇپتۇ دەيسەنغۇ؟ يەنە نېمە ئىش بولسا بولاتتى؟ سەن مەن بىلەن يۈرۈۋېتىپ، نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەنمۇ ئارىلىشىسەن؟
— ئاساسسىز گەپ قىلماڭ، بۇنىڭغا نېمە پاكىتىڭىز بار؟
— پاكىت؟ شۇ كۈنى كەچتە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىنو كۆرۈپسەنغۇ؟
— توۋا! بۇ گەپنى سىزگە كىم دېدى؟
— سېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇڭ، شۇ كۈنى ئۇ سەن بىلەن كوچىغا بىللە چىققان، كەچتە كىنوغىمۇ بىللە كىرگەن، يادىڭغا كېلىۋاتامدۇ؟
— چولپان؟ ئۇ سىزگە شۇنداق دېدى؟ مەن ئەڭ يېقىن دوستۇم دەپ يۈرگەن ئادەمدىن ماڭا مۇشۇنداق تۆھمەتلەر كەپتۇ. ئۇنىڭ دېگەنلىرى پۈتۈنلەي يالغان! ئاھ، خۇدا... ئۇنىڭ ماڭا قارا چاپلاشتىكى مەقسىتى نېمىدۇ؟ — ئۇ مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى، — بۇ دۇنيادا ئەمدى مېنىڭ بىرمۇ دوستۇم يوق. بۇرۇن باشقىلار ماڭا قىزلارنىڭ ھەقىقىي دوستى يوق دېسە، نېمە دەيدىكىن دەپتىمەن، ئەمدى بىلدىم. سىز ئۇنىڭ ھەممە گەپلىرىگە ئىشەندىڭىزمۇ؟
— نېمىشقا ئىشەنمىگۈدەكمەن؟ ئۇ دائىم سەن بىلەن بىللە يۈرىدىغان، ھەممە ئىشىڭنى بىلىدىغان دوستۇڭ تۇرسا؟
— تۆھمەت! تۆھمەت! ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى تۆھمەت!...
ئۇ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. بىردەم خىرتىلداپ يىغلاپ، بىر چاغدا

كۆزلىرىنى سۈرتۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئاياپ، بەزى گەپلەرنى دېمىگەن ئىدىم. چولپان سىز بىلەن مۇھەببەتلەشكىنىمگە نارازى ئىدى. ئۇنىڭ گېپىچە، بىز ئىككىمىز توي قىلساق، نەچچە يىلدىن كېيىنلا ئاجرىشىپ كېتىدىكەنمىز. دەسلەپ كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەن بىلەن كېيىن سىزدىن چانىدىكەنمەن. مەن دىلشات بىلەن توي قىلسام، خۇدا قوشقان بىر جۈپلەردىن بولىدىكەنمىز. ئەسلىدە ئۇنىڭ سىزگە كۆڭلى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ بىزنىڭ توي قىلىشىمىزغا قارشى تۇراتتى. لېكىن مەن سىزگە سادىق بولۇپ، ئاخىرى توي قىلدىم. چولپان بۇنىڭغا ھازىرغىچە غوم ساقلاپ يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىمىزغا سوغۇقچىلىق سېلىش ئۈچۈن ماڭا تۆھمەت قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەنگەنسىز؟

مەن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، گەپ قىلمىدىم. ئۇ ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن سەۋەب كۆرسىتىشكە نېمانچە ئۇستا — ھە؟ ئۇ مېنىڭ ئۆز سۆزلىرىگە ئىشەنمىگەنلىكىمنى كۆردى.

— دىلشاتنىڭ گېپىگە كەلسەك، ھازىر سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشمۇ ماڭا ھارام. مەن سىز بىلەن تونۇشماستا ئۇ ماڭا تەلەپ قويغان ئىدى. ئۇ بىر ئاز لوكچەك مىجەز ئىدى، ئۇنى تازا يالقتۇرۇپ كەتمەيتتىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدىم. بىراق ئۇ نېيىتىدىن يانماي، مېنى يەنىلا قوغلىشىپ يۈردى. شۇ ئاخشىمى مېنىڭ چولپان بىلەن كىنوغا كىرگىنىم راست. بىراق دىلشات بىلەن بىللە كىرمىدىم، ئۇ كىنوخانىدا پەيدا بولۇپ، يېنىمىزغا كېلىپ ئولتۇرىۋالدى.

— بۇ گەپلىرىڭ راست بولسا، ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى تارتىشىڭ كېرەك ئىدىغۇ؟

ئۇ بېشىنى سالدى، ئارتۇق گەپمۇ قىلمىدى...

جانان چىنىگە دەز كەتكەن ئىدى، ئەمدى ئۇنى يىماپ تۇرغۇزغىلى

بولغان بىلەن، بەربىر ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايتتى. شوخ، قىزغىن چېلىنىۋاتقان بەخت كۈيى بىردىنلا مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك، يىغلاڭغۇ كۈيگە ئۆزگىرىپ كەتتى. ئەمدى مېنىڭ بۇ چىرايىمغا قانداقمۇ كۆلكە يۈگۈرسۇن؟

— چولپان بۇ سۆزلەرنى نەدە يۈرۈپ دېدى؟

— بەكرى دېگەن تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋېتىپچۇ.

— ھېلىقى توك ئىدارىسىدىكى بەكرىمۇ؟ ھەي، بۇزۇق! مەن ھازىر-غىچە يۈزىنى قىلىپ، ھېچبىر ئىنسانغا تىنماي يۈرسەم، ئەمدى مېنى بىكاردىن ــ بىكار چىشلەپ تارتىپ يۈرۈپتۇ ــ دە. تۇغقىنىمىش، پۈتۈنلەي يالغان! بەكرى ئۇنىڭ ئاشنىسى!

دىلبەرنىڭ ئاغزىدىن «ئاشنىسى» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، ئەندىكىپ كەتتىم. ئۇمۇ بۇ سۆزنى بىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئېگىدىكى لۇغەت تەركىبىدە «ئاشنا» دېگەن بۇ سۆزمۇ بار ئىكەن...

بىز يەنە بىر يالستۇققا باش قويۇپ ياتتۇق. لېكىن بىزنىڭ كۆڭۈل رىشتىمىز ئالىلقاچان ئۈزۈلۈپ، روھىمىز ئايرىلىپ كەتكەن ئىدى. قولۇم ئۇنىڭ بىلىكىگە تېگىشىگە ئەسەبىيلەرچە قارشىلىققا ئۇچرىدىم.

— قولىڭىزنى تارتىڭ! — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن. ئۇ شاققىدە تەتۈر ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدى، — مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا پاك بولمىغاندىكىن، خوتۇنىڭىز بولۇشقىمۇ مۇناسىپ ئەمەس. مېنىڭ تېنىم بۇلغانغان تۇرسا، يەنە نېمىگە تۇتىسىز؟ ماڭا تەگمەڭ! مېنىڭ پاكلىقىمغا ئىشەنگەن چاغىزدا خوتۇنىڭىز بولۇشقا رازى بولغان ئىدىم، ئەمدى سىز مېنىڭ پاكلىقىمدىن گۇمانلىنىۋاتىسىز، مەن ھازىرمۇ شۇنداق دەيمەن، قىز ۋاقتىمدىمۇ پاك ئىدىم، ھازىرمۇ پاكمەن. چولپان ماڭا تۆھمەت چاپلاپتۇ، ئۇ بىزنىڭ ئىناق ئائىلىمىزگە سوغۇقچىلىق سالدى. سىز يەنىلا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، مېنىڭ گەپلىرىمگە ئىشەنمەيۋاتىسىز. ئۇنداقتا... سىز مېنى ھەرگىز خوتۇنۇم دەپ ھېسابلىماپ يۈرمەڭ...

بۇ زەربە ئالدىدا نېمە دېيىشىمنى، قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. قولۇم ھېلىمۇ ئۇنىڭ بىلىكىدە بولسىمۇ، لېكىن تۇتمايۋاتاتتى. مەن خوتۇنۇم ئالدىدا ئۆز خاھىشىم بويىچە ئىش قىلىشقا ئامالسىز قېلىۋاتاتتىم. مەندىكى كۆچ ئۇنى بويسۇندۇرۇشقا تاماەن يېتىپ ئاشاتتى. بىراق ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت تەن مۇناسىۋىتىلا ئەمەس، مۇھىمى روھ مۇ-ناسىۋىتى ئىكەنلىكى ماڭا ئايان ئىدى. شۇ تاپتا روھىمنىڭ ئۆلمەسلىكىگە بىرلا ئامال بار بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىشەنمەيۋاتقان بولسامىمۇ، ئىشەندىم دېيىشىم، سۇنغان ئەرلىك غۇرۇرۇم چۇقان سېلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا زورلاپ كۈلۈمسىرىشىم كېرەك ئىدى. بىراق مەن يالۋۇرمىدىم ھەم كۈلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ۋۇجۇدۇمدىكى ئەرلىك ھېسسىيات ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. گەرچە بىز بىر كۆرپىدە، بىر ياستۇقتا ياتقان بولساقمۇ، خۇددى بىر جىنسلىق ئادەملەرگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتۇق. مەن يېنىمدا ياتقان دىلبەرنىڭ بىر ئايال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمايتتىم، بىز شۇنچە يېقىن ياتساقمۇ، ئۇنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتاتتىم.

— مەندىن نېرى يېتىڭ! — دېدى ئۇ ئۆزىنى چەتكە قاچۇرۇپ.

— ماقۇل! كېيىڭ راست ـ ھە؟!

ئورنۇمدىن قوپۇپ، تالاغا قاراپ ماڭدىم. ئىشىك ئالدىغا چىقىپ تۇرۇشۇمغا ئۇنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. يىغلا، بەكرەك يىغلا! مېنىڭچە بولسا، ھازىرلا يوقال... ئىسىت! سەندەك نېمىگە قىلغان ئەقىدەم...

تاماكىغا ئوت ياقتىم. تۈتۈن تۇرمىق، زەھەرمۇ ئاچچىقىمنى باسا-لايدىغاندەك ئەمەس. ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدىم دەيدۇ تېخى. تۇفى... رەت قىلسا، يېنىدىن قوپماي ئولتۇراتتىمۇ؟ سېنىڭ كېيىنگە ئەمدى كىم ئىشىنىدۇ؟ يوغانچىلىقىنى قارا تېخى؟

نۇرغۇن قىز ـ يىگىتلەر مۇھەببەتلىشىۋاتقان مەزگىلدە سۆيگەن ئادىمىنىڭ ئەتىكى كۈندە باشقا بىرسىنىڭ ئۆمۈرلۈك جۈپتى بولۇپ كېتىشى

مۇمكىنچىلىكىنى، ئۆزى قوچاقلاۋاتقان يۇمشاق تەنىنىڭ، سۆيۈۋاتقان شېرىن لەۋنىڭ، مېھرىنى سۇمۇرۇۋاتقان ئوتلۇق يۈرەكنىڭ كەلگۈسىدىكى ھەقىقىي ئىگىسى ئالدىدا قانچىلىك ھاقارەتلىك ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى ھەرگىز ئويلىمايدۇ.

دىلبەر ئىلگىرى دىلشات بىلەنمۇ يۈرگەن، كېيىن ئۇ مېنىڭ بىلەن يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن. ئۇ دىلشاتنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدىم دەيدۇ ــ يۇ، نېمىشقا ئۇنىڭ يېقىنچىلىق قىلىپ سۈركىلىشىگە قارشى ئىپادە بىلدۈرمەيدۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدۇ؟ بۇلارنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن؟ مەن يەنىلا دىلبەرنى ساددا، ئاق كۆڭۈل، پاك دېيەلەيمەنمۇ؟

بەكرى... چولپاننىڭ ئاشنىسى؟ دىلبەر بۇ ھەقتە ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغان ئىدى. چولپان بۇ مەخپىي مۇناسىۋەتنى دىلبەردىن قىلچە يوشۇرمايدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇمۇ دىلبەرنىڭ ئىشلىرىنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە بىلىدۇ. باشقىلارغا مەخپىي، ئەمما بىر ــ بىرىگە ئاشكارا بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ دوستلۇقىنىڭ كاپالىتى. بۇگۈنگە كېلىپ، چولپان بۇ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويىۋىدى، دىلبەر ئۇنىڭدىن ئۈچ ئالدى. نۇر-غۇن قىزلار دوستىنىڭ سۆيگەن يىگىتىنى بىلىدۇ، بەزى ئايالار بىرلىشىپ بۇزۇقچىلىق قىلىشقاچقا، بىر ــ بىرىنىڭ ئاشنىلىرىنى بىلىشىدۇ. ئۇلار بىر نەچچىسى مەينەت تۆشەكلەرگە بىللە مېڭىشسا، باشقىلاردا، ھەتتا، ئەرلىرىدىمۇ گۇمان قوزغىمايدۇ. ئۇلار بۇ غەيرىي مۇناسىۋەتتە بىر ــ بىرىگە ھەمدەم بولغاچقا، ئۆزئارا باغلىنىپ قالىدۇ. بەزى ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىغا ساددىلارچە ئىشىنىۋاتقان ۋاقتى دەل ئاشۇنداق ئاياللارنىڭ تازا ئەركىن يايرايدىغان پەيتى. بۇ دۇنيادا باشقىلارغا ئىشىنىشتىنمۇ خەتەرلىك ئىش يوق.

مەن ئۇنىڭغا ئاچچىقلاپ، ئۆچۈمنى ئالالمايمەن. ئۇ بىرلا ۋاقىتتا

ئىككى ئادەم بىلەن مۇھەببەتلىشىشنىڭ ئادەمگە قانچىلىك ئازاب ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ باقسۇن. مەن ئۇنى بارغانسېرى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ كېتىۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالاي، ئۇ ماڭا گۇمانسىز ئىشىنىدىغان بولسۇن. ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئىشەنچىسى ئاستىدىكى خىيانەتلا ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۆچ ئېلىش بولالايدۇ... قاننى قان بىلەن يۇيۇش، زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش، ئالا كۆڭۈللۈككە ئالا كۆڭۈللۈك بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش، بۇ ئەلمىساقتىن كېلىۋاتقان قائىدە...

كىچىككىنە تىكەننىڭ ئۇچىمۇ ئادەم بەدىنىنى ئاغرىتىپ قىينايدۇ، ئۇنى چىقىرىۋەتمىگۈچە، ئارامىدا قويمايدۇ. ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتتە غىل ـ پال گۇمانمۇ ئادەمگە ناھايىتى زور ئازاب، ئۇنى ئوچۇق-ئاشكارا قىلىۋەتكۈچە، ئادەمگە ئاراملىق بەرمەيدۇ. دىلبەر بىر قارىسام، ئاق كۆڭۈل، پاك پەرىشتىدەك كۆرۈنىدۇ؛ بىر قارىسام، پەرىشتىنىڭ لىباسىغا ئورىنىۋالغان ئالۋاستىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۆتمۈشى ماڭا قاراڭغۇ. ئۇنىڭ لېۋىدە ئاللىكىملەرنىڭ لەۋ ئىزى باردەك، يۈرىكىدە كىملەرنىڭدۇر ئىشق پىراقى باردەكلا تۇيۇلىدۇ. شۇڭا مەن ئۇنى قانداقمۇ خوتۇنۇم دەپ باغرىمغا باسالايمەن؟ بۇ ھايات نېمە ئۈچۈن مۇنچە ئازابلىق؟

ئەڭ ياخشىسى ئاجرىشىش، مۇنداق گۇمان ئازابىدىن بىراقلا قۇتۇلۇش كېرەك. بىراق مەن يەنىلا باشقا بىرسى بىلەن توي قىلمىسام بولمايدۇ. ئۇ چاغدا قايتىدىن پىسخىكىلىق توسالغۇ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالسام، ئۇ چاغدا... دىلبەر مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇلدۇردى، مەن ئۇ ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ كېسەل ئەمەسلىكىمنى بىلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنى قەدىرلىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ پاكلىقىغا بولغان گۇمان مېنىڭ بۇ خىياللىرىمنى يۇتۇپ كەتمەكتە.

دىلبەر ئىنتايىن چىرايلىق بولغاچقا، ئۇنىڭغا قارايدىغانلارمۇ كۆپ. چىرايلىقلارنىڭ ئارىسىدا ئەركەك چىۋىنمۇ قونمىغانلارنى تېپىش بەكمۇ تەس. دىلبەرنىڭمۇ شۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم؟ نېمىشقا ھېچكىم قارىمايدىغان بىرەر قىز بىلەن توي قىلمىدىم؟ ھەي... ي... ئادەمنىڭ كۆڭلى مۇشۇنداق ساراڭ.

بەلكىم، بىھۇدە گۇمانلار بىلەن دىلبەرگە ئۇۋال قىلىۋاتقاندىمەن ياكى ئۇ ئۆزىنى پاك كۆرسىتىپ، مېنىڭ ئەرلىك غۇرۇرۇمنى دەپسەندە قىلغاندۇ. دۇنيادا پەقەت ئادەمنىڭ قەلبىنىلا كۆرگىلى بولمايدۇ. ئالىملار مىكروسكوپنى ياساپ چىقىپ، ئەڭ كىچىك ھۈجەيرىلەرنى كۆردى؛ تېلىسكوپنى ياساپ

چىقىپ، ئالەم بوشلۇقىدىكى يۇلتۇزلارنى كۆردى؛ پەقەت ئادەمنىڭ قەلبىنى كۆرگىلى بولىدىغان ئەسۋابنىلا ياساپ باقمىدى. ئاشۇنداق ئەسۋاب بولغان بولسا، دىلبەرنىڭ قەلبىنى تەكشۈرۈپ باققان بولسام قانچە ياخشى بولاتتى؟ دىلبەرنىڭ چىرايلىق قاش ــ كۆزنگە، گۈزەل ھۆسن ــ جامالىغا قاراپلا، ئۆزۈمنىڭ ئەس ــ ھوشۇمنى يوتۇنلەي يوقۇتۇپ قويسام بولامدۇ؟ ئۇ ئاشۇنداق چىرايلىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا گۇمانلىق. بىر ئەر ئۈچۈن ناپاك ئايالنى خوتۇنۇم دەپ يۈرۈشتىنمۇ ئارتۇق خورلۇق بولمايدۇ. ئىنسانلار «مۇھەببەت باغلىشىش» دېگەن بۇ رەزىل ئويۇننى قاچانلاردا ئىجات قىلغان بولغىدىكىنتاڭ؟ نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ خوتۇنلىرى ئىلگىرى باشقا بىر يىگىتنىڭ مەشۇقى بولغان. نۇر- غۇن ئاياللارنىڭ ئەرلىرىمۇ تويدىن بۇرۇن باشقا بىر قىزنىڭ ئاشىقى بولغان. كۆزۈڭنى يۇم، ھېچنېمىنى ئويلىما، شۇ چاغدا جۇپتىڭ سەن ئۈچۈن ھالال، شۇ چاغدا دۇنيا گۈزەل، سەنمۇ بەختلىك... بۇ مۇمكىنمۇ؟ ئادەمنىڭ سەز- گۈسى تىرىكلا بولىدىكەن، بۇنىڭغا ھەرگىز ئامال يوق.

رېئاللىققا تەن بېرىشمۇ يەنە بىر ئامال. بىراق بۇ ئۆز ــ ئۆزىنى ئالدىيا- لايدىغانلارنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. باشقىلار ھېس قىلالمايدىغان ئىشلارنى ھېس قىلالايدىغان بۇنداق قابىلىيەت ئادەمنى قىينايدىغان قا- بىلىيەت، بۇنى لەززەت دېگەندىن كۆرە جازا دېگەن توغرۇك. سەزگۈلىرىم نور- ماللا بولىدىكەن، ئۆز ــ ئۆزۈمنى ئالداش مېنىڭ قولۇمدىن ھەرگىز كەلمەيدۇ.

بەزىلەر ئۈچۈن توي قىلىشمۇ ئۆز ــ ئۆزىنى ئالداشتۇر. مانا مەنمۇ دىلەرنىڭ پاكلىقىدىن گۇمانلىنىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلدىم. مەن داۋاملىق ئۆز ــ ئۆزۈمنى ئالدىيالايمەنمۇ؟ توي قىلىش ــ مەن سادىر قىلغان زور خاتالىق. ئىلىم ــ پەنگە بارلىقىنى بېغىشلاش نىيىتىگە كەلگەن ئادەم ئۆمۈر بويى توي قىلماسلىقى كېرەك. نوبىل، فارابى، ناۋائىيلار شۇنداق قىلغانغۇ؟ ئەسلى مۇشۇ يولۇم توغرا ئىدى. مەن ۋۇقىيەگە قاچان ئاشىق بولدۇم، دەل شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مېڭىۋاتقان بۇ يولۇمدىن تېيىپ كەتتىم.

«ۋاقىت خاتىرىلەش ئۇسۇلى»نىمۇ ئاللىقاچان توختىتىپ قويغان ئىدىم. ئالېكساندىر ليۇبىشېۋ 26 يېشىدىن 82 يېشىغىچە 56 يىل «ۋاقىت خاتىرىلەش ئۇسۇلى»نى ئىزچىل قوللانغان ئىكەن. مىلادى 50-يىللاردا رىم پەيلاسوپى، ئانىقى سېنىكا ئۆز كاتىپىغا ۋاقىتنى خاتىرىلىتىپ، ۋاقىتنى تېجەشكە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئىكەن. ئويلاپ باقسام، مەن ھەقىقەتەن ئىرادىسىزكەنمەن. مەن رۇقىيە، دىلبەرلەرنى دەپ، ئۇلۇغۋار غايىلىرىمدىن ۋاز كەچتىم. ئۇلار ئىككىسى مېنىڭ ئارزۇ ــ ئىستەكلىرىمنى بەربات قىلىۋەتتى. مەن ھەقىقەتەن يارىماس ئىكەنمەن. بۇرۇن يىمەي ــ ئىچمەي سېتىۋالغان كىتابلىرىمنى تويپا بېسىپ كەتتى، ھازىر مېنىڭ ئۇلارنى ئوقۇشقا رايىم يوق. بۇ قىسقىغىنە ھاياتتا ئاياللار ئۈچۈن ھەممىدىن ۋاز كېچىش ئەرزىمدۇ؟

سىلكىنىش... بىر قېتىم قاتتىق سىلكىنىش كېرەك! روھىمدىكى ئىللەتلەردىن پاك ــ پاكىز قۇتۇلۇپ، ئورنۇمدىن دەس تۇرۇشۇم كېرەك... كەسىپ، غايە ئۈچۈن بارلىق خۇشاللىق ھەم لەززەتتىن ۋاز كېچىشكە توغرا كېلىدۇ. چوقۇم بىردىن كېچىپ، بىرنى تاللاش كېرەك. بۇ دۇنيادا قانداق ياشاشنى بىلىشكىمۇ نۇرغۇن يىللار كېتىدىكەن. ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار ئۈچۈن ھەسرەت چېكىشۋېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ كۆز يېشى ھەرگىز ئازابنى يەڭگىللىتەلمەيدۇ، ئادەم يەنىلا ئۆزىنى تۇتىۋېلىشى كېرەك. قىلبلىيەت بىر نىشانغا ئىشلىتىلسە، ئاجايىپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

بۇ ھايات ــ شەيئىلەرنى چۈشىنىدىغان ھايات، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھايات، تۇرمۇش لەززىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ھايات... مەن بولسام، تۇرمۇش لەززىتىدىن ۋاز كەچمەكچى بولىۋاتىمەن. بۇ بىر ھېسابتا ئەخمەقلىقتۇر. ئەمەلىيەتتە، مۇشۇنداق قىلىش زادى مۇمكىنمۇ؟ نوبىل بىر نەچچە قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلغان بولسىمۇ، ئۆمۈر بويى كۆڭۈلدىكىدەك لايىق تاپالمىغان ئىدى. نەۋائىينىڭ كۆيگەن قىزىغا ھۆسەيىن بايقارانىڭ كۆزى چۈشۈپ قېلىپ، ئۆمۈر بويى ھىجران ئازابىنى چەككەن

ئىدى. قارابىمۇ بىر ئۆمۈر يالغۇز ئۆتكەن... مەن ئاشىق بولغان رۇقىيە مېنى سۆيمىدى، ئۇ ھازىر ئۆزى سۆيمەيدىغان بىر ئەرگە خوتۇن بولۇپ ياشىماقتا. مېنىڭ بەختسىزلىكىم ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغان كۈندىن باشلانغان. ئۇنىڭ ئۇچۇن تارتقان ئازابلار، چەككەن دەرد — ھەسرەتلەرمۇ يېتەرلىك ئىدى. ئەمدى بۇنىڭغا دىلبەرنىڭ ئازابى قوشۇلدى. مەن ئۇچۇن ئۆتكەن ئىشلار يېتەرلىك ئىدىغۇ؟ بۇ دۇنيا نېمە ئۇچۇن ماڭا مۇنچە رەھىمسىزلىك، ئادالەتسىزلىك قىلىدۇ؟ بۇ ھاياتتا سەن باشقىلارنىڭ ئەقىدىسىنى دەپسەندە قىلمىساڭ، باشقىلار سېنىڭ ئەقىدەڭنى دەپسەندە قىلىدىكەن. ئادەم دېگەن ئەسلىدىنلا ئۆزىنى ئويلايدۇ، ئۆزىدىن ئاشسا، ئاندىن باشقىلارنى.

سەزگۈ ھامان سەزگۈ، گۇمان يەنىلا گۇمان. مېنىڭ دىلبەردىن نىپاك دەپ ئاغرىنىشىم، بەلكىم، ئورۇنسىزدۇر. مەن ئۆزۈمنى بىر مەھەل چەتكە ئېلىشىم، دىلبەرنى داۋاملىق چۈشىنىشىم زۆرۈردۇر. بۈگۈن ئاخشىم بۇ ئويۇمنى ئۇنىڭغا ئېيتاي.

— 9-ئايدا ئۇرۇمچىگە بېرىپ، بىلىم ئاشۇرۇپ كەلسەممىكىن دەيمەن، بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟ — دېدىم كەچلىكى چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ.

— ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغىنىڭىز يەتمىدىمۇ؟ قارىڭە، بۇ ئۆيدىكى نېمىدېگەن جىق كىتاب؟ ھېلىمۇ كۈندە كىتابتىن باش كۆتۈرمەيسىز، مۇشۇلارمۇ يەتمىدىمۇ؟

— خەنزۇ تىلى سەۋىيەم بەكلا تۆۋەن، ئىككى يىل بىلىم ئاشۇرۇپ كېلەيمىكىن دەيمەن.

بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— ئىككى يىل؟

— بىر يىل ئوقۇپ كەلسەممۇ بولىۋېرىدۇ.

— بوپتۇ، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن، — ئوقۇپ كېلىڭ، ياشلىقتا كۆپرەك ئوقۇۋالغىنى يەتمەيدۇ.

— سىزنى يالغۇز قالسا، جاپا تارتىپ قالامدىكىن دەيمەن.
— ئۇنىڭدىمۇ بىر گەپ بولار.
— بۇ گەپنى راستتىن دەۋاتامسىز ياكى...
ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم. ئۇ ئوچۇق دېيەلمىگەن بىلەن، كۆڭلى يېرىم بولغاندەك تۇراتتى.
— ئىدارىڭىز رۇخسەت قىلارمۇ؟
— بۇنىڭمۇ بىر ئامالى بولۇپ قالار.
ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئىدارە رەھبەرلىكىگە ئىلتىماس يازدىم. خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان ئىپادەم ياخشى بولۇپ، ئىدارىدىمۇ خېلى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان ئىدىم. رەھبەرلىك مېنى ئىستىقباللىق ياش دەپ قاراپ، ئىلتىماسىمنى تەستىقلىشى مۇمكىن ئىدى.
— قانداق بولدى؟ — دېدى بىر كۈنى دىلبەرنىڭ ئىچى پۇشۇپ.
— تېخى جىمغۇ؟
— مېنىڭچە بولسىغۇ، قوشۇلمىسا ئوبدان بولاتتى.
مەن ئارتۇق — ئۆكسۈك گەپ قىلمىدىم. ئۇنىڭ يالغۇز قېلىشقا كۆڭلى قىيمايۋاتقانلىقى ماڭا ئايان ئىدى.
بىر كۈنى سادىق شۇجى مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپتۇ. بۇ چوقۇم ئىلتىماسنىڭ ئىشى. نېمە دېيىشكەندۇ — ھە؟ ئىشخانا ئىشىكى ئوچۇق ئىدى. سادىق شۇجى ئۈستەلدىن باش كۆتۈرمەي، بىر نەرسە يېزىۋاتاتتى. ئىشىكنى يەڭگىل چەكتىم.
— كىرىڭ، كىرىڭ، — سادىق شۇجى كۆلۈمسىرىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇ ئىشخانىسىغا كىرگەن ھەرقانداق ئادەمگە مۇشۇنداق قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى، — ئولتۇرۇڭ. ھە، قانداق ئەھۋال؟
— ياخشى.

— يېقىندىن بۇيان روھىي ھالىتىڭىز تازا ياخشى ئەمەسقۇ؟
— ھېچقانداق ئەمەس...
— ئىدىيىڭىزگە تاقالغان بىرەر ئىش بارمۇ؟
— يوق... ھېچقانداق ئىش يوق...
— ئوقۇشقا بارسىڭىز، ئايالىڭىز قانداق قىلىدۇ؟
— بىز مەسلىھەتلەشتۇق، ئۇ بۇ ئىشقا قوشۇلغان.
— ئىدارىدىنمۇ ئوقۇشقا بېرىشىڭىزغا قوشۇلدۇق.
خۇشاللىقىمدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتكىلى تاس قالدىم.
— رەھمەت، رەھبەرلىكنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن.
— بۇنىڭ ئىككى تۇرلۇك شەرتى بار: بىرى، ئورۇمچىدە قېپقالمايسىز. يەنە بىرى، ئىدارىدىن يۆتكىلىپ كەتمەيسىز.
— ئورۇمچىدە قېپقالمايمەن، بىراق، ئىدارىدىن يۆتكەلمەسلىككە كاپالەت بېرەلمەيمەن.
بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دىلبەرنىڭ راستىنلا كۆڭلى يېرىم بولىدىغان بولدى. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلىپ يۈرگەن بولسام، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ مىسكىن ھالىتىنى ئويلاپ، ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ بىئارام بولۇپ باقسۇن، ئۇ قانچە كۆپ ئازابلانسا، بۇ ھاياتنى شۇنچە چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭ گۈللەر ئارىسىدا كېپىنەكتەك پىلدىرلاپ ئۇچۇپ يۈرىدىغان ۋاقتى ئەمدى كەلمەسكە كەتتى.
ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. ئورۇمچىگە بىر يىللىق ئوقۇشقا ماڭىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى. مۇشۇ كۈنلەردە دىلبەرنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. كەچقۇرۇن ئۇ يۈزىنى بىلىكىمگە قويۇپ يېتىپ، ئەرز-ھالىنى ئېيتىشقا باشلىدى.
— بارمىسىڭىز زادى بولمامدۇ؟ ھازىر يالتىيىپ قالسىڭىزمۇ بولىدىغۇ؟
— ئەمدى نېمە بولدىڭىز؟ ئۆتكەندە قوشۇلغانتىڭىزغۇ؟

— سىزنى مۇنداقلا دەپ قويغان چېغى دەپتىمەن. مېنى مۇشۇنداق يالغۇز تاشلاپ كېتىشكە يۈرىكىڭىز قانداقمۇ چىدايدۇ؟ ئەجەب تاش يۈرەككەنسىز.

مەن بۇ دۇنيادىكى ئەڭ رەھىمدىل ئادەم ئىدىم، يۈرىكىم ھەر دائىم گۈل بەرگىسىدەك تىترەپ تۇراتتى، كۆز يېشىممۇ قىز بالىنىڭكىدەك تۆكۈلۈشكە ئازانلا تۇراتتى. ھازىر راستىنلا يۈرىكىم تاشتىنمۇ بەكرەك قېتىپ كەتتى، كۆز يېشىممۇ ئاللىقاچان ئېقىپ تۈگىدى. مېنى مۇشۇنداق قىلىپ قويغانمۇ رۇقىيە بىلەن دىلبەر ئىككىسى ئىدى.

— بىر يىل دېگەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈرۈمچى ئانچە يىراق ئەمەسقۇ؟ شەنبە — يەكشەنبە كۈنلىرى كېلىپ تۇرمايمەنمۇ؟

— سىز شۇنداق دېگەنبىلەن يالغۇزلۇق يامان. سىزدىن ئايرىلىشقا چىدىمايۋاتىمەن.

ئۇنىڭ بۇ سۆزى راستمىدۇ؟ نەچچە تامچە ياش بىلىكىمگە تامچىلاپ چۈشكەن چاغدا ئاندىن ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلدىم.

— بولدى قىلىڭچۇ؟ نېمىگە كۆڭلىڭىزنى مۇنچە يېرىم قىلىسىز؟

مەن ئۆلگەندە ئاندىن مۇشۇنداق يىغلاڭ.

ئۇ سول قولى بىلەن ئاغزىمنى توستى. ياش بىلەن ھۆللەنگەن كۆزى ۋاللىدە پارلاپ، چېھرىگە كۈلكە يامىشتى.

— ئاغزىڭىزنى ئۇششۇتمەڭ، نېمانداق شۇم ئېغىزلىق قىلىسىز؟ سەپەرگە چىقىدىغان چاغدىمۇ مۇشۇنداق گەپنى قىلامدىكىن.

— سىزمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇزاتمامسىز؟

— كۈلۈپ ئۇزاتقىنىمدىن يىغلاپ ئۇزاتقىنىم ياخشىدۇ؟

— ياخشى، لېكىن مۇشۇ شېرىن سۆزنى دېمىگەن بولسىڭىز، تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

— ئەسكى...

ئۇ باغرىمغا مەھكەم يېپىشتى. ئۇ ھەدەپ مېنى ئۆزىگە تارتاتتى...

※ ※ ※

ئالىي مەكتەپ دەرۋازىسىدىن قايتا كىرگىنىمدە، مۇندىن تۆت يىل بۇرۇنقى ئوقۇش ھاياتىم قايتا يادىمغا يەتتى. ئۇ چاغلاردا قانچىلىك تىرىشچان ئوقۇغۇچى ئىدىم — ھە؟ ئالىي مەكتەپتىكى بەش يىللىق ھاياتىم ياتاق، سىنىپ، قىرائەتخانا ئارىلىقىدىلا ئۆتكەن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن قەشقەرنىڭ ناھىيە، يېزىلىرى تۇگۇل، ھەتتا قەشقەر شەھىرىنىڭمۇ بىرمۇنچە يەرلىرىنى كۆرمەي قايتىپ كەلگەن ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەر قىزى — گۈزەل رۇقىيە يۈرىكىمگە تۇنجى سۆيگۈ ئوتىنى يېقىپ، مېنى ئۆمۈرلۈك داغ-ھەسرەتتە قالدۇرغان ئىدى. بۈگۈن يېڭى ھايات مۇساپىسىگە قەدەم باستىم. ئەمدى ئۈرۈمچى قىزىنىڭ ئىشق ئوتىدىن خۇدا ساقلىسۇن. مەن ئاللىقاچان توي قىلىپ بولغان ئادەم، دىلبەر يۇرتتا يالغۇز قېپقالدى، ئۇنىڭ ئەقىدىسىگە خىيانەت قىلسام، ھەرگىز توغرا بولمايدۇ. مەن بۇ بىر يىل ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپرەك نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋېلىشىم كېرەك...

يولدا كېلىۋاتقان — كېتىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز خىيالى، ئۆز ئارا پا-راڭلىرى بىلەن بەند بولۇپ، ھېچكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى. يولنىڭ ئىككى يېقى يېپيېشىل چىملىق بولۇپ، بۈككىدە ئۆسكەن دەرەخلەر ئارىسىدا ئۇ يەردە بىر، بۇ يەردە بىر بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

مەن كېلىۋاتقانلاردىن بىرىگە سالام قىلدىم:

— ياخشىمۇسىز؟ سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم. رەنجىمىسىڭىز، ئوقۇتۇش باشقارمىسى قايسى بىنادىدۇ؟

— ئۇدۇل مېڭىڭ، ئالدىمىزدىكى تۆت كوچىدىن ئۆتۈپ يەنە بىر ئۈچ كوچا ئاغزىغا بارسىڭىز، ئوڭغا بۇرۇلىدىغان كوچا دۇقمۇشىدا بىر بىنا بار، شۇ بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىقسىڭىز بولىدۇ.

— رەھمەت سىزگە.

— ئەرزىمەيدۇ.

چوڭ شەھەر دېگەن ـ ھە؟ ئادەملىرى قارىماققا بىپەرۋا، تەكەببۇر، سوغۇق كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە بەكمۇ ئىلمىي، قىزغىن، كىچىك پېئىل. ئوقۇغان ئىلمىي ئادەملەر ھەقىقەتەن باشقىچە ئىللىق بولىدىكەن. بايىقى ئوقۇغۇچىنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىدىن كۆڭلۈم ۋىللىدە يورۇغاندەك بولدى ـ دە، ئالدىمغا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم.

بارلىق رەسمىيەتلەر بېجىرىلىپ، ياتاققىمۇ ئورۇنلىشىۋالدىم. چۈشتىن كېيىن تىل فاكۇلتېتى بىناسىنى تېپىپ، ئوقۇيدىغان سىنىپىمنىمۇ كۆرۈپ كەلدىم. كەچتە كۈندىلىك خاتىرەمنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا مۇنۇ بىر جۈملە سۆز-نى يېزىپ قويدۇم: «زېھنىڭنى يىغىپ، روھىڭنى تاپ!»

بۈگۈن خاسىيەتلىك بىرىنچى سىنتەبىر، ئۇنىۋېرسىتېت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك ئوقۇش باشلايدىغان كۈن. مەن بۈگۈن قايتىدىن ئوقۇغۇچىلىق ھاياتقا قەدەم باستىم. ئالىي مەكتەپتىكى تۇنجى كۈنۈم ناھايىتى مەنىلىك، كۆڭۈللۈك ئۆتتى. يېڭى ئوقۇتقۇچىلار، يېڭى ئوقۇغۇچىلار بىلەن تونۇشتۇم. بىراق مەن بۇ بىر كۈنۈمدىن يەنىلا رازى بولمىدىم. مەن ئالىي مەكتەپتىكى ھەر بىر كۈنۈمنى تەرتىپلىك، پىلانلىق، ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈشۈم كېرەك. قانداق قىلغاندا ۋاقىتتىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدۇ؟ مەن ئالېكساندېر لىيۇبىشېۋنىڭ «ۋاقىت خاتىرىلەش ئۇسۇلى»نى قايتا قوللىنىپ بېقىش خىيالىدىمۇ بولدۇم. لېكىن بۇ سىجىللىقنى ھەم زور چىدامچانلىقنى تەلەپ قىلاتتى. شۇڭا يەنە يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىدىم. بۇرۇنقى تەجرىبەمدىن قارىغاندا، «ۋاقىت خاتىرىلەش ئۇسۇلى»نى قوللانسا،

ئادەمنى قاتما، ھېسسىياتسىز، مېخانىك ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. مەن قىزغىن، قايناق ھاياجانلىق ئادەم سۈپىتىدە ياشاشنى خالايتتىم. «ۋاقىت خاتىرىلەش ئۇسۇلى» مېنىڭ بۇ خاھىشىمغا تازا ماس كەلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ بىر كۈن ۋاقىتنى قارىسا ناھايىتى ئالدىراش، ئەمما قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق ھالدا ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولمايتتى.

كۈندىلىك خاتىرەمگە «ئەتە چەزمەن قىلىدىغان ئالتە تۈرلۈك ئىش» ھەم «كۈندىلىك ئىشلارنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى» لايىھەسىنى مۇنداق يازدىم:

*ئەتە چەزمەن قىلىدىغان ئالتە تۈرلۈك ئىش:*

*ئىشتىن چۈشۈپ ئىشخانىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى بۈگۈن قىلىپ بولالمىغان، ئەتە چەزمەن قىلىدىغان ئالتە ئىشنى يېزىپ قويۇڭ.*

لېيگ (ئامېرىكا)

*1.* ______________________

*2.* ______________________

*3.* ______________________

*4.* ______________________

*5.* ______________________

*6.* ______________________

*كۈندىلىك ئىشلارنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى:*

*ئەتىگەنلىك مۇزاكىرە ۋاقتى:* ______________________

1-سائەت: ________________

2-سائەت: ________________

3-سائەت: ________________

4-سائەت: ________________

چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى: ________________

5-سائەت: ________________

6-سائەت: ________________

دەرستىن كېيىن: ________________

كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتى: ________________

كېچلىك مۇزاكىرىدىن كېيىن: ________________

مەن خاتىرەمگە مۇنۇ سۆزلەرنى قوشۇمچە قىلىپ يېزىپ قويدۇم:

*ھەر كۈنى ئاخشىمى كەچلىك مۇزاكىرىدىن كېيىن «ئەتە جەزمەن قىلىدىغان ئالتە تۈرلۈك ئىش»نى ھەم «كۈندىلىك ئىشلارنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى»نى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ياتاققا قايتىمەن.*

بۇ ئىشنى بۈگۈندىن تارتىپ باشلىدىم. بۈنىڭدىن كۆڭلۈممۇ بىر ئاز قانائەت تاپقاندەك قىلدى. ساۋاقداشلىرىم مۇزاكىرە ۋاقتى توشۇپلا چىقىپ كەتكەن ئىدى. ملنا ئەمدى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ چىراغلىرىنى ئۆچۈرىدىغان ۋاقتىمۇ بولدى. مەن كىتاب، خاتىرىلىرىمنى كۆتۈرۈپ، سىنىپتىن قايتىپ چىقتىم.

شۇندىن كېيىن مېنىڭ ھەر بىر كۈنۈم ياتاق، سىنىپ، كۇتۇپخانا، قىرائەتخانا ئارىلىقىدا ئالدىراش ئۆتىدىغان بولدى. سەھەردە ئورنۇمدىن تۇ-رۇپ، يۈگۈرۈپ چېنىقىمەن. چۈشتىن ئىلگىرى تۆت سائەت دەرسكە

قاتنىشىمەن. چوشلۇك تاماقتىن كېيىن كارىۋىتىمدا قىڭغىيىپ يېتىپ كىتاب ئوقۇيمەن. چۈشتىن كېيىن ئىككى سائەت دەرسكە قاتنىشىمەن. دەرستىن كېيىن مەكتەپ كۇتۇپخانىسىغا كىتاب ئارىيەت ئالغىلى بارىمەن. كەچلىك تاماقتىن كېيىن مەكتەپ قىرائەتخانىسىغا بېرىپ، گېزىت ــ ژۇرنال كۆرىمەن. كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا دەرسلىرىمنى تەكرارلايمەن. مۇزاكىرىدىن كېيىن «ئەته جەزمەن قىلىدىغان ئالتە تۈرلۈك ئىش»نى ھەم «كۈندىلىك ئىشلارنىڭ ئىلگىرى ــ كېيىنلىك تەرتىپى»نى يېزىپ قويىمەن.

ھەر بىر كۈنلىرىمنى مۇشۇنداق ئۆتكۈزۈۋاتساممۇ، يەنىلا قانائەت ھاسىل قىلمايتتىم. يەنە قانداق قىلغاندا ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، چوڭراق ئىش قىلىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنەتتىم.

شۇ مەقسەتتە ئۆيدىن ئالغاچ كەلگەن كىتابلىرىم ئارىسىدىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى دانىل ئالېكساندىروۋىچ گىرانىننىڭ «ئاجايىپ ھايات» ناملىق بىئوگرافىك رومانىنى قايتا بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. بۇ رومان‍دا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھاشاراتشۇناسى ليۇبىشېۋنىڭ ئىلىم ــ پەن يولىدا ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقى ھېكايە قىلىنغان ئىدى. ليۇبىشېۋ «ۋاقىت خاتىرىلەش ئۇسۇلى»نى 56 يىل ئىزچىل تۇردە داۋاملاشتۇرغان، ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە ھاياتىدا مول ئىلىم ــ پەن نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. 70 پارچىدەك ئىلمىي ئەسەر ئېلان قىلغان، ماشىنكىدا 12 مىڭ 500 ۋاراق كېلىدىغان ئىلمىي ماقالە ۋە مەخسۇس ئەسەر يازغان. بۇلارنىڭ مەزمۇنى ھاشاراتشۇناسلىق، ئىلىم ــ پەن تارىخى، يېزا ئىگىلىك، ئېرسىيەت ئىلمى، ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش، تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى... قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ.

بۇ كىتابنى قايتا ئوقۇپ بولۇپ، نومۇستىن يۈزۈم چىمىلداپ كەتتى. يېشىم ئوتتۇزغا ئۇلاشتى، مۇشۇ چاغقىچە نېمە ئىشلارنى قىلدىم؟ ھەقىقەتەن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئادەم ئىكەنمەن. مېنىڭ كېيىنكى ئۆمرۈممۇ مۇ-

شۇنداق ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟ ھاياتىمدىن كېيىنكىلەرگە بىرەر نىشان قالماسمۇ؟ پارتا تارتمىسىدىن «كىتابلاردىن تەرمىلەر» خاتىرەمنى ئېلىپ، «ئاجايىپ ھايات» رومانىدىكى ھېكمەت دۇردانىلىرىنى كۆچۈرۈشكە باشلىدىم.

*«...مەن كىچىككىنە ئادەمنىڭ نەقەدەر قالتىس ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭ بۇ يەردە نەقەدەر ئېسىل ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتمەكچىمەن...*

*...تۇرمۇش ماڭا ھەرقانداق ئىشنى كەينىگە سۈرمەسلىكنى ئۆگەتكەن ئىدى...*

*...ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى قانچە يۈكسەك بولغانسېرى، كىشىلەرگە بېرىدىغان تەسىرىمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ...*

*...ئۇنىڭ بېسىپ ئولتۇرۇپ ئىشلەش روھى، ئەلۋەتتە، ناھايىتى ياخشى. بېسىپ ئولتۇرۇپ ئىشلەش بەزى تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەمەسمۇ؟...*

*...ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللار داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن كۈندىلىك خاتىرىسى شۇقەدەر سۆرۈنكى، بەئەينى بوغالتىرنىڭ ھېسابات دەپتىرىگە ئوخشايدۇ... ھېچقانداق ئىش بۇ ئادەمنىڭ خىزمەت رىتىمىنى بۇزۇۋېتەلمىگەن...*

*...لوسلى ھەممە نەرسە بىزنىڭ ئەمەس، باشقىلارنىڭ، پەقەت ۋاقىتلا ئۆزىمىزنىڭ مۈلكى، — دەپ يازىدۇ سىبىنكا (سىبىنكا — قەدىمكى رىم پەيلاسوپى، سىياسەتچىسى، يازغۇچىسى)، — ياراتقۇچىنىڭ بىزگە بەرگىنى، بىزنىڭ ئىگىدارچىلىقىمىزدا بولغىنى پەقەت مۇشۇ توختىماستىن ئۆتۈپ كېتىدىغان، مۇقىم بولمىغان نەرسە. ھەتتا مۇشۇ نەرسىنىمۇ كىمىكى خالايدىغانلا بولسا، بىزنىڭ قولىمىزدىن ئېلىپ كېتەلەيدۇ. ئادەم باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى زادى قەدىرلىمەيدۇ. گەرچە ئۇ ھەرقانداق قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان نەرسە بولسىمۇ.*

*...بەختلىك كىشى سائەتكە قارىمايدۇ؛ ئەكسىچە ئېيتسا، سائەتكە*

قارىمايدىغان ئادەملەر بەختلىك بولىدۇ...

...ۋاقىت بۇرۇنقىدىن ئاز قالدى، ۋاقىتنىڭ قىممىتى بۇرۇنقىدىن ئۆستى...

...ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە — ھايات. لېكىن بۇ ھاياتنى ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھەممىدىن قىممەتلىك نەرسە — ۋاقىت، چۈنكى ھايات ۋاقىتتىن تەشكىل تاپقان...

...رەتلىك، قەيسەر ئىرادىلىك كىشى بىر كۈن تۈگىگەندىن كېيىن، يەنە شۇ كۈندىكى ئەھۋاللارنى تەھلىل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ۋاقىتنى قانداق قىلىپ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرىۋالىدۇ...

...بىر ئۆزىمىزنىڭ كۈچىنىڭ يېتىشىچە، ئەستايىدىللىق بىلەن باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتقانلىقىمىزغا سەممىي ئىشەنسەكمۇ، بىزنىڭ ھەقىقىي خىزمەت قىلغان ۋاقتىمىز، ئېھتىمال، بىر سائەت، بىر يېرىم سائەت بولىدىغانلىقىنى، قالغان ۋاقتىمىزنىڭ بىكار ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى، ئەھمىيەتسىز پالاقلاش، پاراڭ سېلىش، خىيال قىلىش بىلەن ئىسراپ بولۇپ كېتىدىغانلىقى بىردىن سېزىلىدۇ...

...يەنىگە سادىق بولۇشقا قەسەم قىلىش بىر گەپ، ئۆزىگە كونكرېت بىر نىشان بەلگىلەش باشقا بىر گەپ...

...ئەسەبىيلىك، تەرسالىق، تەركىدۇنيالىق — مانا ئالىملار ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلمىغان!...

...يەنىگە مەستانە بولۇش — خەتەرلىك نەرسە. مەلۇم مىجەزلىك ئادەملەرگە نىسپەتەن ئېيتقاندا، بەلكىم، شۇنداق قىلىش زۆرۈردۇ، لېكىن بەدەل ناھايىتى زور بولىدۇ...

...بىر ئالىمنىڭ ئىلمىي جەھەتتىكى شۆھرىتى قانچە يۇقىرى بولسا،

ئۇنىڭ روھىي پەزىلىتىمۇ كىشىنى شۇنچە قىزىقتۇرىدۇ...

...پەننىڭ ئەبەدىيلىكى بوشلىماستىن ئىزدىنىشتە ئىپادىلىنىدۇ، پەن سىغىمچانلىقى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەبەدىي قۇرىمايدۇ، نىشانى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا مەڭگۈ يەتكىلى بولمايدۇ...

...ئۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت، تەۋرەنمەس ئېتىقاد، مۇتلەق يەكۈن دېگەنلەرگە ھەممىدىن بەك چىداپ تۇرالمايتتى...

...ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرۇش ئۈچۈن باشقىلارغا خۇشامەت قىلغان ئەمەس، تەھرىر بۆلۈملىرىگە قاتنىغانمۇ ئەمەس، باشقىلارغا يېلىنغانمۇ ئەمەس... ئۇنىڭ ۋاقتىنى بۇنداق ئىشلارغا سەرپ قىلىشقا كۆزى قىيمايتتى...

....ھەقىقىي ئالىم، ھەقىقىي ئىزدەنگۈچىلەردە ئەزەلدىن مۇتلەق ئېتىقاد بولغان ئەمەس...

...كىشىلەر مېنىڭ پىكرىمگە دەرھال قوشۇلغان چاغدا، ئۆز پىكرىمنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىمەن...

...پەن گۇمان قىلىش بىلەن باشلىنىپ، قەتئىي ئىشىنىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ...

...باشقىلارغا قويغان تەلەپ بىلەن ئۆزىگە قويغان تەلىپى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولغان ئادەمدىن تېخى بىرەرسى ئۇچراپ باققىنى يوق...

...ئۆزۈڭ ئۆزۈڭنىڭ ئەڭ يېقىن ۋە ئەڭ سۆيىدىغان ئادىمىڭ بولۇشى كېرەك..

...ئادەمنىڭ روھىي پەزىلىتىنى بەلگىلەيدىغان نەرسە ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مۇددىئاسى...

...كىشىنىڭ ھەرىكىتى ئۇنىڭ ئادەتتىكى مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىن ناھايىتى كۆپ ھالقىپ كەتكەندىلا، كىشى ئاندىن قەھرىمان بولالايدۇ...»

خاتىرىنى يېزىپ بولۇپ، يەنە ئۆيگە كەتتىم. ئالېكساندېر ليۇبىشېۋ نېمىدېگەن قەيسەر ئىرادىلىك، ئۇلۇغۋار غايىلىك، ئالىيجاناب روھقا ئىگە ئادەم ــ ھە؟ ئۇ بۇ ئىشلارنى كىم ئۈچۈن قىلدى؟ ئۆزى ئۈچۈنمۇ ياكى رۇس مىللىتى ئۈچۈنمۇ ۋە ياكى ئىنسانىيەت ئۈچۈنمۇ؟ مۇندىن يەتتە ــ سەككىز يىل ئىلگىرى «ئاجايىپ ھايات» رومانىنى تۇنجى قېتىم ئوقۇغان ۋاقتىمدا، ليۇبىشېۋنىڭ چىدامچانلىقى مەندە كۈچلۈك تەسىرات قالدۇرغان، «ۋاقىت خاتىرىلەش ئۇسۇلى» كاللامغا چوڭقۇر ئورنىشىپ كەتكەن ئىدى. شۇندىن كېيىن ماڭسام ــ تۇرسام، ياتسام ــ قوپسام، ئۆزۈمگە «ۋاقىت... ۋاقىت...» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپلا تۇرىدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. بۈگۈن بۇ رومانىنى قايتا ئوقۇپ چىققان چېغىمدا، ئۆزۈمنىڭ ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يېتىشمىنىڭ يەنىلا يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى بىلىپ يەتتىم. مەن ئۆزۈمگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇشۇم كېرەك ئىكەن.

كەچلىك مۇزاكىرىدىن چۈشۈپ، ياتاققا قاراپ ماڭدىم. يولدا قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر ئايال ئوقۇتقۇچىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ئايالىمنى ئەسلەپ قالدىم. دىلبەر ئۆيدە يالغۇز قالدى. ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە قانداق قىلىۋاتىدىغاندۇ ــ ھە؟ ئۇ چوقۇم غېرىبسىنىپ قالدى. ئۇنىڭغا بىرەر پارچە خەت يېزىشىمۇ يادىمغا كەلمەپتۇ. مەن بارايمىكىن ياكى ئۇ كەلسۇنمىكىن؟ ئۇ كەلگەن بىلەن سەككىز كىشىلىك ئەرلەر ياتاقىدا ئوڭايسىزلىنىپ قالىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈم باراي، ئانا ــ ئانامنىمۇ يوقلاپ قوياي...

※ ※ ※

سىنىپىمىزدا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇشقا كېلىشتىكى مەقسەت ــ مۇددىئاسىمۇ ھەر خىل ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەقىقىي بىلىم تەشنالىرى بولسا، بەزىلىرى

مۇھەببەت تەشنالىرىدەك قىلاتتى؛ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى روھلۇق كۆرۈنسە، بەزىلىرى مىسكىن كۆرۈنەتتى؛ بەزىلىرى پەيلاسوپتەك چوڭقۇر پىكىرلىك بولسا، بەزىلىرى قىلمىغاقتەك يەڭگىل ئىدى؛ بەزىلىرى باش كۆتۈرمەي ئۆگەنسە، بەزىلىرى كەچكىچە كوچىدىن كىرمەيتتى. ساۋاقداشلىرىمنىڭ بەزىلىرىدىن سۆيۈنسەم، بەزىلىرىگە قاراپ خورسىنىپ قويىمەن. بۇنىڭغا نىمە ئامال ـ ھە؟ بۇ دۇنيادا يولۋاستەك مەردانە ھالەتتە ياشايدىغانلار ئاز، مايمۇندەك ئويناپ ـ كۈلۈپ ياشايدىغانلار كۆپ بولىدىكەن.

ئۆزىدىكى ئاجىزلىق، يامان ئادەت، مەنىسىزلىكنى تونۇپ يېتىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن جاسارەت بولۇشى كېرەك ئىكەن. بىر ئادەمنىڭ ۋىجدانلىق، قائىدىلىك، توغرا بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدىكەن. ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن بۇيان ھازىرغىچە ئىزچىل ھالدا تىرىشىپ ئۆگىنىپ كەلدىم. ماڭسام يېنىمدا، ئولتۇرسام ئالدىمدا، ياتسام بېشىمدا كىتاب ماڭا ھەمراھ بولدى. ھەر زامان ئويلايدىغىنىم ۋاقىت، ھەر دائىم خىيال قىلىدىغىنىم كىتاب. بىلگەنلىرىمدىن يەنىلا بىلمەيدىغانلىرىم كۆپ، قىلغان ئىشلىرىمدىن يەنىلا رازى ئەمەسمەن. نېمىشقا مۇنداق بولىدۇ؟ مەن ئۆزۈمنىلا ئويلىدىم، باشتىن ـ ئاخىر مۇھەببەت ھەسرىتىدىنلا قايغۇرۇپ يۈردۈم، خەلقىمىزنىڭ دەرد ـ ھەسرىتى بىلەن ئورتاقلىشالمىدىم. چىڭغىز ئايتماتوف: «يازغۇچى، شائىرلار يىگىرمە ياش ۋاقتىدا مۇھەببەت ھەققىدە، ئوتتۇز ياش ۋاقتىدا ئائىلە ھەققىدە، قىرىق ياش ۋاقتىدا مىللەت ھەققىدە، ئەللىك ياش ۋاقتىدا ۋەتەن ھەققىدە يازىدۇ» دەپتىكەن. مەن يەنە قىرىق ـ ئەللىك يېشىمنى ساقلىشىم كېرەكمۇ؟ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، مەمتىلى ئەپەندى، لۇتپۇللا مۇتەللىپلەر يىگىرمە ـ ئوتتۇز يېشىدىلا ۋەتەن، خەلقنىڭ غېمىنى يېگەن...

ـ قارا، قۇندۇز، كىم كېلىۋاتىدۇ؟

بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، قىزلار ياتاق بىناسىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە بىر نەچچە قىز ماڭا قاراپ كۈلۈشۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار مېنىڭ قارىغىنىمنى

كۆرۈپ، ئۆزلىرىنى دەرھال دىرىزە كەينىگە ئېلىشتى. ئۇلار مەن بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان قىزلار ئىدى. بۇ گۈلشەننىزە، ئۆزىغۇ شوخ، ئەمدى قۇندۇزنىمۇ قۇترىتىپ، ماڭا چاپلاۋاتقىنىنى قارا. بۇ قىلىداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ مېنىڭ ئىلىلىم بار، ئۇلار بۇنى بىلمەمدىكىنە؟ قىزىق ئىش... ئۇلار باشقا چاغلاردىمۇ مېنىڭ گېپىمنى قىلىشسا كېرەك؟

كىتابىمنى قولتۇقلاپ، جىمجىت، خالىيراق جاينى ئىزدەپ كېتىپ قالدىم. كەينىمدىن قىزلارنىڭ كۈلۈشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئۇنىڭ ساڭا قاراشقا چولىسىمۇ يوقتەك قىلىدۇ. بولدى، ئۇمىدىڭنى ئۈز...

كەينىمگە قايرىلىپ قاراپ قويدۇم. «بولدى، ئۇمىدىڭنى ئۈز؟» قارىغاندا، قۇندۇز خېلىدىن بۇيان ماڭا كۆز تاشلاپ يۈرگەن ئوخشىمامدۇ؟ بەلكىم، بۇ گۈلشەننىڭ چاقچىقىدۇ...

مەن ياپىيېشىل چىملىقنىڭ چېتىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. «گراف مونتې — كرىستو» رومانىنىڭ قالتلاپ قويغان يېرىدىن باشلاپ ئوقۇشقا باشلىدىم. نەچچە كۈندىن بۇيان بۇ رومانىنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كەتكەن ئىدىم، مانا بۈگۈن، ئەستاغپۇرۇللا... بۇ قىزلار ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئەجەبمۇ چالغىتتىغۇ؟ كۆزۈمنى يۇمۇپ، ئۆز — ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم: زېھنىڭنى يىغىپ، روھىڭنى تاپ! زېھنىڭنى يىغىپ، روھىڭنى تاپ...

شۇنچە قىلساممۇ، قۇندۇزنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمدىن پەقەت نېرى كەتمىدى. بۇ نېمە ئىشتۇ؟ قۇندۇز ھەقىقەتەن چىرايلىق قىز ئىدى. ئۇنىڭ قاشلىرى قاپقارا، كىرپىكلىرى تۈكۈلۈپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىچۇ، بۇلدۇقلاپ تۇرغان ئىسسىق بۇلاقنىڭ ئۆزى. بۇ كۆزلەرنىڭ چۆرىسىدە خۇددى ئاينىڭ گەردىشىدەك سۇس قوڭۇر رەڭ داغنىڭ ئىزلىرى بار. ئۇ كۈلسە، بۇ كۆزلەر تېخىمۇ ئىسسىق تۇسكە كىرىدۇ. ئۇنىڭ لەۋلىرى سۆيۈش، سۆيۈلۈش ئۈچۈنلا لايىھىلەنگەندەك شۇنچە جەلپ قىلارلىق. بۇ لەۋنىڭ ئەتراپىدىمۇ

سۇس قوڭغۇر رەڭ داغنىڭ ئىزى بار. ئاھ، خۇدا... ئەمدى بۇ كۆز، بۇ لەۋلەرگە مەپتۇن بولۇپ قېلىشتىن ئۆزۈڭ ساقلىغىن... ئۇ بەكلا كىچىك، ئەمدى يىگىرمە ياشقا كىرىپتۇ، ئۇ ئۆزىنى تۇتىۋالمىسا، مەن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشىم كېرەك. دىلبەر يۇرتتا قالدى، ئۇنى ئۇنتۇپ قالسام بولمايدۇ...

ئىرادە كۆپ ھاللاردا ھاۋايى ــ ھەۋەسلەرنىڭ چىرىتىشىدىن بوشىشىپ كېتىدۇ. ئادەمدە كۆڭۈل دېگەن بۇ تۇترۇقسىز نەرسە بولمىغىنىدا ئىدى، ھېس ــ تۇيغۇسىز ماشىنا ئادەمدەك باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، نۇرغۇن ئىشلارنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولاتتى. مانا ئەمدى قۇندۇزنىڭ سىيماسى كاللامغا چوڭقۇر ئورنىشىۋېلىپ... كىتاب ئوقۇسام دىققىتىم چېچىلىپ، ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن. بۇنىڭغا قانداق قىلغۇلۇق ــ ھە؟ مەن ئەسلىدىنلا ئىرادىسىز بولسام كېرەك. ھەر دائىم بىرەر قىزغا مەپتۇن بولۇپ قالسام، خۇدۇمنى يوقۇتۇپلا قويىمەن. ئالىي مەكتەپتە رۇقىيەگە ئاشىق بولۇپ قېلىش مېنى ئۆز ۋىسالىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان سەۋداغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. خىزمەتكە چىققان ۋاقتىمدا دىلبەرنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش مېنى گۇمانخور، ھەتتا ئۆزىگىمۇ ئىشەنمەيدىغان كىيسەلگە مۇپتىلا قىلغان ئىدى. مانا بۈگۈن ئالىي مەكتەپكە بىلىم ئاشۇرۇشقا چىققىنىمدا، قۇندۇزغا مەپتۇن بولۇپ قالدىم. بۇ مەپتۇنلۇق مېنى يەنە نېمىگە ئايلاندۇرۇپ قويار؟ قۇندۇزدىن ئۆزۈمنى تارتىشىم، ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولماسلىقى كېرەك. مۇشۇ پەيتتە يۇرتقا بېرىپ كەلگىنىم، ئائىلەم بىلەن جەم بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھەببىتى ئارقىلىق، كۆڭلۈمنى تازىلاپ كەلگىنىم تۈزۈكتۇ...

※ ※ ※

دۆلەت بىلىرىمى يېتىپ كەلدى، بىزنى ئۈچ كۈنلۈك دەم ئېلىشقا قويۇپ بەردى. مەن ئانا ــ ئانامنى، ئائىلەمنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن يۇرتقا قاراپ

يولغا چىقتىم.

بىر ئاي ئۆتتۈپ كەتتى. دىلبەر مېنى تازا سېغىنغاندۇ. ئۇ ئۆيدە يالغۇز قېلىپ، قانچىلىك جاپا تارتقاندۇ؟ ئادەم ئۆچۈن ھەممىدىن يالغۇزلۇق يامان. بالىمىز بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولاتتى. بىز توي قىلغىلى تېخى بىر يىل بولمىدى، بۇ دىلبەرنىڭ يۈرىكى تازا چاڭقاپ تۇرىدىغان ۋاقتى. ئۇ مۇشۇنداق جازانى تارتىشقا لايىق. توي قىلىشتىن ئىلگىرى ماڭا قىلغان ھۆرمەتسىزلىكى ئۈچۈن ئۇ بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر جازالارنى تارتىشقا مەجبۇر. مەن ئاز خورلۇق تارتتىممۇ؟ كىم بىلىدۇ، خۇدا قۇندۇز بىلەن ئىككىمىزنىڭ يۈرەك رىشتىمىزنى باغلاپ، دىلبەرنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىدىن ئۆچ ئېلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇدىمۇ تېخى... بەلكىم، دىلبەرگە بەكلا رەھىمسىزلىك، ئادالەتسىزلىك قىلىۋاتقان بولۇشۇم مۇمكىن. بىراق، ئۇ بۇرۇن مېنى ئايىمىغان، كۆڭلى ئازار يەپ قالار دەپ ئازراقمۇ ئويلاپ قويمىغان. بۇرۇنقى ئۇ ئىشلارنى ئويلىماسلىقىم، يۈرىكىمدىن چىقىرىۋېتىشىم كېرەك ئىدى، لېكىن يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قېتىغا ئورناپ كەتكەن ئاشۇ خورلۇقلارنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ كەتكىلى بولسۇن؟ دىلبەر بۈگۈن مېنىڭ كېلىدىغانلىقىمنى بىلمەيدۇ، مېنىڭ بۇرۇنقى ئىشلارنى ئۇنتۇمىغانلىقىمنى، ھازىرغىچە ئازابلىنىپ يۈرگەنلىكىمنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ...

پويىز تاقىلداپ، بىرلا خىل رىتىمدا كېتىۋاتاتتى. نۇرغۇن قېتىم ماڭغان بۇ يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى چۆل — جەزىرىلەرگە قاراۋېرىشتىن زېرىكىپ، كۆزۈمنى يۇمدۇم. ھەي، گۈلشەن، ئۆزۈڭ كۆرۈمسىز بولغىنىڭ بىلەن ئاجايىپ يامان نېمىكەنسەن. سەن قۇندۇزنى ماڭا چاپلاپ، ئەزەلدىن تىنچلىنالمىغان قەلبىمنى يەنىمۇ بەكرەك داۋالغۇتىۋەتتىڭ. مەن قۇندۇزنى ياخشى كۆرۈپ قالمىغاندىمەن — ھە؟ گۈلشەنمۇ قۇندۇزنى ماڭا سەۋەبسىزلا چاپلىمايدۇ، چوقۇم ئۇ قۇندۇزنىڭ كۆڭلىدىكىنى سېزىپ قالغان. ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولغىنىدا...

ئادەم ھاياتىدا نېمە ئۈچۈن بىرلا ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ ئۆتمەيدىغاندۇ؟ بىر قىزنىڭ كەينىدىن يەنە باشقا بىر قىزغا مەپتۇن بولۇپ قالىدىغاندۇ؟ بەلكىم، مەن مۇشۇنداق ئۆزمە كۆڭۈل بولسام كېرەك. ھېچبولمىسا، قۇندۇزدىن پايدىلىنىشىم، دىلبەرنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىدىن ئۈچ ئېلىشىم كېرەك.

دۇنيا نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق! خىياللىرىم نېمىدېگەن دەھشەتلىك! دىلبەر زەھەردىنمۇ ئاچچىق ئۆچمەنلىك قايناپ تۇرغان يۈرىكىمنى چۈشەنمەيدۇ، بىراق ئۇ بۇ يۈرىكىمگە يۈرىكىنى ياقىدۇ. ئۇ بۇنى بىلمىگەچكە، يەنىلا بەختلىك. ئۇ بۇنى ئۆزۈنىچە بىلمىسۇن، مەنمۇ ئۇنى سۆيگەن قىياپەتكە كىرىۋالاي. بىر كۈنلەرگە بارغاندا يۈرىكىمدىكى خورلۇق ئازابى، سوغۇقلۇق، ئۆچمەنلىك ئاستا ــ ئاستا چىرايىمغا تېپىپ چىقىدۇ. ئۇ شۇ چاغدا شۇنچە ئەجىر ــ مېھنەت سىڭدۈرۈپ تۇتقان بۇ ئۆيىدىن دائىما مۇزدەك شامال چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىدۇ.

قىز بالا چوقۇم شەنىگە داغ چۈشۈرمەسلىكى، بىر ئەرگە پاك پېتىچە تېگىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغىنىدا، ئۇ قانداقلا جازاغا ئۇچرىسا ھەقلىق، ئۇنى ئەرمۇ كەچۈرمەيدۇ، خۇدامۇ كەچۈرمەيدۇ...

پويىزدىن چۈشتۇم. پويىز ئىستانسىسىدىن چىققىنىمدا، تونۇش كوچىلار كۆزۈمگە شۇنچە گۈزەل، يېقىملىق كۆرۈندى. تونۇش كوچا، تونۇش بىنالار، تونۇش دەرەخلەر... ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى قايتا يادىمغا سالدى. ئادەم كۆڭۈللۈك كەچۈرمىشلەرنى يادىدا ساقلاپ، كۆڭۈلسىز سەرگۈزەشتىلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتەلىسە قانچە ياخشى بولاتتى ــ ھە؟... خەلق كىنوخانىسى ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چېغىمدا ئىختىيارسىز ئاشۇ ئازابلىق ئاخشامدىكى ئىش يۈرىكىمنى ئېچىشتۇرۇپ ئۆتتى. ھەي، دىلبەر... ئەجەب قىلدىڭ، ئەجەب قىلدىڭ، ئاشۇ قىلغانلىرىڭ يۈرىكىمدە ئۆچمەس داغلارنى قالدۇردى. مەن شۇندىن بۇيان داغۇ ھەسرەتتە ئۆلمىدىم، ئۇندىن

باشقىسى بولدۇم...

ئالدىراپ ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. مەن ماڭغان كوچا... دىلبەر تالاي قېتىم ماڭغان كوچا... ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ بولدى، ئۇ مۇشۇ تاپتا ئۆيدە ئولتۇرامدىغاندۇ ياكى كوچىدا كونا ئاشىقلىرىنىڭ بىرى بىلەن پا-راڭلىشىپ تۇرامدىغاندۇ؟ ئەمدى سەۋر قىلغۇدەك يېرىم قالمىدى. ئاشۇنداق گۇمانلىق ئىشلارنى يەنە كۆرۈپ قالىدىغان بولسام، بولدى، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ خالىغىنىنى قىلسۇن.

ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى. دىلبەر ئۆيدە بار ئىكەن ــ دە. مۇشۇ ئەپتىم، رەڭگىم بىلەن كىرسەم، ئۇ چۆچۈپ كېتەر. خالىمىسامىمۇ زورلاپ كۈلۈشۈم كېرەك. ئۇ ئاسماندىن چۈشكەندەك تۇيۇقسىزلا كىرىپ كەلگىنىمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىغا يىغا يامىشتى ــ يۇ، تېزلا كۈلكىگە ئالماشتى.

ــ قارىڭا سىزنى، كېلىدىغانلىقىڭىزنى خەۋەر قىلىپمۇ قويماپسىز. بۈگۈن كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلسەم، ئالدىڭىزغا چىقاتتىم ئەمەسمۇ؟

ــ ئەمدى كەلسەم، شۇنداق قىلمايمەنمۇ.

ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتۇم، ئۇنى باغرىمغا مەھكەم باستىم...

ــ بوشراق قۇچاقلاڭ.

ــ نېمە بولدى؟

ــ سىزگە دېسەم، چوقۇم خۇشال بولىسىز.

ــ نېمىنى؟

ئۇ قولۇمدىن تارتىپ، مېنى كارىۋات قېشىغا باشلاپ كەلدى. ئۇ كۆز-لىرىمگە ئىسسىققىنە قاراپ قويۇپ، قولۇمنى قورسىقىغا ئېلىپ باردى.

ــ نېمە؟ بويىڭىزدا قاپتىما؟

ئۇ خىجىل بولۇپ، ئاستا يەرگە باقتى. ئۇنى ئەزەلدىن بۇ قەدەر سۆ-يۈملۈك ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. خۇشاللىقىمدا بىر ھازاغىچە نېمە

دېيىشىم، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. ئۆزۈمنى بىردىنلا نەچچە ياش چوڭلاپ قالغاندەك ھېس قىلدىم.

— رەھمەت سىزگە...

— نېمىگە رەھمەت ئېيتىسىز؟

— خۇداغىمۇ رەھمەت...

كۆزلىرىمگە غىللىدە ياش كەلدى. ھاياتتا ئادەمنىڭ خۇشال بولىدىغان، بەخت پەيزىگە چۆمۈلىدىغان ۋاقىتلىرى ھامان بولىدىكەن.

— قوپۇڭ، يۈز - كۆزىڭىزنى يۇيۇڭ. سىزگە تازا ئوخشىتىپ تاماق ئېتىپ بېرەي.

— ئېغىر كۆرمىسىڭىز، شۇنداق قىلىڭە. سىزنىڭ تاماقىڭىزنى ئەجەبمۇ سېغىنىدىم.

— مېنىچۇ، سېغىنىمىدىڭىزمۇ؟

— ئازراق.

— شۇڭا خەتمۇ يازماپسىز - دە؟ — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — چوڭ شەھەرگە بېرىۋالسا، ئادەمنى ئۇنتۇپلا كېتىدىكەن.

— خەت يېزىشنى نەچچە قېتىم ئويلىدىم، لېكىن...

— نېمىشقا يازمىدىڭىز؟

— كىتابلارنىڭ ئىچىگە قايتا كىرىپ كەتتىم شۇ. بىر ئاينىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قاپتىمەن. بولدى، مۇنداق كۆڭۈلسىز گەپلەرنى دېيىشمەيلى. مۇندىن كېيىن پات - پات خەت يېزىپ تۇرىمەن. ئۆزىڭىزچۇ، يالغۇزلۇقتا جاپا تارتتىڭىزمۇ؟

— ھەي... — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ، — بۇنى سورىمايلا قويۇڭ. ئۆزىڭىزچۇ، ئادەمنى يالغۇز تاشلاپ قويغاندىكىن، بار جاپانىڭ ھەممىسىنى تارتتىم.

— ئەمدى يالغۇز قالمايسىز.

— ئوقۇشقا بارمامسىز؟
— بارىمەن. دېمەكچى بولغىنىم... سىزگە ئەمدى بالىمىز ھەمراھ بولىدۇ.
— ئەسكى... — ئۇ كۆلگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — قو-پۇڭ، قولىڭىزنى يۇيۇڭ، چاي دەملەيمەن.
ئۇنىڭ چىرايلىق بويىغا قاراپ قويدۇم. مەن شۇقەدەر گۈزەل پەرىزاتقا بۇ قەدەر ئۆچمەنلىك قىلىپ يۈرگىنىمگە ھەيرانمەن. نېمىشقا؟ توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭمۇ تاللاش ھوقۇقى بار ئىدى. مۇھەببەتلىشىش، ئايرىلىش، يەنە مۇھەببەتلىشىش بولۇپ تۇراتتى. مەن بۇنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى كەچۈرۈۋېتەلمىدىم؟ لېكىن مەن بىلەن توي قىلىشنى پۈتۈشۈپ بولغان تۇرۇقلۇق، يەنە باشقىلارنىڭ يېقىنچىلىقىنى رەت قىلمىغانلىقىنى قانداقمۇ كۆڭۈلدىن چىقىرىۋەتكىلى بولسۇن؟ كىم بىلىدۇ، ئۇ بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى مېنىڭ ئالدىمدا تېخىمۇ ئەتىۋارلىق قىلىپ كۆر-سەتمەكچىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا ماڭا كۆڭلى يوق ئىدى. بۇ ئەسلىدە يېڭىلىشىپ بولۇپ قالغان توي. ھازىر ئۇ ئېغىر ئاياغ بولۇپ قاپتۇ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟
— نېمە بولدىڭىز، نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسىز؟ مىجەزىڭىز يوقمۇ؟
زورىغا كۈلۈمسىرىدىم. ياغلىق بىلەن يۈزۈمنى سۈرتكەن بولۇپ باشقا ياققا قارىۋالدىم.
— ھېچنېمە... ئانام، ئاپىلارنى يوقلاپ تۇرىۋاتامسىز؟
— سىز كېتىپ، ئىككى قېتىم يوقلاپ باردىم، ھەممىسى ساق-سالامەت تۇرىۋاتىدۇ.
— ئەتە چۈشتىن كېيىن بىللە بېرىپ يوقلاپ كېلەيلى.
ئۇ كۆڭۈل قويۇپ ئورۇن راسلىدى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇپ - قوپۇشلىرى شۇنچە نەپىس، شۇنچە چىرايلىق. ئۇنىڭ بىلەك، پۇتلىرى شۇنچە ئاق،

شۇنچىلىك سۆزۈك. ئۇنى زورىغا قوچاقلاپ باغرىمغا باسقىنىمدا، تەسۋىرلىگۈسىز شېرىن سېزىم پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا يامرىدى. نەقەدەر ئەخمەقمەن ـ ھە؟ خۇدا ماڭا بۇقەدەر چىرايلىق قىزنى بويرۇغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئىللىق مېھرمۇھەببىتىدىن، ئىسسىق تېنىدىن ھۇزۇرلىنىشنى خالىماي، ئەكسىچە ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈردۈم. ئاشقا چۈشىن چۈشسە، كۆڭۈل ئاينىيدۇ. شەك چۈشكەن خوتۇننى سۆيۈپ ھۇزۇرلانغاندىن، توغرىسى خورلاپ شادلانغان ياخشى...

ــ كىيىمىڭىزنى سالمامسىز؟

ــ سالدىمغۇ مانا.

ــ مانىمۇ.

ــ بولمايدۇ.

ــ نېمىشقا بولمايدۇ؟

ــ بولمايدۇ شۇ... ــ ئۇ كۆزلىرىمگە قىيا باقتى، ــ ھامىلدارلىقنىڭ دەسلەپكى ئۈچ ئېيى بىلەن ئاخىرقى ئۈچ ئېيىدا... بولمايدۇ.

ــ ئەستا... نېمە دەيدىغانسىز ئەمدى؟

ــ خاپا بولماڭ. بالىمىزنىڭ ساغلام يېتىلىشى، تىنچ ـ ئامان تۇغۇلۇشى ئۈچۈن دىققەت قىلمىساق بولمايدۇ.

ــ نېمىگە خاپا بولاتتىم.

ــ ئاران بىر يەرگە كەلگەندە دەيمىنا. سىزنىڭ بىر ئىشلارغا ئاسانلا خاپا بولۇپ قالىدىغان مىجەزىڭىز بار.

ــ نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ژۇرنالدىن بىر پارچە ماقالە ئوقۇدۇم. ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە، ھامىلدارلىق مەزگىلىدە ئەر بىلەن ئايال ئىككىسى ئىككى ياقتا ئايرىلىپ تۇرغان بولسا، ئايال ئېرىنى سېغىنىپ خىيال سۈرۈپ بەرسە، ئەر ئايالىغا يات ـ يات خەت يېزىپ، ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ تۇرسا، بالا ناھايىتى ئەقىللىق ئۆسۈپ يېتىلەرمىش.

— ھەجەب ياخشى گەپكەنغۇ؟

ئۇنىڭ شېرىن خىياللار ئىلكىدىكى مەستخۇش چېھرىگە لەپپىدە قاراپ قويدۇم. ئۇ كۆزلىرىمگە شوخ، ئويۇنپەز قىزدىن بىراقلا ئېغىر — بېسىق، مېھرىبان ئانىغا ئۆزگىرىپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ پىكىر-خىيالى مېنىڭدىن بالىغا يۆتكەلگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بىلىكىمگە بېشىنى قويۇپ ياتقان چاغدىكى ھالىتى شۇنچە ئۇملاق، شۇنچە ياۋاش. ھەرقانداق شاش ئاتمۇ ئاستا — ئاستا كۆندۈرۈلىدۇ. قىز — قىزنىغا پاتماي قالغان قىزمۇ بىر ئەرنىڭ قولىغا چۈشكەندىن كېيىن بارا — بارا بېسىقىدۇ. دىلبەر، ھەي، دىلبەر... قىز ۋاقتىڭدا ئەجەب قىيىكەتتىڭ دېسە؟ ئەمدى قارا سېنى ...

※ ※ ※

دىلبەرنىڭ بويىدا قېلىشى ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىياتىمدا زور ئۆز-گىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. ئۇ نېمىلا بولمىسۇن، مېنىڭ بالامنىڭ ئانىسى ئىدى. گۇمان بىلەن جاراھەتلەنگەن يۈرىكىمنىڭ پۈتۈنلەي ساقىيىشى ئەسلا مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا كۆيۈنمىسەم بولمايتتى. بالىنىڭ خاسىيىتى شۇكى، ئۇ ئەر — ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچ — ئاداۋەتلەرنى پەسەيتىپ، قايتىدىن مېھىر — مۇھەببەت پەيدا قىلىدىكەن.

كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دىلبەرگە قايتىدىن مېھرىم چۈشىشكە باشلىدى. بالا بىزنىڭ يۈرەك رىشتىمىزنى قايتىدىن چىگىتتى. مەن ئۇنى كۆپ ئويلايدىغان، يالغۇزلۇقتا تارتىۋاتقان جاپالىرىنى خىيال قىلىپ ئىچ ئاغرىتىدىغان، ئۇنى خۇشال قىلىشنىڭ ئاماللىرىنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. ئۆچمەنلىكنىڭ ئورنىنى ھېسداشلىقنىڭ ئىگىلىشى كۆڭلۈمگە بىر ئاز ئارام بەردى. ئايالىمنىڭ ۋۇجۇدىدا يېتىلىۋاتقان بالامنى ھەر بىر خىيال قىلغىنىمدا ئىچىم ئىسسىق بولاتتى.

مۇشۇ كۈنلەردە يۈرىكىمنى تىڭشاپ كۆردۈم. مەن دىلبەرنى ياخشى كۆرىدىكەنمەن. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى ئۆچمەنلىك ئاشۇ مۇھەببەتنىڭ قۇترىتىشىدىن بولغان ئىكەن.

يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن كىتاب، خاتىرىلىرىمنى كۆتۈرۈپ، سىنىپقا قاراپ ماڭدىم. دەم ئېلىش كۈنلىرى سىنىپ ئەڭ تىنچ جاي ئىدى. مەن دىلبەرگە بىر پارچە خەت يېزىش ئۈچۈن قەلەمنى قولۇمغا ئالدىم.

*سۆيۈملۈك ئايالىم دىلبەر:*

*ياخشىمۇسىز، يالغۇزلۇقتا جاپا تارتىۋاتامسىز؟ بۇ قېتىم سىزنى كۆر-گىلى بارغىنىمدا مېنى بەكلا خۇشال قىلىۋەتتىڭىز. سىزگە رەھمەت، سىز مېنى ئاتا بولۇش بەختىگە مۇيەسسەر قىلدىڭىز.*

*يېقىندىن بۇيان سىزنى سېغىنىپ، بىرمۇنچە شېئىرلارنى يازدىم. بۇ شېئىرلار مېنىڭ يۈرەك سۆزۈمنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. ئاشۇ شېئىرلارنىڭ ئۈچ پارچىسىنى سىزگە ئەۋەتتىم:*

كۈتۈش

*مۇقەددەس ھەمراھىم بار بۇ دۇنيادا،*
*ئۇ شۇنچە گۈزەل، پاك، ساددا، ئاق كۆڭۈل.*
*ھەيرانمەن ئىنسانلار مۇھەببىتىگە،*
*شۇنداقمۇ باغلىنىپ كېتەمدۇ كۆڭۈل.*

*مەن بۇندا ياشارمەن، ئۇلىرىقىم ئۇندا،*
*ھەر دائىم قىينىلىدۇ بىزنى بۇ ھىجران.*

ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم پاكلىقى ئۈچۈن،
يۈرىكىم جاراھەت، تىلەپچىلايدۇ قان.

مەن بۇ تاپ مىسالى بىر مەجنۇن سۈپەت،
قاچانمۇ يار بىلەن بىللە ياشارمەن.
ئاھ! شۇ چاغ كەلسىدى، كەلسىدى پاتراق،
ۋىسالنى زار رىقىپ كۆن ـ تۈن كۈتەرمەن.

## رەشك

تىلى تەگمىسۇن لالىلارنىڭ دەپ،
تۇمار قىلىپ ئېسىۋالدىم مەن،
قېتىغا پۈكتۈرۈپ سىنى.
يۇلتۇزلارغا رەشك قىلىپ مەن،
بۇلۇتلىرىمغا
چۈمكۈدۈم سىنى.
يامان كۆزلەر تەگمىسۇن دەپ مەن،
يۈرىكىمگە مۆكتۈردۈم سىنى.

## نەسىھەت

مەن — سەن،
سەن — مەن،
مەن سەندىن بالدۇر كېتەي.
مۇبادا، سەن بۇرۇن كېتىپ قالساڭ،

*سۆڭىكىمدىن جىنازا ياساپ،*
*تېرەمنى يوپۇق قىلىپ يېپاي.*
*«قۇرئان»نى ئەمەس،*
*يۈرىكىمنى قىرائەت قىلاي...*

*ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ، ئوزۇقلىنىشقا دىققەت قىلىڭ، كۆپرەك مۇزىكا ئاڭلاڭ، شەھەرنىڭ مەنزىرىلىك جايلىرىنى كۆپرەك ئايلىنىپ بېرىڭ، ئۇ يەردىن زېرىكسىڭىز، ئاتام — ئاپىلارنىڭ، تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىڭ، يېزىلارنىڭ مەنزىرىسى تەبىئىي، تېخىمۇ گۈزەل. تېلېۋىزورنى ئازراق كۆرۈڭ ياكى ئىمكان بار يىراقراق ئولتۇرۇپ كۆرۈڭ. تېلېۋىزوردىن چىققان ئېلېكتىر ماگنىت رادىئاتسىيىسى بالىنىڭ ساغلام، ئەقىللىق ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زىيانلىق.*

*خوش، كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭ. باشقا گەپلەرنى كېيىنكى خېتىمدە يازىمەن.*

*ھۆرمەت بىلەن:*

*سىزنى سۆيۈپ سۇلتان*

خەتنى يېزىپ بولۇپ، كۆڭلۈم خېلىلا ئارام تېپىپ قالدى. ئاخشام يېزىپ قويغان كۈن تەرتىپ بويىچە بىر پارچە خەنزۇچە ماقالىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشقا كىرىشتىم.

كۈنلىرىم ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتمەكتە، كۈندۈزى بىردەممۇ ئارام ئالىدىغان ۋاقتىم يوق. ئۆكتەبىرمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى. كەچ كۈزنىڭ يېقىنلاپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، كۈنلەر بارغانسېرى قىسقارماقتا. تاڭ ئاتتى دەپ بولغۇچە، كەچ بولۇپ كېتىدۇ. چۈشلۈكى پۇتنى سۇنۇپ ياتىدىغانغا ۋاقىت يوق. كەچلىك مۇزاكىرىدىن كېيىنمۇ ياتاقتا يەنە بىرەر سائەت كىتاب

كۆرمسەم، كۈندىلىك پىلانىم ئورۇنلانمايدۇ.

بەزى ساۋاقداشلىرىمنىڭ قىلىدىغانغا ئىشى يوق، ۋاقتنى ئۆتكۈزەلمەي زېرىكمەكتە. يەنە بەزىلىرى ساۋاقداش قىزلارنى، ئايالLارنى ئەگەشتۈرۈپ، شەھەرنىڭ ئاللىقانداق يەرلىرىدە هاراق ئىچىپ يېرىم كېچىلەردە كىرمەكتە. ئۇلار خۇشال، ئۇلار غەمسىز، ئۇلار بىر يىللىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ هايات پەيزىنى سۈرمەكتە. ئۇلارغا قاراپ چوڭقۇر تىنىپ قويىمەن. كۆزۈڭنى يۇم، كۆرمە، ئۇلارغا قاراپ ئازابلانما دەيمەن ئۆزۈمگە. بۇ كۈنلەردە هەركىم ئۆز نەپسىنىڭ غېمىدە قېپتۇ، ئادەملەردە ئىنساپ، دىيانەت قالماپتۇ. هازىر ئەرلەردە «ئايالىمغا خىيانەت قىلماي» دەيدىغان، ئايالLاردىمۇ «ئېرىمگە خىيانەت قىلماي» دەيدىغان ۋىجدانىي ئاڭ قالماپتۇ. ئەرلەرنىڭ يۈزىنىڭ ئەزەلدىن بىر ئاز قېلىن بولىدىغانلىقىغا ئىقرارمەن. لېكىن ئايالLارنىڭ شەرم ــ هايانى بىر ياققا چۆرۈۋەتكەنلىكىگە قاراپ، توۋا دەيمەن، ياقامنى چىشلەيمەن.

مەن نەگە بارسام، نېمىشقا ماڭا بۇنچە ئارامlıق يوق؟ بۇ جېنىمنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي قالدىم. ئۆز تۇرمۇشۇمدىكى ئازابلار يەتمىگەندەك...

كۈندە ئالتە سائەت دەرس ئوقۇيمىز. تەنەپپۇس ۋاقىتلىرىدا گۈلشەن يەنىلا مېنى شەرەت قىلىپ، قۇندۇزنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلايدۇ. قۇندۇز بىلەن پات ــ پاتلا كۆزىمىز ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ بېقىشلىرى شۇنچە ئوتلۇق، شۇ قەدەر مەنىلىك. ئۆيدە ئېغىرئاياغ جاپا تارتىۋاتقان ئايالىم يادىمغا يەتسە، ئۈيۈلۈپ كىچىكلەپ كېتىمەن. قۇندۇز بۇلارنى ئۇقمايدۇ، بۇ هەقتە ئۇنىڭغا ئېغىز ئېچىشمۇ ئەپسىز. ئوتتۇرىمىزدا ئېنىق مۇناسىۋەت شەكىللەنمىگەچكە، بۇ ئىشنى ئۇنىڭ سەمىگە سېلىشمۇ ئورۇنسىز . هازىر قولۇمدىن كېلىدىغان ئەڭ ياخشى ئامال ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى تارتىش. ئۇنىڭ ئەقىل ــ هوشى جايىدا بولسىلا، بۇنى چوقۇم سېزىدۇ.

هازىر ئوتتۇرىمىزدا بىر بالا بار، مەن ئەمدى دىلبەرگە تېخىمۇ بەكرەك

باغلىنىپ قالدىم. مۇشۇنداق چاغدا قۇندۇزغا چېتىلىپ قالسام، ئۆزۈمنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇتقا ئېتىلگەن بولىمەن. توي قىلمىغان، توي قىلغان بولسامۇ، بىر بالىغا ئاتا بولمىغان بولسامىغۇ، كاشكى. ھازىر مېنىڭ ئايالىم، بالام ئالدىدا باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىم بار. مەن ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ئۇلار بىلەن جەم بولۇشۇم، بەختلىك ئائىلە بەرپا قىلىشىم كېرەك.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن دەرستىن چۈشۈپ، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدىكى يولدا قۇندۇز بىلەن ئىككىمىز پاراڭلىشىپ تۇرۇپ قالدۇق. ئۆز ئىرادەمگە قارشى ھالدا پۈتۈن ئىشتىياقىم بىلەن ئۇنىڭغا مەپتۇن بولدۇم.

— كۆزىڭىز... ئاجايىپ سېھىرلىك ئىكەن، — دېدىم ئۇنىڭدىن كۆ-زۈمنى ئالالماي.

ئۇ قىزىرىپ، كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى. نېمە مەقسەتتە بۇ گەپنى دېگەنلىكىمنىمۇ بىلمىدىم. بىردىنلا ھوشۇمغا كەلگەندەك بولۇپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. ئەتراپىمغا قارىسام، يېنىمىزدىلا ساۋاقداشلىرىمىزدىن بەش-ئالتىسى پاراڭلىشىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار بىزنىڭ گېپىمىزگە قۇلاق سالمىغاندەك قىلاتتى. شۇ گەپ بىلەنلا قۇندۇزنىڭ يېنىدىن كەتكۈم كەلمىدى.

— ياتاققا قايتمامسىز؟

ئۇ كۆزلىرىمگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ، بېشىنى ناز بىلەن لىڭشىتتى-دە، خۇددى كونا دوستلاردەك رازىمەنلىك بىلەن ماڭا يانداشتى.

— سىزنىڭ... يۇرتىۋاتقان يىگىتىڭىز بارمۇ؟

— بار، لېكىن... ئىككىمىز ئارازلىشىپ قالدۇق.

— نېمىشقا؟

— ئۇ مەن بىلەن يۈرىۋېتىپ، يەنە يوشۇرۇن ھالدا باشقا بىر قىز بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈپتۇ.

— باشقا قىز بىلەن؟ نېمە دەيسىز ئەمدى.

— بۇ ئىش ماڭا ناھايىتى ھار كەلدى.
— شۇنىڭ بىلەن ئايرىلىپ كەتتىڭلارمۇ؟
— يوق تېخى.
— نېمىشقا؟
— ئۇ يالۋۇرۇپ تۇرىۋالدى.
— شۇنىڭ بىلەن ئەپۇ قىلىۋەتتىڭىزمۇ؟
— بۇ ئىشنى قانداقمۇ ئەپۇ قىلىۋەتكىلى بولسۇن. چىنىنگە دەز كەتسە، يامىغان بىلەنمۇ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. بۇ ئىشنى بىلمىگەن بولسامغۇ مەيلى، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇ ئايرىلىپ كېتىشكە قوشۇلمىغان بىلەن مېنىڭ كۆڭلۈم ئاللىقاچان سوۋۇپ كەتتى.
— بۇ جاھان نېمە بولۇپ كەتكەن! ھازىر ۋاپاسىزلىق دەستىدىن ھەممە ئادەمنىڭ يۈرىكىدە قان.
— سىزنىڭ بېشىڭىزدىنمۇ مۇشۇنداق ئىش ئۆتكەنمۇ؟
يۈرىكىم ئەلەمدىن ئېچىشتى. قۇندۇزغا قاراپ قويۇپ ئۈندىمىدىم.
— دەپ بەرمىسىڭىز بولۇپتۇ. مەن دەپ بەرگەندىكىن، سىزمۇ ماڭا دەپ بېرىشىڭىز كېرەك ئىدى. سىز يوشۇرسىڭىزمۇ، روھىي ھالىتىڭىزدىن ھەممىنى بىلىپ بولدۇم. سىزنىڭ دەردىڭىز مېنىڭكىدىن كۆپتەك قىلىدۇ.
— راستىنلا سەزگۈر ئىكەنسىز، توغرا بايقاپسىز. دەرد ــ ھەسرەتنىڭ ئاز ــ كۆپ بولۇشى ھەركىمنىڭ سەزگۈسىگە باغلىق بولىدىكەن. سىز ئۆزىڭىزگە قىلىنغان خورلۇق، ھاقارەتلەرنى قانچە كۆپ، قانچە چوڭقۇر ھېس قىلالىسىڭىز، شۇنچە بەك ئازابلىنىدىكەنسىز. شۇڭا جەمئىيەتتىكى نادان ئادەملەر بىزگە قارىغاندا غەمسىز، ئازابسىز ياشايدىكەن.
— ئۇنداق بولسا، كۆپ ئوقۇمىغان، كۆپ نەرسىلەرنى بىلمىگەنمۇ ياخشىكەنغۇ؟
— ئۇنداق دېسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ بىز رېئاللىقتىن ئۆزىمىزنى قاچۇ-

رۇپ نېمە قىلىمىز؟ ئادەم دېگەن ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى ـ ھەسرىتىنىمۇ، بەختى ـ بەختسىزلىكىنىمۇ بىلىپ ياشىشى كېرەك.
ــ بۇ دۇنيادا خۇشاللىقتىن خاپىلىق كۆپ، بەختتىن بەختسىزلىك كۆپ بولىدىكەن.
ــ سىزچە نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولىدۇ؟
ــ بۇ ھەقتە ئويلىنىپ باقماپتىمەن.
ــ ئەگەر يۈرگەن يىگىتىڭىز سىزنى ئويلىغان بولسا، سىزگە خاپىلىق يېتەتتىمۇ؟
ــ ياق.
ــ يىگىتىڭىز ئۆزىنى ئويلىغان، ئۇ ئۆز نەپسى ئۈچۈن سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە خىيانەت قىلغان. دېمەك، مەسىلە ناھايىتى ئاددىي، ھەممە ئادەم ئۆزىنى ئويلايدۇ، ھەممىدە ئۆزىنى يادرو قىلىدۇ. شۇڭا بۇ دۇنيادا خاپىلىق كۆپ، بەختسىزلىك ئاندىن كۆپ. ئادەم ئۆزىدىن باشقىلارنى كۆپرەك ئويلىغان بولسا، بۇ دۇنيا باشقىچە تۈسكە كىرگەن بولاتتى. ئەمما بۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئىنسان تەبىئىتى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ.
ــ ئۇنداقتا، ئىنسان بەختسىزلىكتىن قۇتۇلالمامدۇ؟
ــ مېنىڭچە، قۇتۇلالايدۇ. قۇتۇلۇشمۇ نىسپىي، قۇتۇلالماسلىقمۇ نىسپىي بولىدۇ.
ــ بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى؟
ــ بۇنى ھايات سىزگە ئاستا ـ ئاستا چۈشەندۈرىدۇ.
ــ سىزنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىڭىزنى بىلىۋېلىپ، بالدۇرراق ئالدىنى ئالاي دەيمىنا. سۇ كەلگۈچە تۇغان تۇت دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟
ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن ھەر ئىككىمىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق. قۇندۇز بىلەن مۇڭدىشىپ، كۆڭلۈم خېلىلا ئېچىلىپ قالدى. كىشىلىك ھاياتتا ئادەم ئۈچۈن ھەر يەرگە بارسا، مۇشۇنداق سىرداشلارنىڭ بولغىنى ياخشى. قۇندۇز

بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتكىنىمگە، ئۇنىڭ بىلەن گېپىمىزنىڭ بىر يەردىن چىقىپ تۇرغىنىغا ھەيران بولدۇم. ئۇنىڭ بىلەن بىردەملىككە مۇڭدىشىپ، كۆڭلۈم خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز ئىرادەمگە قارشى ئىش قىلىپ قويغانلىقىمدىن ئۆكۈندۈم. ھەي... ي... مەن دىلبەرنى، ئۇنىڭ ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىم كېرەك ئىدى. بۇ كۆڭلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، قۇندۇز يىگىتنى ئەپۇ قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن يارىشىپ قالىدۇ. بالىمىز سىق ـ سالامەت تۇغۇلسا، ئۇ ئايالىمغا بولغان گۇمان ھەم ئۆچمەنلىكنى يۇيۇپ كېتىدۇ...

ـــ خوش، ئەمىسە، ـــ دېدى ئۇ قىزلار ياتاق بىناسىغا بۇرۇلىدىغان چاغدا.

ـــ خوش...

ئۇ ئۇياققا ماڭدى، مەن بۇ ياققا... ئادەمدە مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى بولمىغىنىدا ـ ھە؟!

※ ※ ※

ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئانا-ئانامنى، ئايالىمنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن يۇرتقا قاراپ يولغا چىقتىم. بىر ھەپتە ئىلگىرى دىلبەرگە يازغان خېتىمدە بۇنى ئەسكەرتىپ قويغان ئىدىم. بۇ قېتىم ئۇ چوقۇم ئالدىمغا چىقىدۇ.

بالىمىز ئوغۇل تۇغۇلارمۇ ياكى قىز تۇغۇلارمۇ؟ بۇ قېتىم بارغىنىمدا دىلبەرنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ باقمىسام. شۇنىڭغا قارىتا كىيىم-كېچەكلەرنى تەييارلاپ تۇرارمىز. بالىمىزغا نېمە دەپ ئىسىم قويساق بولار-كىن؟ بەزىلەر ئوغۇل تۇغۇلسا، ئاتىسىنىڭ ئىسمىغا قېپىيىداش قىلىپ ئىسىم قويۇۋالىدىكەن. بۇنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى باردۇ؟ بالىغا ئىسىم قويۇشتا ئارزۇ -

ئۆمدنى ئاسلس قىلىش كېرەك. ئاڭلىسام، بەزى ئىسىملار بالىغا ئېغىر كېتەرمىش. ئىسمى ئېغىر كەتسە، بالا كېسەل بولۇپ، ياخشى ئايىنمايمىش. بۇ گەپ راستمىكىنتاڭ؟

ئۆگىنىش ۋەزىپەمنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئىنتايىن چارچاپ كەتكەن ئىدىم. مۇشۇ تاپتا ماڭا خىيال سۈرۈشمۇ ئېغىر كېلىۋاتاتتى. دېرىزىدىن سىرتقا قاراشقىمۇ رايىم يوق. پويىز شەرققە قاراپ بىر خىل رىتىمدا تاقىلداپ كېتىۋاتاتتى...

گۈدۈك ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بېشىمنى كۆتۈردۈم. پويىز ئېغىر پۇشۇلداپ، ئاستا - ئاستا توختىدى. يۈك - تاقلىرىمنى كۆتۈرۈپ، پويىزدىن چۈشتۈم. دىلبەر پويىز ئىستانسىسىدا مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇنى كۆرۈپ، ھارغىن تېنىمگە قايتىدىن جان كىردى.

— بەك ساقلاپ كەتتىڭىزمۇ؟

— ياقەي.

— قاچان كەلگەنتىڭىز؟

— يېرىم سائەتتەك بولدى.

— بىكار جاپا تارتىپسىز.

دىلبەر قولۇمدىكى سومكىلاردىن بىرىنى ئالدى. بۈگۈن ئۇ ناھايىتى خۇشخۇي كۆرۈنەتتى.

— يولدا تازا جاپا تارتقانسىز. يۈرۈڭ، ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يەپلا كېتەيلى.

— ئۇزۇقلىنىشقا دىققەت قىلىڭ دېسەم، ئەمدى ئاشخانىلاردىن بېرى كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالغان ئوخشىمامسىز؟ — دېدىم چاقچاق قىلىپ.

— سىز ماڭا خەجلەپ بولالمىغۇدەك پۇل قويۇپ قويغان ئەمەسمۇ؟

بىز پاكىز، ئازادىرەك ئاشخانىدىن بىرەرىنى ئىزدەپ يۈرۈپ كەتتۇق. يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سەپەر تەييارلىقلىرىنى قىلىپ قويۇپ

دەپ كىتابخانىمغا كىردىم. تۇيۇقسىز بىر پارچە كىتابنىڭ قېتىغا قىستۇرۇپ قويۇلغان خەت قولۇمغا چىقىپ قالدى. بۇ دىلبەرنىڭ بىر دوستىدىن كەلگەن ئىدى. ئۆزۈمچە قىزىقىپ ئوقۇپ باققۇم كەلدى.

## سالام خەت

*قەدىرلىك دوستۇم دىلبەر:*

*قانداق ئەھۋالىڭ؟ كۈندىلىك ئويۇن ــ تاماشاڭ جايىدىمۇ؟ خىزمىتىڭ ئۇتۇقلۇقمۇ؟ ئۆي ئىچىدىكىلەر ھەممىسى ياخشى كېتىپ بارغاندۇ؟ مەن سېنى ھەر جەھەتتىن ياخشى تۇرىۋاتىدۇ دەپ ئويلايمەن ھەم شۇنداق بولۇشىغا چىن دىلىمدىن تىلەكداشمەن.*

*قەدىرلىك دوستۇم، مەندىن ئەھۋال سورىساڭ، خۇددى ئۆزۈڭ كۆرگەندەك ياخشى تۇرىۋاتىمەن، تۇرمۇشۇممۇ نورمال تۈگۈللۈك، خىزمىتىممۇ ئانچە ئالدىراش ئەمەس. دوستلار بىر يەرگە يىغىلساق، سېنىڭ گېپىڭنى قىلىپ قويىمىز. قاچانمۇ دىلبەردەك توي قىلىپ، بەختلىك ئائىلە قۇرارمىز دەيكېتىمىز.*

*دىلبەر، ھېلىقى دوستلارنى بىلىسەنغۇ ــ ھە؟ ئۇلارنى تولا كۆرىمەن، ھېلىقى قوشۇملاش سېنى بەك سورايدۇ، مەن سېنىڭ ئەھۋالىڭنى دەپ بېرىمەن. خەت كېلىۋاتامدۇ دەپ سورىغان ئىدى، كېلىۋاتىدۇ دەپ قويدۇم، سىزگىمۇ سالام ئېيتىپتۇ دەپ قويىۋىدىم، ئۇ شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتى.*

*دوستۇم، ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىنى دېسەم، سەن بىلىسەن، مەن مۇشۇ چاغقىچە ھېچكىم بىلەن يۈرۈپ باقمىدىم. كۆڭلۈمگە ياققۇدەك بىرەرسى ئۇچرىمايدىغۇتاڭ؟ خۇدايىم پېشانەمگە پۈتكەن بىرسى باردۇ دەپ يۈرۈپتىمەن. بۇ گەپلەرنى بەك جىق دەپ كەتتىم، توغرا چۈشەنگىن، دوستۇم.*

*بۇ خەتلەرنى سۇلتان پروفېسسورغا كۆرسەتمىگىن، ئۇ شاگخو قىلىپ كەتمىسۇن. دوستۇم، سۇلتان بەك ياخشى، ئەجەب تەلەيلىك جۇمۇ سەن.*

*يازسام، گەپلىرىم بەك كۆپ. كېيىنكى خەتتە دېيىشەيلى. خوش، دوستۇم.*

*ھۆرمەت بىلەن:*

*دوستۇڭ ئايگۈل*

خەتنىڭ يېزىلغان ۋاقتىغا قارىدىم. بۇ بىز توي قىلىپ نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىنلا يېزىلغان خەت ئىدى. ھەي، ئەخمەق خوتۇن، بۇ خەتنى يا يىرتىۋەتمەي، يا كۆيدۈرۈۋەتمەي، نېمىشقا كىتاب قېتىغا قىستۇرۇپ قويغان بولغىيتتىڭ؟ مەن سېنىڭ مەن بىلمەيدىغان بۇ ئىشلىرىڭنى بىلمەيلا ئۆلۈپ كەتسەم بولماسمىدۇ؟

ھەي، دىلبەر! مەن سېنى قانچە قېتىم ئەپۇ قىلدىم؟ ئەمدى بۇ «قوشۇماقاش» دېگىنى كىم؟ سەن توي قىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئىزدەك-سورىقىڭنى قىلىپ تۇرىدىغانلار يەنىلا بار ئىكەن ـ دە؟ مەن ئۆرۈمچىگە ئوقۇشقا كېتىپ، سەن ئۆيدە يالغۇز قالغىنىڭدا، سېنى ئۆيگە ئىزدەپ كېلىدىغانلار يوقتۇ؟ ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات دېسەم، مانا ئەمدى كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان يەنە بىر ئىش چىقتى. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئايالىمغا خىيانەت قىلىپ قويماي دەپ، قۇندۇزدىن ئۆزۈمنى تارتىپ يۈرگەنلىرىمچۇ تېخى. ھەي ئىست...

ئاچرىشىپ كەتكىنىم، بۇ كۆڭۈل ئاغرىقىدىن بىراقلا قۇتۇلغىنىم ئەڭ ياخشى چارىدۇ. بىراق ئۇ ھازىر ئېغىر ئاياغ. ئۇ گۇناھكار بولغان بىلەن، تېخى بۇ دۇنياغا كۆز ئاچمىغان بالا گۇناھسىز. مۇشۇ چاغدا ئاچرىشىشنى تەلەپ قىلىش بەكلا رەھىمسىزلىك بولىدۇ. بۇ خەتنى ئۇنىڭغا كۆرسەتسەم، ئىنىقلا جېدەل چىقىدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى قاتتىق ئازار يەيدۇ. يەنىلا يېپىق قازان يېپىق پېتىچە قالسۇن، مەن بۇ خەتنى ئۆز جايىغا قويۇپ قويىاي.

بۇرۇن ئوقۇشقا ۋاقتىم يەتمىگەن كىتابلاردىن ئون نەچچە پارچىنى

تاللاپ سومكىغا سالدىم. مۇشۇ كىتابلار ماڭا قىشلىق تەتىلگىچە ئوقۇشقا يېتەتتى.

— سۇلتان، ئىشىڭىز تۈگىدىمۇ؟ تاماق تەييار بولدى.

ئۇنىڭ ئەتەي ياساپ سۆزلەۋاتقىنىنى قارا! ئەمدى ھەرقانچە ئۇستاتلىق قىلساڭمۇ، ساڭا ئىشەنمەيمەن.

— ھەي، سۇلتان، تاماق سوۋۇپ قالدۇ، ئىسسىقىدا يېمەمسىز؟

تاماق شىرەسىگە كەلدىم. دىلبەر ماڭا قارىدى — يۇ، ھېچنېمىنى سەزمىدى. ئۇ ئەتكەن تاماققا يىرگىنىپ قاراپ قويدۇم. ئۇ مېنىڭ ئىما-ئىمنىمۇ بۇلغاپ كېتىدىغان بولدى.

— نېمە بولدى، يېمەمسىز؟

ئاشقا چوكا سالدىم... دىلبەر چىرايلىق، بەكلا چىرايلىق، شۇڭا ماڭا ئاراملىق يوق. ئىلگىرى ئۇنىڭغا كىملەر كۆيمىگەن؟ ئۇنىڭ كەينىدىن كىملەر قوغلاشمىغان؟ بۇنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلدىم. ئەمدى بۇلارغا چىدىماي ماڭا نېمە ئامال؟ ھەممىدىن مۇھىمى ئۇنىڭ پاكلىقى. ماۋۇ خوتۇن ھازىرمۇ ئاشۇلارنى ياد ئېتەمدۇ، سېغىنامدۇ تېخى. رۇقىيەمۇ ھازىرغىچە يۈرىكىمدە ساقلاقلىق... بۇ ھايات نېمىشقا مۇشۇنداق؟ ئاھ!... قوي بۇ دۇنيانى...

— سائەت نەچچىنىڭ پويىزىدا ماڭىسىز؟

— تاماق يەپ بولۇپلا ماڭىمەن.

— ئەمدى كەتسىڭىز، قاچان كېلىسىز؟

— يېڭى يىل بايرىمىدا قاراپ باقاي.

— قاراپ باقاي دەيسىزغۇ، رۇخسەت سوراپ بولسىمۇ كېلىڭ.

ئۇنىڭغا قاراپ قويدۇم — يۇ، ئۈندىمىدىم. ئۆزۈمنى چىڭقىلىپ، يېرىلىپ كېتىدىغاندەكلا سېزەتتىم. شۇنداقتىمۇ يولغا چىقىدىغان چاغدا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك چىقىپ قالمىسۇن دەپ، ئۆزۈمنى زورىغا بېسىۋالدىم.

ماڭا بۇ كۆڭۈلسىزلىك تۈگەيمۇ قالارمۇ؟ مۇبادا، ئۇ ئېغىر ئاياغ بولمىغان بولسا... خەپ!

تاماقتىن كېيىن نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ، يولغا چىقىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدىم. دىلبەر ئەتراپىمدا پىپىپتەك بولۇپ ياردەملەشتى.

— ياخشىراق خىيال قىلىڭ، ئۇنتۇلۇپ قالغان نەرسىلىرىڭىز يوقتۇ؟

— ھەممىسىنى ئالدىم، — دېدىم پەرۋاسىزلا، — پەقەت... سىزلا قالدىڭىز.

خوشلىشىش پەيتىدە ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئاشۇ قارا خەتنى كۆرمىگىنىمدە، مەنمۇ كۈلگەن بولاتتىم. كۈلدۈم، لېكىن زورىغا. ئۇ كۈلكەمنىڭ كەينىدىكى ئازابنى كۆرەلمىگەچ، مېنى مەھكەم قۇچاقلىدى...

— بولدى ئۇزاتماڭ، — دېدىم ئۇنى توسۇپ.

— بولدى دېگىنىڭىز نېمىسى، پويىز ئىستانسىسىغىچە بىللە بارىمەن، — دېدى ئۇ قىيالماسلىق نەزىرى بىلەن بېقىپ، — تاماقنىمۇ تۈزۈك يېمىدىڭىز، بازاردىن يولدا يەيدىغانغا بىر نەرسىلەر ئېلىپ بېرەي.

دىلبەرنىڭ كۆيۈمچانلىقىدىن كۆڭلۈم باشقىچە بولدى. مەن ئۇنى خاتا چۈشىنىپ قالغان، خاتا ئەيىبلەۋاتقان بولسام قانچە ياخشى بولاتتى ـ ھە؟

※ ※ ※

چۈشتىن كېيىن دەرستىن چۈشۈپ، مەكتەپ قىرائەتخانىسىغا قاراپ ماڭدىم. يېرىم سائەتلا كېچىكسەم، ئورۇنمۇ قالمايتتى. قىرائەتخانىغا كىرسەم، ئوقۇغۇچىلار تىپتىنچ ئولتۇرۇپ گېزىت ـ ژۇرنال ئوقۇۋېتىپتۇ. پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، بىر بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردۇم. ئۈستەلگە خاتىرىلىرىمنى قويۇپ قويۇپ، ئىككى پارچە ژۇرنال ئېلىپ كەلدىم.

بىراۋنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، بېشىمنى ئاستا كۆتۈردۈم. قارىسام،

قۇندۇز يېنىمدىكى ئورۇنغا ئولتۇرۇشقا تەمشىلىۋېتىپتۇ. مەن بېشىمنى ئىما قىلىپ، خۇشال بولغانلىقىمنى بىلدۇردۇم. قۇندۇز كىتاب، خاتىرىلىرىنى ئۈستەلگە قويۇپ، ژۇرنال ئالغىلى كەتتى. ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن بىر پارچە سۈرەتنىڭ گىرۋىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ بىر پارچە ژۇرنالنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلدى. مەن خاتىرىنى شەرەت قىلدىم.

— كىمنىڭ سۈرىتى؟ — دېدىم پىچىرلاپ، — كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟

ئۇ خاتىرە قېتىدىكى سۈرەتنى ئېلىپ، ماڭا سۇندى. بۇ ئۇنىڭ چوڭلىتىلغان سۈرىتى ئىدى. قۇندۇز فوتوگرافنىڭ تېخنىكىلىق ماھارىتىدە تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەن ئىدى. مەن گەپ قىلماستىن، سۈرەتنى خاتىرەمنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويدۇم.

— نېمە قىلىسىز؟

— كۆرىمەن.

— كۈندە كۆرىۋاتىسىزغۇ مانا؟

— ئالخشىمى... يانىدىغان چاغدا.

ئۇ ھۇپپىدە قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى. ئۇدۇلىمىزدىكى بىر نەچچە ئوقۇغۇچى بىزگە ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىپ كەتتى. ئۇلارغا قاراپ كۈلگۈم كەلدى، بىراق پاتلا كۆڭلۈم غەش بولدى. بىز ئەتراپىمىزدىكىلەرگە دەخلى قىلىپ قويغان ئىدۇق.

— چىقىپ كېتەمدۇق؟ — دېدىم مەن.

ئۇ شاققىدە ئورنىدىن تۇردى. بىز ژۇرناللارنى قايتۇرۇۋېتىپ، سىرتقا قاراپ ماڭدۇق.

— نېمە بولدى، بىردەمدىلا قايتىپ چىقتىڭىزغۇ؟

— سىز يېنىمدا تۇرسىڭىز، كاللامغا ھېچنېمە چۈشمەيدىكەن.

— مەن سىز ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇھىممۇ؟

— ئەلۋەتتە.
— كىتابىتىنىمۇ مۇھىممۇ؟
— مۇھىم، ھەممىدىن مۇھىم.
— يالغان.
— ئىشەنمەمسىز؟
— ئىشەنمەيمەن. سىزنى كىتابتىن باشقا نەرسىلەرگە قىزىقمايدىكەن دەيمەن. قاچانلا قارىسام، قولىڭىزدىن كىتاب چۈشمەيدۇ.
— ماڭا دىققەت قىلىدىكەنسىز ـ دە؟
— بۇنى ھازىرغىچە سەزمىدىڭىزمۇ؟
— سەزدىم، بىراق...
مەن يەنە نېمە دېيەلەيتتىم؟ ئايالىم بارلىقىنى، ئۇنىڭ ھازىر ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىنى دېيەلەيتتىممۇ؟ قۇندۇز مېنىڭ توي قىلىپ بولغانلىقىمنى بىلىدۇ. ئۇ بۇنى بىلىپ تۇرۇپ، ماڭا يېقىنچىلىق قىلماقتا. بەلكىم، ئۇ ئاشۇ ۋاپاسىز يىگىتىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈنلا مۇشۇنداق قىلىۋاتىدىغاندۇ. دىلبەرمۇ مېنىڭ مۇھەببىتىمگە ھۆرمەت قىلمىدى، مەن بىلەن توي قىلىشنى پۈتۈ-شۈپ قويۇپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا باشقىلاردىن ئۆزىنى تارتمىدى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە زەررىچە ئازار يېتىپ قالمىسۇن دەپ ئويلىسام، ئۇ مېنى ئاياشنى بىلمىدى. قوشۇماقاش... ئۇنى ھازىرغىچە ئاشۇ كونا ئاشىقلىرى ياد ئېتىپ، سېغىنىپ يۈرۈپتۇ. ئەمدى قوي بۇنداق ساداقەتنى...
— كىتابلىرىڭىزنى ئۆزىڭىزلا ئوقۇماي، بىزگىمۇ بېرىپ تۇرسىڭىز بولماسمۇ؟
— بولىدۇ، ئوقۇشنى خالىسىڭىزلا بېرىپ تۇراي.
— قاچان بېرىسىز؟
— ھازىرلا. ياتاقتا بىللە كىرەمسىز؟
— بولدى، ياتىقىڭىزغا كىرمەي، باشقىلار كۆرسە، گەپ تېپىپ يۈر-

مىسسوُن يەنە.

ــ قانداق كىتاب ئوقۇيسىز؟

ــ ئۇيغۇر يازغۇچىلارنىڭ رومانلىرىنى ئوقاي.

ــ ئۇنداق بولسا، بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ ــ ھە.

مەن يانتاق بىناسى تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوتلۇق، لەۋلىرى بەكمۇ ئوماق. بۇ لەۋلەرگە سۆيۈش ماڭا نېسىپ بولغىنىدا... ئۇنىڭ يىگىتىنىڭ ئىسمى نېمە بولغىيتتى؟ ئۆتكەندە ئەجەب سورىۋالماپتىمەن. ئۇ بۇ ئىشلارنى بىلمەيدۇ، ملنا بۇ ئۇنىڭ ۋاپاسىزلىقى ئۇچۇن بېرىلگەن جازا. مەن قۇندۇزنىڭ ئۈچ ئېلىشتىكى ۋاسىتىسى بولۇپ قالارمەنمۇ؟ مۇبادا، ئۇ مېنى ياخشى كۆرمىسە، مەيلى. بولۇپتۇ ئەمەسمۇ؟ دۇنيادا مۇھەببەتتىن باشقا كۆڭۈل خۇشى دەيدىغان نەرسىمۇ بار. مەن رۇقىيەنى ياخشى كۆرۈپ نېمىگە ئېرىشتىم؟ يەنە دىلبەرنى ياخشى كۆرۈپ نېمىگە ئېرىشتىم؟ ئازابقا، پەقەت ھەسرەتكە...

كىتابنى ئېلىپ چىقسام، قۇندۇز جايىدا تۇرۇپتۇ. ئۇ كىتابنى مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىن ئارىيەت ئالسىمۇ بولاتتى. بىراق ئۇ كىتاب ئارىيەت ئېلىش باھانىسى ئارقىلىق، ماڭا يېقىنلاشماقچىدۇ.

ــ سىزنى ساقلىتىپ قويدۇم ــ ھە؟

ــ ھېچقىسى يوق... قارىسام، بەك ئالدىراشكەنسىز، يۇيىدىغان كىيىملىرىڭىز بارمۇ؟

ــ بولدى، سىزنى ئاۋارە قىلماي، ئۆزۈممۇ كىر يۇيىدىغانغا ئۇستا بولۇپ كەتتىم.

ــ ئالىمنىڭ خىزمىتىنى قىلىش مەن ئۈچۈن شەرەپ، ــ دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، ــ سىزگە ئىلمىي جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىش قولۇمدىن كەلمىسىمۇ، كىر ــ قاتلىرىڭىزنى يۇيۇپ بېرىش قولۇمدىن كېلىدۇ.

ــ ئادەمنى مەسخىرە قىلمىگە، نېمانداق كەمتەر بولۇپ كەتتىڭىز؟

— راست دەيمەن. سىزنىڭ باش چۆكۈرۈپ ئىزدىنىش روھىڭىز مېنى تەسىرلەندۈردى. سىز ۋاقىتنى ئىنتايىن قەدىرلەيدىكەنسىز، ھەرقانداق جاپاغا چىدايدىكەنسىز، يۈكسەك غايىلەر سىزگە مەدەت بېرىپ تۇرىدىكەن. روھىڭىزدىن ئۆگىنىپ، ئۆزۈمنى ئۆزگەرتەي دەيمەن.

— مېنىڭ تېخى قولغا كەلتۈرگەن تۈزۈك نەتىجەم يوق.

— سىز تېخى ياش. مۇشۇنداقلا تىرىشسىڭىز، كېيىن چوقۇم زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيسىز.

— دېگىنىڭىز كەلسۇن.

— خوش، ئەمىسە...

— خوش...

ئۇ ئۇيالقىنا قاراپ ماڭدى، مەن بۇ ياققا.

مەن قۇندۇزنىڭ كۆڭلىنى خاتا چۈشىنىپ قالغان بولسام — ھە؟ ئۇ سىنىپىمىزدىكى بىر قىسىم قىز — ئاياللاردەك يەڭگىلتەك، ئويۇنپەز بولماي، ئېسىل ئەخلاق — پەزىلەتكە ئىگە قىز بولغىنىدا، مېنىڭ بارغانسېرى رەزىللىشىپ كېتىۋاتقان روھىمنى ئۆزگەرتىشىمگە ياردىمى تېگەتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئىلمىي مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىرلىشىپ تۇرىدىغان سىرداش دوستلاردىن بولۇشنى بەكمۇ خالايتتىم. قىزلار بىلەن پىكىرلىشىش ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرىدۇ.

※ ※ ※

29-دېكابىر مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم. ساۋاقداشلىرىمنىڭ سالاسى بىلەن كەچتە ياتاقتا سورۇن تۈزدۈم. ئولتۇرۇشقا كۆڭلۈم يېقىن ساۋاقداشلىرىمنى

تەكلىپ قىلدىم، بۇلارنىڭ ئارىسىدا قۇندۇز بىلەن گۈلشەنمۇ بار ئىدى.

گۈلشەن ماڭا قەغەز تاجنى كىيدۈرۈپ قويدى. پەرھات تورتنىڭ ياپقۇ-چىنى ئاچتى. تورتقا شاملار سانجىلدى. چىراغ ئۆچۈرۈلۈپ، شاملارغا ئوت يېقىلدى. پىلىلداپ تۇرغان شاملاردىن ئەتراپقا نۇرلار چېچىلدى. دوستلىرىم تەڭلا «تۇغۇلغان كۈن ناخشىسى»نى باشلىدى.

— تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك،

تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك،

تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك،

تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك...

ناخشا تۈگىشى بىلەن دوستلار تەڭلا چاۋاك چېلىشتى.

— قېنى، نېمە تىلىكىڭ بار؟ — دېدى پەرھات دۈمبەمگە شاپىلاقلاپ تۇرۇپ، — بۈگۈن نېمە تىلىسەڭ، شۇ ئىجابەت بولىدۇ.

دوستلىرىمنىڭ كۆزى مەندە، مېنىڭ كۆزۈم شامدا. يىگىرمە ئالتە تال شام — يىگىرمە ئالتە يېشىمنىڭ سىمۋولى. يىگىرمە ئالتە تال شامنىڭ ئۆ-چۈرۈلۈشى يىگىرمە ئالتە يىللىق ھاياتىمنىڭ تۈگىگەنلىكىنىڭ ئالامىتى. ياشلىقىم ئۆتۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرىدۇ، بىراق ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىمدىن ھاسىلات نېمە؟ ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار. ياشلىق ئۆگىنىدىغان مەزگىل. ھازىر مېنىڭ قىرانلىق مەزگىلىم يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئەمدى مېنىڭ ھوسۇل بېرىدىغان ۋاقتىم يېتىپ كېلىدۇ. مەن قېرىغان چېغىمدىمۇ بەش ۋاق ناماز ئۆتەپ، جەننەتنى تىلەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئەل — يۇرت ئۈ-چۈن ئىشلەيمەن، تاكى تىنىقىم توختىغۇچە... كۆزۈمنى ئاچتىم. سا-ۋاقداشلىرىمنىڭ كۆزى مەندە، قۇندۇزنىڭ كۆزى مەندە...

— سۇلتان، شاملارنى ئۆچۈرگىن.

— بىرلا پۈۋلەپ، ھەممىسىنى ئۆچۈرمىسەڭ بولمايدۇ جۇمۇ.

ئاستا ئېگىشتىم، كۆزۈم قىيمىغان ھالدا كۈچەپ پۈۋلىدىم.

— ھەممىسى ئۆچمىدى!

كۆزۈمنى ئاچتىم. قارىسام، بەش تال شام ئۆچمەپتۇ.

— ماغدۇرۇڭ يوقكەن!

— ئاغىنىلەر! ۋوي، ئاغىنىلەر! بەش تال شامنىڭ ئۆچمىگەنلىكىگە قارىغاندا، ئاغىنىمىز سۇلتان بەش يىللىق ھاياتنى ئويۇن - تاماشا بىلەن بىكار ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئوخشايدۇ. قېنى، ئۆزۈڭ دېگىنە، راستمۇ؟

— بۇ بەش يىل چوقۇم ئالىي مەكتەپتىكى بەش يىل.

— ئېيتە، سۇلتان، قەشقەردە كىمگە ئاشىق بولۇپ قالغانتىڭ؟

— قارا، ماۋۇ بەش تال شام يەنىلا يېنىپ تۇرىدۇ. يۈرىكىڭمۇ ھازىرغىچە كۆيۈپ تۇرىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟

— ئۇ قىزنىڭ ئىسمى نېمە؟ بۈگۈن دەپ بەرمىسەڭ، زادى بولمايدۇ.

ساۋاقداشلار قىقاس - چۇقان سېلىشتى.

— چاقچاق قىلماڭلار، نەدە ئۇنداق ئىش بولسۇن...

— ئۇنداق بولسا، قالغان شاملارنىمۇ ئۆچۈرىۋەتمەمسەن؟

— كۆزى قىيمايۋاتىدۇ.

كۆزۈمنى يۇمدۇم. راستىنلا كۆزۈم قىيماي، بىرلا پۈۋلەپ، ئۆچمەي قالغان بەش تال شامنىمۇ ئۆچۈرىۋەتتىم. ساۋاقداشلار چاۋاك چېلىپ، چۇقان سېلىشتى... چىراغ ياندۇرۇلدى.

پەرھات ماڭا ئىككى پارچە كىتابنى سۇندى:

— بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، ئاداش.

— مانا ماۋۇ خاتىرە مېنىڭ كۆڭلۈم.

— سۇلتان ۋاقتنى بەك قەدىرلەيدۇ، — دېدى قۇندۇز خىجىل بولغان ھالدا،— ئاددىي بولسىمۇ... ماۋۇ سائەتنى...

— سۇلتاننىڭ قولىغا ئۆزۈڭ سېلىپ قويمامسەن؟ — دېدى گۈلشەن يەنە ھەيبارلىق قىلىپ.

قۇندۇز ھوپپىدە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ نازۇكەرەشمە بىلەن گۈلشەنگە ئالىيىپ قاراپ قويدى. ئورنۇمدىن تۇردۇم، قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇپ:

— رەھمەت... دوستلارغا رەھمەت... — دېدىم.

پىچاقنى ئېلىپ، تورتنى كېسىشكە تەمشەلدىم. شۇ ئەسنادا بىرەيلەن تورت ئۈستىدىكى قايماقنى ئېلىپ، يۈز — كۆزۈمگە سۈرتۈۋەتتى. كۈلكىلىك ئەپتىمگە قاراپ، ساۋاقداشلارنىڭ كۈلكە ئاۋازى يانتاقنى بىر ئالدى. مەن تورتنى كېسىپ، ساۋاقداشلىرىمغا بىر پارچىدىن تۇتتۇم.

ئۇنئالغۇ قويۇلدى، تانسا باشلاندى. مەن ئەڭ ئالدى بىلەن قۇندۇزنى تانسىغا تەكلىپ قىلدىم. ئۇ رازىمەنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

— ئادەمنىڭ ھامان خۇشال بولىدىغان چاغلىرى بولىدىكەن، مەن بۈگۈن بەكمۇ خۇشال.

— بۇ دوستلۇقنىڭ خاسىيىتى، كۆڭۈل كۆكۈلدىن سۇ ئىچىدۇ ئەمەسمۇ.

— راست دەيسىز. تەنھالىق ئىنتايىن يامان ئىكەن.

— تەنھالىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان ئادەم دوستلۇقنىڭ قەدرىگە ھەممىدىن بەك يېتىدۇ.

— ئادەم كىتاب ئوقۇشقا بەك بېرىلىپ كەتسە، خىيالپەرەست بولۇپ كېتىدىكەن. خىيالپەرەست ئادەم دوستلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدىكەن.

— بۇمۇ ئۆزىڭىز سۆيگەن كەسىپكە تۆلەنگەن بەدەل.

— شۇنداق، بۇرۇن مېنىڭ نۇرغۇن دوستلىرىم بار ئىدى. ئۇلارنى ئىزدەيدىغانغا ۋاقتىممۇ چىقماي، مانا ئەمدى كۆپىنچىسىدىن يىراقلىشىپ كەتتىم. ئۇلارنىڭمۇ ئىشى كۆپىيىپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئۇلاردىن قىلچە رەنجىمەيمەن، ئۇلارنىڭ ئىشى مېنىڭكىدىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن.

— كۆڭلىڭىزنى ھەرگىز يېرىم قىلماڭ. سىزلا قىزغىن، دوستانە بولسىڭىز، يەنە نۇرغۇن سىرداش دوستلارنى تاپالايسىز.

— نېمە ئۈچۈنلىكىنى زادى بىلمىدىم، خۇددى كونا دوستلاردەك ئىككىمىزنىڭ گېپى ھەر دائىم بىر يەردىن چىقىدۇ.

ئۇ كۆزلىرىمگە لەپپىدە قاراپ قويدى – يۇ، ئۈندىمىدى. مۇزىكا ئاخىرلىشىپ قالدى. ئىسىت، ئۇ گېپىمگە نېمە دەپ ئىنكاس قايتۇرار بولغىيتتى – ھە؟ ئۇ كەينىمدىن كېلىپ، يېنىمدا ئولتۇردى.

يېڭى مۇزىكا باشلاندى. ساۋاقداشلار ئالدىراپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. مۇزىكا مېنىڭ بەختىمنى كۈيلەپ ياڭرىماقتا. ساۋاقداشلار زوق – شوق بىلەن تانسا ئوينىماقتا.

قۇندۇز ئىككى تال نەشپۈت ئېلىپ، بىر تېلىنى ماڭا سۇندى. ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىگە ئىسسىق مېھرىم بىلەن قاراپ قويدۇم...

سىرتتا لەپىلدەپ قار ياغماقتا. بىراق يانىقىنىڭ ئىچى خۇددى باھار پەسلىدىكىدەك ئىللىق. سىرتتا ھۇشقۇتۇپ شۇۋىرغان چىقماقتا، لېكىن يانىقتا دوستلار ھاياجاندىن تەرلىمەكتە...

شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز توك توختاپ قالدى. ھەممەيلەن بۇنىڭدىن خۇشال بولۇشۇپ چۇرقىرىشىپ كەتتى. مەكتەپتىكى بارلىق چىراغلار ئۆچكەن ئىدى. لېكىن شەھەرنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدىكى چىراغلار يېنىق بولۇپ، ئۇرۇمچى ئاسمىنىدا قويۇق تۇمان پۇرقىراپ ئۇچۇپ تۇراتتى.

— بىردەم ساقلايلى.

— ھەي، نۇرمۇھەممەت، تەمبۇرىڭنى قولۇڭغا ئالمامسەن، نەرىڭ غۇلجىلىق سېنىڭ؟

— مۇقام ئېيتىپ بەرگىنە، بەك مۇڭلۇق ئېيتىسەن، ئاداش.

— بوپتۇ، ئېيتىپ بەرسەم ئېيتىپ بېرەي. قاراڭغۇدا پەدە چاقسا، زاڭلىق قىلمايسىلەر – ھە؟

— ھەي، سۇلتان، تورتنىڭ شاملىرى قېنى؟ ياندۇرمامسەن؟

— ھېلى تورتقا قوشۇپ يەۋەتمىگىلارغۇ؟

— سەنزە شلمنى يلندۇرماي، قاراڭغۇدا قۇندۇزنى سۆيىۋالاي دەۋا-تىسەن — ھە؟

ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. شلملارنى تىپىپ ئوت ياقتىم. نۇرمۇھەممەت قولىغا تەمبۇرنى ئالدى. ئۇ ئاجايىپ مۇڭلۇق ھالەتتە:

— دوستلارنىڭ ھۆرمىتىگە «نەۋا» مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئېيتىپ بېرەي، — دېدى.

ياتاقنىڭ ئىچىنى بىردىنلا جىمجىتلىق قاپلىدى. تەمبۇر تارىسىغا زەخمەك ئورۇلىشى بىلەن تەڭ يۈرەكلەرمۇ تىترەشكە باشلىدى.

— بەلا دەشتى ئارا مەجنۇن مەنىڭدەك كۆرمەمىش دەۋران،
قۇيۇندەك ھەر زەمان بىر كۆرمىگەن ۋادىدا سەرگەردان.

نى ئەندۇھۇ مەلالىمغا بەلىيىەت دەشتىدەك غايەت،
نە سەۋدايۇ جۇنۇنۇمغا مەلامەت بەھرىدەك پايان.

تۇنۇم دەيجۇر، ئۆزۈم رەنجۇر، ئىچىم غەمناكۇ، باغرىم چاك،
تىلىم لالۇ، تەنىم بىيهال، ئىشىم ئەفغان، سىرىشكىم قان.

زەئىفۇ دەردۇ غەم پىشە، نەھىفۇ مىھنەت ئەندىشە،
زەلىلۇ بىسەرۇ سامان، قەتىلى خەنجەرى ھىجران.

فىغانىمدىن فەلەك غەمكىن، سىرىشكىمدىن جەھان رەنگىن،
نە دەردىم ئۇتىغا تەسكىن، نە ھەجرىم دەردىغە دەرمان.

باشىم غەم تاشىدىن يارە، تەنىم ھەجر ئوقىدىن يارە،
كۆڭۈل بۇ ياراغە چارە تاپارغا تاپمايىن ئىمكان.

كۆزۈم نەملىق، بويۇم خەملىق، ئىچىم ئەندۇھى ماتەملىق،
نە ھەمدەملىق، نە مەھرەملىق تاپىپ بۇ مىھنەتى پىنھان.

ھەم ئەھۋالى تەباھىمدىن، ھەم ئاھى سۇبھگاھىمدىن،
ھەم ئوتلۇغ دۇدى ئاھىمدىن قارارىپ كۇلبەئى ئەھزان.

مۇقامنىڭ سېھرىدىن دوستلارنىڭ باغرى ئېزىلگەن ئىدى، ئۇلارنىڭ ھېلىراقتىكى شوخلۇقلىرىدىن قىلچە ئەسەرمۇ قالمىغان، ھەممىسى خىياللارغا كېتىپ قالغان. بۇ دۇنيادا دەردى ـ ھەسرىتى يوق كىم بار؟

نەۋائى بولسا مىھنەت كۆپ، ئىچە كۆر جامى ئىشرەت كۆپ،
نىچە بولسا سەئۇبەت كۆپ بولۇر ۋەھدەت مەيى ئاسان.

ـــ رەھمەت!
ـــ باركاللا، ياشاپ كەت!
ـــ قولۇڭغا دەرد كەلمىگەي!
ـــ ئاغىنىلەر، ـــ دېدىم ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ـــ بۈگۈن مېنى بەك خۇشال قىلىۋەتتىڭلار. نۇرمۇھەممەت ئاداش، سەن ئېغىر كۆرمەي، يەنە بىر نەچچە ناخشا ئېيتىپ بەرسەڭ، مەن غاچچىدە تالاغا چىقىپ كىرسەم.
ـــ نېمە بولدۇڭ؟ مۇقام سېنى بەك ئېزىۋەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ سىرتقا چىقىپ، تازا بىر يىغلىۋېلىپ كىرەي دەمسەن ـ يا؟

— يلق، سۇلتاننىڭ پەيلى يامان تۇرىدۇ. قارىغاندا هاراق ئەكىرىدۇ.
— ئىچەمسىلەر؟ — دېدىم مەنمۇ قىزىپ.
— ئىچىمىز!
— تەكشۈرۈپ كىرىپ قالسا مەيلىمۇ؟
— مەيلى!
— بولۇپتۇ ئەمىسە، قېنى، نۇرمۇھەممەت، چالە تەمبۇرىڭنى!
پەرھات كەينىمدىن كارىدورغا چىقتى.
— باتارىيە ئەكىرىشنى ئۇنتۇما، — دېدى ئۇ.
— ماقۇل.
— هاراقنى ئەكىرمە، ئۆزىمىزگە ئىش تېپىۋالمايلى بىكار.
— ئەمدى ئەكىرەي، ساۋاقداشلارنىڭ ئالدىدا ئېغىزلىنىپ قويدۇم.
تەمبۇرنىڭ يېقىملىق ئاۋازى يەنە ياڭرىدى. ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، ياناقنىڭ ئىشىكىدىن ئارانلا نېرىغا بېرىۋالدىم. يەنە ناخشا ئاڭلىسام، كۆز يېشىم قو-يۇلۇپ كەتمىسۇن دەپ، پەلەمپەيدىن ئىتتىك چۈشۈپ كەتتىم.
ئاه!... پىر بۇزرۇكىمىز نەۋائى، بۇ دۇنيادا هېچكىم سېنىڭدەك دەرد-هەسرەت چەككەن ئەمەس، بۇ دۇنيادا هېچبىر شائىر دەرد - هەسرەتنى سەندەك چوڭقۇر ئىپادىلەپ بەرگەن ئەمەس...
قار لەپىلدەپ ياغماقتا، ئازاب ئوتى يۈرىكىمنى كۆيدۈرمەكتە...
قايدىسەن، ئەي، رۇقىيە!... شۇنچە يىللار ئۆتۈپتۇ، لېكىن سېنى هازىرغىچە ئۇنتۇيالمىدىم. دىلبەرنى ياخشى كۆردۈم دېگىنىم يالغان ئىكەن، قۇندۇزغا مەپتۇن بولۇپ يۈرگىنىم ساختىلىق ئىكەن، پەقەت سېنىلا ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپتىكەنمەن. سېنىڭ ۋىسالىڭغا يېتەلمىدىم، مېنىڭ ئۆمۈرلۈك هەسرىتىمنىڭ سەۋەبى مۇشۇ...
ئەي، دىلبەر! سېنىڭ يەڭگىلتەكلىكىڭدىن ئاغرىنىپ يۈرگەن ئىدىم. ئەسلى گۇناهكار مەن ئىكەنمەن. مەن رۇقىيەنىڭ كۆيۈك يارىسىنى سا-

قايتالامدىكىن دەپ، سەن بىلەن توي قىلغان ئىدىم. مېنىڭ يۈرىكىم شۇنداق، شۇڭا سېنىڭ يۈرىكىڭنىڭمۇ شۇنداق بولۇپ قېلىشىدىن گۇمان قىلىپ يۈردۈم. ئوغرى گۇمانخور دېگەن مانا شۇ. مانا ئەمدى سەن ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالدىڭ. بىز بىر ــ بىرىمىزنى خالايلى ــ خالىمايلى، توغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بالىمىز بىزنى بىر ــ بىرىمىزگە مەھكەم باغلىۋەتتى. سەن هازىر نېمە كۆڭلەرنى كۆرۈۋاتىدىغانسەن؟

قۇندۇز... ئەي، قۇندۇز! سەن مېنىڭدىن ئۆزۈڭنى تارت. مەن بىر بەختسىز دەردمەن، تەتۈر قىسمىتىم ئۆزۈم بىلەنلا كەتكەي. سەن يىگىتىڭ بىلەن يارىشىپ قال، مەن ئۇچۇن ئۆزۈڭنى ئۇپراتمىغىن. ئۆزۈمنىڭ دەرد ــ ھەسرەتلىرىمۇ يېتەرلىك. مەن ئاللىقاچان توي قىلىپ بولغان ئادەم. سېنى دەپ ئايالىمدىن ئاجراشسام، ئۇنىڭغا ئۇۋال بولىدۇ. سېنى ئويۇنچۇق قىلىشقا تېخى قولۇم بارمايدۇ. ئېيتقىنا، سەن ماڭا يېقىنلىشىشتا كۆڭۈل خۇشىنى ئويلىمىغانسەن. ئەي، قۇندۇز! بۇنداق قىلىش ئۆزۈڭگە قىلىنغان ھاقارەت. سەن يىگىتىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۇچۇنلا ماڭا يېقىنلىشىۋاتقان بولساڭ، بۇ ماڭا كۆتۈرۈپ قويغۇسىز ئاھانەت...

قار لەپىلدەپ ياغماقتا، ھەسرەت ئوتى يۈرىكىمنى كۆيدۈرمەكتە...

ياتاق بىناسىغا قايتىپ كىرگەن چېغىمدە ئۇستۇنكى قەۋەتتىن تەمبۇرنىڭ ئادەمنىڭ يۈرەك تارىسىنى تىترىتىدىغان يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى. نۇرمۇھەممەت ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىۋاتاتتى، دوستلار ئۇسسۇل ئوينىشىۋاتاتتى. مەن ئۇلارنىڭ كەيپىنى بۇزۇپ قويماي دەپ، ئىشىك ئالدىدا بىردەم ساقلاپ تۇردۇم.

ــ تالى دەيدۇ، تالى دەيدۇ،  
جىگدەنىڭ تالى.  
ئېيتسام، ئېيتسام تۈگىمەيدۇ،

يارىمنىڭ هالى.

ئىرغاي بىلەن ئېلىپ بولماس،
سايىنىڭ تاشىنى.
دەرد كەلگەندە سىڭىرىپ بولماس،
كۆزنىڭ ياشىنى.

باردى دەيدۇ، ياندى دەيدۇ،
مەيلىم ئۆزۈمنىڭ،
سەكسان قامچە ئۇرغان بىلەن،
يارىم ئۆزۈمنىڭ.

سېنى دېدىم، سېنى دېدىم،
كەچتىم بۇ جاندىن.
يۈرەك ــ باغرىم پارە ــ پارە،
كۆز ياشىم ئاندىن.

ناخشا ئاخىرلىشىپ ساۋاقداشلار چاۋاك چېلىشتى. ئىشىكنى ئېچىپ كىرىشىمگە ھەممەيلەن چۇرقىرىشىپ كەتتى.

ئىككى تال قىزىل شامغا ئوت يېقىلدى. ئۇنىئالغۇغا باتارىيە سېلىندى.

ئىككى بوتۇلكا هاراقنى پەرھاتنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدۇم.

ــ بوپتۇ، ــ دېدى ئۇ بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ــ ساقلىق قىلىسام قىلاي، لېكىن ھەممىڭلار ئىچىسىلەر ــ ھە؟

ــ بىزمۇ ئىچىمىزمۇ؟ ــ دېدى گۈلشەن ھەييارلىق قىلىپ، ــ ياق،

بىز ئىچمەيمىز.

— ھېچ بولمىسا، بىرەر رومكىدىن ئىچمىسەڭلار بولمايدۇ.

— سىلەر قىزلارغا ھاراق زورلايدىكەنسىلەر. ئىچسە، كەينىدىن بىر نەرسە دەيدىكەنسىلەر.

— ئۇنداق بولسا بىز ئىچتۇق. ماۋۇ تۇنجى رومكىنى ساھىبخان بىلەن ئىككىمىز ئىچىمىز. سۇلتان، تۇتە بۇ رومكىنى، مېھمانلارغا دەيدىغان قانداق يۈرەك سۆزۈڭ بار؟

— مەن بۈگۈن ناھايىتى خۇشال، — دېدىم ھەممەيلەنگە بىر قۇر قاراپ، — بۇ خۇشاللىقنى ماڭا سىلەر بەردىڭلار. دوستۇم نۇرمۇھەممەتكە رەھمەت، ئۇ بىزنى ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىسىدىن ھۇزۇرلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ كەلگۈسىدە داڭلىق تەمبۇرچى، مۇقامچى بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. باشقا دوستلارنىڭمۇ توختىماستىن تىرىشىپ، ئۆز كەسپىدە مۇۋەپپىيەت قازىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھاراق ناھايىتى ئاچچىق، بىراق دوستلۇق ئۈچۈن ئىچسە، شەربەتتەك تاتلىق. خوشە، دوستلار!

— خوشە، ھەممە گەپ مۇشۇنىڭ ئىچىدە.

رومكىلار نەچچە رەت ئايلاندى. ھەممەيلەننىڭ كەيپىياتى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى. سىرتتا لەپىلدەپ قار ياغماقتا، يۈرەكلەردە ياشلىق ئوتى لاۋۇلداپ يانماقتا. ئۇنىئالغۇ قويۇلدى، ساۋاقداشلار جۈپ ـ جۈپ بولۇشۇپ، ئۇتتۇرىغا چۈشتى. مەن گۈلشەننى تانسىغا تەكلىپ قىلدىم.

— سىزچۇ، سۇلتان، ھەجەپمۇ تاش يۈرەككەنسىز، قۇندۇز سىزنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، — دېدى ئۇ كارىۋاتتا خىيالچان ئولتۇرغان قۇندۇزنى ئىما قىلىپ، — ئۇنى تولا ئازابلىماڭ.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟

— سىز ئۇنىڭدىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇپلا يۈرىسىز.

— ئۇنداق ئەمەسقۇ؟

— ياق، شۇنداق قىلىۋاتىسىز. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاجىز، ئۇ داۋاملىق ئازابلىنىشىڭىزغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىغىمۇ ئۈمىدسىزلىك بىلەن قارايدۇ، ھەتتا پاتلا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك گەپلەرنى قىلىدۇ.

قۇندۇزغا قاراپ قويدۇم. يۈرىكىم ئېچىنىشتىن پېژىلداپ كۆيگەندەك بولدى. مۇشۇ پەيتتە ئايالىم بارلىقىنى تىلغا ئېلىشىمدىن نە ھاجەت. بۇنى قۇندۇزمۇ، گۈلشەنمۇ بىلىدۇ.

— سىز ئامال قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىشىڭىز، يۈرىكىگە تەسەللى بېرىشىڭىز كېرەك. سىز نېمىشقا ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيسىز؟ ئۇ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىكەن، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىش ھوقۇقى بارغۇ دەيمەن؟ ئەگەر ئۇ راستىنلا بالدۇر ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئۇۋالىغا قالمامسىز؟

— ئۇنىڭ ئەھۋالى شۇنداق يامانمۇ؟

— بۇنىڭغا مەن بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. بۇنى ئەڭ ياخشىسى ئۆزىدىن سوراڭ. ئۇنداق يامان كۆڭلەرنىغۇ خۇدايىم ساقلىسۇن.

— ئۇنى يېگىتى بىلەن ياراشتۇرۇپ قويسىڭىز بولمامدۇ؟

— ئۇ بۇنى خالىمايدۇ. چۈنكى ئۇ ھازىر سىزگە ئاشىق.

مېنىڭ يەنە گەپ قىلىشىمنىڭ ھاجىتى قالمىغان ئىدى. قۇندۇز راستىنلا بالدۇر ئۆلۈپ كېتەرمۇ؟ ئۇ مېنىڭ قۇچىقىمدا جان ئۈزەرمۇ؟ ھايات بەكلا قىسقا. ئۇنىڭ ئون گۈلىنىڭ تېخى بىر گۈلى ئېچىلمىدى. مۇبادا، مېنىڭ مېھىر — مۇھەببىتىم ئۇنىڭ يۈرىكىگە داۋا بولىدىغانلا بولسا...

مۇزىكا ئاخىرلىشىپ، ئۆز ئورنۇمغا قايتىپ كەلدىم. قۇندۇز مۇزىكىنىڭ ئېرىتىشىدىنمۇ ياكى خىياللارنىڭ سېھرىدىنمۇ بىلمىدىم، ئىنتايىن مۇڭلۇق، مىسكىن بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى راستىنلا ئاجىز بولسا — ھە؟ چوڭقۇر تىنىقلار ئىلكىدە ئۇنىڭ يۇمران قوللىرىغا كۆز تاشلىدىم. كۆكۈچ تومۇرلار كۆپچۈپ تۇرغان نازۇك قولغا قان يېتىشتۈرۈپ بېرەلمەيۋاتقاندەكلا كۆ-

روْنەتتى.

يېڭى موْزىكا باشلىنىپ، ساۋاقداشلار يەنە تانسىغا چۈشتى. كارىۋاتتا قوْندوْز بىلەن ئىككىمىزلا قالدۇق. ئوغۇللار هاراق تەسىرىدىن كەيپ، قىزلار لەززەت تەسىرىدىن مەست. مەن قوْندوْزنىڭ قولىنى ئاستا توْتتوْم. ئۇ خوْددى توك تەپكەندەك تىترەپ كەتتى ــ دە، كۆزلىرىمگە لاپپىدە بېقىپ، قولىنى ئاستا تارتتى.

ــ سەت توْرىدۇ... ــ دېدى ئۇ ئاراڭلا.

كۆزۈم قىيمىغان هالدا ئۇنىڭ قولىنى قويۇپ بەردىم. بىراق مۇشۇ بىر قېتىملىق قول توْتۇش بىلەن يۈرىكىمدىكى هەممە سۆزۈمنى ئۇنىڭغا ئىزهار قىلغاندەك بولدۇم.

شامىمۇ كۆيۈپ يېرىملاشتى. سائەتمۇ 10:00 دىن ئاشتى. پەرهات هاـ راقنى تېز ــ تېز قۇيۇپ تۈگەتتى. ئۇ ئۇنىئالغۇنى توختىتىپ:

ــ ئاغىنىلەر، ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپتۇ. داۋاملىق ئولتۇرساق ئوبدان بولاتتى، بىراق باشقىلارنىڭ ئۇخلايدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. شۇڭا سوروْـ نىمىزمۇ مۇشۇ يەرگىچە بولسا، ــ دېدى.

ــ سۇلتانغا رەهمەت. ئۇ بۈگۈن بىزگە كۆڭۈللۈك سوروْن ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى، ــ دېدى گۈلشەن.

ــ يېڭى يىلمۇ كېلىپ قالدى، ــ دېدى پەرهات گۈلشەنگە خۇما كۆزلىرىدە بېقىپ، ــ يېڭى يىل هارپا ئاخشىمى يەنە ئولتۇرارمىز.

مەڭزلەر قىزارغان، كۆزلەر خۇمارلاشقان، هەممىنىڭ چىرايىدا كۈلكە، چېهرىدە تەبەسسۇم... دوستلار مەن بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى.

ــ خوش، سۇلتان.

ــ خوش، ئاداش.

ــ خوش، پەلەمپەيدىن قاراپ چۈشۈڭلار.

ئەڭ ئاخىرىدا قوْندوْز بىلەن گۈلشەن قېپقالدى. مەن كارىۋاتقا تاشلاپ

قويغان خۇرۇم چاپىنىمنى ئېلىپ كېلىپ، قۇندۇزغا كىيگۈزۈپ قويدۇم.

— تەرلەپ قاپسىز، سىرتتا شىۋىرغان چىقىۋاتىدۇ، زۇكام بولۇپ قالماڭ يەنە.

— بىرسى كۆرسە... سەت تۇرىدۇ.

— قارا سىپى، — گۈلشەن قۇندۇزنى نوقۇپ قويدى، — سىرتتا چىراغمۇ بولمىسا، سىنى كىم كۆرەتتى.

— بوپتۇ ئەمىسە. رەھمەت سىزگە.

ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىردىم. ياتاقنى تازىلاپ رەتلەۋېتىپ، كارىۋاتتا ئۇنتۇلۇپ قالغان شارپىغا كۆزۈم چۈشتى. بۇ قۇندۇزنىڭ شارپىسى ئىدى. ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان شارپىنى يۈرىكىمگە ياقتىم.... كارىدور-دىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. پەرھات تاماكا چەككىنىچە كىرىپ كىردى.

— مەن تازىلىشىپ بېرەتتىم ئەمەسمۇ؟

— ھېلىمۇ بۈگۈن كۆپ جاپا چەكتىڭ، ئاداش.

— سەنلا خۇشال بولغان بولساڭ بولدى، ئاداش. ماۋۇ نېمىلەر بۇ چاغقىچە كىرمەي، نەلەردە يۈرىدىغاندۇ؟ ياتقۇق ئەمىسە ــ ھە.

ئۇ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ياتتى ــ دە، خورەكنى بولۇشىغا تارتىپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئىشىك ــ دېرىزىلەرنى يېپىپ، چىراغنى ئۆچۈردۈم. قۇندۇز-نىڭ ھىدى كېلىپ تۇرغان شارپىنى پۇراپ يېتىپ، ئاستا ــ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتىم.

تاراقلاپ ئىشىك ئېچىلدى. ئويغىنىپ قارىسام، ساۋاقداشلىرىم قايتىپ كەپتۇ. قۇندۇزنىڭ شارپىسى يادىمغا يېتىپ، ئالدىراپ يوتقانىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالدىم.

※ ※ ※

ئويغانسام، تاڭ ئېتىپتۇ. ئورنۇمدىن قوپۇپ كېتەي دەپ يوتقاننى قايرىدىم. چوغدەك يېلىنجاپ تۇرغان شارپىنى كۆرۈپ، يۈرىكىم «جىغغىدە» قىلىپ قالدى. ئاخشام ئولتۇرۇش تارقىغان چاغدا قۇندۇزغا چاپىنىمنى كىيگۈ-زۈپ قويغىنىم، قۇندۇزنىڭ شارپىسىنى ئۇنتۇپ قالغىنى يادىمغا يەتتى. ئۇ بۈگۈن چاپىنىمنى ئەكىرىپ بەرگىلى كىرىدۇ، شۇ چاغدا...

دېرىزە ئالدىغا كەلدىم. قار توختىغان، دەرەخلەر ئاق لىباس كىيگەن، يوللارغا ئاپئاق پايانداز سېلىنغان. تالاغا چىقىپ، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالغۇم، پاكىز دۇنيادىن ھوزۇرلانغۇم كەلدى. قۇندۇزنىڭ شارپىسىنى چامادانغا سېلىپ قويدۇم. پەلتويۇمنى كىيىپ، سىرتقا قاراپ ماڭدىم. ياتاق بىناسىدىن چىقىشىمغا سوغۇق ھاۋا يۈزۈمگە ئۇرۇلدى.

ئاخشام باشقىلاردىن يوشۇرۇنچە قۇندۇزنىڭ قولىنى تۇتتۇم ـ ھە؟ ئۇ چۆچۈپ، كۆزلىرىمگە قارىغاندەك قىلدى، نازلاپ قولىنى ئاستا تارتتى، بىراق قىلچە رەنجىمىدى. ئاشۇ بىر قېتىملىق قول تۇتۇش بىلەن كۆڭۈل سىرىم ئۇنىڭغا ئاشكارىلىنىپ بولدى. ئۇ بۈگۈن ياتىقىمغا چاپىنىمنى ئەكىرىپ بەرگىلى كىرىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قولىنى قايتا تۇتسام، ئۇنى باغرىمغا باسسام...

بۇندىن كېيىن ئۇ ياتىقىمغا دائىم كىرىپ تۇرىدۇ. بىراق سەككىز كىشىلىك ياتاقتا قانداقمۇ بەھۇزۇر ئولتۇرغىلى بولسۇن؟ قۇندۇز بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارنى باشقىلارغا ئاشكارىلىغىلى بولمايدۇ. ھەي... مۇبادا، مەن توي قىلمىغان بولسام، كىمنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن كارىم يوق ئىدى. مەكتىپىمىزنىڭ ئەتراپىدا ئىجارىگە بېرىلىدىغان ئۆيلەر بار دەپ ئاڭلايمەن. بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەنلەردىن ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇ-رىۋاتقانلار بارمىش. مەنمۇ بىرەر ئېغىز ئۆينى ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرسامچۇ؟ ئۇ چاغدا قۇندۇز بىلەن...

بەلكىم، مەن تويۇق يولغا كىرىپ قېلىۋاتقاندىمەن. ئالدىمدا مېنى

تېخىمۇ ئازابلىق، تېخىمۇ دەرد ــ ھەسرەتلىك كۈنلەر كۈتۈپ تۇرىۋاتقاندۇ. مەن نېمىشقا مىڭ مۇشكۈلدە بەرپا قىلغان ئائىلەمنى قەدىرلىمەيمەن؟ نېمىشقا ماڭا پات يېقىندا ئوملاق پەرزەنت تۇغۇپ بېرىدىغان ئايالىمنى قەدىر-لىمەيمەن؟ ئۇ ھازىر ئېغىر ئاياغ، ئۇ يالغۇزلۇقتا جاپا چەكمەكتە.

ئۇ ئاشۇنداق ئازاب چېكىشكە، خورلۇققا ئۇچراشقا لايىق! ھەممىنى قىلغان ئۆزى. ئۇ مېنىڭ پاك مۇھەببىتىمنى، سەممىي ساداقىتىمنى ئاز دەپسەندە قىلدىمۇ؟

قار ئېيىغىم ئاستىدا دەسسەلمەكتە، دەسسەلگەن قار نالە قىلغاندەك ئاۋاز چىقارماقتا. بۈگۈن سەھەردە دەسسەۋاتقىنىم قار ئەمەس، بەلكى دىلبەرنىڭ قاردەك ئاق كۆڭلىدۇ. شۇ خىيال كۆڭلۈمدىن كەچكىنىدە تېنىم جۇغۇلداپ، قەدىمىم ئېغىرلاشتى. ئاپئاق قار بىلەن چۈمكەلگەن دەرەخلەرمۇ دىلبەرنى يادىمغا سالدى. دىلبەر سەھەردە تۇرۇپ، ئاپئاق ياغلىقىنى چېگىپ، پىلدات نامىزى ئۆتەيتتى. ئۇ بۈگۈنمۇ ناماز ئۆتىگەنمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئەزەلدىن كۆڭلى ئاق، ئېتىقادى كۈچلۈكمىدۇ؟ كىم بىلىدۇ، ئۇ ھازىر بۇرۇن ئۆتكۈزگەن گۇ-ناھلىرىغا توۋا قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

ئاپئاق قارنى داۋاملىق دەسسەشكە كۆڭلۈم بارمىدى. مەن كەلگەن يولۇم بىلەن كەينىمگە ياندىم. بۈگۈن قۇندۇز چوقۇم ياتىقىمغا كىرىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ كوچىغا چىقىپ كەتسەمچۇ؟ ئاخشاملا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، بۈگۈن ئۆزۈمنى قاچۇرسام، بۇ نەقەدەر لامزەللىك ــ ھە؟

ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ياتاقتىكىلەر بىردىن ــ ئىككىدىن سىرتقا قاراپ مېڭىشتى. پەرھات مېنىڭ كىتاب، خاتىرىلىرىمنى قولتۇقلاپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ:

ــ يەنە سىنىپقا ماڭدىڭمۇ؟ ــ دېدى.

ــ ھەئە، ــ دېدىم روھسىز ھالەتتە.

ــ نېمە بولدۇڭ؟ ــ دېدى ئۇ كۈلۈپ، ــ يەنە غەمكىن كۆرۈ-

نسەنغۇ؟ ئاخشلمقى ئۇلتۇرۇشنىڭ چىقىمى ئەمدى ئاچچىق بىلىنىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟

— نەدىكى گەپنى قىلىسەن؟ مېنى ئۆزۈڭدەك چاغلىما — ھە.

— قۇندۇز بىلەن گۇلشەننى چاقىرسام، بىللە كوچا ئايلىنىپ كىرسەك بولمامدۇ؟

پەرھات ھەممىنى تۇيۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ بۈگۈن مېنىڭ تومۇرۇمنى تۇتۇپ باقماقچى. ئۇنىڭ ئالدىدا كۆڭلۈمدىكى داۋالغۇشلارنى ئاشكارىلىغىنىم، ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغىنىم توغرىكەن. دوستلۇقنىڭ كاپالىتى ۋاقىتلىق. ھەرگىز بولمايدۇ، قۇندۇز بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشنى ھېچكىمگە ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ. ئۇ مېنىڭ ئىپادىسىز تۇرغىنىمنى كۆرۈپ ھەييارلىق بىلەن:

— ۋاي... نېمىدىن قورقىسەن؟ ھەممىسى ئويناپ يۈرمەمدۇ؟ يۈرىكىڭ تاشتىنمۇ قاتتىق، مۇزدىنمۇ سوغۇق جۇمۇ سېنىڭ، — دېدى.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟

— قۇندۇز ساڭا شۇنچە كۆيۈپ، پىشىپ يۈرسە، نېمىشقا پەرۋا قىلمايسەن؟

— راست دەيسەن، ئاداش. مېنىڭ يۈرىكىم مۇزدەك سوۋۇپ، تاشتەك قېتىپ كەتتى.

— بۇنىڭ سەۋەبى باردۇ ؟

— بار، ئەلۋەتتە بار.

— يۈرە، بىللە ئايلىنىپ كېلەيلى، — ئۇ چاپىنىنى كىيىپ مېڭىشقا تەمشەلدى، — خەلق باغچىسىغا كىرەمدۇق ياكى قىزىل تاغقا چىقامدۇق، بىرەر خالىي جاينى تېپىپ، كەڭ - كۇشادە پاراڭلىشايلى. مېنىڭمۇ ئىچىم پۇشۇپ كەتتى.

— بۈگۈن ئىشىم بار، ئاداش، — دېدىم يالغان ئېيتىپ، — خاپا

بولمىساڭ، باشقا بىر كۈنى پاراڭلاشساق.
— بوپتۇ ئەمىسە.
بىز ياتاقتىن بىللە چىقتۇق. پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، ھەر ئىككىمىز ئېھتىيات قىلىپ زوۋان سۈرمىدۇق.
— كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن. سەن ئىيالىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئېھتىيات قىلىۋاتىسەن. لېكىن نۇرغۇن ئادەملەر سەن ئويلىغاندەك ئويلىمايدۇ. ھايات قىسقا، پۇرسەت غەنىيمەت، ئوينىۋالايلى دەيدىغانلار ئىنتايىن كۆپ.
ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ ئۈندىمىدىم. لېكىن ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن ئىچىم ئاچچىق بولۇشقا باشلىدى. ئادەملەر نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق؟ ھايات نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق؟ مېنى ئىيالىمغا خىيانەت قىلىشقا ئۈندەۋاتقان، قوندۇزنى يۇرتىۋاتقان يىگىتتىن ئۆچ ئېلىشقا قىستاۋاتقان نەرسە زادى نېمە ؟
— قوندۇز ياخشى قىز. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويما.
ئۇ كوچىغا قاراپ ماڭدى. بېشىم ئېغىر، قەدەملىرىم ئاندىن ئېغىر. سىنىپ ئالدىغا كېلىشىمگە، قوندۇز سىنىپتىن ئالدىمغا چىقتى. ئۇنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم.
— سىزمۇ سىنىپقا چىققانمىدىڭىز؟
— ھەئە.
— قايتىپ چىقتىڭىزغۇ؟
— سىزنىڭ ئاياغ تىۋىشىڭىزنى ئاڭلاپ...
— مېنىڭ ئاياغ تىۋىشىمنى بىلەمسىز؟
— بىلىمەن، — ئۇ خىجىللىق ئىلكىدە يەرگە قارىدى، — سىزنىڭ ئاياغ تىۋىشىڭىزنى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئاياغ تىۋىشىدىن پەرقلەندۈرەلەيمەن.
ئىچىم ئىسسىق بولدى. قىزلارنىڭ سەزگۈسى نېمىدېگەن نازۇك-

ھە؟ بولۇپمۇ ئالدىمدا تۇرغان مۇنۇ قىزنىڭ سەزگۈسى...

— چاپىنىڭىزنى ئەكىرىپ بېرەيمىكىن دېسەم، يانىقىڭىزدا باشقىلار-نى بار دەپ...

— ھازىر يوق، ھەممىسى كوچىغا چىقىپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا.. يانىقىڭىزدا تۇرۇپ تۇرسىڭىز... سەل تۇرۇپ، ئەكىرىپ بېرەي.

— ماقۇل. كەينىڭىزدىن چىقاي.

ئۇ بىنادىن ئالدىراپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن بىردەم قاراپ تۇرۇپ قالدىم. سىنىپتا ھېچكىم يوق ئىدى. قۇندۇز مېنىڭ ھەر يەكشەنبە كۈنى سىنىپقا چىقىپ، ماقالە تەرجىمە قىلىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلىقىمنى بىلگەچكە، ئەتىگەندە ئىزدەپ چىقىپتىكەن ـ دە؟

دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدىم. قۇندۇز ھازىرلا يانىقىمغا كىرىدۇ، ياتاقتا پەقەت ئىككىمىزلا قالىمىز. قانداق قىلىشىم، زادى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ «ھايات ۋاقتىڭدا ئويناپ، كۈلۈۋال. بۇ ھايات بەك قىسقا.» سۇلايمان پادىشاھنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ئېتىقادمۇ مۇشۇ. قۇندۇزمۇ مۇشۇنداق مەقسەتتىمىدۇ؟ ئۇنىڭ تەشنا بىقارارلىقى ساختا ئىپادىمىدۇ؟ مەن مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرمەيدىغان رۇقىيە، دىلبەرلەرنىڭ خورلۇقىنى، دەرد ـ ھەسرىتىنى ئاز تارتتىممۇ؟ مۇبادا، قۇندۇزمۇ مېنى چىن يۈرىكىدىن سۆيمەي، كۆڭۈل خۇشى، ھايات پەيزى ئۈچۈنلا ماڭا سۈر-كىنىشۋاتقان بولسا، ماڭا بۇنىڭدىن ئارتۇق خورلۇق بولمىس. مەن بۇ ھاياتىمدا ھېچبىر قىزنىڭ ھەقىقىي سۆيۈشىگە نائىل بولالماسمەنمۇ؟ قۇندۇز مېنى چىن يۈرىكىدىن سۆيگىنىدە، ئۇنىڭغا بۇ جېنىم پىدا ئىدى.

ھازىر ئەخلاقلىق دېگەن گەپ بىلەن گالۋاڭ دېگەن گەپنىڭ مەنىسى ئوخشاش بولۇپ قاپتۇ. مەن ئۆزۈمنى مۇھەببەتتە ۋاپادار، ئائىلىگە سادىق ئەخلاقلىق ئادەم دەپ يۈرۈپتىمەن. ئەمدى بىلسەم، ناھايىتىمۇ ئەخمەق

ئىكەنمەن. دىلبەرنىڭ نېمىسى بار؟ ئۇنى يوغان سۆزلىتىدىغان نەرسە ئاشۇ گۈزەل رۇخسارىغۇ؟ «قۇشقۇملاقاش»... بۇ زادى كىم؟! توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ساقلىمىغان قىزنىڭ توي قىلغاندىن كېيىن ئەرنىڭ ئالدىدا نېمە قىممىتى بولسۇن؟ ئەي، دىلبەر! ئەمدى سەن قانداقلا قىلغىنىڭ بىلەن مېنى ئىشەندۈرەلمەيسەن. نامازئۆتىسەڭمۇ ئۆتەۋەرگىن، خۇداغا يالۋۇرۇپ يىغلىساڭمۇ يىغلاۋەرگىن. ناپاكلىق ھەر دائىم يۈرىكىمنى غاجىماقتا. زەھەرلىك يىلاندىن شەكىل ئۆزگەرتكەن ساداقەتسىز گۈزەل خوتۇن، سەن قاچانغىچە ھاياتىم ئۈستىدە تولغۇلۇپ ياتارسەن؟

ئادەم باشقا ھايۋانلارغا قارىغاندا ئەۋزەللىكى كۆپ ھايۋان. ئۇلارنىڭ ئەۋزەللىكى ئۆتۈپ كەتكەن شەخسىيەتچىلىكىدە ۋە ھىيلىگەرلىكىدە ئىكەن. ئەي، دىلبەر! قارا سېنى، بۇرۇن شۇنچە كۆپ ئىشلارنى قىلىپ، مانا ئەمدى پەرىشتىدەك قىياپەتكە كىرىۋاپسەن. سەن شۇ چاغلاردا بولغۇسى ئېرىڭنى ئويلاپ قويغانمىدىڭ؟ پاھ! سەن نېمانچە شەخسىيەتچى، ھىيلىگەر — ھە؟ بۈگۈن سەندىن ئۆچ ئالىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى. مەن ئىززەۋاتقان قىسلىق سىلىق — سىپايە، ئۇزۇل — كېسىل ئېلىپ بېرىلىدىغان قىسلىق بولۇشى كېرەك. مەن سېنى كەچۈرمەيمەن، ھەرگىز كەچۈرمەيمەن. ھازىر ئەرلەر ئاياللىرىغا ئىشەنمەيدۇ، ئاياللار ئەرلىرىگە تېخىمۇ ئىشەنمەيدۇ. مۇشۇنداق دۇنيادا ئازابتىن باشقا يەنە نېمە بولسۇن؟ سەن پاكلىقتا ئەقىدە باغلىغىنىڭ بىلەن باشقىلار ئۇنداق ئەمەس. قوي بۇنداق ساداقەتنى...

كىتاب، خاتىرىلىرىمنى قولتۇقلاپ سىرتقا قاراپ ماڭدىم. سىنىپ ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ قويۇپ، ئوقۇتۇش بىناسىدىن ئالدىراپ قايتىپ چىقتىم. ئايئاق قار خۇددى ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ ساداقەت، ئەقىدىسى دەپسەندە قىلىنغاندەك دەسسەپ چەيلەنگەن. ھەركىمنىڭ ئاغزىدا شېرىن سۆخەن، ئەمما ئاياغلىرى بۇلغانغان!

يانۇق بىناسىنىڭ كارىدورى تېپتىنچ. ئىشىكنى ئېچىشىمغا ياتاقتىن

ئاخشامقى هاراق، تاماكىنىڭ قاڭسىق ھىدى دىمىغىمغا ئۇرۇلدى. ئىشىك، دېرىزىلەرنى ئېچىۋەتتىم. ياتقىمدىكى، كىيىمىدىكى بەتبۇي پۇراقلار ئۇ-چۇپ چىقىپ كەتسۇن.

پەلەمپەيدىن ئاياغ تىۋىشى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى... كارىدوردا ئاياغ تىۋىشى يېقىنلاپ كەلدى. ئالدىراپ دېرىزىنى يېپتىم، پەردىنى چۈشۈردۈم، ئىشىك كەينىگە قايرىلدىم. ئىشىك ئالدىدا قوڭدۇز جىددىيلىكتىن نەپىسى يېتىشمەي، مەيدىسىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قولىدا بىر يوغان سومكا. تەلمۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم.

— كىرىڭ، ياتاققا كىرىڭە...

— بولدى... مۇشۇ يەردىلا قالاي...

— كىرمەيلا كەتسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

كارىدورغا چىقتىم. ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ياتاققا ئېلىپ كىردىم. ئۇ مېنىڭ كارىۋىتىمدا، ئاخشامقى ئورنىدا ئولتۇردى. سومكىدىن چىرايلىق قاتلانغان خۇرۇم چاپاننى ئېلىپ كارىۋاتقا قويدى.

— رەھمەت سىزگە...

— بۈگۈن قانداق قوپۇپسىز؟

— ياخشى...

ئۇ بىردەم — بىردەم ئىشىككە قارايتتى، ياتاققا ھازىرلا بىرسى كىرىپ قالىدىغاندەك دەككە — دۈككە بولۇپ ئولتۇرالمايۋاتاتتى. چامادىنىدىن شارپىنى ئالدىم.

— ئاخشام ئۇنتۇپ قاپسىز.

ئۇ شارپىنى ئالدى، چىرايىمۇ شارپىدەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ نازۇك قولىغا قاراپ قويدۇم. ئاخشام ئۇنىڭ بۇ چىرايلىق قولىنى تۇتقان، ھازىرمۇ...

— مەن چىقاي...

ئۇ ئورنىدىن قوپتى. ئالىقانلىرىم تەرلەشكە باشلىدى. ئاخشام باشقىلار

بار يەردە تۇتتۇم ــ يۇ، ھازىر ئىككىمىزلا بار يەردە... ئۇ مېنى ياخشى كۆ-
رىدۇ، كۆڭلۈمنى رەت قىلمايدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن ئىشىك تۈۋىگىچە باردىم.
ــ چىقىپ كېتەمسىز؟...

ئۇ توختاپ، كەينىگە قايرىلدى. ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا سومكا. مەن ئۇنىڭ سول قولىنى ئاستا تۇتتۇم، ئالقىنىنى يۈزۈمگە ياقتىم. سومكا يەرگە چۈشۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئوڭ قولىنى ئاستا تۇتتۇم، ئالقىنىنى لېۋىمگە ياقتىم. قولۇمغا، پۈتۈمغا، بارا ــ بارا پۈتۈن بەدىنىمگە ھاياجان تىترىكى ئولاشتى. ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ باغرىمغا مەھكەم باستىم...

ئۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، خۇمارلىق كۆزلەردە ناز بىلەن كۆزلىرىمگە قىيا باقتى. بۇ كۆزلەردە نە رەنجىش، بەلكى بەختىيارلىق ھېسسىياتى پارلاپ تۇراتتى...

ــ چىقىپ قاراپ باققان بولسىڭىز.

كارىدورغا چىقتىم، ھېچكىم يوق. قۇندۇزدىن ئايرىلىشقا پەقەت كۆزۈم قىيمىدى. قايتىپ كىرىپ ئىشىكنى ياپتىم ــ دە، ئۇنى يەنە بىر قېتىم باغرىمغا مەھكەم باستىم...

ــ خوش، مەن چىقاي.

ــ خوش، ئەمىسە.

ئۇ ئىشىكنى ئاچتى، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ كەتتى. ئىشىكنى ياپتىم، ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. يۈرىكىم تېخىمۇ چاڭقاپ كەتكەندەك بولدى. قۇندۇزنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالاي دېگەن ئىستەكتە ئالدىراپ دېرىزە ئالدىغا كەلدىم ــ دە، سىرتقا تەلمۈردۈم.

※ ※ ※

يېڭى يىل ھارپىسى. مەن قۇندۇزدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمىغان

ھالدا تاڭ سەھەردە يۇرتقا قاراپ يولغا چىقتىم.

پويىز شەرققە قاراپ بىر خىل رىتىمدا تاقىلداپ كېتىۋاتماقتا...

يول بويى دىلبەر بىلەن قۇندۇز كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمىدى... دىلبەرنىڭ كۆزىدە ياش، قۇندۇزنىڭ كۆزىدە قان، مېنىڭ كۆزۈمدە ھەسرەت-پىغان... قۇندۇز مېنىڭ ئائىلىم بارلىقىنى بىلىدۇ، دىلبەر مېنىڭ باشقا بىر قىزنى باغرىمغا باسقانلىقىمنى، لەۋلىرىگە سۆيگەنلىكىمنى بىلمەيدۇ. ئۇلار-نىڭ بىچارىسى قۇندۇزمۇ ياكى دىلبەر؟ ھەي...ي... دىلبەردىن ئۆچ ئېلىش ئىستىكىدە شۇ قەدەر رەھىمسىز بولۇپ كېتىپتىمەن. بىر چاغلاردا بىرمۇنچە يىگىتلەر قوغلاشقان دىلبەر مانا بۈگۈن قانچە بىچارە ھالەتتە ــ ھە؟ ئاق كۆ-ڭۈل، پاك ۋاقتىمدا ئۆزۈمنى نائەيتى ئاجىز سېزەتتىم. مانا ئەمدى دىلبەرگە خىيانەت قىلىۋاتقان، ئۇنىڭ ساداقەتمەن كۆڭلىنى دەپسەندە قىلىۋاتقان ۋاقتىمدا ئۆزۈمنى نائەيتى كۈچلۈك ھېس قىلماقتىمەن. قارا دېۋە نانتۋان جانلارنى تېرىپىرەن قىلغان چېغىدا نېمە ئۈچۈن قاقاقلاپ كۈلىدۇ؟ پەقەت بۈگۈنلا بۇنىڭ تېگىگە يەتتىم. مەن ئەسلى كىم ئىدىم؟ بۈگۈن قانداق ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم ــ ھە؟ دىلبەرنىڭ ئېغىرئاياغ ئىكەنلىكىمۇ مېنىڭ قىسلىش ئىستىكىدە قېتىپ كەتكەن يۈرىكىمنى ئېرىتەلمىدى. بۈگۈن مەن قۇندۇزنى قۇچاقلىغان قوللىرىم بىلەن دىلبەرنى قۇچاقلايمەن، قۇندۇزنى سۆيگەن لەۋلىرىم بىلەن ئۇنى سۆيىمەن. دىلبەر ئۆزىنىڭ خورلانغانلىقىنى بىلمەيدۇ، بۇنى ئىچىم ئېچىشقان ھالدا پەقەت مەنلا بىلىمەن.

سەرۋىدەك بوي ــ بەستىڭدىن ئۆرگىلەي، ئاھۇدەك كۆزلىرىڭدىن ئۆر-گىلەي، بەرگى قىياقتەك قاشلىرىڭدىن ئۆرگىلەي، يۈرىكىم تارىنى چەككەن بىر جۈپ كۆكسۈڭدىن ئۆرگىلەي... سەندىكى گۈزەللىككە تاۋاپ قىلىشنى ئەرزىيتتى! تاۋاپ تۇرمىق، مانا ئەمدى سۆيۈش لەززىتىدىنمۇ مەھرۇممەن. ئۆزۈڭ قىلدىڭ، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىلدىڭ! ئەي، گۈزەل پەرىزاتىم! ئەمدى بۇ دەردلەرگە نېمە دەي؟! بەدىنىڭ شۇنچە ئاق، تولغان ــ يۇ، تۇتۇشقا قولۇم

بارمايدۇ؛ يېنىڭغا كەلسەم، سەندىن ئىپار پۇرايدۇ ــ يۇ، ھىدلاشقا رايىم بارمايدۇ؛ ئۇزاق كېچىلەردە سېنى باغرىمغا باسقۇم، سىرداشقۇم، سېنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ ھايات لەززىتىدىن بەھرىمەن قىلغۇم كېلىدۇ ــ يۇ، يەنىلا كۆڭلۈم خالىمايدۇ. كۆزۈم كورگەن، كۆزۈمدىن ئۆتە ئەقلىم كورگەن ھۆسن ــ جامالىڭغا، بوي ــ تالىڭغا مەپتۇن بولۇپتىمەن ــ يۇ، كېيىنكى كۈنلەردە گۇمان ئوتلىرىدا كۆيۈپ كۈل بولۇدىغانلىقىمنى پەقەتلا ئويلىماپتىمەن.

بىز ھازىر ھايات ئاچالىدا. سەن ئۇ يولغا، مەن بۇ يولغا قاراپ ماڭساق، سەن بۇ ئازابتىن، مەن بۇ تۇزاقتىن قۇتۇلاتتۇق. يول ئىككى، بىراق بىز ئۈچ. يات يېقىندا بۇ ئازابلىق دۇنياغا كۆز ئاچىدىغان بالىمىزنى سەن ئېلىپ كەتسەڭ، مېنىڭ يۈرىكىم تارتىشىدۇ؛ مەن ئېلىپ كەتسەم، سېنىڭ يۈرىكىڭ ئېچىشىدۇ. مېنىڭ ئەسلىدىنلا رەھىمدىل بۇ يۈرىكىم سېنى بۇ ئازابلىق دۇنياغا تاشلىۋېتىشكە تېخىمۇ چىدىمايدۇ. مەن تالاي خورلۇقلارنى تارتتىم، مەيلى نېمە بولسۇن، سەنمۇ تارتىپ باق بۇ خورلۇقلارنى. شۇ چاغدا ماڭا سالغان خورلۇقلىرىڭنىڭ تەمىنى سەنمۇ بىلىسەن...

ــ ئۆتىۋالغان بولسام.

كۆزۈمنى ئاچسام، بالا كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايال ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئالدىراپ يۈتۈمنى يىغدىم.

پويىز چۆل ــ جەزىرىدە شەرققە قاراپ كېتىۋاتاتتى...

خىيالنىڭ ئاخىرى بارمۇ؟ شۇنداقتىمۇ خىيال قىلماي مۇمكىنمۇ؟ بۇ دۇنيادا ھېسابى يوق ئىش يوق. كىم قانداق گۇناھ قىلسا، شۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. دىلبەر ئۆزىگە ئۆزى ئاق. ئۇ ئۆزىنىڭ تېنىدىكى ياتلارنىڭ قول ئىزىنى، لېۋىدىكى ياتلارنىڭ لەۋ ئىزىنى كۆرەلمەيدۇ. ئەندىشەم شۇكى، بۈگۈن كەچتە ئۇنى قۇچاقلاشقا قولۇم بارارمۇ؟ سۆيۈشكە لېۋىم بارارمۇ؟ داۋاملىق ئويلاشقا رەۋىتىم قالمىدى. يوقال، يىرگىنچلىك خىيال...

پويىز پۈشۈلداپ مېڭىپ، ئاخىرى پويىز ئىستانسىسىغا كىرىپ

كەلدى. شەھەر ئاسمىنىنى ئىس ـ تۈتەك قاپلاپ كەتكەن ئىدى. دېكابىردىكى كوچا چىراغلىرىمۇ سوغۇق نۇر چاچاتتى. يېڭى يىل بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ياندۇرۇلغان زىننەت چىراغلىرىمۇ خىرە ـ شىرە يېنىپ تۇراتتى. كىشىلەر نەلەرگىدۇر ئالدىراپ كېتىپ باراتتى. دىلبەر بۈگۈن كېلىدىغانلىقىمنى بىلىدۇ. ئۇ ئۆيدە يولۇمغا قاراپ ئولتۇرامدىغاندۇ؟ باشقىلار رېستورانغا قاراپ ماڭغان بولسا، چوقۇم ئۇنىڭ بوينى قىسىلدى. بالدۇرراق يولغا چىقىش ئەجەب خىيالىمغا كەلمەپتۇ.

تار كوچىغا قايرىلدىم. يىراقتىن ئۆيۈمنىڭ چىراغ يورۇقى كۆرۈندى. دىلبەر مۇشۇ تاپتا نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ ئېغىرئاياغ ۋاقتىدا ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قويغىنىم توغرا بولمىدى. تاسادىپىي قورقۇپ كەتسە، بالا چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاچچىققا پىلىماي قىلغان ئىشلار. ئەمدى ئوقۇشنى يېرىمىدا توختىتىپ قويغىلى بولمايدۇ. ئىشىكنى يەڭگىل چەكتىم.

— ھەئە!

ئىشىكنى ئېچىشىمغا ئۆيدىن تونۇش پۇراق دىمىغىمغا ئۇرۇلدى. دىلبەر سۇپۇرنى يېپىپ قويۇپ، جۇۋاۋا تۈگۈۋاتقان ئىكەن. مېنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— يېتىپ كەلدىڭىزما؟ سوغۇقتا جاپا تارتتىڭىزمۇ؟

— ياقەي.

دىلبەرنىڭ چېھرىدە سەبىي بالىلارنىڭكىدەك ساددا كۈلكە، مەڭزىدە ھامىلىدارلىقنىڭ سۇس دېغى...

— سىزنى يېتىپ كەلگۈچە تەييار قىلىپ تۇراي دەپ ئالدىرىغان بولسامۇ، يەنىلا ئۈلگۈرمىدى.

— بەكلا ئاۋارە بوپسىز.

قولۇمنى يۇيۇپ كارىۋاتقا چىقتىم. يېڭىمنى تۈرۈپ سۇپۇر قېشىغا كەلدىم.

— نېمە قىلاي دەيسىز؟ بولدى، يول يۈرۈپ چارچاپ كەتتىڭىز، سىز ئارام ئېلىڭ.

— قارىڭە، ئېڭىشەلمەي قاپسىز. خېمىنى بولسىمۇ يېيىپ بېرەي.

ئۇ قورسىقىغا قاراپ، ئىللىققىنە كۈلۈپ قويدى.

— دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتتىڭىزمۇ؟

— تەكشۈرۈتتۇم.

— ئوغۇلمىكەن ياكى قىزمىكەن؟

— ماڭا ھەر ئىككىسى ئوخشاش.

— سىزدىن بىر ئاز ئەنسىرەپ قالدىم، — دېدىم سېكىلەكنى قولۇمغا ئېلىپ، — تۇغقانلارنىڭ قىزلىرىدىن بىرەرنى ھەمراھلىققا ئەكىلىۋالساق بولارمىكىن دەيمەن.

— تازنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن دېگەندەك، ئەمدى يادىڭىزغا يەتتىمۇ؟ — ئۇنىڭ چىرايىغا بىچارىلەرچە كۈلكە يامىشتى، — ئاپلم تۇغقانلار-نىڭ قىزلىرىدىن بىرىنى سۆزلىشىپ قويدى. بايرامدىن كېيىن كېلىدىغان بولدى.

— بويىڭىزدا قالدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام، ئوقۇشقا بارماسكەنمەن.

— بوپتۇ، ئەمدى ئوقۇۋېلىڭ.

ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ جۇۋاۋا تۈگۈشلىرىگە قاراپ قويدۇم. ھەرقانچە شەپشۇك ئاتىنىڭمۇ كۆندۈرۈلمەيدىغىنى يوق. يۈرىكى كۆكرىكىگە پاتمايۋاتقان شوخ قىزنىڭمۇ ياۋاشلىمايدىغىنى يوق. بىر چاغلاردا كوچىمۇ كوچا يۈرۈپ ھارمىغان، بىرمۇنچە يىگىتلەرنىڭ كۆڭۈل ئىزھارىدىن تېرىسىگە پاتماي قالغان مۇنۇ خوتۇننىڭ ھازىرقى رايىشلىقىغا قارا! ئۇ نېمىلا بولمىسۇن ياشلىقىنىڭ قەنتىنى چاقتى — دە...

— بايراملىق نەچچە كۈن قويۇپ بەردى؟

— ئىككى كۈن.

— ئەتە چۈشتىن كېيىنلا ماڭىسىزكەن ـ دە؟

— شۇنداق، ماڭمىسام بولمايدۇ.

— ناۋايغا نان بۇيرۇتۇپ قويدۇم. ئەتە يولغا چىققۇچە، ئۇنتۇپ قالماي ئېلىۋېلىڭ. ئەسلى ئۆز قولۇم بىلەن يېقىپ بەرگۈم بار ئىدى.

— بىكارلا ئاۋارە بولۇپسىز.

— ئۆيدىن ئايرىلىپ ئوقۇماقمۇ تەس. ھەر قېتىم تاماق ئەتكەندە سىزگە قىسىنىمەن.

يۈرىكىم چىمىلداپ كەتتى. ئۇنىڭ غەمخورلۇقى ئىختىيارسىز قوندۇزنى يادىمغا سالدى. كىشىلىك ھايات مانا مۇشۇنداق تەڭسىزلىك ئىچىدە ئۆتسە كېرەك. بۇرۇن دىلبەرنىڭ ئوتىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگىنىمدە، ئۇ ماڭا ئانچە ئېتىبار قىلمىغان ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنى ئۆيدە يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، باشقا بىر قىز بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ يۈرگىنىمدە، ئۇ مېنىڭ غېمىدە قاپتۇ. بەلكىم، ئۇ ئەمدى ئۆمۈرلۈك تەقدىرىنىڭ ماڭا باغلانغانلىقىغا تەن بەرگەندۇ.

ئىختىيارسىز بۇرۇنقى بىچارە چاغلىرىم يادىمغا يەتتى. قىز بالا دېگەن توي قىلىشتىن بۇرۇنلا چوڭچىلىق قىلىدىكەن، توي قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا بوشىشىپ كېتىدىكەن. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ غەمخورلۇقىمۇ ماڭا ئاجىزلىقتەك تۇيۇلماقتا.

ئۇ تاماقتىن كېيىن كۆكۈل قويۇپ ئورۇن سالدى. بىردىنلا كۆڭلۈمدىن شۇنداق بىر رەزىل خىيال كېچىپ ئۆتتى: ئۇنى جىنسىي جەھەتتىن جازالاش كېرەك! ئۇ ئېرى بار تۇرۇپمۇ، ئەردىن ئالىدىغان ھايات لەززىتىدىن مەھرۇم بولسۇن! كىيىملىرىمنى سېلىپ، ئۇنىڭ قېشىغا ئاستا قىيسايدىم. بەدىنىم يۇمشاق كۆرپىگە تېگىپ تىكەنلەشكەندەك بولدى. ئۇنى قۇچاقلاي دېدىم ـ يۇ، قولۇم بارمىدى.

— دۈمبەمنى ئازراق سىلاپ قويۇڭە، — دېدى ئۇ مەن تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، — خېلى بولدى قولىڭىز تەگمىگىلى.

ئادەم ھەرقانچە قۇدرەتلىك بولسىمۇ، بىراق باشقىلارنىڭ ئۆزى ھەققىدە سۆرىتۋاتقان خىياللىرىنى بىلەلمەيدۇغانلىقى جەھەتتە ئاجىز. دىلبەر مېنىڭ كۆرپىگە يېتىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى، ئېگىمدا قىسلىس ئىستىكىنىڭ قايتا باش كۆتۈرگەنلىكىنى بىلگەن بولسا، ماڭا مۇنداق يېقىنچىلىق قىلمىس ئىدى. يېنىمدا شۇنچە چىرايلىق ئايالىم بار تۇرۇقلۇق، ئۇنى تۇتالمايمەن، باغرىمغا باسالمايمەن، قېنىپ – قېنىپ سۆيەلمەيمەن... مېنى بۇ قەدەر قىيىن – قىستاققا قويغان كىم؟ ئاشۇ بىر توپ رەزگىلەرمۇ ياكى مۇنۇ خو- تۇنمۇ؟ ھەي، دىلبەر، ئاشۇ بىر توپ لالمىلار ئەتراپىڭدىن چۆرگىلەپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، سەنلا ئۆزۈڭنى مەھكەم تۇتساڭ، كۆڭلۈمگە شەك كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى قىلمىغان بولساڭ، ماڭىمۇ، ساڭىمۇ بۇ كۈنلەر يوق! چىرايىڭغا ئىشىنىپ، ئەجەب قىلدىڭ. ئۆزۈڭنى نەچچە رەت ئاقلىدىڭ، لېكىن ساڭا گۇمانىم بار، كۆڭلۈمدىكى چىگىشلەر يەنىلا يېشىلگىنى يوق. مانا ئەمدى سېنى باغرىمغا بېسىپ، بەدىنىڭنى سىلاپ قويۇشقا ئامالىم يوق. بىراق مۇنچە ئاددىي تەلىپىڭنى ئۇنىسىز رەت قىلىشقىمۇ ئامالىم يوق.

— ئەجەب خۇش ياقتى، — دېدى ئۇ بوينۇمغا سۆيۈپ.

بۇ سۆيۈشتىن مۇزدەك تېنىم ئەندىكىپ كەتتى.

ئۇنىڭ يوغىناپ قالغان قورسىقى قورسىقىمغا تاقاشتى. كۆڭلۈم بىر- دىنلا بۇزۇلدى. بىز ئىككى ئەمەس، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىمىز- نىڭ بالىسى تۈگۈلۈپ يېتىپتۇ.

— خاپا بولماڭ... مەندىن رەنجىمەڭ...

— نېمىدىن؟ سىزدىن نېمىشقا رەنجىيمەن؟ بۇ دۇنيادا ماڭا سىزدىنمۇ ياخشى ئادەم يوق.

— ھالىڭىزدىن ياخشى خەۋەر ئالالمىدىم.

— سىزنىڭ ئوقۇشىڭىزمۇ ئىككىمىز ئۈچۈن، بالىمىز ئۈچۈن. بويۇمدا قېلىپ، ھاجىتىڭىزدىن چىقالمىدىم، سىزگە جاپا بولدى.

— بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالدىم.

※ ※ ※

ئىغىر سومكىلارنى كۆتۈرۈپ، پويىز ئىستانسىسىدىن چىقتىم. كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقاي دەپ كېتىۋاتسام، قۇندۇز:

— سۇلتان! ھەي، سۇلتان! — دەپ توۋلىغىنىچە، يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى.

سوغۇقتا ئۇنىڭ مەڭزى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى، ئۇ ھەر بىر تىنىغاندا ئاغزى — بۇرنىدىن ئاقۇچ ھور توزۇيتتى.

— مۇنچە سوغۇقتا-نېمە قىلاتتىڭىز؟ ئالدىمغا چىقمىسىڭىزمۇ بولاتتى، بەكلا ئاۋارە بولۇپسىز، — دېدىم ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — قوللىرىڭىزمۇ مۇزلاپ، قىزىرىپ كېتىپتۇ.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى ئۇ مېنى كۆرگىسى كەلگەنلىكىنى يوشۇرماقچى بولغاندەك كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىپ، — مۇنچىلىك سوغۇق نېمىتتى؟

— ھەقىچان پۇتىڭىزمۇ مۇزلاپ كەتكەندۇ. خېلى بولدىمۇ كەلگىلى؟

ئۇ كۆزلىرىمگە مۆلدۈرلەپ قاراپ:

— بىرەر سائەتتەك بولدى، — دېدى.

— بەكلا جاپا چېكىپسىز. بۇندىن كېيىن مۇنداق قىلماڭ.

— خاپىلىمىسىز؟

— خاپىمەن. ماڭا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق يوق. سىزنى جاپا تارتىپ قالمىسكەن دەيمەن شۇ.

بىز كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقتۇق. ئۇنىڭ نازۇك قولىنى ئىككى ئالىقىنىم ئارىسىغا ئېلىپ، يوتام ئۈستىگە قويدۇم.

ئۆرۈمچى ئاسمىنى كۆكۈچ تۇمان بىلەن قاپلانغان. مەغرۇر بىنالارنىڭ رەڭگى تۇتۇق. ماشىنىلار بىر ـ بىرىدىن ئالدىراش. ئادەملەر شۇنچە كۆپ، لېكىن بىر ـ بىرىگە يات. دۇنيا پۈتۈنلەي ئۆز خىيالى بىلەن...

بىرەر ئىبغىز ئۆينى ئىجارىگە ئالاي. ئىجارە پۇلىنى ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇر-سىلا، ئۆي ئىگىسىنىڭ نېمە قىلىشىمىز بىلەن كارى يوق. پەقەت ئۆينى ئۆرۈۋەتمىسەكلا بولدى، ئۆي ئىگىسىنىڭ تونۇيدىغىنى پۇل. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئىشىمىزنىڭ ھالال ـ ھاراملىقى بەرىبىر.

ــ سىزگە بىر مەسلىھەتىم بار.

ــ قېنى دەڭ.

ــ يېقىنراق كېلىڭ، قۇلىقىڭىزغا دەيمەن.

ئۇ چۆچىگەندەك ماڭا قاراپ قويدى ـ يۇ، رازىمەنلىك بىلەن ئاستا ئېگىشتى.

ــ مەكتەپ ئەتراپىدىن ئۆي ئىجارىگە ئالايمىكىن دەيمەن.

ــ ئادەمنى قورقۇتمىسىڭىزچۇ.

ــ ياناقتا ئادەم كۆپ، پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىلىمۇ بولمىسا.

ــ ياق، قورقىمەن. بولدى، ئالمىلا قويۇڭ. خەق گەپ تاپىدۇ، ھازىر ئادەملەرنىڭ كەينىدىمۇ كۆزى بار بولۇپ كەتتى.

ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گەپ ئەمەس ئىدى. ئۇنى بۇنىڭغا قايىل قىلىمەن دېيىشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇ ۋاقتى كەلگەندە ئۇ ئۆيگە خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن بارىدۇ. بىز مەكتەپنىڭ يېنىدىكى بېكەتتە ئاپتوبۇستىن چۈشتۇق.

ــ بۈگۈن سىزنى مەن مېھمان قىلاي، ــ دېدى ئۇ قولۇمدىن تار-تىپ، ــ يۈرۈڭ، مەرلىكىم تۇتقان چاغدا پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماڭ جۇمۇ؟

ــ راستىمۇ؟

ـــ راست.
ـــ بوپتۇ ئەمسە.
ـــ ئەكىلىڭ، سومكىڭدىن بىرنى مەن كۆتۈرۈۋالاي.
قۇندۇز دىلبەر يوللۇق تۇتقان نان بار سومكىنى ئالدىراپ ئىلىۋالدى. يۈرىكىم پۇلاڭگىدە ئىغىپ كەتكەندەك بولدى. كەچۈرگىن، دىلبەر، ساڭا يەنە تۈزكورلۇق قىلدىم.
كوچا ـ كويدا قۇندۇز بىلەن بىللە يۈرگەن چېغىمدىمۇ خاتىرجەم بولالمىدىم. يۇرتۇمدىن كەلگەن تونۇش ـ بىلىشلەر تۇيۇقسىزلا ئۇچراپ قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. كۆرسە كۆرمەمدۇ دەيتتىم ـ يۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى دىلبەرگە يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقاتتىم. مەكتەپتە قۇندۇز بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا بىللە يۈرمىكىم تېخىمۇ تەس ئىدى. مەكتەپتە بىر يۇرتلۇق ئوقۇغۇچىلار كۆپ بولۇپ، ئۇلاردىن بەزىلىرى كۆرگەن ھەم ئاڭلىغانلىرىنى دىلبەرگە ئىيتماي ـ تىمىتماي يەتكۈزۈپ قوياتتى. قۇندۇز بىلەن ئالدا ـ سالدا ئۇچرىشىشلار يۈرىكىمنى تېخىمۇ بەك چاڭقىتىۋەتتى. مانا ئەمدى قىشلىق تەتىلگىمۇ نەچچە ھەپتىلا قالدى. مەن بىرەر پالا ـ كەتچىلىكنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇرساممۇ، يەنىلا بىر ئىغىز ئۆينى ئىجارىگە ئالدىم.
شەنبە كۈنى كەچقۇرۇن ئۆيدە قۇندۇزنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇر ـ دۇم. مەشتىكى ئوت يېلىنجاپ كۆيمەكتە. تەشنالىقتا يۈرىكىممۇ يالقۇنلاپ كۆيمەكتە. گۈگۈم قاراڭغۇلۇقى ئاستا ـ ئاستا زىمىننى قاپلىدى. بىردەم ـ بىردەم ئىشىككە قارايمەن. قۇندۇزنىڭ قەدىمىدىن تېخى شەپە يوق. تاقىتىم تاق بولۇپ، ئىشىك ئالدىغا چىقتىم. تار كوچىدىن ئادەملەر ئالدا ـ سالدا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. قۇندۇزنىڭ بىرەر ئىشى چىقىپ قالدىمىكىنە؟ ئەسلى خاتا قىلىپتىمەن، كەچقۇرۇن مەكتەپتىن بىللە كەلسەم بولۇپتىكەن. يېرىم سائەت ساقلاپ باقاي، يەنە كېلەلمىسە، مەكتەپكە ئالغىلى بارارمەن.

ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، بىر پارچە ژۇرنالنى قولۇمغا ئالدىم. كۆزۈم ژۇر-نالدا، بىراق خىيالىم قۇندۇزدا. ژۇرنالنى جايىغا قويۇپ قويدۇم. مۇشۇنداق چاغدا بىرەر ئىشقا قول بارسۇنمۇ؟ بىركىمنىڭ ئاياغ تىۋىشى يېقىنلاپ، ئىشىك ئالدىدا توختىدى. بۇ تونۇش تىۋىشتىن چۆچۈپ، يۈرىكىم بىردىنلا سېلىپ كەتتى. مەن زارىقىپ كۈتكەن قىز مۇشۇ تاپتا ئىشىك ئالدىدىلا ھودۇقۇشتىن ھاياجانلىنىپ تۇراتتى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئىشىككە قاراپ ماڭدىم. ئىشىكنى ئېچىپ، ماڭا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان قۇندۇزنى كۆردۈم.

— كەلدىڭىزما؟ چاپسان كىرىڭ.

ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۆيگە ئېلىپ كىردىم. ئىشىك پەردىسى ئۈستىمىزدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، تەكشى يېيىلىپ قالدى. بىز بىر-بىرىمىزگە تاشلىنىپ مەھكەم قۇچاقلاشتۇق. بىر جۈپ تەن، نە تەنكى، بىر جۈپ يۈرەك بىر — بىرىگە تەلپۈنگەن ئىدى. ئۇ بوينۇمغا مەھكەم گىرە سالدى. مەن ئۇنىڭ بېلىدىن قورۇپ، لېۋىمنى بوينىغا ياقتىم. قىزنىڭ تېنىدىن كېلىۋاتقان مەھلىيا قىلغۇچى پۇراق دىمىغىمغا ئۇرۇلۇشى بىلەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا تېخىمۇ مەھكەم چاپلاشتىم. كۆزۈمنى يۇمدۇم، ھەممىنى ئۇنتۇدۇم. قىز پۇرىقى ئەرلىك نازۇك ھېسلىرىمنى ئويغىتىپ، مېنى شېرىن لەززەت ئىچىدە مەست قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ تىزى ئاستىدىن قولۇمنى ئۆتكۈ-زۈپ، يەردىن يۇلۇپ ئالدىم. ئۇنىڭ بىر قولى ھېلىمۇ بوينۇمدا، بىر قولى پۇلاڭلاپ تۇراتتى. كۆزىنى ئاچسىلا شېرىنلىك يوقاپ كېتىدىغاندەك، ئۇ كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ، لېۋىنى تىشلەيتتى. مەن ئۇنى ئاۋايلاپ، كارىۋاتقا ئاستا ياتقۇزدۇم. قايتىپ بېرىپ، ئىشىكنى ئېتىپ قويدۇم. قۇندۇز سوزۇلۇپ ئوڭدا ياتاتتى، ھاياجاندىن ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆكسى كۆتۈرۈلۈپ — چۈشۈپ تۇراتتى. بۇ ھالەتتىن بىر ئىسسىق ئېقىم يۈرىكىمگە ئېقىپ كىردى. ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، كارىۋاتتا ئاستا ئولتۇردۇم. ئۇ يوتامغا بېشىنى قويۇپ، بېلىمدىن مەھكەم قۇچاقلىدى. مەن بارماقلىرىمنى تارغاق قىلىپ، ئۇنىڭ

چاچلىرىنى تاراپ قويدۇم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش سىرغىپ، يوتلىغا تامچىپ چۈشتى.

— نېمىگە ياش تۆكىسىز؟

بىلىمدىن مەھكەم قۇچاقلاپ ياش تۆكۈۋاتقان قىزدىن ھېچبىر زۇۋان چىقمىدى. ئۇنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ قويدۇم.

— ئېيتىڭە، نېمىگە ياش تۆكىسىز؟

ئۇ ئاستا تولغىنىپ، بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ ياش تۆكۈپ قىزارغان، كۆلۈۋاتقان، مۇڭلۇق كۆزلەردە كۆزلىرىمگە تىكىلىپ، بىر ھازاغىچە ئۈن-تىنسىز، ھەرىكەتسىز تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىر گېپى باردەك، ئەمما شۇ گەپنى دېگۈدەك جۈرئىتى يوقتەك، كۆزلىرىمگە ئىشەنچسىز، قوللارچە ھالەتتە تەلمۈ-رەتتى. ئۇ ئاغزىنى ئۈمەللەپ، تەستە زۇۋانغا كەلدى.

— سىز ئۆزىڭىزنى بەختلىك دېسىڭىز بولغۇدەك. چۈنكى مەن سىز-نى ياخشى كۆرىمەن، ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن. سىز نېمىشقا مۇشۇنداق مېھرى ئىسسىق يارىلىپ قالغان بولغىيتتىڭىز؟

قۇندۇز بىردىنلا ئورنىدىن قوپۇپ، مېنى قۇچاقلاپ باستى، ئەسە-بىيلىك بىلەن مۈرەمنى چىشلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ياۋايىلارچە مەستانە قىلىقلىرىدىن ئۇنىڭ كۈچلۈك مۇھەببىتىنى سېزىپ، ئىككى مۈرەمگە ئۆتكۈر چىشلىرىنىڭ پاتۇرۇلۇشىدىن ئاغرىق ھېس قىلمىدىم، مەن ئۇنى ئۆزۈمدىن ئاجرىتىش ئۈچۈن مىدىرلاپمۇ قويمىدىم. ئۇ ھېرىپ، ئاخىرى بېشىنى كۆ-تۈردى. ئۇ مېنىڭ مىت قىلماستىن ياتقانلىقىمنى كۆرۈپ، ئۆزىنى كۆرپىگە تاشلاپ يەنە يىغلاشقا باشلىدى... ئۇنىڭ ياش يۇقى، قىزارغان كۆزلىرىگە ئاستا — ئاستا كۈلكە يامىشتى. ئۇ نازلاپ، ئەركىلەپ كىلىپ، ياقامنى قايرىدى. ئۇ ئىككى مۈرەمدىكى قان ئۇيۇپ قالغان قارامتۇل ئىزلارنى كۆرۈپ، مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلدى.

— سىزنىڭ يۈرىكىڭىز ئاغرىمىغاندىكىن، مۈرىڭىز بولسىمۇ ئاغرىپ

باقسۇن...

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، چىرايىم بىردىنلا تۇتۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ تارتىپ، ئالقىنىنى كۆكرىكىمگە ياقتىم.

— بۇ گېپىڭىزچە، مەن سىزنى ياخشى كۆرمەيدىكەنمەن، شۇنداقمۇ؟

— ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. لېكىن سىزنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈشىڭىز، مېنىڭ سىزنى ياخشى كۆرۈشىمدەك كۈچلۈك ئەمەس.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، چىرايىم تېخىمۇ بەكرەك تۇتۇلۇپ كەتتى. قۇندۇز نېمىشقا مېنىڭ مۇھەببىتىمدىن گۇمانلىنىدۇ؟ ئۇنى دەپ، ئائىلەمنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىۋاتىمەن. دىلبەر ھازىر ئېغىر ئاياغ، ئۇ كۆيۈنۈشكە، كۆتۈنۈشكە موھتاج. مەن تۇنجى بالامنىڭ ساغلام، تىمەن، ئەقىللىق بولۇشى ئۈچۈن بولسىمۇ، ئائىلەمگە كۆڭۈل بۆلۈشۈم كېرەك ئىدى. مەن ئائىلەمگە، بالامغا بېغىشلىنىدىغان مېھىر — مۇھەببىتىمنى مۇشۇ قۇندۇزغا بېغىشلاۋاتىمەن. مېنىڭ شۇنچىلىك قىلغانلىرىممۇ يېتەرلىك ئەمەس ئىكەن — دە؟ مەن بۇ قىزنىڭ ئىشەنچىسىگە تېخى ئېرىشەلمىگەن بولسام، يەنە قانداق قىلىشىم زۆرۈردۇ؟

قىزلارنىڭ ھېس — تۇيغۇلىرى نازۇك، توغرا، ئىشەنچلىك بولىدۇ. مەن دىلبەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى قايتا — قايتا ئىزھار قىلدىم، لېكىن ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى ھەقىقىي سۆيىدىغانلىقىمدىن گۇمانلىنىپلا كەلدى. مەن قۇندۇزغىمۇ كۆڭلۈمنى قايتا — قايتا ئىزھار قىلدىم، مانا بۈگۈن ئۇمۇ مۇھەببىتىمدىن گۇمانلانماقتا. شۇنىڭغا تەن بەردىمكى، مەن پەقەت رۇقىيەنىلا ئەڭ چوڭقۇر ھېسسىياتىم بىلەن ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن ئىكەنمەن، ئۇنىڭغا ئەسلى — ۋەسلىم بىلەن ئاشىق بولغان ئىكەنمەن. بۇ ئاشىقلىقنى خۇدا دىلىمغا سالغان ئىكەن. كەچۈرگىن، دىلبەر، كەچۈرگىن، قۇندۇز... سىلەرگە بۇنى دېيەلمەيمەن. سىلەرنى ئالدىغۇم يوق ئىدى، بىراق ئامالىم يوق، رۇقىيە يەنىلا يۈرىكىمدىن چىقىپ كەتمەپتۇ.

قۇندۇز چىرايىمدىكى غەمكىنلىكنى كۆرۈپ، بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ مۇزلاپ كېتىۋاتقان بەدىنىمنى قىزنىق بارماقلىرى بىلەن سىلاشقا باشلىدى. قىزنىڭ بارماقلىرى سۆركەلگەنسېرى يۈرىكىم ئاستا ـ ئاستا شېرىن ھېسلارغا تولۇپ، ۋۇجۇدۇمدىكى كۈچ ـ قۇۋۋەت ئويغىنىشقا باشلىدى. ئورنۇمدىن ئاستا قوپتۇم ـ دە، ئۇنىڭ بېلىدىن قامالاپ تارتتىم. ئۇ كۆزلىرىمدىكى ھاۋايى-ھەۋەس ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈپ، بىچارىلارچە يالۋۇردى:

— ماڭا چېقىلماڭ... ماڭا چېقىلماڭ، بولامدۇ؟

مەن ئۇنى پۈرلەپ ئاستىمغا باستىم. قايسىبىر قىز نازلىمايدۇ؟ قۇندۇزنىڭمۇ چوقۇم مۇشۇنداق قىلغۇسى بار. مەن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرماقچى بولدۇم.

— مۇنداق قىلماڭ، سۇلتان... بۇ مەجبۇرلايدىغان ئىش ئەمەس...

ئۇنىڭ ماڭا تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىكى ياشنى، يالۋۇرۇشنى كۆرگىنىمدە، ئۇنىڭ راستتىنلا رازىلىقى يوقلۇقىنى بىلدىم. چېكىنىلىپ كەتكەن ئەسەبىلىرىم ئاستا ـ ئاستا بوشىشىپ، قوترىغان كۈچلۈك ھەۋىسىم ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ كەتتى. روھسىز، ئېغىر تېنىم قۇندۇزنىڭ ئورۇق، ئاجىز تېنى ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشتى. ئۇ مېنىڭ مەيۈس ھالىتىمگە قاراپ، يالۋۇرغاندەك ئۈندە:

— مەندىن رەنجىپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

بېشىمنى چايقىدىم. ئىختىيارسىز قۇچۇقۇمدا ياتقان قىزنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم. ھازىر قۇندۇزنىڭ مۇھەببەتلىشىۋاتقان يىگىتى بار. ئۇ ئۆز يىگىتىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈنلا مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭمۇ دىلبەردىن ئۆچ ئېلىشىمنىڭ ۋاستىسىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بىلمەيدۇ. قۇندۇز مېنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا ھازىر ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ، خىيانەت، پاكلىق... دېگەنلەرنى ئويلىمايدۇ. ئۇ ئۆز مۇھەببىتىنىڭ بىر ئائىلىنىڭ بەختىنى زورلۇق

بىلەن تارتىۋېلىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، بۇ سۆيگۈدىن ۋاز كەچكۈسى كەلمەيدۇ. ئۇ مېنىڭ ئايالىمنى ئۆيلىمىغان بىلەن، مەن ئۇنىڭ يۈرگەن يىگىتىنى ئۆيلىشىم كېرەك... دىلبەرنىڭ يەڭگىلتەكلىكى، كۆرەڭلىكى تويدىن ئىلگىرى مېنى قانچىلىك ئازابلىمىدى؟ ئەگەر قۇندۇز ئۇ يىگىت بىلەن توي قىلىپ قالسا، ئۇ يىگىت قۇندۇز بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارنى ئاڭلاپ قالسا، ماڭا ئوخشاشلا ئازابلىنىدۇ. مەن دىلبەردىن ئۆچ ئېلىش ئىستىكىدە ھەرقانچە تەلۋىلەشسەممۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ بەختىنى ئويلىشىم كېرەك. قۇندۇزمۇ ۋاقىتلىق ئاچچىقىنىڭ قوترىتىشى بىلەن مۇشۇنداق قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، كېيىن ئۇ بەربىر ئاشۇ يىگىتى بىلەن يارىشىپ قالىدۇ...

— بىز بۇندىن كېيىن... ئىزدەشمەيلى...

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. گەرچە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىشنى نىيەت قىلغان بولساممۇ، بىراق ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغىنىمدا، يەنىلا چىدىمىدىم. ياستۇقتىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، يېنىمدا ياتقان قىزنىڭ مۇڭلۇق، دەردمەن كۆزلىرىگە باقتىم.

— بولۇپتۇ، — دېدىم رازىمەنلىك بىلەن، — ئىزدەشمىسەك مەيلى. بۇ ئايرىلىش مەن ئۈچۈن ھەرقانچە ئازابلىق بولسىمۇ، يەنىلا سىزنىڭ بەختىڭىز ئۈچۈن بەرداشلىق بېرىمەن. مېنىڭغۇ سىزدىن قەتئىي ئايرىلغۇم يوق. بولۇپتۇ، سىز مەندىن شۇنى تەلەپ قىلغان ئىكەنسىز، مەن بۇنىڭغا رازى.

ئۇ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى. مەن شۇندىلا ئۇنىڭ چاقچاق سۆزلىرىگە ئىشىنىپ قالغانلىقىمنى سېزىپ، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۈلۈپ كەتتىم.

— سىزنى نېمە دەيدىكىن دەپ، چاقچاق قىلغانتىم، — ئۇ ئەپۇ سوراش ئۈچۈن ئورنىدىن قوپۇپ، يۈزۈمگە بوشقىنە سۆيۈپ قويدى، — سىز شۇنداق سەممىي، ساختىلىق قىلىشنى پەقەت بىلمەيسىز. سىزنىڭ ئور-

نىڭىزدا باشقا بىرسى بولغان بولسا، يالغان قەسەملەرنى ياغدۇرۇۋېتەتتى.

— سىز مېنى ياخشى كۆرىسىز، شۇڭا سىزنى قانچە قەدىرلىسەممۇ ئازلىق قىلىدۇ. مەنمۇ سىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا سىزنى ئالداشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ.

ئۇ قىزىل گۈل بەرگىسىدەك ئېگىلىپ، بېشىنى مەيدەمگە ئاستا قويدى. بېشىمىز يەنە يالتۇققا يەتكەندە، ئۇ كۈلكە — ناز بىلەن يالۋۇردى:

— كۆڭلىكىم پۇرلىشىپ كەتتى، سىلىقۋېتەي...

دىلبەرنىڭ تېنى تەگكەن تېنىمگە ملنا ئەمدى قۇندۇزنىڭ تېنىمۇ تەگدى. ئۆيدە ئېغىر ئاياغ قالغان دىلبەر بۇنى بىلمەيدۇ، ئۇ ئېرىنى باشقا بىر قىزنىڭ ئىگىلىۋالغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. مەن قۇندۇزنى قۇ- چاقلاپ يېتىپ، ئىختىيارسىز يەنە ئويلىنىپ قالدىم. قۇندۇز ھازىر كۆپ ئىشلارنى بىلمەيدۇ. مەن بۇ قىز بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇر بولىدىغان ئىشنى قىلىپ قويسام، ئۇ چاغدا ئايالىمنى، بالامنى قانداق قىلىمەن؟ بەلكىم، قۇندۇزنىڭ مېنى دىلبەردىن تارتىۋېلىش غەرىزىمۇ باردۇ... مەن ماڭا تەشنا بولۇپ، قىپيالىڭاچ ھالەتتە كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ياتقان قىزنىڭ يېنىدا غەمگە پېتىپ يېتىپ قالدىم. يېنىمدا تولغىنىپ ياتقان قىز مېنى قۇۋۋەتسىز، ھېسسىياتسىزكەن دەپ مەسخىرە قىلىۋاتقاندۇ...

※ ※ ※

شەنبە كۈنى كەچقۇرۇن قۇندۇز بىلەن بىللە تاماققا چىقماقچى بولدۇق. ياتاقتا كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرىۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلىپ، ياتاققا دىلبەر كىرىپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ، قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. گۈلدەك ياسانغان چىرايلىق ئايالنى كۆرۈپ، باشقىلارمۇ ھاڭ — تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى. نېمە سەۋەبلىكىنى بىلمىدىم، ئۇ

ئەزەلدىن كۆزۈمگە بوگۈنكىدەك مۇنچە چىرايلىق كۆرۈنۈپ باقمىغان ئىدى.
— ۋوي، قىلىداق تېپىپ كەلدىڭىز؟
— سوراپ تېپىپ كەلدىم شۇ.
— ئۆيۈاقلار تىنچلىقتۇ؟ ئاتام ـ ئاپاملار ياخشى تۇرىۋاتقاندۇ؟
— ياخشى، ھەممىسى تىنچلىق.
— كېلىڭ، كارىۋاتقا ئولتۇرۇڭ. بۇ ئايلىق مېنىڭ ئايالىم بولىدۇ، ئىسمى دىلبەر.
دىلبەر ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىر قۇر سالاملاشتى. ئۇ مېنى يوقلاپ ئېلىپ كەلگەن نان، مېۋە ـ چېۋىلەرنى ئوتتۇرىدىكى ئۈستەلگە قويدى.
دىلبەر ئايالىلارغا خاس ناز ـ تەۋەززۇ بىلەن:
— قېنى، ھەممىڭلار ئېغىز تېگىڭلار، — دېدى.
دىلبەر ياتاقداشلىرىمنىڭ بىر ئاز يېتىرقاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەر بىرەيلەنگە بىر تالدىن ئالما تۇتتى. ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىنى بىرەرسىمۇ يالىدۇرمىدى. مېنىڭ كۆزۈم ئايالىمدا، باشقىلارنىڭ كۆزى ئىككىمىزدە ئىدى.
— ئىككىڭلار كەڭ ـ كۇشادە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇڭلار، بىز سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرەيلى.
— ياق ـ ياق، ھاجىتى يوق، — دېدىم ئورنۇمدىن تۇرۇپ، — بىز تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە بارساقمۇ بولىدۇ. تالا سوغۇق، نەدە يۇرىسىلەر. دىلبەر، يۈرۈڭ، شۇنداق قىلايلى.
ئىككىمىز سىرتقا قاراپ ماڭدۇق. قۇندۇز مۇشۇ تاپتا مەكتەپ دەرۋا-زىسى يېنىدىكى ماگىزىندا مېنى ساقلاپ تۇراتتى. ئەمدى قىلىداق قىلغۇلۇق؟ بىردىنلا كۆڭلۈمدىن دىلبەرنى قۇندۇزغا كۆرسىتىپ قويۇش خىيالى كېچىپ ئۆتتى. مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقتۇق.
— ماۋۇ يەردە بىردەم تۇرۇپ تۇرسىڭىز، ماگىزىندىن تاماكا ئېلىپ چىقىۋالغان بولسام.

دىلبەر رايىشلىق بىلەن يول ياقىسىدا قېپقالدى. ماگىزىن ئالدىغا كەلسەم، قۇندۇز دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرۇپتۇ.

— ئۇ كىم بولىدۇ؟ — دېدى قۇندۇز ئىشىكتىن كىرىشىمگە، — ئاياللىكىڭىزمۇ؟

ئۇنىڭ كۆزلىرىگە گۇناھكارلاردەك قاراپ قويۇپ، بېشىمنى بوشقىنە لىڭشىتتىم. ئۇنىڭ ئاغزى ئۈمچىيىپ، چىرايى بىردىنلا مەيۇس تۈس ئالدى.

— قاچان كەپتىكەن؟

— ھېلى... بايائىنلا...

— چاپسان چىقىڭ، ساقلاپ قالمىسۇن.

— رەنجىمەڭ، كېلىشىدىن مېنىڭمۇ خەۋىرىم يوق.

— مەن چىقاي... خوش...

— مەندىن رەنجىمەڭ، بولامدۇ؟

ئۇ گەپلىرىمگە پىسەنت قىلماستىن چىقىپ كەتتى. بىركىم ئۈچەي-باغرىمنى سىيرىۋالغاندەك ئۇنىڭ كەينىدىن ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم. بۇزۇلدى، ھەممە ئىش تۈگىدى. ئۇنىڭ مۇنچە خاپا بولۇپ كېتىشىنى پەقەت ئويلىماپتىمەن. ئىسىت، خاتا ئىش قىلىپتىمەن، ئەسلىدە ئۆزۈم يالغۇز چىقىپ، ئەھۋالنى قۇندۇزغا چۈشەندۈرۈپ قويسام بوپتىكەن. بىر قاپ تىلماكا ئالدىم — دە، ئۆكسۈلۈم ئۈچكەن ھالدا ماگىزىندىن قايتىپ چىقتىم. مۇشۇ ئەپتىمنى ئاياللىم كۆرسە، نېمىدەپ قالىدۇ؟ مەن زورىغا كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭ يېنىغا باردىم.

— ماڭامدۇق؟

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ئۈن — تىنسىز ھالەتتە ماڭا ئەگەشتى. بىز كوچا ئاپتوبۇسىغا چۈشۈپ، تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن دىلبەر بىلەن بىللە بازار ئايلاندۇق. چۈشتىن كېيىن پويىز ئىستانسىسىغا بىللە بېرىپ، ئۇنى يولغا سېلىپ قويدۇم. ئۇ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم ھالەتتە كېتىپ قالدى. مەنمۇ كۆڭلۈم ئىنتايىن بىسەرەمجان ھالەتتە مەكتەپكە قايتىپ كەلدىم.

كەچلىك مۇزاكىرىدىن تارقاپ، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدا قۇندۇزنى ساقلاپ تۇردۇم. بىر چاغدا ئۇ ئىچىمنى سىيرىلغۇدەك مەيۈس ھالەتتە چىقىپ كەلدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ، لاپپىدە بىر قارىدى ــ دە، ئىتتىك بىلەن توختىدى.

ــ خاپا بولماڭ.

ــ ياقەي، نېمىشقا خاپا بولاتتىم.

ــ كېلىشىدىن مەنمۇ قەتئىي خەۋەرسىز... ئۆزۈممۇ چۆچۈپ كەتتىم. شۇنچە تۇيۇقسىزلا...

ــ سىزنى سېغىنغاندۇ، يوقلاپ تۇرمىسا بولامدۇ.

بىز دائىم بىللە سىردىشىدىغان خالىي جايغا قاراپ ماڭدۇق. دەرەخلەر ئاستىدىكى ياغاچ ئورۇندۇققا ئولتۇردۇق. ئۇنىڭ يۇمران قولىنى تۇتۇپ، كۆزلىرىگە تەلمۈردۈم.

ــ راست گەپ قىلىڭە، سىز ھازىرمۇ مەندىن خاپىمۇ؟

ــ خاپا بولمىدىم. ئايالىڭىز بەك چىرايلىقكەن، تارلىقىم كەلدى شۇ. ئايالىڭىزنىڭ مۇنچە چىرايلىق ئىكەنلىكىنى پەقەت ئويلىماپتىمەن. كۆرۈپ، راستىنلا تارلىقىم كەلدى.

ئۇ شۇ گەپلەرنى دەپ بولغۇچە، ئاۋازىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى، گېپىنىڭ ئاخىرى يىغا بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى.

ــ سىزمۇ چىرايلىق، سىز ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىققۇ؟

ــ ياق، بىلىمەن، سىز مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياساۋاتىسىز.

ــ راست، ئۇ ھەقىقەتەن چىرايلىق. لېكىن سىز مېنىڭ ئازابىمنى

چۈشەنمەيسىز.

— شۇنچە چىرايلىق قىز بىلەن توي قىلىپ بىرگە ياشاش سىزگە نېسىپ بولغان تۇرسا، يەنە نېمىگە ئازابلىنىسىز؟

— بۇنى سورىماڭ. قىز بالا دېگەن چىرايلىق بولسىلا ھېساب ئەمەس ئىكەن.

ئۇ بېشىنى مەيدەمگە ئىلستا قويدى.

— بۇ دۇنيا مۇشۇنداق... تەڭشەلمىگەن ئالەم...

ئۇنىڭ ئېگىكىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزۈمگە قاراتتىم. مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلەر بىر — بىرىگە ئۇزاق تەلمۈردى. ئۇ قۇچىقىمغا ئولتۇرۇپ، بوينۇمغا گىرە سالدى — دە، ئاخشام دىلبەر سۆيگەن لەۋلىرىمگە ئەسەبىيلىك بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى... قۇچىقىمدا قۇندۇز، لېكىن كۆز ئالدىمدىن دىلبەر بىردەممۇ نېرى كەتمىدى. بۇ دۇنيا مۇشۇنداق، بۇ دۇنيا مانا مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق...

※ ※ ※

مەۋسۇملۇق ئىمتىھانلار ئاخىرلىشىپ، بىزنى قىشلىق تەتىلگە قويۇپ بەردى. چۈشتىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار يۇرتلىرىغا قاراپ يولغا چىقتى. مەن قۇندۇزغا تارتىنىپ، ئەتە يولغا چىقىدىغان بولۇپ قېپقالدىم.

كەچقۇرۇن بىز دائىم بارىدىغان ئاشخانىدا بىللە تاماق يېدۇق. ئۇ ئۇ-دۇلۇمدا ئولتۇرۇپ، كۆزلىرىمگە ئۇزاقتىن — ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىنتايىن خۇمارلىق ئىدى، بۇ بىر جۈپ كۆزدە ھېسسىيات ئۇچقۇنى چاچراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاجايىپ ئوتلۇق ئىدى، بۇ بىر جۈپ كۆز ھەر بىر باققىنىدا، ئادەمنىڭ يۈرەك — باغرىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتەتتى. ئۇنىڭ

كۆزلىرى بەكمۇ ئويچان ئىدى، بۇ بىر جۈپ كۆزدىن تەلپۈنۈش، سۆيۈش، تەشنالىق، سوئال... ھەممە تېپىلاتتى. بۇ قىزنىڭ كۆزلىرىدىكى مېھىر، ئوت، سېھىر، مىسكىنلىك مېنىڭ بارلىقىمنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان ئىدى. مەن چوكىنى قويۇپ قويدۇم.

— نېمە بولدى، نېمىشقا يېمەيسىز؟

— ئىچىم ئىسسىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدىم ئاغزىمنى قەغەزدە ئېرتىپ تۇرۇپ، — سىزگە قارىغانچە، ئىچىم بىر يەر كۆيگەندەك بولىۋاتىدۇ.

— ئۇنداق دېمەي، زورلاپ يەڭا.

— ياخشى كۆرگەن ئادەم بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يېمەكمۇ تەس ئىشكەن. قارىشىپ ئولتۇرسا، ئادەمنىڭ ئىشتىيىمۇ تۇتۇلۇپ كېتىدىكەن. سىزگە قاراپ ئولتۇرۇپ، قورسىقىممۇ لىققىدە بولۇپ قالدى.

بىز تاماقتىن كېيىن ئىجارىگە ئېلىنغان ئۆيگە قاراپ ماڭدۇق. ئەتە ھەر ئىككىمىز ئىككى ياققا قاراپ يولغا چىقاتتۇق. قىرىق نەچچە كۈن ئايرىلىدىغانلىقىمىز يادىمغا يېتىپ، ئۈستى ـ ئۈستىگە ئاھ ئۇردۇم.

— شۇنداق قىلىپ، ئەتە ماڭامسىز؟ — دېدىم ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيماي.

— ھەئە، — دېدى ئۇ كۆڭلى يېرىم ھالدا، — ماڭمىسام بولمايدۇ.

— ئۆگۈنلۈككە ماڭسىڭىزچۇ؟

— ئەتە ماڭاي، بەرىبىر ئايرىلىدىغان گەپ.

مەشكە ئوت قالاپ قويۇپ چىقىپ كەتكەن ئىدىم، ئۆي خېلىلا ئىسسىپ قاپتۇ. قۇندۇز كىيىملىرىنىمۇ سالماستىن، خىيالچان ئولتۇرۇپ كەتتى. ئەتىدىكى ئايرىلىشنى خىيال قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ پەرىشان بولىۋاتامدىغاندۇ؟

— ئۆينى قايتۇرۇۋەتمەي. ئەتىل بەك ئۇزاق، سىزنى كۆرمىسەم، پەقەت چىدىيالمايمەن. ئەتىلدە ھېچ بولمىسا، بىرەر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈشەيلى.

ئۇ ماڭا قاراپ قويدى ــ يۇ، ئۈندىمىدى. ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، چاپىنىنى سالدۇردۇم. ئۇ يەنىلا ئىپادىسىز ئولتۇرىۋەردى.

— نېمە بولدى، كۆڭلىڭىز نېمىگە مۇنچە يېرىم؟

ئۇ قاراپ قويدى ــ يۇ، يەنىلا زۇۋان سۈرمىدى:

— نېمە بولدى؟ جېنىمنى ئالسىڭىزمۇ ئېلىڭ، لېكىن گەپ قىلىڭە؟ ھە، دەڭە، زادى نېمە بولدى؟

ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. ئۇ قولۇمنى مەھكەم سىقىپ، كۆزلىرىمگە ئۇزاققىچە ئەلەم بىلەن تىكىلدى.

— بىز توغرا بولمىغان، باشقىلار بىلسىمۇ نەپرەتلىنىدىغان، مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدىغان، پەقەت ئىككىمىز ئۈچۈنلا ۋاقىتلىق خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغان بىر خىل مۇناسىۋەتنى ھېچقانداق مەقسەتسىز، مەسلىھەتسىزلا ئورناتتۇق. قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرساقمۇ، يەنىلا ئاربلاشتۇق، مانا مۇشۇ كەمگىچە ئارىلىشىۋاتىمىز. ھازىر مەندە بۇرۇنقى يىگىتىمگە قارىتا ھېچقانداق ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتى قالمىدى. ئەگەر بار دېيىلسە، پەقەت ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتىلا قالدى. ئۈچ يىللىق ياخشى كۆرۈشنىڭ ئورنىنى سىز نەچچە ئايدىلا ئىگىلەپ بولدىڭىز. كېيىن سىز بىلەن بەرىبىر بىرگە بولالمايدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرىمەن، سىزنىڭ ئايالىڭىز بارلىقىنىمۇ بىلىپ تۇرسامۇ، يەنىلا توي قىلىپ بولغانلىقىڭىزغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. سەزگۈلىرىم مېنى ئالداۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ ــ دە، سىزدىن ئايرىلىش تولۇق، ئەكسىچە سىزنى بارغانسېرى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ كېتىۋاتىمەن. ئۆز ۋاقتىدا مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم، يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭدىن سوۋۇدۇم، ئۇ ھازىر يۈرىكىمدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتتى، ئەمدى قەلبىمگە سىز سىڭىپ كىردىڭىز. گويا ھاياتىمدا سىز بولمىسىڭىز، ماڭا ياشاشنىڭ مەنىسى يوقتەك بىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ قوللىرىنى ئالقانلىرىم ئارىسىغا ئېلىپ، مەھكەم سىقتىم.

بېشمنى ئېگىپ، ئۇنىڭ چاچلىرىنى سۆيۈپ قويدۇم. ئۇ نەچچە قېتىم چوڭقۇر تىنىۋەتتى.

— بىزنىڭ مەڭگۈ بىرگە بولالمايدىغانلىقىمىزنى ئويلىسام، قاتتىق ئازابلىنىپ كېتىمەن. ئۇزاق كېچىلەردە مېنىڭ ياش تۆكۈۋاتقانلىقىمنى ھېچكىم كۆرمەيدۇ. مەن قانچە يىغلىماي، سىزنى قانچە ئويلىماي، بۇ بەربىر ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئەخمىقانە ئىش. شۇنداق بولسىمۇ، مەن يەنىلا ھازىرغىچە ئۆزۈمنى ئالداپ كەلدىم. بۇ كۆڭلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر. بەلكىم، كېيىن سىزنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاستا — ئاستا بۇرۇنقىدەك ياخشى ئۆتۈپ كېتەرمەن. ياكى بولمىسا، سىزنى ئويلاپ، ئۇزۇن يىللارغىچە ئازاب ئىچىدە تەنھا ياشارمەن.

قۇندۇز بۇياققا قايرىلدى. ئىككى قولۇمنى ئىككى ئالقىنى ئارىسىغا ئېلىپ، يۈزىگە تاگدى — دە، كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى، ئىلتىجا بىلەن كۆزلىرىمگە تەلمۈردى.

— بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئاربلاشمايلى، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ، — بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى ئويلايلى. سىز ئۆئىلىگىزنىڭ ئىناقلىقىنى ساقلاڭ، مەنمۇ ئانا — ئانامنى ئاياي. مەن ئۇلارغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلىپ قويماي دەپ بەكمۇ ئەنسىرەيمەن. مۇنداق دېسەم، مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ دەپ ئويلاپمۇ قالماڭ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىسىز-لىقتىن، بەكمۇ تەستە دەۋاتىمەن. مەن سىزنى بۇرۇنقىدەكلا ياخشى كۆ-رمەن، ھۆرمەت قىلىمەن. بۇ سۆزلىرىم ئۈچۈن ماڭا ئەمدى سوغۇق مۇئامىلە قىلماڭ. بولمىسا، سىزنى بۇرۇن مېنى ياخشى كۆرمەپتىكەن دەپ ئويلاپ قالىمەن. بۇندىن كېيىن مېنى ئۇنتۇپ قالماڭ، لېكىن ئىزدىمەڭ. مۇشۇنداق قىلالامسىز؟ ماڭا ۋەدە بېرىڭ، سۇلتان. مېنى ياخشى كۆرسىڭىز، لەۋزىمنى يەردە قويماڭ.

— ياق، بولمايدۇ، مەن سىزدىن قانداقمۇ ئايرىلىپ قالالايمەن؟ سىزنى

قانداقمۇ ئۇنتۇپ كېتەلەيمەن؟ مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، بۇ مېنىڭ ئۆز ئىختىيارىم ئەمەس، قۇندۇز. مەن ئۆزۈممۇ سەزمەستىن سىزگە باغلىنىپ قاپتىمەن. بىراق بۇ سەۋەبلىك ئۆزۈمنى ئەيىبكە بويرۇمىدىم. ئادەمنىڭ بىر-كىمنى ياخشى كۆرىمەن دەپلا ياخشى كۆرەلىشى، بىركىمنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۆزىنى بۇ ياخشى كۆرۈشتىن چەتكە ئالىمەن دەپلا چەتكە ئالالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئادەمنىڭ قەلبى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بويسۇنمايدۇ. مەنمۇ باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش پۈت ــ قولۇمنى باشقۇرالىغىنىم بىلەن يۈرىكىمنى باشقۇرالمايمەن. مېنىڭ يۈرىكىممۇ باشقىلارنىڭ يۈرىكىگە ئوخشاشلا ئەركىن. ئۇ كىمنى سۆيگۈسى كەلسە، شۇنى سۆيىۋېرىدۇ. مېنىڭ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىممۇ شۇنداق بولدى. راستىنى دېسەم، مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمدىن خۇشال بولسام، سىزگە ئېرىشەلمىگەنلىكىمدىن بەكمۇ ئازابلاندىم. بىز ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە ئارزۇيىمىزغا يېتەلمەسمىزمۇ؟ ھا-ياتلىق نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق چەكلىمىلەردىن تەركىب تاپقان؟ بىز نېمىشقا خالىغان ئادەملىرىمىز بىلەن مۇرادىمىزغا يېتەلمەيمىز؟ سىز دەپ بېقىڭە، قۇندۇز؟ ئەمدى قانداق قىلىپ بۇرۇنقى مۇناسىۋەتكە قايتقىلى بولىدۇ؟ بىز ھېسسىياتىمىزنى، يۈرىكىمىزنى بوغىمىزمۇ؟ مۇھەببىتىمىزنى زىندانغا تاشلاپ قويىمىزمۇ؟ بىز بۇ ئۇن بەش كۈنلۈك ئالەمدە بىكاردىن ــ بىكار ئۆزىمىزنى ئازاب دېڭىزىغا ئىتتىرىمىزمۇ؟ مەن بۇ ياقتا سىزگە تەلمۈرۈپ، سىز ئۇ ياقتا ماڭا تەلمۈرۈپ، يەنىلا يېقىن كەلمەسلىك ۋەدىمىزگە ئەمەل قىلىپ يا-شايمىزمۇ؟ ياق، بولمايدۇ! مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، داۋاملىق ياخشى كۆرىمەن. مېنىڭ قەلبىمگە ئازار بەرمەڭ، يۈرىكىمنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇڭ، يۈرىكىمنىڭ سىزنى داۋاملىق سۆيۈشىگە رۇخسەت قىلىڭ...

ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى قۇچىقىمغا ئاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئوقچۇپ چىقىپ، مەڭزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى.

— بىز نېمە ئۈچۈن ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنى

قىنايمىز؟ مۇشۇلارنى ئويلىسام، بەكمۇ ئازابلىنىپ كېتىمەن. تەقدىرنىڭ ئىككىدىن ئارتۇق ئادەم پاتمايدىغان بۇ تار يولدا بىزنى ئۇچراشتۇرۇپ قويغانلىقىدىن ئىنتايىن ئازابلىنىپ كېتىۋاتىمەن. خۇددى ئىككىمىز مەڭگۈ بىر يەرگە كەلمەسلىككە پۈتۈشۈپ قويغاندەك، بىر ـ بىرىمىزگە مۇشۇنداق تەلمۈرۈپلا ئۆتۈپ كېتىمىزمۇ؟ بۇنداق كۆيۈش، ئازابلىنىشلار يەنە قانچىغىچە داۋاملىشىدۇ؟

ـــ بولدى قىلىڭ، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، مۇھەببىتىمىز پۈتۈنلەي بەربات بولغاندەك، نېمىگە مۇنچە ياش تۆكىسىز؟

ـــ مەن راستىنلا كېچىكىپتىمەن. تەقدىر بىزنى ئىككى يىل، پەقەت ئىككى يىل بۇرۇنراق ئۇچراشتۇرغان بولسىچۇ، كاشكى. مانا هازىر بىر ئايالنىڭ ئېرىگە باغلىنىپ قالدىم. مېنىڭ كېچىكىپ قېلىشىممۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىدۇ. خۇدا مېنى سىزگە ئاشىق قىپتۇ ـ يۇ، ئىككىمىزنىڭ قوشۇلۇشىنى نېسىپ قىلماپتۇ. ئايالىڭىزغا ئىچىم ئاغرىيدۇ، مەن ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن. بىلىمەن، مەن توغرا قىلمىدىم، سىزنىڭ ئايالىڭىز بارلىقىنى بىلگەندىكىن، سىزنى ھەرقانچە ياخشى كۆرسەممۇ، ئۆزۈمنى تارتىشىم كېرەك ئىدى. ھېسسىياتىم ئالدىدا ئاجىز كەلدىم، ھەرقانچە قىلىپمۇ، ئۆزۈمنى باشقۇرالمىدىم. ئايالىڭىز بەك چىرايلىقكەن، ئۇنى سۆيۈڭ، قەدىرلەڭ.

قۇندۇزنىڭ كۆزىنى نەچچە قېتىم سۈرتۈپ قويدۇم. شۇندىمۇ ئۇنىڭ كۆز يېشى پەقەت توختىمىدى. كۆچلۈك ھاياجاندىن ئۇنىڭ نەپىسى بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كەتتى. گۈلشەننىڭ «قۇندۇزنىڭ يۈرىكى ئاجىز، ئۇ داۋاملىق ئازابلىنىشىڭىزغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئۇ ھاياتىغىمۇ ئۈمىدسىزلىك بىلەن قارايدۇ. ھەتتا پاتلا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك گەپلەرنى قىلىدۇ» دېگەن سۆزلىرى يادىمغا يەتتى. بىردىنلا مېنى قورقۇنچ باستى. ئەمدى قانداق قىلسام، ئۇنىڭدىكى ھاياجاننى پەسەيتەلەيمەن؟

ـــ بولدى قىلىڭ، قۇندۇز... قۇندۇز، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ

دېمەن، — دېيەلىدىم ئارانلا.

— ئۆتكەندە ئايالىڭىزنى كۆردۈم. دەسلەپ تارلىقىم كەلگەن ئىدى. ئويلاپ باقسام، چىرايلىقلىقىغا قاراپ چىدىماپتىمەن. مەن ئاچچىقلانغان بىلەنمۇ، سىز يەنىلا ئۇنىڭ. مېنىڭدە سىزنى ئايالىڭىزدىن تارتىۋېلىش غەرىزى يوق. ئايالىڭىز ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشنى بىلسە، چوقۇم مېنى ئەيىبلەيدۇ. شۇنداق، راستىنلا ئەيىبلەيدۇ. ئايالىڭىز مېنىڭ سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلسە، چىن سۆيگۈنىڭ نېمىلىكىنى ھەقىقىي چۈشەنسە، يەنىلا مېنى كەچۈرىدۇ، ھەتتا مېنىڭ سىزنى داۋاملىق ياخشى كۆرۈشۈمگە رۇخسەت قىلىشى مۇمكىن. بۇغۇ بىر خام خىيال، رومانتىك خىيال. مەن يەنىلا ئايالىڭىزنىڭ بۇ ئىشلارنى بىلىپ قالماسلىقىنى تىلەيمەن، سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزغا تەسىر يېتىپ قېلىشىنى خالىمايمەن. سىزنى بەختسىز قىلىپ قويسام بولمايدۇ. مەن سىزنى بىر ئۆمۈر ياخشى كۆرۈپ ئۆتسەم، شۇنىڭغىلا رازى...

ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. كارىۋاتقا ئورۇن سېلىپ، قۇندۇزنى ئاۋايلاپ يانقۇزۇپ قويدۇم. ئۇ يۈرىكىنى توختاۋسىز ئۆرتەۋاتقان ھاياجاندىن چارچاپ ھالىدىن كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ نەپەسى جايىغا چۈشسۇن دەپ، چاي دەملەش باھانىسىدا ئۆزۈمنى بىردەم چەتكە ئالدىم.

※ ※ ※

قىشلىق تەتىلدە روھىم بىر ئاز ئارام تېپىپ قالغاندەك بولدى. قۇندۇز بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇش، كەچلىكلىرى سىردىشىش، ئىجارىگە ئېلىنغان ئۆيدە بىرگە بولۇش جەريانلىرىدا كۆرۈلگەن ھاياجان ھازىر مەندە يوق.

مۇشۇ كۈنلەردە دىلبەر تېخى تۇغۇلمىغان بالىمىزغا كىيىم - كېچەك سېتىۋېلىش، بۆشۈك جابدۇقلىرىنى تەييارلاش بىلەن مەشغۇل. مەن نەچچە

ۋاقتتىن بۇيان ئوقۇيالماي قالغان كىتابلىرىمنى ئوقۇش بىلەن بەند. ئۆيىمىز شۇنداق تىپتىنچ، ھەتتا كۈنلەپ ـ كۈنلەپ گەپ ـ سۆزمۇ بولۇنمايدۇ.

— دوختۇر كۆپرەك مېڭىپ بېرىڭ دەيدۇ، — دېدى دىلبەر.

كىتابنى قاتلاپ قويۇپ قويدۇم. ئۇنىڭ دېگىنىمۇ توغرا، مەن ئەجەب بۇنى ئويلىماپتىمەن دېسە؟ مېنىڭ دىلبەرگە، بالامغا كۆڭۈل بۆلۈشۈم يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس ئىكەن.

— سىرتلارغا چىقىپ ئايلىنىپ كىرسەك بولاتتى.

— بولۇپتۇ، چىقىپ كىرەيلى.

بىز كىيىملىرىمىزنى يۆتكەپ، سىرتقا قاراپ ماڭدۇق. ئۇ ئىشىك ئالدىغا چىققاندا، قولىنى جەينىكىمدىن ئۆتكۈزۈۋالدى.

— ئۇنىئالغۇدىن بىرنى ئالايلىمىكىن؟ — دېدىم مەن.

— نېمە بولدى؟ ئىچىڭىز پۇشۇپ قېلىۋاتامدۇ؟

— ياقەي، سىزگە قويۇپ بېرەيمىكىن دەيمەن. ئاياللار ئېغىر ئاياغ ۋاقتىدا ناخشا، مۇزىكا ئاڭلاپ بەرسە، بالىنىڭ ساغلام، ئەقىللىق ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق ئىكەن. چەت ئەللەردە ھازىر كۆكتاتلارغىمۇ مۇزىكا قو-يۇپ بېرىدىكەن.

— نېمە دەيدىغانسىز ئەمدى، راستمۇ؟

— راست، مەن سىزنى قاچان ئالداپ باققان؟

ئۇنىڭ چىرايىدا يەنە شۇ سادda، سەممىي كۈلكىسى جىلۋىلەندى. ئاغزىمدىن تاسادىپىي چىقىپ كەتكەن بۇ سۆزدىن كۆڭلۈم لەسسىدە بولۇپ قالدى. مەن دىلبەرگە نەچچە قېتىم يالغان ئېيتتىم، ئۇنى قانچە قېتىم ئالدىدىم ـ ھە؟ بىراق ھازىر ئۇ ئۆزىنى ئالداۋاتقان ئەرگە خۇددى خىزىرغا يانداشقاندەك يانداشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەپسۇسكى، مېنى مۇشۇنداق قىلىپ قويغانمۇ، مېنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىغانمۇ يەنىلا ئۆزى...

ئۆيدىمۇ دېيىشكۈدەك گەپ ـ سۆز يوق، كوچىدىمۇ ھەم. كۆڭۈللەر

بۆلۇنۇپ كەتسە، گەپ قىلىداقمۇ بىر يەردىن چىقسۇن؟ بىز تالاي قېتىم ماڭغان بۇ كوچىلار ھەر دائىم تويدىن ئىلگىرىكى ئىشلارنى يادىمغا سالىدۇ. يوللار كېڭەيتىپ ياسالغان، غەربىي شىمال دېھقانلىرىنىڭ تىمسالى بولغان سۇۋادان تېرەكلەر كېسىۋېتىلىپ، ئورنىغا نەلەردىندۇر كۆچۈرۈپ كېلىنگەن دەرەخلەر تىكىلگەن، كونا خەلق كىنوخانىسى ئورنىغا زامانىۋى كىنوخانا سېلىنغان... بىراق بۇ كوچىلارنىڭ بۇرۇنقى ھالىتى يەنىلا كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمەيدۇ. چۈنكى بۇ كوچىلارغا دىلبەر سالغان خورلۇقلاردىن كۆز يېشىم سېپىلگەن. مانا ئەمدى بۇ كوچىلاردا يەنىلا ئىككىمىز بىللە. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ قالامدىغاندۇ؟ ماڭا سالغان خور-لۇقلىرىدىن پەخىرلىنەمدىغاندۇ ياكى ئۆكۈنەمدىغاندۇ؟ ئۇ ئۆكۈنمەيدۇ، شۇ چاغدىكى تالاش ـ تارتىشتا قالغان ئەتىۋارلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ. ئۇ چاغدا ياشىغىنى ئۇ، دەرد تارتقىنى مەن ئىدىم...

ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇچۇنلا:

ــ ھاردىڭىزمۇ ؟ ــ دەپ قويدۇم.

ــ ياقەي، ــ دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن.

سوغۇقتىن دىلبەرنىڭ مەڭزىلىرى قىزارغان، ئىككى ئادەملىك نەپەس بىلەن بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلگەن. ئۇنىڭ قەددى تىك، ئەتراپىغا قا-راشلىرىمۇ مەغرۇر. بىلىمەن، ئۇ ھازىرمۇ ئۆز گۈزەللىكىدىن پەخىرلىنىدۇ. باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چىرايلىق ئىكەن دەپ قاراشلىرىدىن كۆڭلى سۆيۈنىدۇ. لېكىن ھازىر ئۇنىڭ گۈزەللىكى مەن ئۈچۈن بىر تىيىنغا تەڭ. راست، ئۇ چىرايلىق، بىراق، ئۇ ھازىر ماڭا چىرايلىق كۆرۈنمەيدۇ. ئۆزۈمگىمۇ ھەيران بولىمەن، بىر چاغلاردا ئۇنىڭغا كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرگەنلىرىمگە ئىشەنمەي قالىمەن. كىچىككىنە كۆڭۈل ئاغرىقىمۇ ئادەمنى قانچىلىك ئۆزگەرتىۋېتىدۇ ـ ھە؟ كۆڭۈل ئۈچۈن پاكلىق شۇنداق مۇھىم. پەرىنىڭ پاكلىقىغا قونغان زەررىچە كىرمۇ ئۇنى يىرگىنچىلىك ئالۋاستىغا ئايلاندۇرۇپ قويالايدۇ، شۇ چاغدا

ئۇنىڭغا قاراشقىمۇ رايىڭ بارمىدۇ. مەنچۇ؟ مانا ئەمدى ئۆزۈممۇ ناپاكمەن، مېڭىۋاتقىنىم خىيانەت يولى. ھازىر ئۆزۈمگە ئىچىنىمەن، بۇرۇنقى پاك، غۇبارسىز چاغلىرىمنى سېغىنىمەن. تويىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى شەك-گۇمانلار بولمىغىنىدا ئىدى، بىز ئىككىمىز ئىناق، ئازادە، خۇشال ـ خۇرام ياشىغان بولساق، قانچە ياخشى بولاتتى ـ ھە؟ ھەممە ئىش ئەسلىگە كەلتۈ-رۈپ بولغۇسىز دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن. دىلبەر مەندىكى بۇ روھىي ھا-لەتلەردىن بىخەۋەر. شۇڭلاشقا ئۇ ھازىرمۇ ئۆزىنى بەختلىك دەپ ئويلايدۇ. ئىلاھىم، بەختلىك بول، دىلبەر! چىرايىمدىكى باھارنى كۆرسەڭمۇ، ھەرگىز قەلبىمدىكى قىشنى كۆرۈپ قالما. مۇبادا، سېنىڭ قەلبىڭمۇ مۇزلاپ كەتسە، ھەممە ئىش پاك ـ پاكىز تۈگەيدۇ...

— قايسى سودا سارىيىغا كىرىمىز؟

— ھە... كەلدۇقمۇ؟ ئالدىمىزدىكى... تۆت كوچىدىكى سودا سا-رىيىغا كىرەيلى. شۇنىڭدا ياخشىراقلىرى بارمىكىن.

— قانچە پۇللۇقنى ئالىمىز؟

— ئالدى بىلەن كۆرەيلى ـ ھە؟

— بەك قىممەتكە ئىبسىلماڭ. ئەتە ـ ئۆگۈن بالا تۇغۇلىدىغان چاغدا دوختۇرخانىدا ياتىدىغان گەپ. ئېھتىيات ئۈچۈن يەنە كۆپرەك پۇل تەييارلاپ قويمىساق بولمايدۇ.

ئالدىمىزدا كېتىۋاتقان قىزلارنىڭ ساغرىسىغا كۆزۈم چۈشتى. ئىشى يوقمىكىنە بۇ قىزلارنىڭ؟ قاراڭلار، ھەممىسى پادىچى ئىشتىنى كىيىپ، قوڭنى دومبايتىپ كوچىغا چىقىۋالغان. ئىشتىنىنىڭ ئېغى ھازىرلا ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك... مەقستى يىگىتلەرنى جەلپ قىلىشقۇ شۇ...

— كەلدۇققۇ؟ يەنە نەگە بارىسىز؟

— شۇنداقمۇ؟

پاختىلىق مىلەگزىنى قايرىپ، سودا سارىيىغا كىردۇق. ھەممەيلەن ئۆز

سودىسى بىلەن ھەلەك ئىدى. بىز ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى پۇكىيىگە كەلدۇق.
— سىز تاللاڭ، سىزگە يارىغىنىنى ئالايلى.
— ياق، سىز تاللاڭ، — دېدى ئۇ كەينىگە داجىپ، — مەن تازا بىلىپ كەتمەيمەن.
— ئالغاندىكىن، ياخشىسىنى ئالايلى، مولۇك بولۇپ قالىدۇ.
— بولۇپتۇ.
بىز ياپونىيىنىڭ «SHRAP» ماركىلىق قوش كانايلىق ئۈنئالغۇسىدىن بىرنى سېتىۋالدۇق. بۇنىڭدىن دىلبەر قەۋەتلا خۇشال بولدى.
— يەنە بىردەم چۆرگىلەشكە ماغدۇرىڭىز يېتەمدۇ؟
— مېنى شۇنداق ئۆلۈمتۈك چاغلاپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — بازارغا چىقمىغىلىمۇ ئۇزۇن بوپتۇ.
— نېمىشقا چىقمايسىز؟
— يالغۇز چىققۇم كەلمىسە؟
— كوچىغا چىقسىڭىز، ھازىرمۇ باشقىلار يەۋېتىدىغاندەك قارامدۇ؟
— تۈزۈك گەپ قىلىڭە؟ ھازىرمۇ بۇرۇنقىدەكلا گۇمانلىنىپ يۈرەمسىز؟
ئەمدى بىزنى كوچىغا تاشلاپ قويسىڭىز، ئىتمۇ پۇراپ قويمايدۇ.
ئۇنىڭ دېگەنلىرى ئورۇنلۇقتۇ. ئادەمنىڭ خۇدانىڭكىدەك باشقىلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان كۆزى يوق. شۇڭا مەن دىلبەردىن ئورۇنسىز گۇمانلىنىپ يۈرگەندىمەن. ئادەم دېگەن قىلىدىغاننى قىلىپ بولۇپ، نەدە مەن ئۇنداق قىلدىم دەۋالسىلا، تالمەن بولىۋېرىدۇ. بەزىدە بۇ دۇنيادىكى ئىشلار مانا مۇشۇنداق ئاددىي.
يانۋارنىڭ نەشتەردەك سوغۇقى يۈرىكىمگە سانجىلغاندەك بولدى. بەدىنىم بىردىنلا سوغۇق تىترەكتىن جۇغۇلداپ كەتتى. بىلسەم، بەدىنىمنى جۇغۇلدىتىۋاتقىنى سوغۇق ئەمەس، بەلكى ئۆز — ئۆزۈمدىن بىزارلىق ئىدى.

پۈتۈن ئەزايىم كىرلىشىپ كەتكەندەك، بەدىنىم تىكەنلەشكەندەك بولدى. شۇ پەيتتە ئۆيگە تېزراق قايتقۇم، كىيىملىرىمنى پۈتۈنلەي سېلىپ چۆرۈۋەتكۈم كېلىپكەتتى.

ئالدىمىزدا پادىچى ئىشتىنى كىيىۋالغان قىزلاردىن يەنە ئىككىسى پەيدا بولدى. ئۇلار قۇندۇزنى يادىمغا سالدى. دىلبەر بۇنىڭدىن بىخەۋەر ھالدا ئېغىر تىنىپ ئاستا كېتىۋاتىدۇ. قۇندۇز مۇشۇ كۈنلەردە نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقاندۇ — ھە؟ ئۇمۇ گاھىدا مېنى ئەسكە ئېلىپ قالامدىغاندۇ؟ ئادەمنىڭ كۆڭلى نېمىدېگەن تۇراقسىز، يۈزسىز — ھە؟ يېنىمدا ئايالىم، يەنە مەن قۇندۇزنى خىيال قىلماقتىمەن. ھەقىقەتەن رەزىل ئىكەنمەن، تۇيۇق يولدىكى ئازغۇنلۇقۇم ئۆزۈمگە ئايان. ھازىر مېڭىۋاتقان يولۇم خاتا! كەينىمگە قايتاي دەيمەن — يۇ، يەنىلا قايتالمايمەن؛ دىلبەرنى سۆيەي دەيمەن — يۇ، يەنىلا سۆيەلمەيمەن؛ دىلبەر بەكمۇ ياخشى، ئۇنى قەدىرلەي دەيمەن — يۇ، يەنىلا قەدىرلىيەلمەيمەن. نېمىشقا... زادى نېمىشقا؟... دىلبەرنىڭ بۇرۇن ماڭا قىلىپ كەتكەنلىرى كۆڭلۈمگە چوڭقۇر ئورناپ كېتىپتۇ. ئاشۇ ئىشلارنى ھازىرغىچە كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتەلمەي ئاۋارىمەن. ئۇ ئىشلار مانا ئەمدى قەلبىمدە ئۆچمەنلىك بولۇپ شەكىللەندى. بۇ دۇنيادا قۇندۇزنىڭ پەيدا بولۇشى، قەلبىمگە بۆسۈپ كىرىشى بىلەن دىلبەر بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا سوغۇق شامال ھۇۋلاپ تۇرىدىغان ھاڭنى شەكىللەندۈردى. ھامان مۇشۇنداق بولماقچى، دىلبەرنى سىڭدۈرەلمىگەن كۆڭۈلگە قۇندۇز كىرمىسە، چوقۇم باشقا بىر قىز كىرىپ كەلمەكچى.

قەلبىمدىكى توڭ بارغانسېرى قېلىنلىماقتا. قىش كەتسە، باھار كېلىدۇ. بالىمىز تۇغۇلسا، قەلبىمگە ئىللىقلىق بەخش ئېتەرمۇ؟ ئىلاھىم، شۇ كۈنلەرمۇ يېتىپ كەلگەي. مىڭ مۈشكۈلدە قىرلاپ چىققان مۇنار ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك، شۇنچە مۇرەككەپ ھېسسىيات توقۇنۇشىدا ئاران بەرپا قىلغان ئائىلەمنىڭ توزۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن. دىلبەر نېمە ئىشلارنى قىلغان

بولسۇن، يەنىلا ئۇنى بەختسىز قىلىپ قويغۇم يوق. ئۇ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىتىپ يۈرىكىمنى ئەزسە، يەنىلا چىدىماي قالىمەن. ئۆزۈممۇ يېرىم يىلدىن بۇيان نېمە ئىشلارنى قىلمىدىم؟ ھازىر مەنمۇ ياخشى ئادەم ئەمەس. مېنىڭ بۇرۇنقى ئاق كۆڭۈل، سەممىي، پاك چاغلىرىم نەگە كەتتى؟ سېغىنىمەن، پەرىشتىدەك پاك ئاشۇ چاغلىرىمنى دائىم سېغىنىمەن. دىلبەردىن ئۆچ ئالغان بولسامۇ، مانا ئەمدى ئۆزۈمگىمۇ ئازابلىق قالمىدى. مەن ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىنى ئۇنتۇيالماي ئاۋارە، ئۇ مېنىڭ ھازىرقى ئىشلىرىمدىن بىخەۋەر بولغاچقا، شۇنچە بىغەم...

— ئىدارىدا ئۆيىگە تېلېفون ئورنىتىدىغانلارنى تىزىملاۋاتىدۇ، قانداق قىلساق بولار؟

— قانچە پۇلغا ئورنىتىدىكەن؟ — دېدىم ئېرەنسىزلا.

— سانى يېتەرمىگە يەتسە، ئەرزانلىتىپ بېرىدىكەن.

— ئەرزان دېگىنى قانچە ئىكەن؟

— 2500 كوي.

— ئەرزان ئەمەسكەن.

— سىزچە قانداق قىلساق بولار؟

— ئورنىتايلىمىكىن دەيمەن.

— بولۇپتۇ، ئورناتساق ئورنىتايلى. تەتىل توشسا، يەنە ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان گەپ. ئۆيدە تېلېفون بولسا، سىز بىلەن كۆرۈشكىلىمۇ قولايلىق بولغۇدەك. مۇشۇ تەتىلدە بىزنىڭ يانلارغىمۇ تېلېفون ئورنىتىدۇ دەۋاتقان. ئۇنىڭدا سىز ئۈرسىگىزمۇ بولىدۇ.

※ ※ ※

ئىككىنچى مەۋسۇملۇق ئوقۇش باشلاندى. تەتىلدە باش كۆتۈرمەي

كىتاپ ئوقۇغاچقا، تەتىلمۇ تەتىلدەك بولمىدى. چارچاشتىن مېڭەم چىرىسلاپ تۇراتتى. كەيپىياتىم جىددىي بولۇپ، كۆڭلۈم نېمىگىدۇر تىت - تىت بو-لاتتى.

فېۋرالدىكى ئۇرۇمچى ئاسمىنى تۇتۇق، كۆڭلۈم بولسا ئاندىن تۇتۇق. ئىچىمنى قۇرت غاجىلاۋاتقاندەك، بىر يەردە تۇرۇپ تۇرالمايمەن. ئۇرۇمچىدىكى دوست - بۇرادەرلىرىمنىمۇ ئىزدىگۈم كەلمەيدۇ. كۆڭلۈم يالغۇزلۇقنىلا خالايدۇ. تەتىلدىن قايتىپ كېلىپ، قۇندۇز بىلەنمۇ ئايرىم پاراڭلىشىپ باقمىدىم. ئۇ سىنىپتا ماڭا پات - پات قاراپ قويىدۇ.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن پەرھات بىلەن تاماقتا بىللە مېڭىپ قالدۇق. ئۇمۇ مەندىكى روھىي ھالەتنى سەزگەن ئوخشايدۇ.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دېدى ئۇ چىرايىمغا سەپسېلىپ، — ئەجەب غەمكىن كۆرۈنىسەنغۇ؟

— تەتىلدە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» رو-مانلىرىنى ئوقۇغان، شۇنىڭ تەسىرىدىن ھازىرغىچە قۇتۇلالمايۋاتىمەن.

— رومانغىمۇ شۇنچە بولۇپ كېتەمسەن؟

— ياق، ئاداش، سەن ئوقۇساڭمۇ مەندەك بولۇپ قالىسەن. قايسىبىر پەيلاسوپ: «ھايات — ئۆلۈكلەرنىڭ ئۇستىدە ئۇسسۇل ئويناشتۇر» دەپ ئېيتقان ئىكەن. مانا مۇشۇ ئۇرۇمچىدە تۆمۈر خەلىپە، خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ قېنى تۆكۈلگەن، كاللىسى كوچىغا ئېسىپ قويۇلغان. كوچىغا چىقسام، ئۇلار-نىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدۇ. ئەجدادلارنىڭ قېنى تۆكۈلگەن بۇ تۇپراقنى دەسسەپ، قانداقمۇ خۇشال - خۇرام يۈرەلەيمەن؟

— تۆمۈر خەلىپىنى كىم ئۆلتۈرۈپتۇ؟

— ياڭ زېڭشىڭ.

— خوجىنىياز ھاجىنىچۇ؟

— شېڭ شىسەي.

— مەنمۇ بىر ئوقۇپ باقسام بولغۇدەك، جۇمۇ.
— ئوقۇ، چوقۇم ئوقۇ.
— ئاداش، — دېدى ئۇ يېڭىمدىن تارتىپ، — كىتابنى ئوقۇۋېرىپ زېرىكمىدىڭمۇ؟
— ياق. مەن كىتاب ئوقۇمىسام زېرىكىپ قالىمەن.
— ساڭا ئوخشاش، كىتاب ئوقۇش، مىللىتىمىزنىڭ كۈندىلىك ھاياتىنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبى قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولسا، بەكمۇ پەخىرلىنەرلىك ئىش بولغان بولاتتى، خەلقىمىزنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى، سىياسىي ساپاسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولاتتى. ئاداش، ساڭا دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى.
— نېمە دېمەكچىدىڭ؟
— ئۈرۈمچىلىك بىر نەچچە بويتاق ئاغىنىلىرىم بار ئىدى دېگىنە. شۇلار يانچۇقىغا بەك تولا تەكلىپ قىپكەتتى. بېرىپ ئولتۇرۇپ كەلمەيمىزمۇ؟ ئۇلارمۇ كىتابخۇمار نېمىلەر، بېرىپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ كەلمەمسەن؟
— ئۇنداق بولسا بوپتۇ، بارسىلار بارايلى.
— قىزلاردىنمۇ بىر قانچىسىنى بىللە ئېلىۋالايلى.
— جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا بولمىسۇن، جۇمۇ؟ ئۇلارغا قىزلىرىمىزنى تونۇتۇپ بېرىدىغان ئىشنى قىلىپ يۈرمەيلى — ھە؟
— سەن ھەر دائىم مۇشۇنداق ئالىيجانابلىق قىلىمەن دەپ ئاۋارە بەكلا بولىسەن. مەيلى ئەمەسمۇ؟ ئۇلار قىلىشىپ قالسا، توي قىلىۋالار. بولمىسا، ئوينىۋالغىنى، كۈلۈۋالغىنى قالار شۇ.
— ئۇنداق ئىش بولسا، مەن بارمايمەن.
— كاجلىق قىلمىساڭچۇ؟ سەنمۇ قۇندۇزنى كەلتۈرۈۋالدىڭ. مەنچۇ؟ گۈلشەننى ھازىرغىچە ئىندەككە كەلتۈرەلمەيۋاتىمەن. ئۇنداق دېمەي، بىللە بېرىشىپ بەرگىن. قۇندۇز بىلەن گۈلشەننى بىللە ئېلىپ بارايلى.

— بىلمىدىم، شۇ يەرگە بېرىشقا زادى كۆڭلۈم تارتمايۋاتىدۇ.

— بارساڭ كۆڭلۈڭ ئېچىلىپ قالىدۇ دەيمەن. سەنچۇ كىتابتىن بېشىڭنى كۆتۈرمىگىنىڭ بىلەن، قۇندۇز زېرىكىپ كەتتى دەيمەن. قىز بالا ئەمەسمۇ، قىزلار ئوغۇللارغا قارىغاندا ئاسان زېرىكىدۇ.

شەنبە كۈنى كەچقۇرۇن ئاپتوبۇس بىلەن پەرھاتنىڭ دوستىنىڭ يانىقىغا باردۇق. ئۇلار بىزنى يانىقتا سالاپ تۇرغان ئىكەن. ئۇلار قىزلارنى كۆرۈپ، بىزنى كونا تونۇشلاردەك ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئوغۇللار بىر تەرەپتە، قىزلار بىر تەرەپتە، بىر ــ بىرىمىزگە قارىشىپ ئولتۇردۇق.

ئۈستەلگە نازۇ نېمەت، مېۋە ــ چېۋىلەر تىزىلدى، پىيالىلەرگە چايلار قۇيۇلدى. پەرھات ئوتتۇرىمىزدىكى يېتىرقاشنى سېزىپ، ئالدى بىلەن سۆز باشلىدى:

— مەن دوستلارنى تونۇشتۇرۇپ قويسام. بۇيىق، ئىسمى سۇلتان، بۇ قىزنىڭ ئىسمى قۇندۇز، ماۋۇ قىزنىڭ ئىسمى گۈلشەن، ئۇنىڭ يېنىدىكى قىزنىڭ ئىسمى پەرىدە، بۇ قىزنىڭ ئىسمى خاسىيەت. بىز ھەممىمىز ساۋاقداش. ئەمدى جۈرئەت، بۇ دوستلارنى سەن تونۇشتۇرۇپ قويساڭ.

جۈرئەت ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ھەممەيلەنگە بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— ئالدى بىلەن دوستلارنىڭ ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، سوغۇقنى سوغۇق دېمەي، بۇ غېرىب كۈلبىمىزگە كەلگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن. بويتاقچىلىق، داستىخىنىمىز غورىگۈل بولۇپ قالسا، دوستلارنىڭ بىزدىن خاپا بولماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇنداق بولسا، بۇ دوستلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. بۇ ئاغىنىمىزنىڭ ئىسمى مۇستاپا، سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئۆزى سەنئەت مەكتىپىدە ئىشلىگىنى بىلەن ساز چالالمايدۇ.

بۇ گەپتىن ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ماۋۇ ئاغىنىمىزنىڭ ئىسمى نەجمىدىن، شەھەرلىك قاتناش چوڭ

ئەترىتىدە ئىشلەيدۇ. بۇ ئاغىنىمىز شوپۇرلارنى باشقۇرغىنى بىلەن ئۆزى ما-
شىنا ھەيدىيەلمەيدۇ.

كونا چاقچاقنىڭ كۆلكىسى بېسىلماي تۇرۇپ، يەنە يېڭى چاقچاقنىڭ كۆلكىسى ياڭاقنى بىر ئالدى. جۈرئەت ئولتۇراي دەپ تۇرۇشىغا:

— ئۆزۈڭنى تونۇشتۇرمامسەن؟ — دېدى پەرھات ئۇنىڭ يېڭىنى تار-
تىپ.

— بىلىپسەن ئۆزۈڭ تونۇشتۇرۇپ بولدۇڭغۇ؟

— تەپسىلىي بولمىدى.

— بوپتۇ ئەمىسە. مەن ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخا-
نىسىدا ئىشلەيمەن. ئۆزۈم دوختۇر بولغىنىم بىلەن تومۇر تۇتالمايمەن.

— ئۇنداق بولسا، نېمە قىلالايسەن؟

— سۆڭەك بۆلۈمىگە كەلگەن ئاقساق - چولاقلارنى ئۇياقتىن - بۇياققا يېتىلىيەلەيمەن.

ئۆزلۈدۈرمەي قىلىنغان چاقچاقتىن ئۆچەيلىرىمىز ئۆزۈلگۈدەك بولدى. ئۈرۈمچىنىڭ ياشلىرى نېمىدېگەن شوخ، نېمىدېگەن ئەركىن - ھە؟ بىزگە ئوخشاش غەمگە پېتىپ ئولتۇرىدىغانلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بار ئىدى.

— بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇغقان دەپتىكەن، — دېدى جۈرئەت ئورنىدا ئولتۇرۇپ، — ئەمدى قورۇنماي، ئازادە ئولتۇرۇڭلار.

قۇندۇزدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەي قالدىم. ئۇ ئۇدۇلىمىزدا ئولتۇرغان قىزلار ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. باشقا قىزلار يۇلتۇزغا ئوخشىسا، ئۇ تولۇن ئايغا ئوخشايتتى؛ باشقا قىزلار سېرىق ئەپيۈن گۈلىگە ئوخشىسا، ئۇ قىپقىزىل ئەتىرگۈلگە ئوخشايتتى؛ باشقا قىزلار يېلىنجاپ تۇرغان چوغقا ئوخشىسا، ئۇ يالقۇنلاپ تۇرغان ئوتقا ئوخشايتتى. ئۇ ماگنىتنىڭ قارشى قۇتۇبىدەك مېنى توختىماستىن ئۆزىگە تارتاتتى. قىشلىق تەتىلدىن

قايتىپ كېلىپ، خىيالچان، بىپەرۋا يۈرۈشلىرىمدىن ئۇنىڭدا قىلچە رەنجىش ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ يىگىتنى بىلەن قانداق بولۇپ كەتكەندۇ؟ يارىشىپ قالغانمىدۇ؟ ئۇنىڭ بۈگۈن ئاخشىم بىز بىلەن بىللە كەلگىنىگە قارىغاندا، تېخىچە ماي تارتىشىپ يۈرگەن ئوخشايدۇ.

— ئېلىڭلار، قىزلار، گۆش سوۋۇپ كېتىدۇ — ھە! پەرھات، سۇلتان، قاراپ ئولتۇرماي، سىلەر باشلاپ بەرمەمسىلەر؟ قېنى — قېنى، ماۋۇ ئۈپكە-قېرىنلاردىن ئېلىڭلار.

— سىلەرمۇ ئېلىڭلار.

— مۇستاپا ئاداش، — دېدى نەجمىدىن، — ئۇسسۇل ئوينىيالمىساڭ، ناخشىغۇ ئېيتىپ بېرەرسەن؟

— چاتاق يوق. سەنچۇ؟ ماشىنا ھەيدىيەلمىسەڭ، كوچىدىكى ماشىنىلارنى توسۇپ، مېھمانلارنى ئاپىرىپ قويارسەن؟

ئۇلار يەنە بىر — بىرىگە چاقچاق قىلغىلى تۇردى. نېمىشقىدۇ، ماڭا ئۇلار چوڭچىلىق قىلىۋاتقاندەك، بىزنى بىر ياققا قايرىپ قويۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. بۇ روھىي ھالەتتىن بىردىنلا ئىشتىيىم تۇتۇلۇپ كەتتى. پەرھاتمۇ ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرىغا قىزىقىپ ھاڭۋاقىنىچە ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭ پۇتىغا يەڭگىل تېپىپ قويدۇم. ئۇ مەندىكى نارازىلىق ئالامىتىنى سەزدى.

رومكىلارغا ھاراق قۇيۇلدى. پىيالىلەرگە چاي تولدۇرۇلدى. ئۇنىئالغۇدا يېقىملىق تانسا مۇزىكىسى قويۇپ بېرىلدى. رومكىلار نەچچە ئېلىنىپ، سورۇن تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى. باشتىلا كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالغاچقىمۇ، پەقەتلا گەپ قىلغۇم كەلمىدى. مەندىكى بۇ روھىي ھالەتنى كۆرۈپ، قۇندۇز-مۇ جىمىپ كەتتى.

ماڭا سۇنۇلغان رومكىنى ئېلىپ، ھاراقنى گۈپپىلا قىلىپ ئىچىۋېتىمەن. قۇندۇز ھەر قېتىم ماڭا رومكا كەلگەندە «ئازراق ئىچىڭ!» دېگەن مەنىدە

قاراپ قويدۇ.

— تانسا ئوينىمامدۇق؟ — دېدى پەرھات مېنى نوقۇپ.

— قوپە، ئويناپلى.

مەن قۇندۇزنى تانسغا تەكلىپ قىلدىم. ئۇ قىزغىنلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى. مەن ئۇنىڭ بىر يېرىم ئايدىن بۇيان تۇتۇشقا نېسىپ بولمىغان ئىسسىق قولىنى، يۇمشاق بېلىنى تۇتتۇم. ئۇنىڭدىن خۇددى گۈلدىن كەلگەندەك خۇش پۇراق ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

— نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى ئۇ كۆزلىرىمگە تەلمۈرۈپ، — ئەجەب پەرىشان كۆرۈنىسىزغۇ؟

— بۇ ئەسلىي كەلمەيدىغان سورۇنكەندۇق.

— شۇنى دەڭا؟ مېنىڭمۇ ئەجەب ئىچىم سىقىلدى. نېمانداق يوغانچى نېمىلەر بۇ؟ سىلەرمۇ نېمىشقا تونۇمايدىغان يەرگە بىزنى باشلاپ كەلدىڭلار؟

— پەرھاتنىڭ ئىشى بولمامدۇ؟ شۇنىڭ زورى بىلەنلا كېلىپ قالدىم. ئەسلىدىنلا كۆڭلۈم تارتمىغانتى.

— مەنمۇ سىزنى دېمىسەم، ھەرگىز كەلمەيتتىم. پەرھاتقا دەڭ، خەقنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرىۋەرمىسۇن.

— بالدۇرراق قايتايلى ـ ھە؟

— ماقۇل، سىزمۇ ھاراقنى ئازراق ئىچىڭ.

رومكىنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى تېزلەشكىلى تۇردى. ئاچ قورساققا ئىچىلگەن ئاچچىق ھاراقتىن بېشىم پىرقىراشقا باشلىدى. تانسا ئويناۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ، سىرتقا قاراپ ماڭدىم. سوغۇق ھاۋاغا چىقىشىم بىلەن كىچىك تەرەت تېخىمۇ قىستىغىلى تۇردى. بۇ كېچىدە ھاجەتخانىنى قەيەردىن تاپقىلى بولسۇن. شۇنداقتىمۇ ئەدەپسىزلىك قىلىشقا بولمايدۇ. سەل نېرىسىغا باراي، قىزلار چىقىپ قالسا، سەت تۇرىدۇ.

گىرىمسەن يورۇقلۇقتا ئەتراپنى ئاران كۆرگىلى بولاتتى. شۇ ئەسنادا بىر يەرگە سىيرىلغاندەك قىلدىم ـ دە، قاتتىق چۆچۈشتىن مەستلىكىم تارقاپ كەتتى. تۆۋەنگە قارىسام، توغرا قوپۇپ قوپۇلغان بىر تال ياغاچنى ئىككى قوللاپ تۇتقىنىمچە، قۇدۇققا ساڭگىلاپ قاپتىمەن. مۇشۇ ھالەتتە «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىراش مۇمكىنمۇ؟ قانداقلارچە يۇقىرىغا يۇلقۇنغىنىمنى، بىر پۈتۈمنى قۇدۇق ئاغزىغا ئېلىپ، سىرتقا قانداقلارچە چىقىۋالغىنىمنى بىلمەيلا قالدىم.

كىيىملىرىمدىكى توپىنى قېقىۋېتىپ، قۇدۇققا ئېگىشىپ قارىدىم. بۇ مۇشۇ بىنادىن چىققان پاسكىنا سۇلارنى ۋاقىتلىق بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئويۇلغان قۇدۇقتەك قىلاتتى. خۇدا بىر ساقلاپتۇ ـ دە. چۈشۈپ كەتكەن بولسام، تىن تارتالماي بىردەمدىلا ئۆلەركەنمەن. ئىچىم ئېلىشقاندەك بولۇپ، قۇدۇققا نەچچىنى تۈكۈرىۋەتتىم. مۇشۇ ئەپتىم بىلەن ئۆلارنىڭ قېشىغا قانداقمۇ كىرەرمەن؟ بىنا يېنىدا تىلماكا چېكىپ خېلىغىچە تۇردۇم.

بۇ بىر بېشارەت! ناھايىتى ئېنىق بېشارەت! قۇندۇزدىن دەرھال ئۈزۈڭنى تارت! سەن باشتىلا خاتا يولغا ماڭغان ئىدىڭ. سەن نېمە ئۈچۈن قۇندۇزنىڭ يىگىتنى ئويلاپ قويمايسەن؟ ئەگەر ئۇلار كېيىن توي قىلىپ قالسا، بۇ ئىشىڭدىن ئازابلانمامسەن؟ سەن ئۇ يىگىتكە يۈز كېلەلەمسەن؟ سەن قۇندۇز بىلەن بەرىبىر توي قىلالمايسەن. سەن كۆڭلۈڭنى ئىختىيارىغا قويۇپ بەردىڭ، سەن راستتىنلا ئازدىڭ! ئېغىر بوي ئايالىڭغا شەپقەتسىزلىك قىلدىڭ، ئالا كۆڭۈللۈك قىلدىڭ. ئۆچ ئېلىش باھانىسىدا تەلۋىلەشتىڭ! ئايالىڭدىن ئون ھەسسىلەپ ئۆچ ئالدىڭ! مۇبادا، ئايالىڭ ھەققىدىكى گۇ-مانلىرىڭ ئورۇنسىز بولۇپ چىقسىچۇ، قىلغانلىرىڭغا ئۆكۈنمەمسەن؟ بۈگۈن كەچ خۇدا ساڭا ئۆلۈمنى پۈراتتى. ھەي، رەزىل ئازغۇن! ئۆزۈڭنى بىل، بۇ بىر بېشارەت، قۇندۇزدىن دەرھال ئۆزۈڭنى تارت! كېتىۋاتقان يولۇڭ خاتا. يەنە چۆچىمسەڭ، ئۆلۈم سېنى كۈتۈپ تۇرماقتا. قۇدۇق ئاغزىغا قويۇپ

قويۇلغان ياغاچ خۇدانىڭ ساڭا قىلغان ئاخىرقى كەڭچىلىكى. خۇدا ئەمدى سېنىڭ قېشىڭغا لۇكچەك قاتىلنى ئەۋەتىشى، سېنى مەست شوپۇرغا سوقتۇرۇۋېتىشى، يولۇڭغا توك سىمىنى تاشلاپ قويۇشى، سېنى توك قىشتا تالادا توڭلىتىپ قويۇشى، ھەتتا سېنى راك كېسىلىگە گىرىپتار قىلىپ قويۇشى... مۇمكىن. سەن شۇ چاغدا ھېچنېمىنى بىلمەيلا قالىسەن. ھەي، رەزىل ئازغۇن! سەن ئىنسىلدىن قورقمىغىنىڭ بىلەن، خۇدادىن قورق. خۇدانىڭ قەھرىگە ئۇچراپ كېتىشتىن ئېھتىيات قىل. خۇدا ساڭا بىر بالىنى ئىلتىپات قىلدى، سەن بۇنىڭغىمۇ شۈكۈرى قىلمامسەن؟ ئايالىڭغىمۇ ئۆچمەنلىك قىل، ئاشۇ پاك بالاڭنىڭمۇ يۈزى يوقمۇ؟...

— سۇلتان، نەدىسىز؟ سۇلتان، ھەي، سۇلتان!!

ئۆزۈمنى دەرھال تامنىڭ كەينىگە ئالماقچى بولدۇم. ياق، قۇندۇز، ئۇ ياققا ماڭماڭ، خەتەرلىك! ئالدىڭىزدا قۇدۇق بار، چۈشۈپ كېتىسىز...

— مەن بۇ يەردە!

— ھە؟! بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ — ئۇ ئالدىراپ يېنىمغا كەلدى، — ئادەمنى ئەنسىرىتىپ... ساقلىسام، ئۆزۈڭىزچە كىرمەيسىز. يۈرۈڭ، كىرىپ كېتەيلى.

— كىرگۈم يوق.

— سىزگە نېمە بولدى؟ بىرە ئىش بولمىغاندۇ؟

— ياق، سىز كىرىپ كېتىڭ. مەن سەل تۇرۇپ كىرىمەن.

— بولمايدۇ، سىز كىرمىسىڭىز، مەنمۇ كىرمەيمەن. بولدى، قىزلارنى چاقىراي، كېتەيلى.

— ئۇنداق قىلىسىڭىز، سەت تۇرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، گۈلشەنگە دەپ قويۇپ چىقاي، ئىككىمىز مېڭىپ تۇرايلى.

— سىز كىرىپ ئولتۇرۇۋېرىڭ. مەن يالغۇز قايتاي.

— سىزگە نېمە بولدى؟ تەتىلدىن قايتىپ كېلىپلا، باشقىچە بولۇپ قاپسىز. پۇشايمان قىلىپ قالغان بولسىڭىز... بوپتۇ. مەن كىرىپ كەتتىم!

— توختاڭ! — ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ توختاتتىم، — ماڭا بۇنداق قوپاللىق قىلماڭ! بولۇپمۇ بۈگۈن... ياناققا كىرىپ، پەرھاتقا دەڭ. سورۇننى چىرايلىقچە يىغىشتۇرسۇن، هازىرلا كېتەيلى. مېنى سورىسا، مەست بولۇپ قاپتۇ، سىرتتا شامالداپ تۇرىدۇ دەڭ.

قۇندۇز كىرىپ كېتىپ كۆپ ئۆتمەي، ئۇلار قايتىپ چىقىشتى. پەر- هات خېلىلا قىزىپ قالغان بولۇپ، گۈلشەننىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەۋا- تاتتى. مۇستاپا خاسىيەتكە يېقىنچىلىق قىلىسا، نەجمىدىن هەدەپ پەرىدەگە سۆركىشىۋاتاتتى. جۈرئەت مېهمانلارنى ئۇزىتىپ، هەممىسىنىڭ كەينىدىن چىقتى. ئۇ خېلىلا تەڭشىلىپ قالغان بولۇپ، ئاغزىدىن گەپ چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى.

— تازا ياخشى كۆتەلمىدۇق، — دېدى جۈرئەت، — رەنجىمەي قايتار- سىلەر. سۇلتان ئاداش... بۈگۈن تازا... ئىچىلالماي قالدىڭ. بىزدىن... سەۋەنلىك ئۆتۈلگەن بولسا، هەرگىز رەنجىمە. بىزنىڭ كۆڭلىمىزدە... يا- مانلىق يوق. كېلەر قېتىم... كېلەر قېتىم كەلگىنىڭدە، هەرگىز مۇنداق بولمايدۇ.

— ياقەي، ياخشى ئولتۇردۇم.

— نېمىدىن رەنجىيتتى، — دېدى نەجمىدىن گەپنى يەنە چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ، — بىز ياتاقتا ئاچچىق هاراقنى ئىچسەك، بۇ ئاغىنىمىز تالادا مۇهەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرگەن تۇرسا.

ئۇلارنىڭ قىقاس - چۇقانلىرى ئىچىدە قۇندۇزغا قاراپ قويدۇم. ئۇ نومۇس كۆچىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى.

— رەهمەت، ئاغىنىلەر، قايتتۇق ئەمىسە.

— يەنە كېلىپ تۇرارسىلەر.

— كېلىمىز، سىلەرمۇ بېرىڭلار — ھە؟

بىز كوچا ئايتوبۇسىغا چىقتۇق. قۇندۇز يەنە يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. يول بويى ھېلىقى قورقۇنچلۇق قۇدۇق كۆزئالدىمدىن بىردەممۇ نېرى كەتمىدى.

※ ※ ※

كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، پاسكىنا سۇ قۇدۇقىغا ساڭگىلاپ قېلىشتىن پەيدا بولغان ۋەھىمە تۇيغۇسىمۇ ئاستا — ئاستا بېسىقىشقا باشلىدى. قۇندۇزدىن ئۆزۈمنى تارتىپ يۈرگەن شۇ كۈنلەردە باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە چىدىيالماي قالدىم. قۇندۇزغۇ ئۇنداق قىلمايدۇ، لېكىن ئۇ مېنىڭدىن قېچىپ، بىرەرسىگە قەستەن يېقىنلاشسا، ئۇ چاغدا ئازابتىن قان قۇسمامدىمەن؟ ھاياتتا ھېچكىم بالا — قازادىن خالىي بولالمايدۇ. لېكىن قۇدۇققا ساڭگىلاپ قېلىش پۈتۈنلەي تاسادىپىي بولغان ئىش.

مەن ئۆتكەندىكى ئۆيىنى يەنە ئىجارىگە ئالدىم.

ئەتىياز پەسلىدە ئۈرۈمچىنىڭ ئارقا كوچىلىرى قار — مۇزلارنىڭ ئېرىشى بىلەن مىچىلداپ كېتىدۇ. يول ياقىسىدىكى ئاممىۋى ھاجەتخانىلار ئالدىن مەينەت. چوڭ كوچىلاردىغۇ ئادەم كۆپ، ھەتتا مۇشۇ پاسكىنا تار كوچىلاردىمۇ ئادەمنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. بۇ كوچىدا كىشىلەرنىڭ ئاندا — ساندا سالاملاشقىنىنى كۆرمىسە، ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى يوق.

قۇندۇز بۈگۈن ئاخشام كەلمەكچى. مەن ئۆيىنى بىر قۇر يىغىشتۇرۇپ، مەشكە كۆمۈر سېلىپ قويدۇم. ئالاھازەل يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئىشىك چېكىلدى.

— ھە، مانا.

ئىشىك غىچىرلاپ ئاستا ئېچىلدى. قۇندۇز ئاياغلىرىدىكى پاتقاقنى قېقىشتۇرۇپ، ئۆيگە كىردى. مەن تولۇق ھوقۇقلۇق ھالەتتە ئۇنىڭ ئىنچىكە بېلىدىن قۇچاقلاپ، باغرىمغا مەھكەم باستىم. ئۇ يۈرىكىدىكى سېغىنىش ھېسسىياتىنى باسماقچى بولغاندەك باغرىمغا مەھكەم چاپلىشىپ، مېنى ئەسەبىيلىك بىلەن سۆيۈپ كەتتى. مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ئۆتكەندە قىلغان گەپلىرىگە ئىشەندىم، مەن ئۆزۈمنى ھەقىقەتەن بەختلىك دېسەم بولغۇدەك. چۈنكى ئۇ يۈرىكى يىگىتى بار تۇرۇقلۇق، مەندەك ئايالى بار بىر ئەرنى مەجنۇنانە ھالەتتە سۆيۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ يالقۇنلۇق، بىچارە، نەتىجىسىز سۆيگۈسىگە يىگىتى بىلەن دىلبەرگە قىلغان خىيانىتى ۋەھىمە سېلىپ تۇراتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇنى مۇنچە قاپ يۈرەك قىلىشقا نەرسە زادى نېمىدۇ؟ مۇھەببەت! ئايالى بار بىر ئەرنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ھەقىقىي مۇھەببەت! مۇھەببەت يالقۇنىدا كۆيىۋاتقان بۇ ئاشىق قىزنى ئەيىبلەش مۇمكىنمۇ؟ ئۇ دەسلەپ يىگىتىدىن قېچىپ، ماڭا مەپتۇن بولغان ئىدى. مانا ئەمدى ئايرىلىپ قالالمىغۇدەك دەرىجىدە باغلىنىپ قالدى. ئۇ — بىر مۇھەببەت يەمچۈكى، مەن ئۇنىڭ قەلبىدىكى ساپ ھېسسىياتلارنى سۈمۈرۈپ، ئۆز روھىمنى ياشارتماقچى بولدۇم؛ ئۇ — بىر مۇھەببەت كوزىرى، مەن ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ، ئايالىمنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن ئۆچ ئالماقتىمەن؛ ئۇ — بىر مۇھەببەت قۇربانى، مەن قۇندۇزغا توي قىلىش ھەققىدە گەپ ئاچقىنىم يوق. ئۇ مېنىڭ ئايالىمدىن ئاجرىشىپ، ئۆزى بىلەن توي قىلالمايدىغانلىقىمنى بىلىدۇ. ئۇنىڭغا لازىمى نىكاھ ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي مۇھەببەت. مەن ئۇنى چىن دىلىمدىن سۆيسەملا، ئۇ مۇنداق قۇربان بېرىشلەرگە رازى. قۇندۇز ھېلىقى يىگىتىدىن تېخىچە ئايرىلىپ كەتمىدى. ئۇنى ئۆتكەندە قۇندۇزنى يوقلاپ كەلگەن چاغدا كۆرۈپ قالدىم...

مەن قۇندۇزدىن ئاجراپ، ئىشىكنى ئېتىپ قويماقچى بولۇپ ماڭدىم.

قايتىپ كېلىپ، ئۇنى يېتىلەپ، كارىۋات يېنىغا ئېلىپ باردىم. ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى يانتۇزۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، ئاچچىقى بىلەن قولۇمنى سىلكىۋەتتى. ئۇ كارىۋاتتىن چاچراپ قوپۇپ، يۈزۈمگە بىر تەستەك سالدى-دە، مەن ئاڭلاپمۇ باقمىغان قوپال بىر ئۈندە ۋارقىرىدى:

— سىزنىڭ مۇشۇنداق ئىشنى قىلىشتىن باشقا، ماڭا دېگۈدەك گېپىڭىزمۇ يوقمۇ؟ مەن ھەر قېتىم ئۆيىڭىزگە كېلەر - كەلمەستىنلا، مۇ-شۇنداق قىلىسىز. قارىغاندا، سىز مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرمەيدىكەنسىز.

تەستەك تەگكەن يۈزۈمنى تۇتۇپ، ئولتۇرۇپلا قالدىم. تۇيۇقسىز يو-لۇققان بۇ زەربىدىن غۇرۇرۇم چېقىن چاقتى. بىراق ئۇنىڭ سۆزلىرىمۇ يالغان ئەمەس ئىدى. بىز بىرگە بولساق، ناھايىتى ئاز سۆزلىشەتتۇق. شۇنىسى، بىز نېمە توغرىلىق سۆزلىشىمىز؟ توي ھەققىدە سۆزلىشەيلى دېسەك، ئۇنىڭ يىگىتى، مېنىڭ ئايالىم بار تۇرسا...

ئۇ مېنىڭ يۈزۈمنى تۇتۇپ، قىلىقىمنى تۇرۇپ، خىيالچان ئولتۇرۇپ قالغىنىمنى كۆرۈپ، بىر ئاز پەسكويغا چۈشتى. ئۇ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇ-رۇپ، ئىنتايىن مەيىنلىك بىلەن بېشىنى كۆكرىكىمگە قويدى. ئۇ قولۇمنى ئالىقىنىغا ئېلىپ، مېھرىبانلىق بىلەن سىلاشقا باشلىدى. ئۇ تەستەك تەگكەن يۈزۈمگە «چوك» قىلىپ بىرنى سۆيۈپ قويدى. ئۇ كۆزۈمدىن كۆز-لىرىنى ئېلىپ قېچىپ:

— خاپا بولماڭ... قوپاللىق قىلىپ قويدۇم... — دېدى.

— مەن تۇغۇلۇپ تا ھازىرغىچە ھېچكىمدىن تەستەك يېمىگەن ئىدىم. بوپتۇ، بۇمۇ بىر خاتىرە بولۇپ قالسۇن. سىز مېنى خاتا ئەيىبلاۋاتىسىز. مەن سىزنى ئويۇنچۇق قىلىۋېتىپتىمەنما؟ مۇبادا، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز راستىنلا شۇنداق خاراكتېر ئالغان بولسا، ئاللىقاچان بۇزۇلغان بولاتتى. بىز بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولغاچقا، مۇشۇ كۈنگىچە ئايرىلماي كەلدۇق. مەن يېقىندىن بۇيان دىلبەرنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قېلىۋا-

تىمەن. ئوچۇقىنى دېسەم، سىزگە بولغان مۇھەببەت بۇ مۇھەببەتنى چەتكە قاقتى. مەن بۇ ئۆيدە تەنھا قېلىپ، ئۇيقۇسىز ياتقان كېچىلىرى كۆپرەك سىزنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ئۇ بۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ، ئاجايىپ بىر ئىلمراقلىق، ئەركىلەش بىلەن بىلمەدىن قۇچاقلىۋالدى. ئۇ نازۇكەرەشمە بىلەن بېشىمنى ياستۇققا ئاستا قويدى. ئۆزىمۇ كارىۋاتقا قىڭغىيىپ، بېشىنى مەيدەمگە قويدى. ئۇ ياقامنى قايرىپ، ئۆتكەنكى چىش داغلىرىنى كۆرۈپ بىقىماقچى بولدى. قۇندۇز كىيىملىرىمنى سالدۇرۇپ، ئىككى مۈرەمدىكى قارامتۇل ئىزلارنى كۆرۈپ، ئىنتايىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ بۇ خۇشاللىقىدا يەنە يېڭى ئىزلارنى سېلىش ئۈچۈن ئاغزىنى يېقىن ئەكەلدى. بىراق مەن چاققان كېلىپ، يۇلقۇنۇپ قوپتۇم ـ دە، ئۇنىڭ ياقىسىنى قايرىپ، مۈرىسىنى چىشلەشكە باشلىدىم. ئۇ لېۋىنى چىشلەپ، خېلى چاغقىچە ۋايسىمىدى. ئۇنىڭ بەرداشلىق بېرىشى ئاخىرقى چەككە يەتكەن چاغدا بېشىمنى كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرىدىم. مەن ئۆزۈم سالغان ئىزلارنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى سالدۇرۇۋەتتىم. قىزنىڭ يالىڭاچ بەدىنىدىكى ئاقلىق، سۈزۈكلۈك، سېھىر، مەپتۇن قىلغۇچى كۈچتىن كۆزلىرىم چاقناپ، نەپىسىم جىددىيلىششكە باشلىدى. ئۇ ئىچ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋاتقان چېغىمدا نازلىدى، قورۇندى، خالىدى، جانسىز قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇ ئاخىر تۇغما ھالەتكە كەلتۈرۈلگەندە، خىجىللىقتىن تولغىنىپ يېتىۋالدى. مەن ئەڭ ئاخىرقى كىيىمىنى سېلىۋاتقىنىمدا، ئۇ چاچراپ قوپۇپ، قولۇمغا ئېسىلىۋالدى. مەن ئۇنىڭ توسقىنىغا قارىماي، ئەڭ ئاخىرى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش قىياپەتكە كىردىم. مەن ئۇنى ياتقۇزۇشقا ئۇرۇنغىنىمدا، ئۇ رازىمەنلىك بىلەن بويسۇندى. ئۇ قوللىرىمدىكى كۈچ، نەپىسىمدىكى جىددىيلىك، كەيپىياتىمدىكى غالجىرلىقنى كۆرۈپ، بىر ئاز ئىككىلەندى، قورقتى. نېپىز ياستۇقنى ئۇنىڭ بېلىگە قويدۇم... شۇ ئەسنادا ئۇ پارتىلىغان كۈچ بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، مېنى ئۈستىدىن

يانغا چۆشۈرۈۋەتتى. مەن يەنە ئۇنىڭغا يالىنىشتىم. ئۇ مەن بىلەن تىركىشىپ، ئاخىرى ھالىدىن كەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— سىز مېنى ئالامسىز؟ مەن بىلەن... توي قىلامسىز؟ — دېدى ئۇ نەپەسى يېتىشمەي، — بۇرۇن يۈرگەن يىگىتىم مېنى مۇشۇنداق قىلىشقا زورلىغاندا، مەن ئۇنى ياخشى كۆرسەممۇ، يەنىلا ئۇنىمىغان ئىدىم. مەن بۈگۈن سىزگە رازىلىق بېرىمەن، بىراق سىز ماڭا ئالدى بىلەن توي قىلىش ھەققىدە ۋەدە بېرىڭ! قېنى، سىز شۇنداق قىلالامسىز؟

بۈگۈنكە كېلىپ، مۇنۇ قىزنىڭ ئاغزىدىن قانداق سۆزلەر چىقىۋاتىدۇ؟ ئۇ ئەمدى ئەسلىي ماھىيىتىنى ئاشكارىلىدىمۇ نېمە؟ ئۇنىڭ مېنى سۆ-يۈشىدىكى ھەقىقىي مەقسىتى مېنى دىلبەردىن تارتىۋېلىشمىدۇ؟ مەن ھازىر-غىچە قۇندۇزنىڭ كۆڭلىدە مۇنداق پىلان يوق دەپ كەلگەنىدىم. شۇنچە مېھرىبان، رەھىمدىل، ئالىيجاناب دەپ چۈشىنىپ كەلگەن بۇ قىزنىڭ دىلىدا نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئەقىدىسى ئاياغ ئاستى قىلىنغان بىر ئايالغا قارىتا ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتى يوقمىكىنە؟ بىراق مەن قۇندۇزنىڭ مېنى سەۋدايىلارچە ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، يەنىلا ئۇنى ئەيىبلىگۈم كەلمىدى.

مەن ئۇنى خاتا چۈشىنىپ قالدىم. بىر قىزنىڭ ئىپپەت — نومۇسىنى تەقدىم قىلىشى ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. قۇندۇز ھامان توي قىلىدۇ، بىراق مېنىڭ بىلەن ئەمەس. شۇڭا ئۇ توي قىلغۇچە ئۆزىنىڭ قىزلىقىنى قوغدىماقچى. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ بەختسىز بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى توغرا چۈشىنىشىم، ئۇنى تېخىمۇ ھۆرمەت قىلىشىم كېرەك.

ئۇ مېنىڭ يانغا سىيرىلىپ چۈشۈپ، سولىشىپ ياتقانلىقىمنى كۆر-دى. ئۇ مېنىڭ ئايالىمدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزى بىلەن توي قىلىش نىيىتىمنىڭ يوقلۇقىنىمۇ بىلىپ يەتتى. بۇ خىل ھاقارەتتىن ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالغاندەك تۇراتتى. ئۇ بۇ ئاچچىقىدا كىيىملىرىنى تېرىشتۇرۇپ كىيىشكە

باشلىدى. ئۇ سۇلتان مېنى ئەخمەق قىلىپ تاشلىۋەتمەكچى دەپ ئويلاپ قالغاندەكمۇ تۇراتتى. مەنمۇ كىيىملىرىمنى كىيدىم. ئۇنىڭ كارىۋاتتىن چۈ-شۈپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىلىكىدىن تۇتىۋالدىم. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قولى قولۇمدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ ھالەتتە كېتىپ قالسا، ئۇنىڭ يۈزىگە ئىككىنچى قېتىم قارىيالمايتتىم. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا قايتا ئېسىلىۋېلىشنى خالىماي، ئون ــ تىنىسىز ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۇ ئىشىك يېنىغا باردى ــ دە، مېنىڭ تېپتىنچ ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ، دومسىيىپ تۇرۇپ قالدى. بىچارە... ئۇ ئاخىرى قەلبىدىكى مۇھەببەت ئالدىدا تەسلىم بولۇپ، ئۆز ئاشىقىنى مۇشۇ ھالەتتە تاشلاپ كېتىشكە يەنىلا چىدىمىدى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى سۆيگۇ ھەقىقىي زالىم سۆيگۇ ئىدى.

ئۇنىڭ مەندىن شۇنچە رەنجىپ تۇرۇپمۇ يەنىلا چىقىپ كېتىشكە چىدىمىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ ئاستا قۇچاقلىدىم. يۈزۈمنى ئۇنىڭ بۇدۇر چاچلىرىغا يېقىپ، ئوتلۇق ئىشقىم بىلەن پۇراپ كەتتىم. بىر چاغدا ئۇنىڭ ئېسەدەپ يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئاستا ئۆزۈمگە قاراتتىم. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش ئېڭىكىدىن تامچىلاپ چۈشىۋاتاتتى. بۇنى كۆرۈپ، بوغۇزۇمغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك بولدى ــ دە، قىزىرىپ، چىڭقىلىپ تۇرۇپ قالدىم.

ــ سىزگە نېمە بولدى... ــ دېيەلىدىم ئارانلا.

ئۇ كۆزلىرىمگە تەلمۈرۈپ قاراپ:

ــ يۈرىكىم كۆيۈپ كېتىۋاتىدۇ... ــ دېدى.

ئۇنى قايتا باغرىمغا باستىم. مېنىڭ كۆزۈمدىنمۇ ياش ئوقچۇپ چىقتى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ، ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

ــ بۈگۈن سىزدىن بەكمۇ مەمنۇن بولدۇم، تۆز كۆڭۈللۈكىڭىزدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولدۇم. سىز بۈگۈن ماڭا ۋەدە بەرگەن بولسىڭىزلا، چوقۇم مەقسىتىڭىزگە يېتەلەيتتىڭىز. بىراق سىز مەقسىتىڭىزگە يېتىۋېلىش

ئۆچۈنلا ماڭا يالغان ۋەدە بەرمەيدىگەنسىز. مەن بىلىمەن، سىزنىڭ ئۆيىڭىزنى بۇزغىڭىز يوق. سىزنىڭ مۇشۇنداق قىلغىنىڭىز توغرا. سىز ياخشى ئادەم بولغاچقىلا، مۇشۇنداق قىلالىدىڭىز. سىزگە ئىشەندىم، ھەقىقىي ئاشىق ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمىگە ھەرگىز زىيانكەشلىك قىلمايدۇ...

※ ※ ※

«4-ماي» بايرىمى كۈنى. ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن پەرھات بىلەن كوچىغا چىقىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز ياتاقنىڭ تېلېفونى جىرىڭلاپ كەتتى. ئالدىراپ بېرىپ، تۇرۇبكىنى ئالدىم.

— ۋەي، ياخشىمۇسىز؟

— ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ، ياخشى تۇرغانسىز؟

— ياخشى تۇرىۋاتىمەن.

— بايراملىق نەچچە كۈن قويۇپ بەردى؟

— بىر كۈن.

— بايرامدا كەلمەمسىز؟

— بارالمايمەن.

— ۋاقتىم توشۇپ قالدى، بىر ھەپتىلىك رۇخسەت ئېلىپ كەلسىڭىز بوپتىكەن. تۇنجى تۇغۇتۇم بولغاچقا، بىر ئاز قورقىۋاتىمەن. يېنىمدا ئاپامغۇ بار، شۇنداق بولسىمۇ، سىز بىللە تۇرۇپ بەرمىسىڭىز قانداق بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئەتىلا رۇخسەت سوراپ، يولغا چىقاي.

— رۇخسەت بەرگەن ـ بەرمىگەنلىكىنى خەۋەر قىلىشىۋېتىڭ ـ ھە؟

— ماقۇل. خوش ئەمىسە، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ.

تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قويۇپ قويدۇم.

— ئايالىڭىزنىڭ تۇغۇت ۋاقتى توشۇپ قاپتىما؟

— ھەئە.

— يوره، بازارغا چىقايلى، ئايالىڭغا سوۋغات ئېلىۋالمامسەن؟

— نېمە ئالسام بولار؟

— توغۇت دېگەن ئاسانمۇ؟ ئايال كىشى مىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلىدۇ دېگىنە. ئەڭ ياخشىسى ئالتۇن زەنجىر ئال. پۇلۇڭ يەتمىسە، مەندە بار.

سىنىپ مۇدىرىمىزدىن بىر ھەپتىلىك رۇخسەت ئالدىم. چۈشتىن كېيىن ئىغىر غەم — ئەندىشىلەر ئىلكىدە يۇرتۇمغا قاراپ يولغا چىقتىم. خىياللىرىمنىڭ باش — ئاخىرى يوق...

ئۆيگە قانداقلارچە كېلىپ قالغانلىقىمنى بىلمىدىم.

دىلبەر بەكمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. يۈزىدىكى داغلار ئارىسىدا كۆز-لىرى پىلدىرلاپلا قاپتۇ. ئېغىر تىنىقلاردىن بۇرۇن تۆشۈكلىرىمۇ يوغىناپ قاپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپ، يۆلىنىدىغان تاغنى تاپقاندەك ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن تېنىنى كۆتۈرۈپ تەستە قوپتى. قېينانام بالىغا يۆگەك تىكىۋاتقان ئىكەن .

— قايتىپ كەللىمۇ، بالام، — دېدى ئورنىدىن قوپۇپ.

— ھەئە، ھەممىلىرى ياخشى تۇرۇپلا.

— ياخشى، بالام. ئولتۇرسىلا، ھېرىپ كەتكەنلا.

قېينانام ئالدىراپ چاي دەملەشكە كىرىشتى. مەن قولۇمنى يۇيۇپ، ئۇنىڭغا ياردەملەشتىم.

— يېقىندىن بۇيان تەكشۈرۈتتىڭىزمۇ؟ — دېدىم چاينى ئۇتلىغاچ.

— تەكشۈرۈتتىم، بالا ئوڭكەن.

— بالنىستقا كىرىپ، بالدۇرراق ياتسىڭىز بولامدىكىن.

— دوختۇرخانا يېقىن بولغاندىكىن، ۋاقتىدىلا كىرەي.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى. قاق سەھەردە دىلبەر مېنى نوقىدى:

— ھەي! كۆزىڭىزنى ئېچىڭ.

— نېمه بولدى؟
— باش سۆيى يېرىلىپتۇ.
— قانداق قىلىمەن؟
— تېز بولۇڭ، تاكسى چاقىرىڭ.
مەن ئالدىراپ ـ تېنەپ كىيىملىرىمنى كىيىپ، كوچىغا يۈگۈردۈم. سەھەردە تاكسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. تىت ـ تىت بولۇپ تۇرغىنىمدا بىر تاكسى يېتىپ كەلدى. قېرىشقاندەك ئۇنىڭ ئىچىدە ئادەم بار ئىدى. ئەستا، قانداق قىلماق كېرەك؟ بىر چاغدا يەنە بىرى كەلدى.
— تاكسى!
تاكسىغا چىقتىم...
— قەيەرگە بارىسىز؟
— ئۆيگە... ئۆيگە مېڭىڭ... ئايالىمنى دوختۇرخانىغا ئاپارماقچى. ئالدىمىزدىكى سول كوچىغا بۇرۇلۇڭ.
تاكسى ئىشىك ئالدىدا توختىشى بىلەن ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردىم. قېينانام بوقچىلارنى ئېلىپ چىقىپ تەييار بولۇپ تۇرغان ئىكەن. دىلبەرنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىۋالدىم...
— قايسى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويىمەن؟
— ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا.
بەش مىنۇتتا قالماي، دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلدۇق. قېينانام دىلبەرگە ھەمراھ بولۇپ، كارىدوردا قېپقالدى. مەن بالنىېست رەسمىيەتلىرىنى بېجىردىم. دىلبەر ئاپئاق كىرلىك سېلىنغان كارىۋاتقا چىقىپ ياتقان چاغدا، كۆڭلۈم بىر ئاز جايىغا چۈشتى.
كۈن چىقتى. ئاق خالاتلىق ئىككى سېسترا دىلبەرنى تۇغۇت ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى. تۇغۇت ئۆيى ئالدىدىكى تۆمۈر ئورۇندۇقلاردا بەش ـ ئالتە ئادەم خانە ئىچىنى تىڭشاپ، ئۈن ـ تىنىسىز ئولتۇراتتى. قېينانام بىلەن

ئىككىمىز دىلبەرنىڭ تىنچ ـ ئامان يەڭگىۋېلىشىنى تىلەپ ئولتۇردۇق. دوختۇر، سېسترالار تۇغۇت ئۆيىگە كىرىپ ـ چىقىپ تۇراتتى. ئىشىك ھەر قېتىم ئېچىلغاندا، بويۇنداپ ئىچىگە قارايمەن، ئايالىمنىڭ ئەھۋالى توغرىلىق گەپ قىلامدىكىن دەپ دوختۇرلارنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرىمەن. بىردەم ـ بىردەم قېينانامغا قاراپ قويىمەن. ئۇ ئىچىدە دۇرۇت ئوقۇپ، قىزغا ئاسانلىق تىلەۋاتقاندەك قىلىدۇ.

ئىشىك يەنە ئېچىلدى. ھەممىيلەن تەڭلا دوختۇرغا تەلمۈردۇق.

— قايسىڭلار دىلبەرنىڭ تۇغقانلىرى؟

— مانا بىز!

— بالىنى ئورايدىغان يۆگەك ئەكەلگەنمۇ؟

— مانا، مانا... — قېينانام قولىدىكى بوغچىنى سۇندى.

— ئوغۇلمىكەن ياكى قىزمىكەن؟ — دېدىم دوختۇرنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ.

— قىزكەن. سىزگە مۇبارەك بولسۇن.

— رەھمەت، دوختۇر.

كۆپ ئۆتمەي، ئىشىك يەنە ئېچىلدى. ئالدىراپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق. سېسترا قىز يۆگەككە ئورالغان بوۋاقنى ماڭا سۇندى. قوللىرىم تىترىگىنىچە، بالامنى قولۇمغا ئالدىم. بۇ چاغدىكى خۇشاللىقىمنى تىل بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىنمۇ؟

دىلبەرنى چاقلىق كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپئاق رەخت يېپىپ قويۇلۇپتۇ. قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ چىرايى رەختتىنمۇ بەكرەك ئاقىرىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ، ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. سېسترا دىلبەرنى ياتاققا ئېلىپ كىردى. ئۇ ماڭا قاراپ ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن:

— سىز بىردەم سىرتقا چىقىپ تۇرغان بولسىڭىز، ئايالىڭىزنى كا-

رىۋاتقا يۈتكىۋالغان بولساق، ـــ دېدى.

كارىدورغا چىقىپ، ساقلاپ تۇردۇم. بىر چاغدا سېسترا چاقلىق ھار-ۋىنى ئىتتىرىپ قايتىپ چىقتى. ياناققا كىرسەم، ئايالىم قىزىمىز بىلەن بىرگە يېتىپتۇ.

※ ※ ※

تېلېفوننىڭ ئەنسىز جىرىڭلىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. بۇ كېچىدە تېلېفون ئۇرغان كىمكىنە؟ مەن ئورنۇمدىن قوپقۇچە، ئىشىك تو-ۋىدىكى ساۋاقدىشىم تۇرۇپكىنى ئالدى.

ـــ ۋەي! كىمنى دەيسىز؟

ـــ ...

ـــ ھە... بار، بار. ھەي، سۇلتان، ئايالىڭدىن تېلېفون كەپتۇ.

ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم. بۇ كېچىدە تېلېفون ئۇرغىنىغا قارىغاندا، ھەرگىز ياخشى ئىش ئەمەس. زادى نېمە ئىش بولغاندۇ ؟ خۇدا، ئۆزۈڭ بار...

ـــ دىلبەر، ما؟ بالىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

ـــ كىملە... ئاغرىپ قالدى، ـــ يىغىدىن ئۇنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى، ـــ تېز كېلىڭ، بىز ھازىر دوختۇرخانىغا ماڭغىلىۋاتىمىز.

ـــ ئاپام يېنىڭىزدا بارمۇ؟

ـــ بار، ئاناممۇ بار.

ـــ ماقۇل، مەن ھازىرلا يولغا چىقاي.

تۇرۇپكىنى قويۇپ قويدۇم. ساۋاقداشلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى ئويغىنىپ كەتكەن ئىدى. پەرھات ئورنىدىن قوپۇپ، كىيىملىرىنى كىيدى.

ـــ نېمە بوپتۇ؟ ئۆيۈڭدە بىرەر ئىش بولغان ئوخشىمامدۇ؟

— قىزىم ئاغرىپ قاپتۇ، — دېدىم ئارانلا.

بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ، باشقا ساۋاقداشلىرىممۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. بىرەيلەن چىراغنى ياندۇرماقچى بولىۋىدى، دەرھال ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالدىم.

— ھېلىمۇ بىرمۇنچىڭلارنى ئويغىتىۋەتتىم، بولدى، باشقىلارنى ئاۋارە قىلمايلى، ئۇخلاۋەرسۇن.

— كىيىملىرىڭنى كىيگىن، — دېدى پەرھات ئالدىرىتىپ، — تاڭ يورۇيدىغانغىمۇ ئاز قالدى. بىللە چىقىپ، يولغا سېلىپ قوياي.

ئىككىمىز سىرتقا قاراپ ماڭدۇق. باشقا ساۋاقداشلىرىم كارىدورغىچە ئۇزىتىپ چىقىشتى. ئىككىمىز مەكتەپ دەرۋازىسىغىچە بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدۇق.

— ئايالىڭنىڭ قېشىدا ئانىسى، ئاپىسى بارغۇ، شۇنداق بولغاندىكىن، ئانچە ئەنسىرەپ كەتمە، — دېدى پەرھات كۆڭلۈمنى ياساپ.

پەرھات تاكسى توستى. مەن تاكسىغا ئولتۇرۇپ ماڭاي دەپ تۇرۇشۇمغا، ئۇ ئىككى يۈز كوي پۇلنى ماڭا تەڭلىدى.

— بۇنى تۇتە.

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

— چاپسان بول! ئەسلى سەن بىلەن بىللە بارسام ياخشى بولاتتى. سەن خاتىرجەم كېتىۋەر، سىنىپ مۇدىرىمىزغا ئەھۋالىڭنى مەلۇم قىلىپ قويىمەن.

ئۇ سۇنغان پۇلنى ئالدىم.

— رەھمەت، ئاداش، ياخشىلىقىڭنى ھەسسىلەپ قايتۇرىمەن.

— نېمىدەپ يۈرىسەن؟ ئاغىنىمۇ مۇشۇنداق گەپ قىلامدۇ؟ خوش، ماڭغىن.

— خوش ئەمىسە.

تاكسى قوزغالدى.

— نەگە ئېلىپ قويىمەن؟

— پويىز ئىستانسىسىغا.

ئەي، رەھىم ـ شەپقەتلىك خۇدا، ئاشۇ نارەسىدىنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن. بىلىمەن، مەن بىر ئازغۇن، رەزىل ئازغۇن، كۆپ گۇناھ قىلدىم. مەن قىزىمغا مېھىر ـ مۇھەببىتىمنى يەتكۈزەلمىدىم، ئاتىلىق مەجبۇ- رىيىتىمنى ئادا قىلالمىدىم. ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىم ئۈچۈن مېنى جازا- لىماقچى بولۇۋاتامسەن؟ سەندىن تىلەي، گۇناھلىرىمغا توۋا قىلدىم، جازا- لىماقچى بولساڭ، مېنىلا جازالا، ئاشۇ نارەسىدىگە شىپالىق بەرگىن، ئۇ گۇ- ناھسىز، ئۇ ياشىشى كېرەك...

مەن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدا تاكسىدىن چۈشتۈم، ئۇدۇللا جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە كىردىم. ئۇلار يوق... باشقا دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتمىگەندۇ ـ ھە؟ سېستىرالار ئىشخانىسىغا كىردىم.

— ياخشىمۇسىز؟

سېسترا بېشىنى كۆتۈردى.

— بۈگۈن سەھەر تاڭ ئاتارغا يېقىن بىر قىز بوۋاقنى بۇ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلدىمۇ؟

— ھەئە، ئېلىپ كەلدى.

يۈرىكىم «جىغغىدە» قىلىپ قالدى. ئۇنداقتا...

— قېنى ئۇلار، كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— سىز بالىنىڭ ئاتىسى بولامسىز؟

— شۇنداق...

— كەچۈرۈڭ... ئۆيىڭىزگە ئېلىپ كەتتى.

— سىز... بۇ ... نېمە دېگىنىڭىز؟ ساقىيىپ قالدىمۇ؟

سېسترا كۆزىنى مەندىن ئېلىپ قېچىپ، بېشىنى ئاستا چايقىدى.

دىمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى، پۈت ــ قولۇم تىترەپ، پۈتۈن بەدىنىمنى قارا تەر باستى. مەن كۆزلىرىمدىن بۇلدۇقلاپ چىققان ياشنى تەستە سىڭدۈرۈۋەتتىم. پۈتۈمنى تەستە يۆتكەپ، سىرتقا قاراپ ماڭدىم...

مەن ئۆيگە قانداقلارچە كېلىپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن. تار كوچىغا كىرىشىمگە يىراقتىنلا دىلبەرنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. بىزنىڭ ئۆيگە ئاق ياغلىق سالغان ئاياللار كىرىپ چىقىشىۋاتاتتى. بۇ ھالەتنى كۆرۈپ، باشقىدىنلا ئۆپكەم ئۆرۈلدى. ئۆيگە بوسۇغا ئاتلاپ كىردىم، دىلبەر بىلەن قېيىنانامنىڭ يىغا ئاۋازى يۈرىكىمگە پىچاق بولۇپ سانجىلدى. دىلبەر مېنى كۆرۈپ، تېخىمۇ بەكرەك يىغلاشقا باشلىدى. مەن ئۆمرۈمدە مۇنداق ھەسرەتلىك، مۇنداق ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىم. مەنمۇ ھۆكرەپ يىغلاپ، نالە ــ زار قىلدىم...

ــ قىزىم قەيەردە، مەن ئۇنى كۆرىمەن...

تۇغقانلاردىن بىرى مېنى ئىچكىرى ئۆيگە باشلاپ كىردى. قىزىمنىڭ ئۈستىگە ئاپئاق داكا يېپىپ قويۇلۇپتۇ.

ئۇنىڭ يېنىغا چىقىپ تىزلاندىم ــ دە، تىترەپ تۇرغان قولۇم بىلەن داكىنى ئاستا قايرىدىم. قىزىم خۇددى ئۇيقۇغا كەتكەندەكلا تېپتىنچ يېتىپتۇ.

ــ كامىلە، جېنىم قىزىم، مېنى كەچۈرگىن، يېنىڭدا بولالمىدىم. ئاتاڭ ئەسكى، ئاتاڭ گۇناھكار. مەن سىلەرنى تاشلاپ، ئوقۇشقا كەتمىگەن بولسام، قانداق بولغاي. مەن ئەسكى، مەن ئەسكى، خۇدا مېنى جازالىدى، سېنىڭ ئورنۇڭدا ئەسلى مەن ئۆلسەم بولاتتى...

تاشقىرقى ئۆيدىن دىلبەرنىڭ يىغىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىرەيلەن مېنى يۆلەپ تەستە تۇرغۇزدى. دىلبەرنىڭ يىغىسى باغرىمنى تېخىمۇ ئەزدى.

ــ سەۋر قىلىڭ، ئوغلۇم، ئەمدى قانداق قىلىمىز، قىزىمىز خۇداغا ياراپ كېتىپتۇ، ــ دېدى قېيىنانام كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، ــ ئۆلۈمگە رازىلىق بەرمىسەك، يامان بولىدۇ.

كامىلەگە تارتىشقان هالدا دىلبەرنىڭ قېشىغا قايتىپ چىقتىم. ئۇنىڭ يىغىسى پەسلەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— بىر ئۇبدانلا قالغانتىغۇ، ئەجەپ تۇيۇقسىزلا...

— نەچچە كۈندىن بۇيان چېغى ياخشىدى، — دېدى قېينانام مېنىڭ ئالدىمدا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك بېشىنى سېلىپ، — بۈگۈن تاڭ ئاتارغا يېقىن تەرەپپاللا ئۆزگىرىپ قالدى. دوختۇرخانىغا ئاپارساق، ئاش ۋاقتى مەھەلدە...

— دوختۇرلار سەۋەبىنى ئېيتمىدىمۇ؟

— سورىغىدەك بولمىدۇق.

شۇ ئەسنادا تېلېفون جىرىڭلىدى. بېرىپ، تۇرۇپكىنى ئالدىم.

— ۋەي، سۇلتانىما؟

— ھەئە.

پەرھاتنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ، باشقىدىنلا كۆڭلۈم بۇزۇلدى. دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمەي، پەقەت ھەسرەتلىك تىنىۋەتتىم.

— قىزىڭنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟

— تۈزۈلەلمىدى... مەن يېتىپ كەلگۈچە...

كۆزلىرىم يەنە ياشقا تولدى...

— نېمە دەيدىغانسەن ئەمدى...بىر نەچچە سائەتلىك ۋاقىدىشىمنى ئېلىپ، هازىرلا يولغا چىقاي.

— يول يىراق، بولدى، ئاۋارە بولماڭلار.

— تاڭ ئاتقۇچە يېتىپ بارىمەن.

مەن گەپ قىلغۇچە، ئۇ تېلېفوننى قويۇۋەتتى. خېلى بىر چاغقىچە ۋۇجۇدۇمنى جۇغۇلداتقان ھاياجان تارقاپ كەتمىدى. ئادەمنىڭ بېشىغا قازا كۈنلەر كەلگەندە، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق تەسەللى بولماس.

هويلىدا قول باغلاپ تۇرىمەن. ئادەم ئەڭ يېقىن ئادىمىدىن مەڭگۈلۈك

ئايرىلغان چاغدا باشقا يېقىن ئادەملىرىنىڭ تەسەللىسىگە بەكمۇ موھتاج بو-
لىدىكەن، ئۇلارنىڭ يولىغا قارايدىكەن، ئۇلارنىڭ پاتراق كېلىپ، قۇچاقلاپ
تۇرۇپ، تەسەللى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. يىراق سەھرادىن يېتىپ
كەلگەن ئاتا ــ ئانام، قېرىنداشلىرىم ھويلا ئىشىكىدىن كىرىپ كەلگەندە،
باشقىدىنلا كۆڭلۈم بۇزۇلدى. ئۇلار ماڭا ئېسىلىپ تۇرۇپ يىغلىغان چاغدا،
ئۇلارغا قوشۇلۇپ مېنىڭ يۈرىكىم يىغلىدى...

نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن كامىلەنىڭ مېيىتى ئېلىپ مېڭىلدى. بۇنى
كۆرگەن ئايالىمنىڭ يىغىسى پەلەككە يەتتى. ئۇنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسىدىن
يۈرىكىم لەختە ــ لەختە قانغا تولدى...

ياتتاق قاپلىغان قەبرىستانلىق... ھەممىمىزنىڭ ئاخىرقى ماكانىمىز
بولغان مۆكۈلۈق قەبرىستانلىق... رەسمىي يەرلىك ئەمەس، بىر كىچىككىنە
ئورەك... كامىلە، مېنىڭ بىچارە قىزىم، ئەنە شۇ ئورەككە دەپنە قىلىندى.
بۇ دەھشەتلىك ھالەتكە قاراۋېرىشكە چىدىماي، باشقا ياققا قارىۋالدىم.
قىزىمنى يەرلىككە قويغان قارى ھاجىم قىزىم كامىلەنىڭ نىشانى سۈپىتىدە
قەبرە توپىسى ئۈستىگە نەچچە تال كېسەكنى تىكلەپ قويدى. مەن يۈ-
رىكىمنىڭ بىر پارچىسىنى قەبرىستانلىقتا كۆمۈپ قويۇپ، تۇغقانلار بىلەن
بىرگە ئۆيگە قايتىپ كەلدىم.

ئەتىسى سەھەردە پەرھات ئىككى ساۋاقدىشىم بىلەن بىللە ئۆيىمىزگە
كىرىپ كەلدى. ئۇلار مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن ئاشۇ پەيتتە،
ئاغزىم ئۆمچىيىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدىم.

ئۇلار ماڭا نەچچە سائەتلا ھەمراھ بولۇپ، يەنە ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا
چىقتى. كەچقۇرۇن تۇغقانلارمۇ ئۆيلىرىگە قايتىشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۆينى
تېخىمۇ غېرىبلىق باستى.

تۇغۇتتىن كېيىن دىلبەر تېخى تولۇق ئەسلىگە كېلىپ بولالمىغان
ئىدى. خۇدانىڭ ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى بالىنى ئېلىپ كېتىشى ئۇنىڭغا ئىنتا-

يىن زور زەربە بولدى. ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا غەمكىن، ئەسلىدىنلا ئاشۇنداق مۆگۈلۈق چىرايى تېخىمۇ مىسكىن تۈس ئالدى. ئۇ نەچچە كۈنگىچە تۈزۈك بىر نەرسىمۇ يېمىدى، تولا يىغلاپ، ئاۋازىمۇ پۈتۈپ كەتتى.

بىر كۈنى كېچىسى ئويغىنىپ قارىسام، ئىچكەركى ئۆيىنىڭ چىرىغى يېنىق تۇرۇپتۇ. يېنىمغا سەپسالسام، دىلبەر يوق تۇراتتى.

ئۇ تورۇسقا ئېسىلىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان بولمىسۇن يەنە...

ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم. ئوتتۇرىدىكى ئىشىككە بېرىپ قارىسام، دىلبەر بالىنىڭ بۆشۈكى يېنىدا يۆگەك، ياستۇقلارنى پۇراپ ئولتۇ-رۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ، باشقىدىنلا ئۆپكەم ئۆرۈلدى. ئەجەب ئىچىمنى سەر-دىلىك، خوتۇن... ئۇنىڭغا دەخلى قىلماي دېدىم ـ يۇ، يەنىلا چىدىمىدىم.

ــ قوپۇڭ، بولدى قىلىڭ، ئۆزىڭىزنى ئازابلاۋەرمەڭ، ــ دېدىم گۇناھ-كارلاردەك بېشىمنى سىلىپ، ــ ياش بولغاندىكىن، خۇدايىم يەنە بېرەر...

ــ ھەر بىر بالىنىڭ ئوتى باشقا. ئۇنىڭ ئۈستىگە... كالىلە تۇنجىسى ئىدى، ــ دېدى ئۇ توختىماستىن بېشىنى چايقاپ، ئۈستى ــ ئۈستىگە ئاھ ئۇرۇپ، ــ ئۇ تېخى يېشىغا توشماي تۇرۇپلا... كېتىپ قالدى. تۇققۇز ئاي، تۇققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ، ئاران تۇغقان ئىدىم ئەمەسمۇ؟ چىدىماي قالدىم، راستىنلا چىدىيالماي قالدىم. كالىلە كۆز ئالدىمدىن بىر-دەممۇ نېرى كەتمەيۋاتىدۇ، ئۇ قايتىپ كېلىدىغاندەكلا تۇيۇلىۋاتىدۇ...

ــ ئالدىڭىزدا مەن ئەيىبلىك. ئېغىر ئاياغ ۋاقتىڭىزدا ھالىڭىزدىن ياخشى خەۋەر ئالالمىدىم.

ــ بولدى، سىزمۇ ئۆزىڭىزنى ئەيىبلىمەڭ. ئارىلىق يىراق، ئۇقۇ-شىڭىزمۇ ئېغىر، شۇنداق بولسىمۇ، ھالىمدىن ياخشى خەۋەر ئالدىڭىز. نېمە ئامال، بالىمىزنىڭ رىزقى شۇنچىلىك ئوخشايدۇ.

قىزىمىزنىڭ يەتتە نەزىرىسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇرۇمچىگە قاراپ يولغا چىقتىم. يېقىن ئادىمىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنكى قايغۇلۇق كۈنلەر

ئادەمنى قانچىلىك ئۆزگەرتىۋېتىدۇ ــ ھە؟ بۇ يەتتە كۈندە يەتتە ياش قېرىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدىم. قۇندۇز مېنى مۇشۇ ھالەتتە كۆرسە، تونۇيالماي قېلىشى مۇمكىن. ئەمدى قۇندۇزمۇ يوقالسۇن! شۇنىڭ كاساپىتىدىن خۇدا مېنى جازالاپ، قىزىمنى ئېلىپ كەتتى. بۇمۇ بىر بېشارەت! مەن بىر يىرگىنچلىك ئالۋاستى، مەن ئۆزۈمدىن يىرگىنىمەن...

ئۆتكەندە پاسكىنا سۇ قۇدۇقىغا ساڭگىلاپ قالغاندىلا چۆچۈشۈم، خۇدادىن قورقۇشۇم، قۇندۇزدىن پۈتۈنلەي ئادا ــ جۇدا بولۇشۇم كېرەك ئىدى. مەن نەپسىمنىڭ كەينىگە كىرىپ، داۋاملىق گۇناھ پاتقىقىغا پاتتىم. مەن كارىم بولمىغان كاملەنى خۇدا ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا ئېلىپ كەتتى. مەن بۇ يامان يولدىن قايتمىسام، خۇدا ئۈچىنچى قېتىم يەنە بېشارەت بەرگەيمۇ؟ بىرىنچى قېتىم خۇدا ئۆلۈمنى بۇرنۇمغا پۇراتتى. ئىككىنچى قېتىم قىزىمنى ئېلىپ كەتتى. ئۈچىنچى قېتىم جازا كىمگە كېلەر؟ ئۆلۈش توغرا كەلسە، ئەمدى مەن ئۆلەي، دىلبەر ياشىسۇن...

※ ※ ※

قۇندۇزدىن بىراقلا ئۆزۈمنى تارتسام، ئۇنىڭ كۆڭلى ئازار يەيدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە مېنىڭ ھازىدار ھالىتىمگە قاراپ، ئۇنىڭمۇ ئىچى سىيرىلىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇمۇ ئۆزىنى ئەيىبلەپ يۈرۈۋاتقان بولسا كېرەك، ئۇ بۇ كۈنلەردە ئۆزىنى مەندىن قاچۇرۇپ يۈرەتتى، ھەتتا ماڭا قاراشتىنمۇ ئۇيىلاتتى.

ئىجارىگە ئالغان ئۆيىنى قايتۇرۇۋەتتىم. بۇ قېتىم قۇندۇزدىن پۈتۈنلەي ئادا ــ جۇدا بولۇش قارارىغا كەلدىم. كۆڭلۈمگە ئايان، بۇ ئىش ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بولىدۇ، بۇنداق قىلىش مەن ئۈچۈنمۇ ئاسان ئەمەس. نەچچە ھەپتە ئىلگىرى قىزىمدىن ئايرىلدىم، ماڭا ئەمدى تۇرمۇشۇمغا مەنا، قەلبىمگە ھارارەت

بىرىپ كېلىۋاتقان سۆيۈملۈك ئادىمىدىن ئايرىلىشقا نىيەت قىلىۋاتىمەن. مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم، قۇندۇز بۇ ئايرىلىشنى كاملەنىڭ ئۆلۈمى بىلەن باغلىۋالمىسا بولاتتى. ئەگەر ئۇ راستىنلا ئاشۇنداق ئويغا كېلىپ قالسا، بۇ ئايرىلىشتىن ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئۆمۈرلۈك داغ پەيدا بولۇپ قالاتتى. بىراق مۇشۇ پەيتتە مېنىڭ ئۆزۈمنى بىراقلا چەتكە ئېلىشىم، ئۇنىڭدا مۇشۇنداق خىيالنى پەيدا قىلمايمۇ قالمايتتى. ئوقۇش پۈتتۈرۈدىغىنىمىزغا بىر ئايلا ۋاقىت قالغان ئىدى. مەن ھازىردىن ھازىرلىقىمنى باھانە قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئاستا ــ ئاستا يىراقلىشىم كېرەك.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن مۇزاكىرىگە كېتىۋاتسام، قۇندۇز يول ئۈستىدە مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ بېشىنى سالغان ھالدا ماڭا يانداشىپ ماڭدى.

ــ كەچۈرۈڭ، قىزىڭىزنىڭ نامىزىغا بارالمىدىم...

ــ ھېچقىسى يوق.

ــ پەرھانلار خەۋەر قىلمايلا كېتىپ قاپتۇ.

ــ بۇ ئىش بەكلا تۇيۇقسىز بولدى.

ــ پەرھات قايتىپ كېلىپمۇ بىزگە دېمەپتۇ.

ــ يول يىراق تۇرسا، شۇلارنىڭ ۋاكالىتەن بارغىنىمۇ كۇپايە.

ــ كېيىن ئاڭلاپ، كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولدى. تېلېفوندا بولسىمۇ ئەھۋال سوراپ قويايمىكەن دېگەن ئىدىم، بىراق... خىجىل بولدۇم.

ــ رەھمەت، ياخشى كۆڭلىڭىز تىنگىل بولدى.

شۇندىن كېيىن قۇندۇز بىلەن ئايرىم پاراڭلاشقۇدەكمۇ بولمىدىم. ئۆيدە ئاپئاق رومال سېلىپ، ھازىدار ھالەتتە قالغان ئايالىمنى ئويلىسىملا، يۈرىكىمنى قايغۇلۇق كەيپىيات قاپلىۋالدى ئېسكەنجىگە ئالىدۇ. قىزىمنىڭ مۇڭلۇق قەبرىسى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، مېنى تىنىمسىز ئازابلايدۇ. ھەقىقەتەنمۇ رەھىمسىز، شەخسىيەتچى ئىكەنمەن. ئايالىمنى ئېغىر ئازاب ھالەتتە ئۆيگە قانداقمۇ يالغۇز تاشلاپ قويغاندىمەن؟ نېمىشقا ئۇنىڭغا كۆپىرەك خەت يېزىپ،

تېلېفون ئۇرۇپ، روھىي ئوزۇق بەرمىگەندىمەن؟ ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ، قۇندۇز بىلەن چوڭ يەپ چوڭ ئىچىپ يۈرگۈچە، ئايالىمنىڭ ياخشىراق ئوزۇقلىنىشى، بالامنىڭ ساغلام يېتىلىشى ئۈچۈن نېمىشقا كۆپرەك پۇل قالدۇرمىغاندىمەن؟ دىلبەرگە قارىتا گۇمان، ئۆچمەنلىكتىن، ئەقلىم كېسىلىپتۇ. قۇندۇزنىڭ يالقۇنلۇق مۇھەببىتىدىن ۋىجدانىم بۇلغىنىپتۇ. دىلبەرگىمۇ ئىچىم ئاغرىماپتۇ، ئۇنىڭ بويىدا قالغان چاغلىرىدىمۇ تاش يۈرىكىم ئېرىمەپتۇ. ئاھ، خۇدا... بۇ بالاخور ھاۋايى ــ ھەۋەسلەر مېنى شۇ قەدەر شەپقەتسىز قىلىۋېتىپتۇ.

ئەي، رەھىم ــ شەپقەتلىك خۇدا! مېنىڭ بۇ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، قۇياشمۇ ئېرىتەلمىگەن سوغۇق يۈرىكىمنى ئوتلۇق مېھرىڭ بىلەن ئىللىتقىن...

ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان كۈنلەرگىمۇ ئازدى. ئوقۇغۇچىلار «ساۋاقداشلىق ئالبومى»غا ئەستىلىك سۆزى يېزىشقا كىرىشتى. مەن ساۋاقداشلىق مېھرى، چىن سۆيگۈنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن خاتىرەمنى قۇندۇزغا بەردىم. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ خاتىرىنى قايتۇرۇپ بەردى. ئۇ نېمىدەپ يازغاندۇ ــ ھە؟ مەن دەرەخلەر ئاستىدىكى بىر خالىي جاينى تېپىپ، خاتىرىنى ئوقۇشقا باشلىدىم.

*تۇيۇلار بۇ قىسمەت قارا باسقاندەك،*
*بىر مۇدھىش چۈشتىكى تۇمانغا ئوخشاپ.*
*شۇ تۇمان ھەممىنى ئالدى ئىلكىگە،*
*ۋە سەنمۇ يوقالدىڭ تۇماندا شۇ تاپ.*

*قانچە رەت تېپىرلاپ ئۇرۇندۇم، لېكىن*
*چۈشەكەپ ئۇيقۇمدىن ئويغىنالمىدىم.*
*تۇمانلار ئىچىدىن ئاختۇرۇپ شۇنچە،*

يوقالغان گۆھەرنى مەن تاپالمىدىم.

سەن بىلەن ئۇيقۇمدا سىردىشىپ ھامان،
ياشىدىم، ياشلىقتىن ئۆتتۇم خوشلىشىپ.
يوقالغان ياشلىقنى — بۇ گۆھەرنى ھەم،
خىيالەن ۋەسلىگىنى ئىزلەپ، قوغلىشىپ...

— زۇلپىقارنىڭ «يوقالغان گۆھەر»دىن

⁂ ⁂ ⁂

دۇنيادا ھەممە نەرسە تۈگەيدۇ قۇرۇپ،
پاك مۇھەببەت قالىدۇ مەڭگۈلۈك بولۇپ.

⁂ ⁂ ⁂

دەرت كېلەر، ئاھ، دەرت كېلەر،
دەرت كەلگەننى كىم بىلەر.
مېنىڭ تارتقان دەردىمنى،
ياراتقان خۇدا بىلەر.

⁂ ⁂ ⁂

چىن مۇھەببەت

بىر جۈپ قىز - يىگىت بار ئىدى. ئۇلار بىر - بىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىشەتتى. ئەل - يۇرت، ئاتا - ئانا ئۇلارنى قوللىدى. ئۇلارمۇ مۇرادىغا يەتتى. بىراق زامان كاج، تەقدىر رەھىمسىز، پەلەك تەتۈر كەلدى. بۇلارنىڭ يورۇق، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىغا بىر خىل قاراڭغۇلۇق بۆسۈپ كىردى. يىگىت سىرتتا ئىشلىسە، قىز ئۆي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. بىر يىلى قىز كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. يىگىتنىڭ قىزنىڭ ساقىيىشى ئۈچۈن قىلمىغىنى قالمىدى. چىن دىلىدىن كۆيۈندى، لېكىن قىز ساقايمىدى. قىزنىڭ كۆزى كۆرمەس، قۇلىقى ئاڭلىماس، تىلى سۆزلىمەس، قولى تۇتماس، پۇتى باسماس بولۇپ قالدى. يىگىتنىڭ ئىچى لەختە - لەختە قان بولدى.

بىر كۈنى تېۋىپ كېلىپ كۆردى. ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن:

— ئەي، كۆزىدىن ئوت چىقىدىغان يىگىت! مەھبۇبەڭنىڭ ھالىغا يامان بوپتۇ. مەندە بۇنداق كېسەلگە ھېچقانداق دورا - دەرمەك يوق. بىراق بىر ئىش قولۇمدىن كېلىدۇ. خالىساڭ، بىرەر ئەزايىڭنى مەھبۇبەڭگە كۆچۈرۈپ قوياي، — دېدى.

— ئەي، ھىممىتى جاھان، خىسلىتى ئەل ئاغزىدا داستان ئاتا، بۇ سۆزۈڭ مېنىڭ دىلخانەمگە نۇر بولۇپ كىردى. سەندىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا خۇش بولۇپ كېتەي. مېنىڭ مۇشۇ بىر جۈپ كۆزۈمنى ئۇنىڭغا كۆچۈرۈپ قويغىن! — دېدى يىگىت.

— نېمە ئۈچۈن؟

— ئەي، ئاتا! دۇنيادا ھەممىدىن ئۇلۇغ نەرسە نۇر، مەن نۇرنى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ نۇرلۇق جامالىغا مەپتۇن بولغان ئىدىم. ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرگەن نەرسەمنى ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىمگە بېرىش — مېنىڭ بەختىم.

— ئۇنداقتا، سەن قانداق قىلىسەن؟

— ئەي، ئانا! مەن ئۇنى بەختلىك قىلىش، ئۇنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن ئىدىم. ئۇنىڭ بەختى — مېنىڭ بەختىم. ئۇنىڭ خۇشاللىقى — مېنىڭ خۇشاللىقىم.

تىنىپ قاپىل بولدى. يىگىتنىڭ بىر جۈپ كۆزىنى قىزغا كۆچۈرۈپ قويدى. يىگىت كۈلدى، قىز يىغلىدى.

بۇ ھېكايەتنىڭ ئاستىغا بىر قىزنىڭ كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بىر جۈپ شەھلا كۆزى سىزىلغان ئىدى. قۇندۇز بۇ كۆزلەرنى سىزغان چاغدا ئۆزىنىڭ كۆزلىرىنى سىزغاندەك قىلاتتى.

※ ※ ※

مۇھەببەت گۈلزارى ئىچىدە بىرگە ئۆتكەن كۈنلەر نەقەدەر شېرىن،
مۇھەببەتنىڭ خىيالى مەنزىرىلىرى نېمىدېگەن گۈزەل؟
ئازابتىن تولغىنىپ ياتىدىغان كېچىلەر قانداق قورقۇنچلۇق — ھە؟

※ ※ ※

مەيلى سىز قەيەردە بولۇڭ، مېنىڭ مۇھەببىتىمنى ھەرگىز ئۇنتۇماڭ،
شېرىن چۈشتەك ياشلىق باھارىمىزنى ئۇنتۇماڭ.

※ ※ ※

*تەتقىقات ھەم يېزىقچىلىق ئىشلىرىڭىزدا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىڭىزنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.*

※ ※ ※

*دۇنيا پۈتۈنلەي رەزىللىك، كۆز بويامچىلىق، ئالدامچىلىق بىلەن تولغان مۇرەككەپ دۇنيا.*

※ ※ ※

*ئادەمدە ۋىجدان، غۇرۇر، ئار دېگەن نەرسىلەر بولمىسا، ھايۋاندىن نېمە پەرقى؟ ئادەممۇ ئوخشاشلا ھايۋانات تىپىغا تەۋە. ئادەم يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ھايۋاندىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.*

*ئادەم ھايۋانلار تىپىغا مەنسۇپ بولغىنى، ئار جەھەتتىن ھايۋانلاردىن پەرقلىنىپ تۇرغىنى بىلەن يەنىلا ھايۋانلار ئىچىدىكى چۈشىنىش ئەڭ قىيىن بولغان مۇرەككەپ مەخلۇق.*

ئەستىلىك سۆزى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشقان ئىدى. ئۇ بۇ سۆزلەرنى بىر نەچچە كۈندە يازغاندەك قىلاتتى. ئۇ شېئىر، ھېكايەت، ھېكمەتلەر ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ئىپادىلىگەن ئىدى. مەن بۇ سۆزلەردىن قۇندۇز-نىڭ قەلبىنى تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەندەك بولدۇم. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىرىدە نېمە دېمەكچى بولغىيدىكىنتاڭ؟ «دۇنيا پۈتۈنلەي رەزىللىك، كۆز بويامچىلىق، ئالدامچىلىق بىلەن تولغان مۇرەككەپ دۇنيا.» قۇندۇز بۇ سۆزلەرنى ماڭا قارىتىپ دېمەكچىمىكىنە؟ «ئادەم يەنىلا ھايۋانلار

ئىچىدىكى چۈشىنىش ئەڭ قىيىن بولغان مۇرەككەپ مەخلۇق.» بۇ سۆزلەر مېنىڭ خاتىرەمگە يېزىلغان ئىكەن، ئېنىقلا ماڭا قارىتىلغان. ئۇ مېنى تولۇق چۈشەنمەيدىكەن، مېنىڭدىن ھازىرغىچە گۇمانلىنىدىكەن.

مەن كىم؟ مەن زادى كىم؟

※ ※ ※

ئالىي مەكتەپتىكى بىر يىللىق بىلىم ئاشۇرۇش ئاخىرلاشتى. مەن بۇ بىر يىل جەريانىدا ھايات ھەققىدە چوڭقۇر چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدۇم. بولۇپمۇ ئۆزۈمنىڭ قەلبىگە ھەيران بولدۇم. ئويلاپ باقسام، ئېرىشكەن نەرسىلىرىمدىن يوقاتقان نەرسىلىرىم كۆپ ئىكەن. مانا ئەمدى قۇندۇزمۇ يۇرتىغا كەتمەكچى. ئۇنىڭدا مېنىڭدىن رەنجىگەنلىكىنىڭ قىلچە ئىپادىسى يوق. ئۇنىڭ ئاشۇ مۇڭلۇق چېھرىدە ھېلىمۇ گىرىمسەن تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇرىدۇ. بىچارە قىز، ئۇنى يەنە قانداق قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرغاندۇ؟ ئۇ مەندىن ئۆزىنى ئويۇنچۇق قىلدى دەپ رەنجىمىسە بولاتتىغۇ؟

ئەمەلىيەتتە، مۇھەببەتمۇ بىر چىرايلىق نىقاب ئىكەن. ئادەم بۇ نىقابقا ئورۇنۇۋالسىلا، ناھايىتى سۆيۈملۈك كۆرۈنىدىكەن. «سىزنى سۆيىمەن...» دېگەن سۆز دۇنيادا ئەڭ يېقىملىق سۆز ئىكەن، ئادەم بۇ سۆز ئارقىلىق، ئۆزى مەپتۇن بولغان ئادەمنىڭ جىسمىدىن ھەم روھىدىن ھۇزۇرلىنالايدىكەن. مۇھەببەت قۇندۇز بىلەن ئىككىمىزنى ھايات لەززىتىگە ئىگە قىلدى، لېكىن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى مۇھەببەت ھەرگىز نىقاب ئەمەس، ھەرگىز...

مۇشۇ كۈنلەردە قۇندۇز نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ ــ ھە؟ ئۇنىڭ يىگىتى بىلەن يارىشىپ قالغان ــ قالمىغانلىقىنى بىلمىدىم. ئۇ ئەمدى قانداق قىلار؟ يىگىتى بىلەن يارىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلارمۇ؟

ئەجەب بىر ئىشلار بولدى، خەقنىڭ قىزى بىلەن خەقنىڭ ئېرى

ئۇتتۇرىسىدا ئەجەبمۇ بىر ئىشلار بولۇپ كەتتى دېسە؟ بۇ هايات شۇنداق غەلىتىكى، ئۇ باللارنىڭ مۆكۈشمەك ئويۇنىغىلا ئوخشايدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇندۇزنىڭ ئاشۇ يىگىت بىلەن توي قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ قالارمەن، ھەتتا ئۇلار ئىككىسىنىڭ بىللە كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرۈپ قالارمەن. ئاشۇ چاغدا مەندە قانداق تۇيغۇلار بولار؟ بۇ خىيالنىڭ قوزغىتىشى بىلەن يۈرىكىمدە قايتىدىنلا قىساسكارلىق تۇيغۇسى باش كۆتۈردى. مەن نېمىشقا قۇندۇز بىلەن يەنە بىرەر كۈن بىللە بولمايمەن؟ ئۇ ئەتە ماڭسۇن، ئۇ بۇ قېتىم كېتىپ قالسا، مەڭگۈ كۆرەلمەسلىكىم مۇمكىن.

يۈرىكىمنى بىردىنلا ئەنسىزچىلىك قاپلىۋالدى. قۇندۇز بۇ چاغقىچە كېتىپ قالغان بولسىچۇ؟ ياق، ئۇ ماڭا خوشمۇ دېمەستىن، تېپتىنچلا كېتىپ قالمايدۇ، ئۇنىڭ يۈرىكى بۇنىڭغا ھەرگىز چىدىمايدۇ. نېمىگە قاراپ تۇرىمەن، ئەمدى نومۇس قىلىدىغانغا ۋاقىت قالمىدى، ئۇدۇللا ياتىقىغا كىرەي.

بەزى ئوقۇغۇچىلار سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ، ياتاقتىن چىقىۋاتاتتى. قىزلار ياتاق بىناسىغا ئالدىراپ كىردىم. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كارىدورنى بىر ئالغان ئىدى. كۆپىنچە ياتاقلارنىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇراتتى. قىزلار بىر ـ بىرىدىن ئالدىراش ھالدا نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. قۇندۇزنىڭ ياتىقى ئالدىغا كەلدىم، ئۇ كۆرۈنمەيتتى. يۈرىكىم بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ جىمىدىلا كېتىپ قالغانمىكىنە؟

ـــ گۈلشەن، بۇ ياققا چىقىڭە؟

ئۇ يىغىشتۇرۇۋاتقان نەرسىلىرىنى قويۇپ، ئالدىراپ كارىدورغا چىقتى.

ـــ قۇندۇز قېنى؟

ـــ سىزنى ئىزدەپ چىقىپ كەتكەنغۇ؟

ـــ قەيەرگە؟ نەگە ئىزدەپ ماڭدى؟

ـــ ياتىقىڭىزغا چىقىمەن دەۋاتقان.

ـــ رەھمەت سىزگە... ھە راست، كەچۈرۈڭ، خوش، گۈلشەن، خەت

يېزىك، تېلېفون ئۇرۇپ تۇرۇڭ.
— سىزمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ — ھە؟
— ئۇنتۇپ قالمايمەن. خوش ئەمسە.
— خوش...
كەينىمگە قايرىلدىم. پەلەمپەيدىن چىقىپ — چۇشۇۋاتقان قىزلارنىڭ ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ، ئالدىراپ پەسكە چۈشتۈم. ئوغۇللار ياتاق بىناسىغا يېتىپ كېلەي دېگەن چاغدا قۇندۇز بىنادىن چىقىپ كەلدى. مېنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ چىرايىغا ۋىللىدە كۈلكە يۈگۈردى.
ئۇ خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي:
— باركەنسىز — دە؟ سىزنى كەتتىمكىن دەپ... — دېدى.
— نېمىلا بولمىسۇن، خوش دەپ ماڭمىسام، قانداق بولىدۇ.
ئۇنىڭغا قاراپ بىچارىلەرچە كۈلۈمسىرىدىم. ئادەم نەقەدەر ئاجىز — ھە؟ ئۇ ھىجران قىسمەتلىرى ئالدىدا ئامالسىز.
— سومكىلىرىڭىزنى قانداق قىلدىڭىز؟
— تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ قويدۇم.
ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ ماڭا تارتىشىپتۇ — دە؟ بىچارە، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە جۇدالىق ھەسرىتى...
— ئەتە مېڭىڭ، بولامدۇ؟
ئۇ چوڭقۇر تىنىپ قويدى — يۇ، ئۈندىمىدى.
بىز بازار ئارىلاپ، بىرگە چۈشلۈك تاماق يېدۇق، چۈشتىن كېيىنمۇ بىللە ئايلاندۇق. قۇندۇزنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتكەن ئىدى. مېنىڭ كەيپىياتىم ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئىدى. بىر جۈپ ئەرۋاھتەك كوچىلاردا مەقسەتسىز، نىشانسىز ئايلىنىپ يۈردۇق. گاھ — گاھ ئۇنىڭغا قاراپ قويىمەن، ئۇنىڭ مىسكىن چېھرىدە بىرلا خىل ئىپادە.
— ھازىرغىچە سىزگە ھېچنېمە ئېلىپ بەرمەپتىمەن، بۈگۈن سىزگە

كىيىم ئېلىپ بېرەي.
ــ بولدى، ئاۋارە بولماڭ.
مەن بىر سودا سارىيىغا قاراپ ماڭدىم. ئۇ ئۇن ــ تىنسىز ھالدا ماڭا ئەگەشتى.
ــ بولدى، ئالماڭ دېدىمغۇ؟
ــ ماقۇل دەڭ. ھەر قېتىم كەيگىنىڭىزدە، مېنى ئەسلەپ قويارسىز.
ــ بوپتۇ. ئۇنداقتا، مەنمۇ ئېلىپ بېرەي.
سودا سارىيىدىن چىققان چېغىمىزدا كەچلا بولۇپ قاپتۇ.
ــ مەن ئەمدى... تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە كېتەي.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يۈرىكىم ئېچىشقاندەك بولدى. بىز مۇشۇنداقلا خوشلىشىمىزمۇ؟ ئۇ كېتىپ قالسا، قايتا كۆرۈشەلەرمىزمۇ؟ بولمايدۇ، مۇنداق سوغۇقلا خوشلىشىپ كېتىپ قېلىشقا بولمايدۇ. چوقۇم مەڭگۈ ئەستە قالغۇدەك تەسىرلىك ھالەتتە خوشلىشىش كېرەك.
ــ مېھمانخانىدىن ياتاق ئالاي...
ــ نېمە؟ نېمە دەۋاتىسىز؟
ــ ياتاق ئالاي.
ــ ياق، بولمايدۇ، قورقىمەن.
ــ ئۇنداق بولسا... تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، كۆرۈنۈپ قويۇپ چىقىڭ، كەچتە باغچىغا كىرىپ پاراڭلىشايلى.
ــ بولدى... قونمىغان مېھماننىڭ كەتكىنى ياخشى.
ئۇ كۆزلىرىنى مېنىڭدىن ئېلىپ قاچتى. ئاخىرقى كۈنلەردىكى سوغۇق مۇئامىلەمدىن ئۇنىڭ دىلى راستىنلا ئازار يەپتۇ ــ دە؟ ئەمدى قۇندۇزدىنمۇ ئايرىلىپ قاپتىمەن، ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ ئاللىقاچان ھەممىنى تۇيۇپتۇ. ئۇ ماڭا كۆرسەتمەستىن قول ياغلىقنى چىقىرىپ، كۆز يېشىنى سۈرتتى.
ــ خوش...

— ھازىرلىما؟ نېمانچە ئالدىراش؟ ھازىرچە خوش دېيەلمەيمەن...
ئەتە سائەت نەچچىدە ماڭىسىز؟

— 8:00 دە.

— ئەتە بېكەتكە بارىمەن، — ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدتە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۇزاققىچە تىكىلدىم، — سىزدىن راستىنىلا ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايۋاتىدۇ. مېھمانخانىغا بارسىڭىز... زادى بولمامدۇ؟

— خاپا بولماڭ، بارالمايمەن.

— ئەجەب تاش يۈرەككەنسىز. ئايرىلىدىغان كۈنلەردە...

— رەنجىمەڭ... خوش... مەن كىرىپ كەتتىم. ئەتە كۆرۈشەيلى.

ئۇ كوچا ئاپتوبۇسى بېكىتىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئاپتوبۇسقا چۈشكەنگە قەدەر قاراپ تۇردۇم. ئۇ راستىنىلا كېتىپ قالدى...

ئەتىسى سومكىلارنى كۆتۈرۈپ، ياتاقتىن چىقتىم. مەكتەپ يوللىرىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيدۇ. تالاي ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىپ، يەنە تالاي ئوقۇغۇچىلارنى ئۇزىتىپ قويغان بىنالار، دەرەخلەر غادىيىپ تۇرۇشىدۇ. ساۋاقداشلارنىڭ ھېچقايسىسى كۆرۈنمەيدۇ. پەرھاتمۇ تونۇلغۇن كېتىپ قالغان. ئاخشام قۇندۇزنى مېھمانخانىدا قونۇشقا يەنە زورلاپ باققان بولسام قانداق بولغىيتتى — ھە؟ بەلكىم، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى ئايرىلىش كېچىسى ئىرادىسىگە قارشى ئىش قىلىپ قويۇشتىن قورققاندۇ. ئۇنىڭ شۇنداق قىلغىنى توغرا بولدى.

مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ، كەينىمگە ئاستا قارىدىم. بۇ مەكتەپتە مېنىڭ گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك گىرەلىشىپ كەتكەن بىر يىللىق ئەسلىمىلىرىم قېپقالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە بېكەتكە كەلسەم، قۇندۇز ئالللىقاچان كېلىپ بولۇپتۇ. ئۇنىڭ روھىي ھالىتى تونۇلغۇنكىدىنمۇ تۆۋەن ئىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ، غەمكىن كۈلۈمسىرىدى. ئۇ يېنىدىكى بىر يۈرتلۇق كىشىلەردىن بىر ئاز

ئەندىشە قىلىۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى. ئۇنى گەپتە قويماي دەپ، نېرىسىدا ساقلاپ تۇردۇم.

ۋاقىت توشۇپ، يولۇچىلار ئاپتوبۇسقا چىقىشقا باشلىدى. قۇندۇز سومكىلىرىنى ئاپتوبۇسقا جايلاشتۇرۇپ قويۇپ قايتىپ چۈشتى. ئۇ ماڭا قاراپ قويۇپ، ئاپتوبۇسنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتۈپ تۇردى. ئۇنىڭ گېپى بار ئوخشايدۇ دەپ يېنىغا باردىم. ئۇ قوللىرىمنى تۇتۇپ، كۆزلىرىمگە تەلمۈرۈپ قارىدى. ئۇنىڭ ھەسرەت ئوتى يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى. ئۇنىڭ چىرايى بۇزۇلۇپ، ئاغزىنى ئۈمەللىدى. ئۇ بىلەت تەكشۈرگۈچىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قولۇمنى قويۇپ بەردى ــ دە، شاققىدە كەينىگە قايرىلىپ، ئاپتوبۇسقا قاراپ ماڭدى. ئۇ نېمە دېمەكچى بولغىيدىكىنە؟ ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ، غەمكىن ھالەتتە تۇرۇپ قالدىم.

بېشىمنى كۆتۈرسەم، ئاپتوبۇس ئورنىدىن قوزغىلىپتۇ. دېرىزىلەرگە تەلمۈرۈپ، قۇندۇزنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدىم. ھەتتا ئۇ مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئورۇندۇقلار ئارىسىغا چۆكۈۋالغاندەك قىلاتتى. ئاپتوبۇس دەرۋازىدىن چىقىپ كەتكەن چاغدىلا، چۆچۈپ ئويغانغاندەك بولدۇم. يۈگۈرۈپ چوڭ يولغا چىقتىم، ئاپتوبۇس خېلىلا يىراقلاپ كەتكەن ئىدى.

خەير ــ خوش، قۇندۇز، ئامان بولۇڭ، سىزگە بەخت يار بولسۇن. سىزنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇپ قالمايمەن...

※ ※ ※

دىلبەر مېنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەنلىكىمدىن قەۋەتلا خۇشال بولدى. ئۇ نەچچە كۈنگىچە ئىبسىل تاماقلارنى ئېتىپ، مېنى خۇددى مېھماندەك كۈتۈۋالدى. ئۆيدە ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن چاغلىرىمدا ئۇ ماڭا ئامراقلىق قىلىپ، ئۇ يەر ــ بۇ يەرلىرىمگە ئۇرۇپ قويياتتى، بەزىدە يۈزۈمگە

سۆيۈپمۇ قوياتتى. شۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان سەممىيلىكتىن خىجىل بولۇپ قالاتتىم. ئۇ بىر يىلدىن بۇيان كۆپ رىيازەت چەكتى. مەنچۇ؟ نىمە دەي؟ كۆپ گۇناھ قىلدىم، دىلبەرنى تەنھالىق ئازابىغا، ھامىلىدارلىق جاپاسىغا، تۇنجى بالىدىن ئايرىلىش ھەسرىتىگە قويدۇم. مەن شۇنچىۋالا رەھىمسىزلىك قىلىپ كەتكىنىمنى خىيال قىلسام، ئەمدى ئۆكۈ-نىمەن. لېكىن ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردىن خەۋەرسىز، ھەتتا ئۇ مېنىڭ ئازابلىرىمنىمۇ چۈشەنمەيدۇ. مەن ئۇنىڭ توي قىلىشتىن بۇرۇنقى پاكلىقىدىن گۇمانلىنىپ يۈردۇم. مانا ئەمدى ئىككىمىز تەڭلەشتۇق، كۆڭلۈممۇ بىر ئاز ئارام تېپىپ قالدى.

مەن بۇندىن كېيىن دىلبەرگە سادىق بولۇپ ياشاش نىيىتىگە كەلدىم. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان گۇمان، نەپرەت، قىساسكارلىق تۇيغۇلىرى كۆزۈمنى توسۇۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى نۇرغۇن ئېسىل نەرسىلەرنى ھېس قىلالمايدىغان، ھەتتا ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىدىكى گۈزەللىكلەرنىمۇ كۆ-رەلمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. ئىلگىرى بىر مۇنچە يىگىتلەر ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ئاشىق بولغان، ھەتتا بەزىلىرى كۆيۈك ئوتىدا ئاشىق بىقارار بولغان ئىدى. ئەمدى بۈگۈنگە كېلىپ — ھە؟ دىلبەر ھازىرمۇ شۇ پېتىچە گۈزەل تۇرۇپتۇ. چىرايلىق نەرسىلەرنى ھەممە ئادەمنىڭ تۇتۇپ باققۇسى، قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ باققۇسى كېلىدۇ. دىلبەر قىزلار ئىچىدىكى تەڭداشسىز گۈزەل قىزلاردىن بولغاچقا، نۇرغۇن يىگىتلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولغان، ئۇنى قوغلاشقان. بۇ بىر رېئاللىق! مەن نېمىشقا بۇنى ئېتىراپ قىلمايمەن؟ قوغلاشقان قالار، بۇيرۇغان ئالار. دىلبەردەك ساھىبجامال قىزنىڭ كۆڭلى، جىسمى ماڭا نېسىپ بولۇپتۇ. مەن نېمىشقا ئۇنى قەدىرلىمەيمەن؟ ئۆتكەن ئىشلار ئۆتتى، ھەممىسى يىراقتا قالدى، مەن نېمىشقا ئالدىمغا قارىيالمايمەن؟

تويدىن بۇرۇن كىملەر كىملەرگە ئاشىق بولمايدۇ؟ ئاشىق بولغانلارنىڭ قانچىسى مۇرادىغا يېتەلىگەن؟ سېنىڭ بۇرۇنقى مەشۇقۇڭ ھازىر بىراۋنىڭ

خوتۇنى، سىنىڭ ھازىرقى خوتۇنۇڭ بۇرۇن بىراۋنىڭ مەشۇقى بولغان. بۇنداق دەھشەتلىك رىئاللىق ئالدىدا كۆز يۇمۇۋېلىش مۇمكىنمۇ؟ بىز ئۆتمۈشنى ئۇنتۇشقا، ئازاب ئىچىدە ئىختىيارسىز ئەسلەشكە، سەزگۈلىرىمىزنى مەجبۇرىي ئالداشقا مەجبۇرمىز. بۇ دۇنيادا ئۆزىنى ئۆزى ئالدىيالمايدىغان ئادەممۇ بەختلىك بولالمايدۇ. مىنىڭ ھازىرغىچە ئازابلىنىپ يۈرىشىم دەل ئۆتمۈشنى ئۇنتۇ-يالماسلىق، گۇمانخورلۇق، رىئاللىققا يۈزلىنەلمەسلىك ھەم ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئالدىيالمىغانلىقىمدىن بولغان.

دىلبەر ھازىر ئىنتايىن ياۋاش، ھازىر ئۇنىڭدا بۇرۇنقى تەكەببۇرلۇقتىن ئەسەرمۇ قالمىغان. ئۇ راستىنلا ئۆمۈرلۈك تەقدىرىنى ماڭا باغلىۋەتكەندەكلا قىلىدۇ. قەدرىگە يەتسەم، ماڭا مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ بىراق مىنىڭ بۇ ئاق كۆڭلۈمگە ئاللىقاچان ئالا كۆڭۈللۈكنىڭ ئۇرۇقى تېرىلىپ كەتكەن ئىدى. مەن ئۆز ئىرادەمگە قارشى ھالدا ئىختىيارسىز قۇندۇزنى يەنە ئويلاپ قالىمەن، يوشۇرۇنچە ئۇنىڭ رەسىمىگە قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىمەن، ئۇنىڭ ئەستىلىك سۆزلىرىنى تەكرار ـ تەكرار ئوقۇيمەن، ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭغا خەت يازماقچىمۇ بولىمەن، ئۇنىڭدىن تېلېفون كېلىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

قۇندۇزمۇ شۇ كەتكەنچە، ئۇنىڭدىن ھېچبىر ئۇچۇر بولمىدى. ئۇنىڭ يىگىتى بىلەن يارىشىپ قالغان ـ قالمىغانلىقىنىمۇ بىلمىدىم. ئۇنىڭ تۇرمۇ-شىغا ئەمدى تەسىر يەتكۈزسەم بولمايدۇ. ئۇمۇ توي قىلىپ، تۇرمۇشىنى بىر ئىزغا سالسۇن. ئەمەلگە ئاشمىغان ئىشلار ئۈچۈن ھەسرەت چېكىۋېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭ بەختى ئۈچۈن بولسىمۇ، خەت يازماسلىقىم كېرەك. ئۇ مەندىن مىنى ئۇنتۇپ كەتتى دەپ رەنجىشى مۇمكىن. بولۇپتۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى دەپ، ئۇنىڭغا داۋاملىق زىيانكەشلىك قىلىشقا بولمايدۇ.

شۇ كۈنلەردە دىلبەرگىمۇ ئىچ ئاغرىتىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇ مەن بىلەن توي قىلىپ، نېمە خوشلۇق كۆردى؟ تۇنجى بالىمىز قازا قىلىپ،

ئۇنىڭ كۆڭلى ھازىرغىچە سۇنۇق. ئىككىنچى بالىمىز تۇغۇلسا، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى پەرىشانلىق تارقىلىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ بويىدا قالسا، چوقۇم ئاسرايمەن. بالا بۆلۈنۈپ كەتكەن كۆڭلۈمنى ئۇنىڭغا قايتا باغلايدۇ.

مۇشۇ كۈنلەردە دىلبەر ماڭا باشقىچىلا كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ كىيىملىرىمنى يۇيۇپ، دەزماللاپ، قاتلاپ ئېلىپ قويىدىغان بولدى. ئىشقا ماڭىدىغان چېغىمدا ئۇستۇبېشىمغا بىر قۇر قاراپ چىقاتتى. تاماققا ياردەملىشەي دېسەممۇ، ئىشىڭىز جاپالىق، ئارام ئېلىڭ دەپ ئۇنىمايتتى. دەم ئېلىش كۈنلىرى بىللە بازار ئارىلاپ، ماڭا قىممەت باھالىق كىيىملەرنى ئېلىپ كىيگۈزۈپ قوياتتى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭغا باشقىدىن مېھرىم چۈشۈشكە باشلىدى. دەل شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ بويىدا قالدى. خۇدا قىزىمىز كاملەنى ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىزگە يەنە بىر بالىنى بەرگەن ئىدى. خۇداغا بولغان تەشەككۈرۈمنى يۈرىكىمدە تەكرار ـ تەكرار ئىزھار قىلدىم. ئۆلۈپ كەتكەن قىزىمىزنى دىلبەرنىڭ يادىغا سېلىپ ئازابلاپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلدىم. دىلبەر ئەمدى ئازابلانماسلىقى، بالىمىزنىڭ ساغلام، ئەقىللىق تۇغۇلۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ دىلىغا ئەمدى ئازار بەرسەم بولمايتتى.

قۇندۇز ئۆيىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بىلەتتى. تەقدىر ـ قىسمەت بىز بىلەن قېرىشقاندەك مەن ئۆيدە يوق چاغدا ئۇنىڭ تېلېفون ئۇرۇپ قېلىشىدىن، تېلېفوننى دىلبەرنىڭ ئېلىپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتىم. ھازىرغىچە قۇندۇزدىن بىرەر قېتىممۇ تېلېفون كېلىپ باقمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ خىيالىنى كىم بىلىدۇ، ئويلىمىغان چاغدا تېلېفون ئۇرۇپ قالسا، جاڭجالنىڭ چوڭى چىقمامدۇ؟ مەن بۇ ئىشنى كەينىگە سۈرمەي، تېلېگراف ئىدارىسىگە بېرىپ، ئۆينىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئۆزگەرتىۋەتتىم. بۇ ئىشتىن كۆڭلۈم بىر ئاز يېرىم بولدى. چۈنكى قۇندۇزدىن ئالاقەم تولۇق ئۈزۈلگەن ئىدى.

بىر كۈنى دىلبەر دوختۇرخانىغا تەكشۈرتكىلى كەتتى. مەن بىللە باراي دېسەم، ئۇنىماي تۇرىۋالدى. چۈشتە ئىشتىن قايتىپ كەلسەم، ئۇ خۇشال ئولتۇرۇپتۇ.

— ھە، تەكشۈرۈتتىڭىزمۇ؟ — دېدىم ئالدىراپ، — ئوغۇلمىكەن ياكى قىزمىكەن؟

— ئوغۇلكەن...

— ۋاھ! نېمە دەيسىز ئەمدى؟ رەھمەت، خۇداغا رەھمەت.

— ماڭىچۇ، ماڭا رەھمەت ئېيتمامسىز؟

— ئالدى بىلەن تۇغۇلۇپ، ئاندىن رەھمەت ئېيتمامدىم؟

— نېمە بىلەن؟

— نېمە دېسىڭىز، شۇنىڭ بىلەن.

ئۇنىڭ چىرايىدا يەنە شۇ مۇلايىم كۈلكىسى جىلۋە قىلدى. ئۇنى ئۇ-زۇندىن بۇيان بۇ قەدەر خۇشال بولغان ھالەتتە كۆرمىگەن ئىكەنمەن.

ئوغلىمىز تىنچ ـ ئامان تۇغۇلسا، دىلبەر قىزىمىز كامىلەنىڭ دەرد-ھەسرىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئۇنىڭ قەلبى شادلىققا تولسا بولاتتىمۇ؟

— بۇندىن كېيىن پات ـ پات تەكشۈرۈتۇپ تۇرۇڭ.

— بۇنى دوختۇرمۇ تاپىلىدى. ھامىلىدارلىقنىڭ ئالتىنچى ئېيىدا ئايدا بىر قېتىم، يەتتىنچى ۋە سەككىزىنچى ئېيىدا ئايدا ئىككى قېتىم، ئەڭ ئاخىرقى ئېيىدا ھەپتىدە بىر قېتىم تەكشۈرۈتۇپ تۇرۇشۇمنى ئەسكەرتتى.

— يېمەك ـ ئىچمەكچۇ؟ نېمىلەرگە دىققەت قىلىش بولغۇدەك؟

— كۆكتات ھەم مېۋە ـ چېۋىلەرنى كۆپرەك يەپ بەرسەم بولغۇدەك. چېكىسەي، يېسىۋىلەك غولى قاناتلىقلار قەۋرىيەتنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن. دۇفۇدىن ياسالغان يېمەكلىكلەر، ئورۇق گۆش قاناتلىقلارنى يەپ بەرسە، ئوزۇقلۇقنى ئاشۇرغىلى بولىدىكەن.

— يەنىچۇ؟

— يەنە... تۆمۇر، كالتىسىي، يوپۇرمىلىق كىسىلاتاسى، ۋىتامىن قانار-لىقلارنى قوشۇپ ئىچسە، قان ئازلىق، كالتىسىي كەملىكتىن ساقلانغىلى بو-لىدىكەن.

— تۆمۇر دېدىڭىزما؟ داتلىشىپ كەتكەن تۆمۈر بولسىمۇ بولامدىكەن؟

— دۆت، مېڭىگە نېرى. ئالمىنىڭ ئىچىدە تۆمۈر ماددىسى ناھايىتى كۆپكەن.

— بۇ قېتىم تۇغىتتىڭىز قاچانغا توغرا كېلەر؟

— ئالتىنچى ئاينىڭ باشلىرى. بەلكىم، ئۇنىڭدىن بىر ـ ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ياكى كېيىن بولۇشى مۇمكىن.

ئىللىق ئەتىياز پەسلى يېتىپ كەلدى. دىلبەر ئەمدى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، ئۆزىنى ئاپتاپقا قاقلاپ ئولتۇرىدىغان بولدى. ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىگە كېپىنەكسىمان داغلار چۈشتى. بېلى ئېگىلىپ، قورسىقى مانا مەن دەپ كۆتۈرۈلۈپلا چىقتى. ئۇنىڭ كەينىگە غادىيىپ مېڭىشلىرى شۇنچە سۆيۈملۈك كۆرۈنىدۇ. ھەر قېتىم ئۇنىڭ يېنىغا كەلگىنىمدە، بۇرۇن تۆشۈكلىرىنىڭ يو-غىناپ قالغانلىقىنى كۆرىمەن، نەپەس ئېلىشى بارغانسېرى قىيىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايمەن.

بىر كۈنى كەچتە ئۇنىڭ پۇتىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم.

— پۇتىڭىز ئىششىپ قالدىمۇ قانداق؟ — دېدىم ئەندىشەمنى يوشۇ-رالماي.

— بۇ نورمال ئەھۋال، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — ئاخىرقى ئايلاردا مۇشۇنداق بولىدۇ.

— بۇندىن كېيىن سىز ئارام ئېلىڭ، ئۆينىڭ ئىشلىرىنى مەن قىلاي.

— ئوبدان بېقىپ، ئىشقا سالماي سەمرىتىۋەتسىڭىز، تۇغمىقىم تەسكە چۈشىدۇ جۇمۇ.

ماي ئېيى كىرىشى بىلەن دىلبەر تۇغۇتنىڭ تەييارلىقىغا چۈشتى.

كونىلار: «يامغۇردىن ئاۋۋال يېپىنچا تەييارلا، ئۇسساشتىن ئاۋۋال قۇدۇق» دەپتىكەن. ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلغىنىمۇ توغرا. بالا تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ئالدىن تەييارلىقنى ياخشى ئىشلەپ، ۋاقتى كەلگەندە تەمتىرەپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

بىر كۈنى ئۇنىڭغا:

— ماڭىمۇ دەڭ، خوتۇن، نېمىلەرنى تەييارلىشىپ بېرەي؟ — دېدىم.

— تۇخۇم، قارا شېكەرنى ۋاقتى كەلگەندە ئالارمىز، — دېدى ئۇ ئېغىر تىنىپ، — هازىرچە... بالىغا ئىككى قۇر كىيىم، يەنە شۇمەك ئالايلى. بانكىدىن ئىككى مىڭ كوي ئەكىلىپ قويۇڭ. يەتمىسە، يەنە ئەكىلەرمىز. قالغان نەرسىلەرنى ئۆزۈم تەييارلايمەن.

ئالتىنچى ئايمۇ يېتىپ كەلدى. بىر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئىشخانىمدا ئولتۇرسام، تېلېفون جىرىڭلىدى. ئالچە ئېرەن قىلمايلا، تۇرۇپكىنى ئالدىم.

— ۋەي، ياخشىمۇسىز؟

— مەن...

— هە... سىزمۇ؟ نېمە ئىش بولدى؟

— ئۆيگە كەلسىڭىز، كوچىدىن تاكسى توسقاچ كىرىڭ.

ئىشلىرىمنى تاشلاپ قويۇپ، ئالدىراپ ئىشخانىدىن چىقتىم. تاكسى بىلەن ئۆيگە كەلسەم، دىلبەر لازىملىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇنى يۆلەپ تاكسىغا ئولتۇرغۇزدۇم ـ دە، دوختۇرخانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

※ ※ ※

ئوغلىمىزغا ئۇمىدجان دەپ ئىسىم قويدۇق. ئۇنىڭ چىرايى ماڭا تارتىپتۇ دەپ تۇرساق، تېزلا ئاپىسىغا ئوخشاپ قالاتتى. بىز بالا بەخش ئەتكەن خۇشاللىقتا كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيمايلا قالدۇق.

شۇ كۈنلەردە ماڭا بىر پارچە خەت كەلدى. كونۋېرتتا ئەۋەتكۈچىنىڭ ئادرېسمۇ يېزىلمىغان ئىدى. مەن پوچتا تامغىسىغا قاراپ، بۇنىڭ قۇندۇزدىن كەلگەن خەت ئىكەنلىكىنى بىلدىم. دىلىمنى بىردىنلا ھاياجان چۇلغىۋالدى. ئىشخانا ئىشىكىنى يېپىپ قويۇپ، كونۋېرتنى يىرتتىم.

*سېغىنىشلىق سالام خەت*

*«ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، خىيالىم سەندىدۇر.»*

*قەدىرلىك سۇلتان:*

*ياخشىمۇسىز؟ مەن سىزدىن خەت كېلىپ قالار دەپ بىر يىل كۈتتۈم، ئاخىرى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئەمدى خەت يازمىغۇدەك، مېنى ئۇنتۇپ كېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. مەن ئىدارىڭىزنىڭ ئادرېسىنى بىلەتتىم، بىر نەچچە قېتىم خەت يېزىشنى ئويلىغان بولساممۇ، خېتىمنى خۇشال ـ خۇرام قوبۇل قىلىشىڭىزنى بىلمەيتتىم. شۇڭا سىزدىن بىرەر ئىشپادە بولۇشىنى كۈتۈپ يۈردۈم. ئارىلىقتىكى بەزى ئىشلارنى خاتا چۈشىنىپ، سىزدىن ئاغرىنىپ يۈرگەن بولساممۇ، كۆڭلۈمدە سىزنى يەنىلا ياد ئەتتىم، سىزنى كېچە ـ كۈندۈز سېغىندىم، سىزنى قىلچە ئەيىبلىمىدىم. چۈنكى ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەممە ئىشتا مەن ئەيىبلىك. مېنىڭ سىزدىن ئاغرىنىشقا قىلچە ھەققىم يوق. سىز شۇ قەدەر ئاق كۆڭۈل، سۆيۈملۈك... مەن سىزدىن نېمىشقا رەنجىيتتىم؟ سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلسىڭىز، ماڭا شۇلا كۇپايە. سىزدىن رەنجىپ، يۈرىكىمدىكى سۆيۈملۈك ئوبرازىڭىزدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيمەن.*

*«ھاياتلىقتا بولىدىكەن كېلىش ـ كېتىش،*
*ھەممىدىن بەك ئېغىر كېچىش.*
*ئۇچۇپ كەتسە كۆزدە قارلىغاچ،*

قايتىپ كېلىپ ئۆتسە بىر قېتىم.»

مەن «كەتسەڭمۇ كەت، لېكىن كەچمىگىن» دېگەن بۇ ناخشىنى ھەر قېتىم ئاڭلىغىنىمدا دەرھال سىزنى ئويلايمەن. مەن دىلىمدا «ھەي، سۇلتان، سەن يېنىمدىن كېتىپ قالدىڭ، لېكىن مەندىن كەچمىگىن!» دەپ نىدا قىلىمەن.

ئادەمنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى بولمىسا، ياخشى كۆرگەن شۇ ئادىمىنىڭ خىيالى بىلەن بولسىمۇ ياشىمىسا، بۇ ھايات شۇنچە زېرىكىشلىك تۇيۇلىدىكەن. ئۆتكەن كۈنلەر ئىنتايىن بەختلىك ئۆتۈپتىكەن. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىزدىن ئايرىلىپ قالغان ئوخشايمەن دەپ ئويلاپ، كۈنلىرىم بەكمۇ زېرىكىش ئىچىدە ئۆتتى، ئىككىمىزنىڭ يۇرتىنىڭ ئارىلىقىمۇ ئىنتايىن يىراقلاپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.

ئىككىمىز چۈشكەن رەسىمنى پات ــ پاتلا كۆرىمەن. رەسىمنى ھەر قېتىم كۆرسەم، مەھلىيا بولۇپ قاراپ كېتىمەن، چوڭقۇر خىياللارغا چۆمۈپ كېتىمەن، خۇشاللىنىمەن ھەم ئازابلىنىمەن. كۆز ئالدىمدا نەۋقىران ئەر! مەن ئۇنى سۆيگەچكە، ئۇمۇ مېنى سۆيگەچكە، خۇشاللىنىمەن؛ ئىككىمىز ياخشى كۆرۈشۈپ تۇرۇپ، ۋىسالىمىزغا يېتەلمىگەچكە، ئازابلىنىمەن. مەيلى نېمە بولسۇن، بىز ئۇچۇن ئەڭ قىممەتلىكى ــ ئوتتۇرىمىزدىكى ئۆلمەس مۇھەببەت! توي قىلىش ــ قىلالماسلىق ھەممىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ.

ئۆيىڭىزنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئالماشتۇرۇۋېتىپسىز. بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولۇپتۇ. بەلكىم، باشقىلارنىڭ تېلېفون ئۇرۇپ، ئائىلە تۇرمۇشىڭىزغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەنسىز. بۇندىن كېيىن خەت بىلەن بولسىمۇ بىر ــ بىرىمىزنىڭ ھالىغا يېتىپ ياخشى ئۆتەيلى. مەن سىز بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە بۇرۇنمۇ رازى ئىدىم، ھازىرمۇ، بۇندىن كېيىنمۇ، ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە رازىمەن.

*خەتنى ئۇزۇن يېزىپ‌تاشلىدىم، تولغىدىم چۈشىنىڭ. ئادەملىرىڭ كۆڭلىدىكى ئادىمىگە دەيدىغان گەپلىرى تۈگىمەيدىكەن. سىزگە دەيدىغان يەنە نۇرغۇن سۆزلىرىم بار ئىدى، ئۇلارنى كېيىنكى خەتلىرىمدە يازىمەن. خەير ـ خوش، كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭ.*

*سىزنى سۆيۈپ:*

*قۇندۇز*

خەتنى ئوقۇپ بولغىچە قوللىرىم تىترەپ كەتتى. خەتنى ئۈستەلگە قويۇپ قويدۇم ـ دە، خىيالىمغا ئايالىم بىلەن بالام يەتتى. تۇغۇتتىن كېيىن دىلبەرنىڭ چىرايىغا ئەمدىلەتىن قان يۈگۈرۈشكە باشلىغان ئىدى. ئۈمىدجان تېخى ئولتۇرغۇدەكمۇ بولمىدى. بىراق مەن ھازىر باشقا بىر ئايالنىڭ ئوتىدا كۆيمەكتىمەن. مەن بۇرۇنقى رەزگى خىياللاردىن، ھارام ئويلاردىن قۇتۇلۇپ، بۇندىن كېيىن بارلىق مېھىر ـ مۇھەببىتىمنى ئايالىمغا، بالامغا بېغىشلاي دېگەن نىيەتكە كەلگەن ئىدىم. بۇ خەت يەنە قەيدىن يېتىپ كەلدى؟ قۇندۇز تېخىچە مېنىڭدىن كەچمەپتۇ، مېنى ئۇنتۇيالماپتۇ. ئۇنىڭ مېنى تلھازىرغىچە سۆيگىنى ناھايىتى قىممەتلىك، لېكىن ئۇ رېئاللىقنىمۇ تەن بېرىشى، مېنىڭ ئائىلەمنىڭ ئىناقلىقىنى ئويلىشى، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنىمۇ ۋاقتىدا ئوڭشىشى كېرەك ئىدى. ئۇ بۇ خېتىدە يىگىتى بىلەن يارىشىپ قالغانلىقى ياكى باشقا بىرىنى تاپقانلىقى ھەققىدە ھېچنېمە دېمەپتۇ. ئۇ زادى قانداق قىلىۋاتقاندۇ؟ ھازىرغىچە يالغۇز يۈرمەدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ خىيالى مېنى دىلبەردىن تارتىۋېلىش ئەمەس! ئۇ ھەرگىز مۇنداق رەزىل ئىشنى قىلمايدۇ. ئوتتۇرىمىزدىكى رىشتە ئۈزۈلمىسە، دىلبەر ئۇچۇن مۇنداق خەۋپمۇ يوق ئەمەس. تۇنجى بالىمىز ئۆلۈپ كەتتى، ئىككىنچى بالىمىز ئەمدى نەچچە ئايلىق بولدى. مەن ھازىر بىر ئەر ھەم ئاتا. ئۆتكەندە دىلبەردىن رەنجىپ، يامان يوللاردا ئېزىپ يۈرۈپتىمەن. قۇندۇزنى ھەرقانچە ياخشى كۆرسەممۇ، ئەمدى بولدى. مەن

ئايالىم، بالام ئالدىدىكى مەسئۇلىيىمنى ئۇنتۇپ قالسام بولمايدۇ. دىلبەرمۇ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان كۆپ رىيازەت چەكتى. ئۇ ئاغزىدىن چىقىرالمىغان بىلەن، مېنىڭ سوغۇقلۇقۇمدىن تۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلىپ يەتتى. ئۇ ئاران تەستە بەرپا قىلغان ئائىلىمىز ۋەيران بولۇپ كەتمىسۇن دەپلا، تۇرغۇن ئىشلارنى ئىچىگە يۇتۇۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. قۇندۇزدىن يەنە ئۆزۈمنى تارتمىسام، ئۇنىڭغىمۇ، دىلبەرگىمۇ زىيانكەشلىك قىلىپ قويىمەن. قۇندۇزمۇ مېنىڭدىن كۆڭۈل رىشتىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ، ۋاقىتدا بىرسىنى تېپىپ توي قىلىۋالسۇن. مېنىڭ قۇندۇزدىن مېھرىمنى ئۈزەلمەي يۈرگىنىمنى بىلسە، دىلبەرنىڭمۇ كۆڭلى ئازار يەپ قالمىسۇن. ئەمدى ئۈلار ئىككىسىنىڭ تۇر-مۇشى ماڭىلا باغلىق بولۇپ قالدى.

قۇندۇزنىڭ خېتىگە قانداق جاۋاب قايتۇرۇشىم كېرەك؟ قارارىمنى ئوچۇق ئېيتسام، ئۇنىڭ كۆڭلى ئازار يەيدۇ. خېتىنى جاۋابسىز قالدۇرسام، ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ قاتتىق ئازار يەيدۇ. ئەمدى ئۇ مېنىڭدىن خاپا بولسىمۇ مەيلى، ھازىر ئۇنى رەنجىتىشىم، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۈچۈن پايدىلىق. شۇ چاغدا ئۇ مەندىن ئۈمىدىنى ئۈزىدۇ.

چۈشتە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كېتىۋېتىپ، كوچىدا بىر نەچچە چىرايلىق قىزنى كۆرۈپ، يەنە نېيىتىم بۇزۇلدى. بۇ قىزلار ئىختىيارسىز قۇندۇزنى يادىمغا سالدى. ئاۋۇ بىرى نېمانچە ئاق، نېمانچە يۇمران، نېمانچە سۆزۈك ــ ھە؟ قۇندۇزغا جاۋاب خەت يېزىپ، ئىشخانىمنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بەرسەم، ئۇمۇ ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئېيتىپ بەرسە، تېلېفوندا ئالاقىلىشىپ تۇرساق، ئۇ كەلسە ياكى مەن بارسام، ھېچ بولمىسا، ئوتتۇرىمىزدە ئۇچراشساق... ئۇ ئۆزىمۇ سىز بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە بۇرۇنمۇ رازى ئىدىم، ھازىرمۇ، بۇندىن كېيىنمۇ، ئۆلگىچە رازى دەپتىغۇ؟ ئۆزىنى بېغىشلاشقا ھەر زامان تەييار تۇرغان بىر قىزنى قاراپ تۇرۇپ قولۇمدىن چىقىرىۋېتەمدىم؟ قۇندۇزنىڭمۇ ئويلىغان بىر يېرى بار، ئۇ بۇ ئۆمرىدە ئۆزىنى ئەڭ ياخشى

كۆرگەن ئادىمگە بېغىشلىماقچى. شۇنداق تۇرسا، ئەمدى ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى تارتىشىم ئۈچىغا چىققان ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟

قۇندۇز دىلبەرگە قارىغاندا كۆپ ياش، ئۇنىڭ يۈرەككە بېرىدىغان ھۇزۇرىمۇ ئۆزگىچە. ھازىر نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ ئاشنىلىرى بار، ئاشۇلارمۇ خوتۇنلىرى بىلەن بىر ئۆبدان ئۆتۈۋاتامدۇ؟ بىرلا ئائىل بىلەن ئۆتكەن ھايات زېرىكىشلىك بولىدۇ. ھازىر خوتۇنىغا سادىق بولۇش، پەقەت ئېغىزدىلا قالدى. ھاراق سورۇنىغا كىرسە، ئەرلەرنىڭ چاقچاقلىرىدىن ھەممە ئىش ئاشكارا بولىدۇ. بەزى ئەرلەر رەگلىك ئولتۇرۇشلارغا ئاشنىلىرىنى باشلاپ كېلىپ، ئوچۇق ـ ئاشكارا ئولتۇرىۋاتامدۇ؟ ھازىر خوتۇنلىرىدىن يوشۇرۇن ئاشنا ئويناپ يۈرىدىغان ئەرلەر ئاز قالدى. مەن نېمىشقا ئوينىمايمەن؟ مەنمۇ ئەرغۇ؟

ئاھ، خۇدا!... ئۆز ـ ئۆزۈمگە نەپرەتلىنىمەن. مەن قانداقلارچە يەنە مۇشۇنداق رەزىل خىيالغا كېلىپ قالدىم؟ بۇنداق رەزىللىكلەر قانۇن ئالدىدا ھەم ئىسلام شەرىئىتىمىزدە زور گۇناھ بولىدۇغۇ؟ ھايات ئەسلىدە مۇنداق بولماسلىقى كېرەك. بولدى، بەس! دىلبەرگە بىر يىلدىن بۇيان قىلغانلىرىممۇ يېتەر. ئەمدى پۈتۈن مېھىر ـ مۇھەببىتىمنى ئائىلەمگە، بالامغا بېغىشلاي.

※ ※ ※

ئۈمىدجان تۆت ياشقا كىرىپ قالدى، ئۇ بۆلەكچىلا چىچەن بالا بولدى. بالا ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىزنىڭ دىل رىشتىمىزنى چىگىتتى. بۇرۇنقىلار: «باللىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دەپ بىكار ئېيتمىغان ئىكەن. بالىنىڭ يىغىسىمۇ ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن يېقىملىق مۇزىكا ئىكەن.

مەن بىر كۈنى دىلبەرگە:

ــ يەنە بىرنى تۇغسىكىز بولاتتى، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بىر پەرزەنتلىك بولۇشى

كېرەك دەپ قالسا، چاتاق بولىدۇ جۇمۇ، ــ دېدىم.
ــ نېمە دەيسىز ئەمدى، ئۇنداق بولماس؟
ــ بىر نەرسە دەپ بولمايدۇ.
شۇ كۈنلەردە مېنىڭ ئارامىمنى بۇزىدىغان يەنە بىر ئىش يۈز بەردى. يەكشەنبە كۈنى تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرسام، مەرداندىن تېلېفون كېلىپ قالدى.
ــ رۇقىيە بىلەن كۆرۈشۈپ باقتىڭمۇ، ــ دېدى ئۇ يۈرىكىمنى غىدىقلاپ.
ــ ياق، كۆرۈشمىدىم. قەشقەر تەرەپكە بارىدىغان پۇرسەتمۇ بولمىدى.
ــ قانداق، ئەمدى كۆرۈشكۈڭ بارمۇ؟
ــ بار، نېمىشقا بولمىغۇدەك.
ــ مەندە ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرى بار، يېزىۋالامسەن؟
ــ توختاپ تۇرە، قەغەز، قەلەم ئەكىلەي... ھە، ئېيتە.
مەن قوللىرىم تىترىگەن ھالدا بىر ۋاراق قەغەزگە رۇقىيەنىڭ تېلېفون نومۇرىنى يازدىم. خاتا بولۇپ قالمىسۇن دەپ، مەرداندىن يەنە بىر قېتىم سو- رىۋالدىم.
ــ يېقىندا ئۇ بىر دوستى بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە كەپتىكەن. سېنى سورىدى، ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت ھازىرغىچە ئۆچمەپتۇ.
ــ بىكار قىلدىڭ، ئاداش، ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بىلمىسەم ياخشى بولاتتى. ئۇنى ئەمدىلەتىن ئۇنتۇشقا باشلىغانتىم.
ــ شۇنداقتىمۇ، تېلېفون ئۇرۇپ، ئەھۋال سوراپ قويمامسەن.
شۇندىن كېيىن ئىچىمگە يەنە شەيتان ۋەسۋەسىسى چۈشىۋالدى. ئىشخانىدا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى نەچچە قېتىم قولۇمغا ئېلىپ، نەچچە قېتىم توختاپ قالدىم. تېلېفونى رۇقىيەنىڭ ئۆزى ئالسىغۇ بىر گەپ، تاسا- دىپىي ئېرى ئېلىپ قالسا، چاتاق بولمامدۇ؟ بولدى، كۆرۈشمەيلا قوياي. ئۇمۇ

ئېرى بىلەن تېنچ ئۆتسۇن، مەنمۇ ئايالىم بىلەن ئارامخۇدا ياشاي.

ھەر قېتىم تېلېفون نومۇرى دەپتىرىمنى ۋاراقلىغىنىمدا، رۇقىيەنىڭ تېلېفون نومۇرىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالىدۇ. شۇنداق چاغلاردا ئىختىيارسىز رۇقىيەنى ئويلاپ قالىمەن: ھەي... ي... ئۇ ھازىر قانداق بولۇپ قالغاندۇ؟ بەلكىم، تېخىمۇ تولۇپ، تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەندۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرەلمىسەممۇ، ئاۋازىنى بولسىمۇ ئاڭلىۋالسام بولاتتى...

بىر يەكشەنبە كۈنى ئۆيدە يالغۇز قالدىم. دەككە ـ دۈككە ئىچىدە تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولۇمغا ئالدىم. ئېرى ئېلىپ قالسا، قانداق قىلىمەن؟ رۇقىيەنىڭ ساۋاقدىشى دەي. شۇنداقتىمۇ قانداق ئويلاپ قالار؟ بولمايدۇ، ياخشىراق ئويلىشىپ، ئاندىن ئۇراي...

يۈرىكىم خۇددى قەپىسىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق دۈپۈلدەپ سوقاتتى. تېلېفون تۇرۇپكىسىنى يەنە قولۇمغا ئالدىم. قارشى تەرەپ گەپ قىلمىغۇچە، مەن نەپىسىمنىمۇ چىقارماي. مۇبادا، ئېرى ئېلىپ قالسا، گەپ قىلمايلا قويۇۋېتەي...

— ۋەي، ياخشىمۇسىز؟

ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى... بۇ رۇقىيەمىدۇ؟

— سىز... رۇقىيەمۇ؟

— ھەئە، مەن رۇقىيە.

— مەن... سۇلتان.

— سۇلتان؟! يائاللا، بارمۇسىز، ھاياتمۇسىز؟ سىز بىلەنمۇ كۆرۈشكىلى بولىدىكەن ـ ھە؟

— ئۆزىڭىزچۇ، ياخشى تۇرغانسىز؟

— ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟

— ياخشى تۇرىۋاتىمەن. يېقىندا مەردان تېلېفون ئۇرۇپتىكەن، سىز-نىڭ تېلېفون نومۇرىڭىزنى شۇنىڭدىن ئۇقتۇم. ئاۋازىڭىز تېخىمۇ يېقىملىق

بولۇپ كېتىپتۇ. بۇندىن كېيىن تېلېفوندا بولسىمۇ كۆرۈشۈپ تۇرايلى. مېنىڭ تېلېفون نومۇرىمنى يېزىۋالامسىز؟

— بولىدۇ، يېزىۋالاي.

مەن ئۆينىڭ ھەم ئىشخانەمنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئېيتىپ بەردىم.

— نېمىشقا قەشقەر تەرەپلەرگە ئۆتمەيسىز؟

— ھېچ پۇرسەت بولمايدىغۇتاك؟ بېرىپ قالسام، چوقۇم سىزنى ئىزدەيمەن.

— بالىڭىز قانچە بولۇپ كەتتى؟

— ئاران بىر. تۇنجىسى تۇگەپ كەتتى، قىز ئىدى دەڭا.

— مېنىڭ ئىككى، ھەر ئىككىسى قىز.

— ئۆزىڭىزغۇ ماڭا تەگمىدىڭىز، قىزىڭىزنىڭ بىرەسىنى بولسىمۇ ئوغلۇمغا بېرەرسىز؟

— بەرمەمدىغان، سىزدىن ئايلانسۇن.

شۇ ئەسنادا ھويلىدىن ئوغلۇمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلار بازاردىن قايتىپ كەپتۇ ـ دە.

— خوش، سىزگە يەنە تېلېفون ئۇرىمەن، سىزمۇ ئۇرۇڭ ـ ھە؟

— ئۇرىمەن، خوش ئەمىسە.

تېلېفوننى قويۇپ تۇرۇشۇمغا، دىلبەر بالىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ چىرايىمغا قاراپ قويۇپ:

— بىرىدىن تېلېفون كەلدىما؟ ـ دېدى.

— سىزگە تولا گېپىنى قىلىپ بېرىدىغان ھېلىقى مەردان دېگەن ئاغىنەمدىن كەپتۇ.

بىر ئائىلە دېگەندە تالاي راست گەپلەر، يەنە تالاي يالغان گەپلەر بولىدىكەن. قۇندۇز يۈرىكىمگە سىڭىشىپ كىرگەندىن تارتىپ، دىلبەرگە يالغان ئېيتىشقا باشلىغان ئىدىم. يالغان ئېيتىۋېرىسىمۇ، ئادەمنىڭ يۈزى

قىزارمايدىغان بولۇپ كېتىدىكەن. مانا بۈگۈن ئايالىمنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ يەنە يالغان سۆزلىدىم. ئەر ـ ئايالنىڭ كۆڭلى بۆلۈنۈپ كەتكەندە، بۇنىڭغا نېمە ئامال ـ ھە؟

ئالبومنى ۋاراقلاپ، ئالىي مەكتەپتە چۈشكەن سۈرەتلەرنى بىر قۇر ۋاراقلاپ چىقتىم. ھەر بىر پارچە سۈرەتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە بىردىن ھېكايە... ئاخىرقى خوشلىشىش پەيتىدە رۇقىيە يادىكار قىلغان سۈرەتكە ئۇزاققىچە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. مۇشۇ قىز مېنى بۇ دۇنيادا ئەڭ قاتتىق ئازابلىغان... خۇداغا شۈكۈرى، يۈرىكىمدە ئەمدى بۇرۇنقىدەك يالقۇنلاپ تۇرىدىغان مۇھەببەت ئوتى قالمىپتۇ، دىلبەر، قۇندۇزلارغا بولغان سۆيگۈ ئوتى رۇقىيەنىڭ ئوتىنى ئازراق ئۆچۈرگەن ئوخشايدۇ.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشۈپ، ئۆيگە قايتقۇم كەلمىدى. نەگە باراي؟ بىرەر ئاغىنەمنى تېپىپ ئىچىشكىمۇ كۆڭلۈم تارتمىدى. يول بويىدىكى IC كارتىلىق تېلېفون رۇقىيەنى يادىمغا سالدى. ئۇ مۇشۇ تاپتا چوقۇم ئۆيىدە، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقارمايمەنمۇ؟ تېلېفون كارتىسىنى سېلىپ قويۇپ، يەنە ئىككىلىنىپ قالدىم. مۇشۇ تاپتا ئېرىمۇ ئىشتىن چۈشۈپ، ئۆيىدە بولۇشى مۇمكىن. بولۇپتۇ، ئېرى ئېلىپ قالسا، خاتا ئۇرۇپ قاپتىمەن دەرمەن...

— ۋەي!

رۇقىيەنىڭ قىزى ئوخشىمامدۇ؟ ئاۋازى نېمانداق يېقىملىق؟ پۈتۈنلەي ئاپىسىنى تارتىپتۇ ـ دە...

— ۋەي، كىمنى ئىزدەيسىز؟

— رۇقىيە خانىم ئۆيدە بارمۇ؟

— سىز كىم؟

يۈرىكىم تېخىمۇ قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى. كىچىككىنە قىزنىڭ ئالدىدىمۇ مۇشۇنداق جىددىيلەشكەن بارمۇ؟ كىچىككىنە تۇرۇپ، يامانلىقىنى قارا

ئۇنىڭ... ئاپىسىنى يات ئەرلەردىن قورىقاتتى.

— مەن... ئاپىڭىزنىڭ ساۋاقدىشى.

— ئانا! سىزنى بىركىم ئىزدەيدىكەن.

— ۋەي!

— ھە، قانداق ئەھۋالىڭىز؟

— سۇلتانما؟

— ھەئە... مەن... يوقاپ كەتتىڭىزغۇ؟ تېلېفونمۇ ئۇرۇپ قوياي دېمەيسىزغۇ؟

— خانىمىڭىزدىن قورقۇپچۇ. بولمىسا، شۇنداق ئۇرغۇم بار.

— ئىشخانامغا ئۇرسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ؟

— ئۆتكەندە ئۇرغان، سىز يوقكەنسىز.

— يالغانچى، ئىشخانىدىكىلەر ئەجەب دېمىدىغۇ؟

— ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

— سىز بىلەن تېلېفوندا بولسىمۇ يات ـ يات سۆزلىشىپ تۇرغۇم بار. بىراق شۇ... ئېرىڭىز...

— ئۇ دۈشەنبىدىن جۈمەگىچە يېزىدا ئىشلەيدۇ. شەنبە، يەكشەنبە كۈنىدىن باشقا چاغلاردا تېلېفون ئۇرسىڭىز بولىۋېرىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا ياخشى بولغۇدەك. ساۋاقداشلار بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرامسىز؟

— ئانچە ـ مۇنچە. ھەممىسى ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ، ئالدىراش بولۇپ كەتتى دەڭا؟

— ساۋاقداشلار بىر يىغىلساق بولاتتى. سىلەر قەشقەردە بولغاندىكىن، تەكلىپ قىلمامسىلەر؟

— قېنى، بىر مەسلىھەتلىشىپ كۆرەرمىز.

— ئەمىسە، خوش دەمدۇق؟

— خوش...

— تېلېفون ئۇرۇپ تۇرىگە؟

— چوقۇم ئۇرىمەن. خوش ئەمىسە.

خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقىدا كۆڭلەرنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەيلا قالدىم. خىيال قىلسام، رۇقىيە بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشكىلى بىر ئايدىن ئېشىپتۇ. كاساپەت، ھازىرغىچە بىرەر قېتىممۇ تېلېفون ئۇرۇپ قويمىدى دېسە؟ بۇ ئىشتىن تۇرۇپلا خورلۇق ھېس قىلدىم. بولدىلا، مەنمۇ ئۇرمايلا قوياي. مەن بۇرۇنمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدە يوق ئىدىم، ھازىر تېخىمۇ يوق ئوخشايمەن. ئۇنىڭغا تېلېفون ئۇرغان پۇلغا بالامغا كەمپۈت ئېلىپ بېرەي.

※ ※ ※

تېلېفون بىزگە نۇرغۇن قۇلايلىقلارنى ئېلىپ كەلدى، شۇنداقلا نۇرغۇن ئادەملەرنى يولدىن چىقاردى. ئۆيىمىزگە تېلېفون قويۇشقا ئالدى بىلەن ئايالىم قىزىققان ئىدى. بىلسە ئىدى، تېلېفون ئۇنىڭغا بەختسىزلىك ئېلىپ كەلدى.

قايسى كۈنى ئىكەنلىكى ئېنىق يادىمدا يوق. شۇ كۈنى كەچتە ئۆيدە ئايالىم، بالام بىلەن تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتىم. يەنە شۇ تېلېفون... دىلبەر تېلېفوننى ئالدى.

— ۋەي!

— ...

— بار. سۇلتان، سىزگە كەپتۇ، بىر دوستىڭىزكەن.

ئادەمنى ئاۋارە قىلىپ، بۇ كېچىدە تېلېفون ئۇرغان كىمدۇ ئەمدى.

— ۋەي!

— ھە، قانداق ئەھۋالىڭ؟

— ياخشى، ياخشى. پەرھاتما؟

— ئىككى كۈنلۈك يىغىنغا كەلگەن. ھازىر «باغداش» رېستورانىدا ئولتۇرىۋاتىمىز، كېلەلەمسەن؟ ئايالىڭ رۇخسەت بەرمەمدۇ — يا؟

— باراي.

— ھە، يەنە شۇ ئولتۇرۇشقىمۇ؟ — دېدى دىلبەر تېلېفوننى قويۇ-شۇمغىلا، — ھاراقنى ئازراق ئىچەرسىز. بەك كەچ قالماڭ — ھە؟

ئايالىمغا ماقۇللا دېدىم، بىراق نەدىكىنى. شۇ ئاخشىمى پەرھات ماڭا قۇندۇزنىڭ، يەنە بىرمۇنچە ساۋاقداشلىرىمنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بەردى. خۇشاللىقىمدا چىلاشقۇدەك ئىچىپ، يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئۆيگە ئاران قايتىپ كەپتىمەن.

شۇندىن كېيىن ئىچىمگە يەنە جىن چۈشتى. گۈناھلىرىم توشۇپ، دوزاخقا كىرسەممۇ مەيلى، قۇندۇز بىلەن چوقۇم كۆرۈشىمەن. ئۆيدە يالغۇز قالغىنىمدا تېلېفون ئالدىغا كەلدىم. قۇندۇز ئاخىرى ئاشۇ يىگىتى بىلەن توي قىلىپتۇ — دە. ئىسمى نېمىدى ئۇنىڭ؟ كەچۈر، ئاداش، خوتۇنىڭغا تېلېفون ئۇرىدىغان بولدۇم. تېلېفونغا سوزۇلغان قولۇم بىردىنلا قېرى ئىبلىسنىڭ قولىدەك تىترەشكە باشلىدى. تېلېفون نومۇرىنى باستىم، ئۇلاندى. قۇندۇز ئالارمۇ ياكى... ئېرى ئېلىپ قالسا، گەپ قىلمايلا قويىۋېتەرمەن. ئەستا... جېنىم چىقىپ كېتەي دەۋاتسا، ھېچكىم ئالمايدىغۇ؟ تېلېفون ئاپتوماتىك ئۈزۈلدى، ئۇلار ئۆيدە يوق ئىكەن — دە...

شۇندىن كېيىن ھەر كۈنى تېلېفون ئۇردۇم. لېكىن تېلېفوننى ھېچكىم ئالمىدى. بۇ قىشلىق تەتىل مەزگىلى بولۇپ، ئۇلار توغقان يوقلاپ بىر يەرگە كېتىپ قالغاندەك قىلاتتى. بۇنى پەرەز قىلغان بولساممۇ، يەنىلا تېلېفون ئۇرىۋەردىم، قۇندۇز بىلەن كۆرۈشەلمەي تەلۋىلەشتىم... بىر كۈنى بىرەيلەن تۇيۇقسىز تېلېفوننى ئالدى.

— ۋەي!

— قونۇزمۇسىز؟ سىز بىلەن كۆرۈشمەك ئەجەب تەس كەلدىغۇ؟ مەن سىزگە كۈندە تېلېفون ئۇرغىلى ئون بەش كۈن بولدى، نەگە كەتتىڭىز؟

— نەگە بولاتتى، سىزنىڭ يۇرتىڭىزغا باردىم.

— نېمە دەيدىغانسىز ئەمدى؟ سىز بىزنىڭ يۇرتتا يۈرۈپ، مەن سىزنىڭ يۇرتىڭىزغا تېلېفون ئۇراي، تازا قىزىق ئىش بوپتۇ ـ دە بۇ. ھە، كىملەر بىلەن بىللە كەلگەن؟

شۇ ... يولدىشىم، بالام بىلەن.

— نېمىشقا مېنى ئىزدىمەيسىز؟

— تېلېفون نومۇرىڭىزنى بىلمىسەم، قانداق ئىزدەيمەن؟ خەت يازسام، جاۋاب خەتمۇ يازمىدىڭىز.

— كەچۈرۈڭ، راستىنلا جاۋاب خەت يازالمىدىم. مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە چۇشلۇق دەردىم بار، توغرا چۈشىنىڭ. ھە... سىزمۇ توي قىلىۋاپسىز.

— شۇنداق بولدى.

— ھېلىقى يىگىتىڭىز بىلەنمۇ؟

— ھەئە.

— بىزنىڭ يۇرتتا تۇغقانلىرىڭىز باركەن ـ دە؟ ئەمدى كەلگەندە مېنى چوقۇم ئىزدەڭ، بولامدۇ ؟

— بولىدۇ، چوقۇم ئىزدەيمەن.

— سىزنى شۇنداق كۆرگۈم كەلدى، بارايمۇ ـ يا ؟

— ياق، بولمايدۇ.

— تېلېفون نومۇرۇمنى يېزىۋېلىڭ. بۇندىن كېيىن تېلېفوندا بولسىمۇ كۆرۈشۈپ تۇرايلى.

— ماقۇل. قېنى، دەپ بېرىڭ.

— ....

— رەھمەت سىزگە.

— تېلېفون ئۇرۇڭ، بولامدۇ ؟ چوقۇم ئۇرۇڭ ـ ھە؟
— بولىدۇ، خوش ئەمىسە.
— خوش... تۇرۇپكىنى ئالدى بىلەن سىز قويۇڭ.
— ياق، سىز قويۇڭ.
— خوش، قويۇۋەتتىم ئەمىسە.

رۇقىيەدىن كۆڭلۈم ئازار يېگەنلىكى تېخىچە يادىمدا. مەردان ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بەرگەندە خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتكەن ئىدىم. رۇقىيەگە بىر نەچچە قېتىم تېلېفون ئۇرغان بولساممۇ، بىراق ئۇ ماڭا بىرەر قېتىممۇ تېلېفون ئۇرۇپ قويمىدى. مانا ئەمدى پەرھات قۇندۇزنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بەرگىنىدە خۇشال بولۇپ، ئۆزۈمنى قويغۇدەك يەر تاپالماي قالدىم. قۇندۇز مېنىڭ تېلېفون نومۇرۇمنى بىلدى. ئۇمۇ رۇقىيەگە ئوخشاش ماڭا بىرەر قېتىممۇ تېلېفون ئۇرۇپ قويماي، يۈرىكىمنى زىدە قىلارمۇ؟

كۈنلەر، ئايلار ئۆتتى، ساقلىدىم، گۇمان قىلغىنىمدەك قۇندۇزدىنمۇ تېلېفون كەلمىدى. ئۇ ئۇرمىسا، مەن ئۇرايچۇ، دەپ نەچچە قېتىم تەمشىلىپ توختاپ قالدىم. نېمشقا ئۆز غورۇرۇمنى ئۆزۈم دەپسەندە قىلغۇدەكمەن؟ رۇقىيەغۇ مەيلى، ئۇ ئەزەلدىن مېنى سۆيمەيتتى، ئۇ ئەزەلدىن ئاشۇنداق تاش يۈرەك ئىدى. بىراق قۇندۇز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ مېنى چىن يۈرىكىدىن سۆيەتتى، ئۇ شۇنداق رەھىمدىل، شۇنداق قىزغىن ئىدى. ئۇنىڭ ماڭا تېلېفون ئۇرماسلىقىدا چوقۇم باشقا بىر سەۋەب بار. ئۇ ھازىر كۆڭلىدە نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىدىغان ھۆر قىز ئەمەس، بىر ئەرنىڭ نىكاھىدىكى ئايال. ئۇنىڭ ئۆز ئېرىگە خىيانەت قىلىپ، توي قىلىشتىن بۇرۇنقى ئاشىقى بىلەن تېلېفوندا خۇپىيانە سۆزلىششكە ۋىجدانى يول قويماۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلغىنى توغرا. مەن بۇرۇن تېلېفون ئۇرمىدى دەپ رۇقىيەدىنمۇ رەنجىپ يۈرۈپتىمەن. ئەمدى

بىلسەم، ئۆزۈم ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىكەنمەن. مەن نېمە ئۈچۈن رۇقىيە بىلەن قۇندۇزغا ئوخشاش ئۆزۈمنىڭ ئەمرىدىكى ھالال جۈپتىمگە سادىق بولالمايمەن؟ مەن رۇقىيەنى پەقەت ئۇنتۇيالمىدىم. مانا ھازىرغىچە قۇندۇزنى سېغىنىمەن. ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، ھەممىسى بەگۋاش ياشلىقتا قالدى، ئۇ ئىشلارنى ھازىرغىچە كۆشەشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ يا دىلبەرنىڭ قەدرىگە يەتمەيمەن، يا رۇقىيە بىلەن قۇندۇزنىڭ كۆڭلىنى تىنىچ قويمايمەن.

ئەمدى بىلدىمكى، بارلىق رەزىللىكنىڭ مەنبەسى ــ مېنىڭ يۈرىكىم ئىكەن.

دوستلارمۇ بەزىدە ياخشىلىق قىلىمەن دەپ ئادەمنى يامان يولغا باشلاپ قويىدىكەن. مەردان مېنىڭ رۇقىيەگە ئاشىق بولغانلىقىمنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ مېنىڭ رۇقىيە بىلەن تېلېفوندا بولسىمۇ كۆرۈشۈپ، سېغىنىش ئوتىدا ئۆرتەنگەن يۈرىكىمگە تەسەللى ئىزدىشىمنىلا ئويلىغان. پەرھاتمۇ شۇ... ئۇلار ھەرگىز مېنىڭ ئايالىمغا خىيانەت قىلىشىمنى، رۇقىيە بىلەن قۇندۇزنىڭمۇ ئەرلىرىگە خىيانەت قىلىشىنى ئويلاپ ئولتۇرمايدۇ. مۇبادا، مەردان رۇقىيەنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ماڭا دەپ بەرمىگەن بولسا، قانداق بولار بولغىيتتى؟ پەرھات قۇندۇزنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بەرمىگەن بولسىچۇ؟ ئۇ چاغدا رۇقىيە بىلەن قۇندۇزنىڭ ئاۋازىنى ئۆلگۈچە ئاڭلىيالماسلىقىم مۇمكىن ئىدى.

ھايات مۇشۇنداق، ياشلىقىڭدا ياخشى كۆرۈشۈپ ئايرىلىپ كەتكەن ئادىمىڭ بىلەن تەقدىر ــ قىسمەت سېنى بىر ئاماللاپ ئۇچراشتۇرىدۇ.

※ ※ ※

مۇشۇ تېلېفون دېگەن نېمىنى يەرگە ئۇرۇپ چېقىۋېتەيمۇ ــ يا؟ چېقىۋەتسەڭ، يەنىلا باشقىنى ئالىسەن. مەن ئۆيدە يوق چاغدا ئايالىم كىملەر بىلەن سۆزلىشىدىكىنتاڭ. قايسىبىر كۈنى ئىشتىن قايتىپ ئۆيگە كىرسەم،

دىلبەر تېلېفوننى ئالدىراپلا قويۇۋەتتى. قارىسام، چىرايىمۇ ئەپ ئەمەس. يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ مۇئامىلىسىمۇ باشقىچە، بىر يېرىلا سوغۇق. ئۇ بىرەرسىنى تېپىۋالمىغاندۇ ــ ھە؟ بۇرۇنقى زامانلاردا ئاشىق بولۇپ قالغانلار دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ناخشا ئېيتاتتى، كېيىنچە مەخپىي خەت يېزىشىدىغان بولدى، مانا ئەمدى تېلېفون ئۇرىدىغان بولدى. ھازىر ئادەملەرنى ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ. بۇرۇن قوشنا مەھەللىدىكى بىرەرسى بىلەنمۇ كۆرۈشمەك تەس ئىدى. ھازىر جاھاننىڭ ئۇ چېتىدىكى ئادەم بىلەن سۆزلەشمەكمۇ شۇنچە ئاسان بولۇپ كەتتى. مەنمۇ بۇرۇن ياخشى كۆرگەن قىزلارنى ھازىرغىچە ئۇنتۇيالمىۋاتىمەن. ئىلگىرى دىلبەرگە كۆيگەنلەر ئازمۇ؟ دىلبەرمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئادەم، ئۇمۇ بۇرۇنقى ئاشىقلىرىنى ياد ئېتىدۇ، سېغىنىدۇ. ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرى دەپتىرىنى ئاختۇرۇپ باقىدىغان ئىشتى. كىم بىلىدۇ، مەردان بىلەن پەرھات ماڭا رۇقىيە بىلەن قۇندۇزنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بەرگەندەك دىلبەرنىڭ دوستلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئاشۇنداق شېرىن نومۇرلارنى دەپ بەرگەندۇ. تېلېفون دېگەن ئاشۇنداق توسالغۇسىز ئالاقە تورى. تېلېفوندىن ھەر بىر ئادەمنىڭ قەلبىگە ھەرخىل ئۇچۇرلار يېتىپ كېلىدۇ ...

ئاچچىقىمنى باسالماي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە دىلبەر:

ــ دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى كىچىك زېرەكنى ئالغىلى تۇرۇپتۇ، مەنمۇ ئالايمىكىن، ــ دەپ قالدى.

ــ نېمە ئۇ كىچىك زېرەك دېگەن؟ ــ دېدىم زەردە بىلەن.

ــ شياۋلىڭتۇڭچۇ؟

ــ بولدى قويغىنە! ــ دېدىم ئاچچىقىمدا سەنلەپ، ــ دېرىزىدىكى ماۋۇ چوڭ زېرەكمۇ يېتىپ ئاشىدۇ.

ــ ئۇنداق دېمىگە؟ سىزمۇ يانفوندىن بىرنى ئېلىڭ.

ــ بولدى! سەنمۇ ئالمايسەن، مەنمۇ ئاسمايمەن. بۇ بىر نېمە يوق چاغدىمۇ ئۆتكەنغۇ؟ ماۋۇ بىر نېمىنىمۇ دەسلەپتە سەن ئورنىتايلى دېدىڭ. مانا

ئەمدى كىچىك زىرەك، يانفون ئائىلى دەۋاتىسەن.
— بولدى، بولدى، سۆزلەپلا كەتتىڭىزغۇ؟
— ئۆزۈڭمۇ ئويلىمايلا گەپ قىلىۋېرىدىكەنسەن. ئۆيلەرگە تېلېفون چۈشۈپ، نۇرغۇن ئىشلار ئاسانلاشتى. چاقىرغۇ دېگەن نېمە چىقىۋىدى، ئاجرىشىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى، بىلەمسەن شۇنى؟ ئەمدى كىچىك زىرەك، يانفون دېگەن نېمىلەر چىقىپتۇ. قاراپ تۇرە، ئاجرىشىدىغانلار تېخىمۇ كۆپىيىدۇ.
— خۇدايىم ساقلىسۇن، تولا شۇم ئېغىزلىق قىلمىغا.
— راست گەپ قىلىۋاتىمەن. ئىشەنمىسەڭ قاراپ تۇر، مېنى راست دەپتىكەن دەيسەن.
تۇرۇپلا ئويلىنىپ قالدىم. ئۇمۇ كىچىك زىرەك ئالسۇن، مەنمۇ يانفون ئاساي. شۇ چاغدا قۇندۇز ماڭا بىمالال تېلېفون ئۇرالايدۇ. لېكىن ئايالىمغا كىملەر تېلېفون ئۇرار؟ قوي بۇ نىجىسنى.
قاراپ باقسام، مەن قۇراملىق ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يانفونى بار ئىكەن. ئاشۇلاردىن مېنىڭ نەرىم كەم؟ قۇندۇزنىڭ يانفونى بارمىدۇ؟ بار بولغان بولسا، ئېرىدىن قورقۇپ يۈرمەي، بىمالال تېلېفون ئۇراتتىم. ئۇنىڭغا تېلېفون ئۇرۇپ، نېمىشقا بۇنى سوراپ كۆرمەيمەن؟
ئۆيدە يالغۇز قالغان چېغىمدا يەنە تېلېفون ئالدىغا كەلدىم. توختا، ئۇ ماڭا بىرەر قېتىممۇ تېلېفون ئۇرۇپ قويمىسا، مەن نېمىشقا ئۇرغۇدەكمەن؟ بىردىنلا ئىچىم سىقىلدى، ئۆپكەم ئۆرۈلدى، ئۆي تارىيىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. رۇقىيەمۇ مېنى سۆيمىدى. مۇنۇ دىلبەرچۇ؟ ئۇمۇ مېنى چىن يۈرىكىدىن سۆيمىدى. ئەمدى قۇندۇزمۇ مېنى يادىدىن چىقىرىۋەتتى. مەن بۇ ھاياتىمدا بىرەر قىزنىڭ ئەبەدىي سۆيۈشىگە ئېرىشەلمەسمەنمۇ؟ مەن پەقەت قۇندۇزلا مېنى ھەقىقىي سۆيىدۇ دەپ ئويلايتتىم. بىراق ئۇمۇ... ئۇنىڭ مېنى مۇنچە تېز ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىگە نېمە دەي؟ بەلكىم، ئوقۇش پۈتتۈ-

رۇپ كېلىپلا تېلېفون نومۇرىنى ئالماشتۇرۇۋەتكىنىم، بىرەر پارچە خەتمۇ يېزىپ قويمىغىنىم، ئۇ خەت يازسا، خېتىنى جاۋابسىز قالدۇرغىنىم كۆڭلىگە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بىراق مەن بولارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ياخشى بولسۇن دەپ شۇنداق قىلغان. يامان يېرى، مېنىڭ شۇ چاغلاردا نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىمنى ئۇ نەدىن بىلسۇن؟ رۇقىيەنىڭ سۆيگۈسىدىن ئەسلا ئۈمىد يوق ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا پەرۋايىم پەلەك. قۇندۇز ئۇنىڭغا ئوخشمايتتى، ئۇ مېنى سەۋدايىلارچە ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ مېنىڭ بۇ دۇنيادا ھايات ئىكەنلىكىم ياكى ئۆلۈپ كەتكەنلىكىمنى دېرەكلەپمۇ قويمىغانلىقىمغا زادى ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ بىر چاغلاردا كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياشلىرىنى تۆككىنى قېنى؟ يۈرىكىم كۆيۈپ كېتىۋاتىدۇ، بالدۇرلا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن دېگىنى قېنى؟ چىدىمىدىم، بۇنداق بۇرۇقتۇرمىچىلىقا زادى چىدىمىدىم، بولدى، ئۇ ئېرى بىلەن ئۆتىۋەرسۇن... مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، ئۇنىڭ ھازىرمۇ مېنى ياخشى كۆرىدىغان ـ كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلىشىم كېرەك...

تېلېفون نومۇرىنى بېسىۋاتقان چېغىمدا كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. تېلېفون ئۇلاندى، بىرەيلەن تېلېفوننى ئالدى. يۈرىكىم دۈپۈلدىگەن ھالدا:

ـــ ۋەي، ـــ دېدىم بوش ئاۋازدا.

ـــ ۋەي.

قۇندۇزكەن، نېمە دەي؟ ئۇنىڭدىن يەنىلا رەنجىشكە بولمايدۇ.

ـــ ۋەي... كىمدۇ؟ ـــ دېدى ئۇ ئالاقزادە بولغان ھالدا، ـــ نېمىشقا گەپ قىلمايدىغاندۇ؟

ـــ كىمكەن؟ ئەكىلىگە تېلېفوننى.

ئۇنى نېمىشقا جىددىيلىشىپ كەتتىكىن دېسەم، يېنىدا ئېرى بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ چاتاق بولدى... مەن تىنىقىمنى ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ،

تۇرۇپكىنى مەھكەم ئېتىۋالدىم.

— ۋەي! — دېدى ئۇ ئىنتايىن يىرىك، قوپال ئۇندە.

— . . .

— ھېچكىم گەپ قىلمايدىغۇ؟

— قارىغاندا، بىرسى خاتا ئۇرۇپ قويغان ئوخشايدۇ،— دېدى قۇندۇز.

گالۋاڭلىقىمنى قارا؟ تېلېفوننى نېمىشقا قويۇۋەتمىدىم؟ بولدى، تېز قويۇۋېتەي. ئۇھ... خۇداغا شۇكۇرى...

دېرىزە ئالدىدا سىرتقا قاراپ تۇرۇپ قالدىم. كۆز ئالدىمغا قۇندۇز بىلەن ئېرىنىڭ تېلېفون ئالدىدىكى ھالىتى كېلىۋالدى. چاتاق بولدى، قۇندۇزنىڭ ئېرى گۇمانلىنىپ قالدى. تېلېفون ئۇلىنىپ، ئۇن نەچچە سېكۇنتقىچە ھېچكىم گەپ قىلمىسا، يەنە ئۈزلۈكىدىن ئۈزۈلۈپ كەتسە، چوقۇم گۇ-مانلىنىپ قالىدۇ. تېلېفوندىكى بۇ ئادەتنى بىلمىلەرنى نەچچە قېتىم تېلېفون ئۇرغان ھەرقانداق دۆت ئادەممۇ بىلىۋالىدۇ. ئۇلار مۇشۇ تاپتا ئۇرۇشۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەجەب بىمەھەل چاغدا تېلېفون ئۇرۇپتىمەن دېسە؟ ئۇلار ئاجرىشىپمۇ كېتەرمۇ؟ قۇندۇز ھەرگىز مېنىڭ ئىسمىمنى چىقارمايدۇ. مۇبادا، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە كەلگەن تېلېفون نومۇرىنى كۆرسىتىش ئۈسكۈنىسى بار بولسا، ئېرى ماڭا قايتۇرۇپ تېلېفون ئۇرارمۇ؟ ئۇرۇپ قالسا، قانداق قىلارمەن؟ ئۇ چاغدا بالام ئويناپ ئۇرۇپ قويۇپتۇ دەرمەن...

خېلىغىچە تېلېفوندىن سادا بولمىدى. قۇندۇزمۇ خېلى ئۇستات، ئۇ ئېرىنى بىر نەرسە دەپ ئىشەندۈرگەن چېغى. كىم بىلىدۇ، ئەر گۇمانلىنىپ قالغان بولسىمۇ، گۇمانى كۆڭلىدە قالغاندۇ...

كېيىنكى كۈنلەردە قۇندۇزدىن يا ئۇنداق، يا مۇنداق بولدى دەپ تېلېفونمۇ كەلمىدى. مەنمۇ تېلېفون ئۇرۇپ ئەپۇ سوراپ قويۇش نىيىتىدىن ۋاز كەچتىم. كۈنلەر، ئايلار ئۆتتى، ئوتتۇرىمىزدا ھېچبىر ئالاقە بولمىدى.

مەن رېئاللىققا تەن بېرىپ، بۇندىن كېيىن رۇقسىيەگىمۇ، قۇندۇزغىمۇ

قەتئىي تىلىفون ئۇرماسلىق نىيىتىگە كەلدىم.

※ ※ ※

دىلبەر ئەسكى خوتۇن ئەمەس، شۇنداقلا سەت خوتۇنمۇ ئەمەس. بىراق قۇندۇز يۈرىكىمگە كىرىۋالغاندىن بۇيان ئۇنىڭغا كۆڭۈلسىز بولۇپ قالدىم. ئۇ ھازىرمۇ چىرايىدىن كەتمىدى، لېكىن ئۇ كۆزۈمگە چىرايلىق كۆ-رۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى. تۇرمۇشتا ھەممىدىن يامىنى مۇشۇ، ياندا خوتۇن تۇرسا، باشقا بىر ئايالنى خىيال قىلىدىغان گەپ. بۇنداق چاغدا تۇرمۇشنىڭ يا لەززىتى بولمىغان، يا ئاجرىشىپ كەتكىلى بولمىغان. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى باللار يېتىم بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ھەممىگە چىدايدىغان گەپ.

دىلبەرنىڭمۇ كۆڭلى تۇيغان ئوخشايدۇ، ئۇ بەزىدە مېنى بىرسىگە بوزۇلدۇڭمۇ نېمە، دەپ قويىدۇ. شۇنداق چاغلاردا پەقەت كۈلۈپلا قويىمەن. ئۇ بۇ كۈلكىنىڭ رەزىللىك ئارقىلىق ئېرىشكەن ئۇستۇنلۈكىمدىن ھوزۇرلىنىش كۈلكىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. دىلبەر بىر چاغلاردا ئەجەبمۇ كۆرەڭلەپ كەتكەن، ئۇ مەندىن يوشۇرۇن ھالدا باشقا بىرسى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەن. بۇنى قانداقمۇ كەچۈرگىلى، ئۇنتۇپ كەتكىلى بولسۇن؟ شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ شۇ قەدەر ئەرزىمەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقىمدىن قاتتىق ئازابلانغان ئىدىم، كېيىنمۇ ئەڭ پەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان ئاشۇ چاغ يادىمغا تەكرار ـ تەكرار كىلىۋېلىپ، مېنى توختىماستىن ئازابلاپ كەلدى. ئادەمنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىغا قىلىنغان ھاقارەت يۈرەككە مۇشۇنداق چوڭقۇر ئورنىشىپ كېتىدىكەن. بۇ دۇنيادا قىساسى يوق ئىش نەدە بار؟ كۈلۈپ تۇرغىنىم بىلەن دەردىم ئىچىمدە. ئۇ كۈلگىنىمگە قاراپ كۈلگىنى بىلەن، كۈلكەمنىڭ كەينىدىكى ئاچچىقنى بىلمەيدۇ، ئىچىمگە زەھەرنىڭ توشۇپ

كەتكەنلىكىنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ھاقارەتلىرىدىن ئۆچ ئېلىش ئىستىكى مېنى مۇشۇنداق زەھەرخەندە ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. بەزى چاغلاردا چىشلىرىم غۇچۇرلاپ كېتىدۇ، بەزىدە بەدىنىمدىن ئاچچىق تەر قۇيۇلىدۇ، بەزىدە خاپىخان، سەپرا بولۇپ كېتىمەن... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىچىمدىكى زەھەرنىڭ كۈچى. مۇشۇنداق بولۇپ قېلىشىمنى ئويلىغانمىدىم؟ مۇشۇنداق بولۇپ قېلىشىمنى ئارزۇلىغانمىدىم؟ ئادەمنى نېمە قىلسا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېقىن ئادەملىرى قىلىدىكەن. دىلبەر مانا ئەمدى كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇرماقتا. ئۇ ئېرىنى ياۋاش، لېكىن ئۆتكۈر زەھەرلىك يىلانغا ئايلاندۇرىۋالدى. بۇ يىلان ئۇنىڭ يۈرىكىگە چىرمىشىپ، ئۇنىڭغا يا ھۇزۇر بەرمەيدۇ، يا ئارام بەرمەيدۇ. ئۇ بەكلا كېچىكتى، ئۇ ئەمدى بۇنداق بۇرۇقتۇرما رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشكىمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ. ھازىر تۇرمۇشىمىز ياخشىلىنىپ، ئۆيىمىزدە ھەممە نەرسە بار. لېكىن ئەر - ئايال ئىككىمىز-نىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت يوق. ئۆيىمىز يازدىمۇ قىشتىكىدەك سوغۇق. دىلبەر بىر ئىشقا ئاچچىقى كەلسىلا: «بۇ دوزاختىن ئەجەبمۇ تويدۇم!» دەپ ۋارقىرايدۇ. ئۇ ھېلىمۇ چىدىدى، بۇ ئۆيدىكى تىمتاس سوغۇقچىلىققا چىدىماق ھەقىقەتەن تەس.

بىر تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالىدۇ. ئۇ مەن بىلەن توي قىلمىغان بولسا، تۇرمۇشى قانداق ئۆتەر بولغىيتتى دەپ ئويلاپ قالىمەن. راستىنى ئېيتسام، ئۇنى مەن بەختسىز قىلىپ قويدۇم. ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدىغان چاغدا رۇقىيەنىڭ ھىجران ھەسرىتىدىن قۇتۇلالمىغان ئىدىم. توي قىلغاندىن كېيىن بولسا، قۇندۇزنىڭ ئىشق ئوتىغا گىرىپتار بولۇپ قالدىم. دىلبەر باشقا بىرسى بىلەن توي قىلغان بولسا، ئاشۇ چىرايى، قامىتى بىلەن چوقۇم بەختلىك بولالايتتى. مەن ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمىدىم، ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالى، ئالتۇن بويلىرى مېنىڭ قولۇمدا قەدىرلەنمەي، زايە بولۇپ كەتتى. بۇنىڭغا يەنىلا ئاشۇ رۇقىيە بىلەن قۇندۇز سەۋەبچى...

بۇ ئەئىلىدە دىلبەرنىڭ كۆڭلىنى پەقەت ئوغلىمىز ئۈمىدجانلا ئاۋۇندۇ-
رۇپ تۇرىدۇ. دىلبەر مېنىڭ سۆيگۈمدىن مەھرۇم بولۇپ قالغان بولغاچقا،
ئوغلىمىزنى قۇچىقىغا چىقىرىۋېلىپ مەڭزىگە سۆيدۇرگىنىدە، بەكمۇ خۇشال
بولۇپ كېتىدۇ. ئۆزىمۇ بالىنى قوچاقلاپ، پات ـ پاتلا سۆيۈپ كېتىدۇ.
ئادەمنىڭ كۆڭلى ئاشۇنداق، ئۇ ھامان بىرەر سۆيگۈ، بىرەر ئەرمەك ئارقىلىق
ئۆزىگە قانائەت ئىزدەيدۇ.

بىراق مەنچۇ؟ مەن نېمىدىن قانائەت تاپىمەن؟ مۇشۇ كۈنلەردە دىلبەر
ھەر ئاخشىمى بالىنى قوينىغا سېلىۋېلىپ، مەن بىلەن كارى يوق. بىز بىر-
بىرىمىز ئۈچۈن بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا. رۇقىيەغۇ مېنى پۈتۈنلەي
ئۇنتۇپ كەتتى، ھەتتا قۇندۇزمۇ مېنى ياد ئېتىپ، تېلېفون ئۇرۇپ قويمايدۇ.
قۇندۇزدىن ھېچنېمىنى تەلەپ قىلمايتتىمغۇ؟ ئىچىم سىقىلغان، تەنھالىقىم
چېكىگە يەتكەن مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرسام
كۇپايە ئىدىغۇ؟ ئاھ، خۇدا! توۋا قىلدىم، ئادەم كۆڭلىنى ھەممە ياققا چاچسا،
ئاخىرى مانا مۇشۇنداق يالغۇز قالىدىكەن.

ھازىر ماڭسام قولۇمدا، ئولتۇرسام ئالدىمدا، ياتسام بېشىمدا كىتاب.
ھاياتىمدا پەقەت كىتابلا ماڭا ئەڭ سادىق دوست بولۇپ كەلدى. كۈنلىرىم
ئىشخانا، ئۆيگە بېكىنىپ ئۆتمەكتە. كىتابقىلا قاراپ، دوستلارنى ئىز-
دىمىگەچكە، ئۇلارمۇ مەندىن يىراقلىشىپ كەتتى. كوچىلارنى ئايلانسام، مەن
بىلەن ھال ـ مۇڭ قىلىدىغان بىرەر يېقىن دوستۇممۇ يوق، ئۇيان ـ بۇياققا
قاراپ، پاتلا زېرىكىمەن، يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ، ئۆيگە قايتىپ كېلىمەن،
شۇ چاغدا دىلبەرنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىگە بەكمۇ تەشنا بولىمەن. بىراق
ئۇنىمۇ ئۆزۈمدىن ئاللىقاچان بەزدۈرۈۋەتكەن ئىدىم.

كۈنلەپ، ھەپتىلەپ سىرتقا چىقمىغان چاغلىرىمدا دىلبەرنىڭمۇ ئىچى
پۇشۇپ، ماڭا ۋارقىرايدۇ:

ــ ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرگۈچە، سىرتقا چىقىپ چۆرگىلەپ كىرمەمسىز!

— سەنلا چىقسىنا شۇ تالاغا.
— بولمىسا، سىبسىپ ئولتۇرىگە مۇشۇ ئۆيدە! — دەيدۇ ئۇ زەردە بىلەن.
— چىقىپ كەتسەم، ئەكىرەلمەيسەن جۇمۇ؟
— هوش! قولىڭىزدىن كېلەمتى شۇ ئىشلار سىزنىڭ.
تا هازىرغىچە كارامىتىمنى بىلمەيدىكەنسەن — دە دەيمەن ئىچىمدە.
راست، ئۇ هازىرغىچە مېنى چۈشەنمەيدۇ. شۇنچە سوغۇق بولسامۇ، ئۆزىگە سادىق دەپ ئويلايدۇ. نەدىمۇ سەۋەبسىز سوغۇقلۇق بولسۇن؟
بەزىدە ئەخمەقلىقىمغا شۇنچىلىك ئاچچىقىم كېلىدۇ. مەن نېمىشقا خىيالىي لەززەتتىن هۇزۇرلىنىپ، رېئاللىقتىكى لەززەتتىن هۇزۇرلانمايمەن؟ مەن كۆيگەن رۇقىيە يىراق ئۆتمۈشتە قېپقالدى، ئۇ هازىر ئىككى بالىنىڭ ئاپىسى، ئۇنىڭ يېنىدا هالال جۈپتى بار؛ مەن سۆيگەن قۇندۇزمۇ يىراق-يىراقلاردا قېپقالدى، هازىر ئۇنىڭ بىر بالىسى بار، ئۇ بىر ئەرنىڭ نىكاھىدىكى ئايالى. مەن نېمىشقا ئۇلارنى دائىما خىيال قىلىۋېرىمەن؟ نېمىشقا ئۇلارنى يۈرىكىمدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشمايمەن؟ دىلبەر مەن بىلەن توي قىلىدىغان چاغدا كۆڭلىگە قانداق ئارزۇلارنى پۈككەن بولغىيتتى؟ ئۇ هازىر نۇرغۇن ئارزۇ — ئارمانلىرىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆمۈرلۈك قىسمىتىنى ماڭا باغلاپ قويغانلىقىدىن پۇشايمان قىلىۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇ پۇ-شايمان قىلسا بولىدۇ، مەن ئۇنى هەقىقەتەن بەختسىز قىلىپ قويدۇم. ئاللىقانداق خىيالىي دۇنيا ئىچىدە ئۆزۈمنىمۇ بەختسىز قىلىپ قويدۇم. مەن راستىنلا تەتۈر پېشانە ئىكەنمەن، مېنىڭ بۇ كاج قىسمىتىم رۇقىيەگە ئاشىق بولۇپ قېلىشتىن باشلانغان. ئاشۇ يىللىرى ساۋاقدىشىمنىڭ سىڭلىسىنىڭ تويىغا بارمىغان بولسام، ئاخشىمى ئۆزمىلىك هويلىدا رۇقىيەدىن ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالمىغان بولسا، مېنىڭ بۇ تەقدىر — قىسمىتىم قانداق بولار بولغىيتتىكىنتاڭ؟ ئاشۇ ئىشنىڭ كاساپىتى مانا هازىرغىچە داۋاملاشماقتا.

※ ※ ※

يەكشەنبە كۈنى دىلبەر بالىنى ئېلىپ تۇغقانلىرىنىڭ تويىغا كەتتى. تۈنۈگۈن كىچىككىنە بىر ئىش سەۋەبلىك ئۇنىڭ بىلەن تەگىشىپ قالغان ئىدىم. شۇڭا بۈگۈن بىللە بارغۇم كەلمەي، ئۆيدە قېپقالدىم. چۈشكە يېقىن بىر چاغدا ھويلىدا ئولتۇرسام، تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. يەنە شۇ خوتۇن ئادەمنى ئاۋارە قىلىپ تېلېفون ئۇرغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئاچچىقىمدا ئۆيگە كىردىم ــ دە، دەرغەزەپتە تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئالدىم.

ــ ۋەي! ــ دېدىم زەردە بىلەن ۋارقىراپ.

ــ سۇلتانما؟

ــ ھەئە، مەن، ــ بۇ... ئەجەب تونۇشلا ئاۋازغۇ... ــ سىز؟

ــ ئەجەب ئاچچىقىڭىز يامانغۇ؟ تونۇيالمىدىڭىزمۇ؟

ــ رۇقىيەمۇسىز؟

ــ ھەئە، مەن... رۇقىيە.

ــ قانداق ئەھۋالىڭىز؟ ياخشى تۇرغانسىز؟

ــ ياخشى... ھە، تېپىپ بېقىڭە، مەن ھازىر نەدە؟

ــ بىلەلمىدىم.

ــ مەن ھازىر سىزنىڭ يېنىڭىزدىلا.

ــ ھە!؟ راستما؟ نېمە دەيسىز ئەمدى؟ سىز ھازىر قەيەردە؟

ــ يولۇچىلار قاتناش بېكىتىنىڭ ئالدىدا.

ــ ساقلاپ تۇرۇڭ ــ ھە؟ ھازىرلا يېتىپ بارىمەن.

ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئاشۇ كۈنى قەشقەر يولۇچىلار بېكىتىدە رۇقىيە بىلەن خوشلاشقان چېغىمدا ئۇنى ئەمدى ئۆلگۈچە كۆرەلمەيمەن دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئادەم ئۆلمىسىلا كۆرۈشىدىكەن. مانا بۈگۈن خۇدا ئۇنى

مىنىڭ ئالدىمغىلا ئىلىپ كېلىپتۇ. ئۇ ھازىرمۇ يۇرۇنقىدەك چىرايلىقمىدۇ؟ خۇداغا كۆپتىن كۆپ رەھمەت، ئۇ بۈگۈن ماڭا رۇقىيەنى قايتا كۆرۈشنى نېسىپ قىلىپتۇ.

كوچىدا مىڭ ئادەم، بىراق كۆڭۈلدە بىر ئادەم! ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە ئالدىمغا كەلدى. ئىسست! چوڭ كوچا بولۇپ قالدى، بولمىسا، ئۇنى باغرىمغا مەھكەم باسارتتىم. ئۇ خېلىلا سەمرىپ قاپتۇ، بۇرۇنقى يەڭگىلتەك، بىپەرۋالىقىنى سالماقلىق، تەكەببۇرلۇق ئىگىلەپتۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرلۇق، خۇمارلىق بولۇپ، ئۇستىۋېشىدىن ھازىرمۇ ئەرلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان شەھۋانىيلىق تۆكۈلۈپ تۇرۇپتۇ. ئادەملەر ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئىشىك ئالدىدا ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇرۇپ قالدىم...

— قاچان كەلگەنتىڭىز؟

— بىرەر سائەتتەك بولدى.

— سىزنى كېلىپ قالار دەپ ئويلىماپتىمەن. سايلەتكە چىققانمىدىڭىز؟

— ھەئە. ئوسمانلار، ئىبلەتلەرمۇ بار.

— قايسى مېھمانخانىغا چۈشتۈڭلار؟

— كەينىڭىزدىكى ئاۋۇ مېھمانخانىغا.

— ئوسمانلار ياتاقتىمۇ؟

— ھەئە.

— يۈرۈڭ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ چىقاي.

ئىككىمىز مېھمانخانىغا قاراپ ماڭدۇق. تونۇش بىرەرى بىزنى كۆرۈپ قالامدىكىن، مېنى بىر چىرايلىق ئايال بىلەن بىللە يۈرىدۇ دەپ دىلبەرگە چېقىپ قويامدىكىن دىگەن خىياللارمۇ كاللامغا كەلمەپتۇ. كۆزۈم، خىيالىم مەن بىلەن ياندىشىپ كېتىۋاتقان رۇقىيەدىلا ئىدى. ئۇ ئۆزىگە ئۆلگۈدەك ئاشىق بولغان بىرسى بىلەن ئەمەس، بەلكى بەش يىل كۆرۈشمىگەن ساۋاقدىشى بىلەن بىللە كېتىۋاتقاندەك كەيپىياتتا كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭدىن

رەنجىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بۇ ھايات شۇنداق قىسقا تۇرسا، رۇقىيە بىلەن قايتا كۆرۈشەلىگەنلىكىمنىڭ ئۆزى تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ تېلېفون ئۇرۇپ، مېنى ئىزدىگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە.

— قانچە كۈن تۇرىسىلەر؟

— بۈگۈن بىر كۈن. ئەتە ئۈرۈمچىگە ماڭىمىز.

مېھمانخانىنىڭ پەلەمپىيى، كارىدورىدا رۇقىيەنىڭ خىزمەتداشلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇلار ماڭا قىزىقىپ، گۇمان بىلەن قاراشتى. مەن ئوسمان، ئابلەتلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدىم. رۇقىيە بىر ئايال دوستىنى بىللە ئېلىۋالدى.

ئوسمان تاماقتىن كېيىن ئىشىم بار ئىدى دەپ ئالدىراپ كېتىپ قالدى. بىز تۆتەيلەن كوچا ئايلاندۇق. خىيال — پىكرىم رۇقىيە بىلەن خالىيراق بىرەر جايدا بىردەم پاراڭلىشىۋالسام دېگەن ئىستەكتىلا قالدى. بىراق رۇقىيەنىڭ ھېلىقى ئايال دوستى خۇددى ساقچىدەك ئۇنىڭ يېنىدىن بىردەممۇ نېرى كەتمىدى. ئۇلارنى باغچىغا باشلاپ كىردىم. تاقىتىم تاق بولۇپ، ئاخىرى ئابلەتنى نېرىغا تارتتىم.

— ئاداش، — دېدىم ئۇنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ، — سەن ماۋۇ خانىمنى باشلاپ، باغچىنى چۆرگىلىتىپ كەلمەمسەن؟

ئابلەت كۈلۈۋېتىپ:

— رۇقىيە بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىۋالاي دەيسەنغۇ تايىنلىق. يامان گوي جۇمۇ سەن، — دېدى بېقىنىمغا نوقۇشلاپ.

ئۇلار ئىككىسى كېتىپ قالدى. مەن رۇقىيەنى باشلاپ، بىر راۋاققا ئېلىپ كەلدىم. ئۇ مېنىڭدىن ئارىلىق ساقلاپ ئولتۇردى. بىر ھازاغىچە ئۇنىڭ ھۆسىن — جامالىغا مەستانە بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدىم. ئالىي مەكتەپ ئوقۇش ھاياتىمدا ئۇنى پەقەت بىرلا قېتىم باغرىمغا بېسىپ سۆيۈپتىمەن. مانا ئۇ بۈگۈن مېنىڭ يېنىمدىلا ئولتۇرۇپتۇ. بۇ دۇنيادىكى كۆرمىگىلىغان ئادەملەر

ئارىسىدىكى مۇنۇ پەرىزاتنىڭ ئىشق ئوتىدا قانچىلىك دەرد ـ ھەسرەت تارتتىم ـ ھە؟ شۇنچىلىك ئازابلىرىم بەدىلىگە يەنىلا ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمىدىم. ئۇ ھازىر باشقا بىر ئەرنىڭ خوتۇنى. شۇنداقتىمۇ لېۋىم يەنىلا ئۇنىڭ لېۋىگە تەلمۈرمەكتە. مۇشۇ تاپتا ئۇ مېنىڭ قۇچاقلىشىمغا رازى بولسىلا، ئۇنىڭ ئېرىنى، ھەتتا خۇدانىمۇ ئويلىغىم يوق. مەن ئۇنى دەپ ئاز دەرد تارتتىممۇ؟ ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ، تەقدىر ـ قىسمەت بىزنى قايتا ئۇچراشتۇرغاندا، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ، بىر قېتىم قانغۇچە سۆيۈۋالسام نېمە بولغۇدەك؟ ئەتراپىمىزدا ئادەملەر سەيلە قىلىشىپ يۈرەتتى، ئابلەتلەرمۇ يېقىنلا يەردە پاراڭلىشىپ تۇراتتى.

— ئېرىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟

— ئەخمەتجان.

رۇقىيە ئېرىنى ياخشى كۆرەمدىغاندۇ؟ ئۇ بەختلىكمىدۇ؟ بۇرۇن ئۇ ناھايىتى يەڭگىلتەك، شاللاق ئىدى، ھازىرمۇ ئېرىدىن يوشۇرۇن ئويناپ يۈرەمدىغاندۇ؟

— ئەخمەتجان نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— يېزا باج پونكىتىدا ئىشلەيدۇ. ناھىيىدىن يىراق بىر يېزىدا.

— يالغۇزلۇقتا تۇرمۇشىڭىزمۇ جاپالىقكەن ئەمسە.

— نېمە ئامال دەيسىز؟ بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر...

ئۇنىڭ ئۇھسىنىشىدىن، ئېرى ھەققىدە قىزغىنلىق بىلەن سۆزلىشىدىن يۈرىكىم كۈندەشلىك ئوتىدا پۇچىلاندى. ئۇ ئېرىنى ياخشى كۆرىدىغاندەك قىلىدۇ. كۆڭلۈمدىن بىردىنلا ئاشۇ ئەردىن ئۆچ ئېلىش خىيالى كېچىپ ئۆتتى.

باغچىدىن قايتىپ چىقتۇق. مەن يول بويىدىكى تانسىخانىنى كۆرۈپ توختىدىم. ئاران بىر كەلگەن پۇرسەتتە رۇقىيەنىڭ قولىنىمۇ تۇتالمىسام، يەنە ئارماندا قالامدىم؟ ئۇلارنى يول بويىدا قالدۇرۇپ قويۇپ، تانسىخانىغا كىردىم.

تانسخانا تېخى ئىشقا چۈشمىگەن ئىدى. مەيداننىڭ ئەتراپىدىكى ئىككى كىشىلىك خانىلار خىرە ـ شىرەلىكتە ئاشىق ـ مەشۇقلارنى كۈتۈپ تۇراتتى. مۇشۇ جاي تازا مۇۋاپىق ئىكەن. رۇقىيە بىلەن ئىككىمىز بىر خانىدا، ئابلەت بىلەن ھېلىقى خانىم يەنە بىر خانىدا ئولتۇرسا... تېز چىقىپ، ئۇلارنى باشلاپ كىرەي. مەن تانسخانىدىكىلەرنىڭ تېخى ئىشقا چۈشمىگەنلىكىنى خىيالمۇ قىلماي، ئۇلارنى باشلاپ كىرىش ئۈچۈن ساراڭلاردەك سىرتقا قاراپ يۈگۈردۈم. ئۇلار دەرۋازا ئالدىدا مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. مەن رۇقىيەنىڭ كۆز-لىرىگە تىما بىلەن تىكىلىپ:

ــ يۇرۇڭلار، بىردەم ئولتۇرۇپ چىقايلى، ــ دېدىم.

ــ كۈپكۈندۈزدە تانسخانىغا كىرەمدۇق؟ ــ دېدى ساقچى خانىم.

ــ بولدى قىلىڭە، ــ دېدى رۇقىيە يېگىمدىن تارتىپ، ــ كىر-مەيلى. ئاران بىر كەلگەندە، كۆپرەك يەرلەرنى كۆرسىتىپ قويمامسىز؟

ــ بوپتۇ ئەمىسە... ــ دېدىم بوينۇمنى قىسىپ.

ئۇلارنى تەبىئىي مەنزىرىلىك ساياھەت نوقتىلىرىغا، تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرىغا ئاپىرىپ كۆرسىتىپ كەلدىم. بىز مېھمانخانا ئالدىغا كەلگىنىمىزدە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. بىز خوشلىشىدىغان چاغدا رۇقىيە قولىقىمغا شىۋىرلىدى:

ــ كەتمەي تۇرۇڭ، ياتاققا كىرىپلا چىقىمەن.

ئۇ كەينىگە قايرىلىپ ئىللىقىنە باققىنىدا، يۈرىكىم شېرىن ھېسلارغا تولدى. ئۇ ھازىرلا چىقىدۇ. ئۇنى قەيەرگە ئېلىپ بارسام بولار؟ شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى ئورمانلىق ئەڭ خالىي جاي. يا بولمىسا، باشقا بىر مېھمانخانىغا ئېلىپ كېتەيمىكىن. رۇقىيە ياتىقىغا كىرمىسە، ھەمراھلىرى قانداق ئويلاپ قالار؟ بولۇپمۇ ھېلىقى ساقچى خوتۇن بەك خەتەرلىك...

رۇقىيە بىر خالتىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ چىقتى.

ــ قەشقەرنىڭ ئانارى، تېتىپ بېقىڭ. ئالدىراشلا يولغا چىققاچقا،

باشقا نەرسلەرنى ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم.

— رەھمەت،ئاۋارە بولۇپ، شۇنچە يىراقتىن ئېلىپ كەپسىز.

— خوش ئەمىسە. مەن كىرىپ كەتتىم، ئەتە كۆرۈشەرمىز ـ ھە؟

— مۇشۇنداقلا كىرىپ كېتەمسىز؟ بىردەم ئايلانمامدۇق؟

— بۈگۈن كۆپ يەرلەرگە بېرىپ، سىزمۇ چارچىدىڭىز. ئەتە يەنە بولغاندىكىن... سىزمۇ ئارام ئېلىڭ. قاراڭ، ياتاقتىكىلەر بىزگە قاراۋاتىدۇ، مەن تېزرەك كىرىپ كېتەي. بۇ يەردە تۇرىۋەرسەك، ياخشى بولمايدۇ.

— يۈرىگە، ماۋۇ يەرگىلا. سىزنى پەقەت... بىرلا قېتىم...

— بولمايدۇ، چوڭ كوچا بويىدىلا...

— ماقۇل دەڭ. بىر قېتىم، پەقەت بىر قېتىملا.

— ياتاقتىكىلەر دېرىزىدىن قاراۋاتىدۇ. مەن كىرىپ كەتتىم ـ ھە؟ خاپا بولماڭ. خوش، ئەتە كۆرۈشەيلى.

ئۇ راستتىنلا كىرىپ كەتتى. مەن بىر خالتا ئانارنى تۇتقىنىمچە، مېھمانخانا ئىشىكىگە قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم. رەھمەت سىزگە، رۇقىيە. سىز كۆپ ئۆزگىرىپسىز، ئېرىڭىزگە سادىق ئىكەنسىز، سىز مانا مۇشۇنداق ياشاڭ. ئەمدى مەن شاللاقلىشىپ، ئالدىڭىزدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەس ئادەمگە ئايلىنىپ قاپتىمەن. ئالدىڭىزدا خىجىلمەن، مەن سىزنى، ئېرىڭىزنى ھۆرمەت قىلىشىم كېرەك ئىدى...

ئەتىسى رۇقىيەنى ئىزدەپ بارمىدىم. ئۇ بۇ شەھەردىن پاكىز پېتىچە كەتسۇن. مەن ئۇنى ئۇچراپ قالمىسۇن دەپ كوچىغىمۇ چىقمىدىم. چۈشكە يېقىن بىر چاغدا ئۇنىڭدىن تېلېفون كەلدى.

— خوش ئەمىسە،— دېدى ئۇ سوزۇك، ياڭراق ئاۋازدا.

ئۇنىڭ ئاۋازىدا ئايرىلىش ھەسرىتىدىن قىلچىلىكمۇ ئىپادە يوق ئىدى. بۇنىڭدىن كۆڭلۈم بىر ئاز يېرىم بولدى.

— سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم.

— خوش... — دېيەلىدىم ئارانلا.

ئىككى كۈن ئۆتۈپ، ئابلەتتىن تېلېفون كەلدى. ئۇ:

— ئۈرۈمچىگە كەلمەمسەن؟ — دېدى ھەييارلىق بىلەن، — رۇقىيە سېنىڭ گېپىڭنى قىلىۋاتىدۇ.

— سىلەر تېخى ئۈرۈمچىدىمۇ؟

— ھەئە، يەنە ئىككى كۈن تۇرىمىز.

— بولدى، بارماي.

— ھوي! نېمانداق قورقىسەن؟ خوتۇنۇڭ يامان ئوخشىمامدۇ؟ رۇقىيە-نىڭ يۈرىكىدىكى ئوت تېخى ئۆچمەپتۇ دەيمەن. ماۋۇ ئۈرۈمچى دېگەن قوينى كەڭ شەھەر، قانغۇچە ئوينىۋالمامسەن؟

— بولدى، مېنىڭ يۈرىكىمدىكى ئوت ئاللىقاچان ئۆچۈپ بولغان.

— ئاران كەلگەن پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان بولدۇڭ — دە. ئۇنداق بولسا بوپتۇ. خوش، ئاداش، تېلېفون ئۈزۈپ تۇرغىن — ھە؟

— ماقۇل، خوش ئەمىسە.

«رۇقىيە سېنىڭ گېپىڭنى قىلىۋاتىدۇ... ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت تېخىچە ئۆچمەپتۇ...» يالغان! پۈتۈنلەي يالغان!! رۇقىيەنىڭ يۈرىكىدە ئەزەلدىن مۇھەببەت ئوتى يېنىپ باقمىغان!!! ئابلەت نېمىشقا تېلېفون ئۇرغان بولغىيتتى — ھە؟ رۇقىيە نەچچە كۈن ئىلگىرىكى پاك ئوبرازى پېتىچە يۈرىكىمدە ساقلىنىپ قالسا بولماسمىدى؟! ئۇ يەنىلا ئۆزگەرمەپتۇ... كىم بىلىدۇ، ئابلەت رۇقىيەنىڭ سۆزلىرىنى ئويدۇرۇپ چىقارغاندۇ ياكى ئاشۇ- رىۋەتكەندۇ...

ئالبومنى ئېلىپ، رۇقىيەنىڭ سۈرىتى چاپلانغان بەتنى ئاچتىم. خىيال ئېكرانىمدا ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ھالىتى بىلەن نەچچە كۈن ئىلگىرى كۆرۈشكەن چاغدىكى ھالىتى سېلىشتۇرما بولدى. رۇقىيە سەمرىپ، ئىسكەتى خېلىلا بۇزۇلۇپ كەتكەن ئىدى. مەن ئىمكان بار ئۇنىڭ ھازىرقى

ھالىتىمنى كاللامدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشتىم. مېنىڭ قەلبىمدە مەن ئاشىق بولغان رۇقىيەنىڭلا گۈزەل سىيماسى ساقلىنىپ قالسۇن.

ئابلەت تېلېفون ئۇرغان چاغدا ئۈرۈمچىگە بارغان بولسام، قانداق بولار بولغىيتتى ـ ھە؟ رۇقىيە مېنىڭ ئۇزۇن يىللار مۇھەببەت ئازابى تارتقانلىقىم، ھىجران ھەسرىتى چەككەنلىكىمنى بىلىدۇ. ئابلەتنىڭ دېگەنلىرى راستتۇ. بەلكىم، رۇقىيە ئۆزىنى بېغىشلاش ئارقىلىق، ماڭا تەسەللى بەرمەكچى، رەھمىتىنى ئىزھار قىلماقچى بولغاندۇ. ئۈرۈمچىگە بارسامۇ بولاتتى. بۇرۇن مەن تۇرۇۋەرەك تۇتۇشقىمۇ مۇيەسسەر بولالمىغان بەدەننى كېيىمسىز ھالەتتە كۆرۈپ باقسام، بىرەر قېتىم قانغۇدەك سۆيۈپ باقمىغان لەۋنى سۆيۈۋالسام... بولاتتى. لېكىن دىلبەر بۇنى كۆرمىگەن بىلەن، ئۇنىڭدىن يەنىلا نومۇس قىلدىم. رۇقىيەنىڭ ئېرى بۇنى بىلمىگەن بىلەن، ئۇنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىشتىن نومۇس قىلدىم.

دىلبەرگە يۈز كېلەلمەيمەن. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىم بەكمۇ كۆپ، بەكمۇ ئېغىر. ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشىم چېكىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ تولىمۇ ئاق كۆڭۈللۈكى، سەممىيلىكى بىلەن ماڭا ئىشىنىپ كەلدى. بىراق مەن ئۇنىڭ ئىشەنچىسى ئاستىدا نۇرغۇن رەزىل ئىشلارنى قىلىپ كەلدىم. ئۇنىڭ تويدىن بۇرۇنقى ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشىم، يۈرىكىمدىكى ئۆچمەنلىكنى پاكىز يۇيىۋېتىشىم كېرەك ئىدى. ئۇ ئۆزى بىلمىگىنى بىلەن بۇرۇنقى ئاشۇ سەۋەنلىكلىرى ئۈچۈن زور بەدەل تۆلىدى. مانا مۇشۇلارنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئەمەسمىدى؟

ئاشىقلىق ـــ ساقايماس كېسەل ئەمەسكەن. بۇ قېتىم رۇقىيە كېلىپ كەتكەندىن كېيىن شۇنى بىلدىمكى، ئۇنىڭ ئىشق ئوتى ئەمدى ئۆچۈپتۇ. مەن بۇنىڭدىن بىر ئاز بىئارام بولدۇم، لېكىن كۆپرەك خۇشال بولدۇم. ئەمدى روھىمۇ بىر ئاز ئارام تاپىدىغان بولۇپتۇ. ھېلىمۇ مۇشۇ ئازاب تۇپەيلى يۈرىكىمنىڭ يېرىمى پۇچىلىنىپ تۈگىدى. ئۇنىڭ گۈلسۈم بىلەن بولغان

غەلىتە ئىشلىرىدىن، مۇزەپپەرنىڭ ئاستىغا ئۆزىنى تاشلاپ بەرگەنلىكىدىن ئەمدى رەنجىمەيمەن. ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىق گۇناھى ئۆزۈمدە ئىكەن. ئۇ كىمنى خالىسا، شۇنىڭغا ئۆزىنى بېغىشلايدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەركى. ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىدىن ئاغرىنىشىم نامەردلىك. ئۇ بۇندىن كېيىن ئېرىنىڭ قوينىدا يېتىپمۇ، باشقا بىر ئەرنى خىيال قىلسا قىلىۋەرسۇن.

مۇشۇ كۈنلەردە قۇندۇزنىڭ ئەھۋالى قانداقتۇ ـ ھە؟ مەن ئۆزۈن يىل رۇقىيەنىڭ ئوتىدا كۆيگەندەك، ئۇمۇ ھازىرغىچە مېنىڭ ئوتۇمدا كۆيۈۋا-تامدىغاندۇ؟ يۈرىكىم سېزىپ تۇرىۋاتىدۇ، ئۇ ھازىرغىچە مېنى ئۇنتۇيالمىدى. ئەجەب قىلدىم، بەرىبىر ئەمەلگە ئاشمايدىغان سۆيگۈ ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىھۇدە داغلىدىم. لېكىن ئۇ ئاشۇ شېرىن كۈنلەر ئۈچۈن ھازىرغىچە تار-تىۋاتقان سېغىنىش ھەسرىتىگە رازىدۇ. مەن خېلى بىر چاغلارغىچە رۇقىيەنىڭ ھىجرىدە ئازابلىنىپ، خىيالي دۇنيادىن تەسەللى تاپقىنىمدەك، ئۇمۇ شېرىن ئەسلىمىلەر ئىچىدە قانائەت تېپىۋاتقاندۇ.

مەن رۇقىيەنى ئويلايمەن، قۇندۇز ماڭا تەلپۈنىدۇ، ئەمدى دىلبەرچۇ؟ ئۇمۇ تويدىن بۇرۇنقى تۇنجى مۇھەببىتىنى ياد ئېتىپ يۈرمەمدىغاندۇ؟ ئادەمنىڭ يۈرىكى نېمىشقا مۇشۇنداق؟

ئىختىيارسىز گېرمانىيە شائىرى گېنرىخ گېيىنىنىڭ «بىر يىگىت بىر قىزغا بوپ قاپتۇ ئاشىق» دېگەن شېئىرى يادىمغا يەتتى:

*«بىر يىگىت بىر قىزغا بوپ قاپتۇ ئاشىق،*
*بىراق قىز تالاپتۇ باشقا بىرىنى.*
*ئۇمۇ ھەم كۆز سېلىپ بۆلەك بىر ھۆرگە،*
*ئاپتۇ ئۆز ئەمرىگە بېرىپ سىرىنى.*

*ھېلىقى قىز دەردكە تولغاي چىداپ،*
*تېگىشتۇ ئالدىغا ئۇچرىغان ئەرگە.*
*ھېلىقى يىگىتمۇ ھەسرەتكە چۆكۈپ،*
*ئىلتىجا قىلغۇدەك بوپتۇ زەھەرگە.*

*بۇغۇ بىر قەدىمدىن قالغان رىۋايەت،*
*لېكىن ئۇ مەڭگۈگە يېڭى ھېكايە.*
*كىمكى دۇچ كەلسە مۇشۇنداق ئىشقا،*
*يۈرىكى گەپ — سۆزسىز بولغۇسى پارە...»*

ئىنسانىنىڭ يۈرىكى مۇشۇنداق بولغاندىكىن، نۇرغۇنلىرىمىز بەختسىز-كەنمىز. ھازىر كۆپلىگەن ئەرلەردە خوتۇنلىرىغا ساداقەت يوق، خوتۇنلاردىمۇ ئەرلىرىگە ئىشەنچ يوق. شۇڭا خىيانەت كوچىسىكى ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. بىز بۇ رېئاللىقنى كۆرسەكمۇ كۆرمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا، بىلسەكمۇ بىلمەسكە سېلىۋېلىشقا، بەختلىك ياشاش ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئالداپ، خىيالىمىزدا سۈنئىي رېئاللىق ياساشقا مەجبۇرمىز.

ئەي، ساداقەت! نەدىسەن؟
ئەي، ئىشەنچ! قايدىسەن؟!

※ ※ ※

ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى.
يازنىڭ مەلۇم بىر ئاخشىمى ئىدى. دىلبەر سالقىنداپ كىرىش

ئۇچۇن باللىنى ئەگەشتۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. مەن ئۇستەل ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇغىنىمچە يالغۇز قېپقالدىم. زېمىننى قاراڭغۇلۇق باسقان ئاشۇ كېچىدە تۇيۇقسىز تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلاپ كەتتى. يەنە بىرسى هاراق سورۇنىغا تەكلىپ قىلىپ تېلېفون ئۇرغان ئوخشايدۇ، دېگەن خىيالدا تۇرۇپكىنى ئالدىم.

— ۋەي، سۇلتاننىڭ ئۆيىما؟ — دېدى بىر خەنزۇ ئايال.

— هەئە.

— سۇلتان بارمۇ؟

— مانا مەن شۇ.

— تۇرۇپ تۇر — هە؟ بىرسى سەن بىلەن كۆرۈشمەكچىكەن.

مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان كىمكىنە؟ نېمىشقا ئۆزى تېلېفون ئۇرماي، خەنزۇ ئايالغا ئۇرغۇزىدىكىنە؟

— ياخشىمۇسىز؟

هە!؟ قۇندۇز...

— سىز قۇندۇزما؟

— هەئە. مەن...

— بارمۇسىز؟ سىز بىلەنمۇ كۆرۈشكىلى بولىدىكەن — هە؟

— بولىدۇ، نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ سىز قېچىپ يۈرگەن بىلەن، مانا مەن ئالدىڭىزغا كەلدىم.

— راستما؟ نېمە دەيسىز ئەمدى؟ سىز هازىر نەدە؟

— پوچتىخانىنىڭ ئالدىدا.

— يېنىڭىزغا هازىرلا يېتىپ بارىمەن.

موتىسىكلىت بىلەن ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتىم. قاتتىق هاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن، پوچتىخانا ئالدىدىكى قورۇسنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاپتىمەن. دىلبەر مۇشۇ تاپتا نەدە يۈرىدىغاندۇ؟ ئۇ يولدا ئۇچراپ قالسا، چوقۇم قەيەرگە

ماڭدىڭىز دەپ سورايدۇ. بىچارە، ئۇنىڭغا يەنە ئۇۋال قىلىدىغان بولدۇم.
پوچتىخانا ئالدىغىمۇ كەلدىم، بىراق قۇندۇز بۇ يەردىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ماڭا چاقچاق قىلمىغاندۇ ـ هە؟ كۆچلۈك هاياجان، هودۇقۇش تۈپەيلىدىن گاڭگىراپ نىمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. ئەڭ ياخشىسى ئۆيگە بېرىپ ساقلاي، ئۇنىڭدىن يەنە تېلېفون كېلىپ قالار.
ئۆيدە ئولتۇرسام، يەنە تېلېفون كەلدى.
ــ ۋەي، قۇندۇزما؟
ــ هەئە. كەلمىدىڭىزغۇ؟
ــ باردىم، نەگە كەتتىڭىز، تاپالمىدىمغۇ؟
ــ پوچتىخانا ئەمەسكەن، تېلېگراف ئىدارىسىكەن.
ــ گالۋاڭلىقىمنى قاراڭ، ئۇ يەرگە بېرىش ئەجەب يادىمغا كەلمەپتۇ.
تېلېگراف ئىدارىسى ئالدىغا كېلىشىمگە، قۇندۇز قىزنى ئەگەشتۈرۈپ ئالدىمغا كەلدى. ئۇ خۇددى ئەر كىشىلەردەك مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.
ــ تىنچلىقمۇ ، ياخشى تۇرۇپسىز؟
ــ ياخشى، ــ دېدى ئۇ يەنە شۇ ئوتلۇق كۆزلىرىدە كۆزلىرىمگە بېقىپ، ــ ئۆزىڭىزمۇ ياخشى تۇرۇپسىز.
ــ قاچان كەلگەنتىڭىز؟
ــ بۈگۈن چۈشتە. تۇغقانلارنىڭ تويىغا كەلگەن.
ــ قىزىڭىزمۇ ئۆزىڭىزدەكلا چىرايلىقكەن.
ئادەملەر مىغىلدىشىپ تۇرغان كېچىلىك بازارغا كەلدۇق. قۇندۇزنىڭ قىزى بىزگە قالقان بولدى. شۇڭا دىلبەرنىڭ بالىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ قىلىشىمۇ ئانچە قورقۇنچلۇق تۇيۇلمىدى. ئۇ قۇندۇز بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلاردىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى. تاماقتىن كېيىن ئۇلارنى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدۇم. خوشلىشىدىغان چاغدا:

— ئەتە كەچتە يالغۇز چىقىڭ، — دېدىم پىچىرلاپ.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، كىرىپ كەتتى.

تاڭ ئاتتى، كۈننى كەچ قىلىش ناھايىتى تەسكە چۈشتى. يالغان ئېيتاي دېسە، باھانە كۆرمىڭ ئىكەن. مەن دىلبەرگە بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەي دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم. مەن ئىككى تاختا گېزىتنى سىقىمداپ، تىياتىرخانىنىڭ ئالدىغا كەلدىم. كۆپ ئۆتمەي، قۇندۇزمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ بىر يۇرۇش كوفتا، يوپكا كىيىۋالغان ئىدى، قىسقا يوپكىسىدىن چىقىپ تۇرغان ئۇزۇن پاچاقلىرى كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى. ئۇ كۆزلىرىمگە ئاخشامقىدىنمۇ ياشىرىپ، چىرايلىقلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. ئۇ سىپا-يىلىق بىلەن:

— ساقلىتىپ قويدۇممۇ؟ — دېدى.

— ياقەي، — دېدىم ئۇنىڭدىن كۆزلىرىمنى ئۈزۈۋالالماي، — مەنمۇ ھازىرلا كېلىپ تۇراتتىم. يۈرۈڭ، باغچىغا كىرىپ، شۇ يەردە پاراڭلىشايلى.

— مەن يولنىڭ ئۇ قېتىدا ماڭاي.

— بوپتۇ. مەن يولنىڭ بۇ قېتىدا ماڭاي، — دېدىم كۈلۈپ.

ئىككىمىز يولنىڭ ئىككى چېتىدە باغچىغا قاراپ ماڭدۇق. بىردەم-بىردەم ئۇنىڭغا قاراپ قالىمەن. ئۇ بۇرۇن قانداق بولسا، ھازىرمۇ شۇ پېتىچە تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئېغىر، غەمكىن قەدەملىرىدىن نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئۇ بەختلىكمىدۇ؟ تۇرمۇشى باياشاتمىدۇ؟ ئېرى بىلەن ياخشى ئۆتەمدىغاندۇ؟ ئېرى قىزىنى قارانچۇقلۇققا بىللە يولغا سېلىپتۇ - دە. بۇ ئۇنۇملۇك چارە ئەمەس. قۇندۇز ئېرىنىڭ تويدىن ئىلگىرىكى ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ كېتەلىگەنمىدۇ؟

بۈگۈن باغچىغا بىزلا كىرگەندەك، ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. دەرەخلەر ئاستىدىكى ئورۇندۇققا گېزىتنى يايدىم. ئۇ رازىمەنلىك بىلەن يېنىمدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ قىسقا يوپكىسىدىن چىقىپ تۇرغان پۇتلىرىغا

كۆزۈم چۈشتى. نېمانچە ئۇزۇن، نېمانچە چىرايلىق ـ ھە؟

ــ ئەسلى سىزگە تېلېفون ئۇرماي دېگەن ئىدىم. شۇڭا بۇ ياققا ماڭغۇچە تېلېفون نومۇرىڭىزنىمۇ ئېلىۋالمىغان ئىدىم.

ئۇ يەنە نېمە دەيدىكىن دەپ ئۇندىمەي ئولتۇردۇم.

ــ بىراق... بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن يەنىلا چىدىمىدىم.

ــ تېلېفون نومۇرۇم يادىڭىزدا بارمىدى؟

ــ ياق. 114 تىن سوراپ بىلدىم.

ــ ئەجەب تاش يۈرەككەنسىز. ئۆتكەندە كەلگەندىغۇ تېلېفون ئۇرماپسىز، بۇ قېتىممۇ يەنە ئۇرمىغىلى تاس قاپسىز ـ دە.

ئۇ غەمكىن كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى تونۇش كۈلۈمسىرەش ماڭا ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەتتى. مەن ئۇنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئايىغىغىچە مەستانە ھالەتتە قاراپ چىقتىم.

ــ سىز ئازراقمۇ ئۆزگەرمەپسىز. بۇرۇن قانداق بولسىڭىز، ھازىرمۇ شۇنداق تۇرۇپسىز.

ــ ياق، ئۆزگىرىپ كەتتىم، سىزگە شۇنداق بىلىنگىنى،ــ دېدى ئۇ ئېغىر تىنىپ،ــ كۆپ ئۆزگىرىپ كەتتىم. پەقەت سىزگە بولغان كۆڭلۈملا ئۆزگەرمىدى.

ــ گېپىڭىز راست، بۇنى مېنىڭ كۆڭلۈممۇ تۇيۇپ تۇرىدۇ. مۇشۇ تاپتا مېنىڭدە قىلچىلىكمۇ ياتلىق سەزگۈسى يوق. بۇرۇنمۇ شۇنداق ئىدى، بىز بىر يەرگە كەلسەكلا، ئىككىمىزنى بىر ئادەمنىڭ ئىككى پارچىسىدەكلا ھېس قىلاتتىم. سىزگە خوشامەت قىلىۋاتقىنىم يوق، بۇ مەندىكى ھەقىقىي تۇيغۇ.

ــ مېنى ئۆزىڭىزگە ئاشۇنداق يېقىن كۆرگىنىڭىزگە رەھمەت.

ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. مەن تەقەززالىق بىلەن قۇندۇزنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ كەلدىم. جەينىكىم ئۇنىڭ بېقىنىغا تېگىپ كەتكىنىدە، نەپىسىم بىردىنلا تېزلىشىپ كەتتى.

— قېنى ئېيتىڭا، سىز بۇ قېتىم مېنى راستىنلا ئىزدىمەيدىغان نىيەتتە كەلگەنمىدىڭىز؟

— شۇنداق، راستىنلا ئىزدىمەي دېگەن ئىدىم.

— مەندىن رەنجىگەنمىدىڭىز؟

— ياقەي، مەن سىزدىن ئۆمۈر بويى رەنجىمەيمەن. سىز ماڭا ھاياتىمدىكى ئەڭ گۈزەل ھېس - تۇيغۇلارنى بەخش ئەتتىڭىز. مەن ھەر دائىم ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ئەسلىمىسى ئىلكىدە ئۆتكەن چېغىمدا ئۆزۈمنى ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلىمەن. بۇ قېتىم يولغا چىقىدىغان كۈنلەردە سىزنى قەتئىي ئىزدىمەيمەن دەپ نىيەت قىلغان ئىدىم. بىراق... بۇ يەرگە كېلىپلا، كوچىلاردا سىزنى ئۇچراپ قالسىكەن دېگەن ئارزۇدا بولدۇم. سىزنى ئۇچرىتالماي، تېلېفون نومۇرىڭىزنى ئالغاچ كەلسەم بوپتىكەن دەپ پۇشايمان قىلدىم. ئاخىرى 114 كە تېلېفون ئۇرۇپ بىلدىم.

— ئادەتتە دەپ بەرمەيتتىغۇ؟

— تېلېفونىست مېنىڭ ئاۋازىمدىن ئۆز ئاشىقىنى ئىزدەۋاتقان قىز ئوخشايدۇ دەپ تەسىرلەندىمۇ قانداق، ماڭا دەپ بەردىغۇتاڭ؟

ئۇنىڭ ئورۇنلۇق چاقچىقى كۆڭلۈمنى پاللىدە يورۇتتى، ئوتتۇرىمىزدىكى تارتىنىشنى تۈگەتتى. مەن ئۇنى قۇچاقلاپ ئۆزۈمگە تارتتىم، ئۇ تەشنا، بىقارارلىق بىلەن كۆزلىرىنى ئاستا يۇمدى...

بىركىمنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغاندەك قىلدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، تونۇش بىرەيلەن ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ ئالدىمىزدىكى تار يولدىن كېلىۋېتىپتۇ. يۈزۈمنى قۇندۇزنىڭ چاچلىرى ئارىسىغا يوشۇردۇم. تونۇپ قالغانمىدۇ - ھە؟ بەلكىم، قاراڭغۇدا خاتا تونۇپ قالغان بولۇشۇم مۇمكىن. قۇندۇزنى بۇ شەھەردە ھېچكىم تونىمىغاچقا، بىمالال ئولتۇرىۋەردى. شۇ ئەسنادا ئۇ پاچىقىغا پاققىدە بىر شاپىلاق ئۇردى.

— نېمە بولدى، پاشا چېقىۋاتامدۇ؟

— ھەئە، — دېدى ئۇ يەنە بىرنى شاپىلاقلاپ.
— ئەكىلىك پۇتىڭىزنى، پاشىلارنى يىغىپ كەلتۈرمەيمەن.
ئۇ مەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ، پۇتلىرىنى پۇتلىرىم ئۈستىگە ئالدى. مەن ئۇنىڭ پۇتلىرىنى پاشىلاردىن قوروپ، ئاستا سىلاشقا باشلىدىم... ئۇ بىر چاغدا چىدىغۇسىز غىدىقتىن قولۇمنى بۇ ياققا ئاستا ئىتتەردى.
ئۈچ - تۆت سائەت خۇددى ئۈچ - تۆت مىنۇتتەك ناھايىت تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. باغچا خىزمەتچىلىرى ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىتمۇ بولۇپ قالدى. بىز نائىلاج ئورنىمىزدىن تۇردۇق.
— ئەتە قايتىمەن... — دېدى ئۇ مۇڭلۇق كەيپىياتتا.
— ئەتە يەنە بىر كۈن تۇرسىڭىز بولمامدۇ؟
— ئەتە قايتمىسام بولمايدۇ، رۇخسەت سورىغان ۋاقتىم توشۇپ قالدى.
— ئۇنداق بولسا بوپتۇ، — دېدىم ئۇنىڭ قولىنى قويۇپ بەرگۈم كەلمەي، — سىزنى توغقانلىرىڭىزنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ قوياي.
باغچىدىن چىقىپ، بىر تار كوچىغا قايرىلدۇق. مەن قوندۇز بىلەن ئىمكان بار ئۇزۇنراق بىرگە بولۇۋالاي دېگەن مەقسەتتە ئۇنى يىراق يوللاردىن ئايلاندۇرۇپ ئېلىپ ماڭدىم. بىز ئەڭ ئاخىرقى كوچا ئاغزىغا كېلىپ توختاپ قالدۇق.
— قىزىڭىز ئۇخلاپ كەتكەندۇ - ھە؟ — مەن نېمە مەقسەتتە بۇ سوئالنى سورىغانلىقىمنى بىلەلمىدىم. بەلكىم، ئاشۇ نارەسىدىنى ئالداپ، ئۆيدە قالدۇرۇپ قويغانلىقىمىزدىن خىجىللىق ھېس قىلغان بولسام كېرەك.
— بۇ چاغقىچە ئۇخلاپ كەتتى، — دېدى ئۇ پەرۋاسىزلا. قوندۇز بۇ ئىشتىن قىلچىمۇ ئۆكۈنۈچ ھېس قىلمىغاندەكلا قىلاتتى، — بىرەر... مېھمانخانىغا...
بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، يۈرىكىم بىردىنلا دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. بۇ چاغدا مېھمانخانىغا بارساق، چوقۇم قونۇپ قالىدىغان گەپ. ئۇ چاغدا...

كۆچلۈك ھاياجاندىن يۈرىكىم كۆكرەك قەپىسىمگە پاتماي قالدى. بارساق قانداق بولار؟ ئىش ئوڭۇشلۇق بولماي قالسا، قۇندۇزنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ ئىختىيارسىز تويدىن بۇرۇنقى دىلىغۇلچىلىقتا ئۆتكەن كۈنلەر يادىمغا كېلىشۋالدى. زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلسام، قانداق ئويلاپ قالىدۇ؟ خوتۇنىدىن قورقىدىكەن دەپ قالار شۇ. ئۇ بۇ قېتىم مەندىن رەنجىپ قالسا، مېنى ئەمدى مەڭگۈ ئىزدىمەيدۇ. بىر ئايالنىڭ ئاغزىدىن بۇ سۆزنىڭ چىقمىقى ئاسانمۇ؟ ئۆيگە بىر كېچە قايتمىسام، دىلبەر گۇمانلىنىپ قالىدۇ. بولمايدۇ، بۈگۈن كېچە ئەپلەشمەيدۇ...

— كىملىكنى ئېلىۋالمىپتىمەن. ئەستا... سىزنىڭ بارمۇ - يا؟

— بار ئىدى، سومكىدا قاپتۇ.

— ھەي، ئىسىت... ئۆيگە بېرىپ ئەكېلەيمۇ؟

— بولدى، ئۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ.

— كىملىكنى سۈرۈشتۈرمەيدىغان مېھمانخانا ئىزدەپ باقمىزمۇ - يا؟

— كەچ بولۇپ كەتتى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۈمىد - ئىلتىجا بىلەن قارىدىم. بىز ئەمدى مۇ-شۇنداقلا خوشلىشارمىزمۇ؟

— مۇنداق قىلساق قانداق؟ مەن ئۈرۈمچىگە باراي، سىزمۇ كېلىڭ، شۇ يەردە كۆرۈشەيلى. سىزچە بولامدۇ؟

ئۇ ئۈن - تىنسىز ھالدا تار كوچىغا قايرىلدى. ۋاقىت تۈن نىسپىدىن ئاشقان ئىدى. ئەتراپتا ئىنس - جىنىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. قۇندۇز تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاپ كەلگەندە قەدىمىنى ئاستىلاتتى. ئۇ توختاپ، كۆزلىرىمگە ئۇزاققىچە تەلمۈرۈپ قارىدى - دە، باغرىمغا ئۆزىنى ئاتتى...

— خوش ئەمىسە.

— گېپىمگە جاۋاب بەرمىدىڭىزغۇ؟

ئۇ كەينىگە شاققىدە قايرىلدى ــ دە، كېتىپ قالدى. خىرە ــ شىرە يورۇقلۇقتا ئۇنىڭ كەينىگە قارىغان ــ قارىمىغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدىم. ئىشىك ئېچىلدى، ئۇ ماڭا قارىغاندەك قىلدى. يۈرىكىم پىژژىدە ئېچىشقاندەك بولدى، ئاستا كەينىمگە قايرىلدىم ــ دە، تاماكىغا ئوت ياقتىم.

※ ※ ※

ئىيۇلنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى...

شەنبە كۈنى ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتىم. دىلبەرنىڭ ئىشىك ئالدىدا ئاق يول تىلەپ قېپقالغان ھالىتى يول بويى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، مېنى تىنىمسىز ئازابلىدى. مەن ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ قالسامۇ، ئىككى قېتىملىق تۇغۇتتا تارتقان جەبىر ــ جاپاسىنى ئۇنتۇپ قالسام بولمايتتى. ئۇ ھەر ئىككى قېتىملىق تۇغۇتتا ئەزرائىل بىلەن يېرىم كۈن ئېلىشقان ئىدى. ئۇ تۇغۇت بۆلۈمىدىن خۇددى خېمىردەك بوشىشىپ، ھالىدىن كېتىپ چىققىنىدا، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، كۆڭلۈمدە: «سېنىڭ تارتقان جاپايىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، سېنى ھەرگىز خارلىمايمەن...» دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئەپسۇس... بالىمىزنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتتى، يەنە بىرى خېلى چوڭ بولۇپ قالدى. دىلبەرنىڭ قىزىمىزنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنكى قايغۇ ــ ھەسرىتى، ئىككىنچى بالىمىزنى قاناتىغا قوشۇش جەريانىدا تارتقان جەبىر ــ جاپاسى يەنە يادىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ھەقىقەتەن يۈزسىز، رەھىمسىز ئىكەنمەن. بۇ- گۈن قۇندۇز بىلەن كۆرۈشكىلى كېتىۋاتىمەن. بۇرۇنقى مەيلى، بىراق ھازىر ئۇنىڭ ئېرى بار. دىلبەرگە ئەتە قايتىپ كېلىمەن دەپ قويدۇم. بۈگۈن ئاخشام مېھمانخانىدا قونىدىغان گەپ. قۇندۇز بىلەن... ھەي... ي... ئۇنىڭ ئېرى تون نىسپىدە جۆيلۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەرمۇ؟ بۈگۈن كېچە كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزىدىغان بولدۇم.

مۇشۇ تاپتا قۇندۇزمۇ چوقۇم يول ئۇستىدە. ئۇ كېلەلمەيمۇ قالارمۇ؟ ئەگەر ئېرى قو- شۇلمىغان بولسا، ئاخشاملا تېلېفون ئۇرغان بولاتتى.

قۇندۇز ئاجايىپ يۇرەكلىككەن، توي قىلغاندىن كېيىنمۇ باشقا ئەرلەر بىلەن... ياق، ياق... ناتايىن. ئۇ ماڭا ئاشىق ئىدى، شۇڭا... ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ئەلتۆكۈس ئاخىرلاشتى دەپ يۈرەتتىم، مانا ئەمدى بۇ ئىشلارنىڭ بولۇشىنى كىممۇ ئويلىغان؟ ئۇ تېلېفون ئۇرمىغان بولسا، قانداق بولار بولغىيتتى؟ ھەي، تېلېفون، ھەي، تېلېفون... تېلېفون بولمىغان بولسا، قۇندۇز ھەرگىز ئۆيۈمگە ئىزدەپ كىرەلمەيتتى. بەلكىم، بۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىدۇ. قىزلار تويدىن كېيىنمۇ تويدىن بۇرۇنقى ئاشىقىنى ئۇنتۇيالمايدىكەن، ھەتتا بەزىلىرى ئۆزىنى بېغىشلايدىكەن. رۇقىيە كېلىپمۇ مېنى ئىزدىدى. قۇندۇز بۈگۈن ئاخشام ماڭا ئۆزىنى بېغىشلىماقچى بولىۋاتىدۇ. ئەرلەر ھەم ئاياللار تويدىن بۇرۇنقى سۆيگەن ئادەملىرىنى ئۇنتۇپ كەتسە ياخشى بولاتتى. بىراق قوغۇننىڭ سېسىقىنى ئېلىۋەتكەندەك ئا- دەمنىڭ يۈرىكىدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ خاتىرىسىنى ئويۇپ ئېلىۋەتكىلى بولمايدىكەن. بۇنداق رىئاللىققا بىزنىڭ تەن بەرمەكتىن باشقا ئامالىمىز يوق ئىكەن.

ئۇرۇمچىدە بىرەر قېتىممۇ مېھمانخانىدا يېتىپ باقمىدىم. ئاڭلىسام، ساقچىلار يېرىم كېچىلەردە كىرىپ، تويۇقسىزلا تەكشۈرەرمىش. تۇتۇلۇپ قالساق، قانچىلىك سەتچىلىكلەر بولۇپ كېتەر ـ ھە؟ ئۈچ يۇلتۇزلۇق دەمدۇ، بەش يۇلتۇزلۇق دەمدۇ ئىشقىلىپ، چوڭ مېھمانخانىلاردا تەكشۈرمەيدۇ دەۋاتقان. چوڭ مېھمانخانىلارنىڭ ياتىقىمۇ قىممەت. بولۇپتۇ، پەقەت تۇتۇلۇپ قالمايدىغانلا ئىش بولسا مەيلى. ھەي... نېمانچە تەس ئىشتۇ بۇ...

قۇندۇز بەكلا زىلۋا، ئۇنىڭ خۇلقىمۇ ئىنتايىن نەپىس، ھېسسىياتى قايناپ ـ تېشىپ تۇرىدۇ. بۈگۈن ئاخشام...

تۇيۇقسىز يانفونۇم جىرىڭلاپ كەتتى. ئېكرانىغا قارىسام، ئۇرۇمچىنىڭ

تېلېفون نومۇرى ئىكەن. ئۇ كېلىپ بولغان ئوخشىمامدۇ؟
— ۋەي، قۇندۇزما؟
— ھەئە. نەدىسىز؟
— ئۇلانبايغا كېلەي دەپ قالدىم. ئۆزىڭىزچۇ؟
— نەنمىڭدىكى تىياتىرخانىنىڭ ئالدىدا.
— يېرىم سائەتكە قالماي يېتىپ بارىمەن.
— كىتابخانىنىڭ ئالدىدا ساقلايمەن — ھە؟
— بولىدۇ، سىزنى شۇ يەردىن ئىزدەيمەن.
پويىز ئىستانسىسىدىن چىقىپ، كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇردۇم. نەنمىڭ بېكىتىدە چۈشۈپ قېلىپ، كىتابخانا تەرەپكە ماڭاي دەپ تۇرسام، قۇندۇز يېنىمدىلا پەيدا بولدى.
— تىنچلىقمۇ؟ ياخشى تۇرۇپسىز؟ سىزنى كۆپ ساقلىتىپ قويدۇم.
— ھېچقىسى يوق، — دېدى ئۇ ئەركىن - ئازادە ھالەتتە.
كوچا ئاپتوبۇسىغا چۈشۈپ، مۇۋاپىقراق مېھمانخانا ئىزدەپ يۈرۈپ كەتتۇق. بىز قىزىلتاغ سودا سارىيىنىڭ يېنىدىكى بېكەتتە ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قالدۇق. بىز بىر مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدۇق. قارىسام، قۇندۇزنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ. ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك قور- قۇۋاتقانلىقىمنى بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشىپ:
— ماڭمامسىز؟ — دېدىم .
— مەن... مەن مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇراي، — دېدى ئۇ كەينىگە تېيىشىپ.
— بوپتۇ ئەمىسە. مەن كىرىپ چىقاي.
ھەشەمەتلىك مېھمانخانا ئىشىكىدىن كىرىشىمگە سالقىن ھاۋا تېنىمگە ئۇرۇلدى. باش مۇلازىمەت پوكىيىدە پاكىز، رەتلىك كىيىنگەن ئىككى قىز مېنى ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئالدى.

— ياناقتا ياتامسىز؟
— ھەئە.
— قانچە كۈن؟
— بىر كۈن.
— قانداق ياتاقتا ياتىسىز؟
— ئىككى كىشىلىك ئۆلچەملىك ياتاقتا. قانچە پۇل؟
— 120 يۈەن.
— ئېتىبار بامسىچۇ؟
— يوق.
— بوپتۇ، ياتاي.
— كىملىكىڭىزنى بېرىڭ. يەنە زاكالەت پۇلى ئۈچۈن 100 يۈەن تاپشۇرۇڭ.

پۇل بىلەن كىملىكنى پوكەيگە قويدۇم. مۇلازىمەتچى قىز ھۆججەت، ئاچقۇچ، ھەقسىز تاماق بېلىتىنى ماڭا سۇندى.

— كېچىسى ساقچىلار تەكشۈرەمدۇ؟

قىز سىنچى كۆزلىرى بىلەن كۆزلىرىمگە قاراپ قويۇپ:

— بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى.

تەۋەككۈل، بولار بىر ئىش، ھەممىنى بېشىمغا كەلگەندە كۆرەرمەن. قۇندۇز سەل نېرىسىغا بېرىپ ساقلاپ تۇرۇپتۇ. مېنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ چىرايىدا سۈس كۈلكە جىلۋىلەندى.

— يۈرۈڭ، ئەمدىغۇ كىرەرسىز؟
— قورقىۋاتىمەن، كەچتىلا كىرەيلىچۇ؟
— ياتاقنى كۆرۈپ چىقمامدۇق؟
— بولدى قىلىڭە، پۇت - قولۇمدا جان قالمىۋاتىدۇ.
— مۇشۇ تاپتا كوچا ئايلانساق، بەك ئىسسىق. ياتاقتا بىردەم ئارام

ئېلىپ، ئاندىن چىقمامدۇق؟

— ياق، قورقمەن، ھازىر كىرمەيمەن.

بىز كەينىمىزگە قايرىلدۇق...

كوچا چىراغلىرى ياندى، شەھەرنى ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كەلدى. بىز مېھمانخانىغا كىرىپ كەلگىنىمىزدە، باش مۇلازىمەت پو-كېيدىكى قىزلار بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ قويدى ـ يۇ، گەپ قىلمىدى. قۇندۇز مەندىن ئارىلىق ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ، ئۇنى ساقلاپ تۇردۇم. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، پەلەمپەيدە نەچچە توختاپ ئاران چىقتى. ياتاق ئىشىكىنى ئاچتىم. ئۇھ... قۇندۇز بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، ياتاققا كىرىپ كەلدى. بىز بىر ـ بىرىمىزدىن قورۇنۇشۇپ تۇرۇپ قالدۇق.

مەن جىددىيلىكنى بېسىش ئۈچۈن تېلېۋىزور قويۇپ قويماقچى بولدۇم. بىراق تىزگىنەك ئىشلىمەي قالدى. مۇلازىمەتچى قىزنى چاقىرىپ كىردىم. ياتاقتا قۇندۇز يوق، ئۇنى تازىلىق ئۆيىگە كىرىۋالغان ئوخشايدۇ دەپتىمەن، قارىسام، ئۇ ماۋۇ تەرەپتىكى پەلەمپەيگە بېرىپ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋاپتۇ. ئۇ ماڭا ئوخشاشلا ئىش كۆرمەپتۇ ـ دە.

ئۇ ياتاققا كىرىپ، تېلېۋىزور ئالدىدا تۇرۇپ قالدى. ئىشىكنى ئېتىپ قويدۇم ـ دە، قۇندۇزنىڭ كەينىدىن كېلىپ ئاستا قۇچاقلىدىم. يۈزۈمنى چاچلىرىغا يېقىپ، ئۇزۇنغىچە پۇرىدىم...

دېرىزە ئالدىغا كەلدىم. مېھمانخانا ئالدىدىكى كەچكى بازار قىزىپ كەتكەن بولۇپ، ئادەملەر مىغىلدىشىپ يۈرەتتى. بۇ دۇنيادا كىم بىلەن كىمنىڭ كارى ـ ھە؟ كەينىمگە قايرىلىپ قارىسام، قۇندۇز نېپىز ئەدىيالنى يېپىنىپ يېتىۋاپتۇ. كىيىملىرىمنى سېلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا ئاستا قىسىلدىم.

— كىيىمىڭىزنى سېلىۋېتىڭ، — دېدىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

ئۇ شاققىدە كۆزۈمگە قاراپ، نازۇ كەرەشمە بىلەن تولغىنىپ تۇرۇپ:

— هازىرلىما؟ — دېدى.
ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ:
— ھەئە، ھازىرلا... — دېدىم.
ئۇ كىيىملىرىنى سېلىپ، چىرايلىق قاتلاپ قويۇپ قويدى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كىيىمىنى سالدۇرۇۋاتقان چېغىمدا، ئۇ ھاياجاندىن خۇدىنى يوقۇتۇپ قويىلىلا دېدى. ئۇ قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ، مېنى باغرىغا مەھكەم باستى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان سۆيۈشۈشنىڭ سېھرىلىشىدىن ئاستا ـ ئاستا بارلىق غەم ـ ئەندىشە، ھودۇقۇش، ۋەھىمىلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ، تونۇغرىنىمۇ، خاتالىقىمۇ، ئۆتمۇشنىمۇ، كەلگۈسىنىمۇ... ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتتىم...
ئۇنىڭ نەچچە تامچە يېشى بىلىكىمگە تامچىپ چۈشتى...:
ئۇ ھاياتىنىڭ شېرىنلىكىدىن كۆز يېشى قىلىۋاتامدىغاندۇ ياكى نەچچە يىلدىن بۇيان چەككەن دەرد ـ ھەسرەتلىرى يادىغا كېلىپ، ياش تۆكۈۋاتامدىغاندۇ، ياكى ئۇ قىلىپ قويغان بۇ ئىشىدىن پۇشايمان قىلىپ، ئازابلىنىۋاتامدىغاندۇ؟
— ئېرىڭىز بىلەن مۇناسىۋىتىڭىز قانداقراق؟
بەلكىم، مۇشۇ دەقىقىلەردە ئۇنىڭدىن بۇ سوئالنى سورىغانلىقىم ھۆرمەتسىزلىكتۇ. بىراق ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە جاۋاب بەردى:
— نېمە دېسەم بولار؟ ئۆزئارا ھەمراھ بولۇپ، كۈن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنلا...
ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت يوق ئىكەن. قۇندۇزنىڭ ماڭا مۇنچىۋالا قىزغىن بولۇپ كېتىشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىكەن.
— ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت قىلچىلىكمۇ ئۆزگەرمەپتۇ.

— بىز توي قىلغان بولساق، بۇ ئەمراقلىقىمۇ قالمايتتى، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ.

— «توي — مۇھەببەتنىڭ قەبرىسى» دېگەن بۇ قورقۇنچلۇق سۆزگە سىزمۇ ئىشىنىدىغان ئوخشىمامسىز؟

— ئىشەنمەي دېسەم، رېئاللىق ئاشۇنداق تۇرمامدۇ؟

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە نېمە دېگۈلۈك؟ رېئاللىق راستىنىلا ئاشۇنداق. بۇ دىلبەر بىلەن ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ ئىسپاتلانغان. مەن توي قىلىشتىن بۇرۇن دىلبەر ئۈچۈن قانچىلىك كۆيۈپ — پىشمىدىم؟ توي قىلىپ، نەچچە يىل ئۆتتى، ئوتتۇرىمىزدىكى ھېسسىيات قېلىپ — تېشىپ، مانا ئەمدى پەسىيىپ كەتتى. مانا بۈگۈن باشقا بىر ئايال ئۈچۈن ئوت بولۇپ كۆيۈپ يېتىپتىمەن.

تېنىم قورۇنماقتا، يۈرىكىم سىقىلماقتا. نىكاھىمدا ئايالىم بار تۇرۇقلۇق، باشقا بىر ئەرنىڭ خوتۇنى بىلەن زىنا قىلىش قانچىلىك قورقۇنچلۇق، قانچىلىك ئازابلىق ئىش — ھە؟ بۇ خۇدا ئالدىدىمۇ ئىنتايىن ئېغىر گۇناھ. بۇ بىز ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ قەبىھەتلىك ئىش. دىلبەرنى بەكلا بوزەك قىلدىم، ئۇنىڭ ئەقىدىسىنى دەپسەندە قىلدىم. مۇبادا، ئۇمۇ باشقا بىر ئەر بىلەن زىنا قىلسا، بۇ قانچىلىك دەھشەتلىك ئىش — ھە؟

قانداقراق ھېسسىياتتا بولىۋاتىسىز؟ بۇ ئىشتىن ئازابلىنىۋاتامسىز؟ ئېرىڭىزنىڭ ئالدىدا ئۆزىڭىزنى گۇناھكار ھېس قىلىۋاتامسىز؟

بۇ سۆزلەر يۈرىكىمدىن سىقىلىپ چىقىپ، تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ توختاپ قالدى. بۇ گەپلەرنى دەپ، قۇندۇزنىڭ شېرىن كەيپىنى ئۇچۇرۇپ نېمە قىلاي؟ ئەگەر ئۇ پاك بولغان بولسا، بۈگۈن كېچىدىكى بۇ ئىشتىن كېيىن دەرھال ئېرىنى يادىغا ئالدۇ، ئېرىنىڭ ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىدىن ئازابلىنىدۇ.

بەلكىم، قۇندۇز ئېرىگە ھازىرغىچە ئىشەنمەيدىغاندۇ، بۈگۈن ئېرىدىن

قىسلىس ئالغانلىقىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقاندۇ...

ئاچچىق خىياللار بىلەن يۈرىكىمنى ئۆرتەپ نېمە قىلاي؟ قوينۇمدا گۈزەل پەرىزات يېتىپتۇ. دىلبەرمۇ، قۇندۇزنىڭ ئېرىمۇ بۇرۇن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى تارتسۇن. پۇرسەت غەنىيمەت، بۈگۈن كېچە ئۆتۈپ كەتسە، مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ.

— بۈگۈن كېچە سىزنى ئۇخلاتمايمەن، — دېدىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ، — تاڭ ئاتسىلا كېتىپ قالىسىز. سىزنى كۆپرەك كۆرۈۋالاي، سىزگە بەكرەك قېنىۋالاي.

— ئەتە مەنمۇ كەتمەيمەن، سىزنىمۇ كەتكۈزمەيمەن، — دېدى ئۇ نازلىنىپ.

— مۈرىڭىزنى ئەكىلىڭا، كۆرۈپ باقاي، چىشىمنىڭ ئىزى بارمىكىن؟

— ياق، بولمايدۇ. يەنە چىشلىۋالىدىغانغىمۇ؟

ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتىم.

— ئاشۇ چاغلار مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

— بۈگۈن ئالغىشلامچۇ؟ — دېدى ئۇ قىيا بېقىپ.

مەن چوڭقۇر ئاھ ئۇردۇم...

— سىز مېنى بەختلىك دەپ ئويلايدىغانسىز. مېنىڭ تۇرمۇشۇم ئىنتايىن مەززىسىز. سىزگە دېسەم، مەن راۋۇرۇس خۇشال بولۇپ باقمىغىلى بەك ئۇزۇن بولغان ئىدى. بۈگۈن مېنى بەكلا خۇشال قىلىۋەتتىڭىز. سىزگە رەھمەت، بۈگۈن كېچىنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇپ قالمايمەن.

تۈن نىسپىدىن ئاشتى. قۇندۇز بىلىكىمگە بېشىنى قويۇپ يېتىپ، ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇنىڭ ئۇيقۇدىكى مەيۈس چىرايى، نېمىشقىدۇر ئۇنى ئىنتايىن بىچارە كۆرسەتتى. ئۇ ئېرىنى ياخشى كۆرمىسە، ياخشى كۆرمىگەن ئەر بىلەن ئۆمۈر بويى بىرگە ئۆتسە — ھە؟

شارقىراپ ياغقان يامغۇرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بىلىكىمنى ئاستا سۇغۇ-

رۇۋىلىپ، دېرىزە ئالدىغا كەلدىم. شەھەر ئاسمىنى كۈندۈزدەك يوپيورۇق ئىدى. قويۇق تۇمان تاغ ئېتەكلىرىدىن بىنالارنىڭ ئاراچلىرىغا قاراپ شىددەت بىلەن ئاقاتتى. يامغۇر پۈتۈن شەھەرنى ئېقىتىپ كەتمەكچى بولغاندەك شار-قىراپ يېغىۋاتاتتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ پۈتۈن بەدىنىم شۈركۈنۈپ كەتتى. دېرىزىنى يېپىۋېتىپ، ئاستا كەينىمگە قايرىلدىم. قۇندۇز داۋالغۇپ تۇرغان دېڭىزدىكى تەنھا كېمىدە بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان پەرىزاتتەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ چىرايى قىلچە ئۆزگەرمەپتۇ، بىراق كۆڭلىچۇ؟ جاھان بۇزۇلۇپ كەتتى. قۇندۇز مېنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا مەن بىلەن بىرگە بولۇۋاتقان بولسا، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ قىممىتى بەكلا تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. قۇندۇز ئۇنداق ئاياللاردىن ئەمەس، ھەرگىز!... ئۇ بۇرۇن مېنى چىن يۈرىكىدىن سۆيگەن، بۈگۈن ئاشۇ چىن سۆيگۈنىڭ قۇدرىتىدىن ماڭا ئۆزىنى بېغىشلىغان... ياق، شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشلار بولماسلىقى، ئۇ ئېرىگە خىيانەت قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، ئۇنى يەنىلا قەدىرلەيمەن، ھۆرمەتلەيمەن...

كۆزۈمنى ئاچسام، تاڭ يورۇپ بولۇپتۇ. ئىككىمىز بىرگە يېپىنغان ئەديال يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. قۇندۇزنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، يېنىچە تۈگۈلۈپ يېتىۋاتىتۇ. ئۇنى يېپىپ قويۇش ئۈچۈن يەردىن ئەديالنى ئالدىم — يۇ، توختاپ قالدىم. بولدى يالىماي، ئۇنىڭ چىرايلىق بەدىنىنى قانغۇچە كۆرىۋالاي.

ئورنۇمدىن ئاستا قوپۇپ، كىيىممنى كىيدىم. شەپە چىقارماستىن، ئورۇندۇققا ئولتۇردۇم. ئاشۇ پەيتتە قۇندۇزنىڭ ئۇخلاۋاتقان ياكى قەستەن ئۇخلىغان قىياپەتكە كىرىۋالغانلىقىنى، مېنىڭ ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغانلىقىمنى تۇيغان ياكى تۇيمىغانلىقىنى بىلمىدىم. ئۇ ئاشۇ پەيتتە خۇدا ئىنسانغا ئاتا قىلغان جىمى گۈزەللىكنى تولۇق نامايان قىلماقچى، ئاشۇ گۈزەللىكتىن مېنى قانغۇچە ھۇزۇرلىنىۋالسۇن دېمەكچى بولغاندەك ئۇگدىسىغا ئۆرۈلۈپ، سوزۇ-

لۇپ ياتتى...

ئۇ كۆزىنى ئېچىپلا، قاتتىق چۆچۈپ كەتتى...

— ئەدىيالنى يېپىپ قويۇڭمۇ دېمەيسىزا؟

— سىزنى كۆپرەك كۆرۈۋالاي دېدىم شۇ.

— قىلىنىڭ دەۋاتقان گېپىنى.

ئۇ ساپما كەشنى كىيىپ، ئالدىمدىن قىيپالڭاچ ھالەتتە ئۆتۈپ، تازىلىق ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. مەن دېلىغۇللۇق ھېسسىياتى ئىلكىدە ئۇنىڭ ئالتۇن بويلىرىغا ئىتتىككىنە قاراپ ئۆتتۇم. كۆپ ئۆتمەي، سۇنىڭ شارقىراپ چۈشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. قايتا خۇمارىم تۇتۇپ، دەرھال تىلماكىمغا ئوت ياقتىم.

ئۇ ئۆگىگە ئورۇنۇپ قايتىپ چىقتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ناپاكلىقنىڭ قىلچىلىكمۇ ئىزناسى قالمىغان ئىدى.

سائەت 10:00 غا يېقىنلاپ قالدى. ياتاقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان چاغمۇ يېقىنلاپ كەلدى. مەن يانچۇقۇمدىن 500 يۈەن پۇلنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا سۇندۇم.

— تۈنۈگۈن ملس كەلگۈدەك كىيىم تېپىلمىدى. ماۋۇ پۇلغا ئۆزىڭىز خالىغان كىيىمدىن ئېلىپ كىيىۋېلىڭ.

— ياق، — دېدى ئۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ، — ئالمايمەن.

— ئېلىڭ، بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، ھەرگىز باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ. بۇنى بىر كىچىلىك ھەمراھ بولغانلىقىمنىڭ ھەققى ئۈچۈن بېرىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالسىڭىز، ماڭىمۇ، ئۆزىڭىزگىمۇ ھاقارەت قىلغان بولىسىز. سىزنىڭ قىممىتىڭىزنى ھەرگىز پۇل بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. تۇتۇڭ، چاپسان ئېلىڭ.

ئۇ ئىنتايىن ئوڭايسىزلانغان ھالدا قولىنى ئاستا سۇندى...

— خوش، — دېدىم ئۇنى باغرىمغا مەھكەم بېسىپ، — ئانچە ئۇزۇنغا

سوزماي، يەنە كۆرۈشەيلى.

— خوش...

ئۇ بېشىنى مەيدەمگە قويۇپ، بىر ھازا ياش تۆكتى. ئۇنىڭ ئېڭىكىنى ئاستا كۆتۈردۈم. ئۇ راستىنلا يىغلىغان ئىدى. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى بىلمىدىم، نېمىشقىدۇر، مېنىڭ كۆزۈمدىن بىرەر تامچىمۇ ياش چىقمىدى.

※ ※ ※

ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مېھمانخانىدىكى ئىشلار كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمىدى. قۇندۇز قانچە ياش، بەدىنى قانچە گۈزەل، خۇلقى قانچە شېرىن — ھە؟ ئۇ بۇ قېتىم يۈرىكىمدە مەڭگۈ ئۆچمەس تەسىراتلارنى قالدۇردى. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ ئېرىنىڭ يۈزىگە قارىغان چاغدا قانداقراق تەسىراتتا بولغاندۇ؟ بەلكىم، ئېرى ئۇنىڭ كۆزىگە ئىنتايىن بىچارە، ئەخمەق سىياقتا كۆرۈنگەندۇ. ئۇ ئېرىنىڭ تويدىن ئىلگىرى بىر باشقا قىز بىلەن يوشۇرۇن ئارىلىشىپ يۈرگەنلىكىدىن ئۆچ ئالدىم دەپ پەخىرلەنگەندۇ. قۇندۇز ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇيالمايدۇ، ئۇ قىسلىس ئارقىلىق ئېرىشكەن روھىي تەسەللىگە موھتاج!

ئۇ قايناق ھېسسىياتلىق، جىمغۇر، ئىچ مىجەزلىك، رومانتىك قىز ئىدى. ئۇ يەڭگىلتەكلىك قىلىپ، شاختىن شاخقا قونۇپ يۈرمەيتتى. بىر-كىمگە رىشتى باغلىنىپ قالسا، ئاسانلىقچە مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغان خا-راكتېرگە ئىگە ئىدى. كۆڭلۈم سېزىپ تۇردۇ، ئۇ تويدىن كېيىن باشقا ئەرلەر بىلەن ئويناپ يۈرمىگەن! سەزگۈم خاتا چىقسا، ئۇ مەن بىلەنمۇ كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈنلا شۇ ئىشنى قىلغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ قانداق ئايالغا ئايلىنىپ قالىدۇ؟ ئۇ ھەرگىز ئۇنداق ئايال ئەمەس! ئۇ ھەرگىز ئۇنداق ئىش

قىلىپ يۈرمەيدۇ. بۇ قېتىمقى ئىشلار پۈتۈنلەي مۇھەببەتنىڭ قۇترىتىشىدىن بولغان. بۇ ـــ بىر ئادالەتسىزلىك! قۇندۇز ئېرىگە سادىق بولۇپ ياشىشى، مەنمۇ دىلبەرنى قەدىرلىشىم، قۇندۇز بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇ ئىشلار بولماسلىقى كېرەك ئىدى. قۇندۇزنىڭ ئېرىگە يۈز كېلەلمەيمەن، دىلبەرگە تېخىمۇ يۈز كېلەلمەيمەن...

دىلبەر بالا بىلەن ئايرىم ئۆيدە ياتقىلى نەچچە ئاي بولدى. ئۇنىڭ پەرۋاسىزلارچە مۇئامىلىسىدىن يۈرىكىم سىقىلدى. ئۇنىڭدا گۇناھ يوق، پەرۋاسىزلىق ئەسلىي مېنىڭدىن باشلانغان. ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن ھەممە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. بىراق مېنىڭ خىيالىم يىراقتىكى قۇندۇزدىلا بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى كېچىسى ئۇ يەنە بالا ئۇخلاۋاتقان ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، زورىغا كۆلۈمسىرىدىم.

ـــ نېمە بولدى؟ ـــ دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ.

ـــ مەن بىلەن ياتمامسەن؟

ـــ نېرى تۇر! مېنىڭ ئۇيقۇم كېپكەتتى، ئۇخلايمەن.

غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى ـ يۇ، سەۋەنلىك ئۆزۈمدە ئىكەنلىكى يادىمغا يېتىپ، دەرھال ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم.

ـــ مۇنداق قىلما، ئاچچىقىڭنى بېسىۋال. بالا ئويغىنىپ كەتسە، سەت تۇرىدۇ.

ـــ مەن بىلەن بىرگە يېتىش ئەمدى يادىڭغا يەتتىمۇ؟ ئۆزۈڭ دەپ باقە، بۇ ئۆيمۇ ياكى ئاشخانىمۇ؟ كۈندە كىرىپ چىقىپ، قورسىقىڭ تويسىلا ھېسابمۇ؟

ـــ خاتالىق مەندە، بۇندىن كېيىن دىققەت قىلاي.

ـــ بۇ گەپنى سەن نەچچە قېتىم دېدىڭ؟

ـــ بولدى قىلە.

— سەن يېتىپ تۇر، بالىغا ئەدىيال يېپىپ قوياي.

دىلبەر كەينىمدىن كىردى. ئۇ كىيىملىرىنى سېلىپ، قالايمىقان تاشلىدى ـ دە، يېنىمغا كېلىپ ياتتى. ئۇنىڭ خاپىغان ھالىتىگە قاراپ، ئىچىم ئاغرىدى. بۇرۇن ئۇنىڭ تاپانلىرىغا سۆيگۈدەك بولۇپ ئاران توي قىلغان ئىدىم. مەن ئاشۇ چاغدا ئۇنى مۇشۇنداق تاشلاندۇق كۆنگە قويۇشۇمنى ئويلىغانمىدىم؟

— مۇنداق قىلمايلى، بالىمۇ خېلى چوڭ بولۇپ قالدى، — دېدىم ئۇنى باغرىمغا بېسىپ تۇرۇپ، — بۇندىن كېيىن مەن بىلەن بىللە يات. بولمىسا، كۆڭۈللەر بۆلۈنۈپ كەتمىسۇن.

— سېنىڭ كۆڭلۈڭنى ئاللىقاچان بۆلۈنۈپ كەتتىمكىن دەيمەنغۇ؟

— قالايمىقان گەپ قىلمىغىنە؟

— راستقۇ؟

— ھەي... نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسەن؟ خىزمەتتىنىڭ بېسىمىدىن ئاياللارغا قارايدىغانغا نەدە چولا. بۇ ياققا قارىغىنە؟

ئۇ ھەرقانچە خاپا بولسىمۇ، يەنىلا مەن تەرەپكە ئۆرۈلدى. ئۆزۈمنى زورلاپ قانچە سۆيسەممۇ، ئۇ مېنى بىرەر قېتىممۇ سۆيۈپ قويمىدى. شۇ چاغدىلا ئىككىمىزنىڭ ئىنتايىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىمىزنى، ئوتتۇرىمىز-دىكى ياتلىقنىڭ قورقۇنچلۇق دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم. ئۇ ئىچ كىيىملىرىنى سالدۇرىۋاتقان چېغىمدىمۇ مىت قىلىپ قويمىدى.

— سېنىڭ نەزىرىڭدە...مەن بىر تۆشۈك...

ئۇنىڭ بۇ گېپى يۈرىكىمگە تېگىپ كەتتى. ئاچچىقىمنى باسالماي، تەتۈر قاراپ يېتىۋالدىم. قۇندۇز بىلەن قايتا ئۇچرىشىپ قالغاندىن بۇيان دىلبەر بىلەن كارىم بولمىغان ئىدى. شۇنداق تۇرۇپ، يەنە نېمىگە ئۇنىڭ ئالدىدا ئاچچىقلاپ ئەزۋەيلەيمەن؟ ئۇ خاپا بولۇپ بالىنىڭ قېشىغا چىقىپ

كەتمەكچى بولدى.

— نەگە بارسەن؟ يات بۇ يەردە. ئۆزۈڭمۇ كۆرۈۋاتىسەن، ئىشنىڭ كۆپلۈكىدىن ھېرىپ — چارچاپ ھالىم قالمايۋاتىدۇ. ئاخشىمى ياتسىلا، كارىۋاتقا چاپلىشىپ كېتىۋاتىمەن. مەنمۇ باشقىلاردەك ئويناپ، ئۆزۈمگە زو قىلماي يۈرسەم بولاتتىغۇ. مەن يەنە سىلەرنى دەيمەن. رەنجىمە، خوتۇن، ساڭا تازا كۆڭۈل بۆلەلمىدىم.

ئۇ دۈمبەمنى ئاستا سىلاشقا باشلىدى. مەن ئاستا بېشىمنى كۆتۈردىم... ئاشۇ شېرىن مىنۇتلاردا مېھمانخانىدىكى ئىشلار يادىمغا كېلىۋالدى. ئېڭىمدا ئىككى ئايال سېلىشتۇرما بولدى — دە، ئىرادەمگە قارشى ھالدا ئاستا — ئاستا بوشىشىپ كەتتىم. مەن ئۆكۈلىسىزلانغان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ قويدۇم. ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ غەش بولغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

— راست گېپىڭنى دېگىنە؟ بۇ ئۆيىنى تۇتىمىزمۇ — تۇتمايمىزمۇ؟

— نېمىشقا مۇنداق سورايسەن؟

— ئىسىت، راستىنلا يېڭىلىشىپتىمەن، سەن بىلەن توي قىلىپ خاتالىشىپتىمەن. مۇشۇ گۈلدەك چىرايىم بىلەن ماڭا ئادەم تېپىلماسمىدى. توي قىلغاندىن تارتىپلا خىيالىڭ ئاللىقاياقلاردا. يەنە بوپتۇ دېدىم، بۇ ئۆيگە ئاستا-ئاستا كۆڭلى چۈشۈپ قالار دەپ ئويلىدىم. بىراق سەندە ئۆزگىرىش بولمىدى، ئارىلىقىمىز بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. يەنە بىر بالا تۇغۇلسا، ئىشلار تېخىمۇ تەسلىشىپ كېتىدۇ. ياخشىسى بىر — بىرىمىزدىن رەنجىمەيلى، چىرايلىقچە ئاجرىشىپ كېتەيلى.

تېنىم كۆرپىگە پېتىپ كېتىۋاتاتتى. دىلبەر ھەممە ئىشنى بىلىپ، ھەممىنى تۇيۇپ تۇرۇپتۇ — دە. شۇنداقتىمۇ ئاجرىشىپ كەتسەك بولمايدۇ. ئاجرىشىپ كەتسەك، قۇندۇزنى ئېرىدىن تارتىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن ئۇ ئاجرىشىشقا قوشۇلامدۇ؟ ئوتتۇرىمىزدا بالا بار. سۆيگەن ئادىمىنى دەپ، بالىنى يېتىم قىلىشقا بولمايدۇ. نېمىلا دېگەن بىلەن ئاشىنىدىن بالا شېرىن،

ئاشىنىنىڭ ئۆتى ۋاقىتلىق، بالىنىڭ ئۆتى مەڭگۈلۈك. پەرىزاتتەك چىرايلىق ئايال بولسىمۇ، يەنىلا بالىدىن كېچەلمەيمەن...

— نېمە بولدى، دېمەك ئىچىڭگە چۈشۈپلا كەتتىڭمۇ؟ بىر نېمە دېمەمسەن؟ بىرەرسىگە كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالغان بولسا، ئۇنىمۇ يوشۇرماي دەۋە، خاپا بولمايمەن. تۇرمۇشتا يوق ئىشمىدى ئۇ. ماڭا راستىنلا كۆڭلۈڭ تارتمايدىغان بولۇپ قالغان بولسا، بۇنىمۇ دەۋە. سەنمۇ ئۆزۈڭنى قىيناپ، مەنمۇ ئۆزۈمنى قىيناپ نېمە قىلىمىز؟ كۆڭلۈڭ تارتقان ئادىمىڭ بولسا، توي قىلىشۋالساڭلا بولىدىغۇ؟ ئەر دېگەن سەندەك بولسا، ئەمدى ئەرنىڭ كوچىسىغا مەڭگۈ كىرمەيمەن.

— مەن شۇنچىلىك ئەسكىمۇ؟ ساڭا ئازراقمۇ ياخشىلىق قىلمىدىممۇ؟

— سەن ئەسكى ئەمەس. ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق.

— سەن مەندىن شۇنچىلىك بىزار بولۇپ كەتتىڭمۇ؟

— بۇنى ئۆزۈڭدىن سورا.

— ئۆزۈمگە ئايان، مەن ئەسكى، نۇرغۇن ئىشلارنى خاتا قىلدىم. مەن ئەسلى مۇنداق ئەمەستىم. مېنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشۈمگە سېنىڭ خاتالىقىڭ سەۋەبچى بولدى. تويدىن ئىلگىرى ئۆزۈڭنى بىلەلمەي، بەكلا كۆرەڭلەپ كەتتىڭ. مەن بىلەن مۇھەببەتلىشىۋېتىپ تۇرۇپ، يەنە باشقا ئوغۇللارنىڭ يېقىنچىلىقىدىن ئۆزۈڭنى تارتمىدىڭ. كۆزگە ئىلماي، مېنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدۇڭ.

— ئۇ بۇرۇنقى ئىشلارغۇ؟ تېخىچە ئۇنتۇماي يۈرەمسەن؟

— نېمىشقا ئۇنتۇيمەن؟ قانداق ئۇنتۇيالايمەن؟

— ئاداۋىتىڭ ئەجەب كۈچلۈككەن سېنىڭ. ياشلىقتىكى ئىشلارغۇ ئۇ. ئەر كىشى بولغاندىكىن، كۆڭلۈڭنى يوغىراق تۇتمامسەن؟

— مەن نۇرغۇن ئىشلارغا كۆڭلۈمنى يوغان تۇتالايمەن، لېكىن غۇرۇ-

رۇمنى دەپسەندە قىلىدىغان ھەرقانداق ئىشنى كۆڭلۈمگە قەتئىي سىغدۇرالمايمەن.

— مەن غۇرۇرۇڭنى دەپسەندە قىلغۇدەك ئىش قىلمىدىمغۇ؟

— ئۇ چاغلاردا پەرىزاتتەك ئۇچۇپ يۈرىدىغان چاغلىرىڭ بولغاندىكىن، ماڭا قانداق خورلۇقلارنى سالغىنىڭغا دىققەت قىلمايسەن ــ دە؟

— ھازىر مەن سىنىڭ نەزىرىڭدە پەرىزاتقا ئوخشىماي قالدىم، شۇنداقمۇ؟

— ياق، سەن ھازىرمۇ نى ــ نى ئايالLARدىن چىرايلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل. بىلىمەن، مەن ياخشى قىلمىدىم، سەندەك ياخشى ئايالنى بىشىمغا ئېلىپ كۆتۈرسەممۇ بولاتتى. بۇرۇنقى ئىشلارنى ئۇنتۇپ، سىنى قەدىرلىسەم بولاتتى. رەنجىمە، خوتۇن، بۇرۇنقى ئىشلارنى ئۇنتۇيالماسلىق ئادەملەردىكى بىر خىل ئاجىزلىق. بۇ ئاجىزلىق مەندە تېخىمۇ گەۋدىلىك. مەن ئىمكار بار بۇ ئاجىزلىقتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىمەن.

— گېپىڭ راستمۇ؟

— راست.

※ ※ ※

بىر كۈنى ئىشتىن چۈشەي دەپ تۇرسام، تېلېفون كەلدى. ئانچە ئېرەن قىلماي تۇرۇپكىنى ئالدىم.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

— ھە، قۇندۇزما؟ ياخشىمۇسىز؟ قانداق ئەھۋالىڭىز؟

— ياخشى.

— نېمىشقا تېلېفون ئۇرمايسىز؟ مەن ئۇراي دېسەم... ئەپسىز.

— ئۇراي دېگەن. لېكىن...شۇ...
— نېمە بولدى؟
— خاپا بولماڭ... ئەمدى بولدى قىلايلى.
— نېمە؟! بولدى قىلايلى؟ نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ سىز چىدىغان بىلەن مەن چىدىمايمەن.
— سىز ئۇنداق دېگەن بىلەن...
— ھە! گەپ قىلمامسىز؟
— ئۆيدىكىگە بارغىنىڭىزدىن كۆڭۈلسىز بولۇپ كېتىۋاتىمەن.
— مەنمۇ شۇ.
— شۇنداق بولغاندىكىن، سىزمۇ ئۆيىڭىزنى تۇتۇڭ، مەنمۇ ئۆيۈمنى تىنىچ تۇتاي.
— ئۆيىنىغۇ تۇتىمىز، شۇنداقتىمۇ بولدى قىلىش بولمايدۇ.
— مەنمۇ سىزگە چىدىمايمەن. لېكىن ئۆتكەندە سىز بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قاتتىق ئازابلاندىم.
— نېمىگە، مېنى ئويلاپما؟
— كېيىمنى چۈشەنمەيۋاتامسىز؟ بۇ قېتىم ئۆمرۈمدە قىلىپ باقمىغان ئىشنى قىلىپ قويدۇم. ھازىر ئويلىسام، بەكلا ئۆكۈنىمەن.
— بىز بىر — بىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز. بۇ ئالەم شۇنچە قىسقا، پاتلا ئۆلۈپ كېتىمىز، شۇنداق ئىكەن، بىللە بولۇش نېمىشقا بولمايدىكەن؟
— بۇرۇن بولسىغۇ مەيلى ئىدى، ھازىر سىزنىڭ ئائىلىڭىز، مېنىڭ ئېرىم بار ئەمەسمۇ؟
— بولدى، سۆزلىمەڭ. مېنىڭ ھېچنېمىنى ئاڭلىغۇم، ھېچنېمىنى بىلگۈم يوق. ھەرقانداق ئۆرپ — ئادەتلەرنى، ئەخلاقىي رامكىلارنى، قانۇنىي چەكلىمىلەرنى، خۇدانىمۇ يادىمغا كەلتۈرگۈم يوق.
— ئۇنداق دېسىڭىز، قانداق بولىدۇ؟ بىز يا بىر ئارالدا، يا بىر

ئىپتىدائىي ئۇرمانلىقتا ياشاۋاتقىنىمىز يوق.
— ئەتراپىمىزدىكى ئادەملەرمۇ تايىنلىق، ھەممىسىنىڭ كۆتىدە پوقى بار. ئېرىڭىز تويدىن بۇرۇن سىزگە نېمە قىلمىدى؟ مېنىڭ ئايالىممۇ تويدىن بۇرۇن ماڭا نېمە خورلۇقلارنى سالمىدى؟ ئادەم دېگەنچۇ، قارىسىڭىز نالايىتى مۇرەككەپ، ئۇلۇغدەك كۆرۈنگەن بىلەن، يالخشىراق قارىسىڭىز، ئىنتايىن ئاددىي، تۇترۇقسىز بىر نېمە.
— نېمە بولدىڭىز، ھاراق ئىچىۋالمىغانسىز؟
— قانداق، مەستتەك سۆزلەۋاتامدىم؟
— بەكلا قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتىپسىز.
— سەگەكلىكى ئېشىپ كېتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولۇشۇم مۇمكىن. ئەگەر سىز بولدى قىلايلى دېسىڭىز، رەسمىي كېسەل بولۇپ قالىمەن جۇمۇ.
— قانداق قىلىمەن ئەمسە؟
— سىزنى شۇنداق سېغىنىپ كەتتىم، چاپسانراق كېلىڭ. بولمىسا، مەن ئىزدەپ بارىمەن. بۇ گېپىم چاقچاق ئەمەس، چوقۇم بارىمەن. ئۆيىڭىزگە تېلېفون ئۇرسام چىقارسىز؟
— شۇنداقمۇ قىلارسىزمۇ؟
— تەلۋىلىكىم تۇتسا، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن. ئوتنى ئۆزىڭىز قايتا ياقتىڭىز، ئەمدى يەنە تۇيۇقسىزلا ئۆزىڭىزنى چەتكە ئالسىڭىز، مەن قانداق چىدايمەن؟
— ياق، سىز كەلمەڭ، مەن باراي.
— قاچانلىققا؟
— ئەپلەشكەن چاغدا خەۋەر قىلىمەن.
— ئۇنداقتا، تېلېفونىڭىزنى كۈتىمەن.
— خوش ئەمسە.

— خوش...

ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن قۇندۇزدىن تېلېفون كەلدى. ئۇ «ئەتە كەچتە يېتىپ بارىمەن، پويىز ئىستانسىسىدا ساقلاپ تۇرۇڭ» دېگەن گەپنىلا قىلدى.

شەنبە كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن دىلبەرگە ئۇرۇمچىگە يىغىنغا بارىمەن دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم. ئۆيدىن ئۇدۇل مېھمانخانىغا بېرىپ، بىر ئېغىزلىق ياتاقنى ئالدىم. ئىدارىدىن سىرتقا چىقماي، كەچ بولۇشنى كۈتتۈم.

كەچقۇرۇن پويىز ئىستانسىسىغا كەلسەم، قۇندۇز يېتىپ كەلمەپتۇ. يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. بىر چاغدا پويىز گۇدۇك چېلىپ، پويىز ئىستانسىسىغا كىرىپ كەلدى. پويىز كۈتۈش زالىنىڭ كەينى ئىشىكىدىن قۇندۇز قارسىلدىتىپ دەسسەپ كىرىپ كەلدى. ئورنۇمدىن ئىتتىك تۇرۇپ كەتتىم، ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدىم.

— تىنچلىقمۇ؟ يولدا جاپا تارتتىڭىزمۇ؟

— ياقەي، — دېدى ئۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن.

پويىز ئىستانسىسىدىن چىقىپ، تاكسىغا ئولتۇردۇق — دە، ئۇدۇل مېھمانخانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

كوچا چىراغلىرى ماشىنا تاكسىنىڭ ئىچىدە كىملەر بارلىقىنى دەپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ قارشاتتى. چىراغلارنىڭ كەينىدىكى پىيادىلەر يولىدا دىلبەر بالىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان بولسا، مېنىڭ بىر ئايال بىلەن تاكسىدا بىللە كېتىۋاتقانلىقىمنى كۆرگەن بولسا — ھە؟

... ... ...

— ھەي... سۇلتان، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، تاڭ ئاتاي دەپ قاپتۇ.

ئويغىنىپ سائىتىمگە قارىسام، 4:30 بولۇپتۇ.

— پويىز ماڭىدىغانغا بىرسائەت قاپتۇ، ئۇلگۈرەلەمسىز؟
— ئۇلگۈرەلەيمەن.
— سائەت 7:00 نىڭ پويىزىدا ماڭسىڭىزمۇ بولامدۇ؟
— هازىرلا ماڭاي. كەچكىچە ئۆيگە يېتىپ بارمىسام بولمايدۇ.
تازىلىق ئۆيىدىن يېنىپ چىقسام، قۇندۇز گىرىم قىلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ، ئاستا قۇچاقلىدىم.
— سىزدىن ئايرىلغۇم يوق، بىر سائەتتىن كېيىن مېڭىڭ.
— ماقۇل دەڭ، ماڭمىسام بولمايدۇ.
ياتاقتىن چىقىدىغان چاغدا ئۇنى يەنە بىر قېتىم باغرىمغا مەھكەم باستىم...
— ماۋۇ 300 كوينى يېنىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ، يولدا خەجلەرسىز.
— ياق، هەرگىز ئالمايمەن. هەر قېتىم ئادەمنى خىجىل قىلىپ پۇل تەڭلەيدىكەنسىز.
— خاپا چۈشىنىپ قالماڭ، بۇ مېنىڭ ڀوللۇقۇم.
بىز مېھمانخانىدىن چىقىپ تاكسىغا ئولتۇردۇق — دە، ئۇدۇل پويىز ئىستانسىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. شەھەر ئويغىنىشقا باشلىغان ئىدى. دىلبەرچۇ؟ ئۇ يەكشەنبىلىك شېرىن ئۇيقۇسىدىن ئويغانغانمىدۇ؟

※ ※ ※

ئاق كۆگۈللۈك — دىلبەرنىڭ ئاجىزلىقىمۇ؟ ئەرگە بولغان ساداقىتى، ئائىلىگە بولغان كۆيۈمى ئۇنىڭ ئاجىزلىقىمۇ؟ ئۇ يەنىلا بېشىنى مەيدەمگە قويۇپ، شېرىن ھېس — تۇيغۇلاردا ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ، مېنى دۇنيادىكى ئەڭ پاكىز ئەرلەر قاتارىدا كۆرىدۇ. بولغانغان تېنىمنى قۇچاقلاپ، قۇندۇز سۆيگەن لېۋىمگە مەستخۇش ھالەتتە سۆيىدۇ. ئاشۇ چاغدا ئۇ كۆزۈمگە

تېخىمۇ بىچارە، تېخىمۇ ئەخمەق سىياقتا كۆرۈنىدۇ. نېمە ئۈچۈن ماڭا ئوخشاش بىۋاپا، يۈزسىز ئادەم ئۈستۈن كېلىپ، دىلبەرگە ئوخشاش ۋاپادار، دىيانەتلىك ئايالالار خورلىنىدۇ؟ ئاق كۆڭۈللۈك بەزىدە مۇشۇنداق ئاجىز، قارا-نىيەتلىك بەزىدە مۇشۇنداق كۈچلۈك.

ساختا قىياپەتكە كىرىۋېلىشمۇ بىر خىل ماھارەت. بۇ خىل ماھارەتتىن پايدىلىنىش ماڭا خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى، مېنى دىلبەردىن ئۆچ ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. ئىنسان دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدىكەن، ئۇ ئاغزىدا ھەر ـ ھەر چوڭ گەپلەرنى قىلغىنى بىلەن كۆڭلىدە يەنىلا ئۆزىدىن يىراقلاپ كېتەلمەيدىكەن. ئەر ـ ئايال بىر ئائىلىدە پەقەت جىنسىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىنلا بىرگە ياشامدۇ؟ ئەر ـ ئايالنىڭ بىر ـ بىرى ئالدىدىكى، پەر-زەنتلىرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتى، مەسئۇلىيىتى زادى نېمە؟ بۇنداق تۇيغۇ-لار يادىمدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك دائىما قانماس نەپسىمنىڭ كەينىدە شاپاشلاپ يۈرمەكتىمەن. ئايال زاتى دېگەن تەلپۈندۈرگەندە گۈزەل، ئەرنىڭ ئېھتىياجى قانمىغان چاغدا چىرايلىق كۆرۈنىدىكەن. دىلبەر ماڭسام ئالدىمدا، ياتسام قېشىمدا... بەزىدە ئۇنىڭ مەسۇم چېھرىگە قاراپ، ئىچىم ئاغرىيدۇ. بۇرۇن ئۇنىڭغا قانچىلىك تەلپۈنگەن، ئۇنى قانچىلىك ئەتىۋارلىغان ئىدىم ـ ھە؟ مانا ئەمدى ئۇ تاشلاندۇق بويۇمدەك نارازىلىقىمۇ بىلدۈرمەي، قارشىلىقىمۇ كۆرسەتمەي، بەخىرامان ھالەتتە ياشىماقتا.

قۇندۇز مېنىڭ يۈرىكىمنى ئوغرىلاپ كەتكەن بىلەن، بۇ يۈرەكنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان دىلبەرنىڭ يۈرەكسىز تەننى قۇچاقلاپ ياشا-ۋاتقانلىقىدەك مەززىسىز تۇرمۇشنى چۈشەنمەيدۇ. قۇندۇز بىلەن يۈرەك رىشتىمىز باغلىنىپ قالمىغان بولسا، دىلبەرنىڭ قىسمىتى قانداق بولار بولغىيتتى؟ قۇندۇز دىلبەرنىڭ بەختىنى تارتىپ كەتتى. ئۇ بۇنىڭدىن ئازابلىنارمۇ؟ ئۇ دىلبەرنىڭ ئازابىنى چۈشەنمەيدۇ. چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئۆزى سەۋەبلىك دىلبەردىن ئايرىلىقچان سۇۋۇپ كەتكەنلىكىمنى تولۇق بىلمەيدۇ.

قۇندۇزنىڭ دىلبەرگە ئىچى ئاغرارمۇ؟ ئۇ دىلبەرنىڭ ئىرى بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇپ ياتقان چېغىدا يۈرىكى ئېچىشارمۇ؟ ياكى ئۇ دىلبەردىن ماڭا مەنسۇپ ئادەمنى ئۆمۈرلۈك ئىگىلىۋالدى دەپ ئاغرىنارمۇ؟

ھەممە ئەيىب مەندە! مېنىڭ يۈرىكىم — بارلىق رەزىللىكنىڭ مەنبەسى! دىلبەرنى قەدىرلىمىگەنمۇ مەن، قۇندۇزنى ئازدۇرغانمۇ مەن... جىمى بەختسىزلىك مېنىڭ رۇقىيەگە ئاشىق بولۇپ قېلىشىمدىن باشلاندى. ئەسلىي مەن ئەمەلگە ئاشمىغان سۆيگۇ ئۈچۈن ھەسرەت چېكىۋەرمەي، رۇقىيەدىن ئۈمىدىمنى پۈتۈنلەي ئۈزۈشۈم، دىلبەرنى سۆيۈشۈم، قۇندۇزنى ئىرى بىلەن تىنچ ـ ئامان ياشىشىغا قويۇشۇم كېرەك ئىدى. ئەپسۇس، يۈرىكىم ئىرادەمگە بويسۇنمىدى، ئۇزۇن يىللارغىچە رۇقىيەنى يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن چىقىرىۋېتەلمىدىم. بىر تۇرۇپ، يۈرىكىمدىن سۆيۈنىمەن؛ بىر تۇرۇپ، يۈرىكىمگە لەنەت ئوقۇيمەن.

بۇ كۈنلەردە قۇندۇزنىڭ قانداق خىياللاردا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، ئۇ مەن بىلەن داۋاملىق باردى ـ كەلدى قىلماقچىمىدۇ ياكى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىغا توۋا قىلىپ، ئىرىگە سادىق بولۇپ ئۆتمەكچىمىدۇ؟ مەن رۇقىيەنى قانچىلىك چوڭقۇر سۆيگەن بولسام، قۇندۇزمۇ مېنى شۇنچىلىك چوڭقۇر سۆيگەن ئىدى. ئۇ ئاران يەتكەن ۋىسال لەززىتى ئۈچۈن دىلبەرنىمۇ، ئىرىنىمۇ ئۇتتۇن قىلىپ قالىۋېتىشى مۇمكىن. نېمىشقا ئۇنىڭغا تېلېفون ئۇرۇپ باقمايمەن؟

تېلېفونغا قول ئۇزاتقان چېغىمدا يەنە ئويلىنىپ قالدىم. قۇندۇز ئىرى بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغان ۋاقتىدا قانداقراق تۇيغۇدا بولار؟ شۇ چاغدا ئۇنىڭ يادىغا يېتەرمەنمۇ؟ ئىختىيارسىز پىخىلداپ كۈلۈۋەتتىم، رەزىللىكنىڭ ھۇزۇرىمۇ ئۆزگىچە بولىدىكەن.

※ ※ ※

ھېچنېمىگە ئەرزىمەس ئادەم ئىكەنمەن. بارغانسېرى ئاددىيلىشىپ، ھايۋانغا ئوخشاپ كېتىۋاتقانلىقىم ئۆزۈمگە ئايان. مەن پاكلىق، راستچىللىق، سەمىمىيلىككە ئىنتىلىپ، باشتىن - ئاخىر ئازاب، ھەسرەتكە مۇپتىلا بولدۇم. ناپاكلىق، يالغانچىلىق، ساختىپەزلىك قىلىپ، لەززەتكە، خۇشاللىققا ئېرىشتىم. ئىشلار ئەسلى مۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى. رۇقىيەنى چىن يۈرىكىمدىن قانچىلىك ياخشى كۆردۈم - ھە؟ ھېسسىياتىم شۇقەدەر ساپ، شۇقەدەر سەمىمىي ئىدى. بىراق بۇ ھېسسىياتىم نېمىگە ئەرزىدى، قانچىلىك قەدىرلەندى؟ دىلبەردىن پاكلىقنى تەلەپ قىلغان، چىن سۆيگۈنى كۈتكەن ئىدىم. ئۇنى سەمىمىي ھېسسىياتىم بىلەن ياخشى كۆرۈشنى، سەمىمىي ھېسسىياتىم بىلەن ئۆمۈر بويى قەدىرلەشنى نىيەت قىلغان ئىدىم. لېكىن ئۇ ئالا كۆڭۈللۈك قىلدى. دىلبەر بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن قۇندۇز بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگىنىم خاتا! قۇندۇز توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلىشىم كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئېغىر گۇناھ!! مەن بۇنداق بولۇشنى خىيالىمغا كەلتۈرگەنمىدىم؟ ئۆزۈمنى ئاقلىغۇم يوق، تېنىم بۇلغاندى، روھىم پۇچەكلەشتى.

راستىنلا ھېچنېمىگە ئەرزىمەس ئادەم ئىكەنمەن. ئۆزۈم يادىمغا يەتكەن چاغدا ئادەملىكىمدىن گۇمانلىنىپ قالىمەن، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم شۈركۈنۈپ، ئۆز - ئۆزۈمدىن سەسكىنىپ كېتىمەن. بۈگۈنگە كېلىپ، بۇرۇنقى قىممەتلىك روھىمدىن ۋاز كېچىپ، جىنسىي ئىستەكنىڭ قۇلى بولۇپ قالغانلىقىمدىن ئەپسۇسلىنىمەن. بۇرۇن پاكلىق سۈيىدىن سۇغۇرۇلغان يۈرىكىم رۇقىيەنىڭ تاپىنى ئاستىدا دەسسەلگەن ئىدى، كېيىن دىلبەر تەرىپىدىن توپ قاتارىدا تېپىلدى. پەقەت قۇندۇزلا يۈرىكىمنى ئەخلەتلەر ئارىسىدىن ئېلىۋېلىپ، تازىلىدى، جاراھىتىنى داۋالىدى، ئەتىۋارلاپ يۇ-

رىڭگە تاڭدى. ئاياللارنىڭ كۆڭلى ماڭا ئايان، قۇندۇزمۇ يۈرىكىمنى پۇراپ زېرىككەن چاغدا يەنە تاشلىۋېتىدۇ. بۇ دۇنيادا ئۆزگەرمەيدىغان ئەبەدىيلىك شەيئى يوق.

ئۆزۈمنىڭ ئەپتىمگە قارىسام، كۈلگۈم كېلىدۇ. بىلىپ ـ بىلمەي غادىيىۋالسام، شۇ ھامان خىجىل بولۇپ كېتىمەن. مەن نېمە؟ مەن نېمىدىم؟ مېنىڭ تىلىم يالغان، مېنىڭ كۈلكەم يالغان، مېنىڭ كۆز نۇرۇم يالغان، مېنىڭ ئۇستىۋېشىمدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان سىپايىلىق، ئىلمىيلىك، ئالىيجانابلىق... ھەممىسى يالغان!

پەرۋەردىگار بۇ ئالەمدە ياراتقان بارلىق مەۋجۇداتلار ئىچىدە، ئادەمگە ئەقىل ـ ئىدراك بېرىپ، ئەڭ ئەزىز قىلىپ ياراتقان. ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەرنى، تۈرلۈك ـ تۈمەن گۈل ـ چېچەكلەرنى، ئۇچار ـ قاناتلارنى، تۈرلۈك ھايۋانلارنى ئىنساننىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بەرگەن. خۇدا شۇنچىلىك مېھىر ـ شەپقەتلىككى، ئۇ بەندىلىرىنى سۆيىدۇ. ئۇلۇغ پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك كالامىدا: «ئەي، بەندىلىرىم، ئىككى دۇنيادا ئەزىز بولىمەن دېسەڭلار، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىپ جەننەتكە كىرىشنى خالىساڭلار ۋە مېنىڭ رەھمىتىمنى تىلىسەڭلەر، سىلەرگە لازىم بولىدىغىنى شۇكى: يالغان سۆزلىمەڭلار، ئوغرىلىق قىلماڭلار، زىنا قىلماڭلار، بىچارە ـ مىسكىنلەرگە ئازار بەرمەڭلار، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، ھايالىق بولۇڭلار، دائىم مېنى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار، ھەرقانداق مۇشكۈل ئىشقا دۇچ كەلسەڭلار، مەندىن مەدەت تىلەڭلار، مەن سىلەرنىڭ ھاجىتىڭلارنى راۋا قىلىمەن» دېگەن. ئەمما بىز ئىنسانلار ھەممىمىز گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، رەزىللىشىپ، خۇدادىن ئايرىلىپ قالدۇق. خۇدانىڭ رەھمىدىن ئايرىلىپ قالغان ئادەم مانا ماڭا ئوخشاش چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ، قەدىر ـ قىممىتىدىن ئايرىلىپ، پۇچەكلىشىپ كېتىدۇ. مەن مۇشۇ ئۇلۇغ ھەقىقەتلەرنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزدۈم، شەيتاننىڭ

ئارقىسىغا كىردىم، ئۇ مېنى ئازدۇردى. مەن بۇ گۇناھكار تەبىئىتىمدىن قاچانمۇ قۇتۇلارمەن؟!

مانا مۇشۇ تاپتا گۇناھكار قۇندۇزمۇ يولدا كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئورۇمچىگە كېلىپ بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ ئېرىگە يالغان ئېيتىپ، مېنىڭ دىلبەرنى گوللاپ، ئورۇمچىدە بىر كېچىنى بىللە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىشىمىزمۇ شۇنچە كۆلكىلىك، بىمەنە. قۇندۇز نېمىنى ئويلايدىغاندۇ؟ مەن نېمىنى خىيال قىلىدىغاندىمەن؟ يوق، ھېچنېمە يوق، ئىنتىلگىنىمىز پەقەت ئاددىيلا بىر ئىش...

پويىز ئىستانسىسىدىن چىقىپ، كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇردۇم. قۇندۇز يەنە نەنمېن بېكىتىدە ساقلاپ تۇرۇپتۇ. كۆچىلۈك شاۋقۇنىدا ئۇ مېنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىمنىمۇ تۇيماي قالدى.

— قۇندۇز!

ئۇ چۆچۈپ، شاققىدە كەينىگە قايرىلدى.

— ئادەمنى ئەجەبمۇ چۆچۈتتىڭىز.

ئۇنىڭ چىرىدە بىلىنەر — بىلىنمەس تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— يەنىلا سىز بۇرۇن كېلىۋاپسىز؟ بەك ساقلاپ كەتتىڭىزمۇ؟

— بىر سائەت بولدى، — دېدى ئۇ دومسىيىپ.

بۇ قېتىم ئۇنىڭ روھىي ھالىتى تۆۋەن ئىدى. ئورۇمچىگە مېنىڭ زورۇم بىلەنلا كەلگەندەك، ماڭىمۇ تازا قىزغىن مۇئامىلە قىلمايۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ مەندىن تېزلا زېرىككەنمىكىنە؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئۇ مېنى يەنىلا ياخشى كۆرىدۇ.

كەچ كىردى. بىز ئۆتكەن قېتىمقى مېھمانخانىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. قۇندۇز ئالمىدىن ئىككى دانە، نەشپۈتتىن ئىككى دانە، بانان ئىككى تال، جۈزىدىن ئىككى دانە سېتىۋالدى. بۇ قېتىم مېھمانخانا ئىشىكىدىن كىرىپ كەلگەندە، ئۇنىڭدا ئازراقمۇ جىددىيلىشىش ئالامىتى كۆرۈلمىدى. پە-

لەمپەيدىن چىقىۋاتقان چاغدىمۇ يۈت ـ قولى تىترىمىدى.

ئۇ ياناققا كىرىپلا، يەنە تېلېۋىزور بىلەن ھەپىلىشىشكە باشلىدى. كىيىملىرىمنى سېلىپ، ئېسىپ قويدۇم. قۇندۇز ئۆزى يالغۇزدەك، ئوتتۇرىدا ئۆرە تۇرغان پېتىچە تېلېۋىزور كۆرگىلى تۇردى. ئۇنىڭ بۇ بىپەرۋالىقى بىر ئاز كۆڭلۇمگە كەلدى. قېنى سېغىنىش، بىقارارلىق؟ قېنى ياناققا كىرىپلا، قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈش؟ ئۇ ماڭا مەقسەتلىك سوغۇق مۇئامىلە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئۇ كۆڭلۇمگە ئازار بېرىش ئارقىلىق، مېنى ئۆزىدىن زېرىكتۈر-مەكچى، ئاستا ـ ئاستا تەزدۈرمەكچىدۇ.

مەن بۇ ئىشلارنى يەنىلا كۆڭلۇمگە ئالماي، ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ، بېلىدىن ئاستا قۇچاقلىدىم.

ـــ مېنى سېغىنمىدىڭىزمۇ؟

ـــ سېغىندىم، ـــ دېدى ئۇ تېلېۋىزوردىن كۆزىنى ئۈزمەي.

ـــ بولدى قىلىڭە؟ تېلېۋىزورغا نېمانچە ئامراقسىز؟

ئۇ كەينىگە ئۆرۈلدى ـ دە، بوينۇمغا گىرە سالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قارىدىم. گۈل بەرگىسىدەك قىزغۇچ لەۋلىرى مېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلدى...

ـــ بۇ قېتىم... ئۆزگىرىپ قالغاندەك تۇرىسىز... گېپىم راستمۇ؟

ـــ خاتا چۈشىنىپ قاپسىز. بۇ ئۆمرۈمدە پەقەت سىزنىلا ھەقىقىي ياخشى كۆردۈم. سىزگە بولغان مۇھەببىتىم ئۆلگىچە ئۆزگەرمەيدۇ.

ـــ يۈرىكىڭىز ئۆزگەرمىگەن بىلەن مۇئامىلىڭىز ئۆزگىرىپ قاپتۇ. قارىغاندا، سىز مەندىن بىر ئىشنى يوشۇرۇۋاتىسىز، شۇنداقمۇ؟ قېنى دەڭا، ئۆيدە بىر ئىش بولدىمۇ؟

ـــ بولدى، سورىماڭ.

ـــ ئېرىڭىز سېزىپ قاپتۇمۇ ـ يا؟

ـــ سېزىپ قالغان بولسا، بۈگۈن كېلەلەيتتىممۇ؟

— ئۇنداقتا...
— سورىماق دېدىمغۇ؟
— سىزنى قىيناپ قويسام بولمايدۇ. ئوتتۇرىمىزدىكى ئىشلار سىزگە پالاكەتچىلىك ئېلىپ كېلىۋاتقان بولسا، ئۇنىمۇ دەڭ. مەن بىلەن قايتا ئىزدەشمەسلىك قارارىغا كەلگەن بولسىڭىز، بۇنىمۇ دەڭ.
— چارچاپ كەتكەنسىز. كېلىڭ، كارىۋاتقا چىقىپ ئارام ئېلىڭ.
چىراغ گۇگۇگالاشتۇرۇلدى، ئۇ كىيىملىرىنى سېلىپ، ئەدىيالغا ئورۇ-نۇپ ياتتى. ئىشىكنى ئېتىپ قويۇپ كەلدىم. كىيىملىرىمنى سېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ قوينىغا كىردىم. تېنىم ئۇنىڭ تېنىگە تېگىشى بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم جۇغۇلداپ، يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قېتىدىكى ھېس ــ تۇيغۇلار شىددەت بىلەن ئويغىنىشقا باشلىدى...
بىر چاغدا ئۇ مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى، قارىسام، ئۇنىڭ كۆزىدىن بۇلدۇقلاپ ياش چىقىۋېتىپتۇ. ئۇ ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي قاپتۇ ــ دە.
ئۇ كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قېچىپ:
— مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىدىغانسىز ــ ھە؟ — دېدى.
— نېمە؟ نېمە دېگىنىڭىز بۇ ؟ نېمىشقا ئۆزىڭىزنى پەسلەشتۈرىسىز؟ ئۆزىڭىزنى ئەسكى خوتۇنلار قاتارىدا كۆرىۋاتامسىز؟ سىز قانداقلارچە بۇ خىيالغا كېلىپ قالدىڭىز؟ بىز بىر ــ بىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئەمەسمۇ؟ ياخشى كۆرۈشكەن ئادەملەرگە بۇ ئىش گۇناھ ئەمەس.
— ياق... بىز ناھايىتى ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزدۇق. بىزنى خۇدامۇ كە-چۈرمەيدۇ.
— نېمىشقا گۇناھ بولغۇدەك؟ قىلچە ياخشى كۆرۈشمىگەن ئادەملەر بۇ ئىشنى قىلسا، ئاندىن گۇناھ بولىدۇ. بىز بىر ــ بىرىمىزنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈشۈپ تۇرۇپ، مۇرادىمىزغا يېتەلمەيلا بۇ ئالەمدىن كېتىمىزمۇ؟
— لېكىن... ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ، سىزنىڭ ئايالىڭىز، مېنىڭ ئېرىم

بار. بىز ئۇلارغا يۈز كېلەلەيمىزمۇ؟

گېلىم غىققىدە سىقىلغاندەك بولدى. بىراق مەن جاھىللىق قىلىپ، ئۆز گېپىمدىن يانمىدىم.

— ئۇلارنىڭمۇ پاكلىقىدا ئىشەنچ يوق.

— بۇ سىزنىڭ گۇمانىڭىز.

— سىز نېمىشقا ئېرىڭىزنى ئاقلايسىز؟ ئۇ تويىدىن بۇرۇن سىزگە نېمە قىلمىدى؟

— ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار.

— شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئىشلارنىڭ ھېسابى بار. ئۇلار مۇشۇنداق جازاغا لايىق.

— ياق، مۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ. سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەيدىغان ئادەم يوق، بىز ئۇلارنى كەچۈرۈشىمىز كېرەك. مانا بىزمۇ ھېسسىياتىمىزنى باسالماي، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويدۇققۇ؟ سىز بەكلا قىسلىخوركەنسىز، بولدى قىلىڭ، مۇنداق قىلماڭ. نېمىلا دېگەن بىلەن بىزنىڭ بۇ ئىشىمىز توغرا ئەمەس. بىز ئۇلارغا يۈز كېلەلمەيمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ توي قىلالمايدىغانلىقىمىز ئۆزىمىزگە ئايانغۇ، شۇڭا داۋاملىق مۇنداق كېتىۋېرىشكە بولمايدۇ. بىز يەنىلا رېئاللىققا تەن بېرىشىمىز كېرەك.

— چۈشەندىم. شۇڭا سىز... ئۆزىڭىزنى ئاياغ ئاستى قىلىنغاندەك، خورلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بوپتىكەنسىز ـ دە؟

— گېپىم تۈگىمىدى، توختاپ تۇرۇڭ...

— ھەممىنى چۈشەندىم. شۇڭا سىز مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقانسىز، دەپتىكەنسىز ـ دە؟

— ئۆزۈمدىن يىرگىنىمەن. ئۆزۈمگە بەكلا ئۆچ بولۇپ كەتتىم. مەن باشتىلا سىزدىن ئۆزۈمنى تارتىشىم كېرەك ئىدى. سىزنىڭ ئايالىڭىز بار ئەمەسمۇ... ئۆزۈمنى باشقۇرالماي قالدىم. بۇرۇنقى ئىشلارغۇ يالشىقىنىڭ

بەگۋاشلىقى بىلەن بولدى. مانا ئەمدى... توي قىلىپمۇ، سىزدىن يەنە ئۆزۈمنى تارتالمىدىم. مېنى ئەمدى نېمە دېسە بولىدۇ؟

قۇندۇزنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم سىلكىنگەندەك بولدى. سەزگۈلىرىم قاشاڭلىشىپ، ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىيالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىمنى، روھىم خۇنۇكلىشىپ، خۇدادىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالغانلىقىمنى تېخىمۇ تونۇپ يەتتىم. مەن باسقان رەزىللىك يولى نېمىدېگەن ئۇزۇن، مەن ئۆتكۈزگەن گۇناھلار نېمىدېگەن كۆپ ـ ھە؟

قۇندۇزنىڭ كۆز يېشىغا قاراپ، مېنىڭ كۆزۈمگىمۇ ياش تولدى...

سوغۇق كۆز يېشىم مەيدەمگە تامچىپ چۈشتى...

روھىم ئاسمىنىدا دەھشەتلىك چاقماق چېقىپ، ئۆز ـ ئۆزۈمدىن قاتتىق سەسكىنىپ كەتتىم...

شۇركۈنۈشتىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم سىلكىنىپ كەتتى...

تاڭ ئاتتى. ھاياتىمدىكى يېڭى بىر كۈن باشلاندى.

قۇندۇز يۇيۇنۇپ چىقىپ، كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى.

قۇندۇزغا يېقىن بارماي، ئەمدى ئۇنىڭغا قولۇمنىڭ ئۇچى تەگسىمۇ، ناپاك بولۇپ قالىدۇ.

تازىلىق ئۆيىگە كىردىم، جۈمەكنى بولۇشىچە ئېچىۋەتتىم. نە سۇكى، دىلبەرنىڭ يامغۇردەك كۆز يېشى ئۇستۇمگە شارقىراپ چۈشتى. تېنىم تامام تازىلانسا، رەزىللىككە تولغان قەلبىم تامام پاكىزلانسا...

تازىلىق ئۆيىدىن قايتىپ چىقتىم. بىلمىدىم، تۇيغۇمدا قۇندۇز بىلەن ئىككىمىز تامامەن يات ئادەمدەكلا...

مېھمانخانىدىن چىقىپ، چوڭ يول بويىدىكى بېكەتكە كەلدۇق. قۇندۇزنىڭ چىرايىدا ۋاقىتلىق ئايرىلىشتىن ياكى ئەبەدىي جۇدالىقتىن، خۇشاللىقتىن ياكى ھەسرەتتىن... ھېچنېمىدىن ئىپادە يوق ئىدى.

كوچا ئاپتوبۇسى يېتىپ كەلدى. قۇندۇز ماڭا قاراپمۇ قويماستىن،

ئاپتوبۇسقا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئاپتوبۇسقا چىقىپ، ماڭا «خوش...»مۇ دېمەستىن، كەينىنى قىلىپ تۇرىۋالدى.

ئاپتوبۇس قوزغالدى، بىراق ئۇ يەنىلا كەينىگە قايرىلىپمۇ قويمىدى. ئۇ ئاخىر بىر قارارغا كەپتۇ ـ دە؟ بولۇپتۇ، قىلچە رەنجىمەيمەن، ئۇنىڭ مۇشۇ تاللىشى توغرا.

مەن كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ، پويىز ئىستانسىسىغا قاراپ ماڭدىم. قۇندۇز بىرەر بېكەتتە ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قېلىپ، كوچىدا كېتىۋاتامدىكىن دېگەن تامادا سىرتقا تەلمۈرۈپ قاردىم. ئەبەدىي ئايرىلىش قارارىغا كېلىش ئۇنىڭغا تەس كەلدى، بۇنداق قىلىش ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئېغىر كەلدى. بۇ دۇنيادا ئۇنى يەنە قانداق قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرغاندۇ؟

بەردەم بولۇڭ، ھەممىگە چىداڭ، ئەي، سۆيۈملۈك قۇندۇز...

پويىز ئىستانسىسىغا يېتىپ كەلدىم. ئېغىر قەدەملەر بىلەن پويىزغا چىقىپ ئولتۇرغان چېغىمدا ئۆزۈمنى بىردىنلا شۇنداق غېرىب، شۇنداق بىچارە ھېس قىلدىم. پويىز ئورنىدىن قوزغالدى.

سەزگۈلىرىم تامامەن ئۆلگەندەك، كاللام پۈتۈنلەي قۇپقۇرۇق. مەن ھېچقانداق ئىش قىلمىغاندەك، ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك، خۇشاللىقنىمۇ، خاپىلىقنىمۇ، ئۈمىدنىمۇ، ئۈمىدسىزلىكنىمۇ... ھېچنېمىنى سېزەلمەيدىغان گاراڭ بىر روھىي ھالەتتە يۇرتۇمغا قاراپ يولغا چىقتىم.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، نەچچە ئاي ئىلگىرى تونۇشۇپ قالغان بىر ئايالدىن تېلېفون كەلدى...

بۈگۈن كېچە بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە، ھېلىقى ئايال بىلەن بىر قاراڭغۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە تۇرغۇدەكمەن. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچكىرى تەرىپىدىن، خۇددى بۆرە ھۇۋلاۋاتقاندەك، قورقۇنچلۇق بىر ئاۋاز كەلگۈدەك، كېيىن ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىدا، ئاسمانغا تاقاشقۇدەك ئېگىز، ھەيۋەتلىك، گىگانت بىر ئادەم پەيدا بولۇپ قالغۇدەك. ئۇ بىزگە مىختەك تىكىلىپ تۇرۇپ، كۆز-

لىرىدىن ئوت چاچراتقان ھالداسۆزلەۋاتقۇدەك:

— پەرۋەردىگار رەزىللەرگە مەغپىرەت قىلمايدۇ. پەرۋەردىگارنىڭ راۋا كۆرۈشى ئۇ ۋاقىتلىقتۇر. بۇ دۇنيادا نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل بولساڭ، شۇنىڭ مېۋىسىنى كۆرىسەن. دۇنيا ئېلىپ‌بېرىدە بولغاندىن بېرى، تىكەن تېرىغان گۈل ئالغان ئەمەس! گۈل تېرىساڭ، گۈل ئالىسەن...

قاتتىق قورقۇنچ — ۋەھىمىدىن ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتىم، پۈتۈن ئەزايىم چىلىق — چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كېتىپتۇ.

بۇ بىر بېشارەت، ناھايىتىمۇ ئېنىق بېشارەت، ئىلخىرقى بېشارەت!

كۆڭلۈم قاراڭغۇلىشىپ، بەكمۇ ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ قالدىم.

مەن خۇدا بىلەن يارىشىۋېلىشىم، خۇدانىڭ يولىغا قايتىپ كېلىشىم، خۇدادىن گۇناھلىرىمنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى تىلىشىم كېرەك.

Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "5Y6M5oG2IOe7tOWQvuWwlOivrV80MDE4MzQ5MS56aXA=",
"filename_decoded": "\u538c\u6076 \u7ef4\u543e\u5c14\u8bed_40183491.zip",
"filesize": 30690545,
"md5": "4786fb222dc9ae5c7d83d6de369fbcbd",
"header_md5": "186c454a0b8b292154de7f9ad83dba01",
"sha1": "1314b4a7e34c4fc14276ec737bdc28ef8f44ea27",
"sha256": "70d77bec7f35dac3ca0d6a9242c171c2cca5e0e88869fdf01e309e0ef977a608",
"crc32": 3484997120,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 30907161,
"pdg_dir_name": "\u2564\u00df\u2562\u00b1 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u2559\u2229_40183491",
"pdg_main_pages_found": 520,
"pdg_main_pages_max": 520,
"total_pages": 526,
"total_pixels": 1929101504,
"pdf_generation_missing_pages": false
}